قەييۇم تۇردى

# كۈرەشچان يىللار

2 - قىسىم



مەسئۇل تەھرىرى: ئەخەت ھاشىم

كۆرەشچان يىللار (2)

(رومان)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقىتىدۇ

شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

1980 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى

1981 - يىل 2 - ئاي 1 - بېسىلىشى

كىتاب نومۇرى: M10098.453

باھاسى: 1.05 يۈەن

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى باپ


1. يوچۇن ئادەم ........................ 3
2. شىر مەممەت ........................ 11
3. تەشۋىشلىك كېچە ........................ 26


## ئىككىنچى باپ


1. تەنتەنە ........................ 36
2. لەيلىگۈلنىڭ تومۇر قەپەزدىن چىقىشى ........................ 51
3. جەڭگىۋار ۋەزىپە ........................ 63


## ئۈچىنچى باپ


1. يولدا ........................ 79
2. "سالام، قېرىنداش......!" ........................ 91
3. هارۋا ئۈستىدىكى سوھبەت ........................ 110
4. بىر ئائىلىنىڭ كىشىلىرى ........................ 119


## تۆتىنچى باپ


1. ئۇ، رەت قىلدى ........................ 134
2. "ئۇ تېخى تىرىكمىكىنا!......" ........................ 147
3. ئەزىمەت رەئىس بولدى ........................ 163


## بەشىنچى باپ


1. ئايدىڭ كېچە ........................ 186
2. قارلىق كېچىدىكى سىرلىق ئادەم ........................ 195
3. ئەلۋەك سوپىنى كىم ئۆلتۈردى؟ ........................ 209
4. ئابلىكىمنىڭ ھوكمى ........................ 220
5. ئەرلىك — جاسارەت ........................ 230

## ئالتىنچى باپ


1. باھار تۈيغۇلىرى .................... 253

2. جاپپاروپنىڭ ھىكايىسى .................... 272

3. مەدرىس تالىپلىرى .................... 289


## يەتتىنچى باپ


1. كول ئىچىدىكى ئەينەكلىك گەمە .................... 299

2. دىخانلار جەمىيىتىنىڭ رەئىسى .................... 317

3. زىل - زىلە .................... 330

4. "ئىشەنمە، دۈشمەن بار" .................... 341

5. بورە قوتاندا .................... 362


## سەككىزىنچى باپ


1. دەريا بويىدا .................... 382

2. كىچىك ئالاقچى .................... 495

3. "ھازىرچە سىر بولسۇن" .................... 405


## توققۇزىنچى باپ


1. "چېقىر كوز ئۈلپەت" .................... 419

2. ئۈمىت يىپى ئۈزۈلگەندە .................... 437

3. خىرىس قىلىشىپ قالدى .................... 448


## ئونىنچى باپ


1. مەسۇدىخان .................... 473

2. "ئۈيقۇڭنى ئاچ، شىرمەممەت" .................... 483

3. زەرەپشانىنىڭ غەزىۋى .................... 504

4. خەلقىنىڭ سوراق سەھنىسى .................... 515


## ئون بىرىنچى باپ


1. جۇۋاز كالىسىنىڭ 3 - ئەۋلادى .................... 536

2. ئانا ئارزۇسى .................... 556

3. يېپ - يېڭى، گۈزەل دۇنيا ئۈچۈن .................... 568

# ئىككىنچى قىسىم

# زەرەپشان ئۈستىدە نۇر

# بىرىنچى باپ

## 1 . يۇچۇن ئادەم

كۈن چىقتى......

شىددەتلىك، ئۇزاق ياققان توكمە يامغۇردىن كېيىن، كوئېنلۇن ئۈستىنى قاپلاپ تۇرغان قارا - كۆلرەڭ بۇلۇت پادىلىرى ئاستا - ئاستا تارىلىپ، بىپايان كوئېنلۇن ئاسمىنى زۇمرەتتەك يالتىراپ چىراي ئاچتى؛ ئاسمانغا تاقاشقان كوئېنلۇننىڭ ئاپپاق قارلىق چوققىلىرى قۇياش نۇرىدا گويا گىگانت ئالماس ھەيكەلدەك، بىردىن قەددىنى رۇسلاپ چاقناشقا باشلىدى. كوئېنلۇن قارىغايلىرى مەزمۇت چوققىلاردا، تىزما تاغ - قىيا تاشلار باغرىدا ياشناپ - جىلۋىلىنىپ كوزگە چوشەتتى.

كوئېنلۇن ئېتىگىدە مۇقەددەس ئانا دەريا زەرەپشان ئۇزلۈكسىز دولقۇنلىنىپ، شوخ ئۇركەشلەيتتى ۋە ئۇنىڭ قاتمۇ - قات ئۇركەش خەنجەرلىرى كېسىشىپ تۇرغان كەڭ يۈزىدىن، سېخىلىق بىلەن توكۇلۇۋاتقان ھاياتبەخش قۇياش نۇرلىرى پارقىراپ ئەكس ئېتەتتى.

دەريانىڭ ئىككى قاسنىغىدا كۆز مەنزىرىسى بىلەن تولغان زەرەپشان يېزىلىرى چەكسىز كەڭلىكتە يېيىلىپ ياتىدۇ، توكمە يامغۇردىن كېيىن يۇيۇنۇپ، تارانغان بۇ قەدىمىي كەنت - مەھەللىلەر، باغ - ھويلا، ياڭاقزارلىقلار نۇرلۇق قۇياش تەپتىدە قىزغۇچ ئالتۇندەك تاۋلىناتتى......

بىراق، بۇ ھال كۈندۈزى — كۆكۈم چۈشۈپ كۆز باغلانـ
غىچە شۇنداق ئىدى.

بەزى كېچىلىرى قارلىق چوققىلار ئۈستىدە يەنە پارچە-
پارچە قارا بۇلۇتلار توپلىنىپ قالدۇ، چوڭقۇر جىلغا ۋە ئېزىتقۇ
غارلىرىدىن قۇتىرىغان شۇئىرغان ھۇشقىتىپ چىقىپ، ئۇۋۇسى بۇ-
زۇلغان ئۈششۈك ھەرىسىدەك پىتراپ، ھەر تەرەپكە ئۆزىنى ئۇ-
رىدۇ. يېزا ئۈستىدىن بولسا، كۆل رەڭ پارچە بۇلۇتلار گويا ئۆز
توپىنى يوقاتقان يىگانە بورە كۈچۈكىدەك قاڭقىپ، تىنەپ-تەمـ
تىرەپ ئۇتۇشىدۇ......

1949-يىل 10-ئاينىڭ ئاخىرقى بىر كۈنى كېچىسى،
تۈن تەڭ بولغان چاغ ئىدى. چاپچىپ-ئوخچۇپ تۇرغان ئىگىز قارا
ئاتقا مىنگەن بىر كىشى قەشقەر تەرەپتىن كېلىدىغان كونا كار-
ۋان يولىدىن چەتنەپ چىقىپ، بىر بورۇلۇش ئېغىزىغا كەلگەندە،
ئەتراپقا سەگگىرىپ-ئالدىراپ كۆز يۈگەرتتى-دە، ئېتىنىڭ
بېشىنى توپ-توغرا ياغاقلىق يېزىسى تەرەپكە بۇرىدى.

ئاتلىق ئادەمنىڭ ئۈستىدە نىمكەش مەللە چەكمەن چاپان،
بېشىدا تۈلكە تېرىسىدە ئىشلەنگەن سالۋا تۇماق، پۇتىدا ئۆتكەن
خورۇم ئۆتۈك بار ئىدى. ئۇ، ياغاقلىق يېزىسى تەرەپكە بۇرۇلـ
غاندىن كېيىن، نىمە ئۈچۈندۇر ئاستىراق ماڭماقچى بولۇپ، ئاتـ
نىڭ تىزگىنىنى قاتتىق تارتىپ كېلەتتى ۋە ئەتراپقا سەگەكلىك
بىلەن كۆز يۈگۈرتەتتى.

ئۇزۇن يولنى بېسىپ كەلگەن ئات كىچىككىنە تاشلىق
سايىنى كېسىپ ئۇتۇۋېتىپ، بىردىن كالتا قۇلاقلىرىنى شىڭـ
ايتتى-دە، كۆزلىرىنى قارا ئەينەكتەك پارقىرىتىپ، ھەدەپ خارـ
تىلداپ تىزگىن سىرىپ، بىر ئىزدا تىپىرلاپ قالدى، ئالدى

پۇتلىرىنى ئىگىز كوتىرىپ، چىقىراپ كىشنەپ كەتتى، تاقىلانغان تۇۋاقلىرى ئاستىدا شېغىل تاشلار شاراقلاپ كەتتى ۋە ئۇنىڭدىن قىپ - قىزىل ئوت ئۇچقۇنلىرى چاچرىدى.

ئاتنىڭ بۇ قىلىغى ئاتلىق كىشىگە ياقمىدى، ھەتتا، نە-مىدىنىدۇر چوچۇگەندەك بولدى - دە، ئاتنىڭ تىزگىنىنى ئىككى قوللاپ قاتتىق تارتىپ، ئىگىز پاشنىلىق ئوتۇكى بىلەن ئۇزەڭگىگە قاتتىق تېپىپ، ئىگەردىن ئىتتىك كوتىرىلدى، سالۇۋا تومىغىنىڭ ئالدىنى سەل كوتىرىپ بىر خىل ئەنسىزلىك ئىچىدە ئەتراپقا سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى......

تاشلىق ساينىڭ ئۇدۇلىدىن شالاڭ يېزا ئويلىرىنىڭ قارىسى، ئاندا - ساندا يېنىپ - ئوچۇۋاتقان ئوت ئۇچقۇنلىرى كورۇندى. نەدىنىدۇر مەھەللە ئىتلىرىنىڭ ھالسىز قاۋاشلىرى ئاڭلاندى. قو-يۇق، قارامتۇل مەھەللە دەرەخلىرىنىڭ ئارىسىدىن بولسا، غۇۋا ئاي يورۇغىدا "خۇدالىق مەدرىس"نىڭ ئىگىز كوك گومبەزلىرى، پەشتاقلىق مۇنارلىرى سىرلىق بىر تەرىزدە غىل - پال كورۇنۇپ قالدى......

ئات بورىدىن، تاغ تەرەپتە پىلدىرلاپ يېنىپ تۇرغان ئىككى تال قىزىل چوغدىن چوچۇگەن بولسا كېرەك، دەرۋەقە، ئۇ يەردىن بورىنىڭ ئاندا - ساندا ھوۋلىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

لېكىن، ئاتلىق كىشى بورىگە قىزىقمىدى. ئەكسىچە، ئوز مەنزىلىگە خاتاسىز يېقىنلىشىپ كەلگەنلىكىگە ئىشىنىپ، ئېغىر پۇ-شۇلداپ، ئالدىراپ ئاتتىن چۇشتى. چاپىنىنىڭ پېشىگە بېشىنى تىقىپ، قاتتىق شوراپ تاماكا چەكتى، تاماكا قالدۇغىنى ئوتۇ-گىنىڭ پاشنىسىغا ئېزىپ ئوچۇرگەندىن كېيىن، ئەتراپقا قۇلاق سېلىپ، بىر مىنۇتچە خىيال سۇرۇپ جىمجىت تۇردى - دە،

ئالدىراپ ئىگەرنىڭ كەينىگە غانجۇغىلانغان گىلەم خۇرجۇننى
يېشىپ، كېيىم ئالماشتۇرۇشقا كىرىشتى. ئۇتۇك، سالۋا تۇماقنى
مەللە چاپانغا ئوراپ، يامغۇر يالىغان ئازگاللىغا پىقىرىتىپ تاشلىدى
ۋە گىلەم خۇرجۇندىن ئىسكىلاچ مەسە، بورە جوۋا ھەم جىيىگىگە
قاما تۇتقان سەرپۇش تۇماقنى ئېلىپ ئېرى - بېرى كىيدى. قاز-
داقتۇر بىر نەرسىنى خۇرجۇندىن ئېلىپ، سىلكىپ - سىلكىپ تو-
رۇپ ئىڭىگە تارتتى، ئۇنىڭ قىل يىپىنى قولىغىنىڭ كەينىگە
ئىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىشتىنىنىڭ يانچۇغىدىن رەختكە ئو-
رالغان تاپانچىنى ئېلىپ، ئۇنى شاراقلىتىپ ئوقلىدى - دە، جو-
ۋىسىنىڭ توش يانچۇغىغا سېلىپ تۇرۇپ، پۇشۇلداپ ئاتقا مىندى.

ئات ساي ئىچىدىن چىقىپ، جىمجىت يېزا يولىغا ئە-
گىدى ۋە ئۇزۇن ئوتمەي مەھەللە ئىچىگە كىرىپ كەلدى.

ئەتراپ سۈس قاراڭغۇ، ئەل ئېغىر ئۇيقۇدا. كەچكۈز شا-
ماللىرى يەر ئۈستىگە توكۇلگەن يوپۇرماق - غازاڭلارنى ئۇچۇر-
تۇپ يۈرىدۇ، چېچىلغان شال پاخاللىرى كىچىك "قويۇن" بولۇپ
توزۇيدۇ؛ قىڭغىر - قىيشىق ئوگزىلەر، قاشالار، لىڭشىپ قالغان
چەللىلەرگە ئىگىز - پەس بېسىلغان قوناق شاخلىرى، كۆۋەز شا-
دىلىرى ئەنسىز شىلدىرلىشىدۇ، ماكانسىز ئوغرى مۇشۇك "شىپىر"
قىلىپ يولنى توغرا كېسىپ ئوتىدۇ، كىرپە كوۋرۇك ئاستىدىن
ئومىلەپ چىقىپ، يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا توگۇلۇپ تۇرۇۋالىدۇ - دە،
ئاتنى ئالاقزادە قىلىدۇ ۋە سۇر باسقان ئات پۇشقۇرۇپ - خار-
تىلداپ ئەتراپقا چەكچىيىدۇ......

ئاتلىق كىشى مەھەللىنىڭ شالاڭ ئويلىرى ئارىسىدىن
كېتىۋېتىپ، تېنىگەندەك ھەر بىر ئىشىك - بەلگىلەرگە ھودۇقۇپ -
سىنچىلاپ قارايتتى. ئو، بىر دوقمۇشتىن ئەگىپ، كىچىككىنە يېزا

گۆزىرىدىن چىقتى. بۇ يەردە بىرنەچچە تاشلاندۇق كونا دۇ-
كان خارابىسى ۋە چۇۋۇق شاخ لەمپىلەر ھىلىلا ئۇرۇلۇپ چۈشە-
دىغاندەك يول تەرەپكە قىيسىيىپ تۇراتتى.

ئاتلىق كىشى ئۇزىنىڭ تىنەپ قالغانلىقىغا ئىشەندى ۋە
دەررۇ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى. لېكىن، دەل شۇ چاغدا، بىر
ئادەمنىڭ ساي تەرەپتىكى تۆگمەن يولىدىن تاغار ئارتىلغان
ئىككى ئېشەكنى ئالدىغا سېلىپ، گۆزەر تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتە-
قانلىقى كورۇندى.

ئاتلىق كىشىگە ئۇز قارارگاھىنى سوراپ بىلىۋېلىش
زورۇر بولغاچقا، خالىمىسىمۇ ئۇنى كۈتتى.

ئۇلار گۆزەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا دوقۇرۇشتى ۋە بىر يولغا
قاراپ ماڭدى.

ئېشەك ھەيدەپ كېلىۋاتقان ئادەم ياشمۇ، قېرىمۇ — شۇ
تاپتا بىر قاراپلا پەرق ئەتمەك تەس ئىدى. لېكىن ئۇ بەستلىك،
قاۋۇل ۋە نىمە ئۈچۈندۇر سەل - پەل خامۇشتەك كورۇندى.
بېشىدا يېڭىسارچە ئورە تۇماق، پۇتىدا كالتا قونجىلىق بوغما
چورۇق، ئۇستىدە يېپىنچاقلىۋالغان پاختىلىق ئۇزۇن چەكمەن
چاپان بار ئىدى، ھەدەپ قاتتىق شوراپ چاققانغىنا قاپاق چە-
لىمدىن پۇقۇرۇتۇپ كوك تاماكا چېكەتتى ۋە ئاتلىق كىشىگىمۇ
ئېرەن قىلمىدى.

ئاتلىق ئادەم بىر ئاز بىتاقەت بولدى بولغاي، تۇيۇقسىز:
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — دىدى.

ئېشەك ھەيدەپ كېلىۋاتقان ئادەم ساقاللىق، سەللىسى بار
يۇچۇن ئادەمگە ئېرەنچەكلىك بىلەن بېشىنى كوتىرىپ، بىر قا-
رىدى - دە، بېشىنى سىلىپ، "سالام"غا جاۋاپ بەرمەي، پەرۋاسىز

كېتىۋەردى ۋە بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن تاسادىپى:
— ئۆزلىرى ھېسامدىن ھەزرەتنىڭ مۇخلىسلىرىدىنمۇ؟ —
دەپ سوراپ قالدى.
بۇ سوئال ئاتلىق ئادەمگە ئامەتتەك بىلىنىپ كەتتى ۋە
ئالدىراپ:
— ھە، ھە، دەل ئۆزى...... مۇخلىسلىرىدىن، — دېدى.
— بىزنىڭ بۇ يەرگە ھەزرەتنىڭ مۇرىت - مۇخلىسلىرى
پات - پات كېلىپ تۇرىدۇ، — دېدى ئېشەك ھەيدەپ كېلىۋاتقان
كىشى بىر خىل خوشياقماسلىق بىلەن غودۇڭشۇپ، — مەنمۇ يېقىندا
قول بېرىپ مۇرىت بولدۇم...... ھەيتاڭەي...... قانداق بولاركىن —
بۇ ئىش...... مېنى ئالسىڭىز "ئېلىپ" نىمە، "بە" نىمە، نىم
بىلەي...... شۇنداق بولسىمۇ مۇرىت بول، قول بەر، ساۋاپ،
دېيىشتى...... شۇنداقمىكىن - تاڭ......
— ئۇنداق دېمەڭ، — دېدى ئاتلىق كىشى، — مال پادى-
سىنىڭ سەركىسى بولىدۇ، ھۇنەرۋەن - كاسىپنىڭ پىرى بار، ھەر
بەندىسىنىڭ قىيامەت كۈنى تىلسىرات كوۋرۈكتىن قولىدىن يېتە-
لەپ ئۆتكۈزۈپ قويىدىغان مۇقەددەس ئادىمى بولۇشى كېرەك......
— كىم بىلىدۇ، — دېدى ئۇ، — قۇربان ئاقساقالمۇ شۇنداق
دېدى، پىرى يوقنىڭ جېنى يوق، دەپ نەچچە قېتىم ئېزىپ
ئىچۈردى ماڭا......
ئاتلىق كىشى ئۇنىڭ سوزىنى بولدى:
— قۇربان ئاقساقال دەمسىز؟...... ئۇ...... ئۇ نىمە
ئادەم؟......
— نىمە ئادەم؟...... نىمە ئادەم بولاتتى، ئاقساقال دې-
گەندىكىن بولدى...... باي...... ئاتا - بالا بولۇشتۇق...... ئۇمۇ

قول بېرىپ مۇرت بولغان......

— مۇنداق دەڭ، — دېدى ئاتلىق ئادەم، — ھەممىمىز مۇخلىس ئىكەنمىز، تونۇشايلى...... سىزنى نىمە دەپ ئاتىساق بولار...... ئېيتىڭىز......

بۇ سوئالغا ئېشەك ھەيدەپ كېلىۋاتقان ئادەم خېلىغىچە جاۋاپ بەرمىدى، كېيىن چۈشىنىكسىز بىر نىمىلەرنى دەپ غۇدۇڭشىدى:

— شىرمەممەت...... بەزى ھارىملار "جىن سوققان شىرمەممەت" مۇ دەيدۇ...... ئىشقىلىپ ھىسامىدىن ھەزرەت دېمىدە ئىچۈرۈپ ساقايتقان ئىكەن، شۇڭا مۇرت بولغان......

ئاتلىق كىشى ئۆز مەقسىدىگە كۆچتى:

— مەخسۇت بەگنىڭ قوراسى قايسى تەرەپتە ئىدى، — دەپ سورىدى ئۇ تۇيۇقسىزلا.

شىرمەممەت بېشىنى ئىتتىك كۆتىرىپ، ئاتلىق كىشىگە قاراپ قويدى:

— مەخسۇت بەگ دەمسىز؟......

— سىز بىلمەمسىز؟......

— ئۇ...... يوق......

— يوق! كىم يوق، ئۇ نەدە؟......

— تاغدا ئۆلدى، ئۆلدى دەپ ئاڭلىدىم......

— نىمە؟ سىز......

— مەن نىم بىلەي، — دېدى شىرمەممەت پەرۋاسىزلىق بىلەن بېشىنى سىلىپ كېتىۋېتىپ، — مەن ئاڭلىدىم. تاغدا يىگىت دېدىمۇ، پارتىزان دېدىمۇ، ئىشقىلىپ ئالماس، ئىلىقوللار ئولتۇرۇپ ئۈچ ئاپتۇدەك، پارتىزان يىگىتلەر شۇنداق قىپتۇ......

ئاتلىق كىشىنىڭ "پارتىزان" دېگەن سوزنى ئاڭلاپ، ئاچچىق
بىر تولغىنىۋالغانلىقىنى شىرمەممەت سەزمىدى:
— پارتىزان دەڭ، ھازىر بۇ يەردە پارتىزان يوقتۇ؟......
— مەن نىم بىلەي. سوراۋېرىدىكەنسىز، — دېدى شىرمەممەت
ئالدىدىكى ئىشەكنى دۈشكەلەپ، — ھازىر يوقمىش. يېڭى ھوكۈ-
مەت بولىدىكەن دەمدۇ، ئەسكەر باللار كەلگۈدەك دەمدۇ، ئىش-
قىلىپ، ئالماسلار شۇلارنىڭ ئالدىغا كىتىپتۇدەك. تۈگمەندە
خەقلەر شۇنداق دېيىشتى. گەپ ئانىسى كوپ، جاھان ئۆزگەرگە-
دەك دېيىشتى......
... مەخسۇت بەگنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئاتلىق كى-
شى تەمتىرەپ قالدى ۋە ئالدىراپ:
— ئۇنداقتا، ھىسامىدىن داموللام باردۇ؟ — دەپ سورىدى.
شىرمەممەت غەلىتە بىر چەكچىيىش بىلەن ئاتلىق كىشىگە
تىكىلدى:
— نىمە دېگىنىڭىز ئۇ! ...... قۇربان ئاقساقال ھەزرەتنى "تە-
رىك مازار"، "پىر - ئەۋلىيا" دەپ ئاتايدۇ، پارتىزانلارمۇ ئۇ كى-
شىگە چىقىلماپتۇدەك ...... ئەمدى سوراۋەرمەڭ، قۇربان ئاقساقال
ئىغىز قازاسى باشقا چىقىدۇ، دەيدۇ، بولدى ئەمدى ......
شۇنىڭدىن كېيىنكى سوئاللارغا شىرمەممەت جاۋاپ بەرمىدى.
يول ئۈستىدىن ھورۇنلۇق بىلەن غازاڭ تىرىپ يەپ كى-
تىۋاتقان ئىشەكلەر ئىگىز سىرەج تاملىق بىر چوڭ ھويلىنىڭ
ئالدىغا كىلىپ، يولدىن قايرىلدى، يۈگلۈق تۇمشۇقلىرىنى قوش
قاناتلىق، تۆمۈر ھالقىلىق دەرۋازىغا سۈركەپ ئىشىك ئالدىدا
توختىدى.
ھويلىدىن ئاق "سان - سان" جۇۋا يېپىنچاقلىۋالغان ساقال-

لىق بىر كىشى چىقتى، ئۇ شىرمەممەتنى كورۇپ:

— ھە، ھە، شىرمەممەت ئوغلۇمىزغۇ. بەللى، يىگىتتەك ئىش قىلدىڭ - دە، قېنى ئۆيگە كىر، تۇگمەن بېسىقمىكەن؟ ئىشقىلىپ ۋاقتىدا كەلدىڭ، ئايتۇرا بالا سېنى دەپ قازاننى تېخى ئوچاقتىن چۈشۈرمىدى، — دىگىنىچە شىرمەممەتنىڭ ئالدىغا كەلدى.

ئاتلىق كىشى بۇ ئادەمنىڭ قۇربان ئاقساقال ئىكەنلىگىنى دەررۇ پەملىدى ۋە:

— سالام، ئاقساقال، ھورمەتلىك ھىساملدىن داموللامنىڭ دەرگاھىغا قايسى تەرەپ بىلەن بارىمىز، — دەپ سورىدى.

قۇربان ئاقساقال ئاتلىق كىشىنى كورۇپ، دەسلەپ سەل ھودۇقتى، كېيىن بۇ بورە جۇۋىلىق يوچۇن ئادەمگە نېرى - بېرى سەپسىلىپ چىقىپ:

— ھە، ھە، جاناپ، ئۇزلىرى...... ئەنە ئىككى ئوي، ئىككى ئويدىن ئوتسەكلا بارىمىز، قېنى مەرھەممەت، مەن باشلاپ باراي، — دىگىنىچە ئۇنى ئېلىپ كەتتى.

شىرمەممەت ئېشەكلەرنى دەرۋازىدىن كىرگۈزۈپ، ئىشكىنى ئىچىدىن ئىلدى......

## 2. شىرمەممەت

شىرمەممەت ئىشكىنى ئىچىدىن ئىلىپ، ئېشەكلەرنىڭ ئۇستىدىكى تاغارلارنى چۈشۈرۈۋاتقاندا، دالان ئويدىن چىقىپ، پۇتمۇلاقىنا بىر چوكان ھويلىدا پەيدا بولدى:

— يا ھەزرەت، ياللا شىرمەممەت، نىمانچە ئەمدى، — دىدى چوكان قويۇق قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ، ئۇ قارا تاۋار نىمچىسىنى

ئۈستىگە يېيىلغان ھالدا قوللىرىنى كەينىگە قىلىپ، ياغاچتەك قېتىپ تۇراتتى، — سەنچۇ شىرمەممەت بەكمۇ بىغەم. ئىشىككە قاراپ كوزۇم تېشىلدى. مېنى ئەسكىمۇ ئېلىپ قويمىغانسەن. قوسىغىڭ ئاچقاندۇ، تازىمۇ توڭغانسەن-ھە؟ ......

— توڭمىدىم، ئايتۇراخان ...... نىمىشقا ......

شىرمەممەت شۇ گەپنى ئېيتىپ، يوغان ئۇن تاغارلىرىنى كوتىرىپ ئامبارغا توشىدى، ئېشەكلەرنى ئېغىلغا سولاپ ئالدىغا سامان توكتى، ئاتخانىنى يوقلاپ بىدە تاشلىدى. ئاڭغىچە ئايتۇراخان ئېلىپ چىققان ئىككى چىلەكنى قولىغا ئېلىپ، كولدىن بىر يول سۇ ئېپكەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۈستىۋاشلىرىنى قېقىپ، ئۆزى دائىم يېتىپ-قوپىدىغان بۇلۇڭ ئۆيگە قاراپ ماڭدى.

— ئۇ ئۆي ئەمدى چاشقانغا ئۇۋا بولسۇن، يىغىشتۇرۇۋەتتىم، — دىدى ئايتۇراخان بۇلۇڭ ئۆيگە كىرىپ كېتىۋاتقان شىرمەممەتكە قاراپ نازلىنىپ، — چاشقان ئۇۋىسىغا قارايدىغان كوزۇم يوق، بارما ...... دادام سىنى مېھمانخانىدا يېتىپ-قوپسۇن، چوڭ بولغىنى شۇ، دىدى ...... دىمىسىمۇ نىمە قىلىسەن ئۇ يەردە ...... ماڭ، مېھمانخانىغا كىر، ئۆزەڭنىڭ ئۆيى. تارتىنامسەنيە؟ ......

ئايتۇراخان دالان ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

شىرمەممەت نىمە قىلىشنى بىلمەي، ھودۇققان-تەمتىرىگەن ھالدا لامپا يېقىلغان مېھمانخانىغا قاراپ قويدى.

مېھمانخانا — قۇربان ئاقساقالنىڭ قىممەتلىك مېھمانلىرى ئۈچۈن دائىم راسلاغلىق تۇراتتى ۋە ئۇنىڭدا ھېچكىم يېتىپ-قوپمايتتى. شىرمەممەت بۇ ئۆيگە قۇربان ئاقساقالنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈنلا ئانچە-مۇنچە كىرىپ قالىدىغىنى بولمى-

سا، ئادەتتە ئاياق باسمايتتى.

ئايتۇراخان دالان ئويدىن مس لگەندە تاماق ئېلىپ چىقتى ۋە شرمەممەتنىڭ تېخىچە ھويلىدا گاڭگىراپ تۇرغىنىنى كورۇپ، ئەكىلىك بىلەن ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى:

— نىمە تۇرىسەن، بول، ئاش سوۋۇدى، ئامانەتتەك تۇر-غىنىڭنى قارا، — دىگىنىچە، ئۇنى بىلەكلىرى بىلەن نوقۇپ-ئىتە-تىرىپ، مېھمانخانا ئويگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى.

شرمەممەت گوش، سەۋزە، چامغۇر، ماش سېلىنغان نېرىن چوپنى ياغاچ قوشۇق بىلەن كۇرەپ-كۇرەپ يەپ تۈگەتكىچە، ئايتۇراخان ئۇسىمىسى "مانا مەن" دەپ چىقىپ تۇرغان قاشلىرىنى بىر يەرگە توگوپ، ئىككى قولى بىلەن ئېڭىكىنى تىرەپ، شرمەممەتكە تىكىلىپ ئولتۇردى:

— مەن ئەمدى ھىلىقى سوپى ئىشانىنىڭ ئويگە بارماي-مەن، — دىدى ئۇ شرمەممەت لىگەننى بوشاتقاندىن كېيىن، — مەن نىمە، ئۇ ناكەسكە سېتىلغانمىدىم، دادامۇ بارما دىدى، بېرىپ نىمە قىلىمەن......

شرمەممەت قوشۇقنى يالاپ تۇرۇپ، ئايتۇراخانغا ئەجەپ-سىنىپ قاراپ قويدى:

— نىمىشقا؟

— نىمىشقا؟ ...... مەن ساڭا ئوگىنىپ قاپتىمەن، ئېجىل بولۇپ قاپتىمەن. سەن شرمەممەت بەكمۇ بىغەم......

ئايتۇراخان نازلىنىپ، كوزلىرىنى ئوينىتىپ، ھېچبىر تار-تىنماي، ئەسلىدىكى ئادەتنى بۇزۇپ شۇنداق گەپلەرنى دىگىلى تۇردىكى، شرمەممەتنىڭ قۇلاق، يۈز، بۇرۇن ئۇچلىرى چىمىلدى-غاندەك بولۇپ كەتتى، مەڭدەپ بېشىنى تاتىلدى...... ئايتۇراخانىنىڭ

لىغىرلاپ تۇرغان كوكسى، يانپاشلىرى، ئاق - سېمىز پاچاقلىرىغا ئىختىيارسىز قاراپ قويدى ۋە ئېغىر بىر تىنىپ: "تەقدىر شۇنداق ئىكەن - دە. نېمىس جىن سوقۇۋەتمىگەندە، بەلكىم بۇ چاقىچە بىرەر - يېرىم بالىلىقمۇ بولۇپ قالىدىكەنمىز، ناكەس جىن......" دەپ ئويلىدى......

شىرمەممەتنىڭ بۇ ئۆيگە كىرگىنىگە بۇ يىل — توپ - توغرا ئون بەش يىل بولدى.

ئون بەش يىلنىڭ ئالدىدا شىرمەممەت سەككىز - ئون ياش-لىق بالا ئىدى. دادىسى ئاتا مىراس خالۋاپ بولۇپ، كەم سۆز، كىشىگە ئارىلاشمايدىغان، زەردىسى بار ئادەم ئىدى. ئانىسى يېتىم قىز بولۇپ، يۈزلىرى ئاناردەك قىپ - قىزىل، كوزى ئوت-لۇق، كېلىشكەن، سۈباتلىق ئايال ئىدى.

ئۈچ جان ئادەم سىرىقتال كۈن كەچۈرسىمۇ، ئىناق ئۆتەتتى.

بىر كۈنى بۇ ئايال سۇ قاپىغىنى مۈرىسىگە سېلىپ، سۇ ئېپكىلىش ئۈچۈن تالاغا ماڭدى، ئەمدىلا ئىشىكتىن چىقىپ تۇ-رۇشىغا، جىمجىت چۈك يولدىن ئىگىز تورۇق ئات مىنگەن مەخسۇت بەگ تۇيۇقسىز چىقىپ كەلدى ۋە ئايالغا شەھۋەتپەرەست-لىك بىلەن قادىلىپ قارىدى. ئايالنىڭ يۈرىگى تىترەپ، تىزلىرى سىقراپ كەتتى. ئۇ، مەخسۇت بەگنىڭ بورە كوزى بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ بىرنەچچە قېتىم ئۆزىگە مۇشۇنداق تىكىلگىنىنى ئەسكە ئالدى - دە، قورقۇنچ ئىچىدە ئىشىك كەينىگە ياندى.

ئەمما مەخسۇت بەگ ئەتراپتا ھېچكىم يوقلۇغىنى سېزىپ:

— ھە، نېمە قاچىسەن، قېچىپ نەگە بارىسەن، يا سەن

مېنى ئادەم يەيدۇ دەپ ئاڭلىۋىدىڭمۇ؟ — دەپ بىر گولەيدى-دە، ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئايالنىڭ كەينىدىن ئۆيگە باستۇرۇپ كىردى.

ئۆيدە ھېچكىم يوق ئىدى. مەخسۇت بەگ ئايالنى دالان ئىشىكتىلا قاماللاپ تۇتۇۋېلىپ، ئېغىزىغا رومال تىقىپ، ئايۋان ئۆينىڭ كېڭىغا باستى......

مەخسۇت بەگ تەرلەپ-پىشىپ، پۇشۇلداپ ئۆيدىن چىقى-ۋاتقاندا، ئىشىكتە جالاقلاپ تىترەپ تۇرغان خالۋاپ كورۇندى. مەخ-سۇت بەگ ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى، يېنىدىن توت-بەش دانە كۈمۈش تەڭگىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلىدى-دە، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى......

خالۋاپ ھاقارەتتىن غەزەپلىنىپ تىترەپ كەتتى......

شۇ كۈنى تۈن كېچىگىچە بۇ ئۆيدىن "پاك" قىلغان ئاۋاز-مۇ، "تىرىق" قىلغان تىۋىشمۇ ئاڭلانمىدى. ھەسرەتلىك "ئۇھ" تارتىش ئەر بىلەن خوتۇن ئارىسىدىكى ئاخىرقى سوز بولۇپ قالدى...... ئەتىسى سەھەردە كىشىلەر خالۋاپنىڭ ئۆلۈكىنى سا-مانلىقنىڭ تورىسىدىن يېشىپ، ئايالنىڭ ئۆلۈكىنى دەريادىن سۇ-زۇپ ئېلىپ كەلگەندە، كىچىككىنە شىرمەممەت تېخى كاڭدا بىخا-رامان ئۇخلاۋاتاتتى......

ئۇلار نىمە ئۈچۈن ئۆلۈۋالدى، نىمە مەجبۇر قىلدى؟ بۇ سىر تېخى يېشىلگىنى، كىشىلەرگە مەلۇم بولغىنى يوق.

ئەمما، بۇ بىر جۈپ ئەر-خوتۇن يەرلىكتە قويۇلۇپ بولا-بولمايلا، كىچىككىنە يېتىم شىرمەممەتكە ئىگىدارچىلىق قىلىشنى خالايدىغانلار چىقتى.

ئەسلىدە مۇنداق ئىگە-چاقىسىز يېتىم باللار ئۇرۇلۇپ-

سوقۇلۇپ يۇرۇپ، ھسامدىن داموللىنىڭ مەدرىسى يېنىدىكى خانىقانىڭ داش قازىنى ئەتراپىغا يىغىلىشقا، كېيىن ئومۇرلۇك "بالا قۇل" بولۇپ كېتىشكە مەجبۇر ئىدى. ئەمما، شىرمەممەتكە كەلگەندە ئىش ئۇنداق بولمىدى. قۇربان ئاقساقال بىردىنلا مەيدىسىگە ئۇرۇپ:

— نېمە گەپ ئېكەن ئۇ! شىرمەممەت يىراق بولسىمۇ، بىر يەرلىرى ماڭا جەمەت. مېنىڭ بىر قىزىم بولسىمۇ، ئوغلۇم يوق. ئوغۇل بولسۇن، خۇدا خالىسا، ئىچ كويۇغۇل قىلىپمۇ ئالىمەن تېخى، — دېدى ......

شىرمەممەت ئۇن - تىنسىزلا قۇربان ئاقساقالنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. ئاردىن ئۈچ يىل ئۆتكەندە قۇربان ئاقساقال ئۆز يىللىقچىلىرىدىن بىرىنى ئىشتىن بوشاتتى:

— ماڭا قارا ئوغلۇم، — دېدى قۇربان ئاقساقال شۇ كۈنى شىرمەممەتكە قاراپ، — سەن بولساڭ ئۆز بالا، بىزگە ئارتۇق يۈكنىڭ نېمە ھاجىتى. مەن يىللىقچىدىن بىرىنى قوغلىدىم، تېزىگىنى تىرىشۋەرسۇن. سەن بولساڭ، تېمەنرەك بولۇپ، مانا ئەمدى ئېتىز-ئېرىق ئىشىنى ئۆز بەستىڭگە ئېلىۋەرگىن ......

شىرمەممەتكە نە راۋاپ، نە نەي چالدىغان پۇرسەت شۇنىڭ بىلەن توگىدى.

"ئۆز ئادەم" ئەلۋەتتە باشقىلاردىن كۆپرەك ئىشلىشى كېرەك، ئىشلىسە "ئۆزى ئۈچۈن" دە! ...... شىرمەممەت باش كوتەرمەي ئەتىدىن - كەچكىچە ئىشلەيتتى، يۈتكەن - قاچقانغا كوز - قۇلاق بولاتتى ...... ئاردىن بەش يىل ئۆتكەندە، قۇربان ئاقساقال ئۇشتۇمتۇت:

— ماڭا قارا ئوغلۇم، — دېدى شىرمەممەتكە قاراپ، — مانا ئەم-

دى سەن ئەتراپىڭغا كۆزۈڭنى ئېچىپ قارىغىن، ئايتۇرا قىز بويىغا يېتەي دەپ قالدى، ھىم...... ئۇنى ساڭا بەرمەي كىمگە بېرەتتۇق، كۆزلۈك يىغىم-تېرىمدىن كېيىن خۇدا خالىسا، تويىمۇ قىلىمىز تېخى......

شىرمەمەت — بۇرۇتلىرى خەت تارتىپ قالغان يىگىت — مۇنداق گەپنىڭ توغرىدىن-توغرا ئۆزىگىلا ئېيتىلغىنىغا ناھايىتى خىجالەت بولدى-دە، قىزىرىپ بېشىنى تۆۋەن سالدى ۋە ئۆز ئىچىدە يىگىتلىك ھىسسىياتلىرىغا چۆمۈلۈپ، ئۆز كۆچىنى ئايىماسلىققا ۋەدە بەردى......

ئەمما "بويىغا يەتكەن قىز" نىڭ گېپى ئۇنىڭغا ئېيتىلغان چاغدا، قۇربان ئاقساقالنىڭ ئايتۇرا قىزنى سوپى ئىشاننىڭ كالتا بازارچى تەلۋە ئوغلىغا بېرىشكە پۈتۈشكەنلىكىنى شىرمەمەت خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى......

بىر كۈنى قۇربان ئاقساقالنىڭ ئاغرىقچان خوتۇنى پىنھان يەردە:

— ماڭا قارىسىلا كىشى، — دېدى ئېرىگە، — نېمىشقا دىنلىرىنى بىلگىلى بولمايدۇ، شىرمەمەتمۇ بىر تۈزۈككىلا بالىغۇ، سەككىز-ئون يىلىنىڭزى كويۇپ-پىشىپ ئىشلەيدۇ-يا. ياتنىڭ دەردىنى تارتىپ ئىشانغا چىپىلغىچە ئايتۇرانى شىرمەمەتكىلا چاتمايمىزمۇ؟......

— بولمايدۇ، — دېدى قۇربان ئاقساقال، — مەن سوپى ئىشان بىلەن پۈتۈشكەن، گەپ دېگەن بىر، قولاق دېگەن ئىككى......

— تۇۋا، بۇ ئادەمنى، — دېدى خوتۇن، — نىيەت شۇ بولغاندىكىن، قىزنى ساڭا بېرىمەن دەپ ئېغىز ئاچمايدىغان. ئەلەمەلە ئاڭلىسا نېمىمۇ دەر!......

— دېسە دەيدۇ، ئۆزىنىڭ ئېغىزى، كېيىن بېسىقىدۇ، — دېدى

قۇربان ئاقساقال، — بىرنەنچەدىن، سوپى ئىشان ھىسامىدىن دامۇل-
لامنىڭ ئوڭ قولى. ھىسامىدىن دامۇللام بولسا، مەخسۇت بەگنىڭ
ئاكىسى. بىزنىڭ كىمگە يېقىنلىشىۋاتقىنىمىزنى ئەمدى بىلگەنسەن.
ئاسان گەپ ئەمەس، بەگنىڭ يېقىنى! …… ئىككىنەنچەدىن، شىر-
مەممەت تېگى پەسنىڭ بالىسى. ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا، ئادەم-
نىڭ ئالىسى ئىچىدە، ئۇنىڭدىن بىزگە نىمە ۋاپا كەلسۇن، يىق
گەپنى قوي. شىرمەممەتمۇ ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان
چىلاپ يۈرۈۋەرسۇن، بىزمۇ خۇدا بەخش ئەتكەن ئۆز يولىمىز بىلەن
كېتىۋېرىمىز ……

ئايلار ئۆتتى، كەچكۈز غازاڭلىرى ئەتراپنى سارغايتتى. بىر
كۈنى سەھەردە يىللىقچىلار قوناق خامىنىدىن بىھوش ياتقان شىر-
مەممەتنى كوتىرىپ كېلىشتى. قۇربان ئاقساقال سۇنايلىنىپ ياتقان
شىرمەممەتكە پەرۋاسىزلا بىر قاراپ، ئارقا مىڭىسىگە ئۇرۇلغان كال-
تەك ئىزى، چاچنى بويىغان شىلىمشىق قاننى كوردى-دە، يىل-
لىقچىلاردىن:

— خامانغا ئوغرى تېگىپتىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— يوقسۇ، چەش بەلگىسى ئاخشام ئۇزلىرى سېلىپ قوي-
غاندەكلا. — دېيىشتى يىللىقچىلار.

قۇربان ئاقساقال گېلىنى قىرىپ تۇرۇپ:

— خەي، ……جىن سوقۇپ كېتىپتۇ-دە! …… بۇ بالا
نىمە ئۇچۇندۇر نامازغا خۇشتى يوق چىققان ئىدى. تەقدىر، — دىدى.

شىرمەممەت بىر ھەپتىچە بىھوش ياتتى. ئۇنىڭدىن يىللىق-
چىلار خەۋەر ئالدى. بىر-ئىككى ئاي بولغاندا، ئىسلەك-سىلەك
تاماققا كىرىشىپ، ئورنىدىن تۇردى. لېكىن، ئۇنىڭ روھىي كەي-
پىياتى جايىدا ئەمەس، ئىش قىلالاتتى، ئەمما پىكىر قىلالمايت-

تى. خاراموش بولۇپ قالدى......

شۇ ئارىدا ئاي-تورانىڭ تويى بولۇپ ئوتتى، قوربان ئاقساقال كىشىلەرگە:

— تەقدىر نىسىپ قىلمىغان ئىكەن-دە! مەن شىرمەممەتنى ئۈچ كۆيوغۇل قىلارمەن دىگەن ئىدىم. لەنىتى جىن ئۇنى ناكا قىلدى، — دەپ يۈردى.

قوربان ئاقساقال شىرمەممەتنىڭ ئولۇپ قېلىشىنى كۈتكەن ئىدى. لېكىن ئۇ ئولمىدى، بىر كۈنى قوربان ئاقساقال شىرمەممەتكە:

— سەن ھىسامىدىن ھەزرەتىنىڭ دېمىدىسىنىڭ بەركاتى بىلەن مۇشۇنچىلىك بولدۇڭ، يەنە دېمىدە قىلدۇرۇپ بېرىمەن، ساقىيىپ قالارسەن. لېكىن، دېمىدە پۇل، سوغا-سالام بىلەن بولىدىغان ئىش. سېنى داۋالىتىش ئۈچۈن قانچىلىك چە-قىمدار بولغىنىمنى خۇدا كوڭلۇڭگە سالغاندۇر. ئولۇم دىگەن قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىغىدا. سېنىڭ داداڭدىن قالغان مىراس ئوي-ھويلاڭ بار، ماڭا خەت قىلدۇرۇپ بېرىپ، ئاخىرەتلىك ئۈچۈن خۇدا ئالدىدا قەرزدىن خالاس بولۇۋالامسەن؟ — دىدى.

شىرمەممەت بۇ تەكلىپنى ئاڭلاپ، يۈزلىرى تاتارغان ھالدا قوربان ئاقساقالغا قاراپ بىر چەكچەيدى-دە، "رازى" بولۇپ بېشىنى ئەگدى.

شۇ كۈنى توختام خەت يېزىلىپ، بارماقلىرىنى بېسىشتى ۋە ھىسامىدىن دامولىنىڭ موھۇرى بىلەن بۇ ئىش "قانۇن" لاشتۇرۇلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن يەنە بەش يىل ئوتۇپ كەتتى. بۇ بەش يىلنى شىرمەممەت "پاك" قىلىپ ئاۋاز چىقارماي، روھسىز-لانغان، تۇگمەس غەم-غۇسسىگە چوككەن، تۇرۇپ "دەدىسە يوك"،

تۇرۇپ "كىرەكلىك ئىشلەمچى" بولغان ھالدا قېقىلىپ-سوقۇلۇپ ئۆتكۈزدى. قۇربان ئاقساقال ئۇنى بىرنەچچە قېتىم ئۆيدىن قوغ-لاپ چىقارماقچى بولدى، لېكىن، ئاغرىقچان خوتۇنى ئارىلىشىپ، "يامان بولىدۇ، ھېچبولمىسا، يەگىنىڭگە تۇشلۇق مىدىرلاپ يۈرىدى-غۇ" دەپ توسايتتى......

شىرمەممەت "خېلى ساقىيىپ قالدى، سۆزلەيدۇ، ئۆز ئىشى-نىمۇ تېپىپ قىلىدىغان بولدى" دېيىشكەنلىرىدە، قۇربان ئاقساقال-نىڭ خوتۇنى ئالەمدىن ئۆتتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئايتۇراخان ھازىدار بولۇپ ئېرىنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ كەلدى ۋە شۇ كەلگەنچە سوپى ئىشاننىڭ ئۆيىگە قايتمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ كالتا بازار-چى ئېرى شەھەردىن ئۆيلەنگەن ۋە ئايتۇراخانغا "تۇغماس خو-تۇن ئۈچ تالاق" دەپ گەپ چىقارتقان ئىدى......

بۇنىڭدىن بىر قانچە ۋاقىت ئىلگىرى، يەنى مەخسۇت بەگ توختاخۇننى سوغا بېسىپ قەتل قىلىشنى قارار قىلغان كېچىسى، قۇربان ئاقساقال ئالماسنىڭ نىمە ئۈچۈندۇر شىرمەممەتنى ئىزلەپ كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاق مۇڭدىشىپ قايتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. ئاڭلىدىيۇ — بۇلۇڭ ئۆيگە ئېتىلىپ كىرىپ، شىرمەممەتنىڭ ياقىسىدىن تارتىپ سىلكىدى:

— تۇزكور بولاي دېدىڭمۇ-ھە؟ ئېيتە، ئالماس نىمە دېدى ساڭا......

— ھېچنىمە دېمىدى...... سەنمۇ چاكار، مەنمۇ چاكار، ھەممىمىز چاكار دېدى شۇ......

— يالغان! — دېدى قۇربان ئاقساقال جالاقلاپ تىترەپ، — ئالماس ئاسىمنىڭ يېقىنى، ئاسىم ئېزىتقۇ جەددىت. ئۇنى بۈگۈن كېچە شۇ تاپتا مەخسۇت بەگ تۇتۇپ كاللىسىنى ئالىدۇ، شۇنى دېدىمۇ؟......

— ياق ......

قۇربان ئاقساقال چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى. ئالماس بىلەن شىرمەممەتنىڭ ئۇچرىشىشى ئۇنى دەككە - دۇككىگە سېلىپ قويغان ئىدى.

قۇربان ئاقساقال شىرمەممەتنى سىناپ كورمەكچى بولدى:

— بوپتۇ، دېگەن - دېمىگەن بولسا مەيلى. — دېدى ئۇ، — گەپنىڭ ئوزىگە كېلەيلى. مىش - مىش گەپلەردىن قارىغاندا، هوكۇ- مەت ئالمىشىپ، ئوزگىرىش بولارمىش. مەن سېنى دەردىڭنى تارتىپ ئون بەش يىل باقتىم. چوڭ بولغىنىڭ شۇ، هەقىقىڭ بولسا ھېساپلىشىپ، ئوز كونۇڭنى ئوزەڭ ئالامسەن؟ ......

شىرمەمەت كۇتۇلمىگەندە بۇ تەكلىپكە قوشۇلدى.

قۇربان ئاقساقال ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ: "مەيلى، بۇنىڭدىن قۇتۇلغىنىم تۇزۇك، ھەر بالا كەلسە، مۇشۇنىڭدىن كې- لەتتى"، — دېدى - دە، ئەتىسلا كونا - يېڭى دەپتەرلىرىنى ۋاراقلاپ ھېساپ - چوت قىلىشتى، نەدىكىنى! ...... قەرز يەنە شىرمەممەتتە بولۇپ چىقتى. شۇنداق بولسىمۇ قۇربان ئاقساقال "مەرتلىك" قىلىپ، ئۇنىڭغا بىر جۇۋا، ئالتە چارەك قوناق، بەش دانە كۇ- مۇش يالاتقان جا تەڭگە بەردى ۋە: "بۇلارنىڭ ھەممىسى ئول- گەن خوتۇنۇڭنىڭ روۋناتلىرى ئۇچۇن، رەھمەت دېگىن" دەپ يول- غا سالدى.

شىرمەممەتنىڭ بارىدىغان يېرىمۇ، ئىزلەيدىغان كىشىسىمۇ يوق ئىدى. يېزا ياقىسىدىكى كونا تۇگمەن بېشىدا ئىككى كۇن- گىچە گاڭگىراپ - تەمترەپ يۇردى. بەزىلەر شىرمەممەتكە:

— ھوي ...... نېمە قىلغىنىڭ، ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ ئاقساقال- غا ئون بەش يىل ئىشلەپ، ئالتە چارەك قوناققا رازى بولغىنىڭ

نىمسى؟ ماڭ، ئاسىم ئەپەندىنى تاپ، هازىر بۇ يەردە بەگنىڭ يىلتىزىنى قىرقىيدىغان يىگىتلەر پەيدا بولدى. جاهان ئۆزگەرمىش، هەققىڭنى ئېلىپ بېرىدۇ، — دېيىشتى.

يەنە بەزىلەر بولسا:

— ئۇيلاپ ئىش قىل. جاهان تېخى نىمە بولىدۇ، تۈز يەگەن تاۋاقنى سۇندۇرۇشتىن گۇنا ئىش يوق، سېنى جىن سوقۇۋەتكەندە ئىشقىلىپ ئاقساقال باقتى. بېشىڭنى سىلىغان ئادەمگە كوز ئالايتساڭ، سېنى سوقۇۋەتكەن جىن يەنە يوق دەپ ئويلامسەن؟ جوگۇ، قۇربان ئاقساقالنىڭ پېشىنى تۇت، — دېيىشتى.

بۇ ئىككى كۈن ئىچىدە قۇربان ئاقساقالمۇ تىپىرلاپ قالدى. شىرمەممەتنىڭ يوقلۇغى شۇ كۈنىلا ئۆزىنى كورسىتىپ، هىچىر ئىش - كۈشى قولاشمىغاندەك قىلدى ۋە ئاخىر ئايتۇراخانىغا بېيتتى:

— جوگۇ قىزىم، ئۇ تۇزكورنى تاپ، ئاناڭنىڭ يۈزى بولسۇن، ئىش - پىشنى كېلىپ قولغا ئالسۇن......

شىرمەممەت قايتىپ كەلدى. بىرنەچچە كۈن ئوتتى. شۇ ئارىدا "ئېلىش" بېشىدىكى توقۇنۇش يۈز بەردى، پارتىزانلار پەيدا بولدى، مەهەللە ئىچىدە ئالماسنىڭ قىلىچى پارقىراپ قالدى ۋە مەخسۇت بەگ ساراسىمىگە چۈشۈپ تاققا قاراپ قاچتى. قۇربان ئاقساقال ئالاقزادە بولۇپ ئويدىن چىقمىدى، ئويلاپ - ئويلاپ يەنە شىرمەممەتنى ئالدىغا چاقىرتتى:

— سەن بىلەن مەن ئاتا - بالا بولۇشقان، شۇنداقمۇ؟ — دىدى.

شىرمەممەت گەپ قىلمىدى، قۇربان ئاقساقال:

— خەق سېنى چاكار دىسە ساڭا هاقارەت، ماڭا ئۇۋال

قىلغانلىق بولىدۇ، ماڭا چاكارنىڭ ھاجىتى يوق، سەن ئۆيلا ......

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە، قۇربان ئاقساقال شىرمەھەممەتنى ئۆزى ئىزلىدى:

— قانداق، خىيالىڭ پىشتىمۇ؟

— پىشتى ......

— خوش، قانداق قىلاي دەيسەن؟

— بۇ ئۆيدىن كەتمىسەم كەتمەي ......

— ئۇنداقتا، مەن ئاتا، سەن بالا ......سىنى چاكار يىللىقچى دىگەننىڭ ئىغىز - بۇرنىنى قان قىلىشقا چامىڭ يىتەمدۇ؟ ......

شىرمەھەممەت سەل چوچۇپ، قۇربان ئاقساقالغا قارىدى - دە:

— يىتىدۇ، — دەپ گىپىنى تۈگەتتى.

ئەتىسى ئاتا - بالا بولۇشقانلىق توغرىسىدا ئەھدە تۈزۈشتى، ئىشنى تىگى - تەكتىدىن پىشۇرۇش ئۈچۈن قۇربان ئاقساقال شىرمەھەممەتنى تاھارەت ئالغۇزۇپ، كەينىگە ئەگەشتۈرۈپ، ھىسامىدىن داموللىنىڭ ئالدىغا ئىلىپ باردى. داموللىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ "قۇرئان" تۇتۇپ، قىيامەتلىك ئاتا - بالا بولۇشقانلىق توغرىسىدا قەسەم بەردى ھەمدە ھىسامىدىن داموللىغا مۇرىت بولۇپ قول بەردى.

— بولدى، بەس، — دىدى داموللا مۇرىت بولۇش رەسمىيىتى تۈگىگەندىن كىيىن شىرمەھەممەتكە، — خىيانەت قىلساڭ — تىلىڭ قىپتىپ، كوزۈڭ تۇتۇلۇپ، ئۆزەڭنى دوزاخنىڭ ئاتەشلىرى ئىچىدە كورىسەن، ئەمەل قىلساڭ — ئۇ دۇنيانىڭ موجىزىلىك كاپالىتىگە ئىگە بولغىنىڭ شۇ. مىنىڭ سوزۇم — سىزغان سىزىق، يول. ئاللاتائالا ئۆزى قازى، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام پادىشا بولغان ئاخىرەتتىكى تىلسىرات كوۋرۈگى ئالدىدا مىنى

ئىزلە ۋە مېنىڭ پېشمنى تۇت ......

قۇربان ئاقساقال ھەسامىدىن داموللىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، شىرمەممەتكە:

— ھەزرەتنىڭ لەۋزىنى قۇلىقىڭدا تۇت، بۈگۈن بىز ئاللا- تائالا ئالدىدا قايتىدىن ئاتا-بالا بولۇشتۇق، "پىر-ئەۋلىيا" غا قول بېرىپ مۇرىت بولدۇق، ئەمدى سەن بۇ دۇنيالىقىڭنىمۇ، ئۇ دۇنيالىقىڭنىمۇ تېپىپ، يېڭىدىن تۇغۇلدۇڭ. — دېدى.

ئالماس، ئېلىقۇللار خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئاتلىق يىگىتلىرى بىلەن سەپ تارتىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ماڭغان كۈنى قۇربان ئاقساقال تالادىن ھۇ- لۇقۇپ ئۆيگە كىردى-دە، ئايتۇراخاننى پىنھان يەرگە چاقىرتىۋې- لىپ ئۇزاق پىچىرلىدى.

ئايتۇراخان دادىسىنىڭ گېپىنى تىڭشاپ، دەسلەپ، دادام ئالجىپ قالمىغاندۇ، دېگەندەك قىلىپ كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ چەك- چەيتكەن بولسىمۇ، لېكىن، شۇ تاپتا دادىسىنىڭ دېگىنىنى قىلماي مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ دۇمسايدى-دە، ماقۇل بولدى ۋە ئەتىسىدىن باشلاپ، شىرمەممەتنىڭ بۇ ئۆيدىكى ئورنىدا، سا- دىپايلىرى، ئورۇن-توشەك، مەئىشىتىدە كۆتۈلمىگەن ئۆزگىرىشلەر بولىۋەردى ......

شىرمەممەت ئايتۇراخاننىڭ ئۆزىگە "ئىجىل" لىق بىلەن نازلىنىپ قاراپ يۈرگىنىنى خېلى كۈنلەردىن بۇيان خىرە-شىرە سېزەتتى. بۈگۈن تۇگمەندىن قايتقاندىن كېيىن بولسا، ئۇ كوڭۈل سىرلىرىنى ئېچىۋەتكەندەك قىلدى. كويدۇم-پىشتىم دېمىسىمۇ، كويگەن-پىشقان يۈرەكنى پىچاق بىلەن يېرىپ كورستىشنىڭ ئا-

مالى بارمۇ، دەۋاتىدۇ. ئۇ قاغىمىغان ھېچنېمە قالمىدى. ھەممىدىن كۆپرەك ئۆزىنىڭ تەلەيسىز بەختىنى قاغاۋاتىدۇ...... ئۇنىڭ كۆڭلى قانداق يۇمشاق، قانداق مېھرىۋان، قانداق ياخشى...... ئاھ، تەلەيسىز ئايال...... شۇنداق كېلىشكەن، شۇنداق چىرايلىق، مۇلايىم...... خۇددى چۈش كۆرگەندەكلا...... ئىپلاس جىن!...... شۇ جىن سوقۇپ مېنى ناكا قىلمىغىنىدا، ئايتۇراخاندا نېمە ئېيىپ، نېمە گۇنا بولسۇن؟...... ھەتتا، ئانىسى رەھمەتلىكمۇ مۇرادىغا يېتەلمەي ئالەمدىن كۆزى ئوچۇق كەتتى...... ئۇنىڭ دەۋاتقانلىرى ھەق، لىللا گەپلەر...... شۇمۇ كۈن بولدىمۇ، شۇمۇ تەقدىرمۇ!...... قانداق يۇمشاق قوللار بۇ......

شىرمەممەتنىڭ كۆڭلىدە كۆپ يىللار ئىلگىرى يېنىپ ئۆچكەن ئىشق ئوتلىرى قايتا ئۇچقۇندىغاندەك بولدى، كۆڭلى ئېرىپ يىگىتلىك ھېسسىياتلىرى قىمىرلاپ قالدى...... شۇ كۈنى كېچە ئۇ ئۆزىنى بىر ۋاقىتلارغىچە ئايتۇراخاننىڭ قۇچىقىدا قىزىق چايغا سېلىنغان چاقماق قەنتتەك ئېرىگەن ھالدا كۆردى......

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكى ئېنىق ئەمەس. لېكىن، ئۇشتۇمتۇت ئىشىك قېقىلدى. ئايتۇراخان ئالدىراپ مېھمانخانىدىن چىقىپ كەتتى. شىرمەممەت دەرۋازىنى ئاچتى.

— شىرمەممەت، ئوغلۇم، — دېدى ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەن قوربان ئاقساقال ئۇنىڭغا، — ھېسامىدىن ھەزرەت ساڭا نەزەر سېلىۋاتىدۇ، يولۇڭ ئوچۇق بولىدىغان بولدى. بارغىن، ئۇدۇل ھەزرەتنىڭ ئالدىغا بار، دۇئاسىنى ئال، لەۋزىنى بەجا كەلتۈر......

شىرمەممەت دەرۋازىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قوربان ئاقساقال ئايتۇراخاننى چاقىرتىۋېلىپ:

— بول قىزىم، تېتىكرەك بول. مېھمان كېلىدۇ، چوڭ ئەرباپ. مېھمانخانىنى راسلا، شىرمەممەت ئايۋان ئۆيگە چىقىپ ياتسۇن ۋە ھېچكىمگە مېھمان توغرىلىق ئېيتما، — دېدى.

## 3 . تەشۋىشلىك كېچە ......

شىرمەممەت ھىسامىدىن داموللىغا قول بېرىپ مۇرىت بولغاندىن كېيىن تېخى ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولغىنى يوق، ئۇنى قايتا كورگىنىمۇ يوق. بۈگۈن ئۇنى نىمىگە قىچارتتىكىن، نىمە قىلىدىكىن؟ ...... شىرمەممەت قاراڭغۇ، جىمجىت كوچىدا تەشۋىشلىك خىيالغا چومۇپ كېتىۋېتىپ، بايا گۈزەردە ئۆزىگە تۆيۇقسىز ھەمرا بولغان ئاتلىق يۈچۈن كىشىنىڭ بۇ ئىشقا بىرەر ئالاقىسى بولمىكىن، دېگەننى ئويلاپ، قۇربان ئاقساقالنىڭ دەپ بەرگىنى بويىچە مەدرىسىنىڭ ئارقا ئىشىگىگە يېتىپ كەلدى.

ئۇنى ئىشىكنىڭ قاراڭغۇ دالىنىدا ھىسامىدىن داموللىنىڭ ئۆي موللىسى ھاجى ئىشان كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن:

— ھەببەللى، تازا سائىتى، — دېدى ھاجى ئىشان شىرمەممەتنى كورگەندىن كېيىن، — دەل ۋاقتىدا كەلدىڭ، كېچە — خىزىرنىڭ ئىختىيارىدا ئەمەسمۇ، كېچىدە كەلگەن تۈزۈك ...... بۈگۈن ھەزرىتىمنىڭ ساڭا كوزى چۈشتى، ئىقبال يۇلتۇزۇڭنىڭ چوغلانغىنى شۇ، قېنى بەردەمرەك بول، كارامەت يۇلتۇزلىرىنى سەيلى قىل ......

شۇنىڭدىن كېيىن ھاجى ئىشان شىرمەممەتنى ئۆزىگە ئەگەشتۇرۇپ، دەسلەپ خانىقانىڭ جەرىخانىسىغا، ئاندىن سىرلىق ۋە جاراڭلاپ تۇرغان كوپ تۇۋرۇكلۇك ئەتىكاپخانىلارغا، ئۇنىڭ-

دىن كېيىن ئۈيدىن-ئۈيگە ئۆتكۈزۈپ، مەدرىسىنىڭ تار ھوج-رىسىغا ئېلىپ كىردى. ئۇ يەردە تاھارەت ئالغۇزغاندىن كېيىن، مەدرىس مېھرابىنىڭ ئاستىدىكى پەلەمپەيلىك "خۇدالىق ئۈي"گە ئېلىپ كىردى.

تام-تورۇسلىرى ئاق گەج بىلەن نەقىشلەپ زىننەتلەن-گەن، ئاستىغا چوغدەك قىزىل گىلەم سېلىنغان "خۇدالىق ئۈي" چىراق يېقىلىش بىلەن تەڭ ئۆتقاشتەك يالتىراپ چاقنىدى.

شىرمەممەتنىڭ كوزى ئۈينىڭ تورىدىكى قارا دۇخاۋا پەردە تارتىلغان، چىرىسىگە ئالتۇن ھەل بېرىپ نەقىشلىك گۈل ئويۇلغان تەكچىگە چۈشتى.

ھاجى ئىشان شىرمەممەتنى قارا دۇخاۋا پەردىنىڭ ئال-دىغا ئېپكېلىپ تىزلاندۇردى:

— بۈگۈن ئۇلۇغ جۈمە كۈنىگە ئۆتەر كېچىسى،— دىدى ھاجى ئىشان شىرمەممەتكە "يائاللا، ياراخمان!" دەپ نىدا قىلغىنىچە،— بىزنىڭ خۇداگۈي مۇرىتلىرىمىز بەھرىمەن بول-دىغان بۇ شەرەپ بۈگۈن ساڭا نېسىپ بولدى، بىشىڭدا "شۆھ قەدرى" نامايەن بولماقتا. قېنى، لائىلاخە ئىللاۋلا مۇھەممەدۇن رۇ-سۇلىللا دىگىن، تىلىڭنى كەلتۈر، تەكرارلا، كوزۈڭنى يۇم!......

شىرمەممەت تىترەك بېسىپ، كوزىنى يۇمدى.

— كوزۈڭنى ئاچ!......

شىرمەممەت كوزىنى ئاچتى، "خۇدالىق ئۈي" گور قاراڭ-غۇسى بىلەن تولغان ئىدى. ھاجى ئىشان ئۈنىڭغا قايىسىبىر سۈ-رىنى تەكرارلاتتى، تىلى كەلمىگەن يەرلىرىنى تۈزەپ قويدى. ئۈي ئىچى جىمجىت. بىركەمدىن كېيىن دۇخاۋا پەردە تار-تىلغان تەكچە تەرەپتىن "تىرىق-چاك" قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى،

ئىمىدۇر بىر نەرسە سىرلىق شىلدىرلىدى ۋە دۇخاۋا پەردە ئۈز-
لىگىدىن ئاستا-ئاستا ئىككى تەرەپكە سۇرۇلدى......

شىرمەممەتنى تىترەك بېسىپ كەتتى، كۆزلىرى جىمىرلى-
دى، پېشانىسىدىن مۇزدەك تەر قۇيۇلدى، ئېغىز-بۇرنىدىن چە-
قىۋاتقان تىنىق گويا گۇرۇلدىگەن بوراندەك غەلىتە ئاڭلىناتتى.
كۆز ئالدىدا بولسا، ئاجايىپ قورقۇنچلۇق چۈشتەك: كۆپ-كۆك
تىنىق ئاسمان، چاراقلاپ يېنىپ تۇرغان ئاق، كۆكۈش، سوسۇنە،
قىزغۇچ، سېرىق يۇلتۇزلار، يۇلتۇزلار ئاستىدا قەد كۆتىرىپ
تۇرغان پەشتاق-مۇنار، سۇرلۇك يېشىل گۈمبەزلەر، مۇئەللەق
تۇرغان تاش، خىلمۇ-خىل قەۋرىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا
قەد كۆتىرىپ تۇرغان ساقاللىق، سەللە ئورىغان، تاتىملىق بىر
مويسىپىت ئادەمنىڭ سىماسى نامايەن بولدى......

— كۆزۈڭنى يۇم!......

شىرمەممەت گويا كىرپىكلىرى قېتىپ قالغاندەك، كۆزلىرىنى
تەسلىكتە ئۇلىناشتۇرۇپ يۇمدى.

— كۆزۈڭنى ئاچ!......

شىرمەممەت سېھىرلەنگەن ئادەمدەك، تەمتىرەپ كۆزىنى
ئاچتى.

— مەدىنە......كەبەتۇللا......تەگدىشى يوق رەسۇلۇللا......
پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك جامالىنى كۆردۈڭ، — دىدى ھاجى
ئىشان قېتىپ قالغان شىرمەممەتكە قاراپ، خۇددى قىرائەت
قىلىۋاتقاندەك ئىگراق ئاۋازى بىلەن، — سېنى خامانىدا جىن سو-
قۇۋەتكەندىمۇ ھەزرىتىم ئۆز دېمىدىسىنى ئەنە شۇ مەككىنىڭ
زەم-زەم سۇلىرى بىلەن يۇغۇرۇپ ساڭا ئەۋەتكەن ئىدى ۋە
بۈگۈن بۇ موجىزىلىك كارامەت تەكچىدىن قىبلىگاھىنىڭ دەل

ئۆزىنى كورۇپ، پۈتۈن گۈناللىرىنىڭ يۇيۇلدى، ئاندىن تۇغما بول-دۇڭ. ھېسابىدىن ھەزرىتىمگە سادىقلىق قەسىمى ئىچ. سەن بۈگۈندىن باشلاپ پىرىم ھاجى بولدۇڭ......

ھاجى ئىشان قەسەم سوزىنى تەكرارلىدى، شىرمەممەت جالاقلاپ تىترىگەن ھالدا ئەگەشتى:

— ...... سىزغان سىزىقىدىن، ئېيتقان سوزىدىن چىقمايمەن، جېنىم تېنىمدە بولسىلا، ھەزرەتنىڭ پېشىنى تۇتۇپ، سا-داقەت ئالىمىدە يىگانە مۇرىت بولىمەن......

شۇنىڭدىن كېيىن، ھاجى ئىشان شىرمەممەتنى ئەگەشتۇرۇپ تار ھوجرىلار، ئەگىم ئىشىك، قىيپاش پەلەمپەيلىك لەمپىلەر ئاستىدىن ئۆتۈپ، مەدرىسىنىڭ ئاتخانىسىدىن چىقتى.

بۇ يەردە، ئوقۇر ئالدىدا تۇقۇلۇق ئىككى ئات تۇراتتى. ئاتلارنىڭ بىرسى شىرمەممەتكە بايا گۈزەردە يولۇققان يۈچۈن كىشىنىڭ ئېتىدەك كورۇندى.

ئاتلار ئاچكوزلۇك بىلەن ئوز توۋۇرغىسىدىن كورسۇلدىتىپ قوناق چايناۋاتاتتى.

— بىر دەقىقە مەشەدە كۈتكىن، ئۆزەڭنى ھېچكىمگە كور-سەتمە، بۈگۈن ساڭا خاسىيەتلىك سەپەر ئىجازەت بولدى......

ھاجى ئىشان شۇ گەپنى ئېيتىپ، ئالدىراپ ھېسامىدىن داموللىنىڭ مېھمانخانىسىغا قاراپ يول ئالدى......

بۇنىڭدىن ئىككى سائەتچە ئىلگىرى ھاجى ئىشان خۇددى مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن قۇربان ئاقساقال باشلاپ ئېپكەلگەن ھىلقى ئاتلىق يۈچۈن كىشىنى كۈتۈۋالغان ئىدى. ئۇنى ئوخشاشلا، دەسلەپ جەرىخانىغا، ئاندىن ئەتىكاپ-تىلاۋەتخانىلار ئارقىلىق

مەدرىسىنىڭ تار ھوجرىسىغا ئېلىپ كىردى ۋە شۇ يەردە يۇ-
چۇن كىشىگە تىكىلىپ:
— خوش جاناپ، ئۆزلىرى ...... — دەپ كوزىگە قارىدى.
يۇچۇن ئادەم توش يانچۇغىدىن بىر خەتنى ئېلىپ، ھاجى
ئىشانغا سۇندى:
— ئۆز قولىغا ...... ھىسامىددىن داموللامنىڭ ئۆزىگە ......
— ئوبدان، خۇددى شۇنداق بولىدۇ ......
ھاجى ئىشان خەتنى ئېلىپ، ئۇن مىنۇتچە كوزدىن يو-
قىلىپ، يەنە پەيدا بولدى:
— قېنى جاناپ، مەرھەمەت قىلسىلا، ھەزرىتىم قاراپ
قالدى ......
ھاجى، ئىشان قۇربان ئاقساقالنى ھوجرىدا قالدۇرۇپ،
يۇچۇن ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ كەتتى.
ھىسامىددىن داموللا مېھمانخانىغا كىرىپ كەلگەن ساقاللىق،
سەللىسى بار سولەتلىك كىشىنى كورۇپ، ھاڭ-تاڭ بولۇپ تۇ-
رۇپ قالدى. چۈنكى، كىرىپ كەلگەن ئادەم ئۆزى ئېلىپ كەل-
گەن ياسىن شاگىخەينىڭ خېتىدىكى ئەرباپقا ھېچبىر ئوخشىمايتتى.
شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنى تورگە تەكلىپ قىلدى، ئېرى-بېرى
ھال سورىدى، چاي-داستىخان قىلدى، لېكىن، ئوتتۇرىدا بولۇ-
نۇۋاتقان گەپ-سوز زادى قولاشمىدى. بۇنى ھەر ئىككىيلەن
سەزدى.
— داموللام، — دېدى قەشقەردىن كەلگەن يۇچۇن كىشى
ئاخىر، — ھەزرەتلىرى پېقىرنى تونىماي قاللىغۇ دەيمەن؟ ......
ھىسامىددىن داموللا:
— يوقسۇ، يوقسۇ، بەندىچىلىك، — دېدى، تەن بەردى.

يۈچۈن كىشى ئىشىك تەرەپكە ئېھتىيات بىلەن بىر قاراۋېلىپ، دەرھال يېنىدىكى سەللىسى بىلەن ئېڭەكتىكى جا ساقالنى ئېلىپ تاشلىدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ......

ھىسامىدىن داموللا ئەجەپسىنىپ، تېڭىرقىغان ھالدا ياپما قاپاق، چوقۇر، يۈزلىرىنى دانىخورەك باسقان تونۇش چىراينى كوردى ۋە شالاڭ قاشلىرى لىكىلداپ، ئۇرا كوزلىرى پارقىراپ كەتتى:

— ئوھو ...... مانا كارامەت ...... سەنئەت، سەنئەت ......

مۇھتەرەم ئا جۇيىجاڭ ئىكەنغۇ بۇ ......

يۈچۈن ئادەم قولى بىلەن ئىشىك ئۈنىڭ ئاغزىنى ياپتى:

— تىش ...... مەن ئەمدى قەشقەر جىڭساجۇيىدىكى ئاجۇيىجاڭ ئەمەس، ياڭاقلىق يېزىسىدىكى ئوز مۇخلىسلىرى تەلەپكار قارى ......

ھىسامىدىن داموللا چۈشەندى:

— ئۇنداقتا "مۇھتەرەم قارى" بولسۇن ......

— ئوبدان، ئەلھەق شۇنداق بولسۇن......

شۇنىڭدىن كېيىن ئۆي ئىچى بىر ئاز پايپىتەك بولدى، داستىخان ئالماشتۇرۇلدى. ئورتاق تىل تېپىلىپ، سوھبەت يۈرۈشۈپ كەتتى.

ئۇلار بۇنىڭدىن بىر يېرىم يىل ئىلگىرى، ئا جۇيىجاڭ يەنى "مۇھتەرەم قارى" نىڭ ياسىن خوجىنىڭ شەخسىي مېھمىنى سۈپىتىدە بۇ يەرگە كېلىپ، بىللە ئوتكۈزگەن سوھبەت، سەيلە ـ تاماشىنى ئەسلەشتى. "مۇھتەرەم قارى" شۇ تاپتا قەشقەردىن كەلگەن

ئىدى ۋە ئۇنىڭ ۋەزىيەت توغرىسىدىكى مەلۇماتى ھەر تەرەپلىمە كۆپ ئىدى. سوھبەت ماۋزۇلىرى پات-پات ئالمىشىپ تۇردى. تۇرۇپ قىزىشىپ، تۇرۇپ "ئۇھ" تارتىشىپ، بىر بىرىدىن گەپ تاما قىلىپ ھېجىيىشتى.

"مۇھتەرەم قارى" ئاخىرىدا:

— شۇنداق قىلىپ، مەخسۇت بېگىمدىن ئۈچۈر يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مەن ئىنىمنىڭ ئۆلگىنىگە ئىشەنمەيمەن، — دىدى ھىسامىدىن داموللا پۇشۇلداپ تۇرۇپ، — ئۇ، ئاسانلىقچە قولغا چۈشۈدىغان بەگلەردىن ئەمەس. ئاڭلىسام، بۇ يەردىكى ئەل بۇزار ئىسيانچىنىڭ بېشى ئالماسمۇ ئىشەنمەپتۇ، ئىشەنمەپتۇدەك......

— خۇدا ئامان قىلسۇن بەگنى، ئۈمىدىمىز شۇ كىشىدە، — "مۇھتەرەم قارى" نىمىنىدۇر ئويلاپ، ئۇشتۇمتۇت تاشقا ئۇسسۇۋالغاندەك چۆچۈپ بېشىنى كوتەردى، — ئالماس دىگەنلىرى ھىلىقى توگىچى ئەمەستۇ؟......

— دەل شۇ، قەشقەردە سىلىنىڭ كوزلىرىگە چۈشكەن بەگۋاش شۇ......

— ھەي...... ياسىن خوجا خاتا قىلغان ئىكەن-دە، بولمىسا، ئاللىقاچان ئۇ تۈگەشمەمتى، خەير...... مەن ھاياتلا بولسام، ئۇنىڭ بىلەن تېخى ھىساپلىشىمەن......

شۇنىڭدىن كېيىن "مۇھتەرەم قارى" ئابدۇللا كوككوز داموللىنى سۈرۈشتۇردى.

— مەن تۈنۈگۈن شام مەزگىلىدە، — دىدى ھىسامىدىن داموللا، — "نامازشام خىزىرىسى" ئىمزاسى بىلەن بىر خەت ئالدىم. بۇ، ئابدۇللا داموللام. ئۇ خېتىدە "غىلاپلىق خەنجەر" يېتىپ كەل-

دىمۇ، دەپ يېزىپتىكەن. مانا ئەمدى "غىلاپلىق خەنجەر" ئۆزلىرى بولۇپ چىقتىلا ...... تازا باپ ئىسىم. ئابدۇللا داموللام ھازىر گۈلھەسەل خېنىمنىڭ ئۆيىدە، بىر-ئىككى كۈن ئىچىدە يوتكىلىمەن دەپ يېزىپتۇ ......

— بىر-ئىككى كۈن ئىچىدە دەملا؟ ......

— شۇنداق، ئۇ مەخسۇت بەگنى تاپماقچى ......

"غىلاپلىق خەنجەر" يەنى "مۇھتەرەم قارى" ھىسامىدىن داموللىدىن ئىجازەت سوراپ بىر تال تاماكا چەكتى ۋە ئويلىنىپ قالدى:

— ھازىر ۋاقىت تولىمۇ قىس، غەنىمەت پۇرسەتنى قولدىن كەتكۈزۈشكە بولماس، — دىدى ئۇ، — ئۆزلىرىگە مەلۇملۇق، كومىمۇنىست قوشۇن 10-ئاينىڭ 10-كۈنى شىنشىنشادىن ئۆتۈپ، 13-كۈنى قۇمۇلغا، 20-كۈنى ئۈرۈمچىگە قەدەم بېسىپ كىردى. قەشقەردە قاراخەخ ئۇلارغا ئاسماندىن خىزىر چۈشكەندەك يېپىشىۋېلىشتى. بۈگۈن-ئەتە يەكەندىمۇ كومىمۇنىست قوشۇن پەيدا بولىدۇ، گەپ بۇ يەردە ئەمەس. گەپ شۇ يەردىكى، بىز ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئىسىستىماسلىغىمىز كېرەك. مەن ئويلايمەنكى، مۇقەددەس دىنىمىزنىڭ پېشىۋالىرى، بەگلەر، ئاقساقاللار، يۈزبېشىلەر ئۆز ھوزۇر-ھالاۋىتىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىدىن ھەزەر ئەيلەيدۇ، چىداش يوق! ...... ئاندىن قالسا، جاڭ ۋېيپوۋەنجاڭ ۋە ئۇنىڭ كەينىدە تاغدەك يۆلەك بولۇپ ئامېرىكا ...... مەن ئىشىنىمەنكى، بىزنىڭ ئۈستىمىزگە پالاكەت توگە كارۋىنىدەك بېسىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن كوممۇنىست قوشۇنىنىڭ ھاكىمىيىتى پات ئارىدا كوپۇكتەك توزۇپ كېتىدۇ، ...... مەن ئەسلىدە ئابدۇللا كوككوز داموللام بىلەن ۋاقتىنچە چەتئەلگە چىقىپ كېتىشنى نىيەت قىلغان ئىدىم، مەتىمىن

ھەزرەت جاناپلىرىنىڭ ئىلتىماسى تۈپەيلى بۇ ئىش بىزگە نېسىپ بولمىدى. قەشقەر گەرچە ئىسلام دەنالىرى جۇغلاشقان ئەزىزانە شەھەر بولسىمۇ، لېكىن، ماڭا مەشە باپ، مەشەنى پىنھان بىلىپ، ئۇزلىرىنى پانا تارتىپ كەلدىم. ئاكا - ئۇكا بولىمىز……

ھىسامىدىن داموللا ئورنىدىن تۇرۇپ، قوللۇق قىلدى.

— يەنە بىر ئىش، — دىدى "غىلاپلىق خەنجەر"، — مەن ئابدۇللا داموللام بىلەن كورۇشۇشۇم كېرەك. ئۇ كىشى بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە گۈلھەسەل خېنىمنىڭ ئۇيىدىن يوتكىلىپ كېتىدىغان ئىش بولسا، مەن بۇگۇنلا باراي. دەرھال ئۇچرىشىش لازىم. ئەگەرچەندە كومۇنىست قوشۇن يېتىپ كېلىپ، شەھەرنى ئىگەللىۋالسا، ئىش مۇرەككەپ بولىدۇ……

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار خېلىغىچە پىچىرلاشتى، باش لىڭ-شىتىشتى، قۇربان ئاقساقالنى تىلغا ئالدى ۋە ئۇنى چاقىرتتى. قۇربان ئاقساقال كىرگەندىن كېيىن ئوز ئارا تونۇشتۇرۇلدى. ئەلۋەتتە "غىلاپلىق خەنجەر" دېيىلگىنى يوق. خالىس مېھمان، "مۇھتەرەم قارى" دېيىشتى. شۇنىڭدەك شىرمەممەت تەھلىل قىلى-نىپ، "مۇھتەرەم قارى" غا ئۇنىڭدىن باپ خىزمەتكار تېپىلمايدۇ دەپ قارالدى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن "مۇھتەرەم قارى" قۇربان ئاقساقال-نىڭ ئۇيىدە ئىستىقامەتتە بولۇش قارار قىلىندى……

ھاجى ئىشان شىرمەممەتنى ئاتخانىدا قالدۇرۇپ، ھىسامىدىن داموللىنىڭ مېھمانخانىسىغا كىرىپ كەلگىنىدە "غىلاپلىق خەنجەر" ئەسلىدىكى قىياپىتىگە قايتقان ئىدى.

ھاجى ئىشان سەللىلىك، ساقاللىق "مۇھتەرەم قارى" غا ئىلتىجا قىلىپ:

— ئاتلار تەق، شىرمەممەت ھازىر، — دەپ خەۋەر قىلدى.

— ئىش پۈختا بولدىمۇ؟ — دېدى ھىسامىدىن داموللا ھاجى ئىشاننى كوز قىرىغا ئېلىپ.

— تولىمۇ پۈختا بولىدى. — دېدى ھاجى ئىشان. — شىرمەممەت بۈگۈن يېرىم ھاجىم، بارلىق گۇناھىدىن ساقىت بولدى ......

— ھىم ......

ئۇلار ئورنىدىن قوزغالدى ......

"مۇھتەرەم قارى" بىلەن شىرمەممەت يېزىدىن سەھەر گۇگۇمدا ئايرىلدى ۋە ئەتىسى تۈن تەڭ بولغاندا، يەنە يېزىنىڭ چېتىدىكى تاشلاندۇق كونا تۈگمەننىڭ يېنىدا پەيدا بولدى. ئۇلار بۇ يەردە ئەتراپقا قۇلاق سېلىپ بىر پەس تۇرۇشتى.

شىرمەممەت تەشۋىشلىك كېچىنىڭ ئېغىر خىياللىرى بىلەن بەنت ئىدى. مىڭىسىدە قارا تۇمان ئەگىيتتى ۋە ھەدەپ ئەسنەيتتى. "مۇھتەرەم قارى" بولسا خاپا كورۇنەتتى، بەلكىم، گۇماھسەل خېنىم بىلەن "نامازشام خىزىرىسى" نىڭ بەزى پاراڭلىرى ئۇنىڭغا ياقمىغاندۇ. شىرمەممەتنىڭ بۇنىڭ بىلەن نىمە ئىشى. ئۇ، بۇ بىر كېچە ـ كۈندۈزدە ھېچكىمنى، ھېچنىمىنى كورگىنى يوق، پەقەت، ناتونۇش سارايۋەنگە ھەمرا بولۇپ ئات باقتى، خالاس ......

ئۇلار ئەتراپنىڭ جىمجىت ئىنكەنلىگىگە ئىشەنگەندىن كېيىن، ئېھتىيات بىلەن قۇربان ئاقساقالنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ كېتىشتى ......

## ئىككىنچى باپ

### 1. تەنتەنە

......

زارىقىپ كۈتكەن كۈن يېتىپ كەلمەكتە......

ئالماس خوشال، قەلبى چوڭقۇر ھاياجان بىلەن تولغان، كوزلىرىدە نۇر ۋە خوشاللىق يېشى.

ئۇنىڭ ئاتلىق پارتىزان يىگىتلىرى خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن يولغا چىققىنىغا بۈگۈن ئۈچ كۈن بولدى، ئىككى كۈن يول مېڭىپ قەشقەر - خوتەن تاشيولى بويىغا يېتىپ كېلىشتى. يول بويىدىكى قەدىمىي مەھەللەر، ئۆتەڭلەر، يول ئاچاللىرى، يېزا گۈزەرلىرىدە لەكمىڭ ئادەم، ھەممىسىنىڭ كوزلىرىدە بىر خىل تەلپۈنۈش، چىرايلىرىدا بايرام ھېسسىياتى، تىللىرىدا قىزغىن - شىرىن پاراڭ......

ئالماسلار بۇ يەردە توختىماسلىقنى قارار قىلىشىپ، قارشى ئېلىش سېپىنىڭ ئەڭ بېشىغا قاراپ كېتىشتى ۋە ئاتمىش چاقىرىمچە يول بېسىپ، ئەتىسى چاشكا ۋاقتى بىلەن چۆل - جەزىرىلىك قاترام - تېقىر سايىنىڭ چىقىش ئېغىزىدىكى كوجۇم مەھەللە — يېزا گۈزىرىگە كېلىپ توختىدى.....

ئالماسىنىڭ قەلبى دولقۇنلۇق زەرەپشاندەك پۈتۈن يول بويى تىنىمسىز ئۇركەشلەپ كەلدى. بىغۇبار كۆكۈل ئاسمىنىدا قۇياش كېزەتتى، ۋۇجۇدى باھار تۇيغۇسى بىلەن لىپمۇ - لىق تولغان،

يېنىپ تۇرغان كوزلىرىدە ئۇمىت ۋە سېغىنىش ئىستەكلىرى يالتىرايت-
تى. ئۇنىڭ قەلبىدە مىڭ خىل ئارزۇ - ئارمان جەۋلان قىلىس-
ۇ، لېكىن بىر ئارزۇ — "پارتىيىنى تاپىمىز!" دېگەن ئارزۇ بولەك-
چە يارقىن ۋە ئاجايىپ جۇشقۇن ئۇرغۇيتتى. "پارتىيىنى تېپىش
كېرەك، بارلىق ئارزۇ - ئارمانلىرىمىزنىڭ مېغىزى شۇ!...... پارتىيە-
نى تاپقاندىن كېيىن، قەتئى ھەممىنى — ئەجداتلىرىمىزنىڭ قانداق
دەرت - ئەلەم چەككەنلىكىنى، بىزنىڭ نېمە قىسمەت، قانداق خور-
لۇقلارنى كورگەنلىكىمىزنى، مۇشتۇمزور بەگ - بايلار بىلەن قانداق
ئېلىشقانلىقىمىزنى، سۇيۇملۇك پارتىيىنى — كوممۇنىستلار پار-
تىيىسىنى قانداق سېغىنىپ كۈتكەنلىكىمىزنى...... بەرىنى سوزلەپ بېرى-
مەن...... تارتىنمايمەن، تارتىنىپ نېمە قىلىمەن؟......شۇنىڭدىن كې-
يىن بولسا، پارتىيىدىن نېمە قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى زېھرلاپ سو-
رايمەن، پارتىيە يول كورسىتىپ بەرسۇن......"

ئالماس بۇنىڭدىن ئۇچ كۈن ئىلگىرى ئۇزىنىڭ ئاتلىق يې-
گىتلىرى بىلەن تاغدىن چۇشۇپ، ياڭاقلىق يېزىسىدىن ئوتۇۋاتقاند-
دا، مەخسۇت بەگنىڭ ھاڭغىرقاي ئوچۇق تومۇر دەرۋازىسى ئال-
دىدا قاينام - تاشقىنلىقتا چومگەن دەرتمەن قېرىنداشلىرىنى كور-
دى...... دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى سۇپا ئۇستىدە تۇرۇپ، شانىياز
بىر قولىنى بەلۋېغىغا تىققان، بىر قولىنى شىلتىپ - شىلتىپ نى-
مىگىدۇر غەزەپلەنگەن ھالدا ۋاقىراپ سوزلەۋاتاتتى. ئۇ قېرىنداش-
لارنى تەرتىپكە چاقىراتتى ۋە ئاغزىدىن ئاچچىق، يامان سوز-
لەرنىڭ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزمەيتتى.

ئەمما، دەۋرەپ تۇرغان قېرىنداشلار ئۇنىڭ سوزىگە كەم
قۇلاق سالاتتى، غەزەپلىنىپ ۋاقىرىشاتتى، جىلى بولۇپ تىترەيتتى
ۋە ئوز پوخاسىنىڭ چېكىچىنى تاپالمايۋاتقاندەك، نېمە قىلىپ،

نىمە قويۇشنى بىلمەي ئۇزلىرىنى ھەر تەرەپكە ئۇراتتى...... بىر توپ كىشىلەر غەزەپ بىلەن ۋاقىراپ، مەخسۇت بەگنىڭ پۈتكۈل ئۆي - جاي، مال - مۈلۈكلىرىنى كويدۇرۇپ كۆل قىلىپ، ئاسمانغا سورۇۋېتىشنى تەلەپ قىلسا؛ يەنە بىر بولۇك كىشىلەر بارلىق تېرىلغۇ يەر، ئات - ئۇلاق، ئاشلىقلارنى بولۇشۇشنى تەلەپ قىلاتتى. يەنە بەزىلەر يۇرت ئاقساقاللىرى، يۈز بېشىلەر، مىراپ - دوغىلارنى باغلاپ كېلىپ، راسا ئەدەپلەپ جاجىسىنى بېرىشنى تەلەپ قىلسا؛ يەنە بەزىلەر كونىلىرىنى قىيما - چىيما قىلىۋېتىپ، يېڭى ئاقساقال، يۈز بېشى، مىراپلارنى سايلاشنى تەلەپ قىلىپ ۋاقىرايتتى. تۇرۇپلا بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ۋازكېچىپ:

"ياق! بىزگە ئازار بەرگەن، كۆن كورسەتمىگەن چىلبۆرىلەرنىڭ ھەممىسىنى قىيما - چىيما قىلىپ، چاناپ ئولتۇرۇپ پۇخادىن چىقمىز!" دەپ زەردە بىلەن تىۋۇلشاتتى......

ئۈپىتقاندەك، بىردەمدە بىرمۇنچە كوزگە ئىلىناشقان ئاقساقال، يۈزبېشى، قولىدىن ئۈچ تىللىق سىم قامچا چۈشمەيدىغان بەگنىڭ چاپارمەنلىرى باغلاپ كېلىندى. بىرسىنىڭ يۈز - كوزى قان، بىرسىنىڭ چىشى ئۇرۇپ سۇندۇرۇلغان، بىرسىنىڭ چاپان - چارسى سالدۇرۇلۇپ، ئىشتانچاق قىلىپ قويۇلغان...... شۇ ئارىدا گۇلازارلىق ھويلىدىن مەخسۇت بەگنىڭ "چىشى بورىسى" بىلەن چورايى ئاپتاپ كورمىگەن ئايىم - ئاغىچىلارنى داقىرىتىپ سورەپ چىقىشتى ۋە ئۇلار تومۇر دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ تىترەپ قېتىپ قېلىشتى......

دەل شۇ پەيتتە، كىمدۇ شانىيازنىڭ قېشىغا كېلىپ، بىر توپ كىشىنىڭ مەخسۇت بەگنىڭ ئاشلىق - ئامبارلىرىغا ئۈزلىرىنى ئۇرۇپ، قاپ - قاپ ئاشلىقلارنى ئۈز خايان بۇلاپ - تالاۋاتقانلى-

غىنى خەۋەر قىلدى. بىراق، ئاشلىقلارنى كۆتىرىپ چىققان توپ نىمە ئۈچۈندۇ دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە غەزەپلىنىپ، ئاشلىق تاغارلىرىنى يىقىتىپ تاشلىۋەتتى - دە، قوللىرىنى شىلتىپ جىم بولۇپ قېلىشتى……

غۇل - غۇن ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى: "خويمۇ ئوبدان بولدى، شۇنداق قىلغان تۈزۈك، كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتمەي، كۆلىنى كۆككە سورۇۋەتمەي بولمايدۇ" دىسە، بەزىلىرى: "ئاسىم ئەپەندى، مەشرەپ، ئانار قىزنىڭ قىساسى تۇتتى. جاجىسىنى يىسۇن، تىرىسىنى تەتۈر سويمىغىچە پۇخادىن چىقمايمىز!" دەيتتى. بەزىلەر ھاڭۋېقىپ - گاڭگىراپ ئۈمچىيىپ كۆز يېشى قىلاسا؛ بەزىبىر تەقۋادار مويسىپىتلەر: "تۇۋا، نىمە ئىش بولۇۋاتىدۇ، كۆزۈم كۆرمىسۇن، گۇناغا شېرىك بوپقالماي" دىيىشىپ، ئەتراپقا "ھۇروپ" يولىغا كېتەتتى.

جامائەت ئىچىدە ئالقىشلاۋاتقانلارمۇ، غەزەپلەنگەنلەرمۇ، مەڭدەپ - ھودۇقۇپ كەتكەنلەرمۇ …… ھەممىسى بار ئىدى……

جامائەت تاغدىن چۈشكەن يىگىتلەرنى — ئاتلىق ئەزىمەتلەرنى كۆرۈپ، بىر ئاز پەسكويغا چۈشكەندەك بولدى.

ئالماس غۇل - غۇندىن كۆزىنى ئېلىپ، مەدرىسىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى مەكتەپ بىناسىغا كۆز تاشلىدى. ئاسىم ئەپەندىنى ئەسلىدى. ئاسىمنىڭ ۋەسىيىتى، جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ئاخىرقى سۆزلىرى قۇلىقى تۈۋىدە جاراڭلىغاندەك قىلدى. يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى: "ئاھ، قېرىنداش، جان كويەر سەپداش!— دەپ نىدا قىلدى ئۇنىڭ يۈرىكى، — ھەممە چىگىشنى پارتىيە يېشىپ بەرسۇن …… بىز ھېچقاچان دۇنيادا كوممۇنىستلار پارتىيىسى بارلىغىنى بىلمىگەن، كۆرمىگەن بولساقمۇ، سىزنىڭ كۆ-

يۇپ-يىشىپ چۈشەندۈرۈشىڭىزدىن بىزنىڭ قەلبىمىز ئاللىقاچان پارتىيە بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىپ كەتكەن ۋە بۇ مەنىۋى يېتەكچى بىزنىڭ قوزغىلىپ، قولىمىزغا قورال ئېلىپ، مۇشتۇمزورلار بىلەن تىغمۇ-تىغ ئېلىشىشىمىزدا ئاجايىپ كۈچ-قۇدرەت بولدى. بىز ئۇنى ئاپىماي قويمايمىز!......"

ئالماس شۇنىڭدىن كېيىن ئات ئۈستىدىن دەس كۆتىرىلدى. يۈزلىگەن قېرىنداشلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلاندى:

— بىرنىمە دېگىن، يول كۆرسەتكىن، ئېيتقىنا نىمە قىلىمىز،— دېيىشتى.

— ئاسىم ئەپەندى ھەممىمىز بىلىدىغان كىشى، — دېدى ئالماس ھاياجان بىلەن، — ئۇ، جان ئۈزۈش ئالدىدا بىزگە كوممۇنىستلار پارتىيىسى توغرىسىدا ۋەسىيەت قىلدى. پارتىيىنى تېپىڭلار، پارتىيە سىلەرنى سىلەر ئارزۇ-ئارمان قىلغان يولغا ئېلىپ چىقىدۇ، دېگەن ئىدى. بىز پارتىيىنى تاپىمىز، — ئالماس بوغۇلۇپ-بوغۇلۇپ تۇرۇپ ئۇزاق سۆزلىدى، — مەخسۇت بەگنىڭ مۈلكى — بىزنىڭ قان-تەرىمىزدىن كەلگەن، مۇشتۇمزورلارنىڭ ھەممىسىدە بىزنىڭ قانلىق قىساس، نەپرەتلىك ئۆچىمىز بار، بۇ ھېسابىنى قىلماي بولمايدۇ، زادى قانداق قىلىمىز؟ بۇنى پارتىيىدىن سورايمىز......

جامائەتنىڭ تالاش-تارتىشى ئۇزاققا سوزۇلمىدى، دەرتمەن قېرىنداشلار چۈشەندى:

— دۇرۇس، ئالماسنىڭ دېگىنى ھېساپ، گەپ يوق، ئالماسقا ئىشىنىمىز، — دېيىشتى......

مەخسۇت بەگنىڭ جەمەتلىرى تۆمۈر دەرۋازىلىق ھويلىدىن قوغلاندى. مال-مۈلكىگە ئىگىدارچىلىق قىلىش — شابنىياز، توختاپ

خۇن، پايىز خالۋاپ قاتارلىق ئۇن نەچچە كىشىگە ھاۋالە قىلىندى.
قوغدىغۇچىلار بېكىتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئالماسنىڭ ئاتلىق يە-
گىتلىرى ئالغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى......

ئالماس ئۆزىنىڭ ئاتلىق يىگىتلىرى بىلەن ئازاتلىق ئارمە-
يىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن، قەشقەر - خوتەن تاشيولىدا ئات ئويـ-
نىتىپ كېتىۋاتقاندىمۇ، كوچۇم يېزا گۈزەرلىرىدە ئۆز يىگىتلىرى
بىلەن ھاياجانلىنىپ — كۈتۈپ تۇرۇشقانلىرىدىمۇ، بۇ مەنزىرە ئۇنىڭ
كۆز ئالدىدىن تىزىلىپ ئۆتەتتى، قېرىنداشلىرىنىڭ غەزەپلىك سادالى-
رى قۇلىقى تۈۋىدە تىنماي جاراڭلايتتى......ئۇنىڭ پارتىيىگە ئېيتە-
دىغان نۇرغۇن سۆزلىرى بار، ئاجايىپ ئارزۇ - ئارمانلىرى بار......
ئۇ پارتىيىنى كۆرگەندە يۈرىكىم يېرىلىپ كەتمەسمىكىن، ئۆز سۆ-
زۈمنى تولۇق، ئەينەن ئىپادە قىلالماي قالمەنمىكىن دەپ ئەنسى-
رەيدۇ...... "......ئىخ...... پارتىيە، پارتىيە! بىز سەن توغرىلىق قانچە-
قانچە ئارمان قىلدۇق، سېغىندۇق، كۈتتۇق!......بىز زەرەپشان بويىلى-
رىنى سۈرۈپ - توقاي قىلىپ راسا ھالسىراتتۇق، بۇ، سېنىڭ نۇرۇڭ-
نىڭ بەركاتى. سەن بولمىساڭ، بىز ئۆزىمىزگە كىمنى ئارقا تىرەك،
كۈچ - مادار قىلاتتۇق؟ سەن يىلانىنىڭ بېشىنى مجىۋەتكەچكە،
بىز ئۇنىڭ قۇيرۇغىنى مىدىرالماس قىلدۇق. بىزنىڭ يۈرىكىمىز-
نى قاپتەك قىلغانمۇ، دۈشمەننى ساراسىمىگە چۈشۈرگەنمۇ ئۆزەڭ-
سەن...... سەن بىزنىڭ كۆنىمىزنى يورۇتقان ئاپتاپ، بىز بولساق،
سېنىڭ نۇرۇڭدا چاقنىغان يۇلتۇز......"

كۈتۈلگەن ھاياجانلىق دەقىقە يېتىپ كەلدى.

چېكى يوق ساي تەرەپتىن ئىككى كىچىك، بىر چوڭ ما-
شىنا كۆرۈندى ۋە بۇ ماشىنىلار ئوقتەك ئۇچۇپ، قارشى ئالغۇچى-
لار سېپى ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

ئاندىن بىپايان كوئېنلۇن ئېتىگىنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ، ھەيۋەتلىك ماشىنىلىق قوشۇن ساي ئىچىنى يېرىپ چىقىپ كەلدى.

قۇياش نۇر سېپەتتى، قىزىل بايراقلار لەپىلدەيتتى. ئالقىش-شوئار سادالىرى كوكنى تىترەتتى. ماشىنىلار يولىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىختىيارى توپلىنىپ، ھاياجانلىق بايرام تەنتەنىسىگە چومگەن ئەر-ئايال، قېرى-ياش دېخانلارنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، كىشىلەر قەلبىنى مۇبارەكلىگەندەك سۇرئىتىنى تەدرىجى ئاستىلاتتى......

ئالماس ھاياجان بىلەن ئىختىيارسىز يېنىدىكى ئېلىقۇل، جۇمالارنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ، "قارا، كەلدى، ئازاتلىق ئار-مىيە!" دەپ ماشىنىلارغا تىكىلدى، كوزلىرىدىن بولدۇقلاپ مىنىنەتدارلىق ياشلىرى ئېتىلىپ چىقىپ، مەڭزىلىرىدىن ئاقتى. مۇنداق خوشاللىق يېشى ئېلىشا، قىسمەت چورۇق، سالمانلارنىڭ كوزلىرىدىمۇ يالتىراپ قالدى......

ئالماسنىڭ كوزىگە ماشىنىدا دەسلەپ كورۇنگىنى ماش رەڭ كىيىم كىيگەن، قوللىرىدا يالتىراپ تۇرغان قوراللارنى چىڭ تۇتقان، قاۋۇل، ساغلام ئازاتلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ باش كىيىمىدىكى نۇرلۇق قىزىل يۇلتۇز بولدى. بۇ ئاجايىپ ئىلھامبەخش قىزىل يۇلتۇزنىڭ خاسىيىتى ھەققىدە ئاسىم كوپ قېتىم سوزلەپ بەرگەن ۋە ئۇنى ئىنقىلاپ قۇربانلىرى قېنىنىڭ بەلگىسى، ئىنقىلاپ مەشئىلى دەپ ئاتىغان ئىدى......

قىزىل يۇلتۇزلۇق شەپكە كىيگەن ماشىنىلىق جەڭچىلەر يولىنىڭ سول تەرىپىدە قەددىنى تىك قىلىپ تۇرۇشقان ئالماسنىڭ ئاتلىق قوراللىق يىگىتلىرىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، قىزغىن

ئالقىش ياڭراتتى، كۈلۈمسىرىدى، قوللىرىنى چېكىسىگە ئېلىپ سالام بېرىپ ھورمەت بىلدۈردى. قوللىرىنى جۈپلەپ پۇلاڭلىتىپ، دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق، قېرىنداشلىق ھەمسىياتلىرىنى ئىپادىلىدى ......

ماشىنىلار ئاستا، سېكىن ئۆتمەكتە ......

كىچىككىنە گۈزەل شاتلىنىپ يايرايتتى. كىشىلەر قول ئېلىشاتتى. جەڭچىلەر بىلەن قول سىقىشاتتى. بىر جەڭچى ماشىنا ئۈستىدىن ئېگىلىپ، ئاپپاق ساقاللىق بىر دېھقان بىلەن قىزغىن قول ئېلىشتى ۋە ئۇلار ماشىنىغا يانداشىپ ئايرىلغۇسى كەلمەگەندەك بىللە كېتىشتى. بىر ئايال چىرايلىق ياساندۇرغان چىمەن دوپپىلىق ئىككى ياشلىق بالىسىنى ماشىنىغا سۇنۇپ بەردى. بالىنى قولىغا ئالغان جەڭچىلەر ئۇنى بېشىدىن ئېگىز كوتىرىشىپ ئەركىلەتتى ۋە مەڭزىدىن سۆيۈپ، ماشىنا بىلەن يانداشىپ كېتىۋاتقان ئاتا-ئانىلىرىغا ئۇزىتىپ ياندۇردى.

ئانا بالىنىڭ كوكرىكىگە قادالغان ئىزنەكنى كوردى ۋە خوشال بولدى......

بەزىلەر ماشىنىلىق قوشۇن ئۈستىدىن ياڭاق، مېغىز، گۈلەقاق، جىگدە-چىلانلىرىنى چاچقۇ قىلىپ چاچاتتى. بەزىلەر ئىسسىق قىزارتىپ پىشۇرغان نانلىرىنى پەتنۇس بىلەن تەڭلەيتتى. قىزىل، كوك، زەڭگەر بويالغان توخۇملارنى سوغا قىلىپ سۇناتتى. قىزلار، چوكان-جۇۋانلار يىراقتىن كەلگەن قېرىنداشلىرىغا قىلغاندەك، ئادەت بويىچە چىرايلىق دوپپا ۋە گۈل چەككەن ياغلىقلارنى تۇتۇپ، ماشىنا كابىنكىسىنىڭ پەلەمپىيىگە چىقىۋېلىپ، خوشاللىق بىلەن تەقدىم قىلىشاتتى......

ئالماس بىر تەرەپتىن خۇشاللىق بىلەن ئالقىش ياڭرىتىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقان ھەر بىر ماشىنىغا سىنچىلاپ قاراپ، ئۇنىڭدىن كىمىندۇر ئاختۇرماقتا ئىدى. ئۇ، ئاجايىپ ئىنقىلاپچى دۇك داشىنىڭ ھەر مىللەت مەھبۇسلىرىنى قۇتقۇزۇش يولىدا مەرتلەر-چە قۇربان بولغانلىقىنى ئۆز كوزى بىلەن كوردى. يولداش دۇك داشى ئولۇم ئالدىدا "شىنجاڭغا يۇرۇش قىلغان قوشۇن ئە-چىدە مېنىڭ ئىنىم بار، ئىسمى دۇك تېخەن......"دىگەن ئىدى. بۇ سوز ئۇنىڭ قۇلىقىدا ھازىرقىدەكلا جاراڭلىماقتا...... ئۇ يەنە شانلىق قۇربان ئاسمىنىڭ جەڭگىۋار دوستى، دۇك داشىنىڭ پىكىرداش سەپ-دىشى ئابلىكىمنى ئەسلەيدۇ. دۇك داشمۇ، ئاسىممۇ ئۇنى كوپ قېتىم تىلغا ئالغان، "كورۇشسەك قۇچاقلا، بىز ئۇچۇن ھورمەت بىلدۇر" دەپ ۋەسىيەت قىلغان ئىدى.

ئالماس ماشىنىلارغا تىكىلگەندە، ئەنە شۇلارنى ئاختۇراتتى ۋە ئۇلارنى ئەسلەيتتى.

ماشىنىلار ئۆتمەكتە، قاينام-تاشقىنلىق مەنزىرە ئەۋجىگە چىق-ماقتا...... ئالماسنىڭ قەلبى ھاياجان بىلەن ئۇركەشلىدى. ئۇ ماشى-نىلارغا زوقلىنىپ قاراپ: "ئىخ، پارتىيە، سىزگە رەھمەت، بىزنىڭ كۈنىمىز تۇغۇلدى، زەرەپشاندا قاراڭغۇ زۇلمەت ئەبەدى ئۇجۇقىدى-غان پەيت كەلدى"، — دەيتتى.

شۇنداق، ئالماسنىڭ قەلبىدە "پارتىيە، ئازاتلىق، نۇرلۇق كۈن!" دىگەن سادا تىنىمسىز جاراڭلايتتى. بۇ سادا كىچىككىنە يې-زا گۈزىرىدىكى قارشى ئالغۇچىلارنىڭ قەلبى بىلەن قوشۇلۇپ، قار-شى ئېلىش سېپىنىڭ بېشىدىن تاكى ئاخىرغىچە، بوستانلىق زەرەپ-شان ۋە پوتكۇل كوئېنلۇن ئېتەكلىرىدە ئۈزۈلمەس دەريا دولقۇ-نىدەك ئۈزلۈكسىز ئۇركەشلەپ، تەكرار-تەكرار جاراڭلاۋاتقاندەك ئىدى ......

بىرىنچى تۈركۈمدىكى ماشىنىلىق زور قوشۇننىڭ ئايىغى ئۈزۈلۈش بىلەن، ئۈزۈنغا سوزۇلغان ساي ئىچىدىن قىزىل بايراقنى لەپىلدىتىپ، مىللى ئارمىيىنىڭ ھەيۋەتلىك ئاتلىق قوشۇنلىرى چىقىپ كەلدى.

گومىنداڭ باندىتلىرى بىلەن باتۇرانە جەڭ قىلغان ۋە ئۇلارنى ئىلى، تاراباغاتاي، ئالتاي — ئۈچ ۋىلايەتتىن قوغلاپ - سۈرۈپ چىقارغان بۇ قوشۇننىڭ داڭقى خېلىدىن بېرى ئالماسلارغا مەلۇم.

1946 - 1947 - يىللىرى بۇ قوشۇننىڭ بىر پارتىزان ئەترىتى مەشھۇر مۇز داۋاندىن ھالقىپ ئۆتۈپ، تاشقورغان يايلاقلىرىدا جەڭ قىلىپ، زەرەپشان دەرياسى ۋادىسىغا كەلگەن؛ بۇ ۋادىدىكى يۈرەكلىرى لەختە - لەختە قان بولغان دەرتمەن قېرىنداشلار بىلەن بىرلىشىپ، كىشىلەر تىلىدىن چۈشمەيدىغان مەشھۇر "تاغ ئىنقىلابى"نى قوزغاپ، باتۇرلۇق، ئەپچىللىك بىلەن قاغىلىق، پوسكام ناھىيىلىرىنى، يەكەننىڭ بىر قىسمىنى ئازات قىلغان. كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن گومىنداڭ دائىرىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى قانداقتۇر بىر كېلىشىمگە ئاساسەن، بۇ پارتىزان ئەترىتى ئۆزى بىلەن بىللە، بۇ ۋادىدىن يۈزلىگەن جىگەرلىك ئەزىمەتلەرنى ئەگەشتۈرۈپ ئىلىغا قايتقان ئىدى......

ئاتلىق قوشۇن يېتىپ كېلىش بىلەن تەڭ، يېزا گۈزىرى يەنە بىر قېتىم قارشى ئېلىش تەنتەنىسى بىلەن تولۇپ تاشتى. خوشاللىق بىلەن يىغا - زارە ئارىلىشىپ كەتكەن مەنزىرە ھاسىل بولدى.


ئاپپاق ساقاللىق بىر بوۋاي ئاتلىق قوشۇن ئىچىدىن ئۆز ئوغلىنى تونۇۋالغان بولسا كېرەك، "جان بالام، ئوغلۇم!" دەپ ئاتقا ئۆزىنى ئاتتى...... ئاق باشلىق بىر ئانا بەگ - بايلارنىڭ زۇلا-

مىدا جىنىدىن-جاق تويۇپ، "تاغ ئارقىسى"غا بىر كىچىدىلا
ئۇتۇپ كەتكەن، مانا ئەمدى قامەتلىك ئوفىتسېر بولۇپ قايتقان ئوغ-
لىنى تونۇۋېلىپ "ئاھ بالام، ھاياتمۇ سەن! ......" دەپ ھوشىدىن
كەتتى ...... قايسىبىر ئايال بىرنەچچە يىل ئىلگىرى "ئىلىنىڭ
بىر ئېرىغىدا ئالتۇن، بىر ئېرىغىدا كۆمۈش ئاقىدىكەن" دىگەننى
ئاڭلاپ، چاپىنىنى غىرىچچە يىپىنىپ، ئىشلەمچى-مەدىكار
بولۇپ ئىلىغا كەتكەن ئېرىنى بۈگۈن ئاتلىق قوشۇن ئىچىدە
كورۇپ، كوزلىرىنى خوشاللىق-ئىنتىزارلىق ياشلىرىنى
توكتى ......

ئاتلىق قوشۇن بىلەن خەلق گىرەلىشىپ كەتتى ......

بايا ماشىنلىق قوشۇندىكى جەڭچىلەرگە گۈل چەككەن
ياغلىق تەقدىم قىلغان بوستان چاچ قىز مانا ئەمدى كۆتۈپ
ئىنتىزار بولغان، كوكرىگىگە قاتار مىداللارنى تاقاپ ئاتلىق
قوشۇن بىلەن سولەتلىك جەڭچى بولۇپ كەلگەن ئوز يارىنى
كورۇپ، يۈزلىرى ئاناردەك قىزارغان ھالدا ئۇنىڭ قۇچىقىغا
ئۆزىنى ئاتتى ...... مۇھەببەت ئولۇمنى يىڭىدۇ، سىغىنىش ئوتلىرى —
باتۇر يىگىت ئۈچۈن كۈچ-مادار. ئۇلار ئايرىلىشقاندىن بۇيانقى سېغى-
نىش، ئىنتىزار بولۇش ھىسسىياتلىرىنى بايان قىلىپ تۈگىتەلمەيت-
تى ...... تېپىشۋېلىشقان بۇ ئىككى ئاشىق-مەشۇققا جەڭچىلەر،
زوقلانغان پۇقرا يىگىتلەر ھەۋەس قىلىپ قارىشىپ، تەبرىكلەش-
تى ...... چاقچاق قىلىشاتتى ......

ئالماس يېزىنىڭ چېتىدە شىرىن پاراڭ سېلىشىپ تۇرغان كوك-
رىگىدە مىداللىرى بار فاگونلۇق كوماندىر بىلەن ئاپپاق ساقاللىق
مويسىپىتنى كورۇپ قالدى ۋە دەرھال ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى ئېلىقولغا
تۇتقۇزۇپ، بەستلىك كەلگەن بۇ قاراقاش كوماندىرنىڭ ئالدىغا



كەلدى. قول ئېلىشتى، ھال سوراشتى.

كوماندىر ئالماسنىڭ قوراللىق يىگىتلىرىنى كورۇپ، رازىمەنلىك بىلەن ئالماسنىڭ قولىنى ئىككى قوللاپ تۇتتى:

— يىگىت ئىكەنسىلەرغۇ! ...... پارتىزانمۇسىلەر؟ — دىدى.

— شۇنداق، پارتىزانمىز ......

— ئىسمىڭىز نىمە؟

— ئالماس؟ ......

— ئالماس؟ — قاراقاش كوماندىر كوزلىرىنى ئالماسقا تىكىپ ئويلىنىپ قالدى، — سىلەردە ئاسىم دىگەن كىشى بارمۇ؟

— بولغان ...... سىز ......

— دۇرۇس، دۇرۇس، ئالماس دەڭ، ياخشى، — دىدى كوماندىر نىمىندۇر ئەسكە ئېلىپ. — مەن ئىلىدا چىقىدىغان «ئالغا» گېزىتىنىڭ "جەنۇپتىن خەتلەر" دىگەن ئىستونىدىن تېخى يېقىندىلا يەكەن دەرياسى بويىدا ھەركەت قىلىۋاتقان بىر پار- تىزان ئەترىدى توغرىسىدا ئوقۇغان ئىدىم. بۇ خەتنى ئاسىم دىگەن كىشىنىڭ يازغانلىغى ئېسىمدە، شۇ ئەترەت ...... — قارا قاش كوماندىر ئالماسنى باغرىغا بېسىپ قۇچاقلىدى، — ئۇكا، قېنى يۇرۇڭ، مېنى پارتىزان يىگىتلەر بىلەن تونۇشتۇرۇڭ ......

ئالماس كوماندىرنى ئوزىنىڭ پارتىزان يىگىتلىرى بىلەن تونۇشتۇردى ۋە كوماندىرغا قاراپ:

— بىزگە ئاسىم ئەپەندى ئۇچ ۋىلايەت مىللى ئارمىيىسىدە ئوزىنىڭ ئابلىكىم دىگەن بىر دوستى بارلىغىنى، ئابلىكىمنىڭ ئورۇمچىدىن قېچىپ ئىلىغا ئوتۇپ كەتكەنلىگىنى سوزلەپ بەرگەن ئىدى ......، — دىدى.

كوماندىر بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن:

— ئابلىكىم دەمسىزا؟ ...... دۇرۇس، دۇرۇس، ئەمدى ئەسكە ئالدىم، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ، — "ئابلىكىم"دىن بىزنىڭ پولكتىلا بىرنەچچىسى بار. مانا مېنىڭ ئىسمىمۇ ئابلىكىم. لېكىن مەن ئۈرۈمچىدىن ئەمەس، خوتەندىن بېرىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا قاتناشقان. يەنە بىر ئابلىكىم بار، ئۇنى "كومبات ئابلىكىم" دەيمىز، ئۇ قەشقەر شەھرىدىن بېرىپ ئىنقىلاپقا قاتناشقان. كەينىمىزدە كېلىۋاتىدۇ، ئەسلىدە بەقەسەم — ئەتلەس توقۇيدىغان كاسىپ بالىسى، كېيىن مۇئەللىم بولغان. ئەمما، بىزنىڭ پولكىنىڭ شتاب باشلىقىنىڭ ئىسمىمۇ ئابلىكىم. دۇرۇس، ئەسلى يەكەنلىك كىشى. ئۇ ئۈرۈمچى تۈرمىسىدىن قېچىپ بېرىپ ئىنقىلاپقا قاتناشقان. ئاجايىپ بىلىملىك ئادەم. بىلمەيدىغىنى يوق ...... ھەي ...... بۇ ئابلىكىمنىڭ سەرگۈزەشتىسى تولا. ئۇ بۇ قېتىم ئۈرۈمچىدە خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى ئىچىدىن دۆڭ تېخەن دىگەن دوستىنى تېپىۋالدى. دۆڭ تېخەن دىگەن ئابلىكىمنىڭ تۈرمىداش سەپدىشى دۆڭ داشى دىگەن كىشىنىڭ ئىنىسى ئىكەن. شۇ كۈنى خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى بىلەن مىللى ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ ئۇچرىشىش پارادى بولۇۋاتاتتى. ئاجايىپ ھاياجانلىق ئۇچرىشىش بولدى. شۇ يەردە ئابلىكىم بىلەن دۆڭ تېخەن سەپتىن ئېتىلىپ چىقىپ قۇچاقلىشىپ كەتتى، ھەيران بولدۇق. تاس قالدى پارات بۇزۇلۇپ كەتكىلى، باشلىقلار ئالدىدا شۇنداق بولدى ...... يەنە بىر ئابلىكىممۇ بار. ئىلەلىق، پولك كوماندىرى ......

قارا قاش كوماندىرنىڭ سۆزى تېخى تۈگىمىگەن ئىدى. ئالماس ئۇنىڭ سۆزىنى كېسىپ:

— توختاڭ، سەل توختاڭ، ئاجايىپ ئىش، بابا سىز

ئېيتقان ئابلىكىم بىلەن دۆڭ تېخەن هازىر نەدە؟ — دەپ هايا-
جانلىنىپ سورىدى.

كوماندىر كۆلۈپ جاۋاپ بەردى:

— دىدىمغۇ ئۇكا، ئابلىكىم بىزنىڭ پولكىنىڭ شتاپ باش-
لىغى، دۆڭ تېخەن بولسا، ئالدىمىزدا ئۆتۈپ كەتكەن ماشىنىلىق
قىسىمدا — سىياسى بولۈمدە ئىشلەيدىكەن. بۈگۈن ئابلىكىم بىلەن
دۆڭ تېخەن يول باشلىغۇچى ماشىنىدا بالدۇرلا كېتىشكەن، ئېهتى-
مال هازىر ئۇلار ۋىلايەت مەركىزىنى تەرتىپكە سېلىۋاتقان بولسا
كېرەك ......

ئالماسنىڭ كوزلىرى ئوينىاپ كەتتى. ئۇ، كورۇشۇپ
قۇچاقلىشىشنى ئارزۇ قىلغان كىشىلەرنى تېپىۋېلىشقا پۈتۈنلەي
ئىشەنگەن ئىدى.

قارىقاش كوماندىر سائىتىگە قارىدى ۋە ئاتقا مىندى:

— خوش يىگىتلەر، خوش ئۇكا! ......

ئالماس ئاتقا مىنگەن كوماندىرغا ئىتتىك قارىدى:

— بىز يەنە كورۇشىمىزمۇ؟

— ئەلۋەتتە، — دىدى كوماندىر، بىراق، شۇ گەپنى
ئېيتىپ بولۇپ كۆلۈپ كەتتى، — ئەمما، قىيىن ......

— نىمە، قىيىن دەمسىزا؟ ......

— شۇنداق، — دىدى ئۇ، — بىزنىڭ يولىمىز ئۇزاق، توپ-
توغرا خوتەنگە قاراپ "مارش!"، يەنە تېخى تىبەتكىمۇ بارىمىز-
مكىن ...... قانداق، يول ئۇزاقمىكەن؟ ...... شۇنىڭدىن كېيىن
خوتەنلىك كوماندىر تەمكىنلىك بىلەن چۈشەندۈردى، — هازىر
پۈتۈن مەملىكىتىمىز قىزىل نۇرغا پۈركەلدى، ئازات بولدى. بۇ
نۇر ۋە ئازاتلىقتىن "شەهىدانە" خوتەنمۇ تېزرەك بەهرىمەن بولۇشى

كېرەك. بۇ، كوممۇنىستلار پارتىيىسى، رەئىس ماۋزېدۇڭ تاپشۇرغان
شەرەپلىك ۋەزىپە. قانچە تېز بولسا، شۇنچە ياخشى ...... ئەمما،
سىلەر شتاپ باشلىغى ئابلىكىم بىلەن يولداش دۇڭ تېخەننى
دەررۇ تېپىۋالالايسىلەر. يولداش ئابلىكىم بۆيرۇققا بىنائەن
يەكەننىڭ ئۆزىدە قالدىغان بولدى. يولداش دۇڭ تېخەننىڭ
قىسمى مۇشۇ ۋىلايەتتە تۇرىدۇ ......
ئالماسنىڭ يىگىتلىرى قىيالىمىغاندەك ئاتلىق قوشۇننى
ئۆزىتىپ قويدى. كېيىن ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، ئاتلىق قوشۇننىڭ
كەينىدىن ئەگىشىپ شەھەرگە كىرىشنى قارار قىلدى ......
شەھەرگە كىرمەي بولمايدۇ، چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ
كۆڭلىدە تۇتقىن قىلىنغان، تەقدىرى نامەلۇم لەيلىگۈل چوڭقۇر
ئورۇن ئالغان ئىدى ......

## 2. لەيلىگۈلنىڭ تومۇر قەپەزدىن چىقىشى

لەيلىگۈل ئۆزىگە چاڭ سالماقچى بولغان جۇيىڭجاڭنىڭ
قولىنىڭ بىر بارمىقىنى چىشلەپ ئۈزۈۋالغانلىقى ئۈچۈن، جۇيىڭجاڭ-
نىڭ قولىدىكى تاپانچىنىڭ ئۆزىگە بەتلەنگەنلىكىنى كورگەن ئە-
دى. لېكىن، قىزنىڭ يۈرىكىدىن غەزەپلىك قايناپ چىققان "چې-
رىكلەرنىڭ ئەدىۋىنى بېرەيلى، قانخورلارنى يوقىتايلى! ......" دې-
گەن جاراڭلىق شوئار جۇيىڭجاڭنى ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى كېلىشكەن
گۈزەل قىزنىڭ ئادەتتىكى "سەرالىق تومپاي" ئەمەس، بەلكى
مەخسۇت بەگنى پاراكەندە قىلىپ ئارام بەرمىگەن پارتىزانلارنىڭ
شېرىكى ئىكەنلىكىگە ئىشەندۇردى.
جۇيىڭجاڭنىڭ چىرايىدىن قان قاچتى، چىشلىرى غۇچۇرلى-

دى، قىزنى ئېتىۋەتمەكچى بولدى. ئەمما، ئۇ تاپانچىنى تەڭلەپ بولۇپ، بىردىن كوڭلىگە يەنە باشقىچە جىن كىردى-ۋە ياكى پار-تىزانلارنىڭ قولىدىكى ئۇن ئىككى تال مىلتىقنى تېپىشتا قىزنىڭ بىرەر زورۇرىيىتى بار، دەپ ئويلىدى-ۋە، ئۇشتۇمتۇت ئۆز قارارىدىن ۋازكەچتى:

— دەرھال قاماقفا! — دەپ بۇيرۇدى.

بۇ قاماق لەيلىگۇلنى يالاپ ماڭغان ئىككى چېرىكنىڭ خاتا چۈشىنىشى بىلەن ئۆز-ئۆزىدىن جىڭساجۈينىڭ تۈرمىسى بولۇپ چىقتى. ئالماسنىڭ قېلىچى جۇيىڭجاڭنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلغاندىن كېيىن بولسا، لەيلىگۇلنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا قايتا ئويلاپ كورۇشكە گومىنداڭچىلارنىڭ چولىسى تەگمىدى، ئۇنتۇپ قېلىشتى......

لەيلىگۇل ئەنە شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن جىڭساجۈينىڭ سېپىل-لىق تۈرمىسىنىڭ ئىچىدىكى تار، تومۇر ئىشىكلىك زەي ئويىدە ياتماقتا، ھەركۇمەتكە، زۇلۇمغا قارشى بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلىپ قويغانلىغى ياكى بولمىسا، ئۆزىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ خورلاپ ئاياق-ئاستى قىلغان بەگلەر، ئەمەلدارلارغا غەزەپلىنىپ پىچاق كوتەرگەنلىگى ۋە ياكى بولمىسا، ئاكا-ئىنىلىرىنى ئەسكەر-لىككە تۇتۇپ كېتىشتىن يوشۇرۇپ قاچۇرۇۋەتكەنلىگى سەۋەپلىك بىرنەچچە يىل، بىرنەچچە ئايدىن بۇيان قاملىپ ياتقان گۇنا-سىز ئايال تۈرمداشلار بىلەن بىللە بولماقتا ئىدى......

لەيلىگۇلنى قاماشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ھېچكىم ھېچنە-مىنى سورىغىنى يوق، سوراققا تارتىشمۇ، سۇرۇشتۇرۇشمۇ بولمىدى. ئۇنى پەقەت قاراڭغۇلۇق ۋە دەھشەتلىك ئاچلىق ئازاۋىلا قىي-نايتتى......

ئاردىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە (ئۇلار كۈنىنى كۈنگە، بىر قېتىم بېرىلىدىغان ئېچىق ئوماچ بىلەن ھېسابلىشاتتى)، تۈرمە ۋەزىيىتىنىڭ جىددىيلەشكەنلىكى سېزىلدى. تۈرمە ئۆيلىرىدە قىينىلىپ چىقىرىلغان ھەسرەتلىك ئاۋازلار، ...... ئاھا......جان ئىمانچە تەستە چىقىدۇ" دېگەن دەھشەتلىك ئىدالار، كېچىسى ھىلىدىن-ھىلىغا ئېتىلىپ تۇرغان ئوق ئاۋازلىرى كۆچەيدى.

تۈرمىداش ئاياللار لەيلىگۈلگە تۈرمە ئەمەلدارلىرىنىڭ ئوز رەقىبلىرىنىڭ خەۋپلىكرەكلىرىنى مەخپىي، قىيناپ ئۆلتۈرۈپ، كوزدىن يوق قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى، ئۇلار:

— بىر-ئىككى ئاي ئىلگىرى تۈرمە ئۆيلىرىدىن ئېلىپ كېتىلگەن مەھبۇسلار پوت-قوللىرى سۇندۇرۇلغان، قۇلاق-بۇرۇنلىرى كېسىلگەن، مەيدىلىرى داغلاپ كويدۈرۈلگەن؛ كوزلىرى ئويۇلغان، جىنسى ئەزالىرى ناكا قىلىنغان، ھەتتا بەزىلىرى پۈتۈنلەي مەجرۇھ-سارالڭ قىلىۋېتىلگەن دەھشەتلىك قىياپەتتە قايتىپ كېلەتتى. ھازىر بۇ ئىش توگىدى، تۈرمە ئۆيىدىن "سوراققا!" دېيىلىپ ئېلىپ كېتىلگەن مەھبۇس قايتىپ كەلمەيدۇ، ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، — دېيىشتى.

لەيلىگۈل ياتقان بولمىدە سولاشقان غۇنچىدەك، ئەسلى گۈزەللىكىنى دىققەت بىلەن قارىسا كورۇۋالغىلى بولىدىغان تەخمىنەن ئوتتۇز ياشلاردا بىر ئايال مەھبۇس بار ئىدى. ئۇ ئايالنى تۈرمىدىكى ئاياللار ھۆرمەتلەپ "دوختۇر خانىم" دەپ ئاتىشاتتى ۋە ئۇنى ئاسراپ، كوڭلىنى كوتىرىپ كۈتەتتى.

مەھبۇس ئاياللار ئۇنى "دوختۇر خانىم" دەپ ئىمىنىدۇر ئېيتىماقچى بولغىنىدا، ئۇ ئايال قالىغاچ قانىتىدەك ئەگمە قاشلىرىنى ھىمىرىپ، بىر ئاز قىيىنىلىپ مىيىغىدا كۈلۈمسىرەپ قوياتتى. لېكىن،

زادى گەپ قىلمايتتى، ئىپپز لەۋلىرى تىترەپ، كوزلىرىدە ياش ئەگىپ، قولى بىلەن: "سىز ئىپىتتىڭ، ئىپىتتۇپىرىڭ، قولۇغۇم ئاڭ-لايدۇ" دىگەندەك، قولىغىنى كورسىتەتتى.

لەيلىگۇلنى گەجگىسىدىن ئىتتىرىپ مۇشۇ بولۇمگە كىر-گۈزۈپ، تومۇر ئىشكىنى "غاچ" قىلىپ ياپقان كۈنى تۈن كىچە بولۇپ، قاراڭغۇ ئوي ئىچىدە پەقەت "دوختۇر خانىم"لا ئويغاق ئىدى. لەيلىگۇل دوزاقتەك قاراڭغۇ بولۇمدە نەگە دەسسىشىنى ۋە ئوزىنى قەيەرگە قويۇشىنى بىلمەي گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدى.

شۇ چاغدا، قاراڭغۇ كامىرغا ئادەتلەنگەن "دوختۇر خانىم" بىنىلىپ-ھالسىزلىنىپ تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ، گاڭگىراپ قال-ان قىزنىڭ يىنىغا كەلدى. ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى. لەيلىگۇل ەندىكىپ ئۇنىڭدىن قولىنى تارتىۋالدى، ھىلىقى قول ئۇنى يەنە سىپاپ تۇتتى. قىز يەنە ئىتتىك ئوزىنى چەتكە ئالدى ۋە كىم-ىىگدۇر پۇتىنى دەسسىۋالدى. بىر ئايال چوچۇپ ئويغىنىپ:

— ۋاي...... پۇتۇم، كىم بۇ؟...... — دىدى. يەنە بىر ئايال:

— بىزگە يەنە بىر شور پىشانە قوشۇلدى بولغاي،— دەپ ھەسرەتلەندى. كىمدۇر:

— قوپۇڭلار، يىڭى مىھمانىنىڭ سەرگۇزەشتىسىنى ئاڭلايلى، — دىدى.

نازۇكراق بىر ئاۋاز:

— ۋاي خۇدايىمەي، كىچىكلا قىزغۇ...... كەل سىڭلىم، ساڭا نىم بولدى، قانداقچە بۇ دوزاقنى كورگىنىڭ كىلىپ قال-دى؟ — دەپ مىھرىۋانلىق كورسەتتى.

لەيلىگۇل پۇزىنىڭ ئايال مەھبۇسلار بولمىسىگە ئىتتىرىپ

كۆرگۈزۈلگەنلىكىنى سەزدى.

"دوختۇر خانىم" ئۇنى ئۆزىنىڭ يېنىغا تارتىپ ئولتۇرغۇزدى، چاچلىرىنى، مۇرىسىنى، قوللىرىنى سىلىدى. ئاندەك بېھەرىۋان، مۇلايىم ئىدى. لېكىن، بۇ ئايال نېمە ئۈچۈندۇر زادى گەپ قىلمايتتى.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتتى. ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە چۈشلۇق دەرت-ئەلەمى، سەرگۈزەشتىلىرى بار ئىكەن. لەيلىگۈلمۇ، باشقىلارمۇ ئۆز بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلىدى. پەقەت "دوختۇر خانىم"لا سۆزلىمىدى، ئەكسىچە، سۆزلىگەنلەرگە كۆز ياشلىرى بىلەن ھەمدەرت بولۇپ ئولتۇردى. شۇ چاغدا لەيلىگۈل ئىختىيارسىز:

— بۇ ئاچىمىز نېمىشقا گەپ قىلمايدۇ؟ — دەپ سوراشقا جۈرئەت قىلدى.

— سوراپ نېمە قىلىسەن؟ جاللاتلار تىلىنى كېسىۋەتكەن، — دېدى بىر ئايال ئېغىر ئۇھ تارتىپ تۇرۇپ، — "دوختۇر خانىم"نى بىلگىنىڭ كېلىپ قالدىمۇ، ياخشى. بۇ خانىم ئۆزى دوختۇر ئەمەس، ئېرى دوختۇر. ئۆزى شەھەر قىزلار مەكتىۋىنىڭ مۇئەللىمەسى. ئۈچ يىل بولدى تۈرمىدە يېتىۋاتىدۇ، ئىككى ئايچە بولدى تىلىنى كېسىۋەتتى. دوزاق ئازاۋىنى تارتتى، لېكىن ئۆلمىدى. ئۆزى بەكمۇ ئەقىللىق، بىلىملىك ئايال ئىدى. ئاڭلىغان-بىلگەنلىرى بەكمۇ كۆپ ئىدى. سۆزلەپ-سۆزلەپ تۈگىتەلمەيتتى...... مانا ئەمدى ئۇنى سۆزلىمەس قىلدى، ئىپلاسلار...... ئۇنىڭ ئېرى ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا باش دوختۇر ئىدى. ھەممە كىشىگە تونۇشلۇق، كۆپنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان ئادەم. ئىلىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى قوزغالغاندىن كېيىن، بىر كېچە-

دىلا قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان. ئۇ قولغا ئېلىنىشتىن ئىل-
گىرى جىڭساجۇينىڭ چوماقچىلار ئەترىدى ئۇنى قىستاپ، "قۇلاق"
بولۇشقا، تىڭ-تىڭلاپ جەمئىيەت ئەھۋالىدىن مەلۇمات بېرىپ تۇ-
رۇشقا تەكلىپ قىلغان. لېكىن بۇ دوختۇر رەنجىپ: "مەن بول-
سام خەقنىڭ كېسىلىنى داۋالاشنى بىلىمەن، مۇنداق ئىش مېنىڭ
قولۇمدىن كەلمەيدۇ" دەپ رەت قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈنلا تۈرمىگە
تاشلانغان. ئۇنىڭ گۇناھى ئىللىق بولغانلىقى. "دوختۇر خانىم"
بۇ ناھەقچىلىقنىڭ سىرىنى ئېچىۋېتىش ئۈچۈن نەگىمدۇر ئەرز
قىلىپ خەت يازغان. لېكىن، خەت جىڭساجۇيگە تاپشۇرۇپ بېرىل-
گەن. شۇندىن كېيىن ئۇنى تۇتۇپ كەلدى...... ئۇنىڭ ئېرى
ئۆلتۈرۈلگەن كۈنى ئېرىنىڭ كوزىچە بۇ ئايالنىڭ تىلى كېسىپ
تاشلاندى. بۇنى "دوختۇر خانىم"نىڭ ئۆزى كېسىلگەن تىل ئور-
نىنىڭ ھەرەج قىلىشى بېسىلغاندىن كېيىن، ئىما-ئىشارە بىلەن
بىزگە چۈشەندۈردى......

لەيلىگۈلگە "سوراققا ئېلىپ كېتىلگەن مەھبۇس قايتمايدۇ،
ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ" دېگەن دەھشەتلىك سۆز قاتتىق بىرامىلىق ئېلىپ
كەلگەن ئىدى. تىلى كېسىپ تاشلانغان مېھرىۋان ئايالنىڭ ئېغىر
قىسمىتى ئۇنىڭ ياش يۈرىكىنى ئېغىر جاراھەت بىلەن تولدۇر-
دى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ئۇ "دوختۇر خانىم"نىڭ يېنىدىن بىر-
دەممۇ ئايرىلمىدى، ئۇنىڭغا قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلاتتى.
كۆڭلىنى كۆتىرەتتى، ئۆز دەرت-ئەلەملىرىنى، ئۆز يېزىلىقلىرىنىڭ
بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتلەرنى، ئاسمىدىن ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ
بېرەتتى. لېكىن، بۇ مۇلايىم-غەمگۇزار ئايالنىڭ بىر ئېغىز بول-
سىمۇ سۆزىنى — ئاۋازىنى ئاڭلىيالمىغانلىقى ئۇنىڭغا قاتتىق ئەلەم
قىلاتتى.

بىر كۈنى سەھەر گۈگۈمدا تۇيۇقسىز ئىككى جاللات ئېتىلىپ كىرىپ، "دوختۇر خانىم"نى چېچىدىن تارتىپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى:

— سوراققا! — دەپ ۋاقىردى.

لەيلىگۈلنىڭ يۈرىكى "جىغ" قىلىپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى:

— نېمە سوراق؟...... بۇ خانىم سۆزلىيەلمەيدۇ!......

— سۆزلىيەلمەيدۇ؟! — جاللاتلار لەيلىگۈلگە تەڭلا ئېتىلدى، — سەن نېمە، ئەجەل تىلەۋاتامسەن؟ بىز ئۇنىڭغا تىل تەقدىم قىلىمىز!......

لەيلىگۈلنىڭ مېڭىسىدە "ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ!" دېگەن دەھشەتلىك پىكىر لاۋۇلداپ يېنىپ كەتتى ۋە ئۆزىنى ئېتىپ "دوختۇر خانىم"نى قۇچاقلىۋالدى:

— ياق! بۇ خانىمنىڭ تىلى كېسىلگەن...... ئۇ قانداقچە؟...... جېنىم ئاچا چىقماڭ، دەھشەت، چىقماڭ...... چىقماڭ......

— ئەخمەق سەرالىق! — دېدى بىر جاللات دۈۋەيلەپ ۋە لەيلىگۈلنىڭ مەيدىسىگە تېپىۋەتتى، — بۇ سېنىڭ ھاماچاڭنىڭ مېھمانخانىسىمىدى، ئالدىرىما، سېنىڭمۇ نۆۋىتىڭ كېلىدۇ تېخى!......

لەيلىگۈل مەيدىسىنى تۇتۇپ ئېتىلىپ ئىشىككە يۈگۈرۈپ بارغاندا، جاللاتلار "دوختۇر خانىم"نى تۇرمە ئۆيىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتكەن، تۆمۈر ئىشىكنى شاراقلىتىپ قۇلۇپلىغان ئىدى.

لەيلىگۈلنىڭ تۆمۈر ئىشىكنى ئۇرۇپ يىغا-زار قىلىشى، مەھبۇس ئاياللارنىڭ نالە-پەريات قىلىشى ھېچكىمنىڭ پەرۋايىغا كەلگىنى يوق. تۆمۈر ئىشىك قايتا ئېچىلمىدى، "دوختۇر خانىم"

مۇشۇ ئېلىپ كېتىلگەنچە قايتمىدى......

لەيلىگۈل ئانىسىدىن ئايرىلغان يېتىم قوزىدەك، بىر - ئىككى كۈن پەريات چەكتى، جىم بولدى. لېكىن، كۈنگە بىر قېتىم بېرىلىدىغان ئېچىق ئۇماچنى زادىلا ئىچمەي قويدى، گېلىدىن ئۆتمىدى.

بۇنى بايقىغان سەتەڭ مىجەزرەك بىر ئايال:

— ئىچ، نىمە هال تارتىسەن. بۇ يەردە غازاڭ قىلىنغان ئايال "دوختۇر خانىم"لا ئەمەس، ئالدىمىزدىن نۇرغۇن - نۇرغۇنى ئۆتتى. قايسىبىرى ئۇچۇن قاخشايسەن، تەقدىرى شۇ بولسا، ئۇنى كورمەسكە نىمە ئىلاج! ...... قولۇڭغا ئال، زورلاپ ئىچ. يا سەن ۋۇ ئېچىق ئۇماچنى ئىچمىسەم پېتىر مانتىۋ بىلەن ياغلىق توقاچ ئەلتۇرۇپ بېرىدۇ، دەپ ئويلىۋىدىڭمۇ؟ ...... ئۇنداق ئىش يوق، ئىچ، — دىدى.

يەنە بىر كەم سوز ئايال مەهبۇس ئېيتتى:

— ئوزەڭنى تۇت، تۇرمە ئەمەلدارلىرى سىنىڭ ھېچنىمە يىمەي ئاچلىقتىن ئولۇپ قېلىشىڭنى تىلەيدۇ، ئاشۇلارغا ئولۇپ بېرەمسەن، ئوتمىسەمۇ زورلاپ ئىچ......

كېيىن باشقا ئاياللار خەيرىخاھلىق بىلەن:

— ئاز قالدى سىڭلىم، ھەر خىل گەپلەرنى ئاڭلاۋاتىمىز، بۇ دوزاقتىن قۇتۇلىدىغان چاغلارمۇ كېلەر. يۇرۇق كۈننى كورەي دىسەڭ ئوزەڭنى ساقلا. سىنىڭ رەڭگى - روھىڭ، چىراي - ئەپتىڭ تۇزۇك ئىكەن، ھەرگىز تۇرمە جاللاتلىرىنىڭ كوزىگە چۇشكىچە بولما. بولمىسا، پۇشايمانىنى ئالىدىغان قاچا بولماي قالىدۇ، ئۇلار سىنى ئوزىنىڭ ئىش پۇشىغىنى چىقىرىش ئەسگى قىلىپ، يۇرە- گىڭنى خۇن قىلىۋېتىدۇ. بىزنىڭ ئالدىمىزدىن ئوتتى، شۇنداق

تازا، مەسۇم قىز بالىلىنى خورلاپ، يۈرىكىنى داغ قىلىپ، ئادەم ئىسكەتىدىن چىقىرىۋەتتى. ئۇلارنىڭ كۆپى ئۆلۈپ تۈگەشتى، — دېيىشتى......

لەيلىگۈل بۇ گەپ-سۆزلەرگە ھېچنېمە دەپ جاۋاپ بەرمىدى، لېكىن، شۇ كۈندىن ئېتىۋارەن، گويا ئۆزىنىڭمۇ تىلى كېسىپ تاشلانغاندەك، ئېغىز ئېچىپ گەپ قىلمىدى. چۇۋۇلغان چاچلىرى بىلەن يۈزلىرىنى يېپىپ، بىر بۇلۇڭغا تۈگۈلۈپ كىرىۋېلىپ، ھەسرەتلىك خىياللار بىلەن بەنت بولۇپ كەتتى......

بىر كۈنى ئۇ كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپ، قىسقىغىنا چۈش كۆردى. چۈشىدە توغراقلىق ئورمانغا توپلانغان پارتىزان يىگىتلەر قىقاس-چۇقان كۆتىرىپ، يۇرت ئىچىگە بېسىپ كېلىۋاتقانمىش...... سەپنىڭ ئالدىدا ئاسىم، ئالماس، ئېلىقۇل، مەشرەپ، شانىيازلار...... بار ئىكەن. ئالماس قاسىم جىگىسادىن تارتىۋالغان تاپانچىنى ئوينىتىپ، لەيلىگۈلنىڭ دادىسى بايىز خالۋاپقا مەخسۇت بەگنىڭ يەر ئاستى تۈرمىسىنى كۆرسىتىپ ئىمىندۇر دەۋاتاتتى...... بىر كەمدىن كېيىن پارتىزانلار يەر ئاستى تۈرمىسى ئالدىدا دوكۇرلىشىپ پەيدا بولدى. تۈرمە ئىشىگىدە قۇش مۈشتەك ئۇرۇس قولپى بولۇپ، ھېچكىم ئۇنىڭ ئاچقۇسىنى تاپالمىغىدەك ......شۇنىڭدىن كېيىن ئالماس قولىغا چوڭ ئاي پالتىنى ئېلىپ غەزەپ ۋە كۈچ بىلەن قۇلۇپقا ھەدەپ ئۇرۇۋاتقانمىش ...... قۇلۇپتىن "يالت-يۇلت" قىلىپ ئوت چاچرىماقتا ...... قۇلۇپ پاچاقلىنىپ ئىشىك ئۆلۈق ئېچىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئالماس ھەدەپ پالتا بىلەن ئۇرۇۋەرگۈدەك ...... ئەتراپتا دۈپۈرلەشكەن ئاياق ئاۋازلىرى، قى-چۇ، خۇشال كۈلكە-چاخچاقلار ياڭراۋاتقىدەك......

لەيلىگۈلنىڭ يۈرىكى ئويناپ ئىتتىك كۆزىنى ئاچتى،

كامىرنىڭ ئىچى قاپقاراڭغۇ ئىدى. مەھبۇس ئاياللار نىمىشقىدۇر تۇرمە ئىشىگىنىڭ تۆۋىگە توپلىشىۋاپتۇ.

لەيلىگۈل ھېچنېمىنى چۈشەنمىدى، گاڭگىرىغىنىچە تۇرۇپلا قالدى. شۇ چاغدا، بىر ئايال لەيلىگۈلگە قاراپ:

— ھوي قىز، نىم بولدى ساڭا، كوزۇڭنى ئاچ، بول، قارىغىنا قۇلۇپنى ئۇرۇپ چېقىۋاتىدۇ......، — دەۋاتاتتى.

لەيلىگۈل ئەندىكىپ، ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

ئېيتقاندەك، ھەمسات ئوتمەي تومۇر قەپەزنىڭ ئىشىگى گۈلدۈرلەپ ئۇرۇلۇپ چۈشتى. ساپ تازا ھاۋا كامىرنىڭ ئىچىگە كىردى. ئىشىك تۆۋىدە قىزىل يۇلتۇزلۇق شەپكە-قۇلاقچا كىيگەن ئاجايىپ جەڭچىلەر، پاختىلىق شىرىما چاپان كىيگەن، بۇرۇن زادىلا كورمىگەن قەيسەر يىگىتلەر كورۇنۇپ قالدى. ئۇلار ئازاپ چەككەن مەھبۇس قېرىنداشلارنى ئالدىراپ كېلىپ يولەمەكتە، چىنە، پىيالە، ھىجىر تاۋاقلاردا چاي تۇتماقتا ۋە ئۇلارنى ئازاتلىق خەۋىرى بىلەن قىزغىن ھاياجانلىنىپ تەبرىكلىمەكتە ئىدى......

لەيلىگۈل تۇرمىداشلارنىڭ كوزلىرىدە يالتىراپ تۇرغان ياشنى كوردى، ئوزىنىڭ كوز چاناقلىرىمۇ خۇشاللىق-ھاياجانلىق ياشلىرى بىلەن لىپمۇ-لىق تولغان ئىدى. ئۇ چۇۋۇلغان چاچلىرىنى ئالدىراپ ئىككى ئورۇم قىلىپلا ئورىدى-دە، سىلكىپ كەينىگە تاشلىدى ۋە قەپەزدىن قويۇۋېتىلگەن تومۇچۇقتەك ئېتىلىپ، تۇرمە ھويلىسىغا چىقتى، دولقۇنلىنىپ تۇرغان كوكسىنى تۇتۇپ، تېز-تېز نەپەس ئېلىپ ئەتراپقا سەگىرىشكە باشلىدى.

ئىگىز سېپىل بىلەن قورشالغان تۇرمە ھويلىسى ئادەملەر بىلەن لىق تولغان بولۇپ، ھەممە يەرنى دىدار كورۇشۇش تەن-

تەنسى قاپلىغان ئىدى. ھەممە يەردە نۇرلانغان كوز، تاشلانغان يۈز، ئومچەيگەن لەۋلەر ...... باغرىغا بېسىش، قول سىقىشىش-لار ...... خوشال كۈلكە-چاخچاقلار ۋە ئوزئارا ئىستەپ سوروۋش-تۇرۇشلەر ......

لەيلىگۈل ئاياللار تۈرمىسىدىن ئوتۇپ، ئەرلەر تۈرمىسى جايلاشقان چوڭ قوراغا چىقتى. ئۇ يەردىمۇ شۇ مەنزىرە.......
ئۇنىڭ كوزى بىردىنلا بىر تۈرمە ئوينىڭ قولپىنى پالتا بىلەن راسا كۈچەپ ئۇرۇۋاتقان بىر كىشىگە چۈشتى ۋە ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ:

— ئالماس! — دەپ ۋاقىرىۋەتتى.

ئالماس "يالت" قىلىپ كەينىگە بۇرۇلۇپ، يۈگۈرۈپ كېلە-ۋاتقان لەيلىگۈلنى كوردى. ئۇ كوزلىرى چاقناپ، قەلبى يايرىغان ھالدا بارلىق كۈچىنى يىغىپ پالتا بىلەن قولۇپقا راسا بىرنى سالدى-دە، تۈرمە ئىشىكىنى ئۇلۇق ئېچىۋېتىپ، لەيلىگۈلگە قاراپ ئوزىنى ئاتتى:

— لەيلىگۈل!......

— ئالماس! ......

— لەيلىگۈل! ......

— ................

ئۇلار چەكسىز ھاياجان، بەختىيارلىق ئىچىدە قۇچاقلاش-تى. يۈرەكلەرنىڭ دۈپۈلدىشى، تومۇرلارنىڭ سوقۇلۇشلىرى شۇنداق ئېنىق ئاڭلىناتتى. بىر بىرىنى ھايات كورگىنىگە ئىشەنگۈلىرى كەلمەيتتى ۋە بىر بىرىگە يېنىپ-يېنىپ قارى-شاتتى، كوزلىرى نۇرلىنىپ، لەۋلىرى تىترەيتتى، كوكۈل گۈلزار-لىقىدا توپلىنىپ كەتكەن بىر دەريا ئارزۇ-ئارمانلىق سوزلىرى-

نى نېمىدىن باشلاپ ئېيتىشنى بىلمەيتتى......

دەل شۇ چاغدا، ئۇلارنىڭ قېشىغا بېشىغا تېرە ھەربى قۇلاقچا، ئۈستىگە ماش رەڭ شىرىما پاختىلىق شىم-چاپان، پۇتىغا قونجىلىق ئۆتۈك كىيگەن بىر مىللى ئارمىيە جەڭچىسى بىلەن پارتىزان يىگىت ئىبلىقۇل يېتىپ كەلدى.

ئىبلىقۇل كالتا ساپلىق بىر ئاپتوماتنى مۈرىسىگە ئاسقان بولۇپ، جەڭچى يىگىتنى قولتۇقلىۋالغان ۋە ناھايىتى خۇشال ئىدى. ئۇ ئالماس بىلەن لەيلىگۇلنى كورۇپ:

— پەيزىڭلار بار، ياشاپ كېتىڭلار ئاشىقلار، — دېدى خۇشاللىق بىلەن كوزىنى ئوينىتىپ، ئاندىن لەيلىگۇلنىڭ تۇرمىدىن قۇتۇلغانلىقىنى قىزغىنلىق بىلەن تەبرىكلەپ بولۇپ، يېنىدىكى جەڭچى يىگىتكە كوزىنى قىسىپ قويدى.

— يولداش پارتىزان كوماندىرى، — دېدى جەڭچى يىگىت ئۆتۈكلىرىنىڭ ئۇكچىسىنى "تاق" قىلىپ بىر بىرىگە ئۇرۇپ جۈپلەپ، ئوڭ قولىنى تېرە قۇلاقچىسىغا ئاپارغان ھالدا ھەربىيچە سالام بېرىپ تۇرۇپ، — سىزنى قىسىم باشلىقلىرى ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ......

ئالماس بىلەن لەيلىگۇل ئىتتىك ئىبلىقۇلغا قارىدى:

— نېمە تۇرىسەن، بول، ئويۇن گەپ ئەمەس، — دېدى ئىبلىقۇل شوخلۇق بىلەن ئالماسنىڭ چاپىنىنىڭ يېڭىدىن تارتىپ، — سېنى ئىزلەپ يۈرگىنىمىزگە نىكەم، بول، سېنى باشلىقلار كۈتۈۋاتىدۇ......

ئالماس ئىسىم ئەپەندىدىن يالداما بولۇپ قالغان جىگەررەڭ كەمەرنى كالتا چەكمەن كەمزۇلىنىڭ ئۈستىدىن تارتىپ باغلىدى-دە، ئىتتىك لەيلىگۇلگە قاراپ:

— يۈرۈڭ لەيلىگۈل، بىللە بارىمىز، — دېدى ۋە تۈرمە دەرۋازىسىدىن ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىشتى……

## 3. جەڭگىۋار ۋەزىپە

ئالماس ئېگىز پەشايۋانلىق، ئىشىك-دەرىزىلىرىنىڭ سىرلىرى ئۆڭگەن، كونىراق بولسىمۇ، ئازادە ياسالغان بىر ئۆيدىن — قاسىم باشلىقلىرى ئالدىدىن چوڭقۇر ھاياجانلانغان ھالدا چىقتى.

ئالماس بۇ ئۆيدە ئىككى سائەتچە بولدى. قاسىم باشلىقلىرىنىڭ چوڭقۇر مەنىلىك، ئاتا سۆزىدەك سەممىي كۆرسەتمىلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئاڭلىدى. ئاندىن ئۆز كىشىلىرىنىڭ ئارىسىدا بولغاندەك بەھۇزۇر ئولتۇرۇپ نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان قىلغان ئارزۇ-ئارمانلىرىنى، قېرىنداشلارنىڭ تىلەكلىرىنى قالدۇرماي سۆزلەپ بەردى……

ئالماس قاسىم باشلىقلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، كۆز نۇرى كۈچىيىپ، نەزەر دائىرىسى كېڭەيگەندەك، ئۆزىنى بىردىنلا بويى تارتىپ ئۆسۈپ چوڭ ئادەم بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلدى. دېمىسىمۇ راست…… ئۇنىڭ ئالدىدا ھەممە نەرسە ئايدىڭ، روشەن بولدى. ماڭىدىغان يول، يېتىدىغان نىشان سىزىپ كۆرسىتىلدى…… مانا ئەمدى ئۇنى يېڭى جەڭگىۋار ۋەزىپە ئالدىرىتاتتى. قاسىم باشلىقلىرى ئېنىق ئېيتتى. ئۇ تېگىشلىك كىشى بىلەن كۆرۈشىدۇ، يېڭى كۈرەش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشنىڭ تەپسىلاتلىرى بىلەن تونۇشىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئىشقا كىرىشىپ كەتسە بولغىنى، كۆڭۈلدىكى ئىش!…… قاسىم باشلىقلىرىنىڭ ئويلىغىنى بىلەن بۇ يەردىكى قېرىنداشلارنىڭ ئويلىغان، ئارزۇ قىلغانلىرى نېمە دېگەن ئوخ-

شاپ كەتكەن-ھە؟ ئۇھۇ...... بالدۇرلا پۈتۈشۈپ مەسلىھەتلىشىۋالغان-
دەكلا بىر يەردىن چىقتى...... تازىمۇ بەلەن بولدى، ئەلۋەتتە ئا-
شۇنداق قىلماي بولمايدۇ...... قەتئىي!......

ئالماس شۇلارنى ئويلاپ، يۈرىگى دولقۇنلىنىپ، ئالدىراپ
پىشايۋانلىق ئۆينىڭ پەلەمپىيدىن چۈشۈۋاتقاندا، ئۇنى ئۇزىتىپ چى-
قان قىسىم باشلىقلىرى، شتاپ خىزمەتچىلىرى ئۇنىڭ قولىنى
قايتا-قايتا قىستى:

— ئاۋال سىز يولداش ئابلىكىم بىلەن كۆرۈشۈڭ، — دې-
دى قايرىما ياقىلىق ئۇزۇن پاختىلىق پەلتو كىيگەن قىسىم باشلى-
غى ئالماسنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ، — ۋەزىيەت ئېغىر، ئېھ-
تىياتچان بولۇڭلار...... سىلەرنىڭ ياڭاقلىق يېزىسى بالدۇر ئويغان-
غان. زۇلۇمغا قارشى بالدۇر ئىسيان كۆتەرگەن ئىنقىلاۋىي يېزا!
سىزنىڭ پىكىر-ئارزۇلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى توغرا، ھەققانىي. جاپا چەك-
كەن دىخانلارنىڭ ئۇزۇل-كېسىل ئازاتلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش
ئۈچۈن فېئوداللىق يەر ئىگىلىك تۈزۈمىنى پاچاقلاپ تاشلاش كې-
رەك. كوممۇنىستلار پارتىيىسى ياللانما دىخانلار، يەرسىز، يېرى ئاز
دىخانلارنىڭ بۇ جىددىي ئارزۇسىنى چۈشىنىدۇ ھەمدە دىخانلارنىڭ
ئۆزىنى چىرماپ تۇرغان كىشەن بويۇنتۇرۇقلارنى چېقىپ تاشلاش
كۈرىشىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن، بۇ جىددىي، ھەق-
قانىي ئىشنى بىز جەزمەن شەرت ھازىرلاپ، باسمىچىلارنى يوقات-
قاندىن كېيىن رەھبەرلىكى، پىلانى بولغان ھالدا دىخانلارنىڭ ئۆ-
زى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئېلىپ بارىمىز. دىخان قېرىنداشلارنىڭ
ئارزۇ-تەلەپلىرى شەرتسىز ئورۇنلىنىدۇ، سىلەر بۇنى دىخان قېرىنداش-
لارغا ئوچۇق ئېيتىڭلار، مۇستەھكەم ئۇيۇشۇڭلار......

ئالماس خۇشاللىق بىلەن قىسىم باشلىغىنىڭ قولىنى قىسىپ تۇرۇپ:

— مەن جەزمەن يەتكۈزىمەن. قېرىنداشلار بۇنى ئاڭلىسا چو-
قۇم خوشال بولىدۇ. ھازىر بىر ئىش مېنىڭ ئېسىمگە كەلدى. بىز-
نىڭ قولىمىزدا ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان مەخسۇت بەگنىڭ مال-مۈلكى-
نى قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سورىدى.

قىسىم باشلىقى كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئېيتتى:

— ئاشلىقنى ئاشلىقى يېتىشمەيدىغان، ئەتىيازدا ئۇرۇقلۇق ئاش-
لىقى ئوكسۇپ قالىدىغان نامرات دېھقانلارغا مۇۋاپىق دەرىجىدە تەقسىم
قىلىپ بېرىڭلار. كۆرەش مۇۋەسسىدىن دېھقانلار ئالدىن بەھرىمەن بول-
سۇن. تېرىلغۇ يەر، ئات-ئۇلاق، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ھا-
زىرچە ئۆزەڭلار بەلگىلىگەن چارە بويىچە بىر تەرەپ قىلىڭلار،
پات-ئارىدا سىلەرگە ھەمكارلىشىپ ئىشلەيدىغان ئادەم ئەۋەتىمىز.
مەسلىھەتلىشىڭلار......قانداق، شۇنداق قىلساق بولامدۇ؟......

ئالماس قىسىم باشلىقلىرى بىلەن خوشلاشتى.

ئالماس بىر بۇرجەكتە كۆلى، كۆل ئەتراپىدا چىنار، يا-
ڭاق دەرەخلىرى قەد كۆتىرىپ تۇرغان ئوچۇق سەيناغا چىققاندا،
دەرۋازا تەرەپتە ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان ئاتلىق پارتىزان يىگىت-
لەرنى كۆردى. يىگىتلەر ئاتلىرىنىڭ چۇلۋۇرىنى چىڭ تۇتقان ھال-
دا خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ جەڭچىلىرى بىلەن ئىرماش-چىر-
ماش بولۇپ، قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەن ئىدى، نىمىنىدۇر
ھىكايە قىلىشىپ قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى، بىر بىرلىرىنىڭ دولىلىرىغا ئۇ-
رۇشاتتى. بىر چەتتە بىر نەچچە جەڭچى بىلەن ئېلىقۇل، سالمان-
لار لەيلىگۈلنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋېلىپ، جىمجىت ھالدا ئۇنىڭ سۆز-
لىرىگە قۇلاق سالماقتا، لەيلىگۈل تىلى كېسىلگەن، كېيىن ئۇن-
تىنسىز ئولتۇرۇۋېتىلگەن "دوختۇر خانىم" توغرىسىدا سۆزلەپ بېرى-
ۋاتقانىمكىن، ھەممەيلەنىنىڭ چىرايىدا بىر خىل ئېچىنىش كۆلەڭ-

گىسى بار ئىدى......

بايا — بۇنىڭدىن ئىككى سائەتچە ئىلگىرى مۇشۇ مەيدان-دا قىسىم باشلىقلىرى ياش پارتىزان ئەتىرىتىنىڭ ئەزالىرى بىلەن يۈز كۆرۈشتى، قىسىم باشلىقلىرى مىلتىقلىرىنى ئېسىپ، ئاتلىرىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ، رەتلىك تىزىلىپ تۇرغان يىگىتلەرنىڭ ئالدى-غا كېلىپ، قول ئېلىشتى، هال سورىدى ۋە خاتىرە ئىزناكلارنى تەقدىم قىلدى:

— زۇلۇم بولغان ئىكەن، جەزمەن قارشىلىق بولىدۇ، — دې-دى قىسىم باشلىقى تەنتەنىلىك هالدا نۇتۇق سوزلەپ، — بارلىق ئەم-گەكچى خەلقنىڭ تارىخى — زۇلۇمغا، ئېزىشكە قارشى كۈرەش تا-رىخى. سىلەر بىر ئۇچۇم مۇشتۇمزورلارنىڭ چېكىدىن ئاشقان جەۋ-رى-زۇلۇم، جىنايەتلىرىدىن غەزەپلىنىپ، قولۇڭلارغا قورال ئېلىپ كۈرەش قىلىپ، خەلق ئازاتلىقى ئىشىغا تېگىشلىك تۆھپە قوش-تۇڭلار؛ ئۆز دۈشمىنىڭلار بىلەن چەك-چېگرىنى ئېنىق ئايرىتىپ دەسلەپكى قەدەمدە ئەدەۋىنى بەردىڭلار. بۇ، پۈتۈنلەي يوللۇق ئىش. قەهرىمان خەلق ئازاتلىق ئارمىيەسى سىلەرگە ئوخشاش زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلغان مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان كىچىك پار-تىزان ئەترەتلىرىنىڭ ئۈزۈلمەي قوشۇلۇشى بىلەن، تۈمەنلىگەن بۇ-لاق سۇلىرى قوشۇلۇپ ئەزىم دەريا بولغاندەك، قۇدرەتلىك، غالىپ خەلق ئارمىيەسى بولغان......بىز سىلەرنىڭ جاسارەت بىلەن كوكرەك كې-رىپ چىقىپ، باستۇرۇشتىن قورقماي، ئەمگەكچى خەلق بىلەن هەمنەپەس بولۇپ، قەتئىي كۈرەش قىلغان قەهرىمانلىق روهىڭلارنى قىزغىن قوللايمىز......

قىسىم باشلىقىنىڭ سوزى گۈلدۈرلىگەن ئالقىش-چاۋاكلار

بىلەن تەنتەنە قىلىندى، پارتىزان يىگىتلەر: "سوۋېتلىك كوممۇنىستلار پارتىيىسىگە سالام!"، "ياشىسۇن قەھرىمان خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى!"، "خەلق دۆلىتىمىزنىڭ شان-شەرىپىگە بارىكاللا!" دېگەن شوئار سادالىرىنى ياڭراتتى. ئازاتلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى بىلەن پارتىزان يىگىتلەر قۇچاقلىشىپ بىر بىرىنى تەبرىكلەشتى.

— ھازىر پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئازات بولدى، خەلق دۆلىتى قۇرۇلۇپ، خەلق قەد كۆتەردى، — دېدى قىسىم باشلىقى سۆزىنى داۋام قىلىپ، — لېكىن، ئالدىمىزدا مۈشكۈل كۈرەش ۋەزىپىلىرى بار. بىز ھەممىمىز ۋەتەننى، خەلق دۆلىتىنى قوغداشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇش بىلەن بىللە، قايتا تىرىلىشكە ئۇرۇنغان ئەكسىيەتچىلەرنىڭ پاراكەندىچىلىك سېلىشىدىن ھوشيار بولۇشىمىز؛ خىزمەت قوشۇنى، ئىشلەپچىقىرىش قوشۇنى بولۇپ، كۈرەش — غالىبىيەت مېۋىسىنى مۇستەھكەملەپ، خەلق ئىگىلىكىنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشىمىز؛ ئىتتىپاقلىشىپ، غەيرەت-جاسارەت بىلەن خەلق دۆلىتىنى ياخشى قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم......

پارتىزان يىگىتلەر قىسىم باشلىقىنىڭ سۆزىنى ئىخلاس بىلەن دىققەت قىلىپ ئاڭلىدى ۋە ئۇزاق ئالقىش ياڭراتتى......

ئالماسنىڭ كۆزىدىن بۇ مەنزىرە نېرى كەتمەيتتى، ھازىر ئۇ قىسىم شىتاۋىدىن چىقىۋېتىپ، پارتىزان يىگىتلەر تەرەپكە قاراپ ماڭغاندىمۇ ئاشۇلارنى ئەسلىدى......

ئالماسنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئېلىقۇل لەيلىگۈلگە چاخچاق قىلدى:

— سەن لەيلىگۈل يۈگۈرمەيسەنغۇ؟......

— نەگە يۈگۈرەيمەن؟ — لەيلىگۈل بىلمەسكە سېلىپ، ئالماس-

قا كوزىنىڭ قۇيرۇغى بىلەن قاراپ قويدى.

— نەگە!......نېمە نەگە؟ قارا، ئالماس كېلىۋاتىدۇ......

— كېلىۋاتسا، بوپتۇ.......ھە، نېمە بوپتۇ؟ — لەيلىگۈل كوز-لىرىنى ئويىنىتىپ ئېلىقۇلغا تېكىلدى، — سەن مورىمەس، ئازاتلىق بىلەن تەڭ بىر غۇلاچ تىل چىقىرىپسەن جۇمۇ!......

ئېلىقۇل قاقاقلاپ كۈلدى:

— بىر غۇلاچ تىل نېمىكەن، تېخى كورىسەن، ئۇچمىدىغان قاناتمۇ، ئۇسسۇيدىغان مۇڭگۈزمۇ چىقىرىمەن تېخى!......

ئالماس يېتىپ كەلدى، ئۇنى ئۇز يىگىتلىرى دۇررىدە ئورىۋالدى:

— ئېيتە، ئالماس، باشلىقلار نېمە دىدى؟......

— گەپنىڭ مېغىزىنى ئېيت، تاققا چىقىپ ھىلىقى ئاتلىق قاچقۇننى ئىزلەيمىزمۇ ياكى يۇرتقا قايتىپ مەخسۇت بەگنىڭ سا-رىپايلىرىنى بولۇشەمدۇق؟ — دىيىشتى.

ئېلىقۇل كۈلۈپ:

— پۇخادىن چىققىدەك بىر توي ئوينىساق قانداق پەيزى بولاتتى-ھە؟ — دەپ ئۈتتىك لەيلىگۈلگە قارىدى.

لەيلىگۈل سەل خاپا بولغاندەك ئېلىقۇلغا تىكىلىپ:

— ھوي، ھازازۇل، تىلىڭنى تارتامسەن-يوق؟ — دىدى ۋە ئۇنىڭ دۇمبىسىگە ئۇرۇشقا باشلىدى.

يىگىتلەر كۈلۈشتى ھەمدە:

— لەيلىگۈل بوش كەلمە، تازا سال، ئېغىز ئاچمايدىغان قىلىۋەت، — دىيىشتى ۋە دەل شۇ چاغدا چوڭ دەرۋازا تەرەپتىن بىر جىپ ماشىنا كىرىپ كەلدى ۋە ئۇدۇل پارتىزان يىگىتلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

ماشىنىدىن ئىگىز بوي، زىلۋاراق، قوشۇما قاشلىق، خۇش خۇي، ئوتتۇز بەش ياشلاردىكى كېلىشكەن بىر ھەربى كىشى چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ مۇرىسىدە قىزىل جىيەك تۇتۇلغان ئالتۇن زەرلىك كۆمۈش فاگون بولۇپ، ئالماس بىر قاراپلا ئۇنىڭ مىللى ئارمىيىنىڭ مايورى ئىكەنلىكىنى بىلدى.

مايور ئۆزى ماشىنىدىن چىقىپ بولغاندىن كېيىن دەررۇ جىپنىڭ ئارقا ئىشىكىنى ئاچتى. كۈتۈلمىگەندە جىپتىن خەلق قوشاقچىسى ئېلىشا ۋە يەنە ئىككى نەپەر يەرلىك يول باشلىغۇچى كىشى چىقىپ كەلدى. مايور ئېلىشانى يولەپ ماشىنىدىن چۈشۈرۈۋاتقاندا، ئالماس ئېلىشانىڭ بۈگۈن ئەتىسىگەندىن بۇيان بۇ يەردە كورۈنمىگەنلىكىنى ئەسكە ئالدى: "دىمەك، ئېلىشا تاغام ئۆز قەدىردانلىرىنى بالدۇرلا تېپىۋالغان ئىكەن-دە......" دەپ ئويلىدى.

مايور بۇ يەردە توپلىشىپ تۇرغان پارتىزان يىگىتلەرنى ھېچقاچان كورمىگەن بولسىمۇ، لېكىن كوپتىن بېرى ئايرىلىپ كەتكەن قېرىنداشلار ھازىرلا تېپىشىۋالغاندەك، ئىنتايىن قىزغىنلىق، چوڭقۇر ھېرىسمەنلىك بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ھەر بىر كىشىنىڭ قولىنى قاتتىق قىسىپ، خۇش خۇي چاخچاق قىلىپ كورۈشتى، ئاندىن ئۇدۇل ئالماسنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— سالام، يولداش ئالماس! — دىدى مايور كونا قەدىردانلاردەك ھېچبىر تەمتىرىمەي ئالماسنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ.

— سالام، سالام! — دىدى ئالماس بىر ئاز ھەيران بولۇپ ۋە بۇ ھەربى ئادەمنى ئومرىدە بىر قېتىممۇ كورۇپ باقمىغانلىغىنى كوڭلىدە جەزىم قىلدى. لېكىن، شۇنداق بولسىمۇ، "بۇ ئادەمنىڭ مىجەز-خۇلقى نىمە دىگەن تونۇش-ھە؟ ماڭا بۇ توغرىلىق ئاسىم ئەپەندىم سوزلەپ بەرمىگەنمىكىن" دەپ ئوي-

لاپ قالدى......

— بىز مۇشۇ تاپتا سىلەرنىڭ يۇرتتىن، زەرەپشان بويىدىن كېلىۋاتىمىز، — دېدى مايۇر تېخىچىلا ئەجەپسىنىپ تۇرغان ئالماسقا دوستلارچە مېھرىۋانلىق بىلەن قاراپ، — ھازىر ياڭاقلىق يېزىسى قاينام - تاشقىنلىققا چۆمۈپ كېتىپتۇ...... ئۇنىبېشى، يۈز-بېشى، مىراپ، دۆۋان بېگى دېگەنلەرنى بىر ئۆيگە سولىۋېلىپ ھېساپ - كىتاپ قىلىشىۋېتىپتۇ...... خەق بىردەمدىلا ئۆز كۈنىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ بوپتۇ، — مايۇر يېنىدا تۇرغان ئېلشاغا قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئېلشا تاغام بىلەن تاسادىپى ئۇچرىشىپ قالدىم، ياڭاقلىق يېزىسىنى بىللە زىيارەت قىلدۇق، ماڭا ھەممىنى سۆزلەپ بەردى، شۇنداق ئىسىل قوشاقلىرى بار ئىكەن، زوقلىنىپ ئاڭلىدۇق. بىراق، كۆزى ناچار ئىكەن. داۋالىتىش كېرەك. بىزدە دوختۇرلار بار، ھوددىسىدىن چىقىدۇ......

مايۇر قىزغىن سۆزلەۋاتقاندا، ئالماس مايۇرغا سىنچىلاپ سەپسېلىپ، ئۆز گۇمانىنىڭ خاتا ئەمەسلىكىگە ئىشەندى:

— نېمە دېسەم بولىدۇ، مەن بىر نەرسىنى سوراي دەپتىم، — ئالماس سەل دىلغۇللىراق بولۇپ مايۇرغا قارىدى.

— سوئالمۇ، ياخشى، قېنى سوراڭ، دۇرۇس گەپ، — دېدى مايۇر.

— سىز ئابلىكىم ئەمەسمۇ؟......

مايۇرنىڭ كۆزلىرى يالتىراپ كەتتى.

— مانا دېمىدىممۇ، بىز كونا تونۇشتە، ئەلۋەتتە مەن ئابلىكىم...... ھە، ھە، ئېيتىڭ، سىز توغرىلىق، سىزنىڭ پارتىزان يىگىتلىرىڭىز توغرىلىق مەن بۇ يەرگە كېلىپلا ئاڭلىغان، ئېلشا

تاغامۇ، سىلەرنىڭ يۇرتلۇقلارمۇ سوزلەپ بەردى. خوش، سىز مېنى قانداق بىلدىڭىز؟......

ئالماس سەل ھاياجانلىنىپ ئېيتتى:

— ئىسىم ئەپەندىم سوزلەپ بەرگەن......

— ئىسىم؟......

مايۇر ئابلىكىم قويۇق قوشۇما قاشلىرىنى بىر يەرگە تۇ-گۇپ، چوڭ ۋە قارامتۇل كوزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ ئۇز خاتىرىلىرىنى ئاقتۇرۇپ چىقتى. لېكىن، نىمە ئۇچۇندۇر ئەسلە-يەلمەيۋاتاتتى......

— ئۇرۇمچى سىفەندە سىز ئوقۇتقان، كېيىن جەنۇپقا — يەكەن دەرياسى بويىغا سۇرگۇن قىلىنغان ياش مۇئەللىمنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ......، — ئالماس ئابلىكىمنىڭ ئەسلىشىگە ياردەم بېرىپ ئېيتتى، — كېيىن سىز غۇلجىغا ئوتۇپ كېتىپ ئۇچ ۋىلا-يەت ئىنقىلاۋىغا قاتنىشىپسىز...... ئىسىم ئەپەندىم ھەتتا سىزنىڭ «ئالغا» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرىڭىزنىمۇ ئوقۇپ بەرگەن. ئەسلەن، «ئويغان، جەنۇپلۇق قېرىنداش!»نى......

مايۇرنىڭ قاشلىرى سەكرەپ كەتتى:

— دۇرۇس، دۇرۇس، ناھايىتى دۇرۇس، ئەمدى ئەسكە ئالدىم، — دېدى ئۇ خوشال بولۇپ، — قەشقەرلىق ھامىلىنىڭ ئوغلى ئىسىم!...... مانا ئەمدى ھەممىسى ئايان بولدى. مۇنداق دەڭ. ئىسىم ئۇرۇمچى سىفەندە ئوقۇۋاتقاندىلا ناھايىتى جىگەر-لىك، بىر سوزلۇك، چىمدام - تاقەتلىك يىگىت ئىدى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تەشۋىقات ۋەرەقىسى تارقىتىشقا قاتناشقان، ھەمىشەم تەھدىت ئاستىدا تۇرسىمۇ، قورقۇش دېگەننى بىلمەيتتى. يەنئەندىن ئەۋەتىلگەن كوممۇنىستلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت

قىلاتتى. خوش، شۇ ئاسىم ھازىر قەيەردە؟......

بۇ سوئالغا ھە دىگەندە جاۋاپ بىرىش ئالماسقا، ئالماسنىڭ پارتىزان يىگىتلىرىگە ناھايىتى ئېغىر كەلدى. ئۇلار خېلى بىر ۋاقىتقىچە بېشىنى سىلىپ، ھەسرەتلىك خىياللارغا چۆكتى. شۇنداق بولسىمۇ نىمە چارە؟...... ئالماس ئاسىمنىڭ كېيىنكى ھاياتىنى، قۇربان بولۇش جەريانىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى.

مايۇر ئابلىكىم ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جەڭچىلەر تەزىيە بىلدۇرۇپ بېشىنى ئەگدى. ئابلىكىم چوڭقۇر ئېچىنىش ئىچىدە كوپچىلىككە قارىدى:

— شۇنداق، خەلق ئازاتلىغى ئىشلىرى يولىدا نۇرغۇن مۇنەۋۋەر سەپداشلىرىمىز قۇربان بولدى، — دىدى ئۇ، — ئۇرۇمچى سەفەندىكى چاغدا ئاسىمنىڭ بىر قەدىرلىك مۇئەللىمى بار ئىدى. يولداش دوڭ داشى. ئۇ كىشى بىز ھەر مىللەت ياشلىرىغا جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ شەرەپلىك يولى، مەقسىدى ۋە نۇرلىرىنى يەتكۈزگەن، مەن بىلەن تۇرمىداش بولغان، ئاجايىپ قورقماس قەيسەر كوممۇنىست ئىدى. تېخى ئۈچ ئايلا بوپتۇ، قەشقەر تۈرمىسىدە ئاجۇيجاڭ دىگەن نەرسە ئۆز قولى بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ...... بىز بۇ قېتىم قەشقەردە نۇرغۇن ئىنقىلاپ قۇربانلىرى، جۈملىدىن يولداش دوڭ داشى ئۈچۈن تەزىيە يىغىنى ئاچتۇق. جەسەت ئۇستىخانلىرىنى كولاپ تېپىپ، قايتىدىن دەپنە قىلدۇق...... ئىنقىلاپ قۇربانلىرىنىڭ يۈرەك قانلىرى بىكارغا كەتمىدى. ئازاتلىق قۇياشى ھامان ئۆزىنى كۆرسەتتى. بىز جەزمەن ئىنقىلاپ قۇربانلىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، بىرلىكتە تىرىشىپ، كونا جەمىيەتتىن قېپقالغان بارلىق پاسكىنا ئەخلەت، داغلارنى تازىلاپ، خەلقنىڭ يېڭى جەمىيىتىنى تىزرەك

بەرپا قىلىشىمىز لازىم......

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار دۆڭ داشىنىڭ ئىنىسى دۆڭ تېخەننى ئەسلەشتى. ئالماسنىڭ دۆڭ تېخەننى بىلىدىغانلىقى ئابلىكىمنى ئىنتايىن خوشال قىلدى:

— يولداش دۆڭ تېخەن بىز بىلەن بىللە، ھازىر ناھايىتى ئالدىراش،— دېدى ئابلىكىم،— بۈگۈن ئەتىگەن قاغىلىقتا كەتتى، بىرنەچچە كۈن ئىچىدە قايتىپ كېلىدۇ ۋە بىز بىلەن بىللە بولىدۇ. دۆڭ داشىنى كورۇپسىزغۇ، دۆڭ تېخەن خۇددى ئاكىسىنىڭ ئۆزى، قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدۇ، جەزمەن ئۈچرىشىپ قالىسىز......

مايۇر ئابلىكىم شۇ گەپنى ئېيتىپ تۇرۇپ، بىر جەگچىنى قوشۇپ، ئېلىشانى ماشىنا بىلەن ھەربى دوختۇرخانىغا ئەۋەتتى. ئاندىن ئالماسنى قولتۇقلاپ، بىر چەتكە تارتتى:...

— يۇرۇك، ئايلىنايلى، بىر ئىش بار، مەسلىھەتلىشىمىز،— دېدى.

ئۇلار ئەينەكتەك مۇز قاتقان كول بويىغا كەلدى، تۇز ئۇسكەن باراقسان چىنارنىڭ ئالدىدا توختاشتى. ئابلىكىم:

— قىسىم باشلىقلىرى پارتىزان يىگىتلەردىن بۇ يەردە قالدۇرۇلىدىغان كىشىلەر توغرىسىدا ئېيتتىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئېيتتى، تۇت - بەش كىشىنى تاللاپ قالدۇرۇشنى، ساقچى ئىدارىسىگە بېرىش كېرەكلىگىنى ئېيتتى، — دېدى ئالماس.

— ناھايىتى ياخشى، — دېدى مايۇر، — بۇ بەش يولداش ماڭا كېرەك. خەلقنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنى قۇرۇش ئۈچۈن ئارمىيەدىن، پارتىزان يىگىتلەردىن بىر بولۇك ئادەم ئالىمىز، — ئاندىن ئۇ ھازىرقى ۋەزىيەت، جىددى ۋەزىپىلەر

ئۈستىدە سوزلەپ بەردى، — ھازىر ھەممە يەرگە ئازاتلىق نۇرى چېچىلدى. لېكىن، ئاسماندا بۇلۇت پۈتۈنلەي تۈگەپ كەتكىنى يوق. ئەھۋال خېلى جىددى. قەشقەردە ئېنىقلىشىمىزچە، قوراللىق توپىلاڭ كوتىرىشنى مەقسەت قىلغان ئىككى باندىت "چەتئەلگە قېچىپ كەتتى" دىگەن تۈتەك پەردىنى تارقىتىۋېتىپ، قەشقەردىن يوشۇرۇن كېلىپ مۇشۇ ئەتراپقا ئورۇنلاشقان. مەلچىرىمىزچە، ئۇ ئىككىسى بۇ يەردە بەزى مەدرىسلەرنى پانا جاي قىلىشى مۇمكىن. بۇ ئىككى باندىتنىڭ بىرسى دىنى تونغا ئورۇنۇۋالغان چوڭ ھەربى جاسۇس. يەنە بىرسى ئىككى قولى ئىنقىلاپ قۇربانلىرىنىڭ قېنى بىلەن بويالغان جاللات. ئۇلارنىڭ دەل مۇشۇ تاپتىكى مەقسىدى پۇقرالارنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كىرىۋېلىش. ئۇلار ئۇزاققىچە يوشۇرۇنۇپ يۈرۈشىمۇ، دەرھال ھەركەتكە ئوتۇشىمۇ مۇمكىن......

ئابلىكىم سوزلەۋاتقاندا، ئالماسنىڭ كوز ئالدىدىن بەزىبىر خاتىرىلەر تىزىلىپ ئوتتى، ئالدىراپ توش يانچۇغىغا قولىنى سالدى.

— ھازىر دىققەت قىلىدىغان بىر نازۇك مەسىلە بار، — دىدى ئابلىكىم نىمىندۇر ئەسلەپ قوشۇمىسىنى تۈرگەن ھالدا، — بىز دەۋاتقان بۇ ئادەملەرنىڭ بېشىدا سەللە، ئۈستىدە پېشى يەرگە سورۇلۇپ ماڭىدىغان پەرىجە، قولىدا قۇرئان بار. بۇ، مەسىلىنى مۇرەككەپلەشتۈرىدىغان ئىش. شۇڭا، سىياسەت بويىچە ئىش قىلىشىمىز كېرەك. پارتىيىنىڭ دىنغا ئېتىقات قىلىش ئەركىنلىگى سىياسىتىنى قەتئى ئىجرا قىلىش بىلەن دىنىنى چۈمپەردە قىلىۋېلىپ خەلققە، خەلق دولىتىگە دۈشمەنلىك قىلغانلارغا قارشى تۇرۇش — ئىككى ئىش، نورمال دىنىي پائالىيەت بىلەن بىزنىڭ

ئىشىمىز يوق. بۇرۇن قانداق قىلغان بولسا ھازىرمۇ شۇنداق قىلمۇەرسۇن. ئوز ئىشى، ئوز ئەركى. لېكىن، دىنىي پەردە قىلىپ، خەلقنى ئازدۇرۇپ، يامان ئىش قىلىۋاتقانلارنى پەرقلەندۇرىمىز. ھازىر پەرقلەندۇرۇشمۇ تەس. ئېھتىياتچان بولۇشىمىز لازىم. مۇھىمى ئامىمغا تايىنىپ، قېرىنداشلار بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ ئىش كورۇشىمىز لازىم......

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئالماس توش يانچۇغىدىن ئۇ يەر، بۇ يېرىگە قىپ - قىزىل قان داغلىرى ئۇيۇپ قالغان بىر خەتنى ئالدىراپ ئالدى - دە، ئابلىكىمگە سۇندى:

— كورۇڭ، بۇ ئاسىم ئەپەندى جان ئۈزۈش ئالدىدا يېزىپ كەتكەن خەت...... سىزنىڭ گېپىڭىز بىلەن بۇ خەت ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇر بىر باغلىنىش باردەك قىلىدۇ......

مايۇر خەتنى قايتا - قايتا ئوقۇدى. "نامازشام خىزىرىسى"، "غىلاپلىق خەنجەر"، "ھىكمەتلىك ئۈزۈك" دېگەن سوزلەرنى ئە-تىيارسىز ئاۋازىنى چىقىرىپ تەكرارلىدى.

ئالماس بۇ خەتنىڭ قانداق قولغا چۈشكەنلىگىنى، ئۇنىڭ سەلملىك غەلتە كىشى توغرىسىدىكى قىياسلارنى ئېيتىپ بەردى.

— بۇ خەت ئىنتايىن مۇھىم، — دېدى ئابلىكىم قوشۇ-مىسىنى تۈرگەن ھالدا خەتتىن كوزىنى ئالماي، — بىزنىڭ قەشقەردە قىلغان پەرەزلىرىمىز توغرا چىقىۋاتىدۇ، چىگىشنىڭ ئۈچى تېپىلدى دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن، بۇ يەردە "ھىكمەتلىك ئۈزۈك" پەيدا بولۇپ قالدى. بۇ ئۈچىنچى شەخسى مۇشۇ يەر-لىك كىشىمۇ ياكى غايىپ "مېھمان"مۇ؟......

ئابلىكىم بىلەن ئالماس بۇ ھەقتە تەھلىل قىلىپ كورۇپ، ئېنىق خۇلاسىگە كېلەلمىدى. كۈرەش يولىنىڭ بارغانچە مۇرەككەپ

بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئابلىكىم:

— سىز بۇ يەردە قالدۇرۇپ كېتىدىغان يىگىتلەرنىڭ تىزىمىنى بېرەمسىز، كىملەر قالماقچى؟ — دەپ سورىدى.

ئالماس بىر تىزىملىكنى ئېلىپ ئابلىكىمگە سۇندى، ئابلىكىم تىزىملىككە كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن ئېيتتى:

— يۈرۈڭ، قالىدىغان يىگىتلەر بىلەن تونۇشايلى......

ئۇلار خېلى بىر كەمگىچە قالدۇرۇلىدىغان يىگىتلەر بىلەن مەشغۇل بولدى. يىگىتلەر خوشال ئىدى. ھەتتا تاجىك يىگىتى سالمان ئۆزىنىڭ بۇ يەردە قالدۇرۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ:

— كۆزۈڭنى ئاچ خەق. ئاكاڭنى ئەمدى بوش كۆرمە! ئاكاڭ قارىغاي بۈگۈندىن باشلاپ دىكتاتورا! — دەپ خوشال بولغىنىدىن ئۆز ئورنىدا پىقىراپ ئۇسۇلمۇ ئويناپ كەتتى.

لېكىن، ئېلىقۇل خوشال ئەمەس ئىدى. نېمە ئۈچۈندۇر جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدە قېلىش ئۇنى ئۆزىگە تارتمىغاندەك ئىدى. ھەتتا ئۇ، ئۆز ئىسمى ئوقۇلۇۋاتقاندا ئالماسقا نارازى بولۇپ ئالىيىپمۇ قويدى.

ئېلىقۇلنىڭ كەيپىياتىنى ئابلىكىم دەرھال سەزدى:

— ھە، يىگىت، سەن رازى ئەمەسمۇ؟

— ياق! ......

— ياق دەمسەن؟

— شۇنداق! ......

— بۇ نېمە گەپ؟

ئېلىقۇل غەزەپلەنگەن ھالدا ئەتراپقا، شەھەر سىرتىغا، يىراق كۆپنىلۇن چوققىلىرىغا قاراپ قويدى:

— مېنىڭ تېخى ئىشىم بار......

— ئىشىم بار؟......قانداق ئىش؟

ئېلىقۇل تىت-تىت بولۇپ ئېيتتى:

— ئالماس ئېيتتىمغۇ، مەخسۇت بەگنىڭ ئۆلگەن - ئۆلمىگەنلىكى توغرىسىدا بىز تېخى دەر گۇماندا......بۇ قانخور ئەجەپ ئەمەس تىرىك بولسا!......مېنىڭ جادو قىلىچىم ئۇنىڭ شۇم كاللىسىنى ئۈزۈپ توغرىۋەتمىگىچە ھەرگىز پۇخادىن چىقمايمەن......

مېنىڭ جان ئۇكام كەنجىتاي، دادام، مېھرىۋان ئانام بىچارە......

ھەي......بۇ كۈنلەرنى كورەلمىدى خەپ!......

ئېلىقۇلنىڭ بويۇن تومۇرلىرى كوپۇپ، كوزلىرىدە غەزەپ ئوتلىرى يالتىراپ كەتتى.

ئابلىكىم بىر خىل ھېسداشلىق بىلەن ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ:

— مۇنداق دىگىن، شۇنداق قىلىپ ئۇكا، سەن قاچقۇن باندىتنى تۇتۇپ، ئوچ ئالماقچىمۇ؟ — دىدى.

— شۇنداق بولماي! ......مەن ئوز - ئوزەمگە قەسەم بەرگەنمەن ......

— ياخشى، — دىدى ئابلىكىم، — بىزچۇ ...... نىمە ئىش قىلىمىز؟ ...... دەل شۇ ئىش ئەمەسمۇ......ئىنتىقام ئېلىش يالغۇز سېنىڭلا ئىستىگىڭمۇ، ئۇنداق ئەمەس، باسمىچى باندىت، قاچقۇن زومىگەرنى يەر چىشلىتىدىغان جەڭگىۋار خەنجەر گۇرۇپپا بولۇپ ئېلىشىشنى خالىماسىنا؟ ......

ئېلىقۇل ئىتتىك بېشىنى كوتەردى، كوزلىرى چاقناپ كەتتى ۋە مايۇرنى قۇچاقلىدى......

شۇ چاغدا، بىر ياش جەڭچى كېلىپ، ئالماسقا پارتىزان يىگىتلەرنى شەھەر بويىچە ئوتكۇزۇلىدىغان چوڭ يىغىنغا قاتنىشىش

تەكلىپ قىلىنغان قىزىل قەغەزنى تاپشۇردى ھەمدە ئابلىكىمگە قاراپ:

— يولداش مايۇر باشلىقلار سىزنى كۈتۈۋاتىدۇ،— دېدى.

ئابلىكىم جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىغا ئېلىپ قېلىنغان ئېلىقۇل، سالمان باشلىق بەش يىگىتنى بىر ياش ئوفىتسېرگە تونۇشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى پارتىزان يىگىتلەر بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلاشتى......

ئالماس پارتىزان يىگىتلەرنى ئېلىپ، مەيدانغا قاراپ كەتتى......

بۇ كۆنى كوئېنلۇن ئېتىكىدىكى بۇ ئاۋات شەھەر ئۆز تارىخىدا تۇنجى قېتىم ھاياجانلىنىپ ئەركىن نەپەس ئالماقتا ئىدى. ھېيت - ئايەملىك كىيىملىرىنى كىيگەن، قىزىل بايراق، پىلاكاتلارنى كۆتەرگەن، قوللىرىدا ئالا - يېشىل بايراقچىلارنى تۇتقان ئون مىڭلىغان شەھەر ئاھالىسى، كاسىپلار، يىراق - يېقىندىن تەنتەنە قىلىپ كىرگەن دېخانلار سەپ - سەپ بولۇپ، ناغرا - سۇناي، دۇتار - تەمبۇر چېلىپ، ئۇسۇل ئويناپ - ناخشا ئېيتىپ، كوچا - يوللارغا پاتماي چوڭ يىغىن بولۇۋاتقان مەيدانغا قاراپ ئاقتى......

ئالماس لەيلىگۇل بىلەن مۇرىلىرىنى بىر بىرىگە تىرىگەن ھالدا شەھەر كوچىسى بويلاپ ئالدىراپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى ناھايىتى كوپ ۋە تۈگىمەس ئىدى...... شەھەر قىزىل بايراق دېڭىزىغا چومۇلگەن. شەھەر ئاسمىنىدا ھاياتبەخش ئالتۇن قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى جىلۋە قىلاتتى...... پۈتۈن شەھەردە تەنتەنە سادالىرى ياڭرايتتى. ئالماس بىلەن لەيلىگۇل ئالدىرىماقتا، يېڭى جەڭگىۋار ۋەزىپە ئۇلارنى ئالدىرىتاتتى......

## ئۈچىنچى باب

### 1. يولدا

قەھرىتان قىش. قىشتىن كېيىن باھار كېلىدۇ، لېكىن
باھار تېخى كەلگىنى يوق.

قوزا چۆش. تاراقلاپ قاتقان كاداك ھارۋا يولىدا ياش
قۇرامى بىر بىرىدىن ئۇن ياشچە پەرق قىلىدىغان ئىككى كىشى
قىزغىن پاراڭلىشىپ پىيادە مېڭىپ كەلمەكتە.

يول ئىگىز - پەس، ئەگرى - دوناي ۋە تېيىلغاق. چەھ-
بەرلەنگەن ھارۋا چاقلىرى، ناھاللىق ئۇتۇك، تاقىلانغان ئات - ئې-
شەكلەرنىڭ تاراق - تۇرۇقلىرى ئاندا - ساندا ئاڭلىنىپ قالىدۇ،
ھورى كوتىرىلىپ تۇرغان تېزەك يەرگە چۈشۈش بىلەن قاتىدۇ
ۋە شۇ زامات مۇزلاپ ئاقىرىدۇ. ساقال - بۇرۇتلىرىنى ئاپپاق قە-
رو باغلاپ كەتكەن يولۇچىلار، "چاي - تۇز" قىلىش ئۈچۈن ئو-
تۇن ئېلىپ كەلگەن دېخانلار قولىنى ھوداپ ئىسسىتىپ، ئېشەك-
لىرىنى دۇشكەلەپ ئۇتۇپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ كىرپىكلىرىنى قېلىن
قىرو باسقانلىقتىن ئەتراپقىمۇ تۈزۈك قارالمايتتى.......

پاراڭلىشىپ بىللە كېتىۋاتقان ئىككى كىشى ئۈچۈن، بۇ
يول پۈتۈنلەي ناتونۇش. شۇڭا ئۇلار ئۇتكۈنچىلەردىن سەل
تارتىنىپ بولسىمۇ، ئۇنى - بۇنى سورايدۇ، ئۇزلىرى يېتىپ بارى-
دىغان مەنزىلنى ئېنىقلاپ كورىدۇ ۋە رەھمەت ئېيتىپ، بىر

بىرىگە قارىشىپ قويۇپ، يولنى داۋام قىلدۇ.

ئۇلارنىڭ بىرسى ئوتتۇز بەش - ئوتتۇز ئالتە ياشلارغا كىرگەن، ئوتتۇرا بوي، قويۇق ئەگمە قاش، چوڭ كوز ۋە چېكە چاچلىرىغا ئاندا - ساندا ئاق كىرگەن كىشى بولۇپ، ئۇستىدە ھەربى بەلگىلىرى ئېلىپ تاشلانغان ماشرەڭ پاختىلىق كىيىم، بېشىدا پاختىلىق شەپكە، پۇتىدا "باجىگگىر" كالتىساق بار ئىدى. دۇمبىسىدە ئەپچىل قىلىپ تېگىلگەن چاقان شىگىلى بولۇپ، مۇرىسىدە ئىككى ئۇچىغا سىۋەت چىگىلگەن ئەپكەش لەپەگشىپ تۇرىدۇ. ئۇ يول بويى قولىدىكى كالتا ساپلىق گۇرجەك بىلەن يول ئۇستىدە ئۇچرىغان تىزەكلەرنى تېرىپ سىۋەتىگە سېلىپ كېلەتتى ......

ئۇنىڭ ھەمرايى بولغان يىگىت ئەمدىلا يىگىرمە ئىككى - يىگىرمە ئۇچ ياشلارغا كىرگەن، ئورۇق، ئىگىز بوي، كوز - لىرى ئويناپ تۇرىدىغان، خوش خوي. چاخچاق خومار ياشلاردىن بولۇپ، بېشىدا يىگى سان - سان قولاقچا، ئۇستىدە كوك خادا - نىدا تاشلانغان ئەلتىرە جوۋا، پۇتىدا قارا پىيما بار ئىدى. ئۇمۇ گويا ئەپكەش كوتىرىۋالغان ھەمرايىنى دورىغاندەك، ئاددىلا بىر شىگىلنى دۇمبىسىگە تېگىۋالغان.

ئەپكەش كوتىرىۋالغان كىشى يول بويى ھەممە نەرسىگە — تۇمان قاپلىغان كوئېنلۇن تىزمىلىرىغا، ئاقىرىپ كورۇنگەن دەريا قىرغاقلىرىغا، چوكا مۇزلار ساڭگىلاپ تۇرغان دەل - دەرەخلەرگە، ئاندا - ساندا كوزگە تاشلىنىپ قالىدىغان شالاڭ مەھەللە، پاكار، كومۇلاچ تاملىق غېرىپ كەپىلەر ۋە يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى نېپىز قار بىلەن چومكونۇپ تۇرغان كاندۇك - كاندۇك كوزگى بوغداي ئېتىزلىرىغا ئويچانلىق بىلەن قىزىقىپ قاراپ كېلەتتى ۋە

يىنىدا خوشال پاراڭ سېلىپ، توختىماي سوزلەپ كېلىۋاتقان ياش يىگىتنىڭ ئوزى قىزىققان نەرسىلەرنى ئاسماۋىچىلاپ-زىغىر-لاپ سورايتتى ۋە ئۇنىڭ جاۋاپلىرىنىڭ بەزىلىرىگە قانائەتلىنىپ، بەزىلىرىگە ئەپسۇسلانغاندەك بولۇپ كۇلۇمسىرەيتتى......

ئۇلارنىڭ شەھەردىن چىقىپ، كاداڭ ھارۋا يولىغا چۇشۇپ مېڭىۋاتقىنىغا ئۇچ سائەتتىن ئاشتى. ئۇغۇت سۆەتلىرى بىر-نەچچە قېتىم توشتى. ھەر قېتىم سۆەت توشۇپ، ئەپكەش يا-دەك ئىگىلگەندە، ئەپكەش كوتىرىپ كېلىۋاتقان كىشى سۆەت-لەرنى يەرگە قويۇپ، بويىنىدىن قىزىل يوللۇق لوڭگىسىنى ئېلىپ، پىشانىسىنى سۇرتكەچ ئەتراپقا قارايتتى ھەمدە ئۇغۇت بىلەن لىق تولغان ئىككى سۆەتنى بىراقلا كوتىرىپ، يول بويىدىكى كۆمۈلاچ تاملىق پاكار ئۆيلەرنىڭ چەت-چۆرىسىدىكى كىچىك-كىچىك ئۇغۇت دوۋىلىرىگە ياكى يول بويىدىكى ئالقاندەك كانىدۇك ئېتىزلارنىڭ قىرلىرىغا توكۇپ، ئۇستىنى توپا بىلەن باستۇرۇپ قايتىپ كېلەتتى.

پاراڭ سوقۇپ كېلىۋاتقان ياش يىگىت بولسا، ئۇز ھەم-رايىنىڭ ئەجرى قىلىپ بىر تال، بىر تالدىن تەرگەن ئۇغۇتنى ھېچبىر "رەھمەت-ھەشقاللىسى يوق" نەدىكى بىر كىشلەرنىڭ ئېتىز-قىرلىرىغا توكۇپ قويۇۋاتقانلىقىنى كورگەندە، ئەجەپلىنىپ:

— يولداش دۆڭ تېخەن، قىزىق ئىكەنسىز! تىزەك تېرىپ جاپا تارتىسىز، قارىسا تەرلەپ كەتكىنىڭىزنى!......بىكارلا بىر يەرگە توككىنىڭىز نىمىسى. ھېچ چۇشەنمىدىم. ئۇنىڭدىن كورە ئادىمىنى تېپىپ بەرسىڭىز، رەھمەت ئېيتىپ خوش بولسىمۇ ھې-ساپ ئەمەسمۇ؟ — دەيتتى.

— ئوخشاش، — دەيتتى دۆڭ تېخەن كۇلۇپ، — ئۇغۇت

دىگەن يەرنىڭ ئۇزۇغى. بىر يەرگە جۇغلانغان ئوغۇتتىن دىخان ئوگايراق پايدىلىنىدۇ. ئوغۇت بولمىسا ھوسۇل چىقمايدۇ. ھەممىمىز دىخان باللىرى تۇرساق، ئاشۇنچىلىك ئىشقىمۇ "رەھمەت" تاما قىلامدۇق...... قانداق ئا پەيىي، سىزچە توغرىمۇ؟......

بۇ قېتىم ياش يىگىت نىمە ئۇچۇندۇر ئۇنىڭ بىلەن تاكاللاشمىدى. ئويلىنىپ قالدى، خېلى بىر يەرگىچە ئۈن-تىنسىز ماڭغاندىن كېيىن، ئۇزىمۇ يول بويىدىكى تالدىن ئەپلەپ-سەپلەپ بىر چويلا توقۇۋالدى-دە، تىزەك تەرگەچ مېڭىشقا ئادەتلەندى.

يول ئۇزارغانسېرى يېڭى-يېڭى ئوغۇت دۆۋىلىرى ئىز بولۇپ ئارقىدا قېلىۋەردى. بۇ ئىش يىگىتكىمۇ يېقىپ قالدى.

— يولداش ئابدۇللا، — دىدى دۇك تېخەن سۋەتتىنكى ئوغۇتنى توكۇپ، ئەپكەشنى مۇرىسىگە ئالغاندىن كېيىن ياش يىگىتكە قاراپ، — مېنىڭ سىزگە ئىككى تەكلىپ-تەلىۋىم بار، ئېيتىپ باقايمۇ، قوشۇلامسىز؟......

— قوشۇلمەن، — دىدى ئابدۇللا ھېچبىر ئويلانمايلا.

— ناھايىتى ياخشى، مۇنداق قىلساق قانداق، — دىدى دۇك تېخەن سەمىملىك بىلەن ئابدۇللاغا قاراپ، — بىرسى، مۇندىن كېيىن مېنى ئاددىيلا قىلىپ لاۋدۇڭ دەپ ئاتاۋېرىڭ. بىز ئەمدى كونا تونۇش، سەپداش بولۇپ قالدۇق. يەنە ئۇزاقىچە بىللە ئىشلەيمىز. ئىككىنچىسى، سىز ماڭا ئۇستاز بولىسىز. مەن سىزگە شاگىرت بولماقچىمەن. ئۇيغۇر تىلىنى ئۈگىتىڭ، بولامدۇ؟......

ئابدۇللا سەل ھەيران بولۇپ، ئىتتىك دۇك تېخەنگە قارىدى:

— ئۇيغۇر تىلىنى دەمسىز؟ ...... مەن ئۇگىنىمەنمۇ؟ ......

— ئەلۋەتتە، ئۇيغۇر تىلىنى...... چەزمەن سىز ئۇستاز بولىسىز......

دەل شۇ پەيتتە، قارشى تەرەپتىن ئۇچ ئات قوشۇلغان، چاقلىرىغا چەمبەر تۇتۇلغان ياسداق بىر هارۋا تاراقلاپ چىقىپ كەلدى.

هارۋىغا زىلچا-گىلەم، ئەتلەس كورپىلەر سېلىنغان، ئاتلارنىڭ باش-كوزلىرىگە قىزىل-يېشىل يۇڭ پوپۇكلەر باغلىنىپ، بويىنىغا كولدۇرمىلار ئېسىلغان بولۇپ، ئۇ، خۇددى قىز كوچۇرگىلى ماڭغان توي هارۋىسىدەك زىننەتلەنگەن ئىدى.

دۇڭ تېخەن بىلەن ئابدۇللا هارۋا ئۇستىدە ئولتۇرغان ساقاللىق، ياش قۇراملىرى بىر بىرىدىن ئانچە پەرق قىلمايدىغان ئىككى مويسىپىتكە سەپسېلىپ قارىدى. مويسىپىتلەر نەمىگدۇر ئالدىراۋاتقاندەك ئىدى ۋە هەدەپ ئاتلارنى ئالدىرىتىپ، قامچىلىرىدىن قاس چىقىرىپ قوياتتى.

ئۇلارمۇ دۇڭ تېخەن بىلەن ئابدۇللانىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە، يول ئۇستىدە تىزەك تېرىپ يۇرگەن بۇ ئىككى كىشىگە ئەجەبلىنىپ، بىر ئاز غەلىتىلىك هىس قىلغاندەك، كوزلىرىنى ئۇزمەي ئۇزاق قاراشتى-دە، ئوتۇپ كەتتى......

هارۋا ئوتۇپ كەتكەندىن كېيىن دۇڭ تېخەن بىلەن ئابدۇللا هارۋىغا كەينىدىن قاراپ قويۇپ، يەنە ئوز پاراڭىغا چۇشتى:

— بۇ مېنىڭ جىددى تەلىۋىم، — دېدى دۇڭ تېخەن ئابدۇللاغا ياندىشىپ مېڭىپ، — سىز چوقۇم ماڭا ئۇستاز بولالايسىز......

ئابدۇللا ئويلىنىپ قالدى:

— ھەيتاگەي ...... قانداق بولاركىن، — دېدى ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر ئىلاجىسىز قالغاندەك بولۇپ، بېشىنى تىزۋەن سالغان ھالدا، — سىز بىلەمسىز، مېنىڭ خەنزۇچە سەۋىيەم بار-يوقنىڭ ئورنىدا، چالا-پۇچۇق. ئۇيغۇرچە يېزىش-چىزىشىنمۇ مۇشۇ ئىككى-ئۈچ ئايدىن بۇيان قىسقا مۇددەتلىك تەرجىمانلار كۇرسىدا ئۆگەندىم. ئاجايىپ ئىش. تەرجىمان بولۇپ قېلىش ئۇخلاپ چۈشۈمگىمۇ كىرمەپتىكەن. ئاتا-ئانام ھايات ۋاقتىدا لىۇ ئۇستام بىلەن بىر ھويلىدا بىرنەچچە يىل بىللە ئولتۇردۇق. ئۇ كىشى بىرگە ئوخشاش نامرات بولسىمۇ، ئۇستا خەيجاڭ ئىدى. ياماقچىلىقىمۇ قىلغان. ئوششاق باللىرى بار ئىدى. ئۇلار بىلەن بىللە ئويناپ، ئاز-پاز تىل ئۆگىنىپ قالدىم. كېيىن ئاتا-ئانام ئۆلۈپ كەتتى. لىۇ ئۇستامۇ ھۇنىرى ئاقماي نەگىدۇر كېتىپ قالدى. مەن ئاتا كەسپىگە قايتتىم. دادام سوغىچى ئىدى. ئۆلۈپ كەتكەندە بىر جۇپ سوغا مىراس بولۇپ قالغان. شۇ سوغا بىلەن سۇ توشۇپ تىرىكچىلىك قىلدىم. بىر كۆنى مىراپ سۇ ھەققى بەرمىدىڭ دەپ سوغامنى يەرگە ئۇرۇپ سۇندادى. تىرىكچىلىك يولۇم كېسىلدى. كېيىن تېرە ئاشلاش ئىشخانىسىغا شاگىرت بولۇپ كىردىم. ئۇ يەردە بىرنەچچە خەنزۇ كاسىپمۇ بار ئىكەن. ئۇزئارا سوزلەشىپ يۈرۈپ، خەنزۇچىنى يەنە ئاز-پاز بىلىۋالدىم. ئاشۇنچىلىكلا ئىش...... "ئۇينىڭ ئىگىسى بولمىسا، ئوشكىنىڭ ئىتى ئابدۇراخمان" دىگەندەك، ھازىر تەرجىمان قىس بولغانلىقتىن مەن تەرجىمان بولۇپ قالدىم. ئۈچ ئايدىن بۇيان تەرجىمانلار كۇرسىدا ئوقۇپ توت-بەش يۈز خەت ئۆگىنىۋالدىم، بىلگىنىمدىن بىلمىگىنىم كوپ،

سىز ماڭا ئۆگىتىڭ، "ئۇستا كۆرمىگەن شاگىرت ھەر مۇقامدا يورغىلايدۇ" دېگەندەك، چالا بولغاندىكىن، سىز باغدىن سۆزلىسىڭىز، مەن تاغدىن ئۇرۇپ كېلىشەلمەي قالمايلى...... ئېيتىپ بېقىڭا، مەن بۇ خەنزۇچىنى ئۆگىنەلەمەنمۇ؟ ......

دۇڭ تېخەن ئىنتىك بېشىنى كۆتىرىپ، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئابدۇللانىڭ كۆزىگە قارىدى:

— ئۆگىنەلەمەنمۇ، دەمسىزا؟ گەپ يوق، مەن قىلچە شۈبھىلەنمەيمەن، — دېدى دۇڭ تېخەن ئۆيلىنىپ تۇرۇپ، — مەنمۇ چوقۇم ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىۋالايمەن. مانا بىز ھازىر كېتىۋاتقان يۇرتنى بىلمەيمىز، ياڭاقلىق يېزىسى، زەرەپشان بەگلىكى دەپ ئاڭلىدۇق. لېكىن، ئاستا-ئاستا تونۇشۇپ بىلىۋالىمىز. بۇ يەردە ناھايىتى كۆپ، ناھايىتى زور ئىشلارنى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئېيتايلۇق، دىخانلارغا ھەمكارلىشىپ كونا ھاكىمىيەت تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىش، دىخانلارنىڭ ئۆز تەشكىلاتىنى قۇرۇش، ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت تەشكىللىرىنى بەرپا قىلىش، ئىشلەپچىقىرىشنى ئۇيۇشتۇرۇش، ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، كونا جەمئىيەتتىن قەپقالغان چىرىندە-داغلارنى تازىلاش، دىخانلارنىڭ قەددىنى كۆتىرىشكە يېتەكچىلىك قىلىش...... قىسقىسى سىز بىلەن بىزنى كۈتۈپ تۇرغان ئىشلار ناھايىتى كۆپ...... قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىغىنى ئۆگىنىش — پارتىيە، ماۋ جۇشى بىزگە تاپشۇرغان سىياسى ۋەزىپە. سىزنىڭ ماڭا ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىتىپ قويەشىڭىز مېنىڭ پارتىيە ۋە ماۋ جۇشىنىڭ يوليورۇغىنى ئىجرا قىلىشىمغا ياردەم بەرگىنىڭىز بولىدۇ، چوڭ ئىش بۇ...... ياردەم قىلىڭ......

ئابدۇللانىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتتى ۋە رازى بولغان ھالدا:

— ئەگەر پارتىيە، ماۋ جۇشى شۇنداق دىگەن بولسا، مەن چوقۇم ياردەم قىلىمەن، — دىدى.

— بىز يەنە شۇنىمۇ كىلىشىۋالايلى، — دىدى دۇك تېخەن مۇلايىملىق بىلەن، — سىز يالغۇز تەرجىمان بولۇپلا ئۇتۇپ كېتەمەن دەپ ئويلىماڭ، تېخىمۇ مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۈستىڭىزگە ئېلىشقا توغرا كېلىدىغان ۋاقىت كېلىدۇ. ھەممىسى ئىنقىلاۋىي خىزمەت، خەلقنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن. ئەگەر خالىسىڭىز مەن سىزنىڭ خەنزۇچىدا كەم يەرلىرىڭىزنى تولدۇرۇۋېلىشقا پۈتۈن ئىخلاسىم بىلەن ياردەم بېرىمەن......

ئۇلار كېلىشتى، خوشال بولۇپ قول ئېلىشتى:

— ئەمىسە شۇنداق قىلايلى......

— ئالدى بىلەن پىلان تۈزەيلى......

— تەخمىنەن يېرىم يىلدا مەن دىخانلار بىلەن بىۋاستە سۆزلىشەلەيدىغان بولاي......

— مەن يېرىم يىلدا خەنزۇچە ئادەتتىكى ھۆججەتلەرنى كورەلەيدىغان بولۇشنى قولغا كەلتۈرىمەن......

ئۇلار شۇ تەرىقىدە سۆزلىشىپ ماڭدى. سىۋەتلەر يەنە توشتى. ئابدۇللا سىۋەتنىڭ بىرسىنى قولىغا ئېلىپ، توپ-توز كەتكەن چوڭ بىر ئېتىزنىڭ قىرىغا ئېلىپ باردى. دۇك تېخەن ئۇنىڭغا قاراپ:

— توختاڭ-توختاڭ، بۇ يەرگە توكمەيلى، — دىدى ۋە ئەتراپقا بىر قۇر كوز يۈگۈرتكەندىن كېيىن، يان تەرەپتىكى ئاندا-ساندا تىزەك چېچىپ قويۇلغان كاندۇك ئېتىزنىڭ بېشىغا كەلدى، — مانا بۇ كاندۇك ئېتىزغا توكەيلى......

كاندۇك ئېتىزنىڭ قىرىغا ئوغۇت توكۇلۇپ بولغاندىن كې-

يمن، ئابدۇللا ئەجەپسنىپ:

— ھەممىسى ئېتىزغۇ، ئەگە تـوكسەك ئوخـشاش ئەمەس-مۇ؟ — دىدى.

— ياق، ئوخشاش ئەمەس، — دىدى دۇك تېخەن ئېتىز-لارنى كورسىتىپ تۇرۇپ، — قارىغا، ئاۋۇ چوك ئېتىز بۇقۇسا بىلەن ھەيدەلگەن، قىر-تىكەنلىرىمۇ چوك، ئىگىز. مانا بۇكاندۇك-لار چاناپ تېرىلىپتۇ. قىرلىرىمۇ كىچىك، نىپىز. ئۇستىگە تاش-لانغان ئانچە-بۇنچە تىزەكلەرگە دىققەت قىلدىڭىزمۇ؟ ...... دى-خان ئوز ئېتىزىنىڭ ئوغۇتى يېتىشمەيدىغانلىغىنى بىلگەن. نام-رات دىخانلار ئاشۇنداق قىلدۇ، يولدا بىر كەتمەن، يېرىم كەتمەن ئوغۇت ئۇچرىسىلا ئېرىنمەي ئوز ئېتىزىغا ئاپىرىپ تاش-لايدۇ. مانا مېنىڭ دادامىمۇ شۇنداق قىلاتتى. بىزنىڭ ھەممىسى بولۇپ ئۇچ كاندۇكقا بولۇنگەن بىر يېرىم موچە يېرىمىز بار ئىدى. ئۇلاق-ئۇشتاق بولمىغاچقا، يەرنى گۇرجەك بىلەن ئاغدۇرۇپ تې-رىيتتۇق. تېرىلغىنىدا ئوغۇت يېتىشمەيتتى. شۇڭا، بىر تال، يېرىم تال تىزەك كورسەك، دەرھال تېرىۋېلىپ ئېتىزغا تاشلايتتۇق. كەمبەغەل دىخانلاردا بەش-ئون مولۇق چوك ئېتىزلار بولماي-دۇ. ئاشلىق، پۇرچاق، سەي-كوكتات تېرىش ئۇچۇن ئوز يېرى-نى ئاشۇنداق كىچىك كاندۇكلارغا بولۇۋېتىدۇ. بۇ بىزنىڭ يۇرت-لاردا، ئىچكى ئولكىلەردە شۇنداق. مەن ئويلايمەن، ھەممە يەردە نامرات دىخانلارنىڭ تەقدىرى بىر. بۇ يەردىمۇ شۇنداق بولۇ-شى مۇمكىن ......

ئابدۇللانىڭ كوڭۇل-كوكسىدىن يېنىك دولقۇن كوتىرىل-گەندەك بولدى. "ھەممە يەردە نامرات دىخانلارنى ئويلاش كېرەك ئىكەن-دە!" دىگەن پىكىر جىلۋىلەندى ۋە دۇك تېخەنگە

ھۆرمەت بىلەن قاراپ قويدى.

— يولداش ئابدۇللا دەرسنى باشلايسىزمۇ؟ — دۇك تېخەن ئەپكىشنى ئۇ مۇرىسىدىن بۇ مۇرىسىگە يوتكەپ، ئالدىرىماي كېتىۋېتىپ، ئابدۇللاغا قارىدى، — قېنى بىرىنچى دەرسنى سىز ئوتۇڭ......

ئابدۇللا دۇك تېخەنگە يېقىنلىشىپ كېلىپ:

— بولىدۇ، دەرسنى باشلايلى. قېنى ئەشكەشنى ماڭا بېرىڭ، مەن بىردەم كوتىرەي......

— ئوخشاش، ئاۋارە بولماڭ، — دەپ دۇك تېخەن ئۇنىمىدى، — بۇ ھېچنىمە ئەمەس. مەن قىسمىغا يېڭى كىرگەندە بىر ئەزگىل ليەنىنىڭ ئاشپىزىگە ياردەمچى بولغان. بەزەن كۈنلىرى سەكسەن، يۈز جىڭ كېلىدىغان قازان-قاسقاننى ئەپكەش بىلەن كوتىرىپ، ئەللىك-ئاتمىش چاقىرىم يول يۈرەتتۇق. مېنىڭ مۇرەم پىشىپ قېتىپ قالغان...... قېنى، دەرسنى باشلايلى، شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇر تىلىدا "نى خاۋ" دىگەننى نىمە دەيدۇ؟......

ئابدۇللا زادى ئۇنىمىدى:

— ئەكىلىڭ، مەن كوتىرەي، مەن ھەر ھالدا سىزدىن ياش، — ئابدۇللا دۇك تېخەنىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي تالىشىپ، ئەپكەشنى ئۆز مۇرىسىگە ئالدى، بىر دەم ماڭغاندىن كېيىن، بىردىنلا سىۋدەتلىرىنى يەرگە قويۇپ، جۇۋىسىنى يېشىپ، ئوڭ مۇرىسىنى ئېچىۋەتتى، — قارىڭا، بۇ نىمە......، پىشقانمىكەن؟...... كونا جەمىيەتتە سوغىچىلىق قىلىش — ئىتنىڭ كۈنىگە ئوخشاش...... ھەي...... شۇلارنى ئويلىسام يۈرىگىم سىقىلىپ كېتىدۇ......

دۇك تېخەن تارتىشىدەك قېتىپ، قاداقلىشىپ كەتكەن جاراھەتلىك مۇرىنى كوردى.

لۇ، ئابدۇللانىڭ ئەۋزىيەتلىك ئىغىر ھاياتى-قىسمەتلىرى توغرىسىدا ئاڭلىغان ۋە ئۇنى ئۇزى بىلەن تەقدىرداش ھىساپلاپ كەلگەن ئىدى. لېكىن، جاراھەتلىك مۇرىنى كورسەگەن ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئابدۇللانىڭ تارتۇق بولۇپ قارىيىپ كەتكەن مۇرىسىنى كۇرۇپ، دەرھال جۇۋىسىنى كىيگۇزدى ۋە ئۇنىڭغا نىمە دەپ تەسەللى سوز ئىيتىشنى بىلمەي قالدى.

شۇنىڭدىن كىيىن ئۇلار خېلى بىر يەرگە بارغىچە ئوز سەرگۈزەشتىلىرىنى سوزلەپ مېڭىشتى. ئاندىن ئوز دەرسىگە قايتتى، دۇڭ تېخەن سورىدى:

— "نى خاۋ" دىگەننى نىمە دىدىڭىزا؟......

— "ياخشىمۇ سىز"......

دۇڭ تېخەن تەكرارلىدى:

— "ياكشىمۇ سى زى"...... ياخشىمۇ سىز...... بولدىمۇ؟......

— بولدى......

— "تۇڭباۋ" دىگەننىچۇ؟......

— "قېرىنداش".

دۇڭ تېخەن تەكرارلىدى:

— "كېرىنداشى".

— ياق، يەنە دەڭ، — دىدى ئابدۇللا، — "قېرىنداش".

— قېرىنداش...... قېرىنداش ياخشىمۇ سىز؟...... بولدىمۇ؟

— توغرا......

دۇڭ تېخەن دەپتىرىگە يىزىپ تۇرۇپ ئىيتتى:

— ئەمدى قايسى سوزنى ئۇگىنىمىز؟

— ئەمدى "سالام" دىگەن سوزنى ئۇگىنىڭ.

— "سالامۇ".

— ياق "سالام" دەك ......

— دۈك تېخەن يېزنۇالدى:

— "سالام" دىگەن نىمە گەپ، مەنىسى؟ ......

— بۇ بىز ئۇيغۇرلار بىر بىرىمىز بىلەن يۈز كورۈشكەندە دەيدىغان سوز، هورمەت بىلدۈرۈش سوزى، يېقىملىق سوز ......

— ياخشى، — دىدى دۈك تېخەن ، — ئەمدى قوشۇپ دەپ باقاي: سالام قېرىنداش، ياخشىمۇ سىز ...... بولدىمۇ؟ ......

— ناهايىتى دۇرۇس، دەل چىقتى ......

دۈك تېخەن ئۆزىنىڭ تۇنجى ساۋىغىنى قىزغىن تەكرارلىدى ھەمدە ئابدۇللاغا بۇگۈن كەچقۇرۇندىن باشلاپ خەنزۇ ھەرپىدىن دەرس ئوتۇشكە ۋەدە بەردى. سۆھبەتلەر ئوغۇتقا يەنە توشتى، ئۇنى كاندۈك ئېتىزلارغا توكۇشتى. ئاخىرقى بىر قېتىملىق ئو-غۇتنى توكۇدىغان يەر بولماي قالدى. چۈنكى، ئۇلار گەپ-سوز بىلەن بولۇپ كېتىپ، دەريانىڭ قىرغىقىغا كېلىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالغان ئىدى.

ئۇلار بۇ ئوغۇتنى نەگە توكسەككىن دەپ مۇۋاپىق جاي ئىز-لەپ تۇرۇشقاندا ئۇشتۇمتۇت دەريانىڭ يۇقۇرقى تەرىپىدىن چاقىلداپ ئېتىلغان تاپانچا ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئوق ئاۋازى بىلەن تەڭ، دەريادا مۇزلار غاراسلاپ سۇن-غاندەك بولدى. يىراقتىن، پۇرقۇراپ ئاسمانغا كوتىرىلگەن قار توزاڭلىرى كورۇندى......

دۈك تېخەن بىلەن ئابدۇللا چاپانلىرىنىڭ ئىچىدىن تاپانچى-لىرىنى ئېتىك قولغا ئېلىپ، ئوق چىققان تەرەپكە قاراشتى......

## 2. "سالام قېرىنداش!......"

ئالماس جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىكى باش ھەربى
ۋەكىل — مايور ئابلىكىمنىڭ ئىككى نەپەر قاچقۇن ئەكسىلئىنقىلابچى
توغرىسىدىكى سوزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ئۇز
يىگىتلىرى بىلەن ئالدىراپ شەھەردىن قايتقان ئىدى......
ئۇتكەن ئۈچ ئايچە ۋاقىت ئىچىدە ياڭاقلىق يېزىسىدا نۇر-
غۇن ئاجايىپ يېڭى ئىشلار، شۇ قاتاردا بەزى غەلىتە ھادىسىلەرمۇ
بولۇپ ئۇتتى. ئازاتلىق خەۋىرى ھەر بىر يېزا، مىچىت قۇۋۇملىرى-
غىچە يەتكۈزۈلدى. ھەر بىر ئائىلە كىشىلىرى تونۇر بېشىدا،
ئوچاق ئالدىدا، داستىخان ئۇستىدە بۇ ئۇزگىرىشنىڭ ئۇزلىرىگە
ئېلىپ كېلىدىغان پايدا-مەنپەئەتى، زىيان-تەسىرلىرى ھەققىدە
ئەقىللىرى يەتكەن يېرىگىچە دىتلاپ كورۇشتى. رازىمەنلىكى
تېلۇپ تاشقانلارمۇ، ئەندىشىگە چۈشكەنلەرمۇ، "چوڭ داۋراڭنىڭ
بېسىلمىغى تېز" دەپ سۈكۈت قىلىپ يۈرگەنلەرمۇ ئاز ئەمەس — ......
لېكىن، جامائەت نىمە ئۇچۇندۇر، مەيلى قانداقلا بولمىسۇن،
دەرھاللا، مۇشۇ بىر-ئىككى كۈن ئىچىدىلا مىسلىسىز چوڭ ئۇزگە-
رىشنىڭ، ئۇزلىرى ئويلىغان-ئويلىمىغان ئاجايىپ ۋەقەلەرنىڭ
بولۇشىنى، جاھاننىڭ قىياپىتى قولاقنى پاڭ قىلىۋەتكىدەك شاۋقۇن-
سۈرەن بىلەن بىردىنلا ئاستىن-ئۇستۈن بولۇشىنى كۇتۇشتى.
ئەپسۇسكى، ھىچنىمە چىقمىدى، ھىچبىر ئۇزگىرىشمۇ،
كۇتۇلگەن ئاجايىپ ۋەقەمۇ بولمىدى.
كىشىلەر كۇئېنلۇننىڭ يەنە شۇ ئىزىدا تۇرغانلىغىنى، زەرەپ-
شاننىڭ يوقۇرىدىن-تۆۋەنگە قاراپ مۇز ئاستىدا ئېقىۋاتقانلىغىنى،
كۈننىڭ يەنە شەرقتىن چىقىپ غەرپكە پېتىۋاتقانلىغىنى، ياڭاق-

لىقتا يەنە شۇ بىر خىل جاھان ئۆز ئوقىدا ئايلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشتى ......

زەرەپشان بويلىرى چوڭ بىر نەپەس ئېلىپ، يەنە جىمىپ قېلىشتى......

شۇنداق دېمەقتى كۆنلەرنىڭ بىرىدە، كۆتۈلمىگەندە بۇ يەرگە قورچاق ۋالى پاسار باشلىق بىر تۈركۈم ۋىلايەت، ناھىيە ئامباللىرىنىڭ ئۇچۇق مەيداندا — خەلقنىڭ كوزىچە باغلاپ قولغا ئېلىنغانلىقى، پات ئارىدا خەلق سودىنىڭ ھوكمى بىلەن ئېتىپ، ئۆلۈمگە سازايى قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر يېتىپ چىقتى.

بۇ خەۋەر چاقماق تېزلىگىدە بىرى ئۈن بولۇپ، ھەش-پەش دېگىچە ھەممە يەرگە تاراپ كەتتى..

يېزا ئىچىدە دەرھاللا يېڭى زىلزىلە پەيدا بولدى:

— دېمىدۇقمۇ، زادى بىر ئىش بولىدۇ!.....پاسارنى باغلىغان بولسا، يېڭى ھوكۈمەتنىڭ تازا بىگىسى بار ئىكەن-دە! ياشاپ كەت ھوكۈمەت!..... پاسار دېگەن ھەممە بەگ-ئاقساقاللارنىڭ گاڭگۈڭى ئۇ!...... خوجىسىنىڭ كەشى ئاسمانغا بولغاندىكىن، چۈپرەندىسىنىڭ ھالىغا ۋاي...... مانا تاماشا! — دېيىشتى.

ئەتىسىدىن باشلاپ، تۇت-بەشتىن باش بىر يەرگە كېلىپ، ھەرقايسى كەنت-مەھەللىلەردە ئۆزلىگىدىن يەنە "ھېساپ ئېلىش" توپلىرى پەيدا بولدى. يۈزبېشى، ئاقساقال، مىراپ، دىۋان بېگى دېگەنلەرنى "چاپ-چاپ" قىلىپ تۇتۇپ كېلىشتى. بىر ئۆيگە سولىۋېلىپ، بورە جۇۋىلىرىنى، ئىگىز پاشنىلىق "بەگ" ئۆتۈكلىرىنى سالدۇرۇۋېلىپ:

— دوتەيىڭنىڭ سىڭا كەشى ئاسمانغا بولدى، سەنلەر نىمىدىڭ، تىرۋا-ئىستىغپار ئوقۇ! — دېيىشتى.

دەرت-ئەلىمى ئىچىگە پاتمىغانلىرى بىر نەچچە تەستەك سېلىپ، ھەقلىرى بارلار:
— تولە، ھەققىمنى بېرەمسەن-يوق؟ تۇمشۇغۇڭنى ماك-چايتىمەن! — دەپ قىستاشتى......
يۈزبېشى، ئاقساقاللارمۇ بېخىللىق قىلىشمىدى. دەررۇ باش ئېگىپ، ئۆزرىخالىق ئېيتتى. ئانچە-مۇنچە ھېساپ-كىتاپ قىلىشىپ، ئېيتقان-تىلىگەنلىرىنى بەردى. بەزىلىرى قوي-كاللا سويۇپ، ئاش-چاي تارتىپ يۇرتنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ "يۈزنى يورۇق قىلدى". ھەتتا قۇربان ئاقساقال:
— ماڭا مۇنچىۋالا يەرنىڭ نېمە كېرىكى، ئاتامدىن مىراس قاپتىكەن، ئۆزەمگە چوشلۇق قالسا بولغىنى. يەر-جامائەتنىڭ، ئېلىڭ-لار، تېرىڭلار، ئىناپ قىلساڭلار پېقىرنى ئەسكە ئېلىپ قويارسە-لەر، يەر ھەققى ئۈچۈن بەرگىنىڭلار ھېساپ، — دەپ، ئۆز ئە-جارىكەش-ئوتاقچىلىرىنىڭ ئۆيلىرىگىمۇ باردى، بىر قىسىم يەرلىرى-نى تەقسىم قىلىپمۇ بېرىۋەتتى.
شۇنىڭ بىلەن كىشلەر بىر قېتىم پۇخادىن چىققاندەك بولۇپ، ۋالى پاسار قولغا ئېلىنغاندىن كېيىنكى زىلزىلە ئاز كۈندىلا بې-سىقتى. كىشلەر ئۆز ھەركىتىنى:
— ئەلمساقتىن تارتىپ بولمىغان ئىشلار بولدى. باي-غوجاملار قورقۇپ ئىشتىنىغا چىقىرىۋەتتى. قامچا-مۇشت كوتىرىدى-غانلارمۇ توگدى، ئازاتلىق دىگەن مۇشۇ! — دەپ خۇلاسىلىدى.
ئەمما، بەزىلەر يەنە باشقىچىرەك مۇلاھىزە قىلاتتى:
— يىگى ھۆكۈمەتنىڭ قوسىغى بەك كەڭمىش، — دەيتتى ئۇ-لار كوچا دوقمۇشلىرىدا. يېزا گۇزەرلىرىدە ئۇچرىشىپ قالغانلىرى-دا، — مۇندىن كېيىن ھېچقانداق ئالۋاڭ-ياساقمۇ، باج-سېلىقمۇ

بولمايمىش. بەگ-يۈز بېشى دېگەننىڭ چۈش كورگەندەك ئىش بولۇپ، ئەمدى ھەر كىم ئۆزى بەگ، ئۆزى خوجا بولارمىش، خالىساڭ يەر تېرىپ ئاشتىن تاغ ياسا، خالىساڭ دەرەخ تىكىپ سايىدىن باغ ياسا، ھېچكىم ھېچكىمنى نېرى تۇر، بېرى تۇر دېمەيمىش......

— بىكار گەپ، — دەيتتى بەزىلەر، تۇيۇقسىزلا بۇ مۇنازىرىگە قاتنىشىپ، — ھۆكۈمەتنىڭ قوسىغىدا پىلان چىقمىش، يەر، ئات-ئۇلاقلار تەقسىم قىلىنارمىش. بېيىك نىمە، گاداي نىمە ئايرىغىلى بولماسمىش، بەش قولنى تەڭ قىلغۇدەك، ئەنجاندىكى① ئىش بولارمىش......

مۇنداق مۇنازىرە بولۇپمۇ گۈزەرنىڭ دوقمۇشىدا ئۈچ-تۆت بىكار تەلەت بىر يەرگە كېلىپ قالسىلا بىردىنلا ئەدەپ ئۇلغىيىپ كېتەتتى......

ئەمما، يېزىنىڭ بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىدا، توكۇلۇپ تۇرغان كەپەلەردە، يىللىقچىلارنىڭ ئۆيلىرىدە، ساخاۋەتخانىنىڭ پاخال سېلىنغان قاراڭغۇ ھوجرىلىرىدا، قەھرىتان قىشتىن قانداق چىقىۋېلىشنىڭ غەم-غۇسسىغا چوككەن كىشىلەردە پۈتۈنلەي باشقىچە ئوي-پىكىر، ھەسرەتلىك خىياللار بار ئىدى. ئۇلار ئانچىلا داۋراڭ سېلىشمايتتى، يۇرت كاتتىلىرى ئوتكۈزۈۋاتقان نەزىر-نۇزۇر، زارە-خەتمىلەرگىمۇ نىمە ئۈچۈندۇر ئانچىلا رايى يوق ئىدى، بېرىشمايتتى، ئۇلار نىمىنىدۇر كۈتۈشەتتى ۋە نىمىنى كۈتۈشۈۋاتقانلىقلىرىنى ئۆزلىرىمۇ ئانچىلا جەزىم قىلالمايتتى. "ئىشقىلىپ بىر ئىش بولسىكەن" دەيتتى ۋە يەنە ھېچنىمە بولمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئېغىر ۋە نائۈمىت "ئۇھ" تارتىشىپ، يەنە ئۆز تىرىكچىلىكىنىڭ

① ئەنجان — سوۋېت ئۆزبېكستانىنىڭ بىر ئوبلاستى. تۇتاش كول-خوزلاشتۇرۇشنى دېمەكچى.

ئەتراپىدا چوگىلەيتتى......

پەقەت، باشلىرىغا تىرىكچىلىك غەملىرى بېسىپ كېلىپ، ئىلاجسىز قالغانلىرىدا، بىر ئامال قىلىپ ئالماسنى ئىزلەپ تاپاتتى-دە، ئۇنىڭ بىلەن دىلكەشلىك قىلىپ مۇڭدىشىپ، ئۇنىڭ دىگەنلە-رىنى كوڭۈللىرىگە تۈگۈپ، ئېغىرچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ، ئۇن-تىنسىز قايتىپ كېتىشەتتى......

ئالماسنىڭ بولسا، ئىشلىرى ناھايىتى كوپ، ئۇ نەگىدۇر مەج-لىسلەرگە باراتتى، ھەپتە-ھەپتىلەپ يېزا ئىچىدە كورۇنمەي قالات-تى. تۇرۇپ، "مەجلىستە ئىكەن، كېڭەش قىلىۋېتىپتۇ" دىسە؛ تۇرۇپ، "كۇرستا ئىكەن، ئوقۇۋېتىپتۇ" دىيىشەتتى. بۇ گەپلەرنىڭ يالغىنى يوق، ھەممىسى راست.

ئالماس ناھايىتى ئالدىراش ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئەس-يا-دى مەخسۇت بەگ ۋە ھىلىقى قاچقۇن ئىككى ئەكسىلئىنقىلاپچىدا ئىدى...... جامائەت خەۋپسىزلىگى ئىدارىسىدىكى ھەربى ۋەكىل ئابلىكىم بۇ يەرگە بىرنەچچە قېتىم كېلىپ قايتتى، ئالماسنىڭ ئوزىمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا بىرنەچچە قېتىم كېڭەشتە بولدى. ئەمما، نامەلۇم قاچقۇنلارنىڭ شەپىسىدىن بولسا، تېخىچە ھىچبىر ئۇچۇر يوق.

بىر قېتىم ئابلىكىم كېلىپ ئالماسقا:

— ھازىرقى تەكشۇرۇش نەتىجىسى سىزنىڭ مولچىرىڭىزنىڭ پۇتۇنلەي توغرا ئىكەنلىگىنى ئىسپاتلىدى. بەزى يىپ ئۇچلىرىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، مەخسۇت بەگ ئولمىگەن. دۇشمەن ئۇچ بورجەك بولۇپ ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ، بىر بىرىنى ئىزلىشىۋاتىدۇ، لېكىن، ئۇز ئالاقىسىنى تېخى يولغا قويالمىدى، — دىدى......

ئالماسنىڭ كوڭلىدە مەخسۇت بەگنىڭ ئولمىگەنلىگى ئې-نىق...... ئەگەر شۇ تاپتا بىر كىم "مەخسۇت بەگ ئاللىقاچان

ئولگەن، گوش - تېرىلىرى قاغا - قۇزغۇنغا يەم بولغان" دەپ ئىس-
پاتلىسا، ئالماس ئۇچۇن بۇنىڭدىن ئەلەملىك ئىش بولمىغان بو-
لاتتى...... چۈنكى ئۇنى تىرىك تۇتۇش كېرەك ئىدى. ھىساپ-
كىتاپ ئۇنداق ئاسان بولماسلىقى لازىم ئىدى......

تۇنۇگۇن ئالماس بىلەن ئابلىكىم ئىككى ئاتقا مىنىپ، دەريادىن ئوتۇپ، پۈتۈن بىر كۈن كوك مۇز، ئاق قار بىلەن قاپلانغان تاغ جىلغىلىرى ئىچىدە ئايلىنىپ يۈردى. ئابلىكىم خې-لىدىن بېرى ئاسىم ئەپەندىنىڭ قەۋرىسىنى زىيارەت قىلىشنى نىيەت قىلىپ يۈرگەن ئىدى. بۈگۈن پۇرسەت كەلدى. ئۇلار يول بويى ئاسىمنىڭ ھايات - كۈرەش يولىنى ۋاراقلاپ مېڭىشتى. تاجىك بوۋاينىڭ ئويىگە بېرىشتى. بوۋاي نەگىدۇر كوچۈپ كې-تىپتۇ، ئوي ھاڭغىرقاي ئوچۇق ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار تاجىك بوۋاينىڭ ئوينىڭ ئالدىدىكى دوڭلۇك ئۇستىگە چىقىشتى. گۈلچىقىرىپ ياسالغان تاش قەۋرە ئالدىغا باردى. ئەتراپى ئوچچىدە يېشىل قارىغاي بىلەن قورشالغان قەۋرە مۇڭلۇق، شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەنىلىك ھالدا كوزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

قەۋرىنىڭ تۇۋىگە كىمدۇر بىر تۇپ قارىغاي بىلەن بىر تۇپ ئارچىنى كوچۈرۈپ تىكىپ قويۇپتۇ (ئۇلار بۇ دەرەخنى تاجىك بوۋاي كوچۈپ كېتىش ئالدىدا تىككەن بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلىشتى)، قارىغاي بىلەن ئارچىنىڭ تۇتقان - تۇتمىغانلىقى ئېنىق ئەمەس، لېكىن، ئوخشاشلا ياپ - يېشىل بولۇپ كوكىرىپ تۇراتتى.

ئابلىكىم قەۋرىنى زىيارەت قىلىپ، دۇئا - تەكبىر قىلغاندىن كېيىن، ئالماسقا قاراپ ئويلانغان ھالدا:

— ھاۋا ئىللىغاندىن كېيىن، قەۋرىنى يۈرت ئىچىگە يوتكەپ

كەتسەكمىكىن، — دىدى.

— بۇ، ئاسىمنىڭ ۋەسىيىتى، — دىدى ئالماس، — ئاسىم ئەپەندى جان ئۈزۈش ئالدىدا "بىپايان كوئىنلۈن ئىتىگىدەك گۈزەل، ئەتىۋالىق يەر ھېچ قەيەردە يوق، مىنى ھېچنەگە يوتـ كىمەڭلار" دىگەن. شۇڭا، بۇ قەۋرىنى مىدىراتمىدۇق......لىكىن بىز ھەممىمىز بىلمىزكى، ئاسىم ئەپەندى تاڭ ئالدىدا مەخسۇت بەگنىڭ ئوقى بىلەن ئۆلدى. مەن شۇنىڭدىن باشلاپ مەخسۇت بەگ ئۈچۈن بىر تال ئوقنى ئالايىتەن ساقلاۋاتىمەن. قانداقلا بولمىسۇن ئوقنى ئىگىسىگە قايتۇرماي بولمايدۇ......ئاسىم ئەپەندى "نامازشام خىزىرىسى"، "غىلاپلىق خەنجەر"، "ھىكمەتلىك ئۇزۇك" دىگەن قوزغۇنلار توغرىسىدىكى خەتنىمۇ مانا مۇشۇ قەۋرە ئالدىـ دا ماڭا بەرگەن......

ئابلىكىم قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، خېلى بىر ۋاقىتقىچە تاش قەۋرىنى ئايلىنىپ يۈردى. ئۇنىڭ بۇ غەلىتە ئىسىملىك نامەلۇم كىشىلەر توغرىسىدا ئويلىنىۋاتقانلىغى ئېنىق. لېكىن، ئابلىكىمنىڭ بىر دائىرىنى مەقسەتسىز ئايلىنىۋىرىشىدىن ئالماس ئۇنىڭ ئۆز خىيالىنىڭ چىگىشىنى تاپالمايۋاتقانلىغىنى سېزەتتى......

ئۇلار شۇ كۈنى بىرنەچچە مال قوتان ۋە يەرلىك چارـ ۋىچىنىڭ ئائىلىلىرىنى زىيارەت قىلىپ كەچ قايتتى. چارۋىچىلارنىڭ مەخسۇت بەگ ۋە ھىلىقى ئېپەك سەللىلىك نامەلۇم ئادەم توغرىسىدا ئېيتىپ بەرگەنلىرى ئابلىكىمنىڭ ئالىلقاچان قولغا چۈشۈرگەن مەلۇـ ماتلىرىدىن ئارتۇق ئەمەس ئىدى. لېكىن، شۇنداق بولسىمۇ، ئابـ لىكىم: مەخسۇت بەگ تىرىك ئىكەن، ئاسانلىقچە بۇ كونا ئۇۋىـ سىدىن ۋازكېچەلمەيدۇ، بەلكىم بۇ يەرلەر ئۇنىڭ پانالىنىش ئورنى بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا، بۇ يەرگە پات-پات كېلىپ، چارـ

ۋىچى قېرىنداشلار بىلەن ئوبدانراق مۇناسىۋەت باغلاش لازىم دىگەننى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى......

ئالماس شۇ كۈنى ئۆيىگە خېلىلا كەچ قايتتى.

— ئوغلۇم، ۋەكىل كىشى قېنى؟ — دىدى سارىخان ئانا.

ئالماس بوسۇغىدىن پۇتىنى ئېلىپ ئۆيگە كىردىش بىلەن تەڭ، دەررۇ ئۇنىڭ ئارقىسىغا قاراپ، — تازىمۇ بەلەن ۋاقتىدا كەلدىڭلار، قازىنىمۇ تەييار......قېنى ۋەكىل ئوغۇل، كورۈنمەيدىغۇ؟......

ئالماس ئانىلىكىمنىڭ دەريا بويىدىلا خوشلىشىپ شەھەرگە قايتقانلىغىنى، مۇندىن كېيىن بۇ يەرگە پات-پات كېلىپ تۇرىدىغانلىغىنى ئېيتتى.

سارىخان ئانىنىڭ كوڭلى بىر ئاز يېرىم بولغاندەك بولدى. ئەمما، توختاخۇن ئالماسقا قاراپ:

— ئوغلۇم، بۇگۈن بىز ناھىيىدىن بۇ يەرگە ئەتە ھوكۇمەت ئادىمى ئەۋەتىلىدىغانلىغى توغرىسىدا ئۇچۇر ئالدۇق، قېرىنداشلار بەك خۇرسەن. ھەممىمىز بۇ قېتىم كېلىدىغىنى جەزمەن "ئوز ئادەم" دىگەن يەرگە كەلدۇق. سېنىڭ بۇ گەپلەردىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟— دىدى......

ئالماسنىڭ كوزلىرى يالتىراپ كەتتى. ئۇ ناھىيىدىن ئادەم كېلىدىغانلىغىنى بىلىدىكەن، لېكىن، قاچان كېلىدىغانلىغىنى بىلمەيتتى. مانا، ئۇ كۈتۈۋاتقان ئادەم ئاخىر كېلىدىغان بوپتۇ-دە، ياخشى!...... ناھايىتى ياخشى!......

ئەتىسى تاڭ سەھەردە توختاخۇن بىلەن قىسمەت چورۇق ھارۋا جابدۇپ شەھەرگە قاراپ يولغا چىقتى. "ھوكۇمەت ئادىمى"نى ئوز قولى بىلەن ئېلىپ چىقماقچى بولۇشتى.

ئالماس بولسا، كۈتۈلگەن ئادەم يېتىپ كەلگىچە، ئېلىنغۇا-

نىڭ ھەممىسىنىڭ ئويىگە بېرىپ، ئېلىشانى يوقلاپ كېلىشنى قا-رار قىلدى.

ئېلىشا ئازاتلىق ئارمىيە دوختۇرخانىسىدا داۋالانغاندىن كېيىن، كوزىنىڭ كورۇش قۇۋۋىتى خېلىلا ئەسلىگە كەلدى. ئۇنىڭ خوشال-لىقى، مىننەتدارلىقى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئىدى. ئالماس ئېلى-شانى پات-پات يوقلاپ تۇراتتى ۋە ئۇنىڭ يېڭى-يېڭى ناخ-شا-قوشاقلىرىنى زوقلىنىپ ئاڭلايتتى.

ئېلىشانىڭ كوزى خېلى ياخشى بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ئابلىكىم ئوزىنىڭ ماشىنىسىدا ئۇنى ياڭاقلىق يېزىسىغا ئېلىپ چىقتى. ئېلىشا ماشىنىدىن چۈشۈپ، ئوزىنى كوتۈۋېلىۋاتقان يارۇ-دوستلىرىنى كورۇپ، شاتلىنىپ:

ئاتتى تاڭ، چىقتى قۇياش،
نۇرغا تولدى دىلىمىز.
كىملەر ئىدۇق، كىم بولدۇق،
ئېيت قېرىنداش، ئوزىمىز؟......

كوكسەندىكى ئاتا بولغاچ،
تاغدەك ئاشتى قەدرىمىز.
(ئېرىقتىكى لاي سۇدەك،
ئوتۇپ كەتكەن ئومرىمىز).

تاڭ بىلەن تەڭ كوز ئاچتۇق،
باغدا باغۋەن ئوزىمىز.
باغ ئىچىدە، بوستاندا،
شات ياشايمىز، خوجىمىز......

دەپ قوشاق تىقۇپ، ئۇسۇل ئويناپ كەتكەن ۋە بۇ قو-
شاق شۇ كۈنلا پۈتكۈل ياڭاقلىق يېزىسىغا تارىلىپ كەتكەن
ئىدى.

ئالماس شۇ ھادىسىنى ئەسلەپ، ئالدىدا قاشالىرى بار
كىچىككىنە ھويلىغا كىرىپ كەلگەندە، ئىلتۋاننىڭ ھامىسى ئال-
ماسنىڭ ئىلىشا تىغرىسىدىكى سوئالىغا جاۋاپ بېرىپ:

— ھەي......بۇ ئىلىشا تاغاڭ دوختۇرخانىدىن چىققاندىن
كېيىن، زادىلا ئۆيدە ئولتۇرمايدىغان بولۇپ كەتتى، قوۋم-قې-
رىنداشلار بىر جايدا تۇرغۇزمايدۇ، قوشاق توقى، ئاڭلايمىزلا
دەيدىكەن. ئىشقىلىپ، تاغاڭ بۇ كۈنلەردە بولەكچە خوشال، ئې-
چىلىپلا كەتتى. بۈگۈن ئۈنى ماجانتال كەنتىدىكى بىر قېرىندىشى
كېلىپ، ئەزىمەتنىڭ تويىغا ئېلىپ كەتتى، — دىدى.

"ئەزىمەت" دىگەن نامنى ئاڭلاپ، ئالماسنىڭ يۈز-كوزى،

لەۋلىرىگە ئىختىيارسىز بىر خىل يېقىملىق كۈلكە ئولاشتى......

"ئەزىمەت" دىسە، ياڭاقلىق يېزىسىدا بىلمەيدىغان كىشى
يوق. ئۇ، مەخسۇت بەگنىڭ ئۆيىدە ئون يىلچە يىللىقچىلىق
قىلىپمۇ ئۆي-ئوچاقلىق بولالمىدى. ھەر يىلى يىل ئاخىرىدا:
"خەپ، بۇ يىل يەنە ئەپلەشمىدى! يەنە بىر يىل ئىشلەي.
بەگ بىلەن زىر-زەۋەرگىچە ھىساپلىشىپ ھەققىمنى ئالىمەن-دە،
ئويلۈك-ئوچاقلىق بولىمەن" دەيتتى. لېكىن، يىل ئاخىرىغا كەل-
گەندە بەگنىڭ سەيۋەنلىرى ئۈنى يەنە ئۈزى ئۈستىدە ئېشىپ
قالغان "قەرز" گە بارماق بېسىپ، تىلخەت بېرىشكە مەجبۇر
قىلاتتى.

ئەزىمەت "قەرز" دىن ھىچقانداق قىلىپ قۇتۇلالمىدى،
بۇنىڭ سىرىنىمۇ زادى بىلەلمىدى......

1948-يىل ئوما كۆنلىرىنىڭ بىرىدە "ياڭاق پۆشتى ما-
كان" دا غەزەپ بىلەن كۆلكە قوشۇلۇپ كەتكەن بىر ۋەقە يۈز
بەردى.

شۇ كۈنى تۈن نىسبىدىن ئۆتكەندە، ئەزىمەت ئۆزى پۆ-
تۈشۈپ قويغان بىر دىدەك قىزنى ئېلىپ بەنىڭ ئۆيىدىن قې-
چىپ كېتىدۇ.

ئەزىمەت قىزنى ئېلىپ مەھەللە چېتىدىكى مېچىتنىڭ ئال-
دىغا كەلگەندە، كەينى تەرەپتىن مەخسۇت بەگنىڭ ئاتلىق يا-
لاقچىلىرى قوغلاپ كېلىپ قالىدۇ. ئەزىمەت ھېچبىر ئويلانمايلا
قىزنى كوتىرىپ مېچىت ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ كېتىدۇ. ئاتلىقلار
ئۆتۈپ كېتىدۇ، بىر ھازادىن كېيىن ئاتلىقلار قايتىدۇ. ئات-
لارنىڭ تۇياق ئاۋازلىرى بېسىلغاندىن كېيىن، ئەزىمەت قىزنى
ئېلىپ مېچىتتىن چىماقچى بولىدۇ ۋە كۈتۈلمىگەندە ئىشىك تۇ-
ۋىدە بامدات نامىزىغا "ئەزەن" ئېيتقىلى كەلگەن مەزىن بىلەن
دوقۇرۇشۇپ قالىدۇ.

ئايال كىشىنىڭ مېچىتكە كىرىشى رۇخسەت قىلىنمايدىغان
ئىش. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەر بىلەن ئايالنىڭ مېچىت ئىچىدە بىل-
لە تۇرۇشىنى "مېچىتنىڭ بۇلغىنىشى" دەپ بىلگەن مەزىن جان-
پېنى چىقىپ، دەرھال غەۋغا كوتىرىدۇ.

ئەزىمەت ياخشى گەپ ئېيتىپ، ئۇنىڭ ھىسداشلىغىنى
قوزغاشقا ئۇرۇنۇپ كورىدۇ. لېكىن، مەزىن بارغانچە ئەدەپ چار
سېلىشقا باشلايدۇ. ئامال بولمىغانلىقتىن، ئەزىمەت مەزىننى بىر-
دىنلا قۇچاقلاپ كوتىرىۋېلىپ، مېچىت مېھرابىغا يېقىن بىر تۈۋ-
رۈككە باغلايدۇ-دە، سەللىسىنىڭ پەتتىسىنى پوملاپ ئېغىزىغا
كەپلەيدۇ ھەمدە ئەپسۇسلانغان قىياپەتتە:

— مۆھتەرەم مەزىن ئاخۇنۇم، ئانچە ياخشى ئىش قىلمى-
غانلىغىمىزنى ئۆزىمىزمۇ بىلىمىز، لېكىن، نېمە ئامال؟ بىز رازى،
خۇدا سىلىگە ساۋاپلىقنى كۆپرەك ئاتا قىلسۇن، — دەپ، قىزنى
ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ......

تاڭ سۈزۈلەي دېگەندە، مەچىت قۇۋمى مەزىننى تۈۋرۈك-
تىن يېشىۋالىدۇ، ھىسامىدىن داموللا دەرغەزەپ بولۇپ:

— مەچىت خۇدانىڭ ئۆيى. خۇدانىڭ ئۆيىنى بۇلغىغان
ئىككى ناپاك بەندىنى دەرھال تۇتۇپ كېلىپ، يۈزىگە قارا سۈر-
كەپ، قاتتىق جازا بەرمەك لازىم، دەپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

مەخسۇت بەگ بىرنەچچە كۈن قىساس-سۈرەن سېلىپ،
يەكەن دەرياسى بويىدىكى ئۇتتۇز ئىككى بەگلىكنى ئاختۇرۇپ-
قىدىرىپ، ئۇلارنى تاپالمايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھىسامىدىن
داموللا:

— كۆكتۇل كوزۇم ماڭا ھەممىنى ئايان قىلدى، ئاللاتا-
ئالا ئەزىمەت بىلەن گۇناكار دېدەكنى كۆيۈنلۈن غارلىرىدا بو-
رىگە ئۆزۈق، قاغا-قۇزغۇنغا يەم قىلىپ بېرىپ جازالىدى، يەر
يۈزى ئىككى ئاسى-گۇناكاردىن تازىلاندى، — دەپ جاكالاپ، بۇ
ئىشنى تۈگەتكەن ئىدى......

بۇنىڭدىن بىر ئايچە ئىلگىرى، ئەزىمەت خۇددى ئاسمان-
دىن چۈشكەندەك، كۆيۈنلۈننىڭ ئادەم ئايىغى تەگمىگەن غارلى-
رىدىن بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەرگەن ئىسيانچى خوتۇننى ئېلىپ
ماجانتال كەنتىگە قايتىپ كەلدى.

يۇرتداشلار ئۇنىڭغا ئۆي-ماكان بېرىپ، قولىدىن كېلى-
شىچە "ھە-ھۇ" دېيىشىپ، يار-يۆلەك بولۇپ ئۆز قاتىرىغا قوشتى،
ھەمدە:

— نىمە سەن، توي قىلماي يۈرۈۋېرەمسەن. پىچاقنى گوۋا قىلىپ قىلغان نىكانى نىكا دېگىلى بولامدۇ، بىساتىمىزدا بارى سېنىڭ، ھە - ھۇ دېيىشمىز، رەسمى نىكالىنىپ توي قىلدۇال. — دېيىشتى ...... بۈگۈنكى توي— ئەنە شۇ توي ئىدى.

"يۇرتتىن قېچىپ - تېزىپ چىقىپ كەتكەنلەر ئازاتلىقتىن كېيىن بىر - بىرلەپ قايتىپ كېلىشكە باشلىدى. ئەزىمەت بولسا، شۇلارنىڭ ئىچىدە دەسلەپ قىلىپ توي رەسمىيىتىنى ئوتەۋات- قان كىشى. ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا يار - يولەكتە بولۇپ تەبرىكلەش كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ يەردە ئېلىشا تاغا بىلەنمۇ كورۇشۇش مۇمكىن ......"

ئالماس شۇلارنى ئويلاپ، ئەزىمەتنىڭ تويىغا بېرىشنى قارار قىلدى.

قوزا چۇش، ھاۋا سوغاق. كوئېنلۇن تىزمىلىرى ۋە دەر- يانىڭ باش تەرىپى ئاپپاق تۇمان بىلەن قاپلانغان. "ياڭاق پۇشتى ماكان"دىن چىققاندىن كېيىن، باداملىق، ماجانتال، كوك- قۇم كەنتلىرى سوزۇلغان ۋە بۇ كەنتلەر دەريا قىرغاقلىرى بوي- لاپ ياڭاقلىق يېزىسىنىڭ غەربىي تاغ تەرىپىنى تەشكىل قىلاتتى.

ئالماس دەريانىڭ شىمالىي قېشىدىكى يالغۇز ئاياق يول بىلەن كېتىۋېتىپ، قېلىن مۇز بىلەن قاپلانغان دەرياغا نەزەر تاشلىدى. دەريانىڭ يۈزى تارايغان، ئېقىۋاتقان سۇ كورۇنمەيدۇ، ئەگمە - قولتۇقلاردا ۋە پارچە تارام بويلىرىدا بۇرتۇپ چىققان خادا مۇزلار كوزگە چۇشىدۇ ۋە غاراسلاپ، پارچىلىنىپ سۇنۇ- ۋاتقان مۇزلارنىڭ قاراس - قۇرۇسلىرى ئاڭلىنىدۇ، يېقىمسىز، غە- لىتە ئاۋاز ......

ئالماس ماجانتال كەنتىگە بۇرۇلىدىغان ئېغىز — قاشنىڭ

دوقبۇشىدىن ئەگىۋاتقاندا، دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا نېرىدىقى قىر-غاققا قاراپ، ئالدىراپ كېتىۋاتقان سەللىلىك، شا پەرىجىلىك بىر كىشىگە كوزى چۈشتى.

شا پەرىجىلىك ئادەم بىر نىمىدىن چوچۇگەندەك كەينىگە قاراپ-قاراپ قويۇپ، مۇز ئۈستىدە ياۋا مۈشۈكتەك سەكرەپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى.

ياخاقلىق يېزىسىنىڭ تەقۋادار قازى-ئەلەملىرى ھەرگىز يالغۇز يۈرمەيدۇ، بولۇپمۇ مۇنداق خەتەرلىك مۇز ئۈستىدە يۈگۈرىدىغان ئاخۇن-موللا بۇ يەردە تېخى يوق دىسىمۇ بولىدۇ. ئەمما، ئۇ كىم، بۇ ئادەم نىمىگە شۇنچە ئالدىرايدۇ-ھە؟......

ئالماسنىڭ قوشۇمىسى قوش مۈشتەك تۈگۈلدى، ئوتكۈر جۈپ كوزى ھەركىتى سالاپىتىگە ماس كەلمەي، پالاقشىپ بىچىپ كېتىۋاتقان نامەلۇم ئادەمگە قادالدى. ئالماس يەنە، دەريانىڭ نېرىقى قىرغىقىدىكى قويۇق جىگدىلىكنىڭ ئارىسىدىن سەل-پەل چىقىپ تۇرغان ئاتنىڭ بېشىنى كوروپ قالدى......

شا پەرىجىلىك ئادەم جان-جەھلى بىلەن ئوزىنى ئات تەرەپكە ئېتىپ، يۈگۈرمەكتە ئىدى...... جىگدىلىكنىڭ ئۈستىدە بولسا، قويۇق بوز تۇمان ئەگىيتتى......

ئالماس كالتا جۇۋىسىنىڭ ئىچىدىن ئېسىۋالغان تاسمىلىق تاپانچىسىنى "شارت" قىلىپ سېرىپ ئالدىغا ئوتكۈزدى-دە، چەبىدەسلىك بىلەن قاشتىن دەرياغا قاراپ سېرىلدى. غىلتاڭ مۇز ئۈستىدىن غاراسلاپ سەكرەپ ئالدىغا يۈگۈردى. دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا يېقىنلاشقاندا، ئۈستى قارىداپ كەتكەن بىر پارچە مۇز دەسسىلىشى بىلەنلا "غاراس" قىلىپ سۇنۇپ ئولتۇرۇشۇپ كەتتى. ئالماس بېلىگىچە سۇغا كىرىپ كەتتى. قىيپاش ئېگىلگەن مۇز

ئۇنى بۇلاقتەك كوتىرىلىپ چىقىۋاتقان سۇ ئاستىغا سورەيتتى. ئالماس سۇ ئىچىدىن ئىرغىپ خادا مۇز ئۇستىگە يامىشىپ چىقتى-دە، ئالدىغا قاراپ يەنە يۈگۈردى.

بۇ چاغدا، شا پەرىنجىلىك ئادەم ئىرىقى قاشتىن كوتىرد-لىپ چىقىپ، جىگدىلىك تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى.

ئالماس ئوقتەك ئېتىلىپ قاش ئۇستىگە چىققاندا، جىگدى-لىكتە نە ئات، نە ئادەمنىڭ قارىسى كورۇنمىدى.

ئالماس غەزەپلىنىپ تاغ تەرەپكە قارىدى ۋە جىگدىلىك-نىڭ شىمال تەرىپىدىكى ئوچۇقچىلىقتا پۇقۇراپ كوتىرىلگەن قار توزاڭلىرى ئىچىدىن غىل-پال كورۇنگەن ئاق بوز ئاتنى كو-رۇپ قالدى.

ئالماس تېقىمىدا ئات بولمىغىنىغا قاتتىق ئەپسۇسلاندى ۋە تاپانچىنى سوغۇرۇۋېلىپ، ئاسمانغا قارىتىپ ئارقا-ئارقىدىن ئۇچ پاي ئوق ئاتتى:

— توختا...... توختا!......

ئىراق، ئاتلىق ئادەم بۇ چاغدا ئاق تۇمان ئىچىگە كى-رىپ كوزدىن غايىپ بولغان ئىدى......

ئالماس جىلى بولۇپ، مەقسەتسىز دىگۇدەك جىگدىلىك-نىڭ ئالدىغا، بايا ئاتنىڭ بېشى كورۇنگەن جايغا يۈگۈرۈپ بار-دى ۋە ھېچبىر كۈتۈلمىگەندە دەل شۇ يەردىن چىقىپ كېلى-ۋاتقان شىرمەممەتنى كوردى.

شىرمەممەت بىر يۇدە جىگدە ئوتۇننى دۈمبىسىدە كوتى-رىپ، ئۇشۇغىغچە قار كەچكەن ھالدا جىگدىلىك ئارىسىدىن پۇشۇلداپ چىقىپ كېلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ شالاڭ بۇرۇتلىرى قى-رودىغان بولۇپ، كوزلىرى نىمە ئۇچۇندۇ ئەنسىزرەك قارايتتى.

— شىرمەممەت، — دېدى ئالماس ئۇنىڭ روبىرىغا كېلىپ، — ئاتلىق ئادەم كىم؟ ......

— ئاتلىق ئادەم؟ — شىرمەممەت بىردىن ئالماسنى تونۇپ كوزلىرىنى پارقىراتتى، — بۇ نىمە دىگىنىڭ، مەن ئۇنى كوردۇم، ئالدىمدىن چىپىپ ئوتۇپ كەتتى، ئۇنىڭ كىملىگىنى مەن نىم بىلەي ......

— سەن ئۇنى تونۇمىدىڭمۇ؟ ......

— تونۇمىدىڭمۇ؟ ...... تونۇسام - تونۇمىسام نىمە بوپتۇ، — شىرمەممەت قىرودىغان بۇرۇتلىرىنى جۇۋىسىنىڭ يېڭى بىلەن سۇرتۇپ قويۇپ، دۇمبىسىدىكى ئوتۇننى سىلكىپ كوتىرىپ گەج- گىسىگە ئالدى ۋە پۇشۇلداپ پۇتىدىكى بىجىرىم دولان ئوتوگە- نى بىر بىرىگە ئۇرۇپ قارىنى قاقتى.

ئالماس سىنچىلاپ، ئۇنىڭ كوزىنىڭ ئىچىگە قارىدى:

— شىرمەممەت، سەن بۇ يەردە نىمە ئىش قىلىۋاتى- سەن؟ ......

شىرمەممەت بېشىنى سەل - پەل سىڭايان قىلىپ، ئالماسقا ئېرىنچەكلىك بىلەن قاراپ قويدى:

— نىمە قىلىۋاتىسەن؟ ...... نىمىش قىلىتىم ......، — شىرمەم- مەت تىلى بىلەن شالاڭ بۇرۇتلىرىنى يالاپ قويدى، — ئوتۇن- غا كەلگەن، ئوتۇنغا! ......

— نىمە سەن بۇ قىشتا، — دېدى ئالماس، — قۇربان ئاق- ساقالنىڭ ئوتۇنى توگەپ قاپتىمۇ؟ ......

شىرمەممەت نىمە ئۇچۇندۇ بۇ گەپكە جاۋاپ بىرىشنى خالىمىدى، ئاغزىنى تامشىپ نىمىندۇر دەپ غودۇڭشۇپ، بېشى- نى توۋەن سالدى.

ئالماس ئۇنىڭغا تۇنجى قېتىم گۇمان بىلەن قاراپ قويـ-
دى ......
دەل شۇ چاغدا، دەريانىڭ جەنۇبىي قېشى تەرەپتىن، ئاـ-
دىراپ كېلىۋاتقان ناتونۇش ئىككى ئادەم كورۈندى.
ئالماس بىلەن شەرمەنەت ئىتتىك ئۇلارغا قاردى. ئاـ-
ماس ئۇلارنىڭ قولىدىكى تاپانچىنى بايقاپ "كىملەركىنا بۇ"
دەپ ئويلىدى. ئۇ، ئوز خىيالىنىڭ ئاخىرىغا يەتكىچە، ناتونۇش
ئىككى ئادەم تاپانچىلىرىنى يانچۇقلىرىغا سېلىپ، ئالماسقا يېقىنـ-
لاپ كەلدى.
ئۇلار — ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، نىمە ئىش ئىكەنلىكىنى
بىلىش ئۇچۇن يولدىن قايرىلغان دۇك تېخەن بىلەن ئابدۇللا
ئىدى.
ئالماس ئۇلار ئالدىغا كەلگىچە سەپسېلىپ جىم تۇر-
دى. لېكىن ئابدۇللانىڭ كوزلىرى بىردىنلا ئويناپ كەتتى ۋە
شىرخلوق بىلەن ئالماسقا قاراپ:
— هوي، هوي ...... بۇ ئالماسقۇ! بەللى، تازا ئۇستىدىن
چۇشۇپتىمىز - دە! — دەۋەتتى.
— سالام، قېرىنداش! ياكشىمۇ سىز؟ — دۇك تېخەن
ئالماسقا قاراپ، تېخى بايىلا ئۇگەنگەن سوزنى تەكرارلىدى.
ئالماسنىڭ كوزلىرى يالتىراپ كەتتى.
ئۇنىڭ كوز ئالدىدا تونۇش ئىنقىلاپچى دۇك داشى ناماـ-
يەن بولدى. ئۇمۇ ئۇيغۇر تىلىنى ئەنە شۇنداق يېقىملىق تەلەپپۇز
قىلاتتى. تەققى - تۇرقى، يۇزىنىڭ كېپتى، چوڭ كوزلىرى ......
نىمە دىگەن ئوخشايدۇ - ھە، بەئەينى ئۇزى! ......
— يولداش دۇك تېخەن سىز ......، — ئالماس هاياجانلىـ-

نىپ شۇ گەپنى ئېيتتى - دە، تاپانچىسىنى كەينىگە سۇرۇۋېتىپ، دۇك تېخەننىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردى ۋە ئۇنىڭ قوللىرىنى ئىككى قوللاپ سىقىپ، قىزغىنلىق بىلەن كورۇشتى ھەمدە خو - شاللىق بىلەن، — ئاجايىپ ئىش، خۇددى چۈش كورگەندەك، ئاجايىپ ئۇچرىشىش بولدى! — دەپ، توختىماي تەكرارلايتتى.

ئابدۇللا بۇنىڭدىن ئىككى ھەپتە ئىلگىرى ئالماسنى بىر قېتىملىق چوڭ يىغىندا سىرتىدىن كورگەن ئىكەن، لېكىن، دۇك تېخەن بىلەن ئالماسنىڭ ئۇچرىشىشى تېخى تۇنجى قېتىم ئىدى.

ئالماس بىلەن دۇك تېخەن قىزغىن سوزلىشىۋاتقاندا، شىرمەممەت گويا بىر نىمىدىن ھۈركىگەندەك، دۇك تېخەنگە قا - راپ - قاراپ قويۇپ، ئۇتتۇنى يۈدىگەن پېتى قاشتىن سىرىلىپ، دەريانىڭ مۇز قاپلىغان ئۇستى بىلەن ئۇز يولىغا كەتتى:

دۇك تېخەن شىرمەممەتكە قىزىقىسىندى ۋە ئالماسقا قاراپ:

— ئۇ كىم، كەتتىغۇ؟ — دىدى. بۇ گەپنى ئابدۇللا تەر - جىمە قىلىپ بەردى.

— ھەي ...... ئۇنى قويۇڭ، — دىدى ئالماس بىردىن قو - شۇمىسىنى تۈرۈپ رەنجىگەن قىياپەتتە، — كىم بولىتى، شىرمەم - مەت، سىپى ئۇزىدىن ئىشلەمچى چاكار، قۇربان ئاقساقال دىگەن مۇتىھەمنىڭ چاكرى ...... مانا ئەمدى ئوغلى، جان - جىگىرى بول - غانمىش، قاپاقۋاش ......

دۇك تېخەن يادىدا قالدۇرۇپ قېلىشنى خالىغاندەك، ”شىر - مەممەت“ دىگەن ئىسىمنى قايتا - قايتا تەكرارلىدى ......

...... ئالماس ئۇلارنىڭ ھارۋا بىلەن ئۇچرىشالمىغىنىغا ئەپ - سۇسلاندى، بايىقى ئېتىلغان ئوقنىڭ سەۋىۋىنى چۈشەندۇردى. ھەممەيلەن نامەلۇم ئاتلىق كىشى سىڭىپ كىرىپ كەتكەن ئاق

تۇمان تەرەپكە قاراشتى......

ئاردىن يېرىم سائەتچە ئۆتكەندىن كېيىن، ئالماس ئۇ-لارنى دەريانىڭ قېشى بىلەن ئېلىپ مېڭىپ، يەنە چوڭ يولغا ئېلىپ چىقتى ۋە:

— سىلەر مېڭىپ تۇرۇڭلار...... مەن كەينىڭلاردىن يې-تىپ بارىمەن. دەريانىڭ يۇقۇرى تەرىپىدە كوكقوم كەنتى بار، ئۇ يەردە بىزنىڭ ئادەملىرىمىز بار. مەن ھىلىقى ئاتلىق ئادەم توغرىسىدىكى گەپنى تاپىلاپ قوياي. بۇ، ئۈچ ئايدىن بۇيان بۇ يەردە پەيدا بولغان غەلىتە ئىش، — دىدى.

دۇڭ تېخەن ئالماسنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، بىردىن ئۇنىڭ ئاراقلاپ قېتىپ كەتكەن ھول ئۇتۇكىنى كورۇپ قالدى:

— توختاڭ، توختاڭ، — دىدى دۇڭ تېخەن كېتىشكە تەمشە-لىۋاتقان ئالماسقا قاراپ ۋە ئىتتىك بېرىپ ئالماسنىڭ پۇتىدىكى ئۇتۇكىنى تۇتۇپ كوردى، — بولماپتۇ، بۇنىڭ ئىچى سۇغۇ، يېشىڭ......

دۇڭ تېخەن ئۇشىنىسىدىكى چاتقان شىڭلىسى ئىچىدىن ئىچىدە يۇڭى بار بىر جۇپ كالتىساقنى ئالدى ۋە ئالماسنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي پۇتىغا كىيگۈزدى:

— مانا ئەمدى بېرىڭ، — دىدى.

ئالماس ئالدىراپ كوكقوم تەرەپكە كەتتى......

دۇڭ تېخەن بىلەن ئابدۇللا چوڭ يول بويىغا چىقىپ، ئۇزىنىڭ ئەپكەش-سۇۋەتلىرىنى كوردى ۋە ئۇنى مۇرىسىگە ئېلىپ، پاراڭ بىلەن يەنە يولغا چۈشتى.

ئۇلار تېخى بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ تۇرۇۋىدى، شەھەر تەرەپتىن بوگۇن ئەتىگەن ئۇتۇپ كەتكەن، ئۈچ ئات قوشۇلغان

ياسىداق ھارۋا جاراڭلاپ چىقىپ كەلدى.

ئابدۇللا كوزلىرىنى ئويىنىتىپ شوخلۇق بىلەن، دوك تىپ-
خەنگە:

— مانا تاماشا!......توختاڭ، قارىڭا ھارۋىنى، توي كوچۇر-
گەننى كورىمىز، قىزنى ئېلىپ چىقتى بولغاي، — دىدى كۇلۇپ.
ھەر ئىككىلەن ھارۋا يېتىپ كەلگىچە توختاشتى......

## 3 . ھارۋا ئۈستىدىكى سوھبەت

ھارۋا يېتىپ كەلدى.

ھارۋىنىڭ ئۈستىگە لەڭگاگۇزىسىدىن ئارتىلدۇرۇپ، بىر پار-
ە چاقناپ تۇرىدىغان قىزىل گىلەم سېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ
ۈستىگە ئەتلەس كورپىلەر تاشلانغان. ئاتلارنىڭ باشۋاغ، جونبو-
جاۋەنلىرى قىزىل - يېشىل، ھال رەڭ يۇڭ پوپۇكلەر بىلەن زىننەت-
لەنگەن، شوتا ئاتنىڭ دۇمبە - ساغرىلىرىغا چوڭ - كىچىك كولدۇر-
مىلار ئېسىلغان ئىدى.

بىراق، بۇ "توي" ھارۋىسى قۇرۇق بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈس-
تىدە ئىككى مويسىپىت ھارۋىكەشتىن باشقا ھىچكىم يوق ئىدى.
ھەتتا، ھارۋىكەشلەرمۇ نىمە ئۈچۈندۇر خاپا كورۈنەتتى.

— پاھ!......نىمە دىگەن سولەتلىك ھارۋا - ھە، — دىدى ئاب-
دۇللا ھارۋا ئوتۇپ كەتكەندىن كىيىن دوك تىخەنگە قاراپ، — قىزغا
شامال دارىپ قالغانمۇ نىمە!...... ئەستەغپۇرۇللا، ماۋۇ ئىشنى قاراڭ،
قىزغا نىمە بولدى، قىز يوققۇ؟ — دىدى ئابدۇللا كۇلۇپ، — مەن
سىزگە ئېيتسام، يولداش دوك تىخەن، بىزنىڭ بۇ يەردە توي
كوچۇرۇشنىڭ ئۇزى بىر تاماشا!......ئانىسىنىڭ ئويىدىن كوچۇرۇ-

لوۋاتقاندا قىز توختىماي يىغلىشى كېرەك. ئەتراپىدا نەغمە - ناۋا، كۈلكە - چاخچاق، ئەمما، قىز يىغلايدۇ. نېمە ئۈچۈن يىغلىشى لازىملىقىنى مەن ھەيران. بۇ يىغا بىللە ئېلىپ ماڭغان يەڭگىلە-رىگىمۇ ئىش تېپىپ بېرىدۇ، بىر تەرەپتىن، "يىغلىماڭ قىز، يىغ-لىماڭ. تەقدىر، ھەممىمىزنىڭ بېشىدا بار ئىش" دەپ پەندى - نەسىھەت قىلىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، قىزنىڭ بېقىنلىرىنى چىم-داپ زورلاپ يىغلىتىدۇ، "ئەرگە تەككەن قىزنىڭ يىغلىمىغىنى ئۇيات" دەيدۇ. كۆردىڭىزمۇ؟ مۇشۇنداق قىزىق ئىش. ئەمما بىزدە، ئادەتتىكى پۇقرالاردا ئۇنچىۋالا ھەشەم يوق. گۈلدۈر - غالاپ، قىيا - چىيالارمۇ بولمايدۇ، قول - ئىلكىدە بولمىغاندىن كېيىن نېمە چارە، ئاددىيلا توي......ئېيتىشلىرىچە، قىز كۆپ يىغلىسا، ئۇنىڭ يۈزى تۈۋەن، سوغاق قول تەگمىگەن، پاك، نامەھرەم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتەرمىش......

ئابدۇللا قىزىق سۆزلەۋاتقاندا، ئەللىك - ئاتمىش قەدەمچە ئۆزاپ كەتكەن ھارۋا نېمە ئۈچۈندۇ توختاپ قالدى؛ ھارۋىدىكى ئىككى مويسىپىت كەينىگە بۇرۇلۇپ، دۆڭ تېخەن بىلەن ئابدۇللاغا قارىدى ۋە ئۇلار ئۆزلىرىگە يېتىشىپ كەلگىچە ئۈن - تىنسىز ساق-لاپ تۇرۇشتى.

ھارۋىدىكى ئىككى مويسىپىت — توختاخۇن بىلەن قىسمەت چوروق ئىدى.

— كېلىڭلار، ھارۋىغا چىقىۋېلىڭلار، — دېدى توختاخۇن ئۆز خىياللىرى بىلەن بەنت بولغان ھالدا تونۇش بولمىغان ئىككى يولۇچىنى ھارۋىغا تەكلىپ قىلىپ، — ھەي......مەن پۈتۈن ئۆمرۈم-دە مۇنداق قۇرۇق ھارۋىنى تاراقلىتىپ ھەيدەپ باقمايتتىكەنمەن، تازىمۇ سەت ئىش بولدى - دە، قېنى بىزنى ساقلاتماڭلار، ھارۋىغا

چىقىۋېلىڭلار......

دۇڭ تېخەن بىلەن ئابدۇللا مويسىپىتلەرگە قاراشتى.

تۇختاخۇننىڭ بېشىدا نىمكەش ئورە تۇماق، ئۇستىدە مازلىرى چىقىپ تۇرغان كونا پاختىلىق چەكمەن چاپان، پۇتىدا كوپ يېرىگە ياماق چۈشكەن بوغما چورۇق بار ئىدى. قىسمەت چورۇق بولسا، تاشلانمىغان تېرە تۇماقنى چوكۇرۇپ كىيگەن بولۇپ، ئۇستىدىكى قوپال تىكىلگەن كونا جۇۋىسىدىن جۇۋاز يېغىنىڭ پۇرىغى كېلىپ تۇراتتى. ئۇ، جۇۋىسىنىڭ پەشلىرى بىلەن تىزلىرىنى ئوراپ يۇكۇنۇپ ئولتۇرغانلىقتىن، پۇتىدا نىمە بارلىغى كورۇنمەيتتى.

دۇڭ تېخەن قاش - ساقاللىرىنى ئاق ئارىلىغان، كوزلىرىدىن ئويچانلىق ۋە بىر خىل رەنجىش ئالامىتى كورۇنۇپ تۇرغان توختاخۇنغا قاراپ:

— رەھمەت تاغا، كېتىۋېرىڭلار، سىلەر ئالدىرايدىغاندەك قىلىسىلەر، بىز مېڭىپمۇ ئوز مەنزىلىمىزگە بېرىۋالىمىز، — دېدى.

ئابدۇللا بۇ سوزنى ئۇلارغا تەرجىمە قىلىپ بەردى.

— ھەي، ئالدىرىغاننىڭ كاساپىتى مۇشۇ، — دېدى قىسمەت چورۇق قىرو باغلاپ كەتكەن قاش - ساقاللىرىنى يېڭى بىلەن سۇرتۇپ تۇرۇپ، — تۇنۇگۇندىن بۇيان ئالدىرىغىنىمىز نىم بولدى، تاپالمىغىنىمىز نىم بولدى، مەن قىسمەت چورۇق قايتقاندىن كېيىن قېرىنداشلارغا نىمە دېيىشىمنى بىلمەي تۇرۇپتىمەن، قېنى، ھارۋىغا چىقىۋېلىڭلار......

— بىز ياڭاقلىق يېزىسىغا كېتىۋاتىمىز، — دېدى ئابدۇللا، — يول خېلى بارمۇ؟......

— ئۇھۇ......مۇنداق دېگىن، — دېدى قىسمەت چورۇق، — يولىمىز بىر ئىكەن، ئارىلىق تېخى ھەلەم بار، قېنى چىقىڭلار، كەتتۇق......



دۇڭ تېخەن بىلەن ئابدۇللا بىر بىرىگە مەنىلىك قاراشتى.

ئۇلار چىقمىسا، مېيىپىتلەرنىڭ خاپا بولۇشى تېنىق بو-لۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلار نېمىگە شۇنچە ئالدىرىدى، كىمنى تاپالمىدى، سەت بولغىنى قايسى ئىش؟ دۇڭ تېخەن بۇ-نىڭغا قىزىقىپ قالدى.

— سىلەر بىزنىڭ بۇ بايۋەچچە هارۋىمىزغا قاراپ ئەجەپ-سىنىپ كەتىەڭلار، — دېدى توختاخۇن دۇڭ تېخەن بىلەن ئابدۇللا هارۋىغا چىقىپ جايلاشقاندىن كېيىن ئاتلارنى دېۋېتىپ تۇرۇپ، — بۇ هارۋا بىزنىڭمۇ ئەمەس ۋە بىزمۇ هازىر هېچكىمنىڭ هارۋىكى-شى ئەمەس، بۇ هارۋىنى هەيدەپ شەهەرگە كىرىشكە هەۋەس قىلغانلار، پىدائى بولۇپ مەيدە مۇشتلىغانلار ئاز بولمىدى. تۈنۈ-گۈن كېچە ۋە بۇگۈن ئەتىگەن هارۋىنى ياساپ - جابدۇدۇق، كولدۇرما - قوڭغۇراقلارنى دىمەمسىلەر، خەقلەر بىردىن - يېرىمدىن ئېلىپ چىقىشتى. بەزىلەر بوشۇك بالىسىنى ئويىنىتىدىغان كولدۇر-ملارنىمۇ ئېلىپ چىقىپتۇ. "هەي خەق، ساراڭ بولۇشتىڭمۇ، بۇ هارۋا توي كوچۇرۇۋاتقىنى يوققۇ!" دېدۇق. لېكىن يۇرتداشلار: "مەيلىلا، ئىشقىلىپ مېهماننىڭ هورمىتى، توي ئۇنىڭدىن كەم بو-لاتتىمۇ" دېيىشتى. سىلەر بىلمەيسىلەر، بىزگە چىقىدىغان مېهمان يىراقتىن، جاهاننىڭ تورىدىن كەلگەن ئادەم. ئازاتلىق-مۇ شۇ ئادەم بىلەن بىللە كەلگەن. شۇڭا، هەممە خەقنىڭ ئۇ-نى ئۆز قولى بىلەن ئېلىپ چىققۇسى كەلدى. مەن دېدىمكى، "توختاڭلار، ئالدىرىماڭلار، مەن توختىكاڭلار پۈتۈن ئومرىدە ها-راماتاق دەدىسلەرنى هاپاش قىلىپ يۇدۇپ مۇكچەيگەن، مەن ئۆزەم ئېلىپ چىقاي". جامائەتچىلىك "بوپتىلا، سەن ئېلىپ چىق، بىز قارايمىز، كوزىمىز يولدا" دېيىشتى. مانا بۇ قېرىنداش قىس-

متاخۇن بىلەن بىللە يولغا چىقتۇق......

قىسمەت چورۇق ھارۇۋىنىڭ لەڭگاگزىسىغا بىر بىلىكى بىلەن تايانغان ھالدا، يۆكۈنۈپ ئولتۇرغان پېتى ئەپسۇسلىنىپ سوز قاتتى:

— ھەي......بۈگەپنىڭ نىمىسىنى ئېيتىسىلەر، ئەزىبرايى خۇدا، بۈگۈن كىچە كوز يۇمغان بولسام...... شۇنداق قىلىپ شەھەرگە كىردۇق، ھوكۇمەت ئىدارىسىنىڭ ئالدى تىقما-تىقماق، قىستاڭ-چىلىق. ھەممە يۇرت-بەگلىكلەردىن ئوزىگە چىقىدىغان ۋەكىل مىھمانىنى ئېلىپ كەتكىلى ھارۇۋىلار كەپتۇ. ئېلىپ چىقىپ كېتىش-ۋاتىدۇ. لېكىن، بىزنىڭ مېھمىنىمىز ھىچنەدە، ئاسماندىمۇ، يەردى-مۇ يوق! مەن قىسمەت چورۇقنىڭ سورىمىغان ئادىمى، كىرىسگەن توشۇگى قالمىدى. كۆن چۈش بولاي دىدى. سادىغاڭ كېتەي بىر خىزمەتچى ئەپەندىم تولا كوپ ئاۋارە بولدى. بىز خەقتىنمۇ، خەنزۇدىنمۇ، توگچىدىنمۇ سورىدى بولغاي، ھەممە يەرنى بىر مال-تىلاپ چىقىپ، ئاخىرى:

— تاغىلار، سىلەرگە چىقىدىغان ھەربى ۋەكىل ئەتىسگەن سەھەردە پىيادە مېڭىپ كېتىپتۇ، يول ئۈستىدە ئۇتۇشۇپ كەتكەن ئوخشايسىلەر، — دىدى.

نىمە قىلغۇلۇق، يولدا ئۇتۇشۇپ كەتكەن چېغىمىز...... مانا ئەمدى ئالدىرىغانىنىڭ پايدىسى يوق، بەلكىم، ئۇ كىشى ياگاقلىق يېزىسىغا بېرىپمۇ بولغاندۇ!......

شۇنىڭدىن كېيىن توختاخۇن بىلەن قىسمەت چورۇق خېلى-غىچە ئېغىز ئېچىپ گەپ قىلمىدى دۇڭ تېخەن:

— ئاۋارە بوپسىلەر، جاپا چېكىپسىلەر، — دىدى.

توختاخۇن سەل مەيۇسلەنگەندەك بولۇپ، بېشىنى كوتىرىپ

دۈڭ تېخەنگە قاراپ قويدى:

— گەپىمكەن، قانداق جاپا بولسۇن، دېدى ئۇ ئاتنى دېۋېتىپ تۇرۇپ، — ئەسلىدە جاپا چەكمەك ئەرزىگۈدەك ئىش ئىدى، ئويلىسام گەپ تولا، ئاسايىشلىق كۈنلەرنىڭ بولۇشىنى قانچە-قانچە سېغىنىدۇق، ئارزۇ قىلدۇق، ئازاتلىقنىڭ شاراپىتى بىلەن جىمى جاھان بىزگە كۈلۈپ قاراۋاتقاندەك بولدى، گەجگىمىزگە ئاپتاپ چۈشۈپ، باغلاقتىن قويۇۋەتكەن موزايدەك پۇت-قولىمىز بوشاپ قالدى. ئۇنىمۇ، بۇنىمۇ ئويلاپ كوردۇق، ئەمما-زە، نەمىشقىدۇ بۇ كۈنلەردە ھاردۇرىدىغان ئىش بولمىغىنى بىلەن نەمىسى نىمىكىن، زادىلا ھاردۇقنى چىقىرالمايۋاتىمىز. ئۇنىمۇ، بۇنىمۇ خىيال قىلىمىز، دېتلاپ-ئىدىتلاپ كورىمىز، ئەمما، نىمە قىلىپ، نىمە قويۇشنى بىلمەيمىز......مانا ئاز كۈندە باھار كېلىدۇ، ئېتىزغا قوشنى ئېپچىقىش كېرەك. يەرلەرنى تاختىلاش لازىم. بىزدە بولسا، نە يەر، نە قوش يوق، ئۇرۇقلۇقىمۇ يوق، ئەسلىدە يوقىمۇ ئەمەس. نىمىشقا يوق بولسۇن. مەخسۇت بەگنىڭ تەئەللۇقاتى قولىمىزدا تۇرۇپتۇ، ئالىدىغان خام تالاش قىلىۋېتىش لازىم ئىدى. لېكىن، ئالماس "توختاڭلار، مەسلىھەت قىلايلى، بىزگە پارتىيە ۋە ھوكۈمەت ۋەكىل ئەۋەتىدۇ، مەسلىھەت قىلايلى" دەپلا كېلىۋاتىدۇ. قانداق قىلىدىغان ئىشكىن-تاڭ...... بۈگۈن قۇرۇق ھارۋىنى تاراقلىتىپ، ئالدىراپ-تىنەپ يۈرۈشىمىزنىڭ سەۋەۋى شۇ......

شۇنىڭدىن كېيىن توختاخۇن بىلەن قىسمەت چورۇق نەمىندۇر ئويلىنىپ، ئوز خىياللىرى بىلەن بولۇپ قالدى.

ئابدۇللا شوخلۇق بىلەن كوزلىرىنى يالتىرىتىپ، قاشلىرىنى سەكرىتىپ توختاخۇننىڭ مۇرىسىدىن تۇتتى:

— ھە، ھە، توختىكا، شۇنداق قىلىپ سىز ھەربى ۋەكىل-
نى تونىيالماي قاپسىز - دە؟ — دېدى كۈلۈپ.
— ياش بالىسىز - دە، ئوغلۇم، — دېدى توختاخۇن سەل خاپا
بولغاندەك بولۇپ، — تونۇيدىغان بولسام، يولدىن ئۆتۈشۈپ كەت-
كىچە قاراپ تۇرامىدىم، قورۇق ھارۋىنى تاراقشىتىپ چېپىپ يۈ-
رەرمىدىم...... يولدىن ئۆتكەن ئات، ئات ھارۋىلىرى ئازمۇ؟ بىر-
سىدە كېتىپ قاپتۇ - دە!......
ئابدۇللا خۇشاللىق بىلەن دۈك تېخەننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:
— توختىكا، قارىڭا، بۇ كىم، سىز ئىزلىگەن كىشى ئە-
مەسمۇ؟ — دېدى.
توختاخۇن بىلەن قىسمەت چورۇق قولىغىمىز خاتا ئاڭلاپ
يۈرگەن بولمىسۇن يەنە دېگەندەك، ئىتتىك ئابدۇللاغا قاراپ تې-
گىرقاپ قېلىشتى، دۈك تېخەننىڭ قولىدىكى ئەپكەشكە، تېزەك يۈقى
ئوغۇت سېۋەتلىرىگە، سەممى، مۇلايىم كۈلۈپ تۇرغان ئىشەنچ-
لىك كۆزلىرىگە ھەيران بولۇپ قارىدى. تۇۋا......غەلىتە ئىش!......
ئادىمساق ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ، ھۆكۈمەت ئادىمى سەھراغا
چىقسا پىيادە ماڭغاننى كىم كۆرگەن؟ ئوغۇت سېۋىتىنى كۆتىرىپ
تېزەك تېرىپ يۈرگىنى نىمىسى!...... ھەيتاڭ، بىز ئىزلەپ يۈرگەن
مېھمان شۇمىكىنا، ئاجايىپ ئىش، نىمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ - ھە؟......
— سەن ئوغلۇم......بۇ كىشى......، — توختاخۇن ئابدۇللا-
نىڭ قولىنى تۇتۇپ، ئاق ئارىلىغان قاشلىرىنى ئىگىز كۆتىرىپ، كۆز-
لىرىنى چوڭ ئېچىپ، لەۋلىرى سەل تىترىگەن ھالدا دۈك تې-
خەنگە قارىدى، — سىلەر...... ماڭا قارىڭا...... سىلەر زادى نەگە
كېتىۋاتىسىلەر - ھە؟......
دۈك تېخەن توختاخۇننىڭ تارشىدەك قېتىپ كەتكەن قول-

لىرىنى ئالقانلىرىغا ئېلىپ چىڭ تۇتقان ھالدا:

— ياكشىمۇ سىز قېرىنداشى...... سالامۇ......، — دەپ توخ-تاخۇن بىلەن قىسمەت چورۇققا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى بويىچە، قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ، بېشىنى ئەگدى، — سىلەر ياڭاقلىق يېزىسىغا، زەرەپشان بەگلىگىگە ماڭغان بولساڭلار، يولىمىز بىر ئىكەن تاغا......

قىسمەت چورۇق ھەيران بولۇپ غودۇڭشىدى:

— مانا قىزىق، توگە مىنىپ، توگە ئىزلىدى دىگەن شۇ...... ھەي......بىزنىڭ بۇ كوزىمىز...... ئەتىگەن مەن: تىزەك تېرىپ يۈرگەن بۇ ئادەملەر كىملەركىنا دەپ، خېلىغىچە سەپسالدىم......... مەن قىسمەت چورۇق بۇ ئادەملەردە بىر گەپ بار. قانداقمۇ قىغچى بولسۇن دىگەن گۇمان بىلەن ئارقامغا نەچچە رەت قاراپ-تىمەنۇ — توختىغىنا توختاخۇن، بىر سوراپ كورەيلى دىمەپ-تىمەنا!......

توختاخۇن بىلەن قىسمەت چورۇق تۇرۇپ ئېغىر "ئۇھ" تارتىپ، تۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ، بىر بىرىنىڭ گەپ-سوز-لىرىنى تولۇقلاشتى، لوقما سېلىشتى، كورگەن-بىلگەن، ئاڭلىغان-ئىشتكەنلىرىنى ئەسلىشىپ، ھەدەپ دۆڭ تېخەنگە ۋە ئۇنىڭ قول-دىكى ئەپكەش يېنىدىكى ئوغۇت سۈەتلىرىگە قاراپ قويۇپ:

— دۇرۇس، گۇمان يوق، ئۇز ئادەم...... نەدىمۇ ھوكۇمەت ئادىمى بولسۇن، — دىگەننى تەكرارلايتتى......

ئۇلار پاراڭ بىلەن بولۇپ، ياڭاقلىق يېزىسىغا قانداق كىر-رىپ كەلگەنلىگىنى سەزمەي قېلىشتى......

## 4. بىر ئائىلىنىڭ كىشىلىرى

"ياڭاق پوشتى ماكان" دا يېڭى ھوكۇمەت ۋەكىلىنىڭ پەيدا بولغانلىقى بىردەمدە پۈتۈن يېزىغا پۇر كەتتى.

قىش مەزگىلى بۇ يەردە زىلچا - گىلەم، خام - چەكمەن، چويلا - سۆۋەت توقۇش؛ ياغاچچىلىق، مىسكەچىلىك، ياغاچ قوشۇق - قا گۈل بېسىش ئوخشاش قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدى - غان خېلى بىر قىسىم دېخانلارنى ھىسابقا ئالمىغاندا، كوپچىلىك دېخانلارنىڭ قولى بوش ئوتىدۇ. كىچىككىنە بىر يېڭىلىق كوپچىلىك كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ ۋە شۇنىڭ ئەتراپىدا پىقىراپ ۋاقىتنى ئوتكۇزىدۇ؛ بەزىدە ئازراق بىر جە - دەل - ماجىرامۇ ئىشى يوق بولغانلىقتىن، بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ كۇنلەپ تالاش - تارتىشلىق خالىس مۇنازىرە ئېلىپ بېرىشىنىڭ سەۋۇبىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

يېڭى ھوكۇمەت ۋەكىلىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىگى چوڭ ئىش.

قوڭغۇراقلىق ھارۋىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، قى - چۇ قىلى - شىپ ئۇششاق باللار، ئوچاق ئالدى، تونۇر بېشى، لەمپە ئاستى ۋە جوۋازخانىلاردىن ئەر - ئايال، ياش - قېرى دېخانلار ئالدى - راپ مەخسۇت بەگىنىڭ تومۇر دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىشتى، ۋەكىلنىڭ ئوزىنى كورمەي، ھەر كىم ئوزلىرىچە ھەر خىل تەخمىن - لەرنى قىلىشتى، بىردەمدە يۈزدىن ئارتۇق كىشى توپلاندى.

بەزىلەر زىننەتلەنگەن ھارۋىغا، بەزىلەر ئوغۇت سۆۋىتىنى كوتىرىپ ھارۋىدىن چۈشۈۋاتقان دوڭ تېخەنگە، بەزىلەر شوخ يىگىت تەرجىمان ئابدۇللاغا قارىشاتتى. خېلى بىر قىسىم كىشى - لەر قىسمەت چورۇقنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالغان ئىدى. ئۇ بىر خىل

مەغرۇرلۇق بىلەن:

— مەن قىسمەت چورۇق ھەرقانداق ئىشنىڭ باش - بۇر-
نىدىن چىقىمەن. بېشىمنى قولتۇغۇمغا قىسىپ قىويۇپ، ئورمانغا
بىرىپ جەڭ قىلغانمۇ، تاغدا قوغلاپ يۈرۈپ مەخسۇت بەگ دى-
گەن شۈگۈپەننى بورىگە يەم قىلغانمۇ يېقىر ئۆزەم. ئازاتلىق ئار-
مىيىنى ھەممىدىن ئىلگىرى كورگەن كىشى مەن قىسمەت چورۇق.
بۇ قېتىم ۋەكىلنى كىم ئېلىپ چىقتى؟ يەنە مەن. بۇ كىشى
دۈڭ تېخەن، ئۆزى ئەسكەر بولغان. قەدىناس ئاغىنە - بۇرادەر-
لەردىن بولۇپ قالدۇق. ئۆزى جاھان كېزىپ بېيجىڭدىن كەلگەن،
ئەزىمراھى ئۆز كىشىمىز، ئىشەنمەمسلەر، دەل ئۆزى، — دەۋا-
تاتتى......

كوپچىلىك دىخانلار بولسا، ھارۋىنىڭ ئەتراپىدا ئىدى.
دۈڭ تېخەننىڭ ھارۋىدىن چۈشكەندىن كېيىنكى ھەر بىر ھەر-
كىتى كىشلەرنىڭ نەزىرىدىن ئوتۇپ تۇردى. ئۇنىڭ مۇلايىم
كۆلۈمسىرىشى، سىۋەتلەرنى ئالدىرىماي ئەپكەشكە ئوتكۈزۈپ مۈرد-
سىگە ئېلىشى ۋە ئوغۇت تېرىيدىغان گۈرجىگىنى قولتۇغىغا قىسىپ
تۇرۇپ، ئۇزىگە كورۇشۇش ئۈچۈن قول سوزغان دىخانلارنىڭ
قولىنى ئىككى قوللاپ قىزغىن تۇتۇپ تۇرۇپ:

— ياخشىمۇ قېرىنداش، سالامۇ، — دەپ كورۇشۇشلىرى
دىخانلارغا ياقتى.

دۈڭ تېخەن ئۆزى بىلەن بىرنەچچە ئېغىزدىن پاراڭ
قىلىشنى خالىغان دىخانلار بىلەن سوزلىشىپ تۇرۇپ، مەخسۇت
بەگنىڭ تومۇر دەرۋازىسىنى كورۇپ قالدى:

— بۇ قەيەر، ئىش بېجىرىش ئورنىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

كوپچىلىك بىر بىرىگە قاراشتى، دۈڭ تېخەننىڭ يېنىدا

تۇرغان بايىز خالۋاپ:
— بىزدە ئىش بىجىردىش ئورنى يوق، بۇرۇن كىم يۇرت سورىسا، شۇنىڭ ئۆيى سوراق - مەسلىھەتخانا بولغان. بۇ تۆمۈر دەرۋازا مەخسۇت بەگنىڭ ئۆي - جايى...... — دېدى.
"مەخسۇت بەگ" دېگەن ئىسىمنىڭ ئاتىلىشى بىلەن بىر-مۇنچە مويسىپىت - قېرىسالار ئېغىر بىر تىنىپ قويدى، ياشلار بولسا كۈلۈشۈپ، تەرەپ - تەرەپتىن:
— ھازىر ئالماسنىڭ ئۆيى ئىش بېجىرىش ئورنى!......
— ئالماس بىزنىڭ كاتتىۋېشىمىز!......
— ئۇنىڭ ھوكمى — بەگنىڭ ھوكمى!......
— بەگ دېسە، دىگۇچىلىگى بار! — دەپ چۇقۇرىشاتتى......
بۇ يەرگە ھەممىدىن بۇرۇن يېتىپ كەلگەن شانىياز "ئىش ئورنى" دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، دۇك تېخەننى ئېلىپ چە-قىدىغان ھارۋىنى زىننەتلىگەن بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنى نەگە ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئويلاشمىغانلىغىنى ھېس قىلىپ، ئىتتىك ئارقىسىغا قارىدى، كىمنىدۇر كوزلىرى بىلەن ئاختۇردى، ئالماس-نىڭ يوقلۇغى ئۇنى تەئەججۇپلەندۇردى.
لېكىن، بايىز خالۋاپ شانىيازنىڭ كوڭلىنى بىلگەندەك، خوشاللىق بىلەن دۇك تېخەنگە قاراپ:
— قېنى، قېنى ئۆي تەييار، مەخسۇت بەگنىڭ مېھمانخا-نىسى تەييارلانغان، ئويسەن كىرىپ پاراڭ قىلىلى، ھازىر بۇمۇ بىزنىڭ ئۆي، — دېدى.
شانىياز "يالت" قىلىپ دۇك تېخەنگە قارىدى، دۇك تېخەن بولسا، كۈلۈپ تۇرۇپ:
— بىز يولدا توختاخۇن تاغام بىلەن ئويدانلا تونۇشۇۋالـ-

دۇق، بىزنى ئۇز ئۇيىگە چۇشۇشنى تەكلىپ قىلدى، شۇ يەردە تۇرساق قانداق؟ — دېدى.

— بۇنىڭدا گەپ يوق، — دېدى قىسمەت چورۇق دۇڭ تېخەنگە بىر يولى ئۇزى جاۋاپ بېرىپ، — مەن قىسمەت چورۇق ئالىلقاچان توختاخۇن بىلەن پۇتۇشكەن، ئەلۋەتتە شۇنداق بولۇشى لازىم. تارتىنىشنىڭ ھاجىتى يوق، ۋەكىل ئۇز ئادەم-دە!......

بۇ گەپ-سوزلەرگە سەمە بولۇپ تۇرغان دېخانلار قىمىر-لىشىپ قالدى، بىر بىرىگە قاراشتى. "قىسمەت چورۇق گەپتاز-لىق قىلمەن دەپ ئىشنى بۇزۇپ، مېھماننىڭ ئالدىدا يۇزىمىز-نى توكمىگىدى" دەپ ئەنسىرەشتى. كىمدۇر پەس ئاۋاز بىلەن يېنىدا تۇرغان كىشىگە: "ئالجىغان قېرى، ئاغزىغا كەلگەننى بىلە-جىرايدا، ھوكۇمەت ئادىمىنى قانداقمۇ ئەسكى-تۇسكى ئويگە باشلىغلى بولسۇن" دېدى. كىمدۇر "توختىكامنىڭ ئويى كىچىك، تېخى ئۇمۇ ئۇزىنىڭ ئەمەس، قانداقمۇ سىغدۇ" دېدى. بەزىلەر ئاغزىنى قويۇۋېتىپ، دۇڭ تېخەنگە قاراپ:

— توختاخۇننىڭ ئەزەلدىن ئوي-ماكانى بولغان ئەمەس، مەخسۇت بەگنىڭ بىدە باسقان چەللىسگە ئوت قويۇۋېتىپ، "زىندان" غا سولانغانلارنى قۇتقۇزغان چاغدا، توختاخۇننىڭ چۇۋۇق كەپىسى كويۇپ كەتكەن، توختاخۇن ئىلاجىسىز مەھەللە-نىڭ چېتىدىكى ئىگىسى شەھەرگە كوچۇپ كەتكەن تاشلاندۇق ھويلىغا كوچۇپ بارغان، جىمى يېرى توكۇلۇپ تۇرغان كۇملاچ تاملىق بەزەپ ئوي. ئۇ يەرگە مېھمان ۋەكىلنى قانداقمۇ باش-لىغىلى بولسۇن، — دېيىشىپ، غول-غولا قىلىشتى......

دۇڭ تېخەن بۇ گەپلەرنى تەرجىمان ئارقىلىق چۇشىنىپ

باش چايقاپ، كۆلۈمسىرىگەن ھالدا:

— قىسمەت ئاكا تـوغرا ئېيتتى. شۇنداق قىللىلى. كۆملاچ تام بولسا نىمە بوپتۇ، ھەممىمىز ئۆز ئادەم. تـوختاخۇن تاغا بىلەن ئاتا- بالا بولىمىز. ئالماس كـىچىك ئوغۇل بولـسا، مەن چوڭ ئوغۇل بولىمەن. — دىدى.

كوپچىلىك كۆلۈشتى ۋە رازىمەنلىك بىلەن:

— يارايسىز. ئاتا - بالا بولـىدىغان ئىش بولـسا، توختا- خۇننىڭ ئۆيىگە چۈشكەن تۇزۇك. ئۇيـمۇ كـىچىك بىلىنمەيدۇ، بىزمۇ خاتىرجەم بولالايمىز......

-- بۇرۇنلاردا ئەمەلدارلار بەگنىڭ ئۆيىگە، قازى- قوز- زات — ئىشان بىلەن مۆپتىنىڭ ئۆيىگە چۈشەتتى. ئەمدى باش- قىچە بولـىدىكەن - دە!......

— قىسمەت چـورۇقنىڭ پـەمى بار نىمە، ئاغزى ئىتتىك بولغىنى بىلەن كوزى مال تونۇيدۇ، ۋەكىل كىشى راستىنلا ئۆز ئادەم بولۇپ چىقسا ئەجەپ ئەمەس...... دييىشىپ، يايرى- شىپ كەتتى......

ئالدىدا كىچىككىنە بېغى بار، پەنجىرلىرىگە سامان قەغەز يېپىشتۇرۇلغان ئىككى ئېغىزلىق ئۆي دۆڭ تېخەن بىلەن ئاب- دۇللاغا ياقتى. ئۆي كونا ۋە ئۇنىڭدا بىر - ئىككى پارچە كىگىز، نىمكەش پالاس، تامغا تارتىلغان ئاق گۈللۈك شاتىۋا زەدىۋال- دىن باشقا ھېچنىمە بولمىسىمۇ، پاكىزە، سەرەمجان ئىدى. ئۆي- نىڭ يېرىق - توشۇكلىرى يىڭىلا سۇۋالغان بولۇپ، پەگا تەرەپ- تىكى مورا ئۇچاقتا يۇلغۇن ئوتۇنى پاراسلاپ كويۈۋاتاتتى.

زەرەپشانلىقلارنىڭ ئاجايىپ ئادەتلىرى بار. سارىخان ئانا دۆڭ تېخەن بىلەن ئابدۇللا ئۆيىگە كىرىپ كەلگەندە، دەسلەپ

تونۇش بولىغان بۇ ئادەملەرگە قاراپ تېڭىرقاپ قالدى. كېيىن ئۇلار بىلەن بىللە كىرىپ كەلگەن بايىز خالۋاپ، قىسمەت چىرۇق، شانىياز، جۇمالارنى كورۇپ، يەنە ئىختىيارسىز بۇنىڭدىن ئۇچ - توت ئاي ئىلگىرى قازا تاپقان قىزى ئانارگۇل يادىغا چۇشتى. ئانا قىزى ئانار يادىغا چۇشىلا ئۇزىنى توختىتالماي پەريات ئىختىيارسىز يىغلايتتى. يىراق - يېقىندىن پەتىچىلەر كەلسە، ئىخ- تىيارسىز ئىككى قولىنى بېلىگە تىرەپ، پىغان بىلەن قوشاق قېتىپ هازا ئاچاتتى.

هازىرمۇ ئانا ئىشىكتىن بىر توپ ئادەمنىڭ كىرىپ كېلە- ۋاتقىنىنى كورۇپ، "جېنىم قىزىم، ئۇن گۇلنىڭ بىرى ئېچىل- ىغان ئانار گۇلۇم، مېنى هەسرەتتە قويۇپ كەتتىڭمۇ قىزىم، ۋەت مېنىڭ ئەمەسىمدى قىزىم" دەپ پىغان بىلەن يىغا - زارە ىلدى. ئانىنىڭ قوشاقلىق يىغىسى ئەتراپقا ئاڭلاندى. خولۇم - خوشنىلار، ئۇرۇق - تۇققانلار ئادەت بويىچە نوغۇچ تۇتۇپ، ئانى ىغا هەمدەرت بولۇپ، ئۇنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چوگىلەپ يىغا - زارە قىلىشتى......

دۇك تېخەن زۇلمەتتىن ئازات قىلىنغان هەر بىر يېزا - بازارلاردىن ئۇتكەندە، دەرتمەن خەلق ئۇز پەرزەنت قوشۇنىنى ئاغرا - سوناي چېلىپ، كوزلىرىدىن خوشاللىق ياشلىرىنى توكۇپ قارشى ئالغان، لېكىن، بېلىگە ئاق باغلاپ، نوغۇچ تۇتۇپ، قوشاق توقۇپ، نالە - پەريات بىلەن يىغلاشنى كورمىگەن ئىدى.

ئابدۇللا تېڭىرقاپ قالغان دۇك تېخەنگە يېقىن كېلىپ:

— هەيران بولماڭ، بۇ ئۇيدە بىركىم قازا تاپقان ئوخ- شايدۇ، بىزدە بىر يىلغىچە بەزى يېقىن كىشىلىرى، پەتىچىلەر تۇنجى قېتىم كەلگەندە مۇشۇنداق هازا ئاچىدىغان ئادەت بار، — دىدى.

دۇك تېخەن بىلەن ئابدۇللا كوزلىرىنى ياغلىقلىرى بىلەن سۈرتۈپ، تەسەللى سوزنى ئېيتتى. يىغا - زاره ئاستا - ئاستا بېسىلدى.

دۇك تېخەن بىلەن ئابدۇللا پەنجىرىسىگە قەغەز يېپىشتۇرۇلغان ئۆيگە كىرىپ، مۇرىسىدىن يۇك - تاقنى يەشتى......

شۇ كۈنى كەچكىچە "ياتاق پۈشتى ماكان" قۇۋمى ئۆز ئادىتىنى تەكرارلىدى. سالام بېرىپ قايتىش — بىر ئادەت. يوقلاپ كەلگۈچىلەرنىڭ زادى ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ئاپپاق ساقاللىق بوۋايلار، مۈكچىيىپ قالغان مومايلار، شوخ، خۇشچاقچاق قىز - چوكانلار، ئۇزۇن - قىسقا جۇۋا كىيگەن، ئوره قارا كورپە تۇماق، قارا - سېرىق ئۇتۇك - چورۇق كىيگەن سىنچى يىگىتلەر كېلىشتى. بىخارامان كىرىپ كەلگەنلەرمۇ، تارتىنىپ - قورۇنۇپ بوسۇغا تۇۋىدىنلا قايتقانلارمۇ بولدى. "هاي - هاي" سېلىپ ئۆينى بېشىغا كىيىپ كىرگەنلەرمۇ، ئالدى - ئارقىسىغا قاراپ قويۇپ، "غىپپىدە" كىرىپ - چىقىپ كەتكەنلەرمۇ بولدى. بەزى يەللىقچىلار، پادىچىلار، چاكار يىگىتلەر ئۆز "ئىگىلىرى"نىڭ كوزىنى "غەلەت" قىلىپ، خۇپىيانىرەك كېلىشتى.

ئۇلارنىڭ كوپچىلىگى تىلىمۇ يىراق يەردىن — ئالەمنىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگە دومىسىگە يۇك - تاق ئارتىپ، قولدا مىلتىق تۇتۇپ، جەڭ قىلىپ كەلگەن بۇ كىشىلەرنى كورۇپ بېقىشنى نىيەت قىلغان بولسا؛ بەزىلىرى كوپ قوڭغۇراقلىق هارۋىدا چىققان "يېڭى بەگ"نى كورۇپ تاماشا قىلىش ئۈچۈن كېلىشكەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يېڭى كەلگەن مېھمانغا سوز ئېيتىپ، ئۇنىڭ زادى قانچىلىك بىگىسى بارلىغىنى چېكىپ باقماقچى، گەپكە سالماقچى بولۇشاتتى. بەزى بېشىغا سەللە ئورىغان، قاما تۇماق

كىيگەن سالاپەتلىك كىشىلەر بولسا، ئادەت بويىچە رەسمىيانە سالام بېرىشتى-دە، چاپىنىنىڭ يەڭلىرى بىلەن تۇمشۇقلىرىنى يوگەپ، كوزلىرىنى پارقىرىتىپ چىقىپ كېتىشتى.

ئەڭ ئاخىرىدا، قۇربان ئاقساقال بىلەن ئىمام خاتىپ كىرىپ كەلدى. دوڭ تېخەن ئالماسنىڭ نىمە ئۇچۇندۇر قۇربان ئاقساقالغا ئىلتىپاتسىزلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىغىنى، لېكىن، بېشىغا ئاق سەللە ئورىغان، ئۇستىگە پىياز كوكى بەقەسەم تون كىيگەن ئىمام خاتىپقا دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ھورمەت بىلدۇرگەنلىگىگە دىققەت قىلدى ھەمدە نىمىنىدۇر ئەسلەپ توش يانچۇغىنى ئاقتۇرۇپ قالدى.

ئېرى-بېرى گەپلەردىن كېيىن، قۇربان ئاقساقال دوڭ تېخەنگە قاراپ:

— بەگ ھەزرەتنى تاۋاپ قىلىپ كەلدۇق. ئاللاتائالا دولەتلىرىنى زىيادە قىلسۇن، — دىدى.

ئابدۇللانىڭ بۇ گەپنى تەرجىمە قىلغۇسى كەلمىدى، ھەتتا بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. ئالماس:

— بەگ يوق، بەگ تۇگىدى، بۇ كىشى يولداش دوڭ تېخەن، — دىدى.

— شۇنداق بولماي! — دىدى قۇربان ئاقساقال گويا بۇ خىل رەددىيىنىڭ ئۇزىگە ھىچ بىر ئالاقىسى يوقتەك بىلمەسكە سېلىپ، — بەگ يوق، بەگ تۇگىدى، پېقىر يۇۋاش پۇقرا. مەخسۇت بەگنىڭ مۇشۇ ساقىلىمنى قاماللاپ تۇتۇۋېلىپ، تەستىگىمگە ئوت چاچرىتىپ ئۇرغىنىنى يەتتە ئېقىلىمنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ، مەگەرچەندە، زەرەپشاندا مەخسۇت بەگنىڭ قولىدا خارلىنىپ ئۇۋال قىلىنغان بەندىدىن

ئىككىسى بار دەپ قەيت قىلىنسا، بىرسى ئەلھەق مەن. ھەي......
شۇ ئەلەم تۇپەيلى، مەخسۇت بەگنى ئون كۈن قاغىغانىدىمەن.
بەگنىڭ ئۆزى تۇگۇل، روھى بىلەنمۇ ئادا - جۇدا بولۇپ كەت -
تىم......

قۇربان ئاقساقال شۇ گەپنى ئېيتىپ بولۇپ، يەر ئاستىدىن ئالماسقا قاراپ قويدى:

— مانا ھەممىمىزنىڭ چوڭى ئالماس بەگ تۇرۇپتۇ، ئەلھەق، راست گەپ! — دېدى:

ئالماس قوشۇمىسىنى بىر تۇرۇپ بولۇپ، نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزىنى تۇتۇۋالغاندەك قىلدى ۋە كۈتۈلمىگەندە:

— شىرمەممەتنى قوغلاپ چىقاردى دېگەن گەپنى ئاڭلىدىم، كېيىن يەنە ئاتا - بالا بولۇشتۇڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

بۇ گەپ قۇربان ئاقساقالنىڭ يۈرىگىگە بىگىزدەك سانجىلىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، تولغىنىپ تۇزلەنگەن ئىلاندەك، دەررۇ ئۆزىنى تۈزەپ، پەرۋاسىزلا:

— ھە، ھە، خوش، مېنىڭ ھەددىمىمۇ! — دېدى ئۇ، — شىر - مەممەت ئۆز بالام، ئۆز ئوغلۇم - دە! ئۇنى نىمىشقا قوغلاپ چىقىرىدىكەنمەن. يىگىرمە يىلنىڭ مابەينىدە گوش بىلەن ياغدەك ئاتا - بالا بولۇپ ئۆتتۇق. ھەغدا ئۆزى ھايات تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ مەندىن كورگىنى ياخشىلىق بولدى. يىمەي يېدۇرۇپ، كىيمەي كىيدۇردۇم. ئاتا - بالىنىڭ بىر بىرىنى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىشى بىزنىڭ قوۋمىمىزدا بولۇپ باقمىغان ئىش......

ئالماس ئاقنى قارا قىلىۋاتقان بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئولتۇ - رۇشقا رايى تۇگەپ، نىمىنىدۇ، دىمەكچى بولۇۋىدى، ئىمام خا - تىپ ئۇشتۇمتۇت دۇئاغا قول كوتەردى ۋە دۇئا قىلىپ بولۇپ

ئورنىدىن تۇردى. قۇربان ئاقساقال ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، يەنە ئالماسقا قارىدى:

— باھار كېلىۋاتىدۇ، ئالماسجان. پېقىر ئەل - پۇقرا ئۈچۈن پايپاسلىغان ئادەممەن، مىراپلىقنى كىمگە ئۆتكۈزىمەنكى، — دېدى.

ئالماس قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئېيتتى:

— ھازىر تېخى ياقىلايدىغان سۇمۇ يوققۇ، كېيىن جامائەت كېڭىشىدۇ......

قۇربان ئاقساقال بىلەن ئىمام خاتىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، دۆڭ تېخەن توش يانچۇقىدىن بىر سېرىق رەڭلىك كونۋېرتنى ئېلىپ ئالماسقا سۇندى:

— كورۇپ بېقىڭ، ناھىيىنىڭ ئۇقتۇرۇشى، ئەتىلا شەھەرگە كىرىپ تىزىمغا ئالدۇرىدۇ، — دېدى.

خەتتە، ھىسامىدىن داموللا بىلەن ئىمام خاتىپ ناھىيىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان ھەر ساھەدىكى زاتلارنىڭ سوھبەت يىغىنىغا تەكلىپ قىلىنغان ئىدى. ئالماس خەتكە ئۇزاق قارىغاندىن كېيىن:

— ئىمام خاتىپ بولىدۇ، ئازاتلىقنى قىزغىن ئالقىشلىغان دىنىي پېشۋالىرىمىزدىن بىرى. خەقلەر بىلەن ئەپ ئۆتىدۇ، ئابرويى بار. لېكىن، ھىسامىدىن داموللا بولمايدۇ، زەھەر ئادەم. ئۇنى مۇنداق ئىشلارغا ئارىلاشتۇرماسلىق كېرەك، — دېدى.

دۆڭ تېخەن بىلەن ئالماسنىڭ پىكرى تۇنجى قېتىم بىر يەردىن چىقماي قالدى. دۆڭ تېخەن پارتىيىنىڭ بىرلىك سەپ سىياسىتىنى، ئالماس بولسا، ھىسامىدىن داموللىنىڭ مەخسۇت بەگنىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇپ، مەخسۇت بەگ ئۈچۈن كەتمەن چاپقان قۇۋلۇق - شۇملۇقلىرىنى سوزلىدى. دۆڭ تېخەن تەمكىن، ئېغىر بېسىق

ئىدى ۋە ئۇز پىكرىنى ياخشى چۈشەندۈرەلمەيۋاتقاندەك ئىدى. ئالماس بولسا، ھەسامىدىن داموللا تىلغا ئېلىنىش بىلەنلا غەزەپلىنىپ، چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالاتتى......

شۇ چاغدا، ئۆيگە بايىز خالۋاپ بىلەن لەيلىگۈل كىرىپ كەلدى. ئارقىدىن شانىياز، قىسمەت چورۇق، جۇمالار كىرىپ كېلىشتى. لەيلىگۈل بىلەن جۇمالار تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈۋاتقانلىقتىن، ئۇلار دۈك تېخەنگە تونۇشتۇرۇلدى. دۈك تېخەن لەيلىگۈل توغرىسىدا ئابلىكىمدىن ئاڭلىغان ئىكەن، ئۇنىڭغا خۇش خەۋەر يەتكۈزدى:

— رەھبەرلىك سىزنى ئوقۇشقا ئەۋەتمەكچى، خالامسىز؟—دىدى.

— نىمىشقا خالىماي! — دىدى لەيلىگۈل، — جان دەپ بارىمەن......

ئۆيدىكىلەر كۈلۈشتى، "ياخشى گەپ، ئوقۇش كېرەك" دىيىشتى. جۇما:

— ھەي...... ساۋاتسىزلىق!...... قىرغىزنىڭ ئوقۇيدىغان مەكتىۋىمۇ بولامدۇ، — دىدى ھەسرەتلىنىپ، — مېنىڭمۇ ئوقۇغۇم بار، ئوقۇپ، ئوقۇپ پۈخادىن چىقسام دەيمەن......

دۈك تېخەن جۇمانىڭ بۇ ئارزۇسىنى قىزغىن قوللىدى ۋە:

— مۇنداق پۇرسەت مۇندىن كېيىن ناھايىتى تولا بولىدۇ، تېزرەك ساۋادىڭىزنى چىقىرىۋېلىڭ، بىر ئامال قىلىمىز، — دىدى.

قىزغىن مۇھەببەتلىك پاراڭ ئىچىدە سارىخان ئانا ئوتتۇرىغا داستىخان سالدى. ھېجىر تاۋاقلاردا ھورى كۆتىرىلىپ تۇرغان چوچۇرە كۆتىرىپ كىردى ۋە بۇنى "ھاردۇق ئېشى" دەپ ئاتىدى. ئاش كوكى، قۇرۇتۇلغان يۇمغاقسۇتنىڭ مەزىلىك پۇرىغى

گۈپپىدە ئۈي ئىچىگە تارالدى.

بايىز خالۋاپ، قىسمەت چورۇۋقلارمۇ قۇرۇق كەلمەپتۇ، لەي-لىگۈل ياغلىغىدىن نىمىنىدۇر يەشتى. توختاخۇن داستىخانغا گۈلە-قاق، بىرنەچچە دانە كوك ئاموت، بىر ئىتەك قەغەز ياڭاق، بىر چاڭگالچە بادام ۋە سارىخان ئانا شور ئوچاقتا پىشۇرغان بىر لىگەن سامسىنى توكتى.

ئۇلار بىر تەرەپتىن تاماققا ئېغىز تېگىپ، بىر تەرەپتىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

دۇك تېخەننىڭ كوڭلىدە "بۇ ئويدە ۋاپات بولغان كىم بولغىدى" دىگەن سوئال تېخى يېشىلمىگەن ئىدى. ئۇ، ئوز يېنىدا ئولتۇرغان قىسمەت چورۇۋققا قاراپ، بۇ گەپنىڭ ئۇچىنى چىقىرىش بىلەن تەرەپ - تەرەپتىن يېزا تارىخى ۋاراقلىنىپ بايان قىلىنىشقا باشلىدى. توختاخۇن بىلەن سارىخان ئانا تۇرۇپ پۇت - قوللىرى-دىكى زەنجىر - كىشەننىڭ چېقىلىش جەريانىنى ھكايە قىلسا؛ تۇ-رۇپ، ھەسرەت - نادامەت بىلەن پاجەلىك ھالدا ئاتىقا سورىتىپ ئولتۇرۇلگەن يالغۇز قىزى ئانارنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا زارلىنىپ ھكايە قىلاتتى.....

دۇك تېخەن ئالماسنىڭ پارتىزان ئەتردى توغرىسىدا بۇرۇنلا ئاڭلىغان ئىدى. لېكىن، بۇ ئاجايىپ باتۇر پارتىزان ئەتردى كوماندىرىنىڭ ئائىلە سەرگۈزەشتىلىرى توغرىسىدا تېخى ئاڭلىمى-غان ئىكەن. توختاخۇن بىلەن سارىخان سوزلەپ بېرىۋاتقان ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلەر دۇك تېخەنگە ئىختىيارسىز ئوزىنىڭ يەنئەننىڭ شەرقىي شىمالدىكى تاغلىق يېزىدا جەسەتلىرى قالغان ئاتا - ئانىلىرىنىڭ پاجەلىك تەقدىرىنى ئەسلەتتى.....

دۇك تېخەنىنىڭ دادىسى دۇك بەيلۇ ۋىجدانلىق، ئاقكوڭۇل

ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئىككى ئوغۇل، بىر قىزى بولۇپ، دۇڭ داشى كېچىگىدىلا يۇرتتىن چىقىپ كېتىپ ئىشچى بولغان، ئازراق ئوقۇ- غان، كېيىن ئىنقىلابقا قاتنىشىپ، پارتىيىنىڭ تاپشۇرۇغى بىلەن شىنجاڭغا كەلگەن. دۇڭ بەيلۇنىڭ تىرىكچىلىكىنىڭ بىردىن - بىر مەنبەئى بولغان بىر يېرىم مو يېرىنى مەھەللىسىدىكى ئاچكوز پومېش- شىك ئوز قولىغا كىرگۈزىۋېلىش ئۈچۈن خېلىدىن بېرى قەستلەپ يۈرەتتى. بىر كۈنى پومېشىك دۇڭ بەيلۇنىڭ ئوتۇن يۇدۇپ تاغ تەرەپتىن كېچىدە قايتىپ كەلگىنىنى ئاڭلىدى - دە، دەر- ھال" دۇڭ بەيلۇ تاغدىكى پارتىزانلارنىڭ ئالاقىچىسى" دىگەن مەخپى خەتنى يېزىپ، گومىنداڭنىڭ گۇمانلىق ئادەملەرنى تۇتۇپ تەك- شۈرۈش ئۈچۈن ئورنىتىلغان ئەتىرىتىگە ئەۋەتتى. شۇ كېچىسى گومىنداڭ جال- لاتلىرى كېلىپ، دۇڭ بەيلۇنى ئىسسىتمىسى كۆتىرىلىپ، تىترەپ ياتقان يېرىدىن سۆرەپ ئېلىپ چىقتى ۋە بىرنەچچە ئېغىز ھەققانى گەپ قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، مىلتىقنىڭ پايىنىگى بىلەن ئۇرۇپ چىشىنى ئېزىۋەتتى.

بۇ ئەھۋالنى كورگەن دۇڭ بەيلۇنىڭ ئون ئىككى ياشلىق قىزى دادىسىغا يېپىشىۋېلىپ، ئۈنى زادى قويىۋەتمىدى. جاللاتلار قىزنى ھېچقانداق قىلىپ دادىسىدىن ئاجرىتالمىدى. قىزنىڭ چېپ- چىدىن تارتىپ ئاجراتماقچى بولغان جاللاتنىڭ قولىنى قىز چىش- لەپ، بىر چىشلەم گوشىنى ئۈزۈۋالدى. جاللات بىر چىقىرىدى- دە، ياۋۇزلۇق بىلەن مىلتىقنىڭ سىداۋسىنى قىزنىڭ قوسىغىغا تىقىپ، بىر تولغاپ تارتىۋالدى. دۇڭ بەيلۇنىڭ خوتۇنى قىزنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىۋەتتى....

بۇ كەمدە دۇڭ تېخەن يەنە بىر پومېشىكنىڭ موفاڭخانىسىدا ياللىنىپ ئىشلەيتتى. ئۇ، دادىسى بىلەن مەسۇم سىڭلىسىنىڭ

بىشىغا چۈشكەن پاجەنى ئاڭلاپ يېتىپ كەلگەندە، سىڭلىسى جان ئۈزگەن بولۇپ، دۇڭ بەيلۇنى جاللاتلار ئېتىۋەتكەن ئىدى......

دۇڭ تېخەن شۇ كېچىسىلا قەپەزدىن چىققان يولۋاستەك ئېتىلىپ بېرىپ، ئاچكوز پومىششىكنى چاناپ ئۆلتۈردى-دە، تاققا — پارتىزانلار قېشىغا چىقىپ كەتتى. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ، دۇڭ تېخەننىڭ كىچىك پارتىزان ئەترىدى خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى بىلەن ماسلىشىپ جەڭ قىلىپ، يەنئەننى قولغا ئالغاندا، ئانىسى ئاللىقاچان پۈتۈن ئۆيۋاقىسىدىن ئايرىلىپ، سەرگەردان بولۇپ، كىشىلەر ئىشىكىدە تەمتىرەپ يۈرۈپ، ئاچلىقتىن توڭلاپ ئۆلگەن ئىدى......

دۇڭ تېخەننىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئابدۇللا تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ بېرىلگەندە، ئۆي ئىچىدە ئۇزاققىچە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. لەيلىگۈل بىلەن شانىياز پات-پات كوزلىرىدىكى ياشنى سۈرتۈپ قوياتتى؛ ئۆي ئىچىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئاجايىپ ئوخشاش تەقدىردىن ئېغىر قايغۇغا چۆمۈشتى. ئالماس: "بىزنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىمىز نېمە دېگەن ئوخشاش، يولداش دۇڭ تېخەن بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا تىل ۋە ئازراق ئۆرپ-ئادەت پەرقى بولمىسا، پۈتۈنلەي بىر ئائىلىنىڭ كىشىلىرى ئىكەنمىزغۇ" دېگەننى ئويلىدى.

شۇكۈنى كېچىسى قېرىنداشلار سوھبىتى توخۇ ئىككى چىللىغىچە داۋام قىلدى، قىسمەت چۈرۈقمۇ، بايىز خالۋاپمۇ، توختاخۇنمۇ...... ھەممەيلەن ئۆز كوڭۇللىرىدىكىنى ئېيتىپ، ئىچ-قارنىنى بوشىتىپ، بىر قېتىم پۇخادىن چىققاندەك بولدى. ھەتتا، دۇڭ تېخەننىڭ يېنىدا قاندىقتۇر خەنزۇچە ھەرپلەرنى سىزىپ-چىزىپ مەشق قىلىپ ئولتۇرغان ئابدۇللامۇ سوزلەرگە لوقما سېلىپ،

ئىختىيارسىز ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى سوزلەپ، كوزىگە لىققىدە ياش ئالدى......

قېرىنداشلار سەھەرگە يېقىن قايتتى. سارىخان ئانا — راھە-لىرىغا قەغەز يېپىشتۇرۇلغان پەنجىرىلىك ئۆيگە — دۆڭ تېخەن، ئابدۇللا، ئالماسقا قاتار قىلىپ ئورۇن سېلىپ بەردى.

لېكىن، دۆڭ تېخەننىڭ زادى ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇنىڭ كوز ئالدىدىن: مۇدھىش زۇلمەت ئىچىدە ئوتكەن توختاخۇننىڭ ھاياتى، بەرگىدىن ئۈزۈلۈشكە ئاز ـ ئازلا قالغان دەرتمەن ئانا سارىخاننىڭ قىسمەتلىرى، زۇلۇم بىلەن ئېلىشىپ، خەلق ئازاتلىق ئىشلىرى يولىدا قۇربان بولغان ئاسىم ئەپەندى، مەشرەپ، ئانارلارنىڭ يارقىن ئوبرازلىرى ۋە بۇ تەقدىر بىلەن گىرەلىشىپ تۇرغان ئۆز ئاتا ـ ئانا، قېرىنداشلىرىنىڭ پاجەلىك سەرگۈزەشتىلىرى قايتا ـ قايتا تىزىلىپ ئوتتى.

دۆڭ تېخەن يېنىغا قارىدى، ئابدۇللا بىلەن ئالماس جىمجىت ئۇيقۇغا كەتكەن ئىدى. دۆڭ تېخەن قول چىرىغىنىڭ يورۇغىنى خاتىرە دەپتىرىنىڭ بېتىگە چۈشۈرۈپ تۇرۇپ، بىر ھەرپ، بىر ھەرپتىن يازدى:

"زەرەپشان يېزىلىرى مېنىڭ ئۆز يېزامغا ئوخشاش، قېرىنداش ئۇيغۇر خەلقى مېنىڭ ئۆز ئاتا ـ ئانام...... نىمە دىگەن ئاق كوڭۇل، ساددا، مېھماندوست ئادەملەر. كېلىپلا بۇ يەرنى ناھايىتى يېقىملىق ھىس قىلدىم. پارتىيە، ماڭا تاپشۇرغان ۋەزىپە ئىنتايىن ئېغىر، مۇشكۇل، شۇنداقلا ئىنتايىن شەرەپلىك. مەن جەزمەن پارتىيىنىڭ ئۇمىدىنى ئاقلاپ، كوئېنلۇن ئىتىگىدە يىلتىز تارتىپ، يەرلىك يولداشلار بىلەن بىللە، بارلىقىمنى زەرەپشان خەلقىنىڭ پارلاق يېڭى ھاياتى ۋە گۈزەل يېڭى كېلەچىكىنى يارىتىش يولىدىكى ئۇلۇغ كۈرەشكە تۆھپە قىلىمەن......".

## تۆتىنچى باپ

### 1. ئۇ، رەت قىلدى

"مۇھتەرەم قارى" قۇربان ئاقساقالنىڭ ئۆيىگە ئەتىۋارلىق "زىيارەتكار مۇخلىس" بولۇپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە شىرمەممەت سەللە-پەرىجىلىك بۇ ئەرباپقا ھېچبىر قىزىقمىدى. چۈنكى، ھىسامىدىن داموللىنىڭ مەدرىس-خانىقاسىغا چەت-ياقا شەھەر، بەگلىكلەردىن مەۋلۇت ئوقۇتۇش، تۈنەك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن كەلگەن مۇرىت-مۇخلىسلىرى ئۇزاقراق تۇرۇپ قالغاندا، ئاقساقال-يۈزبېشىلەر ئۇلارنى ھىسامىدىن داموللىدىن تىلەپ، ئۆز ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلىپ، خەيرىخاھلىق قىلىدىغان، كۈتۈدىغان ئادەت بار. شۇڭا، "مۇھتەرەم قارى" يىراقتىن كەلگەن، ئېھتىمال ئۇزاقراق تۇرۇپ قېلىشنى خالايدىغان تەلەپكار مۇخلىس بولسا كېرەك" دەپ ئويلىدى.

ئەمما، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئاجايىپ سوزمەن ئەرباپقا شىرمەممەتنىڭ ئۆزىمۇ بىلىپ-بىلمەي ئەقىدە-ئىخلاس قىلىپ قالدى. چۈنكى، ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇ بىر ئاجايىپ كارامەتكار ئادەم ئىدى. "مۇھتەرەم قارى"نىڭ بىلىدىغانلىرىنى ھېچبىر كىشى بىلمەيتتى. ھەتتا ھىسامىدىن داموللىنىڭ ئۇنچىلىك بىلىشمۇ ناتايىن. يەتتە قات ئاسمان ئۈستىدىكى كارامەتلىك ئىشلاردىن تارتىپ، تەھتى ئەسرانىڭ تىلسىملىق موجىزىلىرىگىچە

بىلەتتى؛ ئادەم بالىسىنىڭ ئىقبال-تەقدىرلىرىنىڭ ئاجايىپ سىرلىرى توغرىسىدا ئېيتىپ بېرەتتى. ئاللانىڭ قولى بىلەن كىشىنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن تەقدىر سۆزلىرىنى گويا پېشانە ماڭلاي تېرىسىنى قايرىۋېتىپلا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ ئوقۇۋاتقاندەك، قىلچە دۇدۇقلىماي تەپسىر قىلاتتى ۋە بۇنىڭغا ئىشەنمەي ھېچ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

قۇربان ئاقساقالمۇ "مۇھتەرەم قارى" غا چىن ئىخلاسى بىلەن ئاپىرىن-تەھسىن ئوقۇپ تۇرۇپ، شىرمەممەتكە:

— مۇھتەرەم قارى دىنىي ئىلىم-بىلىمدا كامالەتكە يەتكەن پېشىۋا كىشى. ئۇ قايسى ئۆيدە ياتسا، شۇ ئۆينى يورۇتىدىغان چىراققا ئوخشايدۇ. مۇنداق ئەرباپ بۇ يەردە تۇرغاندا، بىزگە ھەرگىز بالا-قازا يېقىن كەلمەيدۇ. مۇھتەرەم قارىنىڭ سېنى ئۆزىگە ھەمرا قىلىپ تاللىغىنى خۇدا دىلىغا سالغان ئىش. ئۇ قارغۇغا تاياق، جەننەت زىيارەتچىسىگە يول باشلىغۇچى بولىدىغان كىشى. ئامىتىڭ ئوڭدىن كەلدى ئوغلۇم، سەن ئۇنىڭغا ئەقىدە باغلا ۋە ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقما، ئۇ دۇنيالىقىڭنى تاپ، — دەپ ئىزىپ-ئىچۇرۇپ جېكىلەيتتى.

"مۇھتەرەم قارى" پات-پات، تويۇقسىز "ياڭاق پۈشتى ماكان" دىن چىقىپ كېتىپ، بەزىدە تۈن كېچىدە، بەزىدە تاڭ سەھەر گۇگۇمدا ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ قالاتتى. تۆت-بەش كۈن كۆزدىن غايىپ بولۇپ كەتكەن كۈنلىرىمۇ، ھەپتە-ھەپتىلەپ قۇربان ئاقساقالنىڭ مېھمانلىق ئۆيىنىڭ سۇپىسىدىن چۈشمەي جىم-جىت تۈگۈلۈپ ياتقان چاغلىرىمۇ بولاتتى. ھېسامىدىن داموللا بىلەن كەمدىن-كەم ئۇچرىشاتتى ۋە ھەمىشە بۇ يەرگە داموللانىڭ ئۆي موللىسى ھاجى ئىشان خۇپىيانە كېلىپ-كېتىپ تۇراتتى.

شىرمەممەت بەزەن-بەزەن تاسادىپ ھالدا، "مۇھتەرەم قارى" نىڭ قۇربان ئاقساقالغا:

— ئاللا كېرەم ئۆزى مەدەت قىلىپ، ئۇممەت يۇلتۇزىمىزنى نۇرلاندۇرۇۋاتىدۇ، ئاقساقال. مەن زىيارەت قىلغان مەدرىس-مەچىت قوۋملىرى بىزنىڭ گېپىمىزنى ئاڭلايدىغان بولدى. سەپ تۈزۈش كېرەك. ئاز قالدى. پات ئارىدا قوزغىلىمىز. جاھان يەنە بىز بىلەن بىزنىڭ بولىدۇ، ئاللا نامى بىلەن سوز بېرىمەنكى، جانابىڭىزنىڭ ھىممىتى ھېچقاچان سۈيۈنچىسىز قالماس، — دېگەن گەپلەرنى ئاڭلاپ قالاتتى.

شىرمەممەت بۇ گەپلەرنى قانداقتۇر ئۆزىگە ئالاقىسىز دەپ قارىسىمۇ، لېكىن، نېمىشىندۇر ئويلىنىپ قالاتتى ۋە نېمە ئويلاۋاتقانلىقىمۇ ئۆزىگە خىرە-شىرە، تۇتۇق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۆزىنى: "مۇھتەرەم قارى" ئاللا يولىدا رىيازەت چېكىپ، ھەرقايسى چوڭ مەدرىس-مەچىتلەرگە بېرىپ، ئۇز ئىلىم-بىلىمىنىڭ نۇرىنى چېچىۋاتىدۇ، مەن بولسام، ئۇنىڭ بۇ خالىس ئىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ ساۋاپلىق تېپىۋاتىمەن، — دېگەنگە ئىشەندۈرەتتى.

كېيىنكى كۈنلەردە "مۇھتەرەم قارى" نېمە ئۈچۈندۇر شىرمەممەتنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ، كېچىلىرى بىر يەرلەرگە ئېلىپ بارمايدىغان بولدى: ھاجىتى يوق، يول ئۆزەمگە تونۇشلۇق بولۇپ قالدى، — دەيتتى. شىرمەممەتنىڭ خىزمىتى ئەمدى "مۇھتەرەم قارى" كېچىلىرى ئۇشتۇمتۇت نەگىدۇر بېرىش توغرا كەلسە، ئۇنى دەريا بويىدىكى جىگدىلىك ياكى توغراقلىق ئورمانىنىڭ يېنىدىكى كونا تۈگمەننىڭ قېشىغا ئۆزىتىپ بېرىش، ئېتىنى يوشۇرۇپ ساقلاش ۋە كۈتۈۋېلىش بولدى.

بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى، يەنى ئالماس دەريا-
دىكى مۇز ئۈستىدە سەللە - پەرىجىلىك غەلتە ئادەمنى تاسادىپى
ئۇچرىتىپ، ئاسمانىغا قارىتىپ ئۈچ پاي ئوق ئۈزگەن كۈنى
"مۇھتەرەم قارى" دەريانىڭ قىشىدىن يامىشىپ چىقىپ، قاتتىق
ھولۇقۇش بىلەن جىگدىلىكنىڭ ئىچىدە كۈتۈپ تۇرغان شىرمەممەت-
نىڭ يېنىغا پاي - پىتەك بولۇپ كەلدى - دە، ھاپىلا - شاپىلا ئاتقا
مىنىپ، گەپ - سوز قىلمايلا ئاق تۇمان ئىچىگە سىڭىپ كىرىپ
كەتتى.

شىرمەممەت كوزىنى پارقىراتقىنىچە تۇرۇپلا قالدى.

ئادەتتە، "مۇھتەرەم قارى" مۇنداق چاغدا، ئېتىغا مىنىپ
بولغاندىن كېيىن، توش يانچۇغىدىن ياپىلاق ئالتۇن سائىتىنى
چىقىرىپ تۇرۇپ، شىرمەممەتكە:

— خۇدا ئامان قىلسۇن ئىنىم. سەپەر سائىتىم توشتى،
خوش، — دەيتتى - دە، بۈگۈن يا ئەتە پالانى يەردە توختۇ بىر
چىللاپ بىر چاي قاينىمى ۋاقىت ئۆتكەندە دىدار كورۇشىمىز، —
دىگەننى ئەسكەرتەتتى.

شىرمەممەت بۇ ئورۇن، ۋاقىت بەلگىسىنى كوڭلىگە چىڭ
پۈكۈپ قوياتتى.

لېكىن، بۇ قېتىم ئۇ ھېچنىمە دىمىدى. ئالدى - ئارقىسىغا
قاراشقىمۇ ئۇلگۇرمەي كېتىپ قالدى.

بىراق، شۇ كۈنى تۈن تەڭ بولغان مەھەل بىلەن قۇربان
ئاقساقال شىرمەممەتنى ئۇخلاپ ياتقان يېرىدىن نوقۇپ ئويغاتتى:

— غەپلەت باستىمۇ، تۇر ئوغلۇم، ۋاقىت يەتتى، جىگدىلىك-
كە بېرىپ باقامسەن؟......

— ئۇ ھېچنىمە دىمىدى، نىمە قىلىمەن بېرىپ......

— ئۇنداق دېمە، بارغىن، بۇ داموللا ھەزرەتنىڭ نوز سوزى......

شىرمەممەت ئۇدا ئۈچ كېچە توخۇ بىر چىللىغان پەيتتە، جىگدىلىك بىلەن كونا توگمەن ئەتراپىغا بېرىپ، "مۆھتەرەم قارى"نى كۈتتى. كېچىلەر بىر بىرىدىن ئۇزۇن، سوغاق سوڭەكتىن ئۆتۈپ جاننى سىقىرىتاتتى. شىرمەممەتنىڭ پۇتلىرى قېتىپ-ئۇششۇپ، بورۇن، قۇلاق، مەگزىلىرى قارىداپ كەتتى، ئاخىرقى كۈنى قار ئارىلاش شۇرغان شۇنداق قوترىدىكى، ئۇ، ياغاچتەك قېتىپ، پۇتۇن بەدىنى جالاقلاپ تىترەپ، قار ئاستىغا كومۇلۇپ قېلىشقا تاس قالدى. لېكىن، "مۆھتەرەم قارى" كورۇنمىدى.

— قانداق مۇخلىس ئۇ! — دەپ ئويلىدى شىرمەممەت تۈنجى قېتىم "مۆھتەرەم قارى" توغرىسىدا نارازى بولۇپ، — زىيارەت-تاۋاپ قىلىش شۇنچىلىك بولسا بولدى. كېچە ئالۋاستى-سىدەك خۇپىيانە ئىستىقامەت قىلىشتىن نېمە پايدا؟......قورقاق-دىكىن، ھەدىسە نەمۇ-نە چىپچۇمەيدىغان!......

شىرمەممەت كويۇشۇپ قېتىپ قالغان پۇتلىرىنى تەستە سورەپ، شۇرغاندىن دالدا قىلىپ، كاداك جىگدىنىڭ غولىغا يولەندى. توگمەن تېشىدەك بېسىپ كېلىۋاتقان ئېغىر غەپلەت ئۇيقۇسىنى ئۇزىدىن نېرى ئىتتىرىپ، ئوينى، ئىسسىق كاڭنى، ئايتۇرانى ئەسكە ئالدى......شۇ تاپتا، جىمجىت ئىسسىق كاڭ ئۇستىدە يۇمشاق توشەكتە ئايتۇرا بىلەن باغاش ئېتىشىپ ياتسا قانداق ھوزۇر ئىدى...... ئۇنىڭ لىغىرلاپ تۇرغان تولۇق كوكسى، ئاق، يۇمشاق ئەۋرىشىم بىلەكلىرى، سېمىز پاچاق، ياد-پاشلىرى قانداق ئىسسىق، قانداق دىلخومار......مەيلى نېمە بوپتۇ، ئېرىدىن خېتىنى ئېلىۋەسۇن، "ئۈچ تالاق" دېگەندىكىن ئىش

پۈتتى......نىكا قىلدۇرۇۋېلىش تەس ئەمەس،......قۇربان ئاقساقال:
سوپى ئىشانغا قارايدىغان كوزۇم يوق. ئۇنىڭ چار بازارچى
ئوغلىنى نەس باسسۇن. ئەلھەق ئايتۇرا سېنىڭ. قارىغىنا، تەقدىر
نىمە دىگەن موجىزىلىك. ئات ئايلىنىپ ئوز ئوقۇرىنى تاپىدۇ.
ئايتۇرا چوگىلەپ ـ پىقىراپ كېلىپ يەنە سېنىڭ بولدى. ۋاقتى-
سائىتى توشقاندا پاتىھە قىلدۇرۇپ، توي ـ توكۇنمۇ قىلىمىز تېخى"
دەپ كوپ قېتىم ئەزۋەلىدىغۇ، بۇ گەپ دۇرۇس. لېكىن، نىمە
قىلدۇ ھەشەم قىلىپ، توي ـ توكۇن قىلىپ؟ ھەممىسى بىكار
گەپ......باش قوشاقلا بولدى ئەمەسمۇ......ئاھ......ئوي......
ئىسسىق كالىڭ......ھەي......بۇ مۇھتەرەم قارى نىمە قىلىپ بۇ
ئويگە تىقىلىۋالدىكىن ـ تاڭ......
ئاتلىق خىيالىنىڭ ئەكىلىتىشى بىرنەچچە مىنۇت داۋام
قىلدى. شىرمەممەت قول ـ پۈتى قېتىپ، چىشلىرى كاراسلاپ،
ئورە تۇرغىدەك ماجالى قالمىغانلىغىنى سەزدى. تىترەپ ـ دۇگدەي-
گەن ھالدا ئويگە قايتتى. ئۇ چىشلىرى كىرىشىپ، كوزلىرى
ئېلىشىپ قۇربان ئاقساقالنىڭ ئىشىگى ئالدىغا كەلگەندە، ئىشىك
ئالدىدا ئوزىگە ئانچە تونۇش بولمىغان سەللە ـ پەرىجىلىك ئىككى
ئادەم بىلەن دوقۇرۇشتى.
دەل شۇ چاغدا، شىرمەممەت قانچە غەيرەت قىلسىمۇ، ئوز-
نى تىزگىنلىيەلمەي، سەنتۇرۇلۇپ، يول بويىدىكى قېلىن قار ئۇس-
تىگە "گوپ" قىلىپ يىقىلدى.
دوقۇرۇشقان سەللە ـ پەرىجىلىك ئىككى ئادەم يىقىلىپ
ياتقان شىرمەممەتكە ئوزلىرىنى قاچۇرغان ھالدا نەپرەت بىلەن
بىر قارىدى ـ دە، ئوڭىگدىن چەتنەپ ئوتوپ كەتتى.
شىرمەممەت سەل ھوشىنى يىغىپ، قاردىن بېشىنى كوتەر-

گەندە، ھىلىقى ئىككى ئادەمنىڭ چوڭ يولدىن بۇرۇلۇپ "خۇدالىق مەدرىس" نىڭ خانىقاسى تەرەپكە ئەگىپ كېتىۋاتقانلىقىغا كوزى چۈشتى.

شۇ پەيتتە، ئىشىك ئېچىلىپ، ھويلىدىن قۇربان ئاقساقال چىقىپ كەلدى ۋە قېلىن قار ئۈستىدە ياتقان شىرمەمەتنى كو-رۇپ، ئۇنى يولەپ-تەمتىم ماڭغۇزۇپ، ئويگە ئېلىپ كىردى:

— تىمەنرەك بول، تازىمۇ ئەسكى شۇۋرغان بولدى-دە،— دىدى ئۇ ئىشىكنى ئىچىدىن ئىلىپ تۇرۇپ.

شىرمەمەت مېھمانخانىغا كىرىپ، بىرنەچچە پىيالە قىزىق چاي ئىچكەندىن كېيىن، چىشىنىڭ كاراسلىشى سەل بېسىلدى ۋە شۇ چاغدىلا سۇپىغا سېلىنغان داستىخان، قەن-گېزەك، قاتلىما نان ۋە چالا-پۇلا يېيىلگەن قورداق لىگىنىنى كوردى......

— مۇھتەرەم قارى كەلگەنمىدى؟......

— كەلدى، كەلدى، تېخى بايىلا مېچىتكە ماڭدى......

— مەن كوردۇم،— دىدى شىرمەمەت،— ئۇنىڭ يېنىدا يەنە بىر ئادەممۇ بارغۇ......

— شۇنداق، كورۇپسەن ئوغلۇم،— دىدى قۇربان ئاقساقال،— ئوز ئادەم، مۇخلىس، ھەر ئىككىيلەن ساڭا كوپ دۇئا قىلدى، ساۋاپلىق تاپتىڭ، جەننەت تاپتىڭ بالام......

شىرمەمەت گەپ قىلمىدى، ئۇنى ئايۋان ئويگە ئېپچىقىپ چۈمكەپ ياتقۇزۇپ قويدى.

ئەتىسى پېشىن مەزگىلدە "مۇھتەرەم قارى" بىلەن قۇربان ئاقساقال مېھمانخانىدا نىمىنىدۇر كۇسۇرلىشىپ ئولتۇرغاندا، ھويلىغا تۇيۇقسىز ئالماس كىرىپ كەلدى.

دالان ئويدىن ئايناقلاپ چىقىۋاتقان ئايتۇرا ئۇشتۇمتۇت

كىرىپ كەلگەن ئالماسقا كۆزى چۈشۈپ، نىمىدىندۇر ئەندىككەندەك، پۈتۈن ھويلىنى بېشىغا كىيىپ بارلىق ئاۋازى بىلەن:

— مۇبارەك بولسۇن، ئالماس بەگ كەپتۇ، ئالماس كەپتۇ! — دەپ ۋاقىردى.

ئالماس دەررۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ:

— نىمە ۋاقىرايسىز؟ جىنى چىققىدەك ۋاقىراپ نىمە بوپتۇ، ۋاقىراشنىڭ ھاجىتى يوق...... — دىدى.

— مەنچۇ ئالماس، — دىدى ئايتۇرا ئۆزىنى بىر ئاز بېسىۋېلىپ، — چوك - چوك گەپ قىلىپ ئۆگىنىپ قالغان، شەھەر خېنىملىرىدەك، گەپنى يۇمشاق، نازاكەتلىك ئاھاڭدا ئېيتالمايمەن......

ئالماس ئايتۇرا بىلەن تاكاللىشىپ ئولتۇرۇشنى لايىق كۆرمىدى، ئۇدۇل شىرمەمەت يېتىپ - قوپىدىغان بۇلۇڭ ئۆيگە قاراپ يول ئالدى. ئايتۇرا قاقاقلاپ كۈلگىنىچە، ئالماسنىڭ ئالدىغا ناينااقلاپ كېلىپ ئىشىكنى توستى:

— بۇ ئۆيچۇ، چاشقان ئۇۋىسى، — دىدى ئۇ ئالماسنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ، — بۇ يەردە ئەمدى ھېچكىم يېتىپ - قوپمايدۇ......

— شىرمەمەتچۇ، شىرمەمەت قەيەردە؟......

ئايتۇرا قاش - كۆزلىرىنى ئۇينىتىپ، چاچلىرىنىڭ ئۇچىنى ئۇيناپ تۈرۈپ:

— ۋاي خۇدايىم، شۇنداقمىدى تېخى، — دىدى ئۇ سەل تەنەتەكەللۇپ بىلەن، — شىرمەمەتچۇ، ئۆزلىرىنى قاچان كېلىدىكىن دەپ يوللىرىغا قاراپلا ياتقان. ئەنە ئايۋان ئۆيدە، زوكام بولۇپ قاپتۇ، ئىسىمداپ ياتىدۇ......

ئالماس كەينىگە ياندى ۋە مېھمانخانىغا يانداش ئايۋان ئۆيگە كىرىپ، بىردىنلا ھاك - تاك بولۇپ قالدى؛

شىرمەممەت ئايۋان ئۆينىڭ پەنجىرىسى تۈۋىدىكى نەقىشلەنگەن كارۋاتتا قوش-قوش ئەتلەس كۆرپىلەر ئۈستىدە يېشىل تاۋار يوتقاننى يېپىنىپ، باش-كۆزىنى چۈمكەپ ياتاتتى. كارۋات تىرەپ قويۇلغان تەكچىگە شىرمەممەت ئۈچۈن تەخسىلەردە كۆك ئۈزۈم، ئانار ۋە بىرنەچچە تال كۆك ئامۇت ئېلىپ قويۇلغان. مورا ئوچاقتىكى قازاندا توخۇ گۆشى شورپىسى پۇرۇقلاپ قايناپ تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭدىن پىياز، سامساق، چامغۇر ۋە قورۇتۇلغان ئاش كۆكىنىڭ مەزىلىك پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى.

شىرمەممەت ئاياق تىۋىشىنى ئاڭلاپ، يوتقاندىن بېشىنى سەل چىقىرىپ ئالماسقا بىر قارىدى-دە، يەنە بېشىنى چۈمكىدى.

ئالماس شىرمەممەتنىڭ ئۆزىگە قارىغۇسى كەلمەيۋاتقانلىقىنى سەزدى، كۆزلىرىدە ئەلەملىك بىر ئۇچقۇن يالتىرىدى.

ئەسلىدە ئالماسنىڭ شىرمەممەت بىلەن ئۇچراشقۇسى، بۇ ئۆيگە ئاياق باسقۇسى يوق ئىدى. لېكىن، دۆڭ تېخەن دەريا بويىدا شىرمەممەتنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى دەپتىرىگە يېزىۋالغاندىن تارتىپ، ھارغىچە ئۇنى كۆپ قېتىم تىلغا ئالدى. سۈرۈشتۈرۈپ، تەھلىل قىلدى. توختاخۇن بولسا:

— دۇرۇس، دۆڭ تېخەن ۋەكىلىنىڭ ئېيتقانلىرى توغرا گەپ، — دېدى ۋە شىرمەممەتنىڭ نام-ئەمالىنى ئەسلىدى، — شىرمەممەت تېخى ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ، ئۇخلاپ ياتقان يولۋاس. گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتساق، شىرمەممەتنى "سوقان جىن" باشقا بىرسى ئەمەس، قۇربان ئاقساقالنىڭ دەل ئۆزى شۇ. قۇربان ئاقساقالنىڭ "قىزنى ۋەدە قىلىپ تۇرۇپ، شىرمەممەتكە بەرمىدى، ئۇنى كوللاپ ئون نەچچە يىل ئىشلەتتى" دېگەن ئاھانەت

گەپتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، كېچىسى خاماندا شىرمەممەتنىڭ يالغۇز ياتقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى كالتەك بىلەن ئۇرغانلىقى خېلى ئايان ئىش. لېكىن، شىرمەممەت ئۆلمىدى، بىر مەزگىل مېڭىسىدىن ئېزىپ قالدى. ئىش بۇلا ئەمەس. شىرمەممەتنىڭ دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ ئۆزىنى تورۇسقا ئېسىپ، دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈشتىكى ئەسلى قاتىلى كىم؟ بۇنى قىسمەت چوڭقۇر ئويدان بىلىدۇ. قىسمەت ئاخۇن شۇ كۈنى جۇۋاز كالىسىنى كول بويىغا سۇغارغىلى ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، مەخسۇت بەگنىڭ شىر-مەممەتلەرنىڭ ئۆيىدىن ئات يېتىلەپ چىقىۋاتقانلىقىنى كورگەن. ئەتىسى ھېلىقى ئەقىلغا سىغمايدىغان ئۆلۈم ئىشى بولدى......

بۇ ئىشنىڭ سىرىنى بىز سەزگەن. ئەمما، ئۇ كەمدە ئېيتقىلى بولمايتتى، كىمگە ئېيتاتتۇق، بەگنىڭ ئۆزىگىمۇ؟...... يەنە بىرسى ئۇ چاغدا شىرمەممەت كىچىك، ئىشنىڭ تېگى - تەھتىگە يېتەل-مەيتتى...... ھازىر شىرمەممەت قاراقچىنى ئاتا تۇتقان بولسا، بۇ ئۇنىڭ ھېچنەرسىدىن خەۋەرسىزلىگى، ئۇنى قۇتقۇزۇپ چە-قىش بىزنىڭ بوينىمىزدىكى قەرز......

ئالماس بۈگۈن شىرمەممەتنى قۇتقازغىلى كەلگىنى يوق. دۆڭ تېخەن: سەۋرىچانلىق بىلەن تەربىيە بېرىشكە، كوپ قېتىم ئېرىنمەي خىزمەت ئىشلەشكە، ئاستا - ئاستا سىنىپىي ئېڭىنى ئويغىتىشقا توغرا كېلىدۇ، — دىدى. بۇ، راست. شىرمەممەتنىڭ ئۈچ - توت ئايدىن بۇيانقى ئىپادىسىدىن قارىغاندا، ئويغىنىپ "ئۆز ئادەم" تەرىپىگە ئۆتۈشتىن تېخى ئۈمىت يوق. ئەكسىچە، ئالماس، شانىيازلارنى كورسە ئۆزىنى قاچۇراتتى، ئاممىۋى يىغىن-سورۇنلارغا بارسا، يىراقتىن كورۈنۈپ قويۇپلا كېتەتتى. قايسى كۈنى دەريا بويىدا ئالماس بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغان-

دىن كېيىن، نىمە ئۈچۈندۇر مەجلىسلەرگە بېرىشتىن يۈتۈنلەي باش تارتتى ۋە كورۈنمەي يۈردى.

ئەمما، ھازىر ئالماسنىڭ دىققىتى پۈتۈنلەي باشقا تەرەپتە ئىدى، شۇ كۈنى دەريا بويىدا تاسادىپى يولۇققان سەللەپەرىجىلىك ئادەم توغرىسىدىكى گۇمان ئالماسنىڭ كوڭلىدىن زادى چىقمىدى. ئۇ كىم، نىمىگە شۇنچە ھولۇقۇپ قاچتى، ئات نەدىن پەيدا بولۇپ قالدى؟ دىگەن سوئال — قايسى تەرىپىنى ئويلىسىمۇ، ئۇنى ئىختىيارسىز شىرمەممەتكە ئېپكېلىپ باغلاپ قوياتتى.

ئالماس بۇ نەرسىنى قانداقلا بولمىسۇن شىرمەممەتتىن سوراپ كورۈشنى لازىم تاپتى:

— شىرمەممەت، سىنىڭ ئاغرىپ قالغىنىڭنى بىلمەپتىمەن، — دىدى ئالماس كارۋاتنىڭ لېۋىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ، — قەيىرىڭ ئاغرىيدۇ؟......

شىرمەممەت ئېرىنچەكلىك بىلەن تەسلىكتە يوتقاندىن بېشىنى چىقاردى:

— ھېچنىمە بولمىدىم، تەرلەيمىكىن دەيمەن......

ئالماس ئازاتلىقنىڭ مەنىسى توغرىسىدا، ھەر خىل كىشىلەرنىڭ ئورنىدا بولىدىغان ئۆزگىرىشلەر توغرىسىدا، يىللىقچىلار بىلەن بايلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەق تولەش توختاملىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلىنىدىغانلىغى توغرىسىدا سوزلەپ بەردى......

ئالماس بۇ گەپلەر بىلەن شىرمەممەتنىڭ سىنىپىي ئېڭىنى ئويغىتىشقا ئاز - تولا تەسىر كورسىتىپ، ھىلىقى سەللە - پەرىجىلىك كىشىنى كورگەن - كورمىگەنلىگى توغرىسىدا گەپ ئېچىشنى خالىغان ئىدى. لېكىن، شىرمەممەت تۇيۇقسىز ئالماسنىڭ گېپىنى

ئۈزۈۋېتىپ:

— مەن بۇ ئۆيدە يىلىلىقچى ئەمەس، قۇربان ئاقساقالمۇ مەن ئۇچۇن خوجايىن ئەمەس. بىز ئاتا - بالا بولۇشتۇق. گەپ تۈگىدى، — دېدى - دە، يوتقانغا بېشىنى تىقتى.

ئالماس قانچە قىلسىمۇ، شىرمەمەت ئېغىز ئېچىپ جاۋاپ بېرىشنى خالىمىدى.

— بوپتۇ، سەن ئارام ئال، — دېدى ئالماس شىرمەمەتنىڭ گېپىدىن قاتتىق قەھرى - غەزەپكە كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنى زورغا بېسىپ، — مۇندىن كېيىن مەجلىسلەرگە بېرىپ تۇرغىن. بۇ سېنىڭ ھوقۇقىڭ. بېشىڭغا كۈن چۈشسە بىزنى ئىزلىگىن، سەن يەنە......

شۇ چاغدا، ئۆيگە ئالدىراپ - تىنەپ قۇربان ئاقساقال كىرىپ كەلدى ۋە ئالماسنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئىككى قولىنى جۈپلەپ كوكسىگە ئالغان ھالدا خوشامەت قىلىپ تۇرۇپ، ئايتۇراغا ۋاقىرىدى:

— ھوي...... قىزىم، قارا سېنى، بول، نىمە سەن، ئالماس بەگ ھەممىشەم كېلەمدۇ بۇ ئۆيگە. قېنى داستىخان سال. ئۇھۇ...... شورپىمۇ تەييار ئىكەن. دەرھال......

ئالماس قۇربان ئاقساقالغا "رەھمەت" ئېيتىپ، ئورنىدىن دەس تۇردى، يوتقان بىلەن بېشىنى چۈمكىۋالغان شىرمەمەتكە قاراپ ئېغىر بىر تىنىپ قويدى:

— مەن دىگەن گەپلەرنى ئويلاپ كۆر، كېيىن يەنە سۆزلىشىمىز، — دېدى.

ئالماس چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، قۇربان ئاقساقال ئالدىراپ ئىشكنى ئىچىدىن تاقىدى - دە، مېھمانخانىنىڭ قازناق

ئۇيگە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان "مۇھتەرەم قارى"نىڭ يېنىغا كىردى.
قازناقتىن ئەمدىلا چىققان "مۇھتەرەم قارى" ئۇزىگە تەمشىلىپ
تۇرغان قۇربان ئاقساقالغا:

— بىھاجەت، بولدى، مەن ھەممە گەپنى ئاڭلىدىم، —
دېدى ۋە بىر ھازاغىچە خىيال سۈرۈپ پۇشۇلدىغاندىن كېيىن
ئېيتتى، — ئاقساقال، پەخەس بوللى. پەممچە، ئالماس ئوزىنىڭ
بۇ ئۇيگە كېلىشتىكى ئەسلى مۇددىئاسىنى يوشۇردى. ئۇ بىر نە-
مىنى بىلىپ - تاتىپ قالدىمۇ - يا؟...... مەن بۇگۇنلا ئار-
قىدىكى پىنھانىراق ئۇيگە يۆتكىلىۋالاي. ئالماسنىڭ باياقىدەك
تۇيۇقسىز كىرىپ كېلىشى يەنە تەكرارلانمايدۇ، دەپ كىم ھۆددە
قىلالايدۇ؟ بۇگۇنلا يۆتكىلەي. ئۇ يەردىن باغ ئارقىلىق تالاغا
چىقىپ كېتىش ئوڭاي. بۇ ئۇيدە يەنە شىرمەممەت گۇلەش يېتىپ-
قوپسۇن...... شىرمەممەت ئۇنىمىلەر قىچارغان مەجلىس- پەجلىس
دىگەنلىرىگە بېرىۋەرسۇن. زادى تۇسمىسىلا، شىرمەممەت بارمىسا،
ئالماس كېلىدۇ، ئالماسنىڭ بۇ ئۇيگە پۇت تىققىنى يامان
بەلگە...... ھەي...... "خىزىر" قوشۇلمايۋاتىدۇ - دە، بولمىسا،
ئالماسنى، بۇ بەغەرەز توگىچىنى ئوجۇقتۇرۇپ، كوزدىن غايىپ
قىلىش تەسمىدى. بۇگۇنكىسىمۇ شۇنداق ئەپلىك پۇرسەت ئىدى.
ئوز ئايىغى بىلەن يالغۇز كەلگىنچۇ تېخى......

"مۇھتەرەم قارى" ئايتۇراخان ئېلىپ كىرگەن توخۇ گوشى
بىلەن قىزىق توخۇ شورپىسىنى كورۇپ، بېشىدىن سەللىنى ئالدى،
تامغىنى قىرىپ قويدى......

## 2. "ئۇ تېخى تىرىكمىكىنا!......"

قىسمەت چورۇق قەشقەر - خوتەن تاشيولىدا ئازاتلىق ئارمىيىنى كۈتۈۋېلىپ، ئادەتتىن تاشقىرى بىر خۇشاللىق بىلەن ياڭاقلىق يېزىسىغا قايتىپ كەلدى - دە، مەخسۇت بەگنىڭ قوراسىنى ساقلاۋاتقان توختاخۇن بىلەن بايىز خالۋاپنى بىر ئامال قىلىپ ئىزلەپ تاپتى:

— مېنىڭ جايىم ئەمدى ساخاۋەتخانا ئەمەس، ئۇنى ئىت ئۇۋا قىلسۇن، — دېدى ئۇ ئىشەنچ ۋە خۇشاللىق بىلەن ئۇلارغا، — مەن ھەممىنى كۆردۈم، دەڭسەپ - ئۆلچەپ باقتىم، جاھان ئەمدى بىزنىڭ، پەلەكنىڭ گەردىشى ئەمدى ئوڭ ئايلىنىدىغانلىغىغا كۆزۈم يەتتى. خوش، مەن قىسمەت چورۇق نەدە يېتىپ - قوپىمەن، يا ئۆلگىچە ماكانسىز تەمتىرەپ يۈرۈۋەرسۇن دەمسىلەر؟ بەس، بولدى. بەگنىڭ ھوجرىلىرىدىن بىر ئېغىز ئاجرىتىپ بېرىڭلار......

توختاخۇن بىلەن بايىز خالۋاپ قىسمەت چورۇقنىڭ مىجەزىنى بىلىدۇ: ئۇ ئۆزى ئىشەنچ قىلمىغان نەرسە ئۈستىدە گەپ ئاچمايدۇ، ئاچلىق - يوقسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ - تارتىپ قالغىدەك بولسىمۇ، كىشىگە تەلمۈرۈشنى راۋا كۆرمەيدىغان ئادەم. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىسمەت چورۇق بۇ يەردە بولسا، ئىشقىلىپ ياخشى، ئۇنىڭ، بۇنىڭغا كۆز - قۇلاق بولسىمۇ ھېساپ...... توختاخۇن بىلەن بايىز خالۋاپ مەسلىھەتلىشىپ، قىسمەت چورۇققا تۆمۈر دەرۋازا ئالدىدىكى بىكار ھوجرىدىن بىر ئېغىزنى كۆرسىتىپ بەردى. قىسمەت چورۇق شۇ كۈنىلا ئەسكى - تۈسكى لاقا - لۇقىلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، بەگ ھويلىسىغا جايلاشتى ۋە ئۆزىنى

خوجايىندەك ھەس قىلىشقا باشلىدى......

ئۇ ناھايىتى خوشال ۋە تېتىك ئىدى. ھەممە نەرسىگە ئارىلىشاتتى ۋە چوڭقۇر ئىشەنگەن ھالدا ماختىناتتى، ئاددىلا ماختانمايتتى، بەلكى، ھوزۇرلانغان، ئۆزىنى قەدىرلىگەن ھالدا زوقلىنىپ ماختىناتتى، دۈك تېخەنىنى: كونا بۇرادىرىم، شەھەردىن ئۆزەم ئېلىپ چىققان، ئۇنىڭ مەندىن بەلەن مەسلىھەتچىسى يوق، دىسە؛ ئالماسنى: خىسلەتلىك يىگىت، كوزى ئادەم تونۇيدۇ، دوست - دۈشمەننى بىر قاراپلا ئايرىيدۇ، پىقىرنىڭ گېپىدىن چىقمايدۇ، مەن قىسمەت چورۇققا بولەكچە ئىجىل، — دەيتتى. ئازاتلىق توغرىسىدا گەپ بولۇپ قالسا: نىمىسىنى ئېيتىسلەر، مەن قىسمەت چورۇق ئالماس باللار بىلەن قولىمىزغا تىغ ئېلىپ، راسا بىر قەپەز ئېلىشمىغان بولساق، ئىش چاتاق، مەخسۇت بەگنى ئۇجۇقتۇرغان دەل بىز، مەن قىسمەت چورۇق ئاشۇ سەپنىڭ دەل بېشىدا، — دەيتتى. ئەگەر بىر كىم، مۇندىن كېيىن نىمە ئىشلار بولىدىغانلىغىنى سوراپ قالسا، قىسمەت چورۇق ھېچ ئىككىلەنمەيلا: گەپمۇ شۇ! مۇندىن كېيىن نىمە ئىشلار بولىدىغانلىغى خۇسۇسىدا خۇدانىڭ دەپتىرىنى زىر - زەۋىرىگىچە ۋاراقلاپ كورگۇنۇم يوق. ئەمما، مەن قىسمەت چورۇق ئېيتالايمەنكى، ئەمدى جاھاننىڭ تاناۋى بىزنىڭ قولىمىزدا. كۇنلۇگى مىڭ خىل ئىش، ئۇن مىڭ خىل يېڭىلىق بولىدۇ، كوز كورمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان يېڭىلىقلار ئارقا - ئارقىدىن كېلىۋېرىدۇ، ھەممىسى بىز ئۇچۇن بولىدۇ. ياكى ھارۋىنىڭ چاقى كەينىگە ياناتتى؟ يوق گەپ، ماڭا ئىشىنىڭلار، يالغان ئېيتسام، بوينۇم قىلدا باغلاقلىق، — دەپ مەيدىسىگە ئۇراتتى......

بۇگۇن ئۇ كەچلىك غىزاسىنى يەپ بولۇپ، ئاتخانىغا

كىرىپ جادۇدا بىدە توغراۋېتىپ، ئالماسنىڭ شەھەردىن قايتىپ چىققانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى.

ئالماس ئۈچ كۈندىن بۇيان ناھىيىدە يىغىندا بولۇپ، ئېخى بايىلا قايتىپ چىققان ئىدى.

قىسمەت چورۇقنىڭ قولاق - تاپانلىرى قىچىشىپ، بىر جايدا تۇرالماي قالدى: ھەي...... ئالماس بۇ قېتىمۇ دىسەم - دىمىسەم چوقۇم يېڭى گەپلەرنى، دىل سۆ ئىچىدىغان گەپلەرنى ئېلىپ چىقتى، بېرىپ ئاڭلاپ كېلەيچۇ، دەپ ئويلىدى - دە، ئاتلارنىڭ كەچلىك يەم - خەشىگىنى بېرىۋېتىپ، توختاخۇننىڭ ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردى.

ئۆيدە ئالماس بىلەن سارىخان ئانا يالغۇز ئىكەن، ئالماسنىڭ قوشۇملىرى مۈشتەك تۈگۈلگەن بولۇپ، نىمە ئۈچۈندۇر ناھايىتى خاپا كورۇنەتتى. ئۇ، قىسمەت چورۇق بىلەن ئېرى - بېرى سالاملاشتى - دە، سەل تىت - تىت بولغان ھالدا:

— قىسمەت ئاكا، سەن دۆڭ ئېخەننىڭ قايسى يېزىغا كەتكەنلىگىنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى.

— مەن قىسمەت چورۇق ئىمىشقا بىلمەي، — دىدى ئۇ ئەستايىدىللىق بىلەن جاۋاپ بېرىپ، — دۆڭ ئېخەن ھەر كۈنى مەن بىلەن بىر قېتىم كورۇشمىسە كوڭلى يېرىم بولىدۇ، ئىزلەپ يۈرۈپ ئۆيدە بولسام ئۆيدىن، ئاتخانىدا بولسام ئوقۇر ئالدىدىن تاپىدۇ، ھال - ئەھۋال سورايدۇ، مەندىن باشقا يەنە كىمدىن مەسلىھەت ئالىسۇن؟ ۋەكىلنىڭ ۋاقتى زىخ بولۇپ قالسا، مەن ئۆزەم تاپىمەن. تازىمۇ كېلىشكەن بۇرادەرلەر - دە، بىزا...... ئەمما، بۇگۈن كورمىدىم. مەن ساڭا ئېيتسام، — دىدى ئۇ ئۆز سوزىدىن زوقلىنىپ، — مەن قىسمەت چورۇق دۆڭ

تېخەن ۋەكىلنى كورمىگىنىم بىلەن ئۇنىڭ نىمە قىلىۋاتقانلىقى ماڭا بەش قولدەك ئايان. تۈنۈگۈن ئۇ، چۈشتىن ئىلگىرى مەكتەپنى ئايلاندى، نىمشقا دىسەك، هازىر ئوششاق بالىلارنىڭ تەگىدىن تولىسى بىكارچىلىقتىن توخۇ سوقۇشتۇرۇپ، ئىت تالاشتۇرۇپ، هوشۇق ئويناپ كۈن ئۆتكۈزۈپ يۈرىدۇ. بۇ ئىش دۆك تېخەننىڭ كوزىگە چۈشكەن. شۇڭا مەكتەپكە بارغان. ئۇسمۇرلەرنىڭ ئوقۇغۇسى بولسىمۇ، ئوقۇيالمايدىكەن، سەۋەپ، سىنىپ كەمچىل. دۆك تېخەن ئەپەندىملەر بىلەن كېلىشتى. بالىلارنى چۈشتىن بۇرۇن، چۈشتىن كېيىن قىلىپ، ئىككى نۆۋەت ئوقۇتىدىغان بوپتۇ...... تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئۇ، تېخىتاخۇن بىلەن كوكقۇم كەنتىگە باردى. قول ئىلكىدە يېق نامرات دىخانلارنىڭ ئويلىرىنى يوقلاپ، ئوز كوزى بىلەن كورۇپ، بىرمۇنچە دىخانلارنىڭ قىشتىن ئامان-ئېسەن چىقالمايدىغانلىقىنى پەملەپتۇ، نىمە دەپتۇ دىمەمسەن؟ ئوزئارا ئوتنە-يېرىم قىلىڭلار، كاپالەتلىك قەرز قىلىڭلار، دەپ سوزلەپتۇ، جىق ئادەملەرنىڭ ئاشلىق قىيىنچىلىقىنى هەل قىپتۇ، يەنە كېسەل، بىتاپلارنى هارۋىغا سېلىپ شەهەرگە، دوختۇرخانىغا ئەۋەتتى ......

قىسمەت چورۇقنىڭ ئاغزى ئېچىلسا، ئاسانلىقچە بېسىلمايدۇ، بولۇپمۇ دۆك تېخەن يادىغا كېلىپ قالسا، تېخىمۇ شۇنداق. زورۇر بولسۇن-بولمىسۇن بىلگەن-ئۇققانلىرىنى سوزلەپ توگەتمىگىچە كوڭلى ئىمىن تاپمايدۇ. ئەمما، شۇ تاپتا ئالماسقا دۆك تېخەن توغرىسىدا تەرىپ ئەمەس، بەلكى دۆك تېخەننىڭ ئوزى كېرەك ئىدى. شۇڭا، ئالماس بىتاقەت بولۇپ، قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ، ئۇنىڭ سوزىنى نەچچە قېتىم بولۇۋەتكۇسى كەلدى.

قىسمەت چورۇق ئالماسنىڭ ئالدىراۋاتقانلىقىنى سەزدى:

— مەن بىلدىم ئۇكا، — دېدى ئۇ ئالماسقا، — سەن دۆڭ-تېخەننى كورمەكچىمۇ؟ بەلەن گەپ، جەزمە قىلىپ ئېيتىمەنكى، دۆڭ تېخەن بۈگۈن بىلسەم-بىلمىسەم، ماجانتال كەنتىگە كەتتى، بۇ راست گەپ......

ئالماس ئېشىنىپ-ئېشەنمەي قىسمەت چورۇقنىڭ كوزىگە قارىدى:

— ماجانتال كەنتىگە؟...... سەن قانداق بىلسەن، ماجاد-تال كەنتى دېگەن نە ئۇ! شۇنچە يىراق تۇرسا، سەن بىلىپ دەۋاتامسەن-يا؟......

قىسمەت چورۇق پاختىلىق تامبىلىنىڭ پۇشقاقلىرىنى زىغىر پاخىلىنى پايتىما قىلىپ كىيىۋالغان چورۇقنىڭ قونجىغا تىقىپ، كۈنجىرە پۇراپ تۇرغان ئۇزۇن جۇۋىسىنىڭ ياقىسىنى كوتىرىپ، مۇلايىم، نۇر پارقىراپ تۇرغان قوي كوزلىرىنى قىسىپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— مەن بىلمەيمەنمۇ! يوق گەپ، مەن قىسمەت چورۇق دۆڭ تېخەن ۋەكىلىنىڭ ئۇزى تۇگۇل، سايىسىنىڭمۇ مىدىرلىغىنىنى بىلمەن. ماجانتال يىراق بولسا نىمە بوپتۇ. مەن ساڭا ئېيتسام، بىزنىڭ دۆڭ تېخەن يول مېڭىشتىن قورقمايدىغان ئادەم. ئالەم-نىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگە پىيادە مېڭىپ كەلگەن كىم؟ يەنە دۆڭ تېخەن. سەن بىلەن بىللە، پۇتۇن زەرەپشان بەگلە-كىگە تەۋە ئون ئۇچ يېزىنى پىيادە مېڭىپ ئارىلاپ چىققان كىم؟ دۆڭ تېخەن. ئۇ يەنە توختاخۇن بىلەن ھەممە مېچىت قوۋمى، مەھەللە-كەنتلەردە بولدى. چىققىغان دوڭ، چۈشمىگەن چوڭقۇر قالمىدى، شۇنچە كوپ قېرىنداشلارنىڭ ئۆي-كەپىلىرىگە بېرىپ ھال-ئەھۋاللاشتى. مەن قىسمەت چورۇقنى ھەمرا قىلىپ،

ھەتتا قارلىق تاققا بېرىپ ئاسىم ئەپەندىنىڭ قەۋرىسىنى، كېيىن ھىلىقى تاجىك بوۋاينىڭ ئۆيىنى زىيارەت قىلدى. شۇنچىۋالا يولنى پىيادە بېسىپ غىرىك-پىرىك قىلمايدىيۇ — تېخى ماجانتالغا بارالامدا؟ ......

— قىسمەت ئاكا، — دىدى ئالماس بىر ئاز بىتاقەت بولغان ھالدا قىسمەت چورۇقنىڭ گېپىنى ئۈزۈپ، — سەن گەپنى سوزما. يىپىدىن-يىڭنىسىغىچە دەۋىرىدىغىنىڭ يامان-دە، مەن ھازىرلا يولداش دۇڭ تېخەن بىلەن كورۇشۇشۇم كېرەك. بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا ئېيتقىنا، ئۇ زادى ماجانتالدىمىدۇ؟ ......

قىسمەت چورۇق سەل-پەل ئارسالدا بولۇپ، شالاڭ-ساغۇچ بۇرۇتلىرىنى سىلاپ قويدى:

— دىسەم-دىمىسەم شۇ يەردە، شۇ يەردە بولماي! — قىسمەت چورۇق شۇ گەپنى ئېغىزىدىن چىقىرىش بىلەن يەنە روھلىنىپ كەتتى، — مەن قىسمەت چورۇق كېسىپ ئېيتىمەنكى، دۇڭ تېخەن جەزمەن شۇ يەردە. نىمىشقا دىمەمسەن، ماجانتال كەنتىدە ھازىر ئىش چاتاق. سەن ناھىيىگە مېڭىپ ئەتىسى ئۇ يەردە يۈزبېشى، ئاقساقاللار بىلەن خەقلەر ئوتتۇرىسىدا ماجرا چىقىپتۇ، ئېسىڭدىمۇ، قارلىق تاغدىكى بورە ئۇۋىسىدىن قايتىپ كەلگەن ئەزىمەت يىللىقچى بارغۇ، ھە، شۇ...... ياش باللىنى توپلاپ، "ھېساپ ئېلىش توپى" قۇرۇپتۇ، ئەرگە بىر نىۋەت، يەرگە بىر نىۋەت دەپتۇ-دە، باي-غوجاملارنى تۇتۇپ كېلىپ، "ھەققىمىزنى بەر، يەپ كەتكەنلىرىڭنى قۇس"، دەپ داقىرتىپ يۈرۈپ، زىر سىقىرىتىۋېتىپتۇ. شۇ كۈنى كەچتە بىرمۇنچە بورە جۇۋىلىق يوغان قوساقلار داراز تارتىپ، دەۋاگەر بولۇپ كېلىشتى...... گەپ نىمىدە، دۇڭ تېخەن ئۇ نىمىلەرگە ئۇزاق سىياسەت سوزلىدى.

مەن قىسمەت چورۇق ئىنىق ئاڭلىدىم، يۇۋاش بولۇڭلار، ھەممە ئىش قانۇن-سىياسەت بويىچە بولىدۇ، ئىنقىلاپ كورىسىز، — دېدى، ئۇزى ئەشەگە — ماجانتالغا بارىدىغاندەك كەپنى قىلدى. دىسەم-دىمىسەم، ئۇ ماجانتالغا كەتتى......

قىسمەت چورۇقنىڭ كىيىن ئۇگە-تۇگمەي ئويگە شانىياز، بايىز خالۋاپ كىرىپ كەلدى. ئارقىدىن كىرىپ كەلگەن جۇما ئالماسقا ئاغىنىدارچىلىق بىلەن بىرنەچچە ئىغىز چاخچاق قىلىۋىد-دى، ئالماس جۇمانىڭ چاخچىقىغا نىمە ئۈچۈندۇر جاۋاپ بىرىش-تىن باش تارتتى. بايىز خالۋاپ ئالماسنىڭ قوشۇمىسىنىڭ تۇ-رۇلگەنلىكىنى، نىمىدىندۇر قاتتىق جىلى بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى سەزدى، ئۇنىڭ چىرايىنى غەزەپ ئارىلاش بىر خىل جىددىلىك قاپلىۋالغان ئىدى.

سارىخان ئانا ئويگە چىراق ياقتى. ئويگە يەنە بىرنەچچە كىشى بىلەن لەيلىگۇل كىرىپ كەلدى. لەيلىگۇل سارىخان ئانىنىڭ مەڭزىگە مەڭزىنى يېقىپ ئەدەپ بىلەن سالاملاشقاندىن كىيىن، بۇرۇلۇپ ئالماسقا قارىدى. ئالماس گويا لەيلىگۇلنى كورمىگەندەك ئىدى......

ئالماس ھەر قېتىم ناھىيىگە يىغىنغا كىرسە، بىرمۇنچە يېڭىلىق — كورسەتمىلەرنى ئېلىپ چىقاتتى، يېقىن ئوپچورىدىكى قېرىنداشلار بۇ يېڭىلىقلاردىن بالدۇرراق خەۋەر تېپىپ بەھىرد-مەن بولۇشقا ئادەتلەنگەن. ئالماس قايتىپ چىقتى دېسىلا، ئۇز-لىگىدىن بۇ ئويگە يىغىلىپ قالاتتى ۋە گەپ-گەپكە تەگمەي سوزلىشىپ كېتەتتى. لېكىن، ئالماس بۇ قېتىم ئېلىپ چىققان يېڭىلىق قېرىنداشلارنى قاتتىق غەزەپلەندۇردى. شانىياز، بايىز خالۋاپ، لەيلىگۇللەرنىڭ كوزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى، قىس-مەت چورۇق بىلەن جۇما ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ:

— نىمە، نىمە دىدىڭ، يەنە بىر دىگىنە؟ — دەپ، ئالماس-
قا قاراپ، بوغۇلۇپ ۋاقىرىدى.

— جامائەت خەۋپسىزلىگى ئىدارىسىنىڭ باشلىغى يولداش
ئابلىكىم ناھايىتى ئېنىق ئېيتتى، — دىدى ئالماس قوشۇمىلىرى
مۈشتەك تۈگۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن، ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا
تىرىشىپ، — بۇ يەردە "مىكى-مىكىن" دىيىشكە ئورۇن يوق.
بىزنىڭ گۇمانىمىز پۈتۈنلەي توغرا چىقتى. بۇ، ئېنىق. مەخسۇت
بەگ تېخى ئۆلمىگەن. بۇ خۇمپەر پوسكام، قاغىلىقلاردا يوشۇ-
رۇنۇپ-تىمىسقىلاپ يۈرگەندىن كېيىن، "چىلتەن" مازارلىقىغا كې-
لىپ، بىر مەزگىل دەرۋىش سۈرىتىگە كىرىۋالغان. شۇ يەردە
نامەلۇم ئىككى ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ، بىزنىڭ مۇشۇ ياڭاقلىق
يېزىمىزغا بىر قېتىم كېلىپ قايتقان......

— نىمە، ياڭاقلىق يېزىسىغا دەمسىنا؟!......

— ئۇ، تېخى تىرىكمىكىنا!......

— ھۇ...... خۇمپەر!......

— ئىلان ئەتراپىمىزدا قىمىرلاپ يۈرۈپتۇ-دە!......

سورۇندىكىلەر غەزەپلىنىپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىش-
تى، ئالماس ئۇلارنى ئولتۇرغۇزۇپ سوزىنى داۋام قىلدى:

— يولداش ئابلىكىمنىڭ ئېيتىشىچە، ئاسىم ئەپەندى قالدۇرۇپ
كەتكەن خەتتىكى "غىلاپلىق خەنجەر"، "نامازشام خىزىرىسى" دى-
گەن نام بىلەن ئۆزىنى نىقاپلىغان ئىككى تەتۈر ھەركەتچى قەش-
قەردىن كېلىپ، مۇشۇ ئەتراپلارغا كېلىپ سىڭىشقاندىن
كېيىن ئۇلارنىڭ مەقسىدى بارا-بارا ئايدىڭ بوپتۇ...... بىر-
مۇنچە بۇزۇق-ئۇسەك سوز ۋەرەقىلىرى قولىغا چۈشۈپتۇ، ئالدىنقى
كۈنى كېچىسى دەريانىڭ ئۇ قېتىدا ۋەزىپە ئۆتەشكە كېتىۋاتقان

بىر جەڭچى ئۆشتۈمتۈت ئولتۇرۇۋلۇپ، قورالى تارتىۋېلىنغان، ئولۇغ-گى دەرەخكە ئېسىپ قويۇلغان...... بىر ۋەرەقىدە بىزنىڭ ياڭاق-لىقتىن، مەن باشلىق بەش-ئالتە كىشىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنىپ، ھۇشۇڭنى تېپىشمىساڭ، ئانداق قىلمىز، مانداق قىلمىز دەپ، پەچىغىنى يالاڭاچلاپ كورسىتىپتۇ...... مەخسۇت بەگ باندىتلىق توپى ئۆيۇشتۇرۇۋاتقان بولسا كېرەك، يىگى گەپ مانا مۇشۇ......
شانىيازنىڭ كوزلىرىدە ئوت پەيدا بولدى، غەزەپلىنىپ ئالماسنىڭ سوزىنى بولۇۋەتتى:
— بىز نىمە، تازا بوشاڭ، مەخسۇت بەگ ياڭاقلىققا كەلسە، كىمنىڭكىگە كىلىدۇ؟ ھىسامىدىن داموللىنىڭكىگە! مەن ھىسامىدىن داموللىنىڭ ئوزگىرىپ، ئىنساپلىق پەرىشتە بولۇشىغا ئىشەنمەيمەن، ئاڭلىشىمچە، بىرمۇنچە ئادەملەر ئۇنىڭغا يىگىمدىن مۇرىت-مۇخلىس بولغانمىش، ئادەم توپلاۋاتقانلىقى كورۇنۇپ تۇرىدۇ ...... ئۇنىڭ بۇ توپىنى تۈزۈتىۋەتمىگىچە بىزگە ئىش بار......
— دەل گەپ بولدى، تازا جايىدا بولدى،— دىدى قىسمەت چورۇق مەيدىسىگە ئۇرۇپ ئۇرۇپ،— مەن قىسمەت چورۇق باشتىلا بايقىغان، راست گەپنى دىسەم، ھىسامىدىن داموللا بىلەن ئىمام خاتىپ ناھىيىگە موتىۋەرلەر سوھبەت يىغىنىغا كىرگۈزۈلگەندىلا قوشۇلمىغان، قوشۇلۇپ نىمە قىلىمەن، ھىسامىدىن داموللىنى بىز بىلمەيمىزمۇ! ئىمام خاتىپ ئەسلىدە ھىسامىدىن داموللىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى ئىدى، ئانارگۇلنى ئولتۇرىدىغان چاغدا، ئىمام خاتىپ مەخسۇت بەگنىڭ بىر مۇشنى يەپ ئىككى چىشىدىن ئايرىلىپ، ئاندىن بىزگە قارايدىغان بولدى، بولمىسا نىمە ئۇ! گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتسام، ناھىيىدىكى مەجلىسكە مەن قىسمەت چورۇق بارمايمەنۇ — ئۇلار نىمە دەپ بارىدۇ، مەن قىسمەت چورۇق

ئۇلارنىڭھەممىسىنى تۇتۇپ كېلىپ، "ئىگىز - پەس دەسسەمسەن؟ -- ياق!" دىگۈزۈشىمىز لازىم دەيمەن......

— ئالدىنقى كۈنى بىزنىڭ خوشنىلار، — دىدى بايىز خال-ۋاپ ئۇيلانغان ھالدا سورۇندىكىلەرگە قاراپ، — بىزنىڭ ئۈيگە "قىيامەت قايىم بولغىدەك، بۇ ھۆكۈمەتنىڭمۇ ئۆمرى قىسقىمىش. ئەجۇز - مەجۇز باش كوتىرىدۇ، دىيىشىدۇ، نىمە گەپ ئۇزى؟" دەپ كىرىپ كېلىشتى. قانچە سورىسام، بۇ گەپنى نەدىن ئاڭلى-غانلىغىنى زادى ئېيتقىلى ئۇنىمىدى. ئالماسنىڭ ئېيتقىنى دۇرۇس. مەخسۇت بەگ توقامنى قارىنغا ئالسا، ھىسامدىن داموللىدىن ئاي-رىلالمايدۇ. بۇ گەپلەر ھىسامدىن داموللىنىڭ ئۈۋىسىدىن چىقمىسا، نەدىن چىقسۇن؟......

— سوپى سوپى بىلەن، ئىلان ئۆز توپى بىلەن، — دىدى قىسمەت چۈرۈق قايناپ تۇرۇپ، — دىسەم - دىمىسەم، مەخسۇت بەگ ھەقچان ھىسامدىن داموللىنىڭ ئۈيىدە بار......

تالاش - تارتىش ئۇزاق سوزۇلدى. ھەممەيلەن كورگەن-بىلگەنلىرىنى ئېيتاتتى ۋە سوزىنىڭ ئاخىرىدا "ھازىرلا ئاختۇرۇش، تۇتۇش كېرەك" دىگەننى تەكىتلەيتتى. كىمدۇر ھىسامىدىن دا-موللىنىڭ ئۈيىدىن سەللە - پەرىجىلىك غەلىتە كىشىلەرنىڭ كىرىپ - چىقىپ يۈرگەنلىگىنى ئېيتسا، كىمدۇر "مەخسۇت بەگ شۇ تاپتا ئۇ يەردە بولۇشى مۇمكىن" دەپ ئىسپاتلايتتى......

شانىياز بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

— تومۇرنى قىزىغىدا سوقۇش كېرەك، — دىدى ئۇ، — مەن بىزنىڭ يىگىتلەرنى قىچقىراي. ھازىرلا باستۇرۇپ بېرىپ، تۇزۇپ كەتكىچە قولغا چۈشۈرۈۋالايلى......

شۇ گەپ بىلەن تەڭ، ھەممەيلەن "دۇررىدە" ئورنىدىن تۇرۇشتى. شانىياز، جۇمالار ئىشىك تەرەپكە يۈگۈردى. ئالماسمۇ قوزۇقتىن تاپانچىسىنى ئېلىپ بولۇپ، يەنە ئىمىنىدۇر ئويلىنىپ، تۇرۇپ قالدى:

— شانىياز، توختا، جۇما، ئالدىرىما......

شانىياز بىلەن جۇما ئىشىكتىن چىقىپ كېتىشىپتىپ، ئوشتۇمتۇت ئالادىن كىرىپ كەلگەن دۈك تېخەن بىلەن توختاخۇنغا ئۇرۇلدى.

شانىياز دۈك تېخەننى كورۇپ توختىدى. ئارقىدىنراق كىرىپ كەلگەن ئابدۇللا جۇمادىن:

— يولداش ئالماس قايتىپ چىققان ئوخشىمامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

جۇما بىر نىمە دىگىچە، ئالادىن كىرىۋاتقانلار بىلەن ئويدىن چىقىۋاتقانلار دالان ئويدە قاپلاشتى. دۈك تېخەننى كورۇپ، ھەممەيلەن ئورنىدا تۇرۇپ قېلىشتى ۋە ئۇنىڭغا يول بەردى. دۈك تېخەن:

— قېنى بىردەم ئولتۇرۇپ قايتىڭلار، ئويگە كىرىڭلار، يولداش ئالماس ھازىرلا قايتىپ چىققان ئوخشىمامسىز؟ — دىدى خۇش-خۇيلۇق بىلەن.

ھەممەيلەن ئويگە قايتىپ كىردى، لېكىن، ھېچكىم ئولتۇرمىدى. شانىياز ئىنتايىن جىلى بولغان ھالدا:

— قېچىپ كېتەرمىكىن، بىرىپلا تۇتۇۋالساق بولاتتى.—دىدى.

دۈك تېخەن "بۇ نىمە گەپ، كىم قېچىپ كېتىدۇ؟" دىگەندەك نەزەر بىلەن ئىنتىك ئالماسقا قارىدى. ئالماس بىر نىمە دىگىچە، قىسمەت چورۇق دۈك تېخەنگە قاراپ:

— مەن قىسمەت چورۇق بايىدىن بىرى ئىشىكتىن كوزۇمنى ئالمىدىم. سەۋەپ، سىزنى كەلسۇن دىگىنىم ئىدى. مانا ئەمدى تەخىر قىلىشىنىڭ هاجىتى يوق، مەخسۇت بەگنى تۇتىمىز، — دىدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، تېختاخۇنىنىڭ كوزلىرى چەكچىيىپ، ساقاللىرى تىترەپ، قۇيقا چېچى تىك بولدى:

— نىمە، مەخسۇت بەگ تېخى تىرىكمىكىنكا!......

شۇنىڭ بىلەن گەپ تېشىلدى. هەر كىم هەر خىل نۇقتىدىن سوزلەپ، ئوز قارارىنىڭ خۇلاسىسىنى بايان قىلىشقا باشلىدى......

دۇڭ تېخەن ئالماس، شانىياز، قىسمەت چورۇقلارنىڭ سوزىرىگە قۇلاق سېلىپ تۇرۇپ، ئوزىنىڭ زەرەپشان بەگلىگىگە كەلگەن بىر ئايدىن بۇيانقى خاتىرىلىرىنى ئەسلىدى...... زەرەپشان — بىپايان مۇنبەت تۇپراق،...... ئۇنىڭغا چۇشكەن ئورۇقنىڭ مول هوسۇللۇق مەهسۇلات بىرىدىغانلىغى ئەينەكتەك روشەن بولدى. ئۇنىڭ كەلگۇسى چەكسىز پارلاق. بۇ يەردىكى كىشىلەر نىمە دىگەن ئەمگەكچان، قەيسەر ۋە ئاقكوڭۇل - سەممى. ئۇلار ئوز پۇت - قولىنى بوغۇپ تۇرغان كىشەنلەرنى پاچاقلاپ تاشلاشنى قانداق ئارزۇ قىلىدۇ - هە؟...... بىراق، ئازاتلىق نۇرى كىشىلەر قەلبىنى ئىسسىتقان بولسىمۇ، ئەهۋال تېخى مۇرەككەپ. ئەمگەكچى دىخانلار بىلەن يۇزبېشى، ئاقساقاللار ئوتتورىسىدا ئۇزلۇكسىز سۇركىلىش بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ سۇركىلىش چوڭ ماجراغا ئايلىنىپ كەتكەن چاغلىرىمۇ بولدى. بۇ ماجرالارنىڭ كوپىنچىسى هەق تەلەپ قىلىش دەۋالىرى، ئاچچىغىنى چىقىرىۋېلىش ئورۇنۇشلىرىدىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ، يەنىلا "هاكىمىيەت" مەسىلىسىنى دەۋر

قىلىدۇ...... "باۋ-جيا" سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىش، خەلقنىڭ ئۆز ۋەكىللىرىگە قانۇنى ھالدا ھوقۇق تۇتقۇزۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك. بۇنىڭ شەرت-شارائىتى ئاستا-ئاستا پىشىپ يېتىلمەكتە، مۇنداق شارائىتنىڭ پىشىپ يېتىلىشىنى جەزمەن زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرمەي بولمايدۇ......

دۆڭ تېخەننىڭ دىققىتىنى ئالماس ئۆزىگە تارتتى:

— يولداش دۆڭ تېخەن، بۇ بىر جىددى ئىش. مەخسۇت بەگ يوشۇرۇنىدىغان ئۆۋۈنى بىر قېتىم چۆۋۈماي بولمايدۇ. مېنىڭچە، ھىسامىدىن داموللىنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇپ باقايلى، — دېدى.

بۇ سۆزگە سورۇندىكىلەر دەرھال ئاۋاز قوشتى:

— توغرا، ئاختۇرۇش كېرەك!......

— بىرنەچچىسىنىڭ ئەدىۋىنى بەرمەي بولمايدۇ!......

— مەخسۇت بەگنى تۇتۇۋالساق، راسا قىزىق بولاتتى......

— ھىسامىدىن داموللىنىمۇ، ئىمام خاتىپنىمۇ!......

— ...... ...... ......

دۆڭ تېخەن ئويلانغان ھالدا كوپچىلىككە قارىدى:

— ئاۋال ئولتۇرۇڭلار، مەسلىھەت قىلايلى......

لېكىن ھېچكىمنىڭ ئولتۇرغۇسى يوق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، كاتىپنىڭ لېۋىگە ئولتۇرۇشتى، تامغا يۆلەندى، بەزىلەر ئۆرە تۇرۇۋەردى. دۆڭ تېخەن ئالماسقا قاراپ:

— يولداش ئالماس، ناھىيىلىك پارتكوم يىغىنىدا يەنە باشقا گەپلەر بولمىدىمۇ؟ ......

ئالماس ھەيران بولۇپ، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، دۆڭ تېخەنگە قارىدى:

— ناھىيىلىك پارتكوم ئورۇنلاشتۇرغان ئىش ئاز ئەمەس، —

دېدى ئۇ ئويلانغان ھالدا، — ئەمما مەخسۇت بەگنىڭ چىلبورى-
لىك قىياپىتى سىزگە مەلۇم، ئۇ، ئونلىغان، يۈزلىگەن ئادەمنىڭ
قىساسكارى، ھازىر يەنە ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ جەڭچىسىنى ئۇلتۇردى.
ئۇ شۇنىڭ بىلەن توختاپ قالىدۇ، دەپ ئويلامسىز؟ ...... مەن
بۇ خۇمپەرنى تۇتمىغىچە زادى تىنچ بولالمايمەن......
دۇڭ تېخەن سەۋىرلىك بىلەن ئېيتتى:
— پارتكوم يىغىنىدا مەخسۇت بەگنى تۇتۇش مەسىلىسى
مۇزاكىرە قىلىنىدىمۇ؟ ......
— ياق، بۇ ھەقتە مەن يولداش ئابلىكىمنىڭ پىكرىنى ئاڭلى-
دىم ......
— يولداش ئابلىكىم نىمە دىدى، تۇتۇشنى ئورۇنلاشتۇر-
دىمۇ؟ ......
— ئۇنداق دىگىنى يوق، ئەھۋالنى چۈشەندۈردى، ھوشيار
بولۇشنى، ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشنى ئېيتتى.
— بۇ، توغرا، — دىدى دۇڭ تېخەن تەرجىمان ئابدۇللاغا
بېشىنى لىڭشىتقان ھالدا ئالماسقا قاراپ، — يولداش ئابلىكىم
مەن بىلەن سۆزلەشكەندىمۇ شۇنى ئېيتقان. ناھىيىلىك پارتكومدا
نىمە گەپ بولدى، بۇ يەردىكىلەر ئۆز ئادەملەر ئىكەن، يەتكۈزەمە-
سىز؟ ......
ئالماس ناھىيىدىن ئېلىپ چىققان بىر نەچچە پارچە ھۆج-
جەتنى دۇڭ تېخەنگە سۇنۇپ تۇرۇپ ئېيتتى:
— بۇ قېتىمقى يىغىندا ئىككى مۇھىم روھ بار. مۇھىمى،
"باۋ-جيا" سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىش تەييارلىغىنى پۇختا ئىشلەش،
ئالدى بىلەن دىخانلار جەمىيەتلىرىنى قۇرۇش مەسىلىسى مۇزاكى-
رە قىلىندى. شۇ ئاساستا باندىتلارنى تازىلاش، تەتۈر ھەركەت-

چىلەرنى بېسىقتۇرۇش مەسىلىسى ......

دۇڭ تېخەن سورۇندىكىلەرگە نەزەر تاشلاپ تۇرۇپ:

— نىمە ئۆرە تۇرىسىلەر، ئولتۇرۇڭلار، بىز يۇقۇرى دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ يوليورۇقى بويىچە ئىش قىلىشىمىز لازىم. يولداش ئالماس يەتكۈزگەن بۇ ئورۇنلاشتۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم. قېنى، ئولتۇرۇڭلار. ھازىر كوپچىلىكنىڭ ئارزۇسى بىلەن ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ كورسەتمىسى بىر يەردىن چىقتى. مۇزاكىرە قىلايلى. جۇما نىمە ئۆرە تۇرىسەن، شانىياز ئۇكا، ئالقىنىڭ تازىمۇ قىزىپ كېتىپتۇ-دە، ئولتا......، — دەپ بىر-بىرلەپ ئولتۇرغۇزدى.

ئالماس ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى ئاچقان يىغىننىڭ ئاساسىي روھىنى سوزلەپ توگەتكەندىن كېيىن، دۇڭ تېخەن ئېيتتى:

— مەسىلە ئېنىق بولدى. ھازىرقى ۋەزىپە ھەر ساھە كىشىلىرىنى تىنچلاندۇرۇش، دېخانلار جەمىيەتلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە قۇرۇش، شەرت-شارائىت ھازىرلاپ "باۋ-جيا" سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىش. بۇگۇن مەن توختىكام بىلەن ماجانتال كەنتىگە باردىم. كوپچىلىك دېخان قېرىنداشلار دېخانلار جەمىيىتىنى قۇرۇشنى قىزغىن ئالقىشلىدى. ئازراق تەييارلىق خىزمىتى ئىشلەنگەندىن كېيىن، توختىكام بىلەن ئىككىمىز ماجانتالدا تۇنجى دېخانلار جەمىيىتىنى سىناق قۇرۇپ قىلماقچى. مانا بۇ "باۋ-جيا" سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىش، تەتۇر ھەركەتچى-باندىتلارنى تازىلاشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. كوپچىلىككە ئېنىق، مەخسۇت بەگنى تۇتۇش، ئۇنىڭ ئەدىۋىنى بېرىش — زەرەپشاندىكى نەچچە ئون مىڭ ئادەمنىڭ تەلىۋى. گەپ شۇ بىر مەخسۇت بەگ مەسىلىسى ئەمەس. يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ پىيىنى قىرقىيمىز دەيدىغانلارنى يوق دىگىلى بولامدۇ؟ بۇ كۇرەشنى كىمگە تايىنىپ ئې-

لىپ بارىمىز؟ ئەلۋەتتە، كەڭ ئەمگەكچى دىخانلارنىڭ ئۆز تەشكىلاتى — دىخانلار جەمىيىتىگە تايىنىپ ئىلىپ بارىمىز......

دۆڭ تېخەن دىخانلار جەمىيىتىنىڭ خاراكتىرى، ۋەزىپىسى ۋە ئۇنى قانداق قۇرۇش كېرەكلىكىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، مۇنداق دىدى:

— بايا قىسمەت ئاكا، بەزى دىنىي ساھەدىكى كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالدى. مەخسۇت بەگنىڭ ئىمام خاتىپىنى ئۇرۇپ ئىككى چىشىنى چۈشۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئېيتتى. بۇ دۇرۇس. دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ ئەھۋالى ئوخشاش ئەمەس. بەزىلىرى ھىلىمۇ مۇشتۇمزور — يەر ئىگىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، يامان ئىش قىلىۋاتىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ قانۇنغا رىايە قىلىپ، خەلق بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، ئالغا بېسىشىنى ئۈمىت قىلىمىز؛ كۆپچىلىكى ھازىرمۇ ياخشىغۇ، مەسىلەن، ئىمام خاتىپ. بۇ ئادەم ناھىيىدىكى سۆھبەت يىغىنىدىن قايتىپ چىققاندىن كېيىن، بىز بىلەن ھەمكارلىشىپ، خەلق تەرەپتە تۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنى كۆپ قېتىم بىلدۈردى. ئۇزىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيىتى بىلەن بولۇۋاتىدۇ، بىز ئەلۋەتتە مۇنداق كىشىلەرنى تېگىشلىك ھۆرمەتلەپ، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئالغا بېسىشىغا ياردەم بېرىشىمىز لازىم. بۇ، پارتىيىنىڭ سىياسىتى......

قېرىنداشلار سۆھبىتى تۈن تەڭ بولغىچە داۋام قىلدى. ئەتىدىن باشلاپ ھەرقايسى يېزا - كەنتلەردە ئاكتىپلار، نامرات دىخانلار ۋەكىللىرى يىغىنلىرى چاقىرىش بەلگىلەندى. قىسمەت چوروق:

— نىمە دىگەن بىلەن يەنىلا دىخانلار جەمىيىتى مۇھىم. ھەممىمىز جەم بولساق، مەخسۇت بەگنىڭ مىجىغىنى چىقىرىۋېتىمىز.

مەن قىسمەت چورۇق، خۇدا بۇيرۇسا، ئاكتىپلار يىغىنىدا "دېخان-
لار جەمىيىتى — تۇگۆلگەن مۇشت، كۈچ-قۇۋۋەتنىڭ نوزى شۇ"
دىگەن مەنادا كوپچىلىككە يەنە بىرىنچى بولۇپ يېڭى خەۋەر
يەتكۈزىمەن، — دىدى.

دۈڭ تېخەن قىسمەت چورۇققا قاراپ:

— مەن قوشۇلىمەن، ياڭاقلىق يېزىسىنىڭ ئاكتىپلار يىغى-
نىدا سىز بىرىنچى بولۇپ مۇنبەرگە چىقىڭ. سوزلەڭ، سىز
سوزلىسىڭىز تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بولىدۇ، — دىدى.

ئاخىرىدا، ئالماس ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شانىياز،
لەيلىگۈل قاتارلىق بەش كىشىنى ئاساسىي قاتلام كادىرلار
كۇرسىغا ئۇگىنىشكە تەكلىپ قىلغانلىغىنى ئېلان قىلدى. بۇ
خەۋەر سورۇندىكىلەرنى خوشال قىلدى. لەيلىگۈل خوشال
بولۇپ، دادىسى بايىزخالۋاپنىڭ قولىنى تۇتتى......

## 3. ئەزىمەت رەئىس بولدى

سارىخان ئانا كەچلىك غىزانىڭ راسكاللىغىنى قىلىپ بولۇپ،
چىلەكنى كوتىرىپ كول بويىغا سۇغا چىقتى، كاچكۇلدىن سۇ ئېلە-
ۋېتىپ، بۇگۈن بۇ يەرگە يەنە ئىككى نەپەر ھوكۇمەت خىزمەتچە-
سىنىڭ يېتىپ چىققانلىغىنى ئاڭلىدى. ئۇلارنى بەزىلەر: "تەشۋى-
قاتچىلار ئىكەن" دىسە، بەزىلەر: "قول-ئىلكىدە يوق دىخانلارغا
ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئۇچۇن پۇل تارقىتىدىكەن" دەيتتى......

ئانا ئۇز كوڭلىدە: ھوكۇمەت خىزمەتچىسى بولسا، ئۇز
ئادەم ئىكەن، ئالماس ھەقچان كەچكى غىزاغا باشلاپ كېلىدۇ،
مېھماننىڭ رىسقى ئۇزى بىلەن، نىمە ئاش ئەتسەم بولىدىكىن، —

دەپ ئىككى خىيالدا بولۇپ، تەڭلىگە ئۇنىنى كۆپرەك باستى.

شۇ چاغدا، ئۆيگە قىسمەت چورۇق كىرىپ كەلدى:

— خەقلەر مېنى قىسمەت چورۇقنىڭ قولىغى ئۇزۇن دېيىشىدۇ، — دېدى ئۇ خۇشاللىق بىلەن سارىخان ئانىغا قاراپ، — يوق گەپ، قولىغى ئۇزۇن بولۇپ مەن تۇغۇلغۇزمىدىم. قولاق ئۇزۇن ئەمەس، كۆڭلى-كۆكسۈم ئالەمچە...... ئۇزلىرىگە ئايان، مەن قىسمەت چورۇق ھەرقانداق ئىشنىڭ بۇرنىدىن چىقىمەن. بۈگۈن ئەتىگەن تاڭ سەھەردە ھارۋىنى قېتىپ، شانىياز، لەيلىگۈل باللارنى ئېلىپ، كۆرۈس-مۇرس دېدىمۇ، ئىشقىلىپ، ناھىيىنىڭ مەكتۈۋىگە ئېلىپ باردىم. ياناشىمدا يەنە يىغىملىق!...... ئىككى خىزمەتچىنى ئېلىپ چىقتىم...... ئەمدى "بەگلىك" دېگەن نىمە گەپ ئىكەن ئۇ! رايون قۇرىمىز، رايون!...... خىزمەتچى باللار ماڭا ئېيتتى: بەگ دېگەن باي غوجاملارنىڭ ئۇرۇقى. مانا ئەمدى خەقنىڭ ئۆز تۇقمىغى بولىدۇ، ئۆز ھاكىمىيىتى بولىدۇ!...... بايىدىن بېرى مەخسۇت بەگنىڭ بىر ياپسا ئۆيىنى بىكارلىدۇق، دۆڭ تېخەن:

— قىسمەت ئاكا، قانداق، ھازىرچە پايدىلىنىپ تۇرىمىز، كېيىن كۆچىمىز، — دېدى. مەن قىسمەت چورۇق:

— نىمە دېگىنىڭىز ئۇ، ھەممىسى ئۆزىمىزنىڭ، رايونىمۇ، ئۆيىمۇ! — دېدىم. ھازىر مەن ئېلىپ چىققان يىگىتلەر پېقىرنىڭ ئەتە-ئاخشامدا مۇگدىشىدىغان خوشنىلىرى بولۇپ قالدى، ئەتە-ئۆگۈن تېخى دۆڭ تېخەن بىلەنمۇ تام خوشنا بولىمىز......

قىسمەت چورۇق پالتا سوراپ كىرگەن ئىكەن، ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.

لېكىن، بۇ گەپ ئانىنىڭ كۆڭلىنى بىر قىسما قىلىپ قويدى.

سارىخان ئانا دۆڭ تېخەن بىلەن ئابدۇللانىڭ ئۆز ئۆيىدە
تۇرغانلىقىدىن بەكمۇ رازى ئىدى. خۇلۇم-خوشنىلاردىن بىرەر-
يېرىمىتىسى:

— ھە، ھە، سارىخان، بەگ ۋەكىل چوڭ كىشى، تەمتە-
رەپ قالمىغانلا؟ — دەپ سوراپ قالغىدەك بولسا، ئانا:

— نىمە دىگەنلىرى، بېگى قورۇسۇن. بەگ ئەمەس، ئۆز
بالا. ئالماس بىلەن ئاكا-ئۇكا قېرىنداش، — دەپ، ئېچىلىپ،
يېيىلىپ سۆزلەپ كېتەتتى، — نىمىسىنى ئېيتىلا، خۇدا يەتكۈزگەن.
ئۈچ ئوغۇللۇق بولۇپ قالدىم. ئاجايىپ كېلىشكەن باللار، ئىش-
كۆشلىرى شۇنچە كوپ، ئالدىراش بولسىمۇ، ماڭا قول-پۇت بو-
لۇشىدۇ. ئۆي سۈپۈرۈشىدۇ، سۇ ئېپكېلىشىدۇ. خەناخا غىزاغا قوپ-
قان بولسام، ئۆيدە بولسىلا ھەممىسى ئاشپەز. يەڭلىرىنى شۈ-
دەكلەپ، قازان بېشىغا كىرىشىپ كېتىدۇ. ھال تارتىشنى بىلمەي-
دۇ، شۇنداق ئەپلىك. بىر ئائىلىنىڭ كىشلىرىمۇ ئۇنداق ئىناق
بولماس، — دەيتتى.

ئانا ئۇلارغا ئۆگىنىپ قالغان ئىدى. ھەر كۈنى ئەتى-
گەن-كەچتە، چاي-داستىخان ئۈستىدە بولۇنغان گەپ-سۆز،
مۇزاكىرىلەر ئانا قەلبىگە يېڭى-يېڭى ئۈمىت-ئىشەنچ، خۇشاللىق-
لارنى ئېلىپ كېلەتتى، ھاياجانلاندۇراتتى. كۆز ئالدىدا يېڭى چوڭ
ئۆزگىرىش، جۇشقۇن، يېڭى ھايات مەنزىرىسى قۇچاق ئېچىۋاتقاندەك
بىلىنىپ، ئۆزىنى ئىشەنچلىك، بەردەم سانايتتى.

دۆڭ تېخەن بۇ ئۆيگە ئورۇنلاشقان كۈندىن ئېتىۋارەن
خۇش خۇي يىگىت ئابدۇللا بىلەن قىلىشقان توختىمىغا ئاساسەن،
بوش پۇرسەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇيغۇر تىل-يېزىغىنى ئۆگە-
نىشكە بېرىلدى. دۆڭ تېخەننىڭ ئۇستازلىرى ناھايىتى كوپ

ئىدى، ئالماس، توختاخۇن، سارىخان ئانا، بايىز خالۋاپ، لەيلە-
گۈللەر ئۆز مۇناسىۋەتلىرىدە ئۇنىڭ كۆپرەك سۆز ئۆگىنىۋېلىشىنى
خالاپ، قىزغىنلىق بىلەن ھەمدەم بولاتتى، ئىمتىھان ئالاتتى. كۈن-
لەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دۆك تېخەن ئوبدانلا سۆزلەيدىغان، ئۆزى-
نى ئىزلەپ كەلگەنلەر بىلەن بىرنەچچە ئېغىزدىن پاراڭ سې-
لىشالايدىغان بولۇپ قالدى. بۇمۇ ئانىنى ناھايىتى خۇشال قى-
لاتتى......

بىراق، قىسمەت چورۇقنىڭ بايىقى گېپى سارىخان ئانى-
نىڭ كۆڭلىنى بىرئاز بىسەرەمجان قىلىپ، تەمتىرىتىپ قويدى،
ئۆگىنىپ قالغانلىقتىن بولسا كېرەك، قىيمىغان ھالدا بۇ ئىشنىڭ
تېگى-تەكتىنى دۆك تېخەننىڭ ئۆزىدىن سوراپ كۆرمەكچى
بولدى.

شۇ كۈنى دۆك تېخەن، ئالماس، ئابدۇللا، توختاخۇنلار
كېلىشىپ قويغاندەك تۈن تەڭ بولاي دېگەندە قايتىپ كېلىشتى،
غىزا ئۈستىدىكى پاراڭلاردىن ئانا ئۇلارنىڭ دىخانلار جەمىيىتى
قۇرۇش، يۈز بېشى-ئاقساقاللارنىڭ تامغا-موھۇرلىرىنى ئىشلەمچى-
لەرگە ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا مەجلىس ئاچقانلىرىنى؛ ھازىر
داستىخان ئۈستىدە قىلىنىۋاتقان گەپ-سۆزلەر شۇ مەجلىسنىڭ
داۋامىغا تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. گەپلەر تۈگەيدى-
غاندەك ئەمەس، دۆك تېخەننىڭ بۇ ئۆيدىن يۆتكىلىشى ئۇخلىسا
چۈشىگە كىرمەيدىغاندەك ئىدى.

ئانا دەرگۇماندا بولۇپ، ئۆز كۆڭلىدىكىنى ئەتە سوراپ
كۆرۈشنى ماقۇل تاپتى.

ئەتىسى سارىخان ئانا ئورنىدىن تۇرغاندا توختاخۇن
ھويلىدىكى داق يەرگە جەينامازسېلىپ بامدات نامىزىنى ئوقۇ-

ۋاتقان ئىكەن. دۆڭ تېخەن ئادىتى بويىچە هويلا-ئارامنى سۈپۈرۈۋېتىپتۇ، ئابدۇللا ئوي ئىچىنى يىغىشتۇرۇپ يۈرەتتى. ئالماس كولدىن سۇ كۆتۈرۈپ كىردى ۋە ھەممىلەن نىمكىدۇر ئالدىراۋاتقاندەك ئىدى.

ئانا غەپلەت بېسىپ ئۇخلاپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى كايىدى. ئالدىراپ ئوچاققا ئوت يېقىپ، مىس چوگۈننى قايناتقىلى كىرىشتى. خوشنىسىدىن سۈت، قايماق ئېلىپ كىردى. بىراق، دۆڭ تېخەن بىلەن ئالماس ئۆز سومكىلىرىغا بىر نەچچىدىن ناننى سالدى-دە، ئالدىراپ تالاغا ماڭدى:

— ئانا، بىز ئالدىرايمىز، چايغا ساقلاپ تۇرالمايمىز، — دېيىشتى.

ئالماس تۇنۇگۈن ناھىيىدىن چىققان خىزمەتچىلەرنى ئېلىپ، قايسىبىر يېزىغا مېڭىپ كەتتى. دۆڭ تېخەن بىلەن توختاخۇن ئانىغا ماجانتال كەنتىگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئىشىكتىن چىقتى.

— ماڭا قارىڭا، بالام، — دېدى ئانا ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋاتقان دۆڭ تېخەننى توختىتىپ، — قىسمىتاخۇننىڭ گېپى توغرىمۇ؟ ئۇ هازازۇل سىلەرنى رايونغا يوتكىلىدىغان بولدى دەيدا......

دۆڭ تېخەن كۈلۈپ كەتتى:

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئانا، — دېدى ئۇ، سارىخان ئانىغا قاراپ، — سىزدەك مېھرىۋان ئانىنى تاشلاپ نەگىمۇ كېتەتتۇق. رايون قۇرۇلۇپ بولغىچە بۇ ئۆيدىن ھېچنەگە يوتكەلمەيمىز......

دۆڭ تېخەن ئانىنىڭ ياخشى كۆڭلى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىپ هۆرمەت بىلدۈردى. بۇ قېتىم ماجانتالدا ئۈچ كۈنچە

تۇرۇپ قالىدىغانلىقىنى، كەچتە كۈتۈپ - ساقلاپ ئاۋارە بولماس - لىقىنى ئەسكەرتىپ ئىشىكتىن چىقتى ......

ئەزىمەتنى يوقلاش — دۆڭ تېخەنىنىڭ خىيالىدىن بۇيانقى ئارزۇسى، بۇ قورقماس ئىسيانكار دېخاننىڭ تەرىپ - تەسۋىرىنى ئۇ كوپ قېتىم ئاڭلىدى. توختاخۇن ھەمىشەم:

— ئېلىشا يىگىتلىك چاغلىرىدا مەخسۇت بەگنىڭ ئۆيىدىن ئۇز مەھبۇبىنى ئېلىپ چىقىپ، بۇ ئالەمدىن ئادا - جۇدا بولۇپ كېتىشكە تاس - تاماس قالغان. ئەمما، بىزنىڭ ئەزىمەت بورىنىڭ ئاغزىدىن ئامان - ئېسەن قۇتۇلۇپ چىقىپ، ھەر نىمىكى بولسا، ئۇز ئارزۇ - ئارمىنىغا يەتتى. ئادەم ئايىغى تەگمىگەن قارلىق تاغ - دىكى بورە ئۇڭكۈرلىرىدە ئامان - ئېسەن بىر يېرىم يىلنى ئۇت - كۈزدى. مۇرادىغا يەتكەن ئاشىق - مەشۇق ئۇچۇن چۇل جېزى - رىمۇ ھېچنىمە ئەمەس. ئۇلارنىڭ بورە ئۇڭكۈرىدە پەرزەنت كور - گەنلىگىنى قارىمامدىغان! ئىشقىلىپ تىرىك قايتىپ كەلدى. تى - رىك قايتىپ كېلىشى ئۇخلىساق چۇشىمىزگە كىرمىگەن ئىش. بۇ ئەزىمەت زادى قالتىس جىگەرلىك نىمە جۇمۇ! — دەپ تىلىدىن چۇشۇرمەيتتى ......

بۇنىڭدىن بىر ھەپتە ئىلگىرى دۆڭ تېخەن بىلەن ئالماس ئېلىشانى يوقلاپ كېلىش ئۇچۇن، ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغانىدىمۇ، ئېلىشا ئۇزىنىڭ ئەزىمەت توغرىسىدىكى يېڭى قوشاقلىرى بىلەن دۆڭ تېخەنىنىڭ كوز ئالدىدا يېڭى ھىكايە مەنزىرىسىنى يايغان ئىدى ...... ئالدىنقى كۈنى دۆڭ تېخەن ماجانتال كەنتىدە بولغان - دا، ئەزىمەت تاققا ئۇتۇنغا چىقىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ بىلەن يۈز كورۈشەلمىدى. لېكىن، دېخانلارنىڭ يىغىلىشلىرىدا كوپچە -

لىك ئەزىمەتنىڭ "ھىكايىسى"نى تولۇقلايدىغان يەنە بىر مۇنچە تەسىرلىك پاراگىلارنى قىلىپ بەردى......

بۈگۈن دۆك تېخەن ماجانتال كەنتىگە كېتىۋېتىپ، "ئەزىـ مەت بىلەن جەزمەن كورۇشۇش كېرەك" دىگەننى كوڭلىگە پۈـ كۈپ قويىدى. يول بويى ئابدۇللانىڭ ئەزىمەت توغرىسىدىكى بىر تىزىق ھىكايىسىنى ئاڭلاپ ماڭدى.

ئۇلار قىزىق پاراڭلىشىپ كېتىۋېتىپ، ماجانتال كەنتى تەرەپكە بۇرۇلىدىغان دوقمۇشتىكى ئازنا مىچىتنىڭ روبىرىغا يېتىپ كەلگەندە، ئالدى تەرەپتىن يايداق تورۇق ئاتقا مىنگەن ئەزىمەتنىڭ ئۆزى چىقىپ كەلدى.

توختاخۇن ئاق ئارىلىغان ساقال-بۇرۇتلىرىنى سىلاپ قويىدى:

— ئەنە بىزنىڭ ئەزىمەت،...... كىمنىڭ گېپىنى قىلساڭ، شۇنىڭ ئۆزى كېلىدىغان زامان بولدى، — دەپ كۈلدى.

دۆك تېخەن بىلەن ئابدۇللا كۆلۈمسىرىگىنىچە ئەزىمەتكە سەپالدى.

ئەزىمەت ئېگىز بوي، نوچى چىراي، بۇرۇتلۇق. كوزلىرى كۆلۈمسىرەپ تۇرىدىغان، ئوتتۇز ياشلاردىكى كۆچلۈك، بەردەم ئادەم ئىدى. بېشىدا قارا كورپە ئورە تۇماق، ئۈستىدە كالتا جۇۋا-بەلۋاق، پۇتىدا تۇمشۇغى قايرىلغان يۇمشاق كون چورۇق بار ئىدى. ئۇنىڭ ئاتتىن چۈشە-چۈشمەيلا توختاخۇنغا قىلغان چاخچىقىدىن دۆك تېخەن بىلەن ئابدۇللا ئەزىمەتنىڭ تارتىنمايدىغان، خۇش-خۇي كىشى ئىكەنلىگىنى سەزدى.

— قانداق مىجەز بۇ ئەزىمەت، — دىدى توختاخۇن كۆلۈمسىرىگەن ھالدا ئەزىمەتكە قاراپ، — سەن تاغ تېكىسى

تاغدا يۇرۇپ بورىنىڭ خۇيىنى ئېلىپ قالىغانىەن. ئاۋال
ماۋۇ يولداشلار بىلەن كورۇش، سالام-سائەت قىلىشقىن......
— خوپ، مەن ئاڭلايمەن، — دىدى ئەزىمەت ۋە خوشال-
لىق بىلەن ئوڭ قولىنى كوكرىگىگە ئېلىپ، دۇڭ تېخەن بىلەن
ئابدۇللاغا قارىدى، — ئەسسالامۇئەلەيكۇم. خۇدا ئامان قىلسۇن
سىلەرنى. مەن بولسام ئەزىمەت......سىلەرنى مەن بىلىمەن،
دۇڭ تېخەن ۋەكىلمۇ، ئاغىنىمىز ئابدۇللامۇ تونۇش. كورۇشمىگەن
بولساق، نىمە بوپتۇ، نامە-ئەماللىڭلار ماڭا بەش قولدەك ئايان......
دۇڭ تېخەن ئەزىمەتنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، قىزىقىقان
هالدا سورىدى:
— هە، هە، يولداش ئەزىمەت، راستلا سىز بىلەن كو-
رۇشەلمەي قالدۇق، سىز بىزنى قانداق بىلدىڭىز؟ ......
— قانداق بىلدىڭىز؟ تەسمۇ! — ئەزىمەت خۇش خۇيلۇق
بىلەن ئېيتتى، — سىلەر ئالدىنقى كۇنى كەتتىمىزدە ئاچقان مەج-
لىس بىز كېتىش بىلەنلا تارقىدى دەپ ئويلامسىز، يوقسۇ، ئۇند-
داق ئىش يوقكەن. مەن تاغدىن قايتىپ كەلسەم، تېخى هېچ-
كىم ئويىگە كەتمەپتۇ، شۇ كۇنى تۇن نىسپىغىچە ئاقۋالداقتەك
پاراسلاپ تالاش-تارتىش قىلدۇق...... ئوهۇ...... دىخانلار جەم-
يىتى — كۇچ، مادار، تۇگۇلگەن مۇشت دىيىشتۇق. تونۇگۇنىمۇ شۇ
هەقتە گەپ بولدى......بىزنىڭ بۇ يەردىكى ئادەملەر بەكمۇ سىنچى
كېلىدۇ-دە، راست گەپنى ئېيتسام، ۋەكىل يولداشمۇ، بۇرادىرىمىز
ئابدۇللامۇ ئەل-جامائەتكە خوپلا يېقىپ قاپتۇ. يۇرتداشلار: ماڭە ئەزد-
مەت، بارغىن. دىخانلار جەمىيىتىنى قۇرساق قۇرۇۋېتەيلى......دۇڭ تېخەن
ۋەكىل ئۇزەم كېلىمەن دىگەن. كەلسە-كەلسۇن، دەقەمتە ئولتۇرۇپ
بىر ئىش قىلىلى، — دىيىشتى. ئالدىڭلارغا كەلگىنىم شۇ. مەن هەقا-

سىگىلارنى نىمىشقا بىلمەي......

ئەزىمەت قىزىق سوزلەۋاتقاندا، ئابدۇللانىڭ كالپۇكلىرىغا كۈلكە ئولاشتى. ئۇنىڭ كوزى بۇنىڭدىن بىر يېرىم يىل ئىلگىرى ئەزىمەتنىڭ مەزىندىن ئەپۇ سوراپ ئوز مەھبۇبىنى ئېلىپ قاچقان ئازنا مېچىتكە چۇشكەن ئىدى. ئۇ، ئازنا مېچىتكە قاردىغانىرى كۈلكىسى قىستاپ كەتتى ۋە كۈلكىسىنى باسالماي ئەزىمەتكە قاراپ كوزىنى قىسىپ قويدى.

— نىمە كۈلسەن، ئاغىنە؟ — دىدى ئەزىمەت بۇ كۈلكىدە بىر مەنا بارلىغىنى سېزىپ، — زاڭلىق قىلىۋاتامسەن-يا؟......

— كۈلكىنىڭ سەۋەپلىرى ھەر خىل بولىدۇ، — دىدى خۇش-خۇي يىگىت ئابدۇللا مېچىت تەرەپكە قاراپ، كۈلكىدىن ئوزىنى تۇتالماي، — مېنىڭ نىمىگە كۈلگىنىمنى بىلمەي تۇرۇپلا زاڭلىق قىلدىڭ دىسەڭ، قاراپ تۇرۇپ كىشىگە ئوۋال قىلغىنىڭ ئەمەسمۇ؟......

ئەزىمەت نوچىلىق بىلەن كوكرىگىنى كېرىپ، ئابدۇللانىڭ مۇرىسىگە قولىنى ئالدى:

— گەپكە گەپ كەلسە، ئاتاڭنى ئايىما، دەپتىكەن، قېنى، بىر راست گەپ قىلىۋەتكىنە، نىمىشقا كۈلدۇڭ؟......

توختاخۇنىنىڭ يۈزىدىمۇ كۈلكە پەيدا بولدى. ئۇ ئابدۇللانىڭ غەرىزىنى پەملىگەن ئىدى ۋە ھىلقى ۋەقەنى ئەسكە ئېلىپ، ئەزىمەتكە:

— قارا، ئەزىمەت، ئاۋۇ مېچىتنى......، — دىدى.

ئابدۇللا شۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، شوقلۇق بىلەن قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ، ئەزىمەتنىڭ ئەسلى سوزىنى تەكرارلىدى:

— "مۆھتەرەم مەزىن ئاخۇنۇم، ئانچە ياخشى ئىش قىل-
مىغانلىغىمىزنى ئۆزىمىزمۇ بىلىمىز. لېكىن نىمە ئامال، خۇدا سا-
ۋاپلىقنى سىلىگە كۆپرەك ئاتا قىلسۇن......".

ئەزىمەت بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، دەسلەپ ھاڭ-تاڭ بولدى.
كېيىن بۇنىڭ شۇنداق ئىكەنلىگىگە ئىشىنىپ، شۇنداق قاقاقلاپ
كۈلدىكى، ئۇنىڭ گەۋدىلىك بەستى تىترەپ، كۆزلىرىدىن ياش
چىقىپ كەتتى. ئۇ بەلۋىغىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆزلىرىنى سۈرتۈپ،
ئانچە چوڭ بولمىغان، لېكىن ئۆزىگە ياراشقان بۇرۇتلىرىنى تول-
غاپ قويدى، ئاندىن مىچىتكە ئۈيچانلىق بىلەن قاراپ، كۆزىنى
قىسىپ، قولىنى سىلكىدى، ئاندىن ئابدۇللانىڭ مۈرىسىگە قولىنى
ئېلىپ، كونا قەدىردانلاردەك:

— خەقلەر سىنى چاخچاقچى، خۇشخۇي يىگىت دې-
گەن،— دېدى ئەزىمەت ئابدۇللانىڭ كۆزىگە قاراپ،— ھەممىنى
بىلىۋاپسەن ئاغىنە. مەن ساڭا ئېيتسام،— دېدى ئەزىمەت ئوي-
لانغان، ھەسرەتلەنگەن ھالدا. ئۇ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى بىلىگىگە
ئۆتكۈزۈپ ماڭغاچ سۆزىنى داۋام قىلدى،— ئۇ قىز سەندىن
بەش ياشچە كىچىكمىكىن. لېكىن چىرايلىق، تاتىملىق بالا ئىدى.
ئۇنى بەگنىڭ كۆزىگە چۈشۈرمىگەنمۇ، يامان كۆزدىن ساقلاپ
قالغانمۇ — كىيىم-كېچەك، گادايچىلىق. ناۋادا مەن ئۇنى باشنى
قولتۇققا قىسىپ قويۇپ، ئېلىپ قاچمىغان بولسام، مەخسۇت بەگ-
نىڭ كۆزىگە ئىلىنىشىپ قالدىغانلا ئىش بولسا، دەرت ئۈستىگە
دەرت بولاتتى. ئۇنىڭ تۆزۈپ غازاڭ، مېنىڭ كۆيۈپ چۈچۈلا
بولغىنىم ئۇ كەمدە كىمگە ھىساپ. ئەمما......،— ئەزىمەت بىر-
دىن تاتىرىپ ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويدى،— نىمە دىگۈلۈك. بىز
بەگنىڭ چاڭگىلىدىن قېچىپ قۇتۇلغىنىمىز بىلەن، ئادەم ئاياق

ياسىغان تاغ ئۆڭكۈرلىرىدە قانداق ئەزىيەتلەرنى چەككەنلىكى-مىزنى ئۆزىمىز بىلىمىز. بىز ئىككىمىزدە گەپ يوق، تولا ياخشى ئىدۇق. لېكىن، يەرمۇ-ئاسمانمۇ، تاغ-تاشلارمۇ بىزگە بېخىللىق قىلدى. ئاچلىق، سوغاق، يىرتقۇچ ھايۋانلار ھەمىشەم باش ئۈس-تىمىزدە مەخسۇت بەگدەكلا نەشتىرىنى تەڭلەپ تۇردى...... تۈنجى ئوغلىمىزنىڭ نەدە تۇغۇلغانلىغىنى بىلەمسەن؟ ئاس-مان پەلەك قارلىق تاغ ئۈستىدە، تۆپىسى ئاق قار، چەت-چۆرىسى كۆك مۇز بىلەن قاپلانغان تاشلىق غاردا...... يەنە بىرنەچچە ئاي كېچىكسە ئازات بولغان بولسا، بىز ئۈچ جان ئادەم يا تۈگىلاپ، يا بورىگە يەم بولۇپ، بۇ پانى دۇنيادىن ئادا-جۇدا بولۇپ كېتەتتۇق...... ھەي...... نىمە دىگۈلۈك...... بىز ئەر-خوتۇن ئىككىمىز ئاچلىقتىن ئۆلۈپ-تاتىپ قالغىدەك بولساقمۇ، بەگنىڭ ئالدىغا ھەرگىز تەلمۈرۈپ بارمايمىز، — دەپ قەسەم ئىچكەن...... ئاۋادا بەختىمىزگە ئۇۋۋچى تاجىك بوۋاي ئۇچراپ قېلىپ: "ھەي...... نىمە كۈن بۇ!...... يۇرتقا قايتىڭ-لار، يەر ئاسمان، يەر بولىۋاتىدۇ، ئازاتلىق بولدى" دىمىگەن بولسا، كۈنىمىز نىمە بولاتتىكىن......

دۆڭ تېخەن يول بويى ئەزىمەتنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ ماڭدى...... ئەزىمەت زالىم بەگ بىلەنمۇ، بېخىل تەبىەت بىلەنمۇ كۆرەش قىلغان، ئۆز مەھبۇبىنى ئېلىپ، تاغ-تاشلىق جىلغىلاردا يىرت-قۇچ ھايۋانلار بىلەن ئېلىشقان. بوي سۇنۇش، تەلمۈرۈپ تىز پۈكۈشنى راۋا كۆرمىگەن، تاغدىن قايتىپلا ئۆز ئۆرنىنىڭ ئۆزگەرگەنلىگىنى سەزگەن ۋە مانا ئەمدى بەلنى چىڭ باغلاپ، دىخانلار جەمىيتى قۇرۇشقا تەشنالىق بىلەن كىرىشكەن......

دۆڭ تېخەن ئەزىمەت بىلەن تەقدىرداش بولۇپ

كەلگەن ئالماس، شانىياز، لەيلىگۈل، قىسمەت چورۇق، بايىز خالۋاپ، توختاخۇنلارنى ئويلىدى. ھەممىسى جىگەرلىك، بەردەم، قالتىس ئادەملەر. ھەممەيلەننىڭ خاس سەرگۈزەشتىلىرى، ئورتاق تەقدىرلىرى بار. ئازاتلىق نۇرى ئۇلارنىڭ قەلبىنى يورۇتتى ۋە بۇ نۇر ھەققىدە ئۇلارنىڭ ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خوشاللىقلىرى، ئۇركەشلەپ تۇرغان قىزغىن ھېسسىياتلىرى بار. دۇك تېخەن جامائەت خەۋپسىزلىگى ئىدارىسىدە ئىشلەۋاتقان تاجىك يىگىت سالمان بىلەن بىر قېتىم ئۇچراشتى. سالمان بەل كەمرىگە تاپانچا ئاسقان ھالدا ئىدارىدىن چىقىۋاتقان ئىكەن، ئۇ، دۇك تېخەننى يىراقتىن كوردى-دە، ئىمىندۇر ئويلىنىپ، ئىتتىك ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە قولىنى چېكىسىگە ئېلىپ تۇرۇپ ئېيتتى:

— يولداش دۇك تېخەن، سالام! مەن سىزنىڭ مېنىڭ يۇرتۇم زەرەپشاندا خىزمەت قىلىدىغانلىغىڭىزنى بىلىمەن. مانا بۇ خەت، — ئۇ، يانچۇغىدىن بىر لىپاپىنى چىقىرىپ دۇك تېخەنگە سۇندى، — ئۇرۇمچىدىن، دوستىمىز يولداش ئېلىقۇلدىن كەپتۇ، قايتقاندا، يولداش ئالماسقا بېرىپ قويۇشىڭىزنى ئۇمىت قىلىمەن، — دېدى......

دۇك تېخەن ئېلىقۇل بىلەن سالمان توغرىسىدا بۇرۇنلا ئاڭلىغان ئىدى، ئۇلارنى كورۇشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. تۇنۇگۇنكى پادىچى تاجىك بالىسى بۇگۇن مەسئۇلىيەتلىك خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئۇستىگە ئالغان جامائەت خەۋپسىزلىگى خادىمى، ئۇنىڭغا لايىغىدا ھورمەت بىلدۇرۇش كېرەك، قەدىرلەش كېرەك،......دۇك تېخەن سالمان بىلەن ئىككى قوللاپ قىزغىن كورۇشتى، خەتنى ئالدى ۋە تونۇشۇپ قالدى. كېيىن ئالماس ئېلىقۇلنىڭ خېتى توغرىسىدا گەپ ئېچىپ:

— ئىلغۇل ئۈرۈمچىدە جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىرلىرى مەكتىۋىدە ئوقۇۋاتىدۇ، خەتتە، يەنە 6 ئايدا ئوقۇشۇم تۈگەيدۇ، قايتىمەن. ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋاتقان بولسامۇ، پىكىر - خىيالىم مەخ - سۇت بەگدە قالدى، بۇ مۇناپىق زادى تىرىكمۇ - ئۆلۈك، ئۇچۇرىنى يازغىن، دەپتۇ، — دىدى.

دۈك تېخەن بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى كېچىسى كۈندىكى ئادىتى بويىچە چىراق ئالدىدا ئۇيغۇر يېزىغىنى يېزىشنى مەشق قىلىپ ئولتۇرۇپ، يېنىدا خەنزۇ ھەرپلىرىنى يېزىشنى مەشق قىلىپ ئولتۇرغان ئابدۇللاغا قاراپ قويدى.

يىگىت ئۆز مەشققە شۇنچىلىك بېرىلگەن ئىدىكى، ھەتتا ئۇ، دۈك تېخەننىڭ ئۆز جۇۋىسىنى يەم بىلەن ئېلىپ مۈرىسىگە يېپىپ قويغىنىنىمۇ سەزمىدى. دۈك تېخەن: "مەن جەزمەن بۇ يېزىقنى تېز ئۆگىنىۋېلىشىم لازىم. ئابدۇللاغا رودۇپايدەك چاپلىشىپ ھاپاش بولۇۋالسام بولمايدۇ، ئابدۇللا زېھنى ئۆتكۈر، ئوتتەك قىزغىن، يەم - پاراسەتلىك يىگىت ئىكەن. ئۇنىڭ ناھايىتى ياخشى ئارزۇلىرى بار، ئوقۇسۇن، مۇستەقىل خىزمەت قىلسۇن......" دەپ ئويلىدى ھەمدە ئۆز ئەتراپىدا قولدىن خوجايىنغا ئايلىنىپ، ئىنقىلاپ تايانچلىرى بولۇپ يېتىشۋاتقان كىشىلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى ۋە ئۇلارغا ھازىردىن باشلاپ، تەدرىجى ھالدا پارتىيىنى، پارتىيە ئىشلىرىنىڭ نىشان - مەقسەتلىرىنى تونۇشتۇرۇش، شەرت ھازىرلاپ پارتىيە قوينىغا ئېلىپ كىرىش كېرەك، — دەپ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى......

دۈك تېخەن ئەزىمەتنىڭ ئوتتەك قىزغىن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كېلىۋېتىپ، يەنە: "قىزىق......بىز يەنئەندىكى چاغدا، قىسىملارغا، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش - تېرىقچىلىق مەيدانلىرىغا مۇخبىرلار، ياز - غۇچىلار، سەنئەتچىلەر كېلىپ تۇراتتى. ھازىر بۇ يەرگە نىمىشقا

كەلەيدىكىنا......كىتاپ - پىتاپ يېزىش شۇنچىلىك تەس ئىشمىدۇ؟ مانا ئەزىمەتنى ئالساق، پۈتۈن بىر كىتاپ. ھەممە يەرنىڭ ئۆز "ئاق چاچلىق قىز" لىرى بار دېگەن سۆز......ئالماس ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار پارتىزان ئەترىدى بىلەن مىڭ يىللىق ئاسارەتنىڭ يىلتىزىغا جاسارەت بىلەن پالتا ئۇرغان باتۇر يىگىت. ئىبلىقول، شانىياز، لەيلىگۈللەرنىڭمۇ ھاياتلىق يولى، تەقدىر - ئىستىقباللىرىمۇ بىر رومان......ئەگەر، كېلىشتۈرۈپ يازىدىغان ئىش بولسا. قانداق ياخشى ئىش بولاتتى......مەن ئۆزەمچۇ؟ ھەي......ماڭا بۇ ئىش نېسىپ بولمىغان بولسا كېرەك...... ۋاقىت نەدە، كىتاپ يېزىشمۇ ئۇنچىۋالا ئاسان بولمىسا كېرەك" دەپ ئويلاپ قالدى......

ماجانتال كەنتىدىكى ئۈچ كۈن قاينام - تاشقىنلىققا چۆمگەن خۇشاللىق كۈنلەر بولدى. ئەمگەكچى دېخانلار ئۆزىنىڭ تۇنجى تەشكىلاتىنىڭ نىمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى قىزغىنلىق بىلەن مۇزاكىرە قىلدى. دەسلەپ بۇ جەمىيەتكە ھەممە كىشى كىرىدىغان بولۇپ ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇردى. كېيىن نامرات دېخانلار: "ياق! بۇ نامرات دېخانلارنىڭلا تەشكىلاتى بولسۇن. بايلىرى تۇگۈل ھاللىق- راقلىرىنىمۇ، ئۆزىنىڭ ئۆزىگە يېتىدىغانلارنىمۇ يېقىن كەلتۈرمەيمىز" دېيىشتى. ئاخىرىدا، تالىشا، تالىشا، ئەمەل تۇتقان ئاقساقال، يىللىقچى، ئىجارىكەشلىرى بار بايلاردىن باشقا، كەنتتىكى مۇت- لەق كۆپچىلىك دېخانلار قوبۇل قىلىندى.

ئىككى سەپنىڭ ئايرىلىشى بىلەنلا دېخانلار ئۆز كۆچىنىمۇ، بىردىنلا يىتىمسىراپ شۈمشىيىپ قالغان "يۇرت كاتتىلىرى" نىڭ ھا- لىنىمۇ كورۇپ، خۇشال بولۇپ، دوپپا - تۇماقلىرىنى ئاسمانغا ئې- تىشتى......

دۆڭ تېخەن بىلەن ئابدۇللا بۇ كۈنلەردە ئەزىمەتنىڭ ئۆيىدە يېتىپ قوپۇشتى. ئەزىمەتنىڭ ئىسيانچى خوتۇنى چىنارخان دۆڭ تېخەننىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ تېتىك، گەپدان، جاسارەتلىك ئايال بولۇپ چىقتى. داستىخان ئۈستىدە، چوڭ-كىچىك سورۇنلاردا ئۇ ئۆزىنىڭ كىچىككىنە ئوغلى باتۇرنى قولىغا ئېلىۋېلىپ، يىگىتلىقلارنى قىزغىنلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ھېچنىمىدىن تارتىنماي خۇشاللىق بىلەن سۆزلەيتتى. كەنت دېخانلار جەمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش تويى ئۆتكۈزۈلۈشتىن بىر كۈن بۇرۇن، ئەزىمەتنىڭ ئۆيىدە ھەرقايسى گۇرۇپپا ۋەكىللىرىنىڭ كېڭەشمىسى ئۆتكۈزۈلدى. دېخانلار جەمىيىتىنىڭ تەشكىلىي قىسمىلىرى، رەھبىرىي ئەزالىرىنىڭ ئىسمىلىكى ئويلىشىلدى. توختاخۇن:

— ئەمدى كىمنى رەئىس قىلىپ سايلىساق مۇۋاپىق، نازات ئىسمىلىكىنى كۆرسىتىپ باقايلى، — دىگەندە، چىنارخان پەگادىن دەس كۆتىرىلىپ:

— تاللىشىپ نىمە قىلىسىلەر، تاللىشىپ-تارتىشىپ كېلىدىغان يېرىڭلار يەنە شۇ. مەن ئېيتىپ باقسام بولامدۇ؟ — دىدى.

توختاخۇن:

— ھە، ھە، بەلەن گەپ. سەن چىنارخان تارتىنما. راست گەپنى ئېيتساق، سېنىڭ ئاۋازىڭ پۈتۈن كەنتنىڭ يېرىمىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ؛ يېرىلداش دۆڭ تېخەن ئايال ئاكتىپلارنىڭ سۆزىگە ئالاھىدە ئېتىۋار قىلىشىمىز كېرەك، دەپ نەچچە قېتىم ئېيتتى. خوش، سەن ئېيتىپ باققىنا، كىمنى رەئىس قىلساق بولار، — دىدى.

چىنارخان چىرايلىق ئەگمە قاشلىرىنى بىر يەرگە تۈگۈپ،

ئاستىنقى ئېيىز قىزغۇچ لەۋلىرىنى ئۇنچىدەك چىشلىرى بىلەن بېسىپ تۇرۇپ، نېمىنىدۇر ئويلاندى - دە:

— ئېنىق گەپ، مەنچە، ئەزىمەت رەئىس بولىدۇ، ئۇنىڭ - دىن بەلەن رەئىسنى ھېچنەدىن ئىزلەپ تاپالمايسىلەر، — دېدى.

چىنارخان بۇ گەپنى دەسلەپ ئويىنىشۋاتقاندەك ئاھاڭدا ئېيت - قان ئىدى. لېكىن، كوڭلىدىكى گەپ ئېغىزىدىن چىقىپ كەتكەن - دىن كېيىن، بىردىن ئاق سۈزۈك يۈزلىرى رەڭلىنىپ قىزىرىپ كەتتى ۋە دەرھال، — ئەزىمەت رەئىس بولالايدۇ، باپ كېلىدۇ. ناۋادا مەن ئەر كىشى بولغىنىمدا رەئىسلىك تېخى ئەزىمەتكىمۇ تەگمەيتتى، — دېدى كۈلۈپ.

ئويدىن پاراقلىغان كۈلكە ئاۋازلىرى كوتىرىلدى. بەزىلەر 'بەلكى چىنارخان، ھىممىتىڭىز كەم بولمىسۇن، رىسقى - نېسىۋىڭىز زىيادە بولسۇن" دېيىشتى، باشقىلار بولسا "قانداق، چىنارخان نېمە دەۋاتىدۇ، ئاڭلىدىڭمۇ؟" دېگەندەك قىلىپ، بۇرۇلۇپ ئەزى - مەتكە قاراشتى.

ئەزىمەت بېشىنى تاتىلىدى، بۇرۇتىنى تولغىدى ۋە ئەستا - يىدىللىق بىلەن:

— مېنىڭ چىرايلىغىم تىلى ئۇزۇنلاردىن. لېكىن، دەل گەپنى ئېيتتى. ئۇ ئەر بولغىنىدا مەن راستىنلا ئۇنى رەئىس بولسۇن، چىگىرى كەم ئەمەس دەيتتىم. لېكىن، مەن ئۇزەم رە - ئىسلىك قىلىشقا ئىنجىقلىق قىلمايمەن. رەئىس بولمىغاندىمۇ بىز خەقنىڭ كۈچ - قۇربىنى بەگ - غوجاملارغا بىرتېتتىمىسام ھەرگىز يوخادىن چىقمايمەن، — دېدى.

ئەر - خوتۇننىڭ بەردەملىگىنى ماختاشتى، چاخچاق قىلىشتى. ئەمما، ئەزىمەتنى رەئىس قىلىپ كورستىش توغرىسىدا ھېچقاند -

داق تالاش-تارتىش بولمىدى. ھەممەيلەن دىتلاپ تۇرۇشقان ئىكەن. شۇڭا ئۇنى بۇگۈن كەچقۇرۇن جەمىيەت ئەزالىرى يە- غىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇشقا بىردەك قوشۇلدى......

ماجانتال كەنتى دېخانلار جەمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش مۇ- راسىمى كۈن پېشىن بولغىچە داۋام قىلدى. خوشنا يېزا-كەنت- لەردىن ۋەكىللەر كېلىشتى. ھاۋا سوغاق. باھار شاماللىرى ئۇش- قىيتىپ تۇرسىمۇ، لېكىن، كىشىلەر خوشال، تېتىك ئىدى. تۇن- جى دېخانلار جەمىيىتىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى تەبرىكلىشىپ، بىر بىرىنىڭ دولا-مۈرىلىرىگە ئۇرۇشۇپ، قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى. ئۇششاق باللار سورۇن ئىچىدە بىر بىرىنى قوغلاپ يۈگۈرۈش- مەكتە، ياشانغان بوۋاي-مومايلار زىغىر ياغلىق سېلىنغان مەي- داندىن ئۆزىگە لايىق ئورۇنلارنى تېپىپ، جايلىشىپ ئولتۇرۇپ قىزغىن سۆزلەشمەكتە ئىدى.

دۈك تېخەن ھەممىدىن بۇرۇن يېتىپ كەلگەن ئېلشانى قولتۇقلاپ، ئاددىي لا راسلانغان، رەڭلىك كىگىز-پالاسلار سېلىنغان سۇپا ئۈستىگە ئېلىپ چىقتى.

بۇ سۇپا — يىغىن سەھنىسى ئىدى. ھەممەيلەن چازا قۇ- رۇپ ئولتۇرۇشتى.

— مەن سىزنى خوشال بولىدۇ، دەپ ئويلايمەن، — دېدى دۈك تېخەن ھۆرمەتلىك قوشاقچىنى يېنىغا ئېلىپ ئولتۇرۇپ، — چىنارخان بىرىنچى بولۇپ پىكىر بەردى، جامائەت تاسقاپ كورۇپ، ئەزىمەتنى كەنت دېخانلار جەمىيىتىگە رەئىس قىلىپ سايلىدى. ئەزىمەت رەئىس بولدى! ......

— كوڭۇلدىكى گەپ، ھەق ئۆز جايىغا كەپتۇ، — دېدى ئېلشا ساقاللىرىنى قوللىرى بىلەن تاراپ، خوشاللىق بىلەن، —

ئەزىمەت يېتىپ - ئاشقىدەك دەرت - ئەلەم چەككەن، جىگىرى بار، بىر سۆرلۈك يىگىت. ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ ئەقىدىسىنى يەرگە قويمايدۇ، بەلەن گەپ! — ئاندىن ئېلىشا دۈك تېخەنىنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ، — ھەي ...... دۈك تېخەن ...... سىزمۇ بەك كوزلۇك كىشى. تۇچتىن ئالتۇنىنى بىر قاراپلا ئايرىۋالالايسىز - دە! — دەپ كۈلدى.

بۇ گەپكە سەما بولۇپ ئولتۇرغان كىشىلەر ئېلىشانىڭ گېپىنى ماقۇللاپ، ئەزىمەتنى ماختاشتى.

توختاخۇن يېزىلىق دېخانلار جەمئىيىتى قۇرۇشقا تەييارلىق كورۇش گۇرۇپپىسى نامىدىن سوز قىلدى. بۇ قېتىمقى تۇنجى سىناقنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى يەكۈنلىدى، ئاندىن ئۆز سوزىنى خۇلاسىلەپ:

— دېخانلار جەمئىيىتى — ئەمگەكچى، جاپا چەككەن دېخانلارنىڭ ئۆز تەشكىلاتى. مەيلى ئۇلۇم - يېتىم، تۇي - تۇكۈن، ئىش - ئوقەت، تىرىكچىلىك بولسۇن؛ مەيلى، دېخانچىلىق، سۇ تەقسىم قىلىش بولسۇن؛ مەيلى يۇقۇرىنىڭ يولىيورۇق - كورسەتمىلىرىنى بەجا كەلتۈرۈش، خەقلەرنىڭ نام - ئەمالىنى، ھال - ئوقىتىنى، قىيىنچىلىقىنى، تەلەپ - ئارزۇلىرىنى يۇقۇرىغا مەلۇم قىلىش بولسۇن، ئىشقىلىپ ھەممىگە دېخانلار جەمئىيىتى ئىگە. بەل تىكىپ تۇرىدۇ، ھوقۇق، ھاكىمىيەت دېگەن شۇ! — دېگەندە، پۈتۈن مەيدان تەنتەنە قىلىپ قىقاس - سۈرەن بىلەن چاۋاك چالدى.

ئالقىش ساداسى ئۇزۇنغىچە بېسىلمىدى. ئەزىمەت ۋە چەنارخاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەش نەپەر ھەيئەت ئەزانى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ مۇبارەكلەشتى......

شۇنىڭدىن كېيىن دېخانلار جەمئىيىتىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلى-

گىگە تەنتەنە قىلىپ، ئادەت بويىچە ئومۇمى مەشرەپ باشلاندى. بىر پەسنىڭ ئىچىدە بىرنەچچە راۋاپ، قالۇن، تەمبۇر تېپىشتى. چوڭ-كىچىك داپلار دارىگىلدى. داپ تاپالمىغان بىرنەچچە كىشى مىس لىگەن، تونىكە پەتنۇس، ھەتتا تاپەكلىرىنى داپ ئورنىدا پايدىلىنىپ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ "ھەي-ھەي سەنەم، ھەي سەنەم" دىن سوزۇپ-تارتىپ نەغمە باشلىۋەتتى.

ئەزىمەت رەئىس بىرىنچى بولۇپ ئۇسۇلنى ئۆزى باشلاپ بەردى. ئۇ يۇمشاق چورۇغى بىلەن يېنىك دەسسەپ، قارا كورپە ئورە تۇمىقىنى قېشىنىڭ ئۈستىگە سۈرۈپ قويۇپ، ئىككى مۈرد-سى ۋە قاشلىرىنى سەكرىتىپ چىنارخاننى ئۇسۇلغا تارتتى.

ئەر-خوتۇن — ھەر ئىككىسى يارىشىملىق ئۇسۇلچىلار ئىدى. ئۇلار بىردەم بىقىشىپ-قوغلىشىپ پىقىراشقاندىن كېيىن، ساز-چىلار مەردانە، لەرزان ئايلىنىپ، ئەر-ئايال بىر جۈپ بولۇپ ئوينايدىغان "دولان سەنىمى" گە پەدە يۆتكىدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا، مەيداندىكىلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەگى سورۇنغا چۈشۈپ، ئومۇمى ئۇسۇل باشلىۋەتتى. ئەزىمەت دۆڭ تېخەننى، چىنارخان ئابدۇللانى ئۇسۇلغا تەكلىپ قىلىپ جايىغا ئولتۇرۇشتى. ئابدۇللا ئۆزىگە جۈپ تېپىۋالغاندىن كېيىن، كوپچىلىكنىڭ ئارىسىغا ئويناپ كىرىپ كەتتى. دۆڭ تېخەن ھۆرمەت يۈزىسىدىن قول كوتىرىپ، مەيداننى بىر ئايلانغاندىن كېيىن، ئېلىشانىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئېلىشا تاغا، ئەمدى نۆۋەت سىزنىڭ، — دەپ ئولتۇردى.

ئېلىشا مۇنداق جامائەت سورۇنلىرىدا ئەلۋەتتە ناخشا ئېي-تاتتى. ناخشا ئېيتىپ، ساز چالمىسا كوپچىلىكمۇ ئۇنىمايتتى، "ئېلىشا كەپتۇ، سورۇن تۈزۈپتۇ" دىسە، ھەتتا، ئالدىراش ئىش-كۇشلىرى بار كىشىلەرمۇ، ئۇنىڭ ناخشا-قوشاقلىرىنى خۇمار قى-

لىپ، "بىر دەم مەززە قىلايلىچۇ، ئېلىشا ھەقچان يەنە يېڭى ناخشا - قوشاق تۈزدى" دېيىشىپ، ئىش - پەشلىرىنى تاشلاپ، دەر - ھال يېتىپ كېلىشەتتى.

ئېلىشا ئومۇمى ئۇسۇل قىيامىغا يەتكەچە، ئالدىرىماي ئول - تۇرۇپ راۋابىنى سازلىدى. ئۇنىڭ خۇشاللىقى چەكسىز ئىدى. ئازاتلىق بىلەن تەڭ، ئۇنىڭ كوز نۇرى ئەسلىگە كېلىپلا قال - ماستىن، بەلكى قەلبىمۇ نۇرلاندى، ناخشا - قوشاقلىرىدا يېڭى ئوز - گىچىلىك پەيدا بولدى، ئازاتلىق شەرىپىگە، ئوز قېرىنداشلىرىغا، پارتىيىگە، داھىغا بولغان مېھىر - مۇھەببەت، قايناق ئىشتىياق ئۇرغۇپ جاراڭلايتتى.

ئېلىشا ئوز ناخشىسىنى يېقىملىق مۇقام ئاھاڭلىرى بىلەن باشلىدى، كوپ يىل ھەمرا بولغان نەقىشلىك راۋاپ جاراڭلىدى:

زەرەپشاندا سۈزۈك سۇ،
ئېقىشماقتا شاقىراپ.
بىزگە بەخت كورۈندى —
تولۇن ئايدەك پاقىراپ.

تىلسىز ئىدۇق، تىل چىقتى،
بولدۇق زامان بۇلبۇلى.
دەرمان بولدى يۈرەككە،
پارتىيىنىڭ ھەق يولى.

بىزلەرنى ئىناق قىلدى،
دەۋرىمىزنىڭ خىسلىتى.
ئومىلىشىپ قۇرۇۋالدۇق،
دېھقانلار جەمىيىتى.

دېخانلار جەمئىيىتى،
بىزنىڭ كۈچ - مادارىمىز.
زەپەر چىرايلىق باشلاندى،
بىزنىڭ بۇ باھارىمىز......

ئېلىشا ئاستا - ئاستا پەدە يوتكەپ، غەزەپ گۈلخانلىرىغا ئوت تۇتاشتۇردى:

بىز دېخانلار ئويلايلى،
تارتىپ ئوتكەن دەتلەرنى.
باي - بەگلەر نېم قىلمىدى،
بىز ھوقۇقسىز خەقلەرنى؟......

سۇرۇشتۇرۇپ كورەيلىچۇ،
گادايلىقنىڭ تېگىنى.
بىز سەمرىتىشكەن ئەمەسمۇ،
باي - غوجام ھەم بېگىنى.

بىز ئىشلىسەك باغلارغا،
غوجام يېگەن مېۋىنى.
تىل ياندۇرۇش نەدىكەن —
ھوكۇم ئىدى دېگىنى.

زالىم بەگلەر بىزلەرنى،
ئايرىغان يەر - ماكاندىن،
يۇرىگىمىز سۇ ئىچىمۇ،
ئوتمۇش قارا زاماندىن؟......

تېخى يەنە قورقىتىپ،
— كەمبەغەللىگە — "كەمبەغەللىك"
پىشانىگە پۈتۈلگەن —
دەيدۇ ئاتام زاماندىن.
ئۇنداق ئەمەس دەپ قويساق،
نىمە كۈلپەت سالمىغان،
ئايرىلدىڭ، دەپ ئىماندىن؟......

زادى بىزلەر ئويلايلىچۇ،
بەگلەر يىگەن پولۇلار —
كەلگەن ئىكەن قايىندىن؟
ئۇ نىملەر ياشالامتى —
ئالۋاڭ، پارا، ئىجارە —
ئالماي تۇرۇپ، دېخاندىن؟......

قانچە ئېيتساق تۈگىمەس،
دەرت - ئەلەم ھەم زارىمىز.
يىلىك قۇرۇپ، جان سىزىپ،
تۈگەپ قالغان ھالىمىز......

شۇنىڭدىن كېيىن ئېلىشانىڭ راۋابى ئاستا - ئاستا پەدە يۆتكەپ، جۇشقۇن، ياڭراق، خۇش خۇي ئاھاڭدا مەشرەپ ئۇسۇلىلىرىغا زوق بىلەن جاراڭلىدى:

ئاتتى تاڭ، چىقتى قۇياش،
كۈلدى تەلەي - بەختىمىز.

ئازاتلىق ئېلىپ كەلدى —
كومپارتىيە شەپقەتچىمىز.

ئورنىتىلدى ئادالەت،
يوقىتىلدى جاھالەت،
قەد كۆتىرىش ئارزۇيىمىز،
ئەمدى باردۇر كاپالەت.

ئەمدى بىزنىڭ دەۋرىمىز،
ئوخشىمايدۇ كونىغا.
جاننى تىكتۇق، ئوت ئاچتۇق،
كونا زامان گورىغا.

ئويغىنايلى دېخانلار،
قوزغىلايلى دېخانلار،
چىراي ئاچتى خوش كۆلۈپ،
ئالدىمىزدا گۈلباغلار......

ئېلىشانىڭ ئۇسۇل ناخشىسى ئەۋجىگە كۆتىرىلىش بىلەن نەغمىچىلەر، ناخشىچىلار تەرەپ-تەرەپتىن جور بولۇپ، ئومۇمى ناخشا ياڭرىدى. خوش خۇي، ئىشقىۋاز ئۇسۇلچى ئەر-ئايال، قىز-چوكانلار جۈپ-جۈپ بولۇپ، ئارقا-ئارقىدىن مەيدانغا سەكرەپ چۈشۈشتى......

ماجانتال كەنتى دېخانلار جەمىيىتى قۇرۇلۇش شەرىپىگە ئۆتكۈزۈلگەن تويى-مەرىكە شۇ كۈنى خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە داۋام قىلدى......

## بەشىنجى باپ

### 1 . ئايدىڭ كېچە......

ئالماس قار شۇۋىرغانلىرى ئۇشقىيتىپ تۇرغان ئايدىڭ كې-چىلەردە يۇرۇشنى ياقتۇرۇپ قالدى...... ئىخ، ئايدىڭ كېچە، گۈزەل، چىرايلىق، تاتلىق نۇرلۇق كېچە!......

ئايدىڭ كېچە — جىمجىت، ئارامبەخش، قار - ياغمۇرسىز بولسا قانداق ياخشى!...... ئەمما، بۈگۈن ئالماسقا نېسىپ بولغىنى، ئەكسىچە، دەھشەتلىك قار - شۇۋىرغان ئۇشقىيتىپ-چىقىراپ تۇرغان بورانلىق ئايدىڭ كېچە بولدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئالماس بۇ خىل ئۆزگىرىش ئۈچۈن، تەبىئەتنىڭ غەلىتە سىرلىق كۈچلىرى ئۈچۈن رەنجىگىنى يوق. بەلكى، بۇ كېچە ئۇنىڭ قەلبىدە مەڭگۈلۈك ئۇنتۇلماس خاتىرە بولۇپ قالدى......

ئالماس كوكتۇم كەنتىدىن قايتىپ، قەغەز پەنجىرىلىك هوي-لىغا كىرگەندە، سارىخان ئانا ئىشىك تۈۋىدە ئۇنىڭ يولىغا قاراپ تۇرغان ئىكەن، ئالماسنى كۆرۈپ:

— بول ئوغلۇم، ئىشىم تەييار، قوسىغىڭنى تويغاز، ئاندىن......، — دەپ ئىشىكنىڭ قانىتىنى ئىتتەردى، — بايا لەيلىگۈل كەلدى، ئۇ قىزنىڭ ئۆدتە ناهىيىگە ئوقۇشقا بارىدىغىنىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ بالام؟......

ئالماس گەپ قىلمىدى، لەيلىگۈلنىڭ كۇرسقا بارىدىغان-

لىغىدىن خەۋىرى بولسىمۇ، ئەتىلا يولغا چىقىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ بىر ئاز ئالدىرىغان هالدا ئالدىدىكى داستىخانغا تۇتۇندى. سارىخان ئانا پىيالىگە چاي قۇيۇپ ئولتۇرۇپ ئېيتتى:

— خۇدا، كوز تەگمىسۇن، سەنمۇ چوڭ بولدۇڭ. لەيلىگۇل-مۇ بويىغا يەتتى. زامان ئوڭ كېلىپ، هەر ئىككىڭلار بالا-خور مەخسۇت بەگنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلدۇڭلار. داداڭ بىلەن ئىككىمىزنىڭ سىلەرنىڭ تويۇڭلارنى كورۇشتىن باشقا ئارمىنىمىز يوق. داداڭ بايىزاخۇن بىلەن مۇگدىشىپتۇ. بايىزاخۇن ئەمدى كەينىگە تارتاق بولماس، ئىملىكى بولمىسۇن توينى قىلىۋېتەيلى، دەپتۇ. بىزنىڭ مەسلىهەتىمىز ئاللىقاچان پىشتى. بايىزاخۇندىن بەلەن قۇدا، لەيلىگۇلدىن ئوبدان كېلىن هېچيەردە يوق. كەينىگە تارتما ئوغلۇم. بايا لەيلىگۇل بۇ ئويىگە كەلگەندە تىلىمىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن گەپنى دېمىدىم. يۈزى ئېپىز هايالىق قىز. ئىزا تارتىپ قالمىسۇن دېدىم. بىزنى تەقەززا قىلما ئوغلۇم. دادىسىنىڭ قىزنى بېرىمەن دېگىنى توينىڭ پىشقىنى، تويلۇقنى ئېغىر-ئارتۇق سېلىپ، سىلەرنى تەم-تىرتىپ قويىمايمەن دېگىنى، خۇدا نېسىپ قىلغان دېگەن شۇ. لەيلىگۇل ناھىيىگە كۇرس-مۇرس دېدىمۇ. ئىشقىلىپ، ئوقۇشقا بارىدىغان گەپنى دېگەندە، كوڭلۇم بىر قىسما بولۇپ قالدى. ھەتىمىكى بولسا، شۇ تويدىن كېيىن بارسۇن......

ئالماس تامىقىنى يەپ بولغاندا، ئانا:

— يۇگۇر ئوغلۇم، لەيلىگۇلنىڭ قېشىغا بار، ئۇ قىزنىڭ ساڭا ئېيتىدىغان گېپى بولمىسا، بۇ يەرگە كەلمەيتتى. پەمىچە، قىزنىڭ ساڭا گېپى بارغۇ ئوخشايدۇ، — دېدى.

ئالماس ئۇنىڭسىزمۇ ئالدىراپ تۇراتتى، داستىخانىنى ئېرى-بېرى يىغىشتۇردى-دە، ئويدىن چىقىپ، بايىز خالىۋاپىنىڭ مەھەللىسى

تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.

ئۇ، ئالدىراپ كېتىۋېتىپ مۇشۇ بىر - ئىككى ھەپتىدىن بۇيان لەيلىگۈل بىلەن نىمە ئۈچۈندۇر "ئۇز پاراڭلىرى"نى قىلىشمىغان-لىغىنى ۋە بىر بىرىنى ئۇنتۇپ قېلىشقانەدەك، ئۇز ئىشلىرى بىلەن بەنت بولۇپ كەتكەنلىگىنى ئەسلىدى. ئىچىدە ئۇزىنى كايىدى. بىراق، كايىغىدەك ئىش يوق. ئالماسنىڭ لەيلىگۈلگە ئېيتىدىغان نىمە گېپى بولسۇن؟ ھەممە نەرسە ئۇز - ئۇزىدىن مەلۇم. ناۋادا بىرەر يېڭى گەپ ئېيتىش توغرا كەلسە، خىزمەتتىكى يېڭىلىقلاردىن باشقا، ئۇ قىزغا "گېپىم بار" دەپ نىمىنى ئېيتىشنى ئالماس خىيالە-غىمۇ كەلتۈرەلمەيتتى. توي...... تويىنى دەپ قىزنى كۆرستەن قالدۇرۇش مۇمكىنمۇ؟ يوق گەپ. ئەمما، بۇ توغرىلىق لەيلىگۈل بىلەن نىمىشقا......

ئالماسنىڭ خىيالى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئارقىسىدا قالغان يان يول تەرەپتىن:

— ئالماس...... ئالماسمۇ سىز؟ — دىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

ئالماس ئىتتىك بۇرۇلۇپ، يان تەرەپتىكى ئۇستى ئاپپاق قار بىلەن چۈمكەلگەن قارىياغاچلىققا قارىدى. قارىياغاچلىقنىڭ كەينى تەرىپى مەھەللە قەۋرىستانلىغى بولۇپ، بۇ يەردە مەشرەپ، ئانارگۈللەرنىڭ قەۋرىلىرى بار ئىدى.

قەۋرىستانلىق تەرەپتىن كۇتۇلمىگەندە لەيلىگۈل چىقىپ كەلدى. ئالماس ئىتتىك لەيلىگۈلنىڭ قېشىغا كەلدى.

قىز غەمكىن ۋە مەيۇس ئىدى. كوزلىرىدە ياش لىغىرلاپ يالتىرايتتى.

ئالماس لەيلىگۈلدىن كوزىنى قاچۇرۇپ ئېغىر "ئۇھ" تارتتى ۋە نىمە دىيىشنى بىلمەي قىينالدى.

قىزنىڭ جەسۇر، مېھرىۋان ئاكىسى مەشرەپنىڭ پىراقىدا

ئوت بولۇپ يېنىپ يۈرگەنلىكى، خۇشال بولسىمۇ، خاپا بولۇپ قالسىمۇ، پات-پات مەشرەپنىڭ قەۋرىسىنى زىيارەت قىلىدىغانلىقى ئالماسقا مەلۇم. كېيىنكى كۈنلەردە لەيلىگۈل بار يەردە ئالماس "مەشرەپ" دېگەن ئىسىمنى تىلغا ئالمايدىغان بولدى. چۈنكى، بۇ ئىسىم تىلغا ئېلىنىپ قالسىلا، قىز ئىختىيارسىز يىغلاپ تاشلايتتى.

— لەيلىگۈل، — دېدى ئالماس قىزغا قاراپ، — ئەمدى بولدى. مەشرەپ سىزگە بىر تۇققان ئاكا بولسا، ماڭا ئون قېرىنداشتىن ئەلا سادىق ئاغىنە ئىدى. ئۇ، مېنىڭ كويۇمچان سىڭلىم ئانارگۈلنىڭ قانغا مىلەنگەن جەسىدىنى كۆرگەندىن كېيىن، قولىغا جادۇ قىڭراقنى ئېلىپ مەھەللىگە قاراپ ئېتىلغانلىقى ھېلىغىچە كۆز ئالدىمدا تۇرىدۇ...... ئۇ، مېنى قۇتقۇزىمەن دەپ، مەخسۇت بەگنىڭ ئوقىدا قازا تاپتى ...... بىز بۇ ھېساپنى ئالماي قويمايمىز. قەتئى......

ئالماس قېيىلىپ تۇرۇپ، قىزغا ھېسداشلىق قىلدى ۋە ئۇنىڭغا تەسەللى ئېيتتى. لەيلىگۈل ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆزىنى سۈرتتى.

ئۇلار ئۈن-تىنسىز قارىياغاچلىقتىن ئايرىلىپ، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ بايىز خالۋاپنىڭ ئۆيى تەرەپكە ئېلىپ بارىدىغان يول-غا چىققاندا، مەھەللىنىڭ ئايىغىدىكى قامەتلىك ياغاچ ئورمانلىقىنىڭ كەينىدىن قىپ-قىزىل ئوت رەڭ شار بولۇپ، ئۈن تىرت كۈنلۈك تو-لۇن ئاي ئاستا-ئاستا باش كۆتىرىپ چىقتى، قىزىل شارنىڭ ئوت رەڭ شولىلىرى سان-ساناقسىز قىزىل لىنتىدەك، ئاپپاق قار بىلەن قاپلانغان ئاي دالاغا، دەل-دەرەخ ۋە كەنت-مەھەللەر ئۈستىگە جىلۋىلىك تۈس بېرىپ، تەكشى يېيىلدى. پۈتۈن تەبىئەت خۇددى قىزغۇچ ئالتۇن سۇيىدىن ھەل بەرگەندەك، ئاجايىپ گۈزەل رەڭ ئالدى.

ئالماس بىلەن لەيلىگۈل بۇ گۈزەل، نازۇق ئاسمان پەرىسىنى

گويا ئۆز ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم كورۈۋاتقاندەك. ھاياجانلىق بىر ھېسسىيات بىلەن ئۇنىڭغا ئۇزاق تىكىلىپ قارىشىپ قالدى...... ئاي ياڭاقزارلىق ئۈستىدىن بەش تېرەك بويى كوتىرىلگەندىن كېيىن، بىلىنەر - بىلىنمەس جىلۋىلىنىپ، دەسلەپ تۇق، كېيىنرەك ئاچراق تۇخۇم سېرىقى رەڭگىگە كىردى، ئاندىن بىپايان ئاسمان بوشلۇقىدا ئەركىن ئۈزۈپ كېتىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ كۆمۈش رەڭ ئالتۇن نۇرلىرىنى سېخىلىق بىلەن تەكشى سېپىپ، قارلىق دالىنى چاقنىتىۋەتتى......

ئايدىڭ كېچە...... قانداق گۈزەل، قانداق يېقىملىق جىم-جىت نۇرلۇق كېچە!......

ئالماس بىلەن لەيلىگۈل ئاسمان پەرىسىنىڭ سېھىرلىك ئەكىلىتىشلىرىگە مەھلىيا بولۇپ، غاچىلدىتىپ قار كېچىپ، ئىختىيارسىز دەريا بويى تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.

ئۇلار نەگە بارىدۇ، نېمە ئۈچۈن؟ — ئۇيلاشقىنى يوق، ھېچنېمىنى ھېس قىلغىنىمۇ يوق. ئەمما، مەزمۇت قەدەم تاشلاپ، تەمكىن، خاتىرجەملىك بىلەن يانمۇ - يان كېتىشىۋاتىدۇ.

ئۇلارنىڭ كوڭلىدە بىر بىرىگە يېپىسىز باغلانغان نۇرغۇن خىيال ئارزۇلار بار. شۇ تاپتا قەلب گۈلزارلىقىنىڭ بىپايان سەھنىسىدە ئۇلار ئاۋازسىز، جىمجىت سەيلە قىلماقتا، رەڭمۇرەڭ باھار چېچەكلىرى ئىچىدە ئارىلاپ يۈرمەكتە، ئاسىم ئەپەندى، مەشرەپ، ئانارگۈللەر بىلەن خىيالەن قۇچاقلىشىپ، قول تۇتۇشۇپ باغلار ئارا سەيلە قىلماقتا. نەگىدۇر ئالدىراپ يۈگۈرۈشمەكتە، قاقاقلاپ كۈلۈشمەكتە، بۇلۇتسىز نۇرلۇق تاڭ ئىلكىدە يايرىشىپ، نېمىندۇر كۈتۈۋېلىشقا ئالدىراشماقتا...... ۋە يەنە ئېغىر خىياللار ئىلكىدە ھەسرەت چېكىپ، توزىغان، نابۇت قىلىنغان چېچەكلەرنى يەردىن بىر - بىرلەپ تېرىپ ئالماقتا،...... بورۇنلىرىغا تۇتۇپ پۇرىماقتا......

ئارىدىن يېرىم سائەتچە ئۆتكەندۇ، ئۇلار گەپ - سۆزسىز غاچىلدىتىپ قار كېچىپ، تونۇش - قەدىناس دەريا بويىغا يېتىپ كېلىشتى. يەنە يۈز قەدەمچە ماڭسا، دەريانىڭ لېۋىگە — ياز كۈنلىرى ياپ - يېشىل بوستانلىق بولۇپ كۆزگە چۈشىدىغان سىرداش مەجنۇنتاللار قېشىغا بېرىش مۇمكىن.

شۇ چاغدا، كۈتۈلمىگەن تىزىملىرى ئۆشتۈمتۇت، ئۇزىنىڭ غەلىتە تېز ئۆزگىرىشچان ئويۇن - تاماشىدىن دېرەك بەردى. تاغ تەرەپتىن قانداقتۇر .مۇزدەك سوغاق شامالنىڭ شەپىسى كەلدى. ھەممات ئۆتمەي ئاسمان بۇزۇلۇپ، شامال كۈچەيدى. ئاسمان بوشلۇقىدا ئۇزۇپ كېتىۋاتقان تولۇن ئاي نەم، ئاچچىق شامالنىڭ تەسىرىدە ئاستا - ئاستا كۆزدىن غايىپ بولدى. ئارقىدىنلا شۇۋۇرغان قوزغىلىپ، قار دولقۇنلىرى بېسىپ كەلدى.

شۇۋۇرغان قۇلاق تۇۋىدە ئۇشقىرىتاتتى، مۇز كرىستاللىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن تۈگمە قۇم قار يۈز - كۆزلەرگە تاراسلاپ تېگەتتى. بىردەمدىلا ئالماس بىلەن لەيلىگۈل ئاپپاق قار ئادەملەرگە ئايلىنىپ قالدى. ئەمما ئۇلار تەبىئەتتىكى بۇ ئاجايىپ غەلىتە تېز ئۆزگىرىشكە پەرۋا قىلمىدى. چۈنكى قارلىق تاغ يېقىن بولغاچ، بەزىدە بۇ يەردە بىر كۈندە تۆت پەسىلنى كۆرگىلى بولاتتى. ئۇلار چىڭ قۇچاقلىشىقان ھالدا، گويا ئۆزلىرىنى بېسىپ چۈشمەكچى، چېكىندۈرمەكچى بولغان قانداقتۇر بىر ياۋايى كۈچ بىلەن ئېلىشىۋاتقاندەك. زەھەردەك ئۇرۇپ تۇرغان قار - شۇۋۇرغانغا قارشى مەزمۇت قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەپ مېڭىۋەردى.

ئۇلار دەريا لېۋىگە — ئىغاڭلاپ تۇرغان ياپراقسىز مەجنۇنتاللار قېشىغا كېلىپ، ئىگىز قىرغاققا چىقتى.

ئالماس ئاپپاق قار بىلەن چۈمكىنىپ كەتكەن قىزغا مېھرى-

ۋاڭلىق بىلەن قاراپ:
— لەيلىگۈل، تونۇمىدىڭىزمۇ؟ — دېدى.
لەيلىگۈل بېشىنى يېنىك چايقىدى.
— ياق، تونۇمىدىم، — دېدى قىز قولىغا تۇتۇۋالغان زىل-
پى-چاچلىرىنىڭ ئۈستىدىكى قارنى سىلكىپ چۈشۈرۈپ تۇرۇپ، —
دۇرۇس، بىز بۇ ھېساپنى قىلماي قويمايمىز......
ئالماس تەكرارلىدى:
— شۇنداق، بۇ ھېساپنى قىلماي بولمايدۇ!......
قەتئىي......
شۇنىڭدىن كېيىن ئالماسمۇ، لەيلىگۈلمۇ ئۇزاققىچە گەپ
قىلمىدى، ئويغا كەتتى. شۇئىرغاننىڭ يۈزلىرىنى تۇتۇپ، قار
دولقۇنلىرى قوزغىلىپ-پۇرقىراپ يۈرگەن دەرياغا قاراشتى. كەڭ
يېيىلغان مۇزلۇق دەريا يۈزىدە تەبىئەت ئۆزىنىڭ سىرلىق كۈچ-
لىرى بىلەن ئاجايىپ كۆرۈنۈشلەرنى پەيدا قىلغان ئىدى. تۇرۇپ،
قار بورىنى ئارىلاش ئۇچقۇر شامال دەريا يۈزىنى سىرىپ-
سۈپۈرۈپ يىگىدىن-يىگى قار بارخانلىرىنى دۆۋىلەپ تىكلەيتتى؛
تۇرۇپ، قوزغىغان قۇيۇنتاز چىقىراپ-پىقىراپ ئاسمانغا تاقاشقان
قار مۇنارلىرىنى پەيدا قىلاتتى؛ تۇرۇپ، ھەممىسى بىسىلىپ-
تەكشىلىنىپ، گويا ئاپپاق قار دەريا ئىچىدە كەلگۈن سۇدەك
تولغىنىپ قاراپ شۇقىراپ ئاقاتتى......
ئالماس بۇ مەنزىرىدىن كۆزىنى ئېلىپ، لەيلىگۈل تەرەپكە
بۇرۇلدى. قىزمۇ ئالماسقا قارىدى.
ئالماس لەيلىگۈلنىڭ سوغاقتىن قىزىرىپ كەتكەن بىر جۈپ
قولىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئىختىيارسىز ئۆزىنىڭ ئالقانلىرىغا ئالدى.
قىزنىڭ قولى مۇزدەك بولسىمۇ، لېكىن ھارارەتلىك ئىدى.

ئالماس بۇ قوللارنى ھېچقاچان تۇتۇپ كۆرمىگەن. لېكىن ئۆز ئالقىنىدىكى بۇ قولنىڭ رىشتى باغلانغان، سادىق، دىلكەش - سۆيۈملۈك يۈرەكنىڭ تۇتاش پارچىسى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇلار ئۆز رىشتى - مۇھەببەتلىرىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان، قەلب گۈلزارلىقىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە پاختا ئىچىدىكى چوغدەك ئاسرىلىپ - ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىشىدۇ، ئەمما، بۇ ھەقتە، شۇ پاك - بىغۇبار تۇيغۇ ھەققىدە ھېچقاچان ئېغىز ئېچىپ ھېچنېمە دېيىشكىنى، ھېچنېمىنى ئىزھار قىلىشقىنى يوق......

ئالماس ھازىر ئۆزىنىڭ بېجىرىم بىر جۈپ قولى بىلەن قىزنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، قىز يۈرىكىدىكى ھارارەتنىڭ ئۇتلۇق تەپتىنى سەزدى، پاختا ئىچىدىكى چوغ شۇ تاپتا، گويا گۈلخان بولۇپ يالقۇنجىۋاتقاندەك ئىدى.

ئالماس لەيلىگۈلنى ئالدىغا تارتىپ، ئۇنىڭ بەل - مۈرىسىدىن تۇتۇپ قۇچاقلاپ، قار يېپىشقان بوستان چاچلىرىدىن لەززەتلىنىپ پۇرىدى. لەيلىگۈل ئالماسنىڭ كۆكرىكىگە بېشىنى قويۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدىشىنى سېزەتتى، ئالماس شېرىن بىر ھېسسىيات بىلەن قىزنىڭ پېشانىسى، مەڭزى ۋە لەۋلىرىدىن ھوزۇرلىنىپ سۆيدى......

ئۇلار شۇ كۈنى — قار شىۋىرغانلىرى ئۇششىتىپ يۈرگەن بورانلىق كېچىدە تاكى تۈن نىسپىگىچە دەريا قىرغاقلىرى بويلاپ، بىخارامان، ھېچنېمىنى — قارنىمۇ، شىۋىرغاننىمۇ پىسەن قىلماي سەيلە قىلىپ يۈرۈشتى. ساپ، ئىلھامبەخش ئارزۇ - ئارمانلار ئۈستىدە قېنىپ - قېنىپ سۆزلەشتى.

سىز ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببەت گۈلىنىڭ پورەكلەپ ئېچىلىدىغان تەنتەنىلىك مۇراسىمى — توي كۈنى توغرىسىدا

سۆزلەشمىدى، دەپ ئويلامسىز؟......

ئەقىدە — ئۆزىنىڭ چوڭقۇر مەنىسى بىلەن قىممەتلىك. گۈزەل غايە — قەلب گۈزەللىكىنىڭ نامايەندىسى ۋە بەختلىك، گۈزەل، يېڭى، ئالاھىدە ھايات قۇرۇشقا ئىنتىلىشىنىڭ ئاساسى. ئۇلار ئۆزىنىڭ كۆرەش سەپىرىدە تېخى تۇنجى قەدەمنى باسقانلىقىنى بىلىشىدۇ. مەخسۇت بەگ ئۈچۈن ئاتاپ قويۇلغان بىر تال ئوق تېخى ئالماسنىڭ تۆش يانچۇقىدا لاتىغا ئورالغىنىچە تۇرماقتا. پۈتۈن يېزىنى چىرماپ تۇرغان فېئودالىزىم كىشەنلىرى تېخى چېقىپ تاشلانغىنى يوق. كونا جەمئىيەتنىڭ ساقىندى مەرەزلىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلايدىغان بوران چاپقۇنلۇق ئاممىۋى كۆرەش قانىتىنى كېرىپ يېقىنلىشىپ كەلمەكتە...... مانا توي دېگەن!...... ئاسمان - زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان بۇ توي گويا ئۇلارنىڭ ئۆز تويى بىلەن قانداقتۇر چەمبەرچەس باغلانغاندەك ئىدى......

بۇ غايە، ئەقىدىنى ئاساسلايدىغان شېرىن مۇھەببەت سۆزلىرى ئۇلارنىڭ كېيىنكى ھايات يولى ئۈچۈن سېلىنىۋاتقان مۇستەھكەم كوۋرۇكنىڭ پۇختا ھۇلىدەك، شۇنچە ئېنىق، شۇنچە گۈزەل ۋە بېجىرىم - مەزمۇت ئىدى......

بۇ، شۇنداق ئايدىڭ كېچە ئىدى......

ئېكىن، ئارىدىن توپ - توغرا بىر ئايچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئالماس يەنە بىر گۈزەل ئايدىڭ كېچىگە دۇچكەلدى. بۇ كېچىدە ئۇ لەيلىگۈل بىلەن ئەمەس، ئۇنىڭ ئۆز تىلى بىلەن ئېيتقاندا، جەسۇر، قورقماس، بىر سۆز-لۈك، قەتئى ئاغىنىسى جۇما قىرغىز بىلەن بىللە ئىدى......

## 2. قارامىق كېچىدىكى سىرلىق ئادەم

شۇ كۈنى ئالماس بىلەن جۇما كوكچۇم كەنتىگە بېرىشتى، دېخانلار جەمىيىتىنىڭ ئەزالىرى بىلەن سىرداشتى. لېكىن، بۇ سىردىشىشتىن ھېچنىمە چىقمىدى. ئاتلىرىغا مىنىشتى ـ دە، قايتىشتى:

— ئالماس، — دېدى جۇما ئاپپاق ئايدىڭ كېچىنىڭ مۇز- دەك شاماللىرىغا يۈزىنى تۇتۇپ، ئالماسقا ياندىشىپ كېتىۋېتىپ،— سەن دوستۇم، خوپ سوزمەن بوپسەن. يېغىندا شۇنداق قامالاشتۇ- رۇپ سوزلىدىڭكى، تاش ئېرىپ، يۈرەكنىڭ بېغىشىنى تىترەتكۈدەك گەپلەر بولدى. ئاھاي......ھەممىسى ھەق، مۇھىم گەپلەر، توغرا سوز. لېكىن، مېنىڭ گۇمانىم بار، بىزنىڭ بۇ قېرىنداشلار ئۆزگە- رىپ قالغاندەك تۇرىدۇ، ئەتراپىمىزدا يامان ۋەسۋەسە كېزىپ يۈ- رەمدۇ ـ نىمە؟......

جۇما جاۋاپ كۈتۈپ، ئالماسقا قارىدى.

— سوزلە، سوزلەۋە،—دېدى ئالماس چوڭقۇر ئويغا پاتقان ھالدا جۇماغا قاراپ، — مەن ئاڭلاۋاتىمەن، دەۋەگىن......

جۇما قايناپ سوزلەپ كەتتى......

ئالماس "يامان ۋەسۋەسە" دېگەن سوزنىڭ مەنىسىنى ئۆزىچە يەشتى ۋە ئۇلار بۇگۈن دەل مۇشۇ ۋەسۋەسىلىك سوزنىڭ يىلتى- زىنى قېزىپ يۈرەتتى......

بۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان كەنت دېخانلار جەمىيەتلىرى ئىشقا كىرىشتى. يېزىلىق دېخانلار جەمىيىتىگە تەييارلىق قىلىش ھەيئىتى قۇرۇلدى. توختاخۇن ھەيئەتكە رەئىس بولدى. ھەيئەت ئۆزىنىڭ تۇنجى قېتىملىق يىغىنىدا "باۋ ـ جيا" سېستىمىسىنى ئۆز- گەرتىشكە تەييارلىق قىلىش، ئەتىيازدىكى سېرىقتالاچىلىقتىن ئۇتەل-

مەيدىغان ئائىلىلەرگە ياردەم بېرىش، ئاشلىقى ئوكسۈپ قېيىنلىپ قالغان ئائىلىلەرنى قۇتقۇزۇش، جۈملىدىن قىيىنچىلىقى ئېغىر ئائىلىلەرگە مەخسۇت بەگنىڭ ئامبارلىرىدا ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان ئاشلىقتىن بىر قىسمىنى تارقىتىپ بېرىشنى قارار قىلدى.

بۈگۈن ئەتىگەن ئالماس جومانى ئېلىپ قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنى تەكشۈردى. كۈتكۈچىسى يوق بىر ئايال بىلەن سوغاق ئۆيدە يالغۇزسىراپ قالغان ئىككى تۇل خوتۇننى بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى سەرەمجانلىدى، ئاشلىق، ئوتۇن، سۇ، سەرەڭگە ئاپىرىپ بەردى.

— نىمە ئەھۋالىڭلار بولسا، كەنت دىخانلار جەمىيىتىگە ئېيتىڭ-لار، قىيىنچىلىق تارتىپ قالساڭلار دىخانلار جەمىيىتىنى ئىزدەڭلار، — دەپ قايتتى.

ياشانغان بۇ ئۈچ ئايال ئالماس بىلەن جومادىن مىننەتدار بولۇپ، ئۇلارنى چوڭ يولغىچە ئۇزىتىپ چىقتى.

ئالماس بىلەن جوما چوڭ يولغا چىقىپ، تېخى بىرنەچچە قەدەم ماڭغۇندى، يان تەرەپتىكى تار كوچىدىن يېرىم تاغارچە ئاشلىقنى مۈرىسىدە يۈدۈپ، بىر ئايال تىترىگەن ئاۋاز بىلەن سوزلىگەن پېتى چىقىپ كەلدى:

— ئەزەلدىن ئاچ قېلىپ ئۆلگۈنۈم يوق، خەقنىڭ ھەققىنى يەپ دوۋزىغى بولمىسامۇ، جاننى بەرگەن خۇدايىم رىسقىمنىمۇ بې-رىدۇ. نەگە ئاپارسا ئاپارسۇن، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىگە كىرىپتىمەن. روزىغارىڭلار يوقلار ئېيتىڭلار دىسە، ماڭمۇ بېرىڭلار دەپتىمەن. خۇدا كورسەتمىسۇن، ئالمايمەن. مەن مەخسۇت بەككە ئاشلىق قەرز بېرىپتىمەنمۇ؟ ئۇنىڭ مال - ۋارىنى، ئوزۇق - تۈلۈگى زىيادە بولغان بولسا، خۇدا بېرىپتۇ، خۇدا بەرگەنگە كوز ئالايتىش — گۇنا.

يا پەرۋەردىگار ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن، ھالال نەپسىمنى ھارامدىن بۇلغاشنى راۋا كۆرمەيمەن......

ئالماس بىلەن جۇما ئۇ ئايالنى تونۇدى ۋە ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى.

ئۇ، ئوتتۇرا ياشلىق، ئالمىدەك پوقىنى بار، يۇۋاش، دوپپا تىكىش، چاق ئىگىرىش بىلەن سېرىقتال كۆڭ كەچۈرىدىغان تۇل خوتۇن مەسۇدىخان ئىدى. ئۇنىڭ ئېرى بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرى ھاشا سەيسىدە دەمەخسۇت بەككە يېتىپ تاكاللىشىپ قويغانلىغى سەۋەپلىك، قاتتىق ئۇرۇلۇپ تاياق زەربىدە ئورە بولالماي ئىككى يىلچە يېتىپ ئۆلگەن.

شۇنىڭدىن بېرى بۇ ئايال ئۇن ياشلىق قىزى بىلەن مەھەللىنىڭ چېتىدىكى يالغۇز ئۆيدە پىنھان ياشايتتى. ئالدىنقى كۈنى ئاشلىغى ئوكسۇپ قالغانلار قاتارىدا بۇ ئايالغىمۇ بەش چارەك بۇغداي تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن، ئۇنىڭ ئوزۇق - تۈلۈگى يوقلۇغى ئېنىق. خوشنىلىرى: "بۇ خوتۇن روزىغارسىز قالدى، بىر ۋاقلىق قازىنىنى تەسلىكتە قاينىتىدۇ" دەپ ئۇچمۇ - ئۇچ ئىنكاس قىلىشقان ئىدى.

— مەسۇدىخان ئايلا، توختىا، ساڭا نىم بولدى؟ — دىدى ئالماس ئۇنىڭ كەينىدىن يېتىپ كېلىپ، — سەن نىمە دەۋاتىسەن، بۇ گەپلەرنى نەدىن تاپتىڭ؟......

— نەدىن تاپتىڭ! — مەسۇدىخان گويا بىر نىمىدىن ھۆركىگەندەك ئالدىراپ يولىنى داۋام قىلدى، تاغار ئېغىر بولغانلىقتىن، پوقىنى چىلگىدەك ئىسسىلىپ قىزىرىپ كۆزگە چۈشۈپ تۇراتتى، — ھېچنەدىن تاپمىدىم،......تېپىپ نىمە قىلىمەن، خۇدا بەرگەنگە شۈكرى قىلىمەن، گۇناللىق ئىش قىلىپ كورمىدىم، مۇندىن كېيىنمۇ

قىلمايمەن......

جۇما بىردىن غەزەپلەندى:

— ھوي خوتۇن، سەن ئالجىپسەن! — دېدى ئۇ، — دەۋاتقىنىڭ گەپمىكەن! سەن بۇ ئىغۋانى نەدىن تاپتىڭ ھە؟......

مەسۇدىخان ساددىلىق بىلەن كوزىنى چەكچەيتتى:

— قانداق ئىغۋاكەن! خۇدا دىلىمغا سالدى. تۇڭلۇكتىن خىزىر سوزلەپ چۇشەندۇردى، چۇشۇمدە ئايان بولدى. ئۇ دۇنيالىغىنى ئويلا، بەگنىڭ ئاشلىغىنى يىمە، تىلىڭ قاتىدۇ، گورۇڭدە توڭگۇز سۇرىتى بولۇپ قوپىسەن، — دېدى. يەنە تېخى ئىغۋامىش......

مەسۇدىخان شۇ گەپنى دېگىنىچە چوڭ كوچىدىن قايرىلىپ، تار كوچا بىلەن ئىنجىقلىغان پېتى مەخسۇت بەگنىڭ ئاشلىق ئامبىرى تەرەپكە قاراپ كەتتى......

ئالماس: تۇڭلۇكتىن خىزىر سوزلىدى دېگىنى نېمىسى، دەپ ئويلىنىپ قوشۇمىسىنى تۇردى. ئاگىچە ئاشلىق ئامبىرى تەرەپتىن جۇل - جۇل كىيىملىك ئىككى ئايال بىلەن پۇتى ئاقساق بىر ياشانغان ئاجىز ئەر كىشى چىقىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدىمۇ قۇرۇق تاغار بار ئىدى. ئۇلار ئالماسنى كورۇپ، سەل تەمتىرىسگەندەك، قىسىلغاندەك بولۇشتى - دە، ئوزلىرىنى ياقىغا ئېلىپ ئالدىراپ ئوتۇپ كېتىشتى.

جۇما ئالماسقا قاراپ:

— كوردۇڭمۇ، ماۋۇ بىچارىلەرگىمۇ تۇڭلۇكتىن خىزىر سوزلەپ چۇشەندۇرگەن چېغى! — دېدى غەزەپلىنىپ......

شۇ كۇنى چۇشتىن كېيىن ئالماس بىلەن جۇما مەخسۇت بەگنىڭ تومۇر دەرۋازىسى يېنىدىكى ئاشلىق ئامبىرىغا كېلىشتى. ئامبارنىڭ ئالدىغا ئون نەچچە كىشى ئولىشىۋاپتۇ. بايىز خالۋاپ

سۇپا ئۈستىدە تۇرۇپ، چېچىلىپ سۆزلەۋاتاتتى:

— بۇلىشامسەن؟ بۇلاپ كورۇشكىنە قېنى! كىم خالىسا شۇ ئېلىپ كېتىۋېرىدىغان ۋەخپە ئاشلىق نەدىكەن؟ ئۇنداق ئىش يوق. ئەل - جامائەت باھالىسا بېرىمەن، مەيدەڭنى كوتەر، نېرى تۇرۇش. هوي سالپاڭ قۇلاق، بۇ گەپنى مەن ساڭا دەۋاتىمەن!......

"سالپاڭ قۇلاق" دېيىلگەن چا ساقال ئادەم بايىز خالۋاپقا قاراپ دۈەيلىدى:

— هەي بايىز، نىمە شالگىنى چاچىسەن. بۇ ئاشلىقنى ھاما - چاڭنىڭ قېشىدىن ئېپكېلىۋىدىڭمۇ؟ ياخشىمۇ مەخسۇت بەگ يىغىپ قويۇپتىكەن. بەر...... بىر تاغاردىن ئۇسسۇۋالىمىز نايىتى!...... سەن - دىنمۇ قالدۇ بۇ جاھان. ئاڭلىساق توشۇپ كەتكىدەك. قۇرۇق ئۇس - تەڭگە مىراپ بولۇپ قالارسەن. بەر دىگەندىن كېيىن بەر......

— توشۇپ كەتكىدەك. كىم توشۇپ كەتكىدەك؟ — بايىز خالۋاپ ھىلىقى "سالپاڭ قۇلاق" ئادەمگە قاراپ ۋاقىرىدى. — هوي، گەپ تاپتى قېرى. سېنىڭ ئوراڭدا ئالدىنقى يىلنىڭ ئاشلى - غىمۇ چىرىپ - سېسىپ ياتقاندۇ!...... ماڭ، يىپپىشما. تېخى ھىچكىم توشۇپ كەتمىدى. سەن نىمانچە، سېنىڭ روزىغارىڭ كەممۇ. نېرى تۇر دەيمەن......

يەنە بىرنەچچە كىشى ئۈچمۇ - ئۈچ كېلىپ بايىز خالۋاپقا دۈەيلەشتى:

— بۇ ئاشلىقتا بىزنىڭ ھەققىمىز يوقمىكەن، بىزمۇ ئالىمىز!......

— ئالغانلار ئېلىۋېرىپ، قالغانلار قېلىۋېرىمىزمۇ، بىر تاغار - دىن بەر!......

— ھازىر بەرگىن، كېيىن خاماندىن قايتۇرارمىز......

— ئۆرۈش بولارمىش......

— ئاچلىقتىن ئۆلەمدۇق!......

— بىزگە بەرمىسەڭمۇ ھۆكۈمەت توشۇپ كەتكىدەك!......

— بۇ ھۆكۈمەت ئالدى بىلەن گالدىن سىقىپ، ئاشلىقنى تارتىۋالىدىكەن، ئۆلچەپ بەرگىدەكمىش......

— ھەممە ئادەمنى بىر ئۆيگە سولىغىدەك......

— خوتۇننى ئومۇمىنىڭ قىلىمىش......

— مۇندىن كېيىن ئاخۇنلارنىڭ ساقىلى، خوتۇنلارنىڭ چېچى بولمايمىش......

— ئاخىر زامان بولارمىش......

— ....................

ئالماس "ئاشلىق بەر" دەپ، بايىز خالۋاپنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالغانلارغا سەپسالدى. بۇ يەردە ئاچ - ئورۇق دىخانلارمۇ تۇرۇپتۇ، لېكىن كۆپچىلىكى ئوزۇق - تۈلۈك، روزىغارلىرى ئۆزىگە يېتىپ ئاشىدىغان، سىرىقتالچىلىقنىڭ نېمىلىگىنى بىلمەيدىغان كىشىلەر ئىدى. گەپ - سۆزلەرگە ئارىلاشمىسىمۇ، بىر چەتتە كۆزلىرىنى چەملىتىپ قۇربان ئاقساقالمۇ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى يۈز بېشىلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بارلىق مال - مۈلكىنى دو تىكىپ ئېلىشىپ، ئۈچ ئايچە يۈز بېشى بولۇپ، بىر قېتىملىق ئالۋاڭ - سەيسىنىڭ "كەلمىشلىگى"نى مەخسۇت بەككە ۋاقتىدا سۈڭگۈتۈپ بەرمىگەنلىگى ئۈچۈن، ئۇشتۇمتۇت يۈز بېشىلىقتىن ئېلىپ تاشلانغان يۇسۇپ چوكمۇ بار ئىدى.

ئاق تېرە جۇۋىغا ئورىلىۋالغان بۇ ئىككى ئادەم باز - بازغا چۈشكەن خورازلارنىڭ تاماشىسىنى كورۇۋاتقاندەك، "ھە. قېنى، بەرىكە تاپ خەق" دىگەندەك، خىر - خىر كۈلۈپ، بىر بىرىنى جەينەكلىشىپ ھىجىيىپ تۇرۇشاتتى.

ئۇلاردىن بەش - ئالتە قەدەم ئالدىدا يۇسۇپ چوڭنىڭ "ۋىت - ۋالاق بوۋى" دېگەن لەقىمى بار خوتۇنى رابى ۋىت - ۋىت ھېلىدىن - ھېلىغا چىقىراپ، لوقما سېلىپ ھويلىنى بېشىغا كىيگەن ئىدى.

بايا "ئاخۇنلارنىڭ ساقىلىنى، ئاياللارنىڭ چېچىنى كېسەر - مىش" دېگەن سوزمۇ رابى ۋىت - ۋىتنىڭ ئاغزىدىن چىققان ئىدى.

ئالماس رابى ۋىت - ۋىتنىڭ ئاخىرقى سوزىنى ئاڭلاپ، يۈرىكىگە بىرنەرسە سانچىلغاندەك بولدى - دە، ئۇدۇل توپنىڭ ئىچىگە قاراپ ماڭدى.

شۇ پەيتتە، جۇما مۇشتۇملىرىنى چىڭ تۈگۈپ، بايىز خال - ۋاپنىڭ يېنىدا — ئامبارنىڭ سۇپىسىدا پەيدا بولدى:

— ھوي خەق،— دېدى ئۇ غەزەپتىن بوغۇلۇپ،— ھەر قاي - سىڭغا نېمە بولۇشتى، نېمە دەپ بىلجىراشقىنىڭنى ئۇنتۇما، ھەممىسى تەتۈر گەپ، پىتنە، تېخى بېشىڭ بىلەن جاۋاپ بېرىشسەن!.....

جۇمانىڭ گېپى تۈگە - تۈگمەي يىغىلغان توپ ئالماسنى كوردى. قۇربان ئاقساقال، يۇسۇپ چوڭ ئالدى - ئارقىسىغا قاراپ تېپىرلاپ قالدى. "سالپاڭ قۇلاق" لەقەملىك ئادەم غودۇڭشۇپ توپ ئىچىدىن سوغۇرۇلۇپ چىقتى.

ئەمما، رابى ۋىت - ۋىت بىسەملىك بىلەن ئالماسقا يېپىشتى:

— ئەمسە يالغانمۇ، ئاشلىقنى بىر تال قويماي يىغىپ ئېپكې - تىدىكەنغۇ؟ بەگنىڭ تۈگەندىن كېيىن نوۋەت بىزگىمىش، يالغان دەپ باقە قېنى! — دەيتتى.

ئالماسنىڭ كوزلىرى ئوتتەك يېنىپ چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇزىنى زورغا بېسىپ، تەمكىنلىك بىلەن رابى ۋىت - ۋىتنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ماڭا قارا ئايلا،— دېدى ئۇ رابى ۋىت-ۋىتقا تىكىلىپ،— سېنىڭ ئۆيۈڭدە روزىغارلىڭ تۈگەپ كەتمىگەندۇ، زادى يوقمۇ؟......

— يوق، يوق! ھېچنېمە يوق، ھەممىنى يالماپ يۇتۇشتى، بۇلاپ كەتتى، بۇلاپ كەتكەندىن كېيىن ھېچنېمە يوق،— دېدى رابى ۋىت-ۋىت چىقىراپ-چۇقان كوتىرىپ،— بولدى، بولدى، بۇلايدىغىنى يالغانمۇ؟......

— سەن قىپ-قىزىل ساراڭ بوپسەن، ئاغزىڭدىن نېمە چىقىۋاتقانلىقىنى ئۆزەڭمۇ بىلمەيسەن!— دېدى ئالماس غەزەپلىنىپ،— ئېيتە، نېمەڭنى بۇلىدى، كىم بۇلىدى؟!

رابى ۋىت-ۋىت بىشەملىك بىلەن چىقىراپ تۇرۇپ نە-مىندۇر دىمەكچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، دەل شۇ پەيتتە، شەھەر يولى تەرەپتىن قاتار تىزىلىپ كېلىۋاتقان بىرنەچچە كوتەك ھارۋىغا كوزى چۈشۈپ قالدى. ئالدىنقى ھارۋىنىڭ ئۈستىدە كوك، ماش رەڭ چاپان كيگەن ئىككى-ئۈچ ئادەممۇ بار ئىدى.

— ۋاي خۇدايىم، مەن دىمىدىممۇ، ئەنە ئاشلىققا كەلگەن ھارۋا،— رابى ۋىت-ۋىت قولىرى بىلەن كورسىتىپ، بار ئاۋازى بىلەن چىقىردى،— تېخى ئەسكەرمۇ چىقىپتۇ، بۇلاڭچى......

ئالماس "بۇلاڭچى" دىگەن سوزنى ئاڭلاش بىلەن تومۇرىدا ئۇرغۇپ تۇرغان قان "ۋاششىدا" بىر قىزىدى-دە، رابى ۋىت-ۋىتنىڭ بىلىگىدىن سىلكىپ تارتتى:

— ئەمدى جويلۇمە! يەنە ئىگىز-پەس گەپ قىلىدىغان بولساڭ، چىشىڭنى ئىزىۋېتىمەن، بوھتانچى!.......

بىلىگىنى تۇتۇشى بىلەنلا رابى ۋىت-ۋىت ئالماسقا يېپىشىۋالدى، ئۇسسۇپ، "ئۇرە، ئۆلتۈر" دەپ ئالماسنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى. ئالماس غەزەپلىنىپ ئۇنى ئىتتىرىۋەتتى. رابى ۋىت-

ۋەت خۇددى شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، ئۆزىنى ئوڭدىسىغا
تاشلىۋەتتى ۋە يەردىن ئومىلەپ قوپۇپ:
— ۋايجان، ئادەم ئۆلدى، يېڭى بەگنىڭ شۇمپەيلىكىنى
كۆرۈڭلار! — دەپ چىقىراپ كېلىپ، ئالماسنىڭ پاچىقىنى قاماللاپ
تۇتۇپ، يەرگە چاپلىشىپ يېتىۋالدى.
رابى ۋەت - ۋەتنىڭ ئېرى يۈسۈپ چوك بۇ ئەھۋالنى كۆ-
رۈپ جۇۋىسىنى يېشىپ تاشلىدى - دە، يانپىشىغا ئېسىلغان غىلاپلىق
خەنجەرنى پۇلاڭلىتىپ، توپنىڭ ئىچىگە ئوقتەك ئېتىلدى. غەزەپ-
لەنگەن جوما سوپىنىڭ ئۈستىدىن بىرلا سەكرەپ، يۈسۈپ چوك-
نىڭ ئالدىنى توستى. بايىز خالۋاپ قولىغا يوغان بىر كالتەكنى
ئېلىپ، ئالماسقا سۈركىلىپ كېلىۋاتقان "سالپاڭ قۇلاق" نىڭ مەي-
دىسىدىن ئىتتەردى.
ئاچچىق تىل - ھاقارەت ياغراپ، مۇشت، پىچاق ئىشقا سې-
لىنىدىغان جېدەل - ماجرانىڭ پارتلىشى قاش بىلەن كىرپىك ئارى-
لىقىدىكى ئىش بولۇپ قالدى......
شۇ ئاخىرقى مىنۇتتا، شەھەر يولىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان
كوتەك ھارۋىلار گۈلدۈرلەپ يېتىپ كەلدى.
ئالدىنقى ھارۋا قىسمەت چورۇقنىڭ ئىدى. ئۇ، مالىمانىنى
كۆرۈپ، قامچىسىدىن مەغرۇرلۇق بىلەن قاس چىقىرىپ: "ھەممەڭ-
لار كۆرۈڭلار، مەن قىسمەت چورۇق نىمە ئېپكەلدىم" دىگەندەك
ھارۋىسىنى توپ - توغرا كوپچىلىكنىڭ ئارىسىغىلا غاچىرلىتىپ ئې-
لىپ كىردى.
ئالدىنقى ھارۋىنىڭ ئۈستىدە دۈڭ تېخەن، يەنە ئىككى نە-
پەر سودا خادىمى بولۇپ، ھارۋىلارنىڭ ھەممىسىگە تۇرلۇك گەزلە-
مە رەختلەر، تەييار كىيىم - كېچەكلەر، تۇرمۇش بۇيۇملىرى، يەشىك -

يەشىك چاقماق قەنت، شېكەر، مەنپەسە، سەرەڭگە يەشىكلىرى، كىرسىن تۇڭلىرى......بېسىلغان ئىدى.

— ئاھھاي......ئاغىنىلەر، تۇققانلار،—دېدى قىسمەت چورۇق بۇ يەرگە توپلانغان كىشىلەرنى گويا ئۇزىنى قارشى ئالغىلى چىققاندەك ھېس قىلىپ، — مەن قىسمەت چورۇق يەنە قېرىنداشلارنىڭ خىزمىدە!......دۇكان قۇرىمىز - دۇكان!......دۇخاۋىدىن چىتقىچە، يىپتىن يىڭنىگىچە ھەممىسى بار. شەھەر دىگەن نىمكەن؟ ھەممىسى ئۇزىمىزدە بولىدۇ. پۇلۇڭ بولمىسىمۇ گۆلە - قاق، تۇخۇم، ياڭاق بولسىمۇ تىگىشىۋېرىمىز. تېرە - يۇڭ، پاختا بولسا تېخى ياخشى، ئەكەلسەڭلار نەق پۇل دىگەن شۇ. نىسى قىلامدۇ - يوق بىلمەيمەن، لېكىن، بازار ئالدىڭغا، ئىشىگىڭنىڭ تۇۋىگە كەلدى دىگەن سوز. بۇرادىرىمىز دۇڭ تېخەن مانا شۇنداق ئەپلەشتۇردى، قېنى، بىر چەتكە ئۇتۇڭلار، يولنى بوشىتىڭلار......

جۇما قىسمەت چورۇقنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىدى، يۇگۇرۇپ بارغىنچە رابى ۋىت - ۋىتنىڭ بىلىگىدىن كاپ قىلىپ تۇتتى - دە، ھارۋىنىڭ قېشىغا سورەپ ئېپكەلدى:

— ھوي كوزىنى يۇمغان دەللە،—دېدى ئۇ تېرىكىپ، جىلى بولۇپ، — ئېپىتە ئەمدى! كىم بۇلاڭچى، سەن ئىغۋا گەپنىڭ تېگىنى ئېيتمىساڭ، مەندىن ئەمدى قۇتۇلالمايسەن......

دۇڭ تېخەن بۇ يەردە قانداقتۇر بىر ئىش بولغانلىقىنى سەزدى، ئالماسقا قارىدى. ئالماسنىڭ چېكە تومۇرلىرى كوپۇپ چىققان بولۇپ، قاتتىق غەزەپلىنىپ تۇراتتى.

كىشىلەر بىر ئالماسقا، بىر ھارۋىغا قاراپ، بىر پەس ھاڭ ۋېقىپ تۇرۇشتى - دە، غىمىسىدا تارقىلىپ كېتىشتى. يۇسۇپ چوڭمۇ بىردىنلا سەگەكلىشىپ "سېنىڭ بۇ نىمە قىلغىنىڭ - ھە؟"

دىگىنىچە، رابى ۋىت - ۋىتىقا باتىناپ چالۋاقاپ قويۇپ، ئۇنىڭ بىلىگىدىن تۇتقىنىچە ئىبلىپ كەتتى......

هازىر ئالماس جۇما بىلەن بىللە، كوكتوم دىخانلار جەمەيىتى ئەزالىرىنىڭ سىردىشىش يىغىنىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، ئەنە شۇلارنى يەنە بىر قېتىم كوز ئالدىدىن ئوتكۈزدى.

ئالماس ئويلىغانسېرى قوشۇمىسى تۇرۇلۇپ كەتتى. سىردىشىش يىغىنىدىن ھېچنىمە چىقمىدى. بۇ يەردىكىلەر ھېچنىمە ئاڭلىماپتۇ، ئاڭلىغانلىرىمۇ باش - ئۇچى يوق تۇترۇقسىزگەپلەر بولۇپ، بۇ گەپلەرنى كىمنىڭ، نەدە تارقىتىپ يۈرگەنلىگىنى ئەسلىيەلمەيتتى. پەقەت كىمدۇر بىرەيلەن رابى ۋىت - ۋىتىنىڭ كەنت ئاتلاپ كېلىپ، بىر كېچىسى بەزى دىندار - تەقۋادار بوۋىلەرنى يىغىپ "زىكىر - تەلقىن" ئوتكۈزگەنلىگىنى ئاڭلاپتۇ. لېكىن، "زىكىر - تەلقىن" گە دىخانلار جەمىيىتى ئەزالىرىدىن قاتناشقانلار ئانچە كوپ ئەمەس ئىكەن ۋە ئۇلارمۇ بۇ سىردىشىش يىغىنىغا كەلمىگەن ئىدى.

ئالماس بىلەن جۇما ئاتلىرىنى ئوز مېڭىشىغا قويۇپ بېرىپ، كوكتوم كەنتىنىڭ چېگرىسىدىن چىقتى. كېچىككىنە ئۆزۈك سايىنى كېسىپ ئوتتى. ھاۋا سوغاق، ساي ئىچى ئاپپاق قار ئىدى. باھار شاماللىرى دالا ئۇستىدە قىيغىتىپ - يۇگۇرۇپ يۈرسىمۇ، لېكىن قارنىڭ ئېرىپ بولۇشىغا تېخى خېلى ۋاقت بار. ئاي نۇرى دالا ئۇستىدە، قار يۈزىدە جىمىرلايتتى. قارلىق كېچىنىڭ مەنزىرىسى ئالماسنىڭ كوڭلىگە ھىلىقى شۇۋرغانلىق كېچىنىڭ خاتىرىلىرىنى سېلىپ ئوتتى. لەيلىگۇلنىڭ: "بىز بۇ ھساپنى ئالماي قويمايمىز" دىگەن سوزى قۇلىغى تۇۋىدە جاراڭلىغاندەك بولدى......

— شامال كوچىيىۋاتىدۇ، — دىدى جۇما ئاق تۇمان

ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىۋاتقان ئايغا قاراپ، — قا-رىغىنا، تاغ تەرەپ يەنە بوزاردى، قار چۈشىدىغانغا ئوخ-شايدۇ...... مەن ھېچقاچان بۇ يىلقىدەك مۇنداق جىق قار ياققانلىنى كورمىگەن......

ئالماس:

— مەيلى ياغسۇن، زىيىنى يوق، — دىدى تاغ تەرەپكە قاراپ قويۇپ.

— زىيىنى يوق دىگىنىڭ نىمىسى، ئەلۋەتتە پايدىسى بار، — دىدى جۇما ئالماسنىڭ "زىيىنى يوق" دىگەن سوزىگە ئانچە قوشۇلمىغاندەك قىلىپ، — توختىكام "قار-قۇت بەرىكەت"، "قار ياغدى — ئاشلىق ياغدى" دىگەن سوز دەيدۇ، بىزدە نىمە كوپ، بىنەم! بۇ يىلقى باھار ھەقىقەتەنمۇ خاسىيەتلىك باھار بولىدۇ، مەمۇرىچىلىق بولىدىغانلىقى كوزگە كورۇنۇپلا تۇرىدۇ......

ئۇلار ئۇزۇك سايدىن چىقىپ، توغراقلىق ئورماننىڭ رو-بىرىغا كەلگەندە، ئالدىدا، ئەللىك قەدەمچە يەردە، بېسىپ كې-لىۋاتقان قار تۇمانلىرى ئىچىدە ئوزلىرىگە تىكىلىپ پارقىراپ تۇرغان "كوز"نى كوردى.

ئاتلار خارتىلداپ، تىپچەكلەشكە باشلىدى.

— بورە! — دىدى جۇما ئىتتىك ئاتتىن كوتىرىلىپ.

ئالماس كالتا جۇۋىسى ئىچىگە ئېسىۋالغان تاپانچىسىنى قولىغا ئالدى:

— بورە ئەمەس، — دىدى ئۇ دىققەت بىلەن "كوز"گە سىنچىلاپ قاراپ، — بۇ ئادەم، كىمدۇ ئۇ؟ ......

— قانداق ئادەم! ئادەم كوزىمۇ شۇنداق پارقىرامدۇ؟ ......

— نەدىكى ئادەم كوزى! — دىدى ئالماس، — چىراق،

تازا سەپسېلىپ باققىنا، قول چىراق......

شۇ چاغدا، ھېلىقى "كوز" بىردىن ئۆچتى. ئادەم كولەڭ-گۈسى كوچۈۋاتقان تۇمان ئىچىدە خىرە-شىرە تەۋرىنىپ قالدى.

ئالماس بىلەن جۇما ئۇنى كوزدىن يوقىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئالدىراپ ئات سېلىپ يېتىپ بارغاندا، ئۇلارنىڭ ئا-لدىدا ئۈستىگە ماش رەڭ ھەربى جۇۋا، بېشىغا ھەربى تېرە قولاقچا كىيگەن بىر ئادەم تۇراتتى. ئالماس ۋىشىلداپ قار تو-زۇتۇپ ئۆچۈۋاتقان شۇۋىرغان ئىچىدە ئۇنىڭ يۈزىگە قارىدى، لېكىن، ھېچنىمىنى پەرق قىلغىلى بولمىدى.

ئالماس ئېتىنى دېۋىتىپ، ئۇنىڭغا يېقىنراق بېرىشقا تە-شەلگەندە، ماش رەڭ ھەربى جۇۋىلىق ئادەم بىردىن ئوتكۈر نۇر-لۇق قول چىرىغىنى ئالماس بىلەن جۇمانىڭ كوزىگە توغرىلاپ، ئۆزىنى كورسەتمىدى.

— سەن كىم؟ — ئالماس كەسكىن ئاۋاز بىلەن سورىدى.

سىرلىق ئادەم:

— يولۇڭغا كېتىۋەمسەن، مەن يولۇچى......

— يولۇچى؟ نەگە بارىدىغان يولۇچى؟......

— ......

"يولۇچى" جاۋاپ بەرمىدى. ئالماسنىڭ كوڭلىدە قارىمۇ-قارشى خىياللار كېزىپ ئۆتتى.

ماش رەڭ ھەربى جۇۋا......مۇنداق جۇۋىنى ئالماس شۇ كەمگىچە ئازاتلىق ئارمىيە كادىرلىرى ئۇستىدە، كوپىنچە دۆڭ-تېخەن بىلەن ئابىلكىم ئۇستىدە كورگەن ئىدى. ئۆتكەندە، دەريا بويىدا ۋەزىپە ئوتەۋاتقان بىر ئازاتلىق ئارمىيە جەڭچىسى

ئۇلتۇرۇلۇپ، دەرەخقە ئېسىپ قويۇلغانىدا، ئۇنىڭ قورالى بىلەن جۇۋىسى تارتىۋېلىنغانلىقى ئالماسنىڭ يادىغا چۈشتى......

ئالماس سەگەكلەشتى ۋە "شارت" قىلىپ قولىغا تاپانچىسىنى ئېلىپ:

— چىراقنى ئۆچە، ماڭ بۇ ياققا! — دەپ كەسكىن بۇيرۇق بەردى.

سىرلىق ئادەم چىراقنى ئۆچۈرمىدى، قول چىراقنى دەل ئۇلارنىڭ كۆزىگە قارىتىپ چاقنىتىپ يورۇتقىنىچە كەينىگە — سايىنىڭ غولىدىكى يامغۇر ئېقىپ يالىق قىلىۋەتكەن ئازگال تەرەپكە قاراپ چېكىندى. يالىقنىڭ ئايىغى توغراقلىق ئورمانغا تۇتىشىپ كېتەتتى.

ئەھۋال ناھايىتى جىددى ئىدى. ئالماسنىڭ كۆڭلىدە "دۈشمەن!" دېگەن بىر تۇيغۇ "لىپ" قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى ۋە ئات سېلىپ يالىق ئۈستىگە بېسىپ باردى.

ئالماس بىلەن جۇمانىڭ ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈشىگە، سىرلىق ئادەم ئۇشتۇمتۇت تاپانچىسىدىن ئارقا-ئارقىدىن ئوق ئۈزدى. بىر ئوق جۇمانىڭ ئوڭ بىلىكىگە تەگدى، ئالماس قايتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئوق ئۈزگەندە، سىرلىق ئادەم يالىقتىن ئۆزىنى تاشلاپ، قار دۆۋىلىرى ئىچىگە يۇمۇلىنىپ كىرىپ، كۆزدىن غايىپ بولدى......

ئالماس ئالدىراپ بەلۋىغىنى يېشىپ، ئەلەم بىلەن، قىپقىزىل قان شورقىراپ ئېقىپ تۇرغان جۇمانىڭ بىلىكىنى ئوراپ تاڭدى-دە:

— جۇما، چاپسان بول دوستۇم، جۇگىز دەرھال دۆڭ تېخەنگە خەۋەر قىل. مەن قوغلايمەن قەتئىي! — دېدى.

ئەمما، بۇ گەپنى ئۇزىچە چۈشىنىپ، جۇما كاجىلىق بىلەن رەت قىلدى:

— سەن قانداق...... مەن ھېچنەرسە بولمىدۇم. ئۇق نا-يىتى بىلىكىمنى سىجاپ كەتتى. ناۋادا بىلىكىمنى ئۈزۈۋەتكەن تەقدىردىمۇ كارغا يارايمەن. سېنى تاشلاپ نەگە بارىدىكەن-مەن، — دەپ تۇرۇۋالدى.

تالاش-تارتىش قىلىپ تۇرۇشقا ۋاقىت يوق ئىدى. ئال-ماس ئاتلارنىڭ چۇلۋۇرىنى ئىگەرگە ئىلىپ قويۇپ، ساغرىسىغا بىر شاپىلاقلىدى-دە، مەھەللە تەرەپكە قارىتىپ قويۇۋەتتى......

ئاتلار خارتىلداپ مەھەللە تەرەپكە ماڭغاندا، ئالماس بىلەن جۇما يالىڭ ئىچىگە ئۇزىنى ئېتىپ، سىرلىق ئادەمنى قوغلاپ، شۇۋرغانلىق قار دولقۇنلىرى ئىچىدە توغراقلىق ئورمان تەرەپكە ئوقتەك ئېتىلدى......

## 3. ئەلۋەك سوپىنى كىم ئۆلتۈردى؟

تەرجىمان ئابدۇللا بىلىگىدىكى سائەتكە 2-قېتىم قاراپ قويۇپ، ئۈستىدىكى يوتقاننى قايرىپ تاشلىدى-دە، كالتا قونجىلىق "باجىگگەر"نى قوشالتاقلا كىيىپ تالاغا چىقتى.

تالا جىمجىت ۋە قاراڭغۇ، شۇۋرغان بىر ئاز پەسكويغا چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئاق چىچەكتەك توزۇپ تۇرغان قار ھېلىمۇ توختىماي لەپىلدەپ چۈشۈۋاتاتتى. ئابدۇللا يەنە سائەت-كە قارىدى، سائەت بىردىن ئېشىپتۇ، ۋاقىت تېز ئۆتمەكتە ئىدى......

قار چىچەكلىرى بىردەمدىلا ئابدۇللانىڭ قولاقچىسىنىڭ

ئۈستىنى، پاختىلىق چاپىنىنىڭ مۇرە-ياقىلىرىنى ئاقارتتى، قاش-
كىرپىكلىرىنى نەملىدى. ئۇ، ھويلا سەيناسىدا يۇمشاق قار ئۇس-
تىدىن ئۇياق-بۇياققا مېڭىپ تۇرۇپ: "قانداق ئاجايىپ ئۆزگە-
رىش ...... بۈگۈن كۈندۈزى، ھاۋا-جاھان ئوبدانلا ئىللىپ،
ھەممە يەر باھار تۇسىگە كىرىپ قالغان ئىدى. ئاخشام تۇختى-
كام بىلەن بادامىلىق كەنتىدىن قايتقىنىمىزدا، ئاسماندا يۇلتۇزلار
چاراقلاپ، سۈتتەك ئايدىڭ كېچە بولغان. تېخى بايىلا قوم تو-
كۈلگەندەك ئۇششاق قار شىقراپ چۈشۈۋاتاتتى، مانا ئەمدى
ھەش-پەش دېگىچىلا ھەممە يەر قار دېڭىزىغا ئايلىنىپ
كەتتى ...... لەگلەك قار ...... پاختەكتەك، تورغايدەك چۈشىدۇ،
دېگىنى مۇشۇ بولسا كېرەك ...... ئالماس بىلەن جۇماغا نېمە
بولدى-ھە، نېمىشقا شۇنچە كېچىكتى ئۇلار؟ ......" دەپ
ئويلىدى.

ئابدۇللا بېشىنى كوتىرىپ، شۇ تاپتا ئانچە ئېنىق كورۇن-
مىسىمۇ، يىراق كۇئېنلۇن تىزمىلىرىغا، ئىگىز-ھەيۋەتلىك قارلىق
تاغ تەرەپكە قاراپ قويدى. تاغ يېقىن بولغانلىقتىن تاغ ھاۋا-
سىدىكى كىچىككىنە ئۆزگىرىشمۇ مەھەللە ئىچىگە دەررۇ تەسىر
قىلاتتى. بولۇپمۇ باش ئەتىياز پەسلىدە شۇنداق. بەزىدە بىر
كۈندە بىرنەچچە پەسىل ئۆز خۇلقىنى نامايەن قىلىپ ئوتىدۇ.
ئابدۇللا مانا شۇ تاغ ھاۋاسىدىكى تېز ئۆزگىرىشنىڭ سىرلىرى
ئۈستىدە يولداش دۇڭ تېخەن بىلەن پات-پات مۇلاھىزە قىلى-
شىپ مۇنازىرىلىشىپ كېتەتتى. بەزىدە تەبىئەتنىڭ ھەر خىل مو-
جىزىلىك سىرلىرىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ئۇزاق تاللىشاتتى-دە،
زېرىكىپ قالاتتى. مۇنداق چاغلاردا دۇڭ تېخەن ئابدۇللانىڭ
دولىسىغا قولىنى قويۇپ تۇرۇپ:

— قوي، ئاغىنە. بۇ جەھەتتە، ھەر ئىككىمىز تەڭ. مەن
ئۇرۇش ئوتلىرى ئىچىدە، سەن ئۆزەڭنىڭ جاپالىق تۇرمۇشۇڭ
كويىدا بولۇپ، پۇرسەت يوق. ئىلىم-پەن ئۆگىنەلمىدۇق. شۇڭا،
ئادەتتىكى ھاۋا ئۆزگىرىشىنىڭ قانۇنىيىتى ھەققىدىمۇ ئېنىق خۇلاسىگە
كېلەلمەيۋاتىمىز. مەن بۇ قېتىم شەھەرگە كىرسەم، ئىلىم-پەن
كىتاپلىرىنى ئېلىپ چىقىمەن. بۇ جەھەتتىمۇ ئاز-تولا بىر نەر-
سە ئۆگىنىۋېلىشىمىز لازىم. سەن قاراپ تۇر، بۇ نەرسە بىز
كەڭ كولەملىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش باسقۇچىغا ئۆتۈشىمىز بە-
لەنلا كېرەك بولۇپ قالىدۇ، — دەيتتى.

ئابدۇللا دۆك تېخەن بىلەن ناھايىتى ئوبدان ئىدى. ئۇ-
لارنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت پۈتۈنلەي يېڭىچە. ئۆزئارا
چوڭقۇر ئىشەنچ-ھورمەتكە تولغان مۇناسىۋەت ئىدى. ئابدۇللا
ئۆزىنى ھەرگىزمۇ دۆك تېخەننىڭ سايىسى، بېقىندىسى ھىساپلىمايت-
تى، بەلكى ئۇنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان كۈچلۈك ياردەمچە-
سى، زورۇر تېپىلسا بۇ يەردە ئۆزىنى خوجايىن ھىساپلايتتى. دۆك
تېخەن بولسا، ئۇنىڭ زىرەك-تىرىشچاقلىقى، يېڭىلىققا قىزغىن
ئىنتىلىدىغانلىقى، ئۆز ئۇقتىسنەزىرىنى باتۇرلۇق بىلەن ئوتتۇ-
رىغا قويالايدىغانلىقى ۋە ئامما بىلەن ئاسانلا چىقىشىپ كېتەلەي-
دىغان مىجەز-خۇلقىغا بەكمۇ قايىل ئىدى. ئۇنىڭ خەنزۇ تىل-
يېزىغىنى ئۆگىنىۋېلىش سۈرئىتى دۆك تېخەننى ھەيران قالدۇراتتى.

بەزىدە ئۇلار ۋەتەننىڭ پارلاق ئىستىقبالى، ئىنقىلاپنىڭ
ئاخىرقى مەقسىدى ۋە ئۇنىڭغا يېتىش يولى ئوخشاش چوڭ داۋ-
لىلاردىن تاكى ئۆزلىرىنىڭ غايە-مەقسەتلىرى ۋە تۇرمۇشىدىكى
ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارغىچە بەھوزۇر سوزلىشىپ، بىر بىرى-
نىڭ روھىي ھالەتلىرىدىن خەۋەر تېپىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ

بىر بىرىگە دېمەيدىغان ھېچقانداق گېپى يوق ......

تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن دۆڭ تېخەننى تاسادىپى ناھىيىگە چاقىرىپ قالدى. دۆڭ تېخەن يولغا چىقىش ئالدىدا ئابدۇللاغا قاراپ:

— يولداش ئالماس بىلەن ئۈچرىشالماي قالدۇق. سەن ئېيتقىن، ئالماس پەخەس بولسۇن. ھازىر ياگاقلىقتا بىر خىل تە-تۈر قويۇننىڭ شەپىسى بار، بوران چىقىشىمۇ مۇمكىن. بۇ، مەن-بەسىز ئەمەس. بوران شەپىسى زادى نەدىن كېلىۋاتىدۇ؟ ...... ھۇشيار بولسۇن. مەن تېز قايتىپ چىقىمەن، — دېدى.

ھازىر ئابدۇللا ئالماسنى كۈتمەكتە ئىدى، دۇرۇس، يول-داش دۆڭ تېخەننىڭ ئېيتقىنى دۇرۇس ...... تۈنۈگۈن تۆمۈر دەرۋازا ئالدىدا يۈز بەرگەن ۋەقە، بەزى كىشىلەرنىڭ قۇتقۇ-زۇش ئاشلىقلىرىنى رەت قىلىپ قايتۇرۇشى، رابى ۋىت-ۋىتىنىڭ مەنىلىك قالايمىقان بىلجىراشلىرى ...... ھەممىسى تاسادىپى ئىشلار ئەمەس. يولداش ئالماسنىڭ دېگىنى نەق گەپ. بەزى بىر كىشىلەر بولۇپ بەرگەن ئاشلىقنى ئالمايدىغان، بەزىلەر ئاشلىق بەر، دەپ غەۋغا-كوتىرىدىغان تەتۈر ئىشنى يىلتىزى يوق دېگىلى بولامدۇ؟ بۇ قويۇننىڭ تېگىنى تاپماي بولمايدۇ! بۇ قويۇن-بوراننىڭ شەپە-سى زادى نەدىن كېلىۋاتىدۇ-ھە؟ ......

ئابدۇللا بىر سىلكىنىپ ئۈستىۋاشلىرىدىكى قارنى چۈشۈ-رۈۋېتىپ، ئالدىراپ ئۆيگە كىردى. ماش رەڭ ھەربىچە جۇۋىسىنى يېڭىنى ساپمايلا مۈرىسىگە تاشلىدى-دە، كوزى ئەمدىلا ئۇيقۇغا كەتكەن توختاخۇنغا قاراپ قويۇپ، ئىشىكنى ئاستا يېپىپ، يەنە تالاغا چىقتى. ھويلا سەيناسىدىن ئۆتۈپ، چوڭ يولغا بۇرۇلدى.

ئابدۇللا چوڭ-چوڭ قەدەم تاشلاپ، مەخسۇت بەگنىڭ

تومۇر دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە، دەرۋازا ئالدىدا بىرنەچچە كىشى ئادەتتىكىدەك كۆزەتچىلىك قىلىپ تۇراتتى. ئابدۇللانى كورۇپ، ئۇلار يەراقتىن:

— كىم بۇ! — دەپ ۋاقىردى.

— بايىز ئاكامۇ سىز، بۇ مەن، — دېدى ئابدۇللا كۆزەت قىلىپ يۈرگەن بايىز خالۋاپنى تونۇپ. ئاندىن ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئالماس بىلەن جۇمانىڭ تېخىچە قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى، ئالماسنىڭ كېچىكىپ قېلىشىدىكى سەۋەپنى بىلىدىغان-بىلمەيدىغانلىقىنى سورىدى.

بايىز خالۋاپ بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز ئىكەن، لېكىن، كۆزەت قىلىپ يۈرگەن بىر ياش يىگىت ئابدۇللاغا قاراپ قىزىقچىلىق بىلەن.

— ئەنسىرەپ قاپسىز-دە، تەرجىمان يولداش، سىز خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى ئۇ خۇش خۇيلۇق بىلەن. — ياشانغلىق يېزىدىسنىڭ ئۆي-چوڭقۇرى ئالماسقا ئۆز ئالقىنىدەك تونۇش. ئالماس بىلەن جۇما قىرغىز ناۋادا كويىقاپقا كىرىپ قالسىمۇ تېپىنمەيلا قايتىپ چىقالايدىغان، بورە ئۇۋىسىغا كىرىپ قالسىمۇ، بورىنىڭ ئىزىقىنى سوغۇرۇۋالالايدىغان كىشلەردىن. ئۇلاردىن ئەنسىرەشنىڭ ھېچبىر ھاجىتى يوق......

— شۇنداق بولسىمۇ، ئېھتىيات قىلىش كېرەك، — دېدى ئابدۇللا، — بولۇپمۇ ھازىر ئۇنداق دەپ قاراشقا بولمايدۇ. بورىمۇ ئادەم يەمەي، ئاسانلىقچە ئۆز ئىزىقىنى تۇتۇپ بەرمەيدۇ، چۈنكى، ئادەم يېيىش بورىنىڭ كەسپى ئەمەسمۇ......

بايىز خالۋاپ ئابدۇللانى چۈشەندى:

— دۇرۇس گەپ، بورە بار ئىكەن، ھەرقاچان پەخەس

بولماي بولمايدۇ ......

شۇ پەيتتە، ئۇزۇك ساي تەرەپتىن، سوكۇلداپ چىپىپ كېلىۋاتقان ئات تۇۋاقلىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. كۆزەتچى يەگىت ئىتتىنىك يولغا قاراپ:

— قانداق، مەن دېمىدىمۇ، ئالماسلارمۇ كەپقالدى، — دېدى ئۆز پەرزىدىن خۇرسەن بولۇپ.

ئەمما، كەلگىنى كۈتكەن كىشىلەر ئەمەس، بەلكى بىر جۈپ يايداق ـ ئىگىسىز ئاتلار ئىدى.

ئاتلار ئېرەنسىز سوكۇلدىغىنچە كېلىپ، تومۇر دەرۋازىنىڭ ئالدىدا خارتىلداپ ـ پوشقۇرۇپ توختىدى.

ھەممىيلەن ئاتلارغا ئولاشتى، ئىسەنكرەشتى، جىددىيلىشىپ قالدى. بايىز خالۋاپ بىر ئاتنىڭ ئىگىرىنىڭ ئاستىغا قولىنى تىقىپ كورۇپ، بىردىن قوشۇمىسىنى تۈردى:

— بىر جايدا ئۇزاق تۇرۇپ قاپتۇ، قىچىپ كەلگەندەك ئەمەس، نىمە گەپ ئۇزى؟ — دەپ ئىتتىنىك ئابدۇللاغا قارىدى.

ئابدۇللا ئويلاپ تۇرمايلا، يايداق ئاتتىن بىرىنىڭ تىزگىنىنى قولىغا ئېلىپ، سەكرەپ مىندى ۋە ئاتنى ئالدىغا دېۋىتىپ تۇرۇپ بايىر خالۋاپقا قارىدى:

— قېنى بايىز ئاكا، ئاتقا مىنىڭ، كوكتۇم كەنتىگە بېرىپ باقايلى ......

ئۇلار لەپىلدەپ يىغىۋاتقان قار كەلگۈنىنى يېرىپ، كوكقوم كەنتىگە باردى. بىرەر كىشى ئۇچراپ قالارمىكىن دەپ كەنتنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغىچە مېڭىشتى. ھېچكىم ئۇچرىمىدى. ئامانلىق ساقلاش ھەيئەتلىرىمۇ سوغاقتىن قېچىپ، ئۆز تۆشەكلىرىگە كىرىپ كەتكەن بولسا كېرەك، مەھەللە ئىچى تىم-

تاس ئىدى. بايىز خالۋاپ ئاخىر كوچا دوقمۇشىدىكى بىر ئۆينىڭ ئىشىگىنى تەخمىنەنلا قاقتى. بىر كەمدە كورەك جۇۋىغا ئورىنىۋالغان ساقاللىق بىر كىشى ئىشىكنى ئېچىپ چىقتى.

بۇ ئادەم بايىز خالۋاپنىڭ مەقسىدىنى بىلگەندىن كېيىن:

— ھە، ھە، مانى، شۇنداقمۇ تېخى، — دىدى ھەيران بولۇپ، — قېنى ئۆيگە كىرىڭلار، ...... كىرمەمسىلەر، بوپتۇ، ئاخشام كېچە، — دىدى بوۋاي، — ئالماس باللار بىزنى يىغىپ شۇنداق بەلەن گەپلەرنى دىدىكى، دىلىمغا كۆن كېلىپ قونغاندەك بولدى ...... ئەمما، مەخسۇت بەگنىڭ تېخىچە يەر يۇتۇپ ئۆلمىگەنلىگى بىر پېشكەلچىلىك. بۇ جىم ياتمايدىغان قاۋان ھەممە يامان ئىشلارنى قىلالايدۇ ...... يېتقانغا كىرىپ ياتقىنىمغا نىكەم. ئۆيقۇ نەدە، مەن نەدە؟ ئويلايمەن، ئويلايمەن، ئەللىك يىللىق دەرت - ئەلەملىرىمنى بىر تىزىقتا تىزىپ بولالمايمەن. بەگنى جىمىقتۇرمىغىچە يۇرتقا ئاسايىشلىق يوق ......

بوۋاينىڭ گېپى تۈگەيدىغاندەك ئەمەس، بايىز خالۋاپ:

— شۇنداق قىلىپ، ئالماس كەنتتىن چىقىپ كەتكەنمۇ؟ — دىدى بوۋاينىڭ سوزىنى بولۇپ.

— چىقىپ كەتكەن، چىقىپ كەتكەن، — دىدى بوۋاي، — بىز بىلەن ئۇزاق مۇڭداشتى، چىقىپ كەتكەن. تېخى بىرنەچچىمىز خېلى بىر يەرگىچە ئەگىشىپ ئۇزاتقان. ئۇنىڭغا ئىككى ئاش پىشىم ۋە ياكى بىر ئۇخلاپ قانغىدەك ۋاقىت بولدى......

ئابدۇللا بوۋايغا ئۆزرىخالىق بىلدۈرۈپ، ئۇيقۇڭىزنى بۇزۇپ قويدۇق، — دەپ ئەپۇ سورىدى.

ئابدۇللا بىلەن بايىز خالۋاپ قايتتى.

قار تېخى چۈشۈۋاتاتتى، تاڭ سۈزۈلمەكتە، ئابدۇللا ئۆزۆك

ساي ئىچىدىن كېتىۋېتىپ، ئۆتىنىڭ مۇزلاپ ئۇيۇشۇپ كەتكەنلى-
كىنى سەزدى، باجىڭگىرنى قوڭالتاق كىيىپلا ئۆيدىن چىقىپ
كەتكەنلىكىنى ئەسلىدى. لېكىن، ھازىر ئۇنىڭ پۇتى توغرىسىدا
ئويلاشقا ۋاقتى يوق نىمە بولسىمۇ دەرھال ئالماس بىلەن
جۇمانى تېپىش كېرەك ئىدى. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى غەلىتە، جىددى
بىر ئىش بولۇۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى.......
ئابدۇللا مەھەللىگە قايتىپ كېلىۋېتىپ: ئالماس شۇ كەچ-
كىچە قايتىپ كەلمىگەن بولسا، جەزمەن بىر ئىش بولدى. قاي-
تىپ كەلمىگەنلا بولسا دەرھال دۆڭ تېخەنگە خەۋەر قىلىش كې-
رەك، دىخانلار جەمىيىتى ئەزالىرىنى قوزغاپ، ھەممە يەرنى ئاخ-
تۇرۇپ چىقىش كېرەك. دىگەننى كوڭلىگە پۈكۈپ قويدى.
بىراق، ئۇلار مەھەللىگە كىرە - كىرمەيلا تومۇر دەرۋازا
ئالدىدىن ئالماسنىڭ كىمگىدۇر غەزەپلىنىپ، ئۇزۇپ - ئۇزۇپ بۇي-
رۇق بېرىۋاتقانلىقى ئېنىق ئاڭلاندى. ئابدۇللا ئالماسنىڭ بۇيرۇ-
غىدىن كېيىن، بىرنەچچە كىشىنىڭ تەرەپ - تەرەپكە چېپىشىپ
كېتىۋاتقانلىقىنى كوردى. تومۇر دەرۋازا ئالدىدا يەنە بىرنەچ-
چە كىشى نىمە قىلىشىنى بىلمەي يۈرۈشەتتى.
ئابدۇللا بىلەن بايىز خالۋاپ ئاتتىن چۈشكەندىن كېيىن،
ئالماس بولغان ۋەقەلەرنى قىسقىچە سوزلەپ بەردى:
— ئالقىنىمىزدىكى دۇشمەننى قاچۇرۇپ قويدۇق، — دىدى
ئالماس غەزەپلىنىپ ئاخىرىدا، — مىنى ئۇ ئىپلاسنىڭ ئۇستىدى-
كى ھەربى جۇۋا ئازدۇردى. خۇددى ئۇز ئادەمدەكلا كورۇنۇپ
كەتتى، ھىلىگەر ئوغرى.......
— قوغلاپ يۇرۇپ توغراقلىقنى قىزىتىۋەتتۇق، — دىدى
جۇما لوقما سېلىپ، — نىجىس قار بىلەن شۇۋرغان ئۇنى دالدا

قىلىپ قالدى-دە! مەن ھەيرانمەن، بۇ زادى كىم بولغىيتى؟......

ئابدۇللا، توختاخۇن، بايىز خالۋاپ بۇ غەلىتە سىرلىق ئادەم توغرىسىدا ھەر خىل پەرەزلەرنى قىلىشتى. ئۇنى كىمگەدۇر ئوخشىتىشتى، مەخسۇت بەگ شۇنداق قىياپەتكە كىرىۋالغانمىكىن دەپ گۇمان قىلىشتى. جۇما: مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، بۇ سىرلىق مەخلۇق تېخى يۇرت ئىچىدىن چىقىپ كېتەلمىدى، دىدى. ئالماس كونا پارتىزان يىگىتلەر ۋە تومۇر دەرۋازا ئالدىغا توپلانغان ياشلارغا دەرھال ھەرقايسى يول ئېغىزلىرى، دەريا بويىدىكى كېمە-كېچىك ئەتراپىنى كۆزەت قىلىشنى، گۇمانلىق بولغان ھەرقانداق كىشىنى تۇتۇپ باغلاشنى بۇيرۇدى.

توختاخۇن بىلەن بايىز خالۋاپ ياش يىگىتلەرنى تەڭشەپ تەشكىللەۋاتقاندا، ماجانتال كەنتى تەرەپتىن يايداق ئاق بوز ئات مىنگەن بىر كىشى ئوقتەك چېپىپ چىقىپ كەلدى.

ئالماس بىر قاراپلا ئاتلىق كىشىنىڭ ئەزىمەت ئىكەنلەگىنى بىلدى. ھازىر كىشىلەر ئۇنى "رەئىس ئەزىمەت"، "ئەزىمەت ئوڭخوي" دەپ ئاتىشاتتى ۋە ئۇمۇ زەرەپشان بويىدىكى ئۇنجى دىخانلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى سۈپىتىدە ئۇز ئىشىغا قالتىس ئىشتىياق بىلەن كىرىشكەن ئىدى.

ئەزىمەتنىڭ ئاستىدىكى ئاق بوز ئات توختىماي چاپقانلىقتىن بولسا كېرەك، ئالماسنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەندىمۇ، ئۇزاقىچە خارتىلداپ، ھەدەپ چاپچىپ بىر ئىزىدا تىپىرلاپ تۇرالماي قالدى.

ئەزىمەتنىڭ بولسا، قاش-كىرپىكلىرىنى ئاپپاق قىرو باغلاپ كەتكەن، بۇرۇتلىرىنىڭ ئۇچى كىچىككىنە چوكا مۇز بولۇپ قېتىپ قالغان ئىدى.

— بەلەن بولادى، بار ئىكەنسىلەر، — دېدى ئۇ ئالماس، ئابدۇللانىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ. — ئالماس ئۇكا، بىزدە غەلىتە ۋەقە يۈز بەردى، ئادەم ئىشەنمىگىدەكلا ئىش. ئەلۋەك سوپى ئۆلۈۋالدى، ئۆزىگە ئېسىلىپ ئۆلۈۋاپتۇ......

— نېمە، ئەلۋەك سوپى دەمسىنا؟ — جۇما ھەيران بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— شۇنداق، بەگ شىاۋجاڭ......

ئالماس قاپىغىنى تۈردى، ئويلىنىپ قالدى.

ئازاتلىقنىڭ ھارپىسىدا مەخسۇت بەگ جويىگجاڭنىڭ ئۇلۇگىنى كورۇپ تاقىقا قاراپ قاچقاندىن كېيىن، ئەلۋەك سوپى مەكتەپكە كېلىپ مۇدىرلىق قىلىشنى ئۈزلىگىدىن توختاتقان، ئازاتلىقتىن كېيىن بولسا، ئۇمۇمى بۇيرۇققا ئاساسەن، گومىنداڭ بەگلىك پىرقىسىنىڭ شۇجىسى نامى بىلەن ئۆزىنى جامائەت خەۋپسىزلىگى ئىدارىسىگە مەلۇم قىلغان ھەمدە يامان ئىش قىلماي، تېچ پۇقرا بولۇپ ئوتتۇشكە ۋەدە بەرگەن، شۇندىن بۇيان ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇپ يۈرگەن ئىدى.

— بىزنى دىلىغۇلدى قىلغان نەرسە، — دېدى ئەزىمەت، — ھەي...... تازىمۇ تەشۋىش قىلدۇق-دە، ئۇنىڭ ئۈستىدە يولداش دۇڭ تېخەنىڭكىدەك ھەربى جۇۋا بار، مۇنداق جۇۋىنى ئاغىنىمىز ئابدۇللامۇ كىيىپ يۈرگەن. يانا تاپانچىمۇ ئېسىۋاپتۇ، ھەممە نىمىنى ئۈستىگە ئارتىپ ئۆلۈۋاپتۇ......

— توختا، ھەربى جۇۋا دەمسىنا، ھەربى قۇلاقچىمۇ باردۇ! — دېدى ئالماس جىددى تۈردە.

— دۇرۇس، دەل شۇنداق، — دېدى ئەزىمەت، — سەن ئۇنى......

ئالماس بۇ سوئالغا جاۋاپ بەرمىدى. لېكىن بۇ، ئالماسنىڭ نەزىرىدە غەلىتە ۋەقە، ئاجايىپ باغلىنىش. سىرلىق ھەرىكەت ئىدى......

ئەمما، بۇ ئىشتىن ئابدۇللا باشقىچە خۇلاسە چىقاردى. "ھەربىي جۇۋا، ھەربىي قۇلاقچا بۇ يەردە پەقەت يولداش دۇڭ تېخەندىلا بار. مېنىڭ كىيىپ يۈرگەن جۇۋام ھەربىي جۇۋىغا ئوخشىسىمۇ، لېكىن، ئۆلچەملىك ھەربىي جۇۋا ئەمەس. يولداش دۇڭ تېخەن تۈنۈگۈن شەھەرگە ماڭغاندا، تاپانچىسىنى ماڭا تاپشۇرۇپ كېتىپ بىكار قېپتۇ-دە. ھەي، زادى بىر چاتاق بار. بۇ جۇۋا ئەلۋەك سوپىنىڭ ئۈستىگە نەدىن چىقىپ قالدى-ھە؟......"

— يولداش ئالماس، — دېدى ئابدۇللا ئىمىدىندۇر ئەنسىرىگەن، تىت-تىت بولغان ھالدا، — مەن دەرھال شەھەرگە باراي، بۇ يەردە مەسىلە ئاددىي ئەمەس. مەن نەدىن بولسىمۇ يولداش دۇڭ تېخەننىڭ ئۇچۇرىنى ئېلىپ چىقاي......

بۇ گەپنى ئالماس "مەن ئەھۋالنى دۇڭ تېخەنگە دەرھال مەلۇم قىلاي" دېگەن مەنىدە چۈشەندى-دە:

— يولداش ئابدۇللا، ناھايىتى توغرا، سىز دەسلەپ يولداش دۇڭ تېخەننى تېپىڭ، ئاندىن ئەلۋەك سوپى ۋەقەسىنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە بېرىپ، يولداش ئابلىكىمگە مەلۇم قىلىڭ. قانچە تېز بولسا، شۇنچە ياخشى. بىزنى ماجىنتال كەنتىدىن تېپىڭلار، بىز شۇ يەرگە كەتتۇق، — دېدى.

ئابدۇللا قىسمەت چۇرۇق توقۇپ تەق قىلغان مەخسۇت بەگنىڭ چىلان تورۇق ئايغىرىغا سەكرەپ مىندى-دە، ئۇزۇن تاسمىلىق تاپانچىسىنى كەينىگە سۈرۈپ قويۇپ، شەھەر تەرەپكە چېپىپ كەتتى.

توختاخۇن بىلەن بايىز خالۋاپ كۆزەتچى يىگىتلەرنى ئىك-
كى گۇرۇپپىغا بولۇپ، دەريا بويى، توغراقلىق ئورمان ۋە كىچە-
كىچىك ئەتراپىنى كۆزەت قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇزلىرى يەنە بىر
قىسىم كىشىلەر بىلەن يۇرت ئىچىگە كوز-قۇلاق بولىدىغان بولدى.
ئالماس، ئەزىمەت، جۇمالار ئەلۋەك سوپىنىڭ ئۇلۇگىنى كورۇپ
ئېنىقلاش ئۇچۇن، ماجانتال كەنتى تەرەپكە چىپىپ كېتىشتى......

## 4. ئابلىكىمنىڭ ھوكمى

ئەلۋەك سوپىنىڭ ئوي-ئىمارىتى مەھەللىنىڭ چېتىدە — دەر-
يانىڭ بويىدا بولۇپ، ئەتراپىدا باشقا ئاھالىلەر يوق ئىدى. بۇ ئوي
ئىگىز، ھاۋالىق دوك ئۇستىگە سېلىنغانلىقتىن ئىمارەتنىڭ دەرىزە-
پىشايۋانلىرى بۇ ئوينى قورشاپ تۇرغان چاققانغىنە باغ تېمىنىڭ
سىرتىدىن كورۇنۇپ تۇراتتى. باغنىڭ ئىشىگى دەريا تەرەپكە
قاراپ ئېچىلىدىغان بولۇپ، ئىشىك ئالدىدا — يىگىرمە مېتىرچە يە-
راقلىقتىكى ئۇچۇۋقچىلىقتا بىرنەچچە توپ ئۇژمە دەرىخى قاغجى-
راپ كوزگە چۇشەتتى.
ئالماس، ئەزىمەت، جۇمالار ماجانتال كەنتىگە كۇن
نەيزى بويى ئورلىگەن مەھەل بىلەن يېتىپ كېلىشتى، يىراقتىنلا
ئۇژمە دەرىخىنىڭ چورىسىگە ئولىشىۋالغان كىشىلەرنى كوردى.
بۇ يەردە چىقىراپ يىغلىغان ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ
تۇراتتى.
ئالماس ئەلۋەك سوپىنىڭ جەسىدى ئېسىلىپ تۇرغان ئۇژمە
شېخىغا، سوزۇلۇپ ساڭگىلاپ تۇرغان جەسەتكە قاراپ، ئىختىيار-
سىز قوشۇمىسىنى تۇردى. "شۇ، دەل شۇ، ئوزى" دەپ ئويلى-

دى ئۇ.

جەسەتنىڭ ئۇستىدە ياقىلىق ماش رەڭ ھەربى جۇۋا بولۇپ، جۇۋىنىڭ ئوڭ يانچۇغىدىن قارا، ئۇزۇن ماۋزۇرنىڭ سېپى، تاس-مىسى؛ سول يانچۇغىدىن ئۈچ مايلىق قول چىراقنىڭ يېرىمى سىرتىغا چىقىپ تۇراتتى. كېچە، قار-شۇرغانلىق كېچىدە ئالماس بىلەن جۇما كۆرگەن ھەممە ئالامەت شۇ، ھېچبىر پەرقى يوق ئىدى. "ئۇنىڭ ئۇستىدىكى ھەربى جۇۋا بىلەن قول چىراقنى بىز ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق، — دەپ ئويلىدى ئالماس، — تاپانچا كېيىن ئېتىلدى، دىمەك، قويرۇغىنى ئېچىگە تىققان بۇ تۈلكە نىشاننى چالغىتىپ، بىزنى توغراقلىق ئورمانغا يولغا سېلىپ قويۇپ، ئۆزى يالغۇز قۇيۇن غولى بىلەن بۇ يەرگە قېچىپتىكەن-دە! قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ئۆلۈپ تۈگىشەي دەپتۇ-دە، ھارامزادە! ......".

بىراق، ئالماس ئەلۋەك سوپىنىڭ جەسىدىنى تەپسىلى كۆزىتىۋېتىپ، ئۆز خىيالىدا تەۋرەندى، "غەلىتە ئىش. مەخسۇت بەگ تاغدا جاجىسىنى يىگەندىن كېيىن بۇ ئادەم مەخسۇت بەگ-دىن ئۆركۈگەندەك قىلىپ، ئۆزىنى چەتكە ئالغان. ھېچكىم بىلەن ئالاقە قىلماس بولغان ئىدى. دىمەك، ئىلانىڭ تۈگۈلۈۋالغىنىد-دەك بىر ئىش ئىكەن-دە. خەير مەيلى. شۇنداقمۇ بولسۇن. تۈنۈگۈن كېچە بۇ ئادەم يول ئۈستىدە نەدىن پەيدا بولدى ۋە نەگە بېرىپ نىمە قىلماقچى-ھە؟ ئۇنىڭغا بۇ ھەربى جۇۋا بىلەن تاپانچا نەدىن كەلدى-ھە؟ ...... ھەي، بۇنىڭدا زادى بىر گەپ بار ياكى بىزگە قويۇلغان تاپىشۇزاقمۇ بۇ ......"

جۇما قولىنى سوزۇپ، ئەلۋەك سوپىنىڭ يانچۇغىدىن تاپان-چىنى سۇغۇرۇپ ئالماقچى بولدى. لېكىن، ئالماس:

— توختا جۇما، بىر ئاز تەخىر قىلايلى. ئىش خېلى مۇرەككەپ كورۇنىدۇ، جامائەت خەۋپسىزلىگى ئىدارىسىدىن ئادەم كەلگىچە كۈتۈپ تۇرايلى، — دېدى.

جەسەتنىڭ يۈزىگە رومال يېپىپ قويۇلدى.

چۈشكە يېقىن جامائەت خەۋپسىزلىگى ئىدارىسىنىڭ خادىملىرى يېتىپ چىقتى، ئابلىكىم ماشىنىدىن چۈشۈۋېتىپ، ئۆزى بىلەن بىللە چىققان دۆڭ تېخەنگە نېمىنىدۇر دېدى-دە، ئالدىغا كېلىپ قالغان ئالماس، جۇما، ئەزىمەتلەر بىلەن كونا بۇرادەرلەردەك، دولا قېقىپ قىزغىن قول ئېلىشتى، ئۇلارنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلىدى.

ئابلىكىم بۇرۇنقىدەكلا تېتىك، قىزغىن ۋە قەتئىي ئىدى. دەسلەپ ئۇ، جامائەت خەۋپسىزلىگى ئىدارىسىدە ھەربىي ۋەكىل بولۇپ تۇردى، ئىككى-ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىنلا شۇ ئىدارىنىڭ باشلىغى قىلىپ تەيىنلەندى. ئابلىكىمنىڭ ئىشلىرى ناھايىتى كوپ ۋە جىددىي ئىدى. ئۇ، ھەممە بەگلىكلەردە بولدى. ئازاتلىق نۇرىغا تەشنا بولغان جاپاكەش خەلق ھازىرچە تېخى مۇكچەيگەن بېلىنى تۈزەپ، قەددىنى رۇسلىغىدەك دەرمانغا ئىگە بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلارنىڭ كوزلىرىدە ئۈمىت چىرىغى يانغان، مۇندىن كېيىن ھەممە ئىشنىڭ ياخشى بولىدىغانلىغىغا ئىشەنگەنلىك كورۇنۇپ تۇراتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەرقايسى بەگلىكلەرنىڭ بۆلۈك-پۇشقاقلىرىدىن تۇيۇقسىز كوتىرىلگەن تەتۈر قۇيۇن، ۋەھىمىلىك خەۋەرلەر ئۇچقۇر ھاۋادا چاقماق چاققاندەك، كىشىلەرنى گاڭگىرىتىپ، يايراپ تۇرغان كوڭۈللەرنى دىلغۇلدى قىلىدىغان ئىشلارمۇ يوق ئەمەس.

ئابلىكىمنىڭ تومۇر مۇشتلۇق خەنجەر گورۇپپىسى بۆلۈك-پۇش-

قاقلارغا چوڭقۇر سىڭىپ كىرىپ كەتكەن ۋە قايتا ئېلىشىش ئۇ-چۇن غالجىرلىق بىلەن كۈچ توپلاۋاتقان تۇراللىق يوشۇرۇن بان-دىتلارنىڭ ھەركەت يونۇلۇشىنى چىڭ ئىگەللەپ، ئۇلارنىڭ ئە-زىدىن قوغلاپ زەربە بېرىشنىڭ ئومۇمىي تەييارلىقىغا كىرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن، ھىلىقى خەۋپلىك ئىككى قاچقۇن باندىت ئوز ھەركىتىنىڭ شەپىسىنى قاتتىق سىر تۇتۇپ كېلىۋاتاتتى ۋە ئۇلار-نىڭ يوشۇرۇنۇش ئورنىنىڭ زادى نەدىلىكىمۇ ئانچە ئېنىق ئە-مەس ئىدى.

شۇنداق بولغاچقا، ھەر بىر نۇقتىلىق ئورۇندا يۈز بەر-گەن كىچىككىنە ۋەقەمۇ ئابلىكىمنىڭ نەزىرىدىن سىرتتا قالمايتتى ۋە بىرىنچى قول ماتېرىيال — يىپ ئۇچىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن دەرھال ئوزى كېلىپ، شۇ ۋەقەنىڭ ئۈستىدە — نەق مەيداندا ھازىر بولۇپ، بۇ ئىشنىڭ ھىلىقى قاچقۇن ئىككى باندىتنىڭ ھەر-كەت يونۇلۇشى بىلەن بىرەر ئالاقىسى بار-يوقلۇغىنى ئېنىقلايتتى ۋە بۇ ھەقتە ناھايىتى ئېنىق، مۇكەممەل بىر خۇلاسىگە كەلمىگە-چە بۇ يەردىن قايتمايتتى......

ئابلىكىم ئەلۋەك سوپىنىڭ جەسىدى ئېسىلغان نەق مەي-دانىنى كوزدىن كەچۇرۇپ تۇرۇپ، تۇش يانچۇقىدىن بىر پارچە سۇرەتنى چىقىرىپ، جەسەت بىلەن سۇرەتنى سېلىشتۇرۇپ بىرلا قېتىم قارىدى-دە، سۇرەتنى يەنە تۇش يانچۇقىغا سېلىپ قويدى. ئاندىن ئولگۈچىنىڭ ئايالىنى چاقىرىپ سورىدى:

— تۇنۇگۇن كېچە ئېرىڭىز قەيەردە بولغان؟

— ھېچنەدە بولغىنى يوق، خېلى كۈنلەردىن بۇيانمۇ ھېچ-قەيەرگە بارغىنى يوق، — دىدى ئايال يىغلاپ تۇرۇپ، — تۈ-نۈگۈن ئاخشام بالدۇرلا يېتىپ قالغان. بىر ئۇخلاپ ئوغانسام

دادىسى يېنىمدا يوق، ھاجەتكە چىققان چېغى دەپ ئويلاپ، بەخەملىك بىلەن يەنە ئۇخلاپ قاپتىمەن. ئەتىگەن ئويغىنىپ قارىسام، يەنە يوق. ئەنسىرەپ تالاغا چىقسام، ئۈژمە شېخىدا ئېسىلغان بىر نېمە كۆرۈندى، تېنىم ئەيمىنىپ بارسام......

ئايال شۇ گەپنى دەپ ئەنسىز ھازا ئاچتى. ئابلىكىم:

— سىز يەنە ماڭا جاۋاپ بېرىڭا، — دېدى ئايالنىڭ يىغىسىنى توختىتىپ، — سىز ئېرىڭىز ئۈستىدىكى ماشرەڭ جۇۋىنى قاچاندىن بۇيان كۆرۈپ يۈرىسىز، تىكتۈرگەنمۇ ياكى مۇشۇ يېقىندا سېتىۋالغانمۇ؟......

ئايال ھاڭ-تاڭ بولۇپ، خۇددى ھازىر كۆرۈۋاتقاندەك، كۆزىنى چەكچەيتىپ، ئەلۋەك سوپىنىڭ ئۈستىدىكى ھەربى جۇۋىغا سەپسالدى:

— ۋاي خۇدايىم، نېمە بالا بۇ، — ئايال بىر تەرەپتىن سۆزلەپ، بىر تەرەپتىن يىغلاپ تۇرۇپ، ئالدىراپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى-دە، ئۇ يەردىن ئەلۋەك سوپى ئادەتتە كىيىپ يۈرىدىغان ئۇزۇن چەكمەن تونىنى كۆتىرىپ چىقتى ۋە ھېچقاچان ئۆز ئېرىنىڭ ئۈستىدە مۇنداق ماش رەڭ "ئەسكەر" جۇۋىسىنى كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتتى.

جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرى نەق مەيداندىكى تېگىشلىك تەكشۈرۈشنى تۈگەتتى. ئايال بىلەن، ئالاقىدار كىشىلەر بىلەن سۆزلەشتى. ئەلۋەك سوپىنىڭ بۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان سىرتقا چىقمىغانلىقى ۋە ھېچقاچان مۇنداق ھەربى جۇۋا كىيمىگەنلىكى ئېنىقلاندى. ئۇنىڭدا ئۇزۇندىن بۇيان ئۈچ مايلىق قىزىل چىراقمۇ بولغان ئەمەس، ئۇنىڭ قوش مايلىق قىزىل چىرىغى كۆپتىن بېرى تەكچىدە مايسىز توپا بېسىپ ياتقان ئىكەن. ھا-

زىر ئۇنىڭ سول تەرەپ يانچۇقىدىن يېرىمى چىقىپ تۇرغان ئۇچ مايلىق قول چىراقنىڭ نەدىن پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى ھېچكىم ئېنىقلاپ بېرەلمىدى.

— ئابلىكىم جۇيجاڭ، ئۇلۇكنى چۈشۈرۈپ، دەپىن قىلىشقا رۇخسەت قىلىمىزمۇ؟ — دېدى ياشقىنا بىر رازۋېتكا خادىمى قولىدىكى فوتو ئاپاراتنى قېپىغا سېلىپ تۇرۇپ.

— ئەلۋەتتە، كېچىكتۇرمەي دەپىن قىلسا بولىدۇ. — دېدى ئابلىكىم، — ئۇلگۈچىدە ئەيىپ يوق، ئۇ، زىيانكەشلىككە ئۇچراپتۇ، ئۇ ئۆزىنى ئۆزى ئېسىپ ئۆلتۈرمىگەن، باشقا كىشى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، بۇ پاكىت......

دۆڭ تېخەن بىلەن ئالماس بۇ خۇلاسە بەك بالدۇر چىقىرىلىپ قالدىمىكىن دېگەندەك "يالت" قىلىپ ئابلىكىمگە قارىدى، ئابلىكىم تەمكىنلىك بىلەن ئېيتتى:

— ئەھۋالى خېلى ئېنىق، ئۈژمە ئەتراپىدىكى ئاياق ئىزلىرىنى قار بېسىپ، شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلگۈچىنىڭ "ئۆزىنى ئۆزى ئېسىپ ئۆلتۈرۈۋېلىشى" ئۈچۈن، پۇتى ئاستىغا قويۇلغان خىشنىڭ چېچىلىش تەرتىۋى ھەممە نەرسىنى بىزگە ئېنىق سوزلەپ بەرمەكتە، سىرتماقنى بويىنىغا سېلىپ، ئېسىلىپ ئۆلۇش ئۈچۈن پۇتىنىڭ ئاستىدىكى خىشنى يا ئالدى، ياكى كەينىگە تېپىش كېرەك، ھازىرچۇ، ئەكسىچە پۇتى ئاستىدىكى خىش باشقا بىر پۇت تەرىپىدىن ئوڭ تەرەپكە تېپىۋېتىلگەن. ئۆلۈۋاتقان ئادەم ھەرگىز خىشنى ئوڭ تەرەپكىلا تەپمەيدۇ، چۈنكى، جان ئۈزۈۋاتقاندا بىر تەرەپكىلا پىلتىڭلاش مۇمكىن ئەمەس. ئۇندىن باشقا، تاپانچا بىلەن قول چىراقنىڭ مەقسەتلىك ھالدا يانچۇقىدىن چىقىرىلىپ قويۇلۇشىدىن قارىغاندىمۇ، بۇ ئادەم ئۆ-

زىنى ئۆزى ئاسمىغان ۋە ھەرگىزمۇ مۇنداق تەرىزدە ئاسالمىغان بولاتتى...... ئەڭ مۇھىمى، ھەربى جۇۋا، تاپانچا، قول چىراق نەدىن كەلگەن؟ كىم ئۇنى ئاشۇنداق سەرەمجانلىغان؟......

— نىمە، كىم سەرەمجانلىغان دەمسىز؟ — جۇما ھەيران بولۇپ ئىتتىك ئابلىكىمگە قارىدى، — ئۇنى بىر كىم زورلۇق بىلەن ئېسىپ قويىدىمۇ ئەمسە؟

— ئەلۋەتتە، بۇ ئېنىق پاكىت، — دىدى ئابلىكىم ئويلانغان ھالدا تەھلىل قىلىپ چۈشەندۈرۈپ، — ئەلۋەك سوپىنىڭ ئولتۇرۇلۇش ئۇسۇلىدىن قارىغاندا، ھەركەت قىلىپ يۈرگەن دۈشمەننىڭ تولىمۇ قۇۋ، مەككار ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. تۈنۈگۈن كېچە يولداش ئالماس بىلەن جۇماغا ئۇچراپ، يۈز-كۆزىنى كۆرسەتمىگەن سىرلىق ئادەم ھەرگىز يىگانە "يولۇچى" ئەمەس. ئۇ ئوق چىقىرىپ قاچقان ئىكەن. بىزنىڭ ئۇنى ئىزلەيدىغانلىغىمىز ئۇ-ئېنىق. تۇتماي تۇختىمايدىغانلىغىمىزنى، ئاخىرقى ھىساپتا ئۇ ئۆزىنى پاش قىلىپ قويىغانلىغىنى تونۇپ يەتكەن. شۇڭا، بىزنىڭ ئىزلەش يولىمىزنى كېسىپ تاشلاش ئۈچۈن، ئۇ ئەلۋەك سوپىنىڭ "ئۆزىنى ئۆزى ئولتۇرۇش" ئەنزىسىنى پەيدا قىلىپ، نىشانىنى چالغىتقان. ئىشەنچلىك بولسۇن ئۈچۈن، سىلەر كېچىدە كۆرگەن قىياپەت — ھەربى جۇۋا، تاپانچا، قول چىراق ئەينەن ئۇنىڭغا سەرەمجانلانغان. يەنى سىلەر كېچىدە ئۇچراتقان ئادەم ئەلۋەك سوپى شۇ. ئۇ سىلەرنى ئولتۇرۇش مەقسىدىگە يېتەلمىگەندىن كېيىن ئۆزىنى ئۆزى ئېسىپ ئولتۇردى، "سىرلىق ئادەم ئەنزىسى" شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى، خۇلاسە كالام دىمەكچى......

ئابلىكىم بىر تال تاماكا ئوردى ۋە دۆڭ تېخەنگىمۇ تۇتتى.

— ئەمدى بۇ ۋەقەنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى تەھلىل قىلىپ

كورەيلى، — دېدى ئابلىكىم ئاماكىسىغا سەرەڭگە يېقىپ تۇ-
رۇپ، — دۈشمەن نېمە ئۈچۈن ئەلۋەك سوپىنى ئۆز قۇربانى قى-
لىپ تاللىۋالدى؟ بۇنىڭ سەۋەبى بار. ئەلۋەك سوپى گومىنداڭ
شوبە پىرقىسىنىڭ شۇجىسى، بەگ شياۋجاڭ. ئۆتمۈشتە مەخسۇت
بەگ بىلەن ھەمتاۋاق بولغان. ئازاتلىقتىن كېيىن بۇيرۇق بويىچە
جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىغا ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ تارىخى-
نى يېزىپ تاپشۇرغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ ئۆتمۈش تارىخى
دۈشمەن پايدىلىنىمەن دېسە، تۇتۇۋالغىدەك ئاجىزلىق. يەنى، ئەل-
ۋەك سوپى پەيلىدىن يانغان ئەمەس، ئۇچمەنلىك ساقلاپ كەل-
گەن، شۇڭا قورال كوتىرىپ كېچىسى سىلەرنى ئاتقان دېگەنگە
ئىشەندۈرۈش مۇمكىن. بىراق، بۇ ساختا ئەنزە. بىر قاراپلا ئۇنىڭ
ماھىيىتىنى كورۈۋېلىش مۇمكىن......

شۇنىڭدىن كېيىن ئابلىكىم دۈك تېخەن بىلەن ئالماسقا
توش يانچۇقىدىن بايىقى سۈرەتنى چىقىرىپ كورسەتتى:

— ئازا تونۇۋېلىڭلار، بۇ ئادەم بۇ قېتىمقىسى بىلەن ئۇر
قىياپىتىنى توت قېتىم ئوزگەرتتى. ئۇنى ئاخۇن- مۇللام، يېزا
كادىرى، چار بازارچى سودىگەر ۋە دېخان قىياپىتىدە كورگەنلەر
بار. ئۆز قىياپىتىنى ئوزگەرتىپ تۇرۇشقا بەكمۇ ماھىر. لېكىن،
يوشۇرۇنۇش ماكانى سىرلىق — ئېنىق ئەمەس. ئۇ، ھازىر ئاسا-
سەن بەزى كونا بەگلەر ۋە مەدرىسلەر بىلەنلا ئالاقە قىلىدىكەن
دېگەن پەرەزلەر بار. پەرەز دېگەن پەرەز، بۇنى ئىسپاتلاش
كېرەك. ئىسپاتلاش — سىرلىق، نامەلۇم، شەپىسى بار، لېكىن كوز-
گە چۈشمەيدىغان دۈشمەننى ئالقانغا ئېلىپ، قاتتىق، دەل تۇتۇپ
كورستىش دېگەن سوز. ئالدىنقى كۈنى كېچىسى دەريانىڭ ئۇ
قېتىدىكى چوڭ يولدا بىر ئالاقچى جەڭچى ئالاڭ قىلىنىپ جو-

ۋىسى سالدۇرۇۋېلىندى. مۇشۇنىڭ بىلەن بىر ئاي ئىچىدە ئىككى
جەڭچىنىڭ قورالى تارتىۋېلىندى دېگەن سۆز. بۇ يەردە باندىتقا
قورال، ھەربى كىيىم كېرەك بولۇۋاتقانلىقى ئېنىق. ئەۋەك سو-
پىنىڭ ئۈستىدىكى جۇۋۇنىڭ نومۇرى سوكۇۋېتىلگەن بولسىمۇ،
لېكىن، ئۇنىڭ ھەربى جۇۋا ئىكەنلىكى ئېنىق. دېمەك، بۇ ئەد-
زە تاسادىپى، يەككە-يېگانە ئىش ئەمەس. ئەھۋال بىز مۆلچەر-
لىگەندىنمۇ مۇرەككەپ......

ئابلىكىم ۋە ئۇنىڭ رازۋېتكا خادىملىرى شۇ كۈنى كەچ-
كىچە ياڭاقلىق يېزىسىدا بولدى، زورۇر بولغان تەكشۈرۈش-
سوھبەت يىغىنلىرى ئۇزاق داۋام قىلدى.

ئابلىكىم دۈڭ تېخەن بىلەن ئالماسنى قولتۇقلاپ، پاراڭ-
لىشىپ يېزىنىڭ سىرتىغىچە چىقىشتى.

— قاتتىق، ئۇتكۇر ئېلىشىش بولۇشى مۇمكىن، — دېدى
ئابلىكىم، — بىر مەيدان ئېلىشىشنىڭ شەپىسى ئاللىقاچان كەلدى.
ھازىرقى مەسىلە، دۈشمەن ئۈچۈن ئادەم تالىشىش. كۈچ تۇپلاش
مەسىلىسى. ئادىمىمىز يېتەرلىك بولدى، دېگەن كۈنى ئۇلار جەز-
مەن ئۇتتۇرىغا چىقىدۇ، پاراكەندىچىلىك سالىدۇ، جەزمەن ھۇش-
يارلىقنى ئۇستۇرۇش كېرەك......

— دۈشمەننىڭ ھىيلىسى ناھايىتى كوپ، — دېدى ئالماس قوشۇ-
مىسىنى چىمىڭ تۇككەن ھالدا غەزەپلىنىپ، — ھازىر دېخانلار جە-
مىيىتىگە ئەزا بولۇپ كىرىۋاتقانلارمۇ، بىرلا ۋاقىتتا يەنە سوپى
ئىشانغا قول بېرىپ مۇرىت بولۇۋاتقانلارمۇ بار. مەخسۇت بەگنىڭ
كاللىسىدىن تۇتۇن چىقارماي تۇرۇپ دېخانلاردىكى ئەندى-
شىنى تۇگىتىش مۇمكىن ئەمەس. ھازىر يۇرت ئىچىنى بىر
خىل پىتنە-ئۇسەك سوزلەر قاپلاپ كەتتى. خەقنىڭ ئەندىشى-

لىرى ناھايىتى كۆپ، مەخسۇت بەگنىڭ ئۇچ ئېلىشىدىنمۇ، ھىسامىدىن جامولىنىڭ قاغاپ "دۇنايى بەتتەر" قىلىۋېتىشىدىنمۇ قورقىدىغانلار بار. قۇتقۇزۇش ئاشلىغىنى قايتۇرۇۋېتىش ئەنە شۇنىڭ ئىسپاتى. مېنىڭچە، ماڭا رۇخسەت قىلىڭلار، مەن كونا پارتىزان يىگىتلەرنى يىغىپ، مەخسۇت بەگنىڭ ئىزىغا چۈشەي. بۇ قانخورنى تۇتۇپ كېلىپ، مىڭىسىدىن تۇتۇپ چىقارمىغىچە ھېچ كىشى ئارام تاپمايدۇ......

— تۈنۈگۈن ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتى دەل مۇشۇ مەسىلىنى قاردى، — دېدى دۈك تېخەن تەمكىنلىك بىلەن، — ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا ئۈنۈملۈك زەربە بېرىش ئۈچۈن، ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتى دېخانلار جەمىيەتلىرىنى پۇختىلاش، قەدەم، باسقۇچلۇق ھالدا "باۋ-جيا" سىستېمىسىنى بىكار قىلىپ، كەنت، يېزىلىق ھۆكۈمەتلەرنى قۇرۇش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ، ئىنتايىن مۇھىم ئىش. دېخانلارنىڭ سىياسى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى تىكلەنگەندىلا، ئاندىن ئۇلاردا ئۆز دۈشمىنىگە كۈچلۈك زەربە بېرىدىغان سىياسى ئاكتىپلىق، جاسارەت قوزغىلىدۇ. مەن يولداش ئابلىكىمنىڭ سۆزىگە قوشۇلىمەن، ھۇشيارلىقنى جەزمەن ئۈستۈرۈش، ئاممىنى قوزغاپ، زورۇر بولغان تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك، — دۈك تېخەن شۇنىڭدىن كېيىن ئالماسقا قاراپ، — يولداش ئالماس، بۇگۈن ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ كەنت دېخانلار جەمىيىتى رەئىسلىرىنىڭ يىغىنىنى ئاچساق قانداق، ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ كورسەتمىسىنى شۇ يەردە مۇزاكىرە قىلىپ، سىز بايا ئېيتقان مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ تەدبىرلىرىنى بەلگىلەسەك، سىزچە بولامدۇ؟ — دېدى.

ئۇلار بىر ئاز كېڭەشكەندىن كېيىن بىر پىكىرگە كەلدى.

ئابلىكىم مۇندىن كېيىن قانداق ئالاقىلىشىش توغرىسىدا كېلىشى-كەندىن كېيىن ئۆز يىگىتلىرىنى ئېلىپ شەھەرگە قايتتى......

## 5. ئەرلىك ــ جاسارەت

قىسمەت چۈرۈق بۇنىڭدىن ئىككى يىلچە ئىلگىرى — يەنى مەخسۇت بەگنىڭ جۇۋازخانىسىدا جۇۋاز ھەيدەپ يۈرگەن كۈن-لىرىنىڭ بىرىدە ھېچ كۈتۈلمىگەندە تۇل ئايال مەسۇدىخانغا ئىشقى چۈشۈپ قالدى.

مەسۇدىخان ئوشۇق-توشۇك گېپى يوق، كىشىلەرگە ئارى-شمايدىغان، بىر ئاز نازۇك، ئوتتۇز بەش، ئوتتۇز سەككىز ياش-رىغا كىرگەن، يۇۋاش، ساددا، تەقۋادار ئايال ئىدى. ئېرى ھايات ۋاقتىدا ئەر-خوتۇن بىر تال قىزى بىلەن يامان ئەمەس تۇر-مۇش كەچۈرەتتى. ئېرى قوشۇمچە چەكمەن-چۇتا، كاتەكچە-شا-تىۋا توقۇيدىغان ھۈنەرۋەن كاسىپ ئىدى. ئېرى قازا تاپقاندىن كېيىن بىرەر يىلغىچە ئەپلەپ-سەپلەپ بىر ئەتىزال تۇرمۇش كەچۈردى. لېكىن، كېيىنكى يىلدىن باشلاپ مەسۇدىخاننىڭ تە-رىكچىلىكى بارغانچە تەسلىشىپ كەتتى. بايلار تېرىلغۇ يەرلىرىنى ئىجارىگە بەرمەس بولدى، بەرگەن تەقدىردىمۇ مەسۇدەخان تې-رىيالمايتتى، چۈنكى ئۇنىڭ تېرىلغۇ ئۇلاقلىرى يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئۆز كەسپى — دوپپا تىكىش، گۈل بېسىش ۋە چاق ئىگى-رىشكە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلدى. پۇللۇق دوپپا، قىممەت باھالىق كەشتە ۋە مەشۇت يىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ئۇ-چۇن خېلىلا دەسمى كېرەك. مەسۇدىخاندا بولسا بۇ نەرسىلەر يوق ئىدى. ئاددى، پولى ئەرزان دوپپىلارنى تىكەتتى ۋە تۈننى

تاڭغا ئۇلاپ چاق ئىگىرىپ يىپ تەييارلايتتى.
چىراق ئالدىدا سختەك ئولتۇرۇپ، كوزىنىڭ گوھىرىنى ئېقىتىپ قىلىندىغان مۇشۇ ئەمگەك، ئەجىرىلا مەسۇدىخان بىلەن قىزىنىڭ تىرىكچىلىكىنىڭ مەنبەئى ئىدى، باشقا ئامالى يوق ئىدى.
بىر بازار كۈنى قىسمەت چورۇق شەھەردىن قايتىپ چىقىۋېتىپ، يول ئۈستىدە مەسۇدىخاننى ئۇچرىتىپ قالدى. مەسۇدىخانمۇ بازاردىن قايتىپ چىقىۋاتقان ئىدى.
— ھە، مەسۇدىخان، ئويگىمۇ؟ — دىدى قىسمەت چورۇق، ئۈستىگە توت كوزا ياغ ئارتىلغان ئېشەكنى ئالدىغا سېلىپ، مەسۇدىخانغا يېقىنلىشىپ كېلىپ، — قانداق، بۇگۈن بازار سودىلىقلىرى جايىدا بولدىمۇ، دوپپا بازىرى تازا قىزىغاندۇ؟......
مەسۇدىخان قىسمەت چورۇقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، يۈزىنىڭ يېرىمىنى بېشىدىكى رومالنىڭ سىڭايپىشى بىلەن ئېتتىك ياپتى ۋە قىسمەت چورۇقتىن سەل ئۆزىنى تارتىپ، يولنىڭ چېتى بىلەن مېڭىپ تۇرۇپ:
— بازار قۇرۇسۇن، كۆز بازىرى خەققە چاپ-چاپ بولغىنى بىلەن ماڭا كاسات، — دىدى ئۇ. قىسمەت چورۇق مەسۇدىخان بىلىگىگە ئۇتكوزۇۋالغان سىۋەتتىكى دوپپىلارغا قاراپ قويدى. ئايال سەل تىترىگەن ئاۋاز بىلەن گېپىنى داۋام قىلدى.—
قىزىمنىڭ دادىسى قازا بولغانغا ئۈچ يىل بولدى. ئۈچىنى، يەتتىسىنى، قىرقىنى، يىل نەزىرسىنى بەردىم، رەخمەتلىكنىڭ مەندىن باشقا ياغ پۇرۇتۇپ روھىنى خوش قىلىدىغان ھىچكىمى يوق. ھەر يىلى بىر قېتىم پېتىشچە نەزىر-چىراق قىلىپ ياغ پۇرۇتىمەن. بۇ يىل — ئۈچىنچى يىلى. ئالدىنقى ئايدا تىككەن دوپپىلىرىمنى سېتىپ گۇرۇچ ئالدىم، بۇ ئايدا ياغ ئېلىپ، رەخ-

مەتلىكنىڭ روھىنى تەلمۈرتمەي ۋاقتىدا نەزىر-چىراق قىلىپ ياغ پۈرۈتارمەن دىگەن ئىدىم. كۆز بازىرىدا ھىچكىم دوپپىغا كوز قىرىنى سالمىدى، بازار تۇماقچىنىڭ بوپتۇ. دوپپىغا بازار تار، بىر-ئىككى جىڭ ياققا زار بولۇپ، يىغىپ چىققىتىم......

قىسمەت چوروق ئايالىغا ھىمداشلىق قىلغۇسى كېلىپ، ئالدىدا كېتىۋاتقان ئېشەك ئۈستىدىكى تۇت كوزا ياققا قاراپ قويدى. بۇ، سەكسەن جىڭ ياغ ئىدى.

مەخسۇت بەگنىڭ جۇۋازخانىسىدا ئۇ ھەپتىدىن بۇ ھەپتىگىچە بىر-ئىككى يۈز جىڭ ياغ تەييارلىنىپ بازاردا سېتىلاتتى. بۇ ھەپتە بازاردا ياغنىڭ كوپلۈگى، نەرقىنىڭ بىردىنلا چۈشۈپ كەتكەنلىگى ئېنىقلاندى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان مەخسۇت بەگ ئۈزىنىڭكىنى ساتقۇزمىغانىنىڭ ئۈستىگە، باشقىلارنىڭ ياغلىرىنىمۇ بىراقلا سېتىۋېلىشىنى بۇيرىدى. بەگ سەيۋەنلىرى بارلىق ياغنى سېتىۋېلىپ، ياغ بازىرىنى قۇرۇقداپ بولغاندىن كېيىن، بەككە بازاردىكى ياغنىڭ ئەمىلىي نەرقى يېرىم ھەسسە كوتىرىلدى، دەپ مەلۇم قىلدى. شۇ چاغدا، مەخسۇت بەگ ياغ تىجارەتچىلىرىگە بايا سېتىۋالغان ياغنى يېڭى نەرقى بىلەن ئۆتكۈزۈپ بەردى-دە، دىرى-دەسمىسى بىلەن ھايانغا قالغان سەكسەن جىڭ ياغنى قىسمەت چوروقتىن ئۆيگە قايتۇرۇۋەتتى.

قىسمەت چوروق: زامان زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ دىگەن شۇ. پۇل بايغا ئاقىدۇ، سۇ سايغا دىگەن گەپ "بازار چاققانىنىڭ" دىگەن سوز بىلەن بىر ئىكەن-دە! خەق ئوبدان نىيەت بىلەن ھالال ئەجرى قىلىپمۇ بىر جىڭ، يېرىم جىڭ ياغ ئالالماپتۇ، ئەمما، بىزنىڭ بەگ ئازراق كۈمۈش تەڭگىنى ياغ بازىرىدا! بىر يۇمۇلۇتۇپلا دەرت ئەسىرى يوق سەكسەن جىڭ ياغنى خەقنىڭ

كوزىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ يۇلۇۋالدى - ھە؟......تۇۋا دەيدىغان
ئىش، مۇشۇمۇ مۇسۇلمانچىلىقمۇ؟ — دەپ ئويلاپ، مەسۇدىخانغا
گەپ - سۆز قىلماي، ئۆز كەپىسىگە قايتتى......

شۆكۈنى كەچقۇرۇن قىسمەت چورۇق بىر ئامال قىلىپ،
جۇۋاز باچكىسىنىڭ تېگى ۋە چاۋا - قاپاقلارنىڭ ئاستىدىن قىرىپ -
يىغىپ، ئىككى جىڭچە ياغنى مەسۇدىخاننىڭ ئويىگە ئېلىپ كەلدى.

— قىسمىتاخۇن، بۇ نىمە قىلغانلىرى؟ — دىدى مەسۇدىخان
سەل چوچۇپ، ياغنى ئالغىلى ئۇنىماي — مۇشۇ يېشىمغىچە مالال
ياشاپ كەلدىم، ھېچكىمنىڭ ھەققىگە كوز قىرىنى سالمىدىم،
ھىلىمۇ شۈكرى، مېنىڭ بۇ ياققا بەرگۈدەك پۇلۇممۇ يوق، ئېلىپ
كەتسىلە، سىلىنىڭ بۇ ئويىگە باش تىقىپ كىرگەنلىرىنى خوشنا -
خۇلۇملار كورسە، نىمىمۇ دەر، ۋاي خۇدايىم، قانداقمۇ قىلارمەن،
ئېلىپ كەتسىلە، مەن سىلىگە ياغ دىدىممۇ؟......

— پۇل دەمدىلا، پۇلنىڭ گېپىنى قىلمىسىلا، — دىدى قىسمەت
چورۇق ئۇزىنىڭ دۇرۇس نىيىتىنى بىلدۇرەلمىگەنىگە جىلى بو -
لۇپ، — مەن قىسمەت چورۇقنىڭ قولى پۇل كورمىگەنىگە
ئوتتۇز يىلچە بولدى، يەنە نىمە پۇل؟ بەككە ئوتتۇز يىلچە
ئىشلەپتىمەن، مەندىن كىمگە قانداق ياخشىلىق ئوتكىنىنى
بىلمەيمەن، بۇ ياغ ئۆز ھەققىم، ئۆز ئەجرىم، ياغ پۇراتسىلا،
ھەرگىز ھەسرەتلەنمىسىلە، مەن سىلىدىن پۇل تەلەپ قىلدىم -
مۇ؟......

ئاردىن بىر يىلچە ئوتتى، قىسمەت چورۇق مەسۇدىخاننى
پات - پات يوقلايدىغان بولۇپ قالدى، "ئەللىك يىلغا يېقىن ئوم -
رۇم خوتۇنسىز ئوتتى، مەسۇدىخان ھالال - تىنچ مەزلۇم ئىكەن،
ھالال جۈپ بولۇشقا ئېسىپ بولارمىكىن" دەپ ئويلىدى، مەسۇ -

دىخانىمۇ قاراپ تۇرمىدى، تۇجۇپىلەپ، ئەجرى قىلىپ، سېپتە بادام
دوپپا تىكىپ، قىسمەت چورۇققا تەقدىم قىلدى. قىسمەت چورۇق
ئۆز كۆڭلىدە تاتىملىق بىر ھارارەت سېزىپ، ئۆز ئۆمرىدە بە-
رىنچى قېتىم ئۆزىنى ناھايىتى ياخشى، ناھايىتى ئۈمىتلىك ھېس
قىلدى ھەمدە "بەلەن بولادى، قۇرىغان دەرەخ قايتا كۆكلەيدىغان،
ئۆمرۈم خوتۇنسىز ئۆتمەيدىغان بولادى، خۇدا نېسىپ قىلسا، مۇشۇ
كۆزلۈكى بەككە كىشى قويۇپ، بىرنەچچە يىللىق ئىش-ئەج-
رىمنىڭ ھەققىنى تىرىلدۇرۇۋالىمەن-دە، مەسۇدىخان بىلەن
شاۋقۇنسىزلا نىكا پاتىھەسى قىلدۇرۇۋالىمەن" دىگەننى كۆڭلىگە
پۈكۈپ قويدى.

ئەمما، ئەمدىلەتىن چېچەك ئاچقان بۇ ئارزۇ ئۇشتۇمتۇت
ئېغىر زەربىگە ئۇچراپ ۋەيران بولدى. شۇ كۈنلەردە كىمدۇر
قىسمەت چورۇقنىڭ مەسۇدىخانغا بىرەر-يېرىم قېتىم خۇپپىيانە ياغ
تۇشۇغانلىقىنى مەخسۇت بەككە مەلۇم قىلىپ قويۇپتۇ، بەگ بۇنى
بانا قىلدى، كۈچ-قۇربىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقان قىسمەت چو-
رۇقنى "يامان ئاتلىق" قىلىپ ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتتى.

قىسمەت چورۇقنىڭ بارىدىغان يېرى يوق ئىدى. قېقىلىپ-
سوقۇلۇپ يۈرۈپ، ئاخىرى يېزىنىڭ ئايىغىدىكى ئازنا مېچىتىنىڭ
ساخاۋەتخانىسىنى ئۆزىگە ماكان قىلدى. "ھەممىسى تۈگىدى، ھەم-
مە نىيەت-ئىقباللىرىم غازاڭ بولدى، — دەپ ئويلىدى قىسمەت
چورۇق مەسۇدىخان توغرىسىدىكى خىياللىرىدىن ئادا-جۇدا بولغاند-
دەك ئۈمىتسىزلىنىپ، — ئەمدى بولدى، بەس! بەلەن ئايال ئە-
دى. ھالال، يۈزى تۈرۈۋەن مەزلۇم ئىدى، كۆن كۈرسۇن. مەن
ئۇنىڭغا قايسى يۈزۈم بىلەن قارايمەن، سىلىسىنىڭ ئويلىرى بار
بولغاندىكىن مېنى يانلىرىغا تارتىپ باقسىلا دەيمەنمۇ، يوق گەپ،

پۇل خەجلەپ، نېكا چېپى قىلمىغان ئەرگە قايسى خوتۇن تې-
گىدۇ؟......بولادى، ئادا-جۇدا بولدۇق، بىزنىڭ ئەمدى ئىككىنچى
قېتىم يۈز كورۈشۈشىمىز يوق گەپ......".

ئازاتلىقتىن كېيىن قىسمەت چوروق ئاز-تولا تىلى، ئايىغى
چىقىپ، ساخاۋەتخانىدىن ئايرىلىپ، بايىز خالۋاپ بىلەن بىللە
"ئىگە-چاقىسىز قالغان" بەگنىڭ قوراسىغا قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان،
ئەل ئىچىدە ئۆزىگە تۇشلۇق يۈز-ئابرويىنى تىكلىۋالغان بولسىمۇ،
لېكىن، نىمە ئۈچۈندۇر مەسۇدىخان توغرىسىدىكى كونا خىيالغا يەنە
قايتىشنى خالىمىدى. بىر-بىر گۈنالىق ئىش قىلىپ قويغان ئادەم-
دەك، بۇ ئايالنى بىر-بىر يەردە ئۇچرىتىپ قالسىلا ئۆزىنى قاچۇ-
رۇپ، تەمتىرەپ قالاتتى......

ئەمما ئۇ، بۇگۈن چۈشتىن كېيىن مەسۇدىخاننىڭ ئۆزىگە
باھالاپ بېرىلگەن بەش چارەك بوغدايىنى ئۈشتۈمتۇت قايتۇرۇپ،
مەخسۇت بەگنىڭ سىڭىغا ئېپكېلىپ تۇكوۋەتكەنلىكى، چۈنكى
ئۇنىڭغا قانداقتۇر بىر خىزىرنىڭ تۈگۈلۈكتىن "ئۇ دۇنيالىقىڭنى ئويلا،
بەگنىڭ ئاشلىغىنى يىمە، تىلىڭ قاتىدۇ، كوزۇڭ تۇتۇلىدۇ" دەپ
چۈشەندۈرگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئىختىيارسىز
ئۆزىچە دەككە-دۈككىگە چۈشۈپ، بىئارام بولۇپ تېپىرلاپ قالدى.

سەۋەپ، مۇشۇ كۈنلەردە مەسۇدىخاننىڭ ئۆيىدە يەيدىغان
ئاشلىقىنىڭ تۈگەپ قالغانلىغى، بىرنەچچە ھەپتىدىن بۇيان خۇلۇم-
خوشنىلاردىن ئۆتنە-يېرىم قىلىپ سىرىقتال كۈن كەچۈرۈۋاتقانلىغى
ئېنىق. قىسمەت چوروق بۇ ئەھۋالنى قۇتقۇزۇش ئاشلىغىنى باھا-
لاپ بېكىتىش يىغىنىدا باشقىلاردىن ئاڭلىغان ئىدى. "ھەي، بول-
ماپتۇ، يامان بوپتۇ، — دەپ ئويلىدى قىسمەت چوروق مەسۇدىخان-
نىڭ قۇتقۇزۇش ئاشلىغىنى قايتۇرۇۋەتكەنلىكىنى ئويلاپ، — شۇمۇ

ئىشمۇ، يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە، بېشى تاشقا تېگىپتۇ، دېگەندەك ئىش بوپتۇ-دە. تۇۋا، خىزىر تۆگۈلۈكتىن سۆزلەپتىمىش، ئەجەپ بىر ئىش. نېمە قىلغان خىزىر ئۇ! قاراپ تۇرۇپ، خالايىقنىڭ بەرگىنىنى تارتىۋالسا!......"

كەچقۇرۇن كۆز باغلانغان مەھەل بىلەن قىسمەت چورۇق ئۆز خىياللىرىنى پىشۇرۇپ، بىردىنلا جاسارەتلىنىپ قالدى. ئاتلارنىڭ يەم-خەشىكىنى ئالدىراپ بېرىپ تۈگەتتى-دە، "نېمە بولسىمۇ كۆزۈم بىلەن بىر كۆرەيچۇ، زادى بىر بارايچۇ" دېگەن نىيەتكە كەلدى ۋە ئۇدۇل مېڭىپ، توپ-توغرا مەسۇدىخاننىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى:

— مەن قىسمەت چورۇق، — دېدى ئۇ، تۇيۇقسىز كىرىپ كېلىپ، بۆلۈك ئوچاق ئالدىدا ھاڭ-تاڭ بولۇپ قېتىپ قالغان مەسۇدىخان بىلەن، ئۇنىڭ ئون ياشلىق قىزى مەختۇمىغا ئوڭايسىزلانغان ھالدا قاراپ، — تۈزۈت-پۈزۈتنى بىلمەيدىغان ئادەممەن. ئۆزۈم گالۋاڭ بولسامۇ، ئىچىمدە گەپ ياتمايدۇ. ئىچىمگە بىر گەپ كىرىۋالسا، قېرىشقاندەك كەشكىچە قىمىرلاۋېرىدۇ. ھەي، مەن مەسخۇش يەنە گەپتىن ئازدىم، سورايدىغىنىم بىرلا گەپ. شۇنداق قىلىپ، تۆگۈلۈكتىن خىزىر سۆزلىگىنى راستمۇ مەسۇدىخان؟......

— خۇدايىم، قۇدرىتىڭدىن ئايلىناي، — دەپ مەسۇدىخان چاپىنىنىڭ ياقىسىنى تۇتۇپ، "خۇدا، ئۆزەڭ كەچۈرگەيسەن" دېگەندەك، قورقۇپ، ۋەھىمە بىلەن نىدا قىلدى، — راست، ئەلھەق راست. راست بولمىسا — يالغاننى توقۇپ چىقىرىشنى ماڭا كىم قويۇپتۇ قىسمەتاخۇن؟ شۇنداق ئىش بولدى، خىزىر سۆزلىدى، ئۆزلىرىڭمۇ سۆزلىگەنمىدى؟......

— ياق، — دېدى قىسمەت چورۇق پەگادىلا كۆرسىغا ئولتۇ-

روپ، — سوزلىمىدى، مەن ھىچبىر مۇئەللىمدىن خىزىر تۇگلۇككە كىلىپ سوزلەيدۇ، دىگەننى ئاڭلاپ باقمىدىم.

— نىمە، ۋاي خۇدايىمەي، — دىدى مەسۇدىخان بىسەرەمجان بولۇپ، — خىزىر سوزلىمەمتى؟

— يوقسۇ، تۇگلۇككە كىلىپ سوزلىمەيدۇ.

— ئۇنداقتا، ماڭا خىزىر سوزلىدى، — دىدى مەسۇدىخان گاڭگىرىغان ھالدا، — دەل ئۇزى. تۇنۇگۇن كىچە، كوزۇم تىخى ئۇيقۇغا بارمىغان، ئوگزە غاراسلىدى. يۇرۇگۇم ئىغىپ-ئىغىپ قارا تەرگە چومۇپ كەتتىم، قىزىمنى باغرىمغا چىڭ بىسىۋالدىم. بىركەمدە تۇگلۇكتىن: "مەن خىزىر. ھەي مەزلۇمە قۇلاق سال" دىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. كىيىن قۇلۇغۇمدا قالغىنى: بەگنىڭ ئاشلىغىنى قايتۇرۇۋەت، يىسەڭ تىلىڭ قاتىدۇ، گورۇڭدە توڭگۇز سۇرىتى بولۇپ قوپىسەن...... — دىگەندەك گەپلەر بولدى. يەنە ئوگزە غاراسلىدى، جىم بولدى. پۇتۇن كىچە كىرپىك قاقمىدىم، ئورە ئولتۇرۇپ، بىلىشىمچە دۇئا-تالاۋەت قىلدىم...... سوزلىگىنى ئەلۋەتتە خىزىر. مەن بەش چارەك بۇغداينى ئەتىگەندە ئاپىرىپ بىرىۋەتتىم. خۇدا، كەچۇرگەيسەن، مەن گۇناسىز بەندەڭمەن دىدىم......

مەسۇدىخان ئۇزاق نالە قىلىپ، ئۇزىنىڭ گۇناسىز ئىكەنلىكىگە ئۇزىنى ئىشەندۇرۇپ، قولىنى يۇزىگە سىپاپ دۇئا قىلدى.

قىسمەت چورۇق بۇ گەپلەرگە نىمە دەپ، نىمە قويۇشنى بىلمەيتتى. كوڭلىنىڭ بىر يەرلىرى خىرە ئىدى ۋە ھەدەپ:

— شۇ بەش چارەك بۇغداينى قايتۇرۇپ بەگنىڭ سىڭگىغا توكمەيدىغان ئىش ئىدى. گورىدە توڭگۇز سۇرىتى بولۇپ قوپىدىغىنى بەگنىڭ ئۇزى، مۇتىھەم چايان، — دىگەن سوزنى تەك-

رارلاۋەردى.

بىراق، بۇ سوزنىڭ مەسۇدىخانغا ھېچبىر تەسىرى بولمىدى.
چۈنكى ئۇ، بەش چارەك بۇغدايىنى قايتۇرۇپ بېرىۋېتىپ گۇنادىن
خالى بولغىنىغا قەۋەت خوشال ئىدى.

قىسمەت چوروۇق ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، بۇ ئويگە بۇگۈن
ئوت يېقىلمىغانلىقىغا، ئوچاقتا قازان ئېسىلمىغانلىقىغا دىققەت قىلـ
دى. ئوز ھوجرىسىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ خېلى بىركەـ
گىچە: "قانداق خىزىر ئۇ! خەقنى ئاچلىقتىن ئولتۇرەمدىكىنە.
ئانا ـ بالىغا تەس بولىدى، ئۇلار ئاچ ئەمەسمۇ" دىگەننى ئويلەـ
دى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئوز ھوجرىسىدا بار يېرىم خالتىچە
ئۇننى قولتۇغىغا قىسىپ، يەنە مەسۇدىخانىنىڭ ئويىگە باردى.

— ئۇخلاپ قالغانمىكىن دەپ ئەنسىرەپتىمەن، — دىدى
قىسمەت چوروۇق ئىشىكنى ئېچىپ تالاغا چىققان مەسۇدىخاننى
كورۇپ، — بەلەن بولدى، مانا ئۇن، ئوزەمنىڭ ئۇنى، ئاز بولسىـ
مۇ مەختۇم قىز بىلەن دەگۈزە قىلىپ تۇرسىلا. مەن ئەتە ئالـ
ماسقا ئېيتاي، بۇرادىرىم دۇڭ تېخەنگە ئېيتسامۇ بولىدۇ، سىلىگە
روزىغار تېپىپ بەرسۇن......

— ياق، ياق، مەن ئەمدى بەگنىڭ ھەققى ئارىلاشقان ھىچـ
نىمىنى ئالمايمەن، — دىدى مەسۇدىخان قورققان ھالدا، — خىزىرئوـ
زى دىگەندىكىن بولدى. پۇتى توشۇككە كىرىپ كەتكەن ئېشەكمۇ
ئىككىنچى قېتىم ئۇ يولدىن ماڭمايدۇ. سىلىگىمۇ ھەشقاللا، — رەخـ
مەت. بابا تېخى ئالماسنىڭ ئانىسى سارىخان ئاچام بىلەن توختاـ
شۇنكام كېلىپ كەتتى. رىسقى ـ نىسىۋە ئېلىپ كەپتۇ، خۇدا
ئوزى يەتكۇزۇپ بەرگەن دىگەن شۇ. بۇ ئۇننى ئېلىپ كەتسىلە، —
مەسۇدىخان قىسمەت چوروۇق بوسۇغا ئۇستىگە قويغان ئۇننى

ھەدەپ قىسمەت چورۇقنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇشقا ئالدىرىدى. — ئې-لىسپ كەتسىلە. پات ئارىدا ئۆزەم پىشىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوما باشلىنىدۇ. سېرىقتالچىلىق تۇگەيدۇ. ئۇن ئېلىپ كەلگەنلىرىگە رەخمەت. ئېلىپ كەتسىلە......

قىسمەت چورۇق بۇ يىرىم خالتا ئۇننى ياخشى كوڭۈل، سەممى نىيەت بىلەن ئېلىپ كەلگەنلىكىنى تەكرار ئىزھار قىل-سىمۇ. مەسۇدىخان ھېچبىر ئالغىلى ئۇنىمىدى: "قەرز بوپقالىدۇ. بۇمۇ گۇنا" — دەۋەدى.

قىسمەت چورۇق چۈشەندۈرەلمىگىنىگە جىلى بولۇپ، ۋۇجۇ-دى تىترەپ كەتتى:

— مەسۇدىخان، سىلى، — دىدى ئۇ ئاۋازى سەل بوغۇلغان-دەك بولۇپ، — مەن كەمبەغەل ئادەمەن. سىلىمۇ ئومرىلىرىدە خۇۋ-لۇق كورمەي رىيازەت چەككەن ئايال. بىز ھەممىمىز يەر-زىمىن، مال-مۈلكىمىز بولمىغان بىلەن كەمبەغەللىك جىگىرى، ۋىجدانى بار ئادەملەرمىز. مەن قىسمەت چورۇق ئويلاپ باقتىم، ھەممىمىزنىڭ تەقدىر-يۇلىمىز ھەمىشەم بىر بولۇپ كەپتۇ. بېشىمىزغا كۈن چۈش-كەندە ئۆزئارا ھە-ھۇ دىيىشمىسەك، ھەمدەرت بولمىساق بو-لامدۇ؟ سىلىنىڭ ئويدە بۈگۈن قازان قاينىمىغانلىنى ئۆز كوزۇم بىلەن كورۇپ تۇرۇغلۇق، قانداقمۇ، مەيلىلا، مېنىڭ قوسىغىم تويـ-غاندىكىن بولدى، دەپ، خاتىرجەم ياتالايمەن؟......

قىسمەت چورۇق قايتىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ، مەسۇدىخان خې-لى بىر كەمگىچە يىرىم خالتا ئۇننى قولىدا تۇتۇپ، كوزىگە ياش ئالغان پېتى ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى.

قىسمەت چورۇق خوشال ئىدى، "ئوغۇل بالىدەك ئىش قىل-دىم، مەسۇدىخان نىمە ئويلىسا-ئويلىسۇن، مەن قىسمەت چورۇق-

نىڭ كۆڭلى ئەمدى ئىزىغا چۈشتى" دەپ ئويلىدى. سەل - پەل
ھاياجانلانغىنىدىن بولسا كېرەك، يېرىم كېچىگىچە مەھەللىنى ئاي-
لىنىپ، كوچا ئارىلاپ يۈردى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئۆزىمۇ ئانچە جە-
زىم قىلالمايدىغان ۋە ھېچقاچان چۈشىنىپ يېتەلمەيدىغان غەلىتە
ئوي - خىياللار كېزىپ ئارام بەرمەيتتى: "بەلەن بولدى، ئىشقىلىپ
ئاز بولسىمۇ يېرىم خالتا ئۇننى قولىغا ئالدى. بۇ چاققىچە مە-
سۇدىخان قىزىنى ئويغىتىپ، قازاننى ئېسىپ، ئىسسىققىنا بىر
نېمە قىلىپ يېيىشكە تۇتۇنغاندۇ. نېمە ئەتتىكىن، قانداق غىزا پىشۇر-
دىكىن. ھەي......مۇنداق ئۇزۇن كېچىدە ئىسسىققىنا چۆپ — پىياز
چۆپى ئىچىپ يېگەن تۈزۈك. چۆپتىن كېيىن قويۇق چامغۇر تە-
مى چىققان ئاش سۈيىدىن قىزىق - قىزىق، تەرلەپ ئولتۇرۇپ بىر
ھېچىر ئىچىۋالساڭ قانداق ھوزۇر - ھە؟......ئاندىن ئىسسىق تو-
شەككە كىرىپ ئىغناپ - ئىغناپ ئۇخلاپ قالساڭ، كېيىن نېمە
چۈش كۆرسەڭ كۆرۈۋە. لېكىن، چۆپنى.— پىياز چۆپنى ئەمەس،
تېخىمۇ ئالىراق نەرسىنى كۆرگىن. پېتىر مانتا، ياغلىق پولۇ، قىيما
كاۋاپ، قىزىق گۆش گىردە......ئىشقىلىپ ياخشىراق نەرسىنى كۆر-
گىن......روھىڭ خوش، ئارمىنىڭ چېچەكلەپ تۇرسا بولدى......".

شۇنىڭدىن كېيىن قىسمەت چوروق: شۇ تاپتا ئۇلار دەل
قوشۇق بىلەن كۈرەپ - كۈرەپ پىياز چۆپنى ئىشتەي بىلەن يە-
ۋاتقاندا، بىردىنلا تۈگۈلۈكتىن ھىلىقى خىزىر: "بولدى قوي،
ئىچمە، خالتىنىمۇ، ئۇننىمۇ قىسمەت چوروققا قايتۇرۇۋەت. بولمە-
سا......" دەپ قوقاق سالسىچۇ؟ مەسۇدىخان بىچارە:

— ھىم، ئاپلا، مانا دېمىدىمۇ، ئاللاتائالا يەنە راۋا كۆر-
مەپتۇ، قىسمەت چوروق مېنى يەنە بىر قېتىم گۇنالىق قىلدى، ئاھ،

خۇدا، بۇ نېمە كورگۈلۈك؟ — دەپ، قىينىلىپ ئازاپلانىسىچۇ؟ — دەپ ئويلاپ قالدى.

ئۇ ئۆز خىيالىدىن نارازى بولۇپ، ئىتتىك بېشىنى كۆتەر-گەندە، ئۆزىنىڭ مەھەللە چېتىدىكى يالغۇز ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقىنى كوردى ۋە كۈتۈلمىگەندە ھېلىقى ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىدىن بوغۇق، مۇدھىش بىر ئاھاڭدا:

— ئويغان، ئويغاندىڭمۇ؟ مەن خىزىر، سۆزلەيمەن، قۇلاق سال! — دىگەن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

قىسمەت چىرۇق ئۆز قۇلىغىغا ئىشەنمەي قالدى ۋە ھەممە يېرىنى تويۇقسىز تىترەك بېسىپ كەتتى، ھېلىقى ئاۋاز يەنە تەك-رارلاندى:

— يېمە، بەگنىڭ ئاشلىغىنى يېمە!...... كوزۇڭ تۇتۇلدۇ، تى-لىڭ قېتىپ قالدۇ، گۆرۈڭدە تۆڭگۈز سۈرىتى بولۇپ قوپىسەن، تەخسىر سىز ئاشلىقنى قايتۇرۇۋەت!......بەگنىڭ سىڭىغا تېگ......

قىسمەت چىرۇق ئۆز ئۆمرىدە نەدە، نىمىدىن قورقۇپ تىت-رىگەنلىكىنى ئانچە ئەسلىيەلمەيدۇ، بەلكىم، ئۇنىڭ بىساتىدا يوق-تىپ — ئايرىلىپ قالغىدەك بىر نىمە بولمىغانلىقتىن ھېچنىمىدىن قورقمىغاندۇ، لېكىن، بۇ قېتىم ئۇ جەزمەن قورقتى. ئۇ، شۇنچىلىك قورقتىكى، تىزلىرى تىترەپ، يۈرىكى گۇپۇلدەپ سوقۇپ، كوكرەك قەپىزى قىسىپ كەتتى.

ئۇنىڭ ئاڭلىشىچە، خىزىر، پەرىشتە، مالائىكە، ئەزرائىل دىگەنلەرنىڭ ھەممىسى قورقۇنچلۇق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھىلە-مىكىر ئىشلىتىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئۇلار ئادەمنىڭ ئىچىدىكىنى، ئوي-خىيالىرىنى بىلىۋالىدىغان قۇدرەتكە ئىگە بولۇپ، غەزىۋىنى كەلتۈرسە، ھېچكىمگە رەھىم-شەپقەت قىلمايتتى.

قىسمەت چورۇق بۈگۈن كېچە ئۆزىنىڭ خىزىرىغا ئۇچراپ قېلىش ئېھتىمالىنى سەزدى، ئالدىراپ ئۆزىنى تام تۈۋىگە ئالدى. دەل شۇ چاغدا، ئوگزىدىن يىلاندەك سوزۇلۇپ بىر ئادەم قىسمەت چورۇقنىڭ ئالدىغا سېرىلىپ چۈشتى، سېرىلىپ چۈشۈۋاتقاندا، ھەتتا ئۇ ئادەمنىڭ بىر پۇتى قىسمەت چورۇقنىڭ گەجگىسىگە تېگىپمۇ كەتتى.

قىسمەت چورۇق ئالدىغا سېرىلىپ چۈشكەن ئادەمگە تىكىلىپ، دەسلەپ چوچۇدى ۋە بىردىن ھاڭ-تاڭ بولۇپ چەكچىيىپ قاراپلا قالدى.

ئوگزىدىن سېرىلىپ چۈشكەن بۇ ئادەم ھېسامىدىن داموللىنىڭ ئۆي مۇللىسى ھاجى ئىشاننىڭ دەل ئۆزى ئىدى. ئۇ ھەدەپ ئېغىر پۇشۇلدايتتى ۋە قايسى تەرەپ بىلەن ئۆز يولىغا كەتسەمكىن دىگەندەك، كۆزلىرىنى ئالاق-جالاق قىلىپ، ئەتراپقا ئەنسىز قارايتتى.

— ئۆزلىرى ھاجى ئىشان ئەمەسمۇ......

قىسمەت چورۇق قانداقتۇر بىردىنلا جاسارەتلىنىپ قېلىپ، تىلى گەپكە كەلدى. ھەتتا، سېرىلىپ چۈشكەن ئادەمنىڭ خىزىر بولماي، ئۆزى كۆرۈپ يۈرگەن ھاجى ئىشان بولۇپ چىققىنىغا ئىچىدە خوشال بولدى.

ھاجى ئىشان بۇ گەپنى ئاڭلاپ، گويا قۇلىغى تۈۋىدە چاقماق چېقىلغاندەك ئىختىيارسىز كەينىگە داجىپ كەتتى.

— نىمە، نىمە! مەن ھاجى ئىشانمۇ، نىمە قىلغان ھاجى ئىشان؟ سەن بىناماز، كۆڭلى قارا، خىزىر بىلەن ھاجى ئىشاننى ئاجرىتالمىدىڭ، نەدىكى ھاجى ئىشان بولسۇن. كۆزۈڭ كور بولدۇ، خىزىرنى كۆرگىنىڭنى ھەرگىز ئەستىن چىقارما!...... ئىمانسىز......

ھاجى ئىشان، كەينىگە داجىپ - داجىپ تۇرۇپ، شۇ گەپنى تىترىگەن ئاۋاز بىلەن ئېيتتى - دە، بېلىنى ياچاقتەك ئېگىپ، كىرپىدەك تۇگۇلۇپ، ئۇزىنى يېزىنىڭ ئايغىدىكى چاتقاللىق تەرەپكە ئاتتى.

قىسمەت چورۇق دەرغەزەپ بولۇپ، جۇۋاز يېغى پۇراپ تۇرغان جۇۋىسىنىڭ پېشىنى بەلۋېغىغا قىستۇرۇپ، ھاجى ئىشاننى قوغلاپ، چاتقاللىق تەرەپكە قاراپ يۇگۇردى.

يۇگۇرۇپ كېتىۋېتىپ ئويلىدى: "بۇ ھاجى ئىشان. ئۇنىڭ ھاجى ئىشان ئىكەنلىگىدە شەك يوق. بۇ بىكارتەلەپ موللا ئۇز خوجايىنىنىڭ دېپىغا ئۇسۇل ئويناپ يۇرۇپتۇ - دە. ئۇسۇل ئوينە - ساڭمۇ ئوينا. لېكىن، يۇۋاش، مومىن ئايال مەسۇدىخاننى قانداق قورقىتىۋەتتىڭ - ھە؟ نەدىكى خىزىرسەن! سەن ھارامزادە داموللا ئامبىرىنىڭ تۇلۇم چاشقىنى تۇنۇگۇن كېچە بىچارە ساددا خوتۇن مەسۇدىخاننى ئالاقزادە قىلىپ قورقاتتىڭ. بۇگۇن بولسا......مەن بۇ ئويىنى بىلمەن. بۇمۇ مەسۇدىخانغا ئوخشاش ئاجىز، ئورۇق ئەت تول خوتۇن. ئۇنىڭ ئالغىنىمۇ قۇتقۇزۇش ئاشلىغى. سەن ئۇنى ئىگەڭگە ياندۇراي دېۋىدىڭمۇ؟......توختا، مەن قىسمەت چورۇق تۇگۇلۇككە كىلىپ سوزلەيدىغان خىزىرنىڭ كىملىگىنى بىر كورستەي......ھەي......مەسۇدىخان، مەسۇدىخان. گەپ نىمىدە، ساددا، گول - دە، سىلى! جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا ئەمەسمىكەن؟......".

قىسمەت چورۇق ئۇز خىيالىنىڭ ئىلھامى بىلەن ھاجى ئىشاننى قوغلاپ يېتىۋېلىشقا پۇتۇنلەي ئىشەنگەن ئىدى ۋە ئۇنى تۇتۇۋالسىلا ئالدى بىلەن مەسۇدىخاننىڭ قېشىغا ئاپىرىپ، "مانا خىزىر!" دىمەكچى بولغان ئىدى. لېكىن ئۇ ئۇن - يىگىرمە قەدەم يۇگۇرە - يۇگۇرمە يىلا، كاداك ياڭاق دەرىخىنىڭ كەينىدىن تويۇقسىز

بىر ئادەم يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىپ ئۇنى توختاتتى:

— هە، هە، قىسمەت ئاكا، بۇ سەنمۇ؟......

قىسمەت چورۇق بۇ گەپنى قىلغان كىشىنىڭ شىرمەممەت ئىكەنلىگىنى بىر قاراپلا بىلدى. "جىن سوققان شىرمەممەت".

بىراق، قىسمەت چورۇق ئۇنىڭ هاجى ئىشانىنىڭ كەينىدە سايىدەك ئەگىشىپ يۈرۈپ ئۇنى قوغداۋاتقانلىغىنى، هازىر بولسا، قىسمەت چورۇقنىڭ قوغلاش يولىنى كېسىپ تاشلاپ، ئۇنى هاجى ئىشاندىن تىنىتىۋېتىش ئۈچۈن مەقسەتلىك هالدا ئالدىنى توسقانلىغىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى:

— شىرمەممەت، — دېدى قىسمەت چورۇق چاتقاللىق تەرەپتىن كوزىنى ئالماي، — جۇر، تىمەنرەك بول، خىزىرنى، خىزىر سۈرىتىگە كىرىۋېلىپ، ئادەم ئالداپ يۈرگەن هاجى ئىشاننى رەسۋا قىلىمىز......

شىرمەممەت:

— شۇنداقمۇ، مۇنداق ئىش بار دېگىن قىسمەت ئاكا، جۇر، قوغلىساق قوغلايلى، — دېدى ۋە قىسمەت چورۇق بىلەن يۈگۈرۈپ كەتتى.

بىراق، شىرمەممەت هىچقانچە هولۇقمايلا قىسمەت چورۇقنى تېنىتىۋەتتى.

ئۇلار چاتقاللىقنىڭ باش تەرىپىدە ئۇزاق ئايلىنىپ ئاختۇردى. يورۇق چۇشۇپ تاڭ ئاتتى. هاجى ئىشان ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭ ماڭغان ئىزىمۇ كورۇنمىدى.

— سەن ئالدىنىپسەن، — دېدى شىرمەممەت قىسمەت چورۇق بىلەن مەهەللە ئىچىگە قايتىپ كېلىۋېتىپ، — كوزۈڭگە شۇنداق

كورۈنگەن چېغى، بەلكىم، خىزىرنىڭ ئۆزى ساڭا ھاجى ئىشان بولۇپ كورۈندىمكىن......

— يالغان، — دىدى قىسمەت چورۇق غەزەپلىنىپ ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا، — نەدىكى ئالدىنىش! دەل ئۆزى، ھاجى ئىشان. بوي - تۇرقى، پۇت - قولى، ھەتتا پۇشۇلداشلىرىغىچە ئۆزى شۇ. مەن ئۇنى بىلمەيمەنمۇ، تازا گەپ ئىكەن - دە! مانا مەن دەپ چەكچىيىپ تۇرسا!......

ئۇلار تالاشتى، لېكىن تالىشىشتىن ھىچنىمە چىقمىدى. شىرمەمەت قۇربان ئاقساقالنىڭ ئىشىگى ئالدىغا كەلگەندە قىسمەت چورۇقتىن ئايرىلىپ قېپقالدى.

"ساراڭ، جىن سوققان ساراڭ، — دەپ غودۇڭشىدى قىسمەت چورۇق شىرمەمەتكە غەزەپلىنىپ، — خىزىر بىلەن ھاجى ئىشانىنى پەرق قىلالمىغاندىكىن ساراڭ. ئەخمەق ساراڭ، جىن سوققان گالۋاڭ......".

قىسمەت چورۇق ئۆزىگە كورۈنگىنى ھاجى ئىشان ئىكەنلىكىگە، مۇشۇ ھاجى ئىشانىنىڭ مەسۇدىخاننى قورقۇتقانلىقىغا قىلچە گۇمان قىلمايتتى ۋە ئۇنى تۇتالمىغىنى ئۈچۈن قاتتىق ئېچىندى...... ئىست، ھاجى ئىشانىنىڭ ئەخمەق قىلغانلىقىنى مەسۇدىخان بىلسە ئىدى، قانداق ياخشى بولاتتى! قۇتقۇزۇش ئاشلىقىنى رەت قىلماي ئېلىپ، دەردىگە دەرمان قىلماسمىدى!......

ئۇ شۇ خىيال بىلەن كېتىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ "خۇدالىق" مەدرىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقىنى سەزدى.

ھازىر بامدات نامىزى ئوقۇلۇپ بولغان ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ھىچكىم نامازدىن تېخى يانماپتۇ، مەدرىسىنىڭ چوڭ سالاسۇنلۇق، پېشايۋانلىق سۇپىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى قۇتبە،

ئوقۇيدىغان جايدىن ھىسامىدىن داموللىنىڭ قايسىبىر ھەدىسنى تەپسىر قىلىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى.

قىسمەت چورۇق ھېچبىر ئىككىلەنمەيلا ئۇدۇل مەدرىس تەرەپكە يول ئالدى ۋە ئۇنىڭ پىششىق خىشلىق پەلەمپەيلىرىنى دەسسەپ سۇپىنىڭ ئۈستىگە چىققىنىغا، بىردىنلا ھىسامىدىن داموللا دۇئاغا قول كۆتەردى.

قىسمەت چورۇقمۇ ئورە تۇرۇپلا دۇئاغا قولىنى كۆتەردى. دۇئا قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ھىسامىدىن داموللا كۆزىنىڭ قۇيرۇغىدا قاراپ، قىسمەت چورۇققا نەزەر تاشلىدى. نامازخانلار، تالىپلارمۇ باشلىرىنى بۇراپ، كەينىگە قاراپ، قىسمەت چورۇقنى كۆردى.

قىسمەت چورۇق بىر بىلىگىگە تەسۋى ئۆتكۈزگەن، بىر قولىدا بولغار تاشلىق يوغان كىتابنى تۇتقان ھالدا مېھرابنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى پەلەمپەيلىك پەشتاقنىڭ ئۈستىدە ئورە تۇرغان ھىسامىدىن داموللىغا بەردەملىك بىلەن تىكىلىپ قارىدى.

بۇ، قىسمەت چورۇقنىڭ ئۆز ئۆمرىدە مەدرىس سۇپىسىنىڭ ئۈستىگە تۇنجى قېتىم جۈرئەت قىلىپ چىقىشى ۋە داموللىنىڭ ئۆزىگە يېقىندىن تىكىلىپ قارىشى ئىدى.

ھىسامىدىن داموللا قىسمەت چورۇققا نەپرەت بىلەن بىر قارىدى ـ دە:

— خوش، نىمە گەپ؟ — دىدى.

قىسمەت چورۇق ھىسامىدىن داموللىغا ئەمەس، ئۇنىڭ يېنىدا، مېھراپ ئالدىدا ئولتۇرغان ئىمام خاتىپقا قاراپ ئېيتتى:

— مېنىڭ سورايدىغىنىم بار، — دىدى قىسمەت چورۇق، — تونۇش بىر ئادەم يالغاندىن خىزىر بولۇۋېلىپ، خەقنىڭ ئۆگزى-

سىگە چىقىپ تۆكۈلۈكتىن سوزلەپ، يۇۋاش، مومىن خەقلەرنى بوزەك قىلسا، كوڭلىنى بىسەرەمجان قىلسا راۋا بولامدۇ - يوق؟

ھەسامىدىن داموللا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، بوغۇق ئاۋاز بىلەن ئېيتتى:

— سەن نىمە دىمەكچى؟......

قىسمەت چوروق ناماز قوۋمى ئىچىدىن كوزلىرى بىلەن ھاجى ئىشانىنى ئاختۇردى، بىراق ئۇنى كورەلمىدى:

— مەن قىسمەت چوروق، — دىدى ئۇ زەردىسى قايناپ، — دەل شۇنداق ئادەمنى كوردۇم، ھاجى ئىشان! بۇ ھاجى ئىشان بولسا......

— توھمەت قىلما، ھەي كاپىر، — دىگەن بىر ئاۋاز بۇلۇڭدىن ئاڭلاندى، بۇ، ھاجى ئىشان ئىدى، — سەن ئالجىپسەن، بەتبەخت. مەن بۇگۈن كىچە ھىچنەگە بارغىنىم يوق. كىچىدە يول يۇرمەيمەن ھەم!......

— ئوگزىدىن سىرىلىپ چۈشكىنىڭدە كوردۇم، نەق سەن شۇ، مەن كور ئەمەس......

مىچىت قوۋمى بىر بىرىگە قاراشتى. ھەسامىدىن داموللىنىڭ نىرۋىلىرى قوزغىلىپ، يۈزى ئاقىرىپ كەتتى ۋە نەپرەتلەنگەندەك، كوزىنىڭ قۇيرۇغى بىلەن قىسمەت چوروققا قارىدى:

— يالغان گەپ قىلساڭ دوۋزىخى بولسەن، — دىدى داموللا بىر ئاز نەسىھەتكويلۇق بىلەن، — بۈگۈن كىچە ساڭا كورۇنگىنى ھاجى ئىشان بولغان تەقدىردە، سەن بۇنى نىمە بىلەن ئىسپات قىلىسەن، كىم ساڭا ھەقتە - ئالا ئالدىدا گۇۋا - شاھىت بولالايدۇ؟......

— مەن ئۆزەم كوردۇم، قەسەم ئىچەلەيمەن، ئېنىق......

— سەن بىناماز تۆھمەتخور ھاجى ئىشاندىن ئەپۇ سورا...... مۆمىن مۇسۇلمانغا تىل تەككۈزمە......تۆھمەت قىلما......

— تۆھمەت؟ قانداق تۆھمەت! مەن كۆردۈم، ئۇ تەقسىم قىلىنغان ئاشلىقنى قايتۇرۇۋەت دەپ ۋەز ئوقۇدى، قانداق تۆھمەت ئىكەن ئۇ!......

— جۆيلىمە كاززاپ، سەن يالغان گەپ قىلىپ مەدرىسنى بۇلغىدىڭ، — ھىسامىددىن داموللا كۆزلىرى بىلەن كىمنىدۇر ئىزلىدى، بوغۇق ئاۋاز بىلەن ۋاقىرىدى، — بۇ ئىمانسىزنى پەلەققە تارتىڭلار، قىرىق دەررە ئۇرۇڭلار!......

سەللە ئورىغان ئالتە تالىپ ئىتتىلىپ ئورنىدىن تۇردى. قىسمەت چورۇقنىڭ قولىنى كەينىگە قايرىپ، بېشىنى بېسىپ ئېگىشتۇردى ۋە جۇۋىسىنىڭ كەينى پېشىنى دۈمبىسىگە قايرىپ، كاسىسىنى دەررە ئۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىدى:

— ئۇر، ئۇرە، قىرىق دەررە!......

— توختاڭلار، توختاڭلار، بۇ ئەمدى سىياسەت ئەمەس، — مىھراپ تەرەپتىن ئىمام خاتىپنىڭ زىل ئاۋازى ئاڭلاندى، مېچىت قەۋمى ئىمام خاتىپنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ، قىسمەت چورۇقنى پەلەققە تارتماقچى بولغان ئالتە تالىپنىڭ ئالدىغا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئىمام خاتىپ قىسمەت چورۇقنىڭ جۇۋىسىنى چۈشۈرۈپ، ئۇنى ئۆرە قىلدى، ئاندىن جامائەتكە قاردى، — بىز ھىسامىددىن ھەزرىتىم بىلەن ئىككىمىز ناھىيىدە مەجلىستە بولدۇق. ھەممە گەپنى تەڭ ئاڭلىدۇق، ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي سىياسىتى خېلى ئەقىلغا مۇۋاپىق. دىنغا ئېتىقات قىلىش ئىختىيارى، دىن — دىن يولى بويىچە بولسۇن دىگەندىن ئىبارەت. ھۆكۈمەتنىڭ ماقۇل كۆرمەيدىغىنى زۇلۇم. دىگىنى خەققە جەۋرى-زۇلۇم سېلىشقا يول قويماسلىق. قىسمەت ئاخۇننىڭ دەۋات-

قىنى دەۋا ئەمەس، پاش قىلىش. ئەگەر بىر كىم ئۆزىنى پەرىشتە-خىزىر قىلىپ كۆرسىتىپ، ئالدامچىلىق قىلسا، بۇ ھۆكۈمەت سىياسىتىگىمۇ، دىنىمىزنىڭ ئەركانلىرىغىمۇ توغرا ئەمەس. كىشىنى پەلەققە تارتىش — شەرىئەت كونا جەمئىيەتتە قىلغان ئىش. ھازىر بۇ ئاقمايدۇ. قىسمەت ئاخۇن پاش قىلغان نەرسە، راسلا بولىدىغان بولسا، بۇنى قانداقمۇ مەدرىسىنى بۇلغىدى، دېگىلى بولسۇن؟......

ئىمام خاتىپ يەنە نىمىنىدۇر دىمەكچى بولۇۋىدى، ھىسامىدىن ھەزرەت ئۇنىڭ سۆزىنى پىچاقتا كەسكەندەك بولۇۋەتتى:

— بىر ئىمانى كامىل مۇسۇلمانغا تۆھمەت قىلىش — دىنىي شەرىئەتىمىزگە خىلاپ! — دىدى ئۇ. — ئىمام خاتىپ سىز بۈگۈن بۇ قىسمەتنىڭ تۆھمەت قىلىشىغا ماقۇل بولسىڭىز، ئەتە كىمگە يول قويماقچى؟!

— خوش تەقسىر، — دىدى ئىمام خاتىپ ھۆرمەت ۋەزنىنى بۇزمىغان ھالدا. — گەپ ئەنە شۇ يەردە. قىسمەت ئاخۇن پاش قىلىۋاتقان نەرسە تۆھمەتمۇ، يا بولۇۋاتقان ئالدامچىلىقمۇ؟ بۇنى تەھقىقلەشتۈرمەيلا پەلەققە تارتىش قانداق مۇمكىن؟ تەھقىقلەشتۈرگەن تەقدىردىمۇ، كىشىنى جازالاش — ھازىر شەرىئەتنىڭ ئەمەس، ھۆكۈمەتنىڭ ئىشى. ھۆكۈمەت ئىشىغا دىن ئارىلىشىۋالماسلىق لازىم، دەپ ناھىيىدە كۆپ قېتىم ئېيتىلىدىغۇ. بۇ ئەمدى ئەسلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن بولسا......

خېلى بىر قىسىم نامازخانلار ئىمام خاتىپنىڭ سۆزىنى يوللۇق ھىساپلاپ بېشىنى ئەگدى، ئەمما ھىسامىدىن داموللىنىڭ شالاڭ قاشلىرى لىكىلداپ كەتتى، غەزەپلىنىپ، ئىمام خاتىپقا ھومايدى ۋە قوللىرىنى شىلتىدى:

— سىز ئىمام خاتىپ، مەن سىزگە ئېيتايكى......

دەل شۇ چاغدا، ئاسماندىن چۈشكەندەك، كۆتۈلمىگەندە مەدرىس دەرۋازىسىدىن ئالماس كىرىپ كەلدى.

ئالماس يالغۇز ۋە سۇرلۇك ئىدى، قوشۇملىرى مۈشتەك تۈگۈلگەن بولۇپ، كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ تۇراتتى.

ئالماسنى كۆرۈپ، قوللىرىغا پەلەق تۇتقان ئالتە تالىپ تىپىرلىشىپ قالدى، بىرنەچچىسى پەلەقنى دەرھال كەينىگە يوشۇردى. ھېسامىدىن داموللا قۇتبە پەشتىقىدىن چۈشۈپ، دەۋاگەر قىياپىتىدە ئالماسقا يېقىنلىشىپ كەلدى:

— ناھىيىدە ھۆكۈمەت چوڭلىرى ماڭا دىنىي پائالىيەت ئۆز يولى بىلەن، ھېچكىم دەخلى-تەرۇز قىلالمايدۇ، دېگەن، — دېدى ھېسامىدىن داموللا، — بۇ سۆز — ۋەدە نىمىگە ھېساپ. مانا بۇ ئىمانسىز، — ھېسامىدىن داموللا بىگىز قولى بىلەن قىسمەت چورۇقنى كۆرسەتتى، — ئۆزى ناماز ئوقۇمىغانىنىڭ ئۈستىگە، ناماز قوۋمىنى بىشەملىك بىلەن ھاقارەت قىلدى، تۆھمەت قىلىپ، خەقنى پەرىشان قىلدى......

— ئىناپ، ئىناپ، يا ھەزرەت، تۆۋا ماۋۇ گەپنى! — دېدى قىسمەت چورۇق ھېسامىدىن داموللىغا تىكىلىپ. ئۇ نىمىندۇر دېمەكچى بولدى-يۇ، غەزەپتىن تىترەپ، دېمەكچى بولغان گېپىنى ئېيتالمىدى ۋە ئۆزىنى باسالماي ئىختىيارسىز مىچىت سۇپىسىغا تۈكۈردى.

مىچىت ئىچىگە تۈكۈرۈشكە بولمايتتى.

بۇ "تۈكۈرۈك" چوڭ نارازىلىق، غەۋغاغا سەۋەپ بولدى. غەزەپلەنگەن نامازخانلار، ئىلمۇ تالىپلار دۇررىدە ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ھوي قىسمەت، بۇ نىمە قىلغىنىڭ، مىچىتكە تۈكۈردى

دىگەن نىمە گەپ؟ سەن مىچىتكە تۆكەرگىچە يۈزىمىزگە تۆكەرسەڭ بولماسمىدى! — دېيىشىپ، قىسمەت چورۇققا يېپىشتى. ئۇنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋېلىپ، قىيا-چىيا كوتىرىشىپ دۈشكۈلەشتى.

شۇنداق بولسىمۇ قىسمەت چورۇق غەزەپلىنىپ:

— مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كوردۈم، ھاجى ئىشان خىزىر بولۇۋېلىپ، قۇتقۇزۇش ئاشلىغى ئالغان مەزلۇم خەقلەرنى ئالداپ دى! — دەپ ۋاقىرىدى.

قايسى بىر تالىپ ئۇنىڭ ئاغزىغا مۇشت بىلەن ئۇرماقچى بولۇپ، قولىنى كوتىرىۋىدى، ئالماس سالماقلىق بىلەن مۇشت كوتەرگەن تالىپقا تىكىلدى ۋە:

— ئۇرامسىزا، نىمىشقا؟ — دەپ قوشۇمىسىنى تۈردى. تالىپ تەمتىرەپ ئىككى تەرەپكە قارىدى. ئالماس ھىسامىدىن داموللىغا قاراپ سوزىنى داۋام قىلدى. — ناھىيە باشلىقلىرىنىڭ ئېيتقىنى توغرا. نورمال دىنىي پائالىيەتلەرگە ھىچكىم ئارىلاشمايدۇ. ئۆز يولى بىلەن كېتىۋېرىدۇ. بۇ، سىياسەت. لېكىن قايسى كۈنكى ئاشلىق بۆلاشقا ئۇرۇنۇش ۋەقەسىدە ئېيتىلغان ئوسەك سوزلەرنى كىم توقۇدى، كىم تارقاتتى. نەدىن چىقتى؟ راست بىلەن يالغاننى، ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىماي بولامدىكەن!...... قۇتقۇزۇش ئاشلىغى ئالغان تۇل خوتۇنلارنى خىزىر نامىدىن ئاشلىقنى قايتۇرۇۋېتىشكە مەجبۇرلاش بۇمۇ نورمال دىنىي پائالىيەتمۇ؟......

— يالغان، توھمەت! — كىمدۇر بۇلۇڭدىن ۋاقىرىدى.

— بۇنى ئېنىقلاش بىزنىڭ ئىشىمىز، — دىدى ئالماس، — كىمگە كىم توھمەت قىلدى، بۇنى ئەلۋەتتە ئايرىيمىز......

ھىسامىدىن داموللا چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ غودۇڭشىدى:

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولغاي. تېخى كورەرمىز، — ھىسامى-

دىن داموللا پەلەمپەيدىن ئالدىراپ چۈشۈپ كېتىۋېتىپ، ئالماسقا تىكىلدى، — سەن ئالماس، بىز بىلمەيدىغان كىشى ئەمەسسەن. لېكىن، ئۆز جەددى-جەمەت، قېرىنداشلىرىڭنىڭ كوزىگە ئالدىراپ توپا چاچما......

ھىساممىدىن داموللا شۇ گەپنى ئېيتىپ، مەدرىس دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتتى، بىر قىسىم ناماز قوۋمى ۋە تالىپ ئىلمىلەرمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى.

ئالماس قىسمەت چەرۇقىنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ، ئۇنى مەدرىستىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى......

ئىمام خاتىپ چاپىنىنىڭ باقىسىنى تۇتۇپ:

— نىمە دىگۈلۈك. بۇ سىياسەتنىڭ چۈشەنمەيدىغان يەنە نىمىسى بار؟ زامان ساڭا باقمىسا، سەن زامانغا باق ئەمەسمۇ، خەيرىيات، بۇ ئادەم نىمشقا چۈشەنمەيدىغاندۇ؟ — دەپ غودۇڭشىدى......

## ئالتىنچى باپ

### 1. باھار تۈيغۇلىرى

باھار كەلدى......

باھار قۇياشى ۋاللىداپ تۇرغان ئوتكۇر چاقنىشى بىلەن پۈتكۈل زەرەپشان ئېتىكىنى تېخىمۇ گۈزەل، ئىللىق قىلىپ نۇرلاندۇرۇۋەتتى. كۆكپىلۈن تىزمىلىرىدىكى يېشىل قارىغايلار سولەتلىك قەد كوتىرىپ، مەغرۇرانە قىياپەت بىلەن كوزگە تاشلىناتتى، زەرەپشان قىرغاقلىرى قارىيىپ كورۇنەتتى، ئەزىم دەريا تىنىمسىز چايقىلىپ، خوشال ئورکەشلەيتتى. باغلار، مەھەللىلەر، ئېرىق-ئوستەڭ، قىر-تىگەن بويلىرى باھار چىچەكلىرى بىلەن تولدى. ھەممە يەردىن ئاق، سېرىق، قىزغۇچ، قىزىل، سوسۇن، بىنەپشەرەڭ — غۇچچىدە ئېچىلىپ كەتكەن باھار چىچەكلىرىنىڭ مەزىلىك-شىرىن پۇراقلىرى دىماققا كېلىپ ئۇرۇلاتتى.

ئالماس كېمە بىلەن دەريادىن ئوتتى، بويىنى قىسقا، پۇتلىرى ئۇزۇن ئاق بوز ئېتىنى يېتىلەپ قىرغاققا چىقتى. ئاق بوز ئات ياڭاقلىق يېزىسىنى يىراقتىن كورۇپ، تۇياقلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ، بېشىنى ئېگىز كوتىرىپ، قۇلاقلىرىنى شىڭگىتىپ كىشنەپ قويىدى.

ئالماس ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت يىغىنىغا قاتنىشىپ قايتىپ چىقىۋاتاتتى. ئۇ ناھايىتى خوشال، قەلبى چوڭقۇر ھاياجانلىق ھېسسىياتلار بىلەن تولغان ئىدى.

يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە پىستە-بادام، گىلاس-ئەينۇلا،
ئۆرۈك-شاپتۇللارنىڭ رەڭگا-رەڭ چېچەكلىرى باھار نۇرلىرى
ئىچىدە ئوتقاشتەك تاۋلىنىپ ئۆزلۈكسىز خۇش بۇي پۇراق تارقى-
تىپ تۇراتتى.

ئالماس باھار چېچەكلىرىنىڭ شېرىن پۇرىقىدىن، ئەگىز
سۆلىرى سىڭىپ، باھار قۇياشى تاۋلىغان قارا چىلان تۇپراقنىڭ
ئۆزگە خاس مەزىلىك ھىدىدىن قېنىپ-قېنىپ نەپەس ئېلىپ،
زىغىررەڭ چىبەرقۇت تونجۇركىسىنىڭ ياقىسىنى كەڭ ئېچىۋەتتى؛
قارا كوپە ئۇرە تۇمىغىنى قېشىنىڭ ئۈستىگىرەك كوتىرىپ قويۇپ،
قولىدىكى كالتا ساپلىق قامچىسىنى ئوتۇگىنىڭ قونجىغا قىستۇر-
دى-دە، ئەتراپقا زوقمەنلىك بىلەن قاراپ، ئاتنى يېتىلەپ، پە-
يادە مېڭىشنى داۋام قىلدى.

بۇ بىر-ئىككى ئايدىن بۇيان رايوندا ئۆزگىرىش تېز
بولدى. دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىنغان ھەر دەرىجىلىك
دېخانلار جەمىيەتلىرى ياللانما، يەرسىز، يېرى ئاز ۋە ئوتتۇرا-
ھال كۈن كەچۈرىدىغان مۇتلەق كوپچىلىك دېخانلارنى ئۆز قويى-
نىغا ئېلىپ، قۇدرەتلىك ئىنقىلاۋىي كۈچ بولۇپ شەكىللەندى.
توختاخۇن يېزىلىق دېخانلار جەمىيىتىگە رەئىس بولدى. ناھى-
يىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ يولىورۇقىغا ئاساسەن، بۇ يەردە "باۋ-
جيا" سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىش سىناق قىلىندى. بىرنەچچە تەبىي
كەنت، مەمۇرى كەنتلەر تەسىس قىلىنىپ، كەنت باشلىق-
لىرى سايلاندى. تۇنجى يېزىلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، شانىياز
يېزا باشلىقى بولۇپ سايلاندى. رايوندا پارتىيىنىڭ رايونلۇق
خىزمەت كومىتېتى قۇرۇلدى. خىزمەت كومىتېتىغا دۇڭ تېخەن
بىلەن ئالماس رىياسەتچىلىك قىلىش بەلگىلەندى. لېكىن ئۇلار-

نى شۆكەمدە كىشىلەر ئىسمە ئۇچۇندۇر "كومىسسار"، "مۇئاۋىن كو-
مىسسار" دەپ ئاتىشاتتى. بۇ ئىسىم تاكى 1953 - يىلى 4 - ئاي-
دا يەر ئىسلاھاتى ئاياقلىشىپ، رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى رەس-
مى تەسىس قىلىنغىچە "شۇجى"، "فۇشۇجى" دېگەن مەنىدە ئىشە-
لىتىلىپ كەلدى.

رايونلۇق خىزمەت كومىتېتى قۇرۇلۇشتىن بىر ئايچە ئىل-
گىرى، يەنى يېزىلىق دېخانلار جەمىيىتى قۇرۇلۇپ ئاز كۈندىن
كېيىن، بىرىنچى تۈركۈم پرولېتارىيات ئىلغارلىرى جۇڭگو كومپار-
تىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىردى.

ئالماس بۇ شەرەپلىك كۈننى مەڭگۈ ئەستە قالدۇرۇش
ئۈچۈن، ئۇنى پات-پات ھاياجانلىنىپ ئەسلەيتتى.

شۇ كۈنى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بىر سىنىپىغا قىرىقچە
كىشى يىغىلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك، ھەر دەرىجىلىك
دېخانلار جەمىيەتلىرىنىڭ تايانچلىرى. ئالماس بىلەن بىللە قولى-
غا قورال ئېلىپ، مەخسۇت بەگ باندىسىغا قارشى كۈرەش قىل-
غان باتۇر ئەزىمەتلەر ئىدى، ئاددى ۋە مەنىلىك ئۆتكەن قەسەم
مۇراسىمىدىن كېيىن، دۆك تېخەن ئالدىدا ئولتۇرغان ھاياجانلىق
كوزلەرگە مۇلايىم نەزەر تاشلاپ سوز قىلدى.

ئالماس ئاق داستىخان يېپىلغان جوزىنىڭ قىرىغا قولىنى
قويغان ھالدا، پۈتۈن زېھنى بىلەن تىڭشايتتى.

— بىز كوممۇنىستلار قىزىل ئۇرۇق، كەڭ ئەمگەكچى ئا-
مە مۇنبەت تۇپراق. ئالدىمىزدا مۇرەككەپ، ئۇتكۇر كۈرەش ۋە-
زىپىلىرى بىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا. بىز جەزمەن كەڭ ئاممىنىڭ
ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ئۇلار بىلەن قان بىلەن گۆشتەك
يېقىن مۇناسىۋەتنى ساقلاپ-كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ئوز كوڭلى-
دىكى ئىشەنچلىك باشلامچىلىرى بولۇشىمىز لازىم......

ئالماس چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن دۆلەت تېخەنگە، دۆلەت تېخەننىڭ كەينىدىكى تامغا ئېسىلغان رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ رەسىمى ۋە پارتىيە بايرىقىغا ھاياجان بىلەن قاراپ ئويلىدى: "يولداش دۆلەت تېخەن مانا ھازىر تەۋسىيە قىلىۋاتقىنىدەك، ئۆزىمۇ بۇ ۋادىغا چۈشكەن بىر قىزىل ئۇرۇق بولدى...... تالاي كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈپ، تالاي يوللارنى كېزىپ-قىدىرىپ، يېزا پرولېتارىياتىنىڭ تۇنجى ئاۋانگارت قوشۇنىنى تەشكىللەپ چىقتى. ئۇلارغا پارتىيە ۋە پارتىيە تارىخى توغرىسىدا ھارماي-تالماي سۆزلەپ بېرىپ، ئۇلارنى ئۆز پارتىيىسى، ئۆز يېتەكچىسى توغرىسىدا ئەتراپلىق، توغرا چۈشەنچىگە ئىگە قىلماقتا. ئاڭلىق، ئىرادىلىك، كۈرەشچان بۇ يادرو كۈچىنى مەيدانغا كەلتۈرگىچە، ئۇ قانچىلىك ھالال تەر ئاققۇزمىدى-ھە؟ قانچىلىك ئەجرى سىڭدۈرمىدى-ھە؟...... يولداش دۆلەت تېخەن سىز بىزنىڭ ئۈلگىمىز، بىز ھامان سىزدىن ئۆگىنىشىمىز كېرەك......".

ئالماس ئۆزى بىلەن قۇرداش بولۇپ، ئالدىنقى قاتاردا ئولتۇرغان يېزا باشلىقى شانىياز ۋە تەرجىمان ئابدۇللالارغا قارىدى. ئۇلارمۇ گويا ئالماسقا ئوخشاش ئويلاۋاتقاندەك ئىدى. رايون بويىچە تۇنجى قېتىم پارتىيىگە قوبۇل قىلىنغان، تەربىيىچىمۇ، تونۇشتۇرغۇچىمۇ دۆلەت تېخەننىڭ ئۆزى بولغان ئۈچ نەپەر يېڭى كادىر ئەنە شۇنداق ھاياجانلىق ھېسسىيات بىلەن قەلبىگە پارتىيىنى پۈكۈپ، يەلكىسىگە مۇشەققەتلىك، جەڭگىۋار كۈرەش ۋەزىپىلىرىنى ئالماقتا......

ئالماس ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە، دەريانىڭ ئاياق تەرىپىدىكى "بورە قوتان" دەپ ئاتىلىدىغان جاڭگاللىق تەرەپتىن ئاتلىق ئىككى كىشى چىقىپ كەلدى.

ئالماس ئوك ئالقىنىنى پىشانىسىگە سايىۋەن قىلىپ تۇرۇپ، ئاتلىقلارغا قارىدى. ئاتلىقلارمۇ ئالماسنى كورۇپ، ئېتىنىڭ بېشىنى ئېتتىك ئالماس تەرەپكە بۇرىدى.

ئالماس ئاتلىقلارنى تونىدى. ئاتلىقلارنىڭ بىرسى يېزىلىق دېخانلار جەمىيىتىنىڭ رەئىسى، ئالماسنىڭ دادىسى توختاخۇن بولۇپ، يەنە بىرسى خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ لېيەنجاڭى جاڭ تىڭخۇا ئىدى.

جاڭ تىڭخۇا ئېگىز بوي، قارا قاش، چوڭ كوز، بۇغداي ئوڭلۇك، قەددى - قامىتى كېلىشكەن ئوتتۇز بەش - ئوتتۇز ئالتە ياشلاردىكى كىشى بولۇپ ئۇيغۇر تىلىنى خېلى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ بۇنىڭدىن بىر ھەپتە ئىلگىرى ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ بىر پارچە ئالاقە خېتى بىلەن رايونغا چىققان، ئالماس بىلەن تونۇشقان ھەمدە ناھىيىدە تۇرۇشلۇق قىسمىنىڭ بوز يەر ئېچىپ، ئاشلىق، كوكتات بىلەن ئوز - ئوزىنى تەمىنلەشنى قارار قىلغانلىغى؛ ئوزىنىڭ ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ كورسەتمىسى بويىچە بۇ يەرگە كەلگەنلىگىنى ئېيتىپ، دېخانلارغا كېرەك بولمايدىغان، تاشلىنىپ ياتقان بىكار يەردىن بىر پارچە كورسىتىپ بېرىشنى؛ ئەگەر رايون قوشۇلغاندا، ھازىردىن باشلاپلا پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، بوز يەر ئېچىپ، دېخانچىلىق قىلىدىغانلىغىنى ئوتۈمىت قىلغان ئىدى.

رايون رەھبەرلىگى بۇ ئىشنى ياڭاقلىق يېزىسى دېخانلار جەمىيىتىنىڭ ئويلىشىپ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇردى. يېزىلىق دېخانلار جەمىيىتى بولسا مۇزاكىرە قىلىپ: "بىزدە نىمە كوپ دېسە، جاڭگال بىلەن ساپلا بىنام. ناھايىتى بەلەن گەپ ئىكەن. لېكىن

سۇ قىس، ئەگەر بىر ئامال قىلىپ، سۇ قىسلىقىنى ھەل قىلا-لىسىلا يەر كۆرسىتىپ بېرەيلى" دەپ قارار قىلغان. كېيىن ئۇ-لارغا "بورە قوتان جاڭگىلىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى بەلگىلىگەن ئىدى ......

تۇختاخۇن بىلەن جاڭ تىڭخۇا ئالماسنىڭ يېنىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. جاڭ تىڭخۇا ئالماسنىڭ قولىنى ئىككى قوللاپ چىڭ تۇتۇپ، كونا قەدىناسلاردەك قىزغىنلىق بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئالماسقا قاراپ، ئۇيغۇر تىلىدا خۇشاللىق بىلەن:

— يولداش ئالماس، سىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالغىنىمىز نا-ھايىتى ئوبدان ئىش بولدى؛ بۈگۈن تۇختاخۇن ئاكا بىلەن "بورە قوتان" نى يەنە بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقتۇق. تۇختاخۇن ئاكا: "بورە قوتان" جاڭگاللىقى ئالتۇنندەك يەر، ئۇن يىلغىچە ئوغۇت ئىشلىتىلمىسىمۇ، ئۆزىنىڭ مىڭ يىللىق چىرىندىلىرى ئۇ-زىگە تەبىي ئوغۇت بولۇپ يېتىپ ئاشىدۇ، — دىگەن ئىدى. ھە-قىقەتەن شۇنداق ئىكەن. سىلەر بىلەن يار - يېرلەكتە بولۇشۇپ، بۇ بوز يەرنى چوقۇم ئېچىپ، كۆكۆل مەيدانغا ئايلاندۇرۇشقا بەل باغلىدۇق، — دىدى.

— ناھايىتى ياخشى، — دىدى ئالماس، — سىلەرنىڭ بوز يەر ئېچىپ، دىخانچىلىق قىلىشىڭلارنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. لېكىن، بۇ يەردە سۇ قىس. ئۇ يەرگە قەيەردىن سۇ ئېلىپ بېرىشىمىز بىر مەسىلە. قانداق قىيىنچىلىقىڭلار بولسا ئېيتىڭلار، قولىمىزدىن كېلىشىچە ھەل-ھۆ دىيىشىمىز ......

جاڭ تىڭخۇا كۆزلىرى ئۈمىتۋارلىققا تولغان ھالدا ئېيتتى:

— دۇرۇس، بۇ يەردە قىيىنچىلىق ئاز ئەمەس ئىكەن. لېكىن، سىلەردەك ياخشى قېرىنداشلار بار يەردە، نىمىدىن قور-

قاتتىۋق! ھەرقانداق قىيىنچىلىق بولسا يېڭىمىز. توختاخۇن ئاكا بىزگە ئاھايىتى پايدىلىق مەسلىھەت بەردى، دەريادىن سۇ چىقى-رىشنىڭ يولىنى كۆرسەتتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۈستەڭ چېپىپ سۇ چىقىرىش مۇمكىنچىلىكى يوق ئىشتەك كۆرۈنىدۇ، دەريادىن بىۋاستە سۇ تارتىپ چىقىرىشنىڭ يولىنى ئىزدىمەكچى بولۇۋاتى-مىز، بىزگە كۆپرەك يولىيورۇق كۆرسىتىشىڭلارنى سورايمىز......

ئالماس بىلەن جاڭ تىڭخۇا "بورە قوتان" نى ئۆزگەر-تىشنىڭ يولى، ئىستىقبالى ۋە ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ھەققىدە قىزغىن، ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن يەنە بىر ئاز پاراڭلاشقاندىن كېيىن ئايرىلىشتى.

توختاخۇن ئالماس بىلەن ياندىشىپ ياڭاقلىق يېزىسى تەرەپكە قاراپ كېتىۋېتىپ ئالماسقا:

— مەن ھەيران، جاڭ لىيەنجاڭ ئاجايىپ قىزغىن كىشى ئىكەن، مۇشۇ بىر-ئىككى كۈندىن بۇيان يۇرتىمىزنىڭ نامى-ئەمالىنى سوراپ بىلىپ بولدىغۇ دەيمەن، — دىدى كۈلۈپ ۋە ئويلانغان ھالدا ئېيتتى. — قىزىق ئىش. ئەسكەر دىگەن ئەزەل-دىن پۇقرالارنىڭ قان-ئىلىكىنى شوراپ يەيدىغان تۈلۈم چاش-قان ئەمەسمىدى. گومىنداڭنىڭ لەشكىرىدە مەن ئۇلارنى جىق كۆرگەن. ھەممىسى بەر، ئالىمەن، يەيمەن دەيدىغان بالاخور بە-كار تەلەت نان قېپىلار ئىدى. جۇيىڭجاڭ دىگەن قانخور مۇتىھەم ئانارگۈلنىڭ بېشىغا چىقىپ، يۈرىگىمنىڭ پۇشتىنى خۇن-زەرداپقا توشقازغاندا، مەن سىلتىق تۇتقان ئالۋاستىلارنىڭ ھەم-مىسى ۋاپا كەلمەيدىغان جاللاتلار، جەسىدىم گۆرگە كىرگىچە ئۇن-داقلارنى كۆزۈم كورمىسۇن، دەپ قەسەم ئىچكەنمەن ئوغلۇم. ئەمما، ئازاتلىق ئارمىيە كىشىلىرى باشقا بىر خىل ئىقلىمدىكى

كىشىلەر بولۇپ چىقتى. دۆلەتبەگنىمۇ، جاڭ لىيەنجاڭمۇ شۇنداق. جاڭ لىيەنجاڭ ئۆزىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئېيتىپ بەردى، ئۇمۇ بىر جاپاكەشنىڭ يېتىم بالىسى ئىكەن. ئۇ، پۇقرالارغا پايدا يەت-كۈزۈشتىن باشقا، ھېچنىمىنى ئويلىمايمىز. ئاز-تولا كوكتات، ئاز-تولا ئاشلىق ئىشلەپچىقارساقمۇ ھېساپ، خەقنىڭ سىلىغىنى يەڭگىللىتىدىغان گەپ. بۇنى بىزگە پارتىيە، ماۋجۇشى تاپشۇرغان ۋەزىپە. دىخان بالىسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بۇ ئىشنىڭ مۇھىملىغىنى تولۇق ھېس قىلالايمىز، دەيدۇ. مانا بۇ ئوغۇل بالىدەك گەپ. خەلقنىڭ ئەسكىرى بولساڭ، ئەنە شۇنداق قىل، ئەنە شۇنداق ئويلا!......

— توغرا، دادا، سىزنىڭ ئېيتقىنىڭىز ناھايىتى دۇرۇس. — دېدى ئالماس ياڭاقلىق يېزىسىغا يېقىنلىشىپ كېلىپ، — ئۇزۇن يىللىق ئۇرۇش جەريانىدا بىزنىڭ دۆلىتىمىز ھەممە جەھەتتە ۋەيران بولغان، ئېغىر زەخمەتلەرگە ئۇچرىغان. خەلق ئىگىلىگە-نى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋېلىش ئۈچۈن، ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ قول تەۋرىتىپ بوز يەر ئېچىپ دىخانچىلىق قىلىشى خەلق دۆلىتىنى ئوبدان قۇرۇش ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ مەدەت. بىز چوقۇم ئۇلارغا ھەمكارلىشىپ ياردەم قىلىشىمىز لازىم......

ئۇلار پاراڭلىشىپ، ئاچا يولنىڭ بەندىرىگە كەلگەندە توختاخۇن:

— ئوغلۇم، سەن كېتىۋەگىن، مەن كوكقوم كەنتىگە باراي. دۆلەتبەگ بۇگۈن ئۈچ كۈن بولدى، شۇ يەردە. بۇگۈن كەچتە كەنت يىغىنى ئېچىپ كەنت باشلىغى سايلىماقچى، بىز شۇ يەردە ئۇچرىشىدىغان بولغان، — دېدى.

ئالماس بىر ئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ ئېيتتى:

— بولىدۇ، دادا، سەن بارىۋەرگىن، بۈگۈن كەچتە سىلەر كېلەلمىسەڭلار، مەن ئۆزۈم بارىمەن.

توختاخۇن كوكقۇم كەنتى تەرەپكە قاراپ ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ، ئالماس بىلەن خوشلاشتى.

ئالماس ئاق بوز ئاتنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىپ، ئىككى تەرىپىدە يوپۇرماق چىقارغان تېرەك، ئالا گوستاڭ بولغان سۆگەتلىرى بار چوڭ يول بىلەن كېتىۋاتىدۇ.

ئۇ، يان ئېرىقتا شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان باھار سۇلىرىغا قاراپ، بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى لەيلىگۈل بىلەن بولغان بىر قېتىملىق ئۇچرىشىشنى ئەسكە ئالدى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ئالماس ئېلىقۇلنىڭ ئۆرۈمچىدىن يازغان بىر پارچە خېتىنى ئېلىپ، ئېلىقۇلنىڭ ھامىسىنىڭ ئۆيىگە باردى. بۇ يەردە كوپچىلىكنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە ئىگە بولغان قوشاقچى ئېلىشا تۇراتتى. ئېلىشا ئۆيدە بار ئىكەن. ئالماس ئېلىقۇلنىڭ خېتىنى ئوقۇپ بېرىپ، ئادىتى بويىچە ئۇنىڭ بىلەن كۆڭۈللۈك پاراڭغا چۈشتى.

ئېلىشا بۇ كەملەردە ياش يىگىتتەك جۇشقۇن ۋە ناھايىتى خۇشال ئىدى. ئۇنىڭ ھال-ئەھۋالىدىن دېخانلار جەمىيىتى خەۋەر ئېلىپ تۇراتتى ۋە بىر ئېشەكمۇ تېپىپ بەردى. ئېلىشا ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق قەدىناس دوستى راۋاپنى قولىغا ئېلىپ، كەنتمۇ-كەنت يېرىپ، يېڭى زاماننىڭ پەزىلىتى، دېخانلار جەمىيىتىنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە ھازىر تىكلىنىۋاتقان كەنت ھاكىمىيىتى توغرىسىدا چىرايلىق قوشاقلار توقۇيتتى.

ئۇنىڭ "دوستلىرىم" دېگەن قوشىقى مۇشۇ كۈنلەردە پۈتۈن ياڭاقلىق يېزىسىدا تارقىلىپ ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرەتتى:

مەن توقۇيمەن بىر قوشاق،

ئاڭلاپ تۇرۇڭلار، دوستلىرىم.

دوست ۋە دۈشمەننى ئېنىق،

ئايرىپ ئېلىڭلار، دوستلىرىم.

بەتنىيەت كالتەكچىنى،

سايلىماڭلار دوستلىرىم.

سايلاڭلار ئېنىق كورۇپ،

جان - جىگەرنى دوستلىرىم.

ئەگىشەيلى ئۇنىڭغا،

يول باشلىسۇن، دوستلىرىم.

... ... ...

... ... ...

ئالماس ئېلىشا بىلەن قېنىپ سوزلىشىپ، ئۇنىڭ چوڭقۇر مەنىلىك، روشەن سوزلىرىدىن ئۇزۇق ئېلىپ ئويىدىن چىققاندا، كالا پادىلىرى ئوز ئېغىلىنى تېپىپ، قوي - ئوشكىلەرنىڭ مەرەش-لىرى بېسىلىپ، ئەل - جاھان جىمىققان ئىدى.

ئالماس چوڭ يولغا چىقىپ، يىراق مەھەللە دەرەخلىرى-نىڭ كەينىدىن كوتىرىلىپ چىقىۋاتقان مىس لىگەندەك قىزغۇچ تولۇنئاينى كوردى. ئاي ئاستا - ئاستا كوتىرىلىپ، يېزىنىڭ كې-چىلىك مەنزىرىسىگە ھوسۇن قوشماقتا ئىدى. يۇمشاق، ئەركىلەت-كۈچى باھار شامالىرى ئالماسنىڭ يۈز - كوزلىرىنى سىپاپ ئوتتى. ئۇ، يان ئېرىقتا شىلدىرلاپ، "بۇلۇق - بۇلۇق" ئاۋاز چىقىرىپ ئې-قىۋاتقان باھار سۇلىرىنىڭ ئاي نۇرىدا يالتىراپ جىلۋىلىنىشىگە زوقلىنىپ قاراپ، چاپىنىنىڭ توگمىسىنى يېشىۋەتتى - دە، چوڭ-چوڭ قەدەم تاشلاپ، ئېرىق ياقىلاپ كەتتى.

ئالماس ئەدىلا مەھەللە ئىچىگە كىرىپ كېلىشىگە، توغرا يولدىن لەيلىگۈل چىقىپ كەلدى.

ئالماس لەيلىگۈلنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ھە، لەيلىگۈلمۇ سىز، ئەدىن كېلىۋاتىسىز؟ — دېدى.

— ئەدىن كېلەتتىم، سىزنى ئىزلەپ يۈرىمەن، — دېدى قىز خۇش خۇيلۇق بىلەن كۈلۈپ، — بىر چاغلاردا سىز مېنى ئىزلەيتتىڭىز، مانا ئەمدى مەن سىزنى ئىزلەيدىغان بولدۇم......

ئالماس نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدى.

لەيلىگۈل شانىيازلار بىلەن ناھىيىدە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىدا بىر ئايچە ئوقۇغىنىپ چىققاندىن كېيىن، ئالماس تېخى قىز بىلەن ئۇز پاراڭلىرىنى سېلىشقىدەك بولمىدى. لەيلىگۈل ناھىيىدىن چىقىپلا ئۇز ئىشىغا ئۆزىنى ئۇرۇپ كىرىشىپ كەتتى، ئۇ ياشلار، ئاياللار ئىچىدە بىر قاتار تەشكىللىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى قانات يايدۇرۇۋاتاتتى. ئالماس بولسا، ھەمىشەم ئالدىراش ۋە كوپىنچە ۋاقتى مەجلىس، سوھبەت يىغىنلىرى بىلەن ئوتەتتى. شۇنداق بولسىمۇ بۇ ئىشلار ئۇلارنىڭ قەلبىدە يالقۇنجاپ يېنىپ تۇرغان مۇھەببەت ئوتلىرىغا ھالاقەت بەرمەيتتى؛ چۈنكى ئەمدى ئۇلارنىڭ ساپ مۇھەببىتىگە، نازۇك تۇيغۇلىرىغا ھالاقەت بېرىدىغان ھېچقانداق كۈچمۇ يوق ئىدى......

بىراق، قارلىق كېچىدىكى ھېلىقى ئۇچرىشىشتىن كېيىن، ئالماس يېزا يىگىتلىرىگە خاس بىر خىل تۇيغۇ بىلەن شۇنچىلىك تارتىنچاق بولۇپ كەتتىكى، لەيلىگۈلنى كورۇپ قالغان چاغلىرىدا، ئىختىيارسىز ھالدا بىر خىل نا قولاي ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ، ئۆزىنى قاچۇراتتى: "توۋا...... شۇمۇ ئىشمۇ؟ ئۇ قىز مېنى يەۋاتقىنى يوققۇ. ئەكسىچە مەن لەيلىگۈلنى شۇنچىلىك يارىتىمەن؛

بىزنىڭ رايوندا شۇنداق جەسۇر، ئىرادىلىك، باتۇر قىز تېخى يوق. ئەجەپ ئىش. ئۇنىڭدىن ئۆزەمنى قاچۇرۇپ يۈرگىنىم نە- مىسى. بەللى ئالماس، ياشاپ كەت؛ سەن تازىمۇ ئاجايىپتە! نىمە سەن، ۋاقتى كەلگىچە، ئۆزەڭنىڭ تۆز گېپىڭنى قىلىپ يۈرۈۋەر- سەڭ بولمىدىمۇ. ئۆزەڭنىمۇ، قىزنىمۇ ئوڭايسىزلاندۇرغىنىڭ تازىمۇ قاملاشمىغان ئىش-تە!......"

ئۇ، كۆڭلىدە كۆپ قېتىم ئۆزىنى ئۆزى جىمىلەپ كايىغان بولسىمۇ، قىز بىلەن يالغۇز ئۇچرىشىپ قالغاندا، ئىختىيارسىز ئەپسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغان روھىي ھالىتىنى ھېچبىر ئۆز- گەرتەلمىدى.

ئەكسىچە، لەيلىگۈل پۈتۈنلەي باشقىچە ئىدى، ھەرقان- داق يىگىتلەر بىلەن كەڭ-كۇشادە چاقچاقلىشىپ، گەپ بەر- مەي، ئۇلارنى ھېدۇقتۇراتتى. ئالماسنى بولسا، چىن كۆڭلىدىن ھۆرمەت قىلاتتى، كۆڭلىدىكى گەپلەرنى ھېچبىر تارتىنماي ئېيى- تاتتى. ئۇ ئۆزى ئالماسنى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرگىنىدەك، ئالماسنىڭمۇ ئۆزىنى قالتىس ياخشى كۆرىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. ئەمما ھازىر ئالماسنىڭ يۈكى ناھايىتى ئېغىر، بۇ يۈكنىڭ يېرى- مىنى كۆتىرىشىپ بېرىشكە قىز تەييار. لېكىن، ئالماس ئۇنى ئايايتتى، ئايىغىنىنىڭ ئۆزى توغرا ئەمەس، قىز بۇنىڭدىن خاپا بولاتتى......

ئالماس لەيلىگۈلنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان چولپان كۆزلىرىگە ھىرسلىق بىلەن قارىدى:

— لەيلىگۈل، نىمە بولدى، بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟ — دىدى.

ۋە يەنە: "تۇۋا، شۇمۇ گەپمۇ؟ مەن نىمىشقا بۇ قىزغا

تۈزۈكرەك بىرەر ئېغىز سۆزلىمۇ قاملاشتۇرۇپ ئېيتالمايدىغاندىمەن...... ئىشىڭىز بارمىدى!......شۇمۇ گەپ بوپتۇ-دە، ئىشى بولمىسا مېنى ئىستەمدۇ؟ ئىش ئۈچۈنلا مېنى ئىزلىشى ھاجەتمۇ، قانداق بىمەنىلىك، مەن تازىمۇ دۆت-تە!......" دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

ئەمما، لەيلىگۈل ئەكىلىك بىلەن يايراپ تۇرۇپ:

— ئىممىشقا ئىشىم بولمىسۇن، مەن سىزنى ئىزلەپ يۈرگەنگە ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىت بولدى، — دېدى ۋە قالغاچ قانىتىدەك قارا قاشلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ، ئالماسنى ئالدىراتتى، — بىلەمسىز، بىزگە كىم كەلدى؟ يولداش جاپپاروپ، چۈيجاڭ. يولداش جاپپاروپ تېخى بايىلا يېتىپ چىقتى. يولداش دۆڭ تېخەن سىزنى ئىزلەپ نەچچە كىشىنى ئەتراپقا چاپتۇردى. يولداش جاپپاروپ كارامەت ئادەم ئىكەن. ئۇمۇ دۆڭ تېخەنگە ئوخشاش، ئەسكەرلىكتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كىشى ئىكەن. شۇنداق قىزغىن، چىقىشقاق، خۇش چاقچاق ئادەمكى، بىز بىر كۆرۈپلا ھېچقانداق تارتىنمايلا تونۇشۇپ قالدۇق. سىزمۇ چۈيجاڭ بىلەن تونۇش ئىكەنسىزغۇ، جۈرۈڭ، ھەممەيلەن سىزگە قاراپ قالدى......

ئالماس جاپپاروپنىڭ بۇ يەرگە رايون باشلىقى بولۇپ خىزمەتكە تەيىنلەنگەنلىكىدىن خېلى بۇرۇنلا خەۋەردار ئىدى. ئۇنىڭ يېتىپ چىققانلىقىنى ئاڭلاپ، خۇشال بولۇپ يايراپ كەتتى:

— قالتىس ياخشى ئىش بولدى، جۈرۈڭ، بارايلى، — دېدى ئۇ، — مانا ئەمدى كۈچىمىزگە يەنە كۈچ قوشۇلدى. بۇ جاپپاروپ بېشىدىن ئىسسىق-سوغاق ئۆتكەن، جەڭ قىلغان تەجرىبىلىك كوماندىر. ئۇنىڭ بىلەن مەن قانداق تونۇشۇپ قالدىم دېمەمسىز؟......

ئالماس ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، يان تەرەپتىكى ئۆرۈكلۈك باغدىن تويۇقسىز:

— ھارماڭ كومىسسار، تېچ كەپسىز، — دىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

ئالماس قۇلىقىغا ئىشەنمىگەندەك، ئاستىدىكى ئاق بوز ئاتنىڭ تىزگىنىنى ئىتتىك تارتىپ، كۆمۈش رەڭ سولار شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان ئېرىقنىڭ نېرىقى چېتىدىكى تېمى يوق ئۆرۈكلۈك باققا قارىدى.

رەڭگا - رەڭ باھار چىچەكلىرى بىلەن تولغان باغ ئىچىدىن يوغان ئىككى ئۆرۈم چېچىنى ئالدىغا تاشلاپ، بىرمۇنچە قىز - چوكانلار بىلەن خوشال يايراپ لەيلىگۈل چىقىپ كېلىۋاتاتتى.

ئالماس قىز - چوكانلارنى كورۇپ ئاتتىن چۈشتى ۋە چۇلۋۇرنى ئاتنىڭ بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ ئېلىپ، بېلىگىگە ئوتكۈزۈپ، ئايالارنىڭ ئالدىغا كەلدى.

ئايالار ئۆز ئادەتلىرى بويىچە، چۇۋۇرلىشىپ:

— ئالماس، ھارمىغىن، تېچ چىقتىڭمۇ؟......

— ئالماس، شەھەردە نىمە كوردۇڭ؟......

— ئالماس، شەھەردىن نىمە خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭ؟......


— ئالماس، ئىسلاھات بولىدۇ، دەمدۇ نىمە؟......

— ئالماس، يەرنى قاچان بولوسلەر؟......

— ئالماس، سەن شەھەرگە كىرىپ كەتكەندە، بۇ يەرگە تېلېفون سىمى تارتتى......

— ئالماس، بىز خوتۇن - قىزلار بىرلەشمىسى قۇردۇق......

— ئالماس، تۈنۈگۈن كەچتە مەدرىس ئالدىدىكى سەينادا تۇنجى قېتىم كىنو كوردۇق......دىيىشىپ، — ئۇچمۇ - ئۇچ سوزلە-



شىپ كەتتى، ئالماسقا ئۇ بۇ يەردە بولمىغان بىرنەچچە كۆن ئىچىدىكى يېڭىلىقلارنى يەتكۈزۈشتى.

ئالماس ئىككى قولى بىلەن ئىككى قۇلىقىنى بىر پەس ئېتىپ تۇتتۇۋالغاندىن كېيىن، ئاياللار چۇۋۇرلىشىشتىن توختىدى.

— يا ھەزرەت، سىلەر، ئاياللار، — دېدى ئالماس كۈلۈپ، قولىنى قۇلىقىدىن ئېلىپ، — ئاق قۇشقاچتەك ۋىچىرلىشىپ كېتىدىغانلار...... كىشىدىن سورايسىلەر، جاۋاپ بەرگۈزمەيسىلەر. نە-مە قىلىپ يۈرىسىلەر بۇ باغدا......

بىر ياش چوكان جانان چىنىدەك جاراڭلىغان ئاۋاز بە-لەن ئېيتتى:

— دېدىققۇ، خوتۇن - قىزلار بىرلەشمىسى قۇردۇق، دەپ. يەنە نىمە قىلىتۇق بۇ يەردە. لەيلىگۈل كەنتمۇ - كەنت يۈرۈپ، خوتۇنلارنىڭ تەشكىلىنى قۇردى، مانا ئەمدى بىزمۇ ئۆز تەش-كىلىمىزگە ئىگە بولدۇق......

بېشىغا ئاق رومال سېلىۋالغان ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال خۇشاللىق بىلەن سۆز قاتتى.

— لەيلىگۈل ناھىيىگە كۇرسقا بېرىپ، قېينانا بىلەن كېلىن، ئەر بىلەن خوتۇن مۇناسىۋىتى توغرىسىدا قۇلاق ئاڭلى-مىغان شۇنداق يېڭى گەپلەرنى كوتىرىپ چىقىپتۇكى، جاھان تا-زا ئۆزگىرىدىكەن دەپ ئىچ - ئىچىمىزدىن رازى بولدۇق. مېنىڭ بەڭگە ئېرىم يەنە دۇمبالاۋېرىدىغان بولسا، مەنمۇ ئەمدى تىلسىز ھايۋان ئەمەس، تەشكىلگە بېرىپ دەيدىغىنىمنى دەيمەن، نىمە خورلۇق بۇ!......

ئاق رومالىلىق ئايال شۇ گەپنى دەپ كوزىگە ياش ئال-دى. بېشىغا يېشىل ياغلىق چىگىۋالغان بىر ياش چوكان:

— لەيلىگۇل ئەر - ئاياللارنىڭ ھەممە ئىشتا باراۋەرلىگى، لېكىن ئەركىنلىگى، قىز بالىنى چېچىدىن سورەپ - تارتىپ، قوي - ئۆشكىدەك ئورنىدا خەققە زورلاپ تېڭىپ بېرىشكە بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ھەيران بولۇپ، ئىككى پۇتى ئورە قالغانلارمۇ بار، — دېدى.

بىرمۇنچە ئاياللار بېشىغا يېشىل ياغلىق تاڭغان چوكانغا جور بولۇپ سۆز قاتتى:

— تۇمشۇغىنى سوزۇپ، ئۈمچىيىپ كەتكەن قېيىنانىلارمۇ بار!......

— ئۇي ئىشنى ئەر خەقلەر، ئېتىز ئىشىنى خوتۇن خەق-لەر قىلار ئەمدى، دەپ زاڭلىق قىلغان ئەرلەرمۇ بار......

— بەش بارماق نەدە تەڭ بولغان، ئەر بىلەن خوتۇن باراۋەر دېگىنى نېمىسى، ئەر كىشى بىلەن قانداقمۇ تەڭ بولغىلى بولىدۇ، توۋا! — دەپ، ياقىسىنى تۇتقان خوتۇنلارمۇ يوق ئە-مەس......

— يۇرتنى خوتۇن خەق سورىسا، ئاخىر زاماننىڭ بولغىنى شۇ، — دەپ باتناپ يىغىندىن چىقىپ كەتكەن ئەر خەقلەرمۇ چىقىپ قالدى......

— .........

ئالماس بۇ گەپلەرنى بىر پەس ئاڭلاپ تۇرغاندىن كېيىن، تەمكىنلىك بىلەن:

— ئەر بىلەن ئايال ھەرۋاقىتتا باراۋەر دېگەن سۆز يېڭى جەم-يەتنىڭ خىسلىتى. يېڭى جەمىيەت بولغاندىكىن، ھەممە ئىش يېڭىچە، ئادىل، توغرا بولۇشى كېرەك، بولمىسا، ئازاتلىققا ئېرىشتۇق دېگىنىمىز-نىڭ مەنىسى نېمە بولىدۇ؟ — دېدى، ئاندىن ئۇ ئاياللارنىڭ ھەققى

ئازاتلىغىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ يولى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى: — ئەمگەكچى دېخانلارنىڭ، شۇ قاتاردا ئاياللارنىڭ ئەمەلدىكى ھەقىقى ئازاتلىغى، باراۋەرلىگىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن تۇغۇلغەن مۇشتەك بىرلىشىپ، كۈچ-مىزنى جەم قىلىپ، زومىگەرلەرنى يوقىتىپ، فېئودالىزىم زەنجىر-كىشەنلىرىنى چېقىپ تاشلىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ھەممىز ئورتاق قەد كوتىرەلەيمىز. بۇ يىل كۈزدىن كېلەر يىل ئەتىيازغىچە ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەركىتى ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ، چوڭ ئىش. ھەل قىلغۇچ كۈرەش بولىدۇ. ئۇنىمىزدىكى تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، زومىگەر-مۇشتۇمزورلارنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇش كۈرىشى بولىدۇ. بۇ كۈرەشتە، ئاياللار جەزمەن دېخانلار جەمىيىتىگە يېقىندىن ماسلىشىپ، ئاياللارنىڭ كۈچىنى تازا بىر كورسىتىپ قويۇڭلار......

ئاياللار ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ، تەرەپ-تەرەپتىن سوزلىشىپ كەتتى:

— خويما ئىش بولىدىكەن، مۇشتۇمزورلار جاجىسىنى يىسۇن ئىلايىم......

— ئاغىچا خېنىملارنىڭ ھالىچۇ تېخى......

— ھەي...... بۇ زوۋۇلىسىنى چوڭ ئۇزگەن ئاغىچىلارنىڭ چايانلىغى......

— بىز كەمبەغەل ئاياللارنى خارلاپ، كوزگە ئىلمايدىغىنىچۇ، تېخى.

— ئېرى بورە، خوتۇنى بورە قانچۇق......كوزلىرىگە نوقۇپ-نوقۇپ تۇرۇپ، ئىچ-قارنىمنى بىر بوشتۇالسام......

— ... ... ...

يەنە بىرنەچچە ئايال كوز يېشى قىلدى. مەخمۇت بەگنىڭ قامچىسى ئاستىدا ئۆلگەن، يۇرتتىن قاڭقىپ چىقىپ ئىزسىز يو-قاپ كەتكەن ئەرلىرى؛ دەريا چىقىلىنىڭ ھاشاسىدا پۇت-قوللىرى چىقىۋېتىلگەن، ھىيىماق قىلىپ قويۇلغان ئاكا-ئۇكىلىرىنى ئەس-لەشتى......

ئالماس دەرتمەن ئاياللارنى غەم-ئەندىشىنى تاشلاپ، دى-خانلار جەمىيىتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، كۈرەش قىلىشقا چاقىرىدىغان بىرنەچچە ئىغىز سوز قىلىپ، ئۇلار بىلەن خوش-لاشتى.

لەيلىگۈل ئالماس بىلەن خوشلىشىپ تۇرۇپ:

— قېرىنداشلار يەر ئىسلاھاتىنى تېزرەك ئېلىپ بېرىشقا ناھايىتى تەقەززا. ئىسلاھات قىلىپ بېرىدىغان ھۆكۈمەت كىشى-لىرى يېتىپ چىققىچە، خەقنىڭ كوزى تېشىلىپ كېتىدىغان بول-دى، — دىدى.

ئالماس ئويلانغان ھالدا:

— بۇ نىمە دىگىنىڭىز لەيلىگۈل؟ — دىدى ۋە قىزنىڭ كوزىگە قاراپ ئېيتتى، — بۇ ئىشنى بىزگە بىرسى قىلىپ بېرەم-دىكىنا؟......

— بۇ قانداق گەپ، ئەمسە؟......

— ئۆزىمىز ئىشلەيمىز......

— ئۆزىمىز ئىشلەيمىز؟......

— شۇنداق، — دىدى ئالماس، — يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش دىخانلارنىڭ ئۆز ئىشى. كەڭ دىخانلار ئۆزى قوزغىلىپ قىلىدىغان چوڭ ئىش، بىز ئۆزىمىز قىلىمىز. ناھىيىلىك پارتىيە

كومىتېتى بۇ ئىشقا جىددى تەييارلىق قىلماقتا، نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان قىلىۋاتقان ئىشىمىزمۇ مۇشۇ ئىشنىڭ تەييارلىقى. پارتىيە ئەلۋەتتە رەھبەرلىك قىلىدۇ، بىز ئۇزىمىز قىلىمىز، بۇنىڭدا گەپ يوق. مەن سىزگە بىر خەۋەر ئېيتاي. بۇ قېتىمقى يىغىندا مۇشۇ ئىش مۇزاكىرە قىلىندى، ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يازلىق يىغىمتېرىمدىن كېيىن بىزنىڭ رايوندىن ئاتمىشتىن سەكسەنگىچە كىشى ناھىيەگە كىرىپ، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىدا ئوگىنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى تايانچلار بولىدۇ. بىز ئۇ يەردە سىياسەتنى ئىگەللىۋېلىپ، ئاندىن كۇرەشنى قانات يايدۇرىمىز......

— مەن بۇ كۇرسقا قاتناشسام بولامدۇ؟ — دىدى لەيلىگۈل شاتلىنىپ.

— ئەلۋەتتە، — دىدى ئالماس، — بىز جەزمەن بۇ چوڭ ئىنقىلاپنىڭ ئالدىنقى سېپىدە بەل تىكىپ مېڭىشىمىز كېرەك......

ئالماس لەيلىگۈل بىلەن خوشلىشىپ، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى قايرىپ، ئۆزەڭگىگە پۇتىنى ئالاي دەپ تۇرغاندا، يېزىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى تاشلىق ساي تەرەپتىن ئېتىزلارنى ئارىلاپ، يېڭىدىن تەيىنلىنىپ كەلگەن رايون باشلىقى جاپپاروپ چىقىپ كەلدى.

ئالماس بىلەن لەيلىگۈل ئىتتىك جاپپاروپ تەرەپكە قارىدى......

## 2 . جاپپاروپنىڭ ھىكايىسى

جاپپاروپ ئېگىز بوي، قەددى - قامىتى كېلىشكەن، توم قارا قاش، قاڭشالىق، يارىشىملىق بۇرۇت قويغان، بوغداي ئوڭ،

كوزلىرى ھەممىشەم كۇلۇپ تۇرىدىغان خۇش خۇي ئادەم بولۇپ، شۇ تاپتا ئۇستىدە ھەربى بەلگىلىرى ئېلىپ تاشلانغان قېنىق ماش رەڭ گىمناستۇركا، بېلىدە كەمەر، گىلەپى شىم، پۇتىدا مىللى ئارمىيىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى كىيىدىغان كالتا قونجلىق، قېلىن چەملىك ئۇتۇك بار ئىدى. كوكرىكىدە غەربىي شىمالنى ئازات قىلىشقا توھپە قوشقانلىقى ئۇچۇن تەقدىم قىلىنغان كۇمۇش مېدال چاقـ ناپ تۇرۇپتۇ، ئۇڭ مۇرىسىگە قىزىل بەشيۇلتۇز كەشتە قىلىنغان ئاددى لاتا پوپكا ئاسقان بولۇپ، قولىدا كەڭ چېكىلەكلىك، بىر ئاز ئوگگەن نىل رەڭ سارجا شەپكە بار ئىدى.

ئالماسنى كورۇپ جاپپاروپنىڭ چىرايىدا بىر خىل رازىـ مەنلىك ئالامەتلىرى جىلۋىلەندى ـ دە، دەررۇ شەپكىسىنى بېشىغا كىيىپ، ئۇستىۋاشلىرىنى تۇزىگەندىن كېيىن چورىسى قىرقىلغان كاپكازچە بۇرۇتىنى ئادىتى بويىچە بىگىز بارمىغى بىلەن بېسىپ. بېسىپ قويۇپ، خۇشاللىق بىلەن ئالماسقا قاراپ قول ئۇزاتتى:

— تولا ياخشى ئىش بولدى، يارايسىز، — دىدى جاپپاروپ ئالماسنىڭ قولىنى قىزغىن، چوڭقۇر سەمىملىك بىلەن قاتتىق قىسىپ تۇرۇپ، — ناھايىتى ياخشى، شۇ تاپتا كېلىشىڭىزمۇ؟

— شۇنداق يولداش چۇيجاڭ، شۇ تاپتا چىقىشىم، — ئالماس جاپپاروپ بىلەن كورۇشۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ھورمەت بىلەن قاراپ قويدى، — چۇيجاڭ، سىز......

جاپپاروپ ئالماسنىڭ سوزىنى بولدى ۋە بىر خىل دوستانە يېقىنلىق بىلەن ئوڭ قولىنى ئالماسنىڭ مۇرىسىگە ئالدى:

— بولمىدى، بۇ گەپ ئەمدى قاملاشمىدى، — جاپپاروپ كۇلۇپ تۇرۇپ ئېيتتى، — قايسى كۇنى ئىككىمىز كېلىشكەن ئەـ مەسمۇ، "چۇيجاڭ"، "كومىسسار" دىگەن گەپنى ئاتاشمايلى، ئاكاـ

ئۇكا دېيىشسەكمۇ، توغرىدىن - توغرا ئىسمىمىزنى ئاتاشساقمۇ بو-لىدىغۇ، مۇشۇ ياخشى، مۇشۇنداق قىلىمىزمۇ؟......

ئالماس كۈلۈپ كەتتى:

— بولىدۇ، ئادەتلىنىپ قاپتىمەن، — دېدى ئۇ، — بىزنىڭ بۇ يەردىمۇ شۇنداق، چوڭىمىزنى ئاكا، كىچىكىمىزنى ئۇكا دېيە-شىمىز، يېقىنلىقىنىڭ بەلگىسى، شۇنداق قىلايلى، — ئالماس شۇ-نىڭدىن كېيىن ئۆيىنىڭ تېزگىنىنى بىلىگىگە ئوتكۈزۈپ، جاپپاروپ بىلەن رايون مەھكىمىسى ئورۇنلاشقان "ياغاچ پۇشتى ماكان" تەرەپكە قاراپ يول ئالدى ۋە كېتىۋېتىپ سورىدى، — سىز بۇ يەرگە چىقىپ بىرنەچچە كۈن ئوتە-ئوتمەي، مەن ناھىيىگە يىغىنغا كىرىپ كېتىپ قالدىم، بولمىسا، پۈتۈن رايوننى ئۆزۈم بىر ئايلاندۇرۇپ، كورسىتىپ چىقاي دېگەن ئىدىم. قانداق، بىز-نىڭ بۇ يەرلەر ياقتىمۇ، كونۇپ قالدىڭىزدەك تۇرامسىز؟......

جاپپاروپ يېنىدىن مورخۇركا ۋە گېزىت قەغىزى چىقىرىپ، ئوز تىلى بىلەن ئېيتقاندا، سولداتچە قىلىپ تاماكا ئورىدى، ئاندىن بۇ ئەپچىل ئورالغان كانايچە تاماكىنى كالپۇكىنىڭ بىر چېتىگە قىستۇرۇپ، سەرەڭگە يېقىپ تۇرۇپ ئېيتتى:

— "ياقتىمۇ"، "كونىدىڭىزمۇ" دېگەن سوزلەر مېنىڭ مىجەزىم بىلەن ئانچە چىقىشمايدۇ؛ لىللا گەپنى ئېيتسام، مەن ھەممە يەرگە كونۇپ، ھەممە يەرگە سىڭىشىپ كېتىۋېرىدىغان ئادەممەن، — جاپپاروپ خوشاللىق بىلەن ئالماسقا قاراپ قويدى، — بۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى ھەممە يېزىلارنى، ئاساسلىق كەنتلەرنى ئايلىنىپ چىقتىم؛ يول-داش دۇڭ تېخەن بىلەن يەنە ئېلىشا تاغىنى يوقلىدۇق. ھەممىسى ئوز قېرىنداش، ھەممىسى جان - جىگەر تۇققانلار. بىر قېتىم يۈز كو-رۇشۇپلا كونا قەدىناسلاردەك ئېچىلىشىپ قالدۇق. شۇنداق

ئىسىل، ئاقكوڭۇل خەق، شۇنداق ئىسىل، ئالتۇندەك بىپايان مۇنبەت زېمىن - تۇپراق، نېمىشقا ياقمىسۇن. تەر ئاققۇزۇشقا ئەرزىيدىغان جاي تۇرسا!...... ئىللا گەپنى ئېيتسام، — دېدى جاپپاروپ قوشۇمىسىنى سەل تۈرۈپ، نېمىندۇر ئويلانغان هالدا، — بىزنىڭ بۇ زەرەپشان يېقىن كەلگۈسىدە ۋەتىنىمىزنىڭ مول ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش كانى، قىممەتلىك، مول پاختا ماكانى بولۇپ، دەررۇ كوتىرىلىپ چىقىدىغانلىقىغا قىلچە گۇمان قىلمايمەن. لېكىن، بۇنىڭ ئۈچۈن بىر قېتىملىق چوڭقۇر ئىجتىمائى ئۆزگىرىش— يەر ئىنقىلاۋى ئېلىپ بېرىش كېرەك. هازىرقى مۇهىم مەسىلە، دېخانلارنىڭ پۇت - قولىدىكى كىشەن - زەنجىرنى چېقىپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ تېزرەك قەد كوتىرىشىگە ياردەم بېرىش مەسىلىسى......

جاپپاروپ تۇرۇپ خوشال بولۇپ يايراپ، تۇرۇپ غەزەپلىنىپ قوللىرىنى شىلتىپ تۇرۇپ، بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىنكى تەسىراتلىرىنى سوزلەپ بەردى.

— مەن ماجانتال، كوكقوم، تارام بويى، جىگدە باغ كەنتلىرىدە پىشقەدەملەر بىلەن مۇڭداشتىم، — دېدى جاپپاروپ يەنە بىر قېتىم تاماكا ئوراپ كېتىۋېتىپ، — قېرىنداشلارنىڭ ھەممىسىدە بىر ئارمان بار، ئۇز دۈشمىنىدىن دەررۇ ئوچ ئېلىپ پۇخادىن چىقىش. لېكىن، مەخسۇت بەگنىڭ تېخىچە تىرىكلىگى، قولغا چۈشمىگەنلىگىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خېلى بىر قىسىم كىشىلەردە ئەندىشە، قورقۇشمۇ بوپتۇ. مەن سىزگە ئېيتسام،—دېدى جاپپاروپ بىر ئاز غەزەپلىنىپ، — تارام بويى كەنتىدە يۈز بېشىنى غۇلىتىپ، كەنت باشلىغى سايلاش يىغىنىدا، دېخانلار غەزەپلىنىپ كېتىپ، ئىككى يۈزبېشىنى تۇيۇقسىز سورەپ ئوتتۇرىغا چىقىرىپتۇ - دە، كۇرەش قىلىپ، زىر سىقىرىتىۋېتىپتۇ. بىر

ھىلىگەر كونا يوزبېشى بېشەملىك قىلىپ، تولۇمىدىن توقماق چىققاندەك:

— مەن نىمە، مەخسۇت بېگىم نىمە دىگەن بولسا شۇنى قىلدىم، ئۇلارغا ھىچ گەپ يوق، ماڭا دەشىنامىمۇ؟ — دەپتۇ.

ئۇنىڭ بىلەن زوكۇنلىشىۋاتقان دىخان:

— مەخسۇت بېگىڭ بېشىنى يىدى، قاغا - قوزغۇنغا يەم بولۇپ ئۆلدى، ئىشەنگەن تېغىڭ ئەمدى يوق، — دەپتۇ. ئەمما، ھىلىقى ھىلىگەر يوزبېشى:

— شۇنداق بولىشىغۇ ئىشنىڭ ئەپلەشكىنى، لېكىن، مەخسۇت بەگنى ئۆلدى دەپ كىم ئىپتالايدۇ؟ بار ئىكەن، تاققا چىقىۋاپ-تۇدەك، — دىگەن ئىكەن، قايىنغان قازاندەك ۋاراقلاپ كۆرەش قىلىۋاتقان خەق بىردىنلا لەسىدە بولۇپ قاپتۇ...... كوردىڭىزمۇ؟ ئىش مۇشۇنداق، بۇ گەپنى دىگىنى ئۇچۇن يوزبېشىنى ئېتىۋې-تىش مۇمكۇن ئەمەس. لېكىن، مەخسۇت بەگنى تۇتمىغىچە ۋە ئۇنىڭ مىڭىسىنىڭ قېتىغىنى چىقىرىپ، ئولۇگىنى سازايى قىلمى-غىچە خەق پۇخادىن چىقمايدىغاندەك......

بۇ، راست ۋە ئالماسنىڭ كوڭلىدىكى گەپلەر ئىدى.

مەخسۇت بەگ دىسە، ئالماسنىڭ قوشۇمىلىرى مۇشتەك چىڭ تۇگۇلۇپ، كوزلىرىدە غەزەپ ئوتلىرى قاينايدىغانلىغىنى جاپپاروپ ئومۇمەن قىياس قىلىسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ تەپسىلاتى بىلەن تېخى تونۇش ئەمەس ئىدى. پەقەت دوك تېخەننىڭ ئالماس توغرى-سىدىكى ئېنىق ۋە موكەممەل باھاسىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشەنچ بىلەن ھورمەت قىلاتتى.

ھازىر ئالماس جاپپاروپنىڭ تەسىراتىنى ئاڭلاپ كېلىۋېتىپ، مەخسۇت بەگنىڭ مۇدھىش تەلەتىنى كوز ئالدىغا كەلتۇردى،

قويۇق قوشۇما قاشلىرى ئوز - ئوزىدىن تۈگۈلدى ۋە ئىمىندۇر دىمەكچى بولۇپ، جاپپاروپقا قارىدى.

جاپپاروپنىڭ كوزلىرىدىنمۇ بىر خىل غەزەپ ئوتلىرى يېنە-ۋاتقاندەك بىلىندى. ئالماس ئۇنىڭ چېكە چاچلىرىغا ۋاقىتسىز چۈشكەن ئاقلارنى كورۇپ، "جاپپار ئاكا، كوپ ئىشلارنى كورگەن، بېشىدىن ئىسسىق - سوغاق ئوتكەن كىشى بولسا كېرەك" دەپ ئويلىدى. شۇ چاغدا، ئۇنىڭ كوزى تاسادىپى جاپپاروپنىڭ ئوڭ چېكىسىدىكى تەڭگىدەك چوڭلۇقتىكى تاتۇققا چۈشتى.

ئالماس بۇ تاتۇقنى جاپپاروپ رايونغا يېڭىلا يېتىپ چىققاندا بايقىغان ئىدى، لېكىن، تاتۇقنىڭ ئوڭ قېشى بىلەن تۇتە-شىپ، خۇددى سوڭگىنى تومۇر بىلەن چۇرۇپ ئۇچۇرۇۋەتكەندەك، بىر چوڭقۇرلۇق هاسىل قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى سەزمىگەن ئىدى. ھەتتا ئۇ، بۇ قېتىم سىنچىلاپ قارىغاندا، جاپپاروپنىڭ ئوڭ قېشى سول قېشىدىن خېلىلا كالتا ئىكەنلىكىنى بايقاپ ھەيران بولدى

ئالماس بۇ تاتۇقنىڭ سىرىنى بىلگۈسى كەلگەندەك، ئۇ يەرگە يەنە بىر قېتىم قارىدى.

جاپپاروپ بۇنى سەزدى ۋە ئالماسنىڭ "تاتۇق"قا قىزىقىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، خۇش خۇيلۇق بىلەن كۈلۈپ كەتتى:

— قانداق، يارىشىپتىمۇ، قىزىقىۋاتامسىز؟ — دىدى ئۇ ۋە يەنە تاماكا ئۇراشقا كىرىشتى، — كوكرىگىمدە بىرنەچچە مېدال بار، مەن ھازىر پەقەت بىرنى خاتىرە ئۇچۇن تاقاپ يۇرىمەن، — دىدى جاپپاروپ كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئەمما، بۇ تاتۇق قومۇرۇ-ۋالغىلى بولمايدىغان خاسىيەتلىك مېدال، ئىنقىلاپنىڭ يالدامىسى. بىراق، — دىدى ئۇ شوخلۇق بىلەن كوزىنى قىسىپ قويۇپ، — بۇ، خوتۇنلار ئۇچۇن ئانچە چىرايلىق كورۇنمىسە كېرەك. بۇ

تاتۇق پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى خوتۇنلار ئۇچۇن مەلدە قىزىقـ
قىدەك ھېچنىمە يوق ئىدى. بۇ تاتۇق پەيدا بولغاندىن كېيىن بولسا، مېنىڭ ئۇزەمنىڭ خوتۇنلارغا قارايدىغان چولام بولمىدى. شۇ سەۋەپتىن بولسا كېرەك، مانا يېشىم ئوتتۇزدىن ھالقىدى. يولداش دۇك تېخەنگە ئوخشاشلا بويتاق يۈرىمەن. يولداش دۇك تېخەن بىلەن ئىككىمىزنىڭ ھايات كېمىمىز ئوخشاش ئىكەن، توختىماي ئۇزۇپ يۈرۈۋېرىپتۇق. ئەمما، بۇ يەردە يەنە بىر ئالاـ ھىدە جۇپ تېپىلدى— ئىلشا تاغا. ئىلشا تاغمۇ جاھان كېزىپ ئۆز كېمىسىنى بىر جايدا توختاتماپتۇ، كېمە بىر جايدا توختىـ مىغان ئىكەن، ئوي - ئوچاقلىق بولۇشتىن گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ. ئەگەر، — دېدى جاپپاروپ ئالماسقا بىر خىل دوستانە چاخچاقـ مىزىقچىلىق بىلەن، — سىز ئۇكا، پات ئارىدا توي قىلىپ، ئوـ ڭىزگە جۇپ تاپمىسىڭىز، بىز نەق توت بويتاق بولىمىز!......

جاپپاروپ شۇ گەپنى دەپ، خوش خوي ئاۋاز بىلەن كۇلۇپ، كەتتى. ئالماسمۇ قاقاقلاپ كۇلۇپ كەتتى.

ئاندىن جاپپاروپ ئۆزى توغرىسىدا ئېيتىپ بېرىشكە كىرىشتى.

جاپپاروپ ئۆزى بېسىپ ئوتكەن ئۇزۇن يىلنىڭ خاتىرىـ لىرىنى ئەسلىگەندە، ئۇنىڭ يۈزىدىن بايىقى خوش خوي تەبەسسۇم ئىزلىرى بىر - بىرلەپ ئوچتى، قولىدىكى تاماكىنى تاشلىدى - دە، بىردىن مۇلايىم بولۇپ قالدى......

"جاپپار" — "جاپپاروپ" دەپ ئاتىلىدىغان بولغىچە ئۇزاق بىر جەريان ئوتتى.

جاپپارنىڭ بالىلىق، ئوسمۇرلۇك چاغلىرى دولان دەرياسى بويىدىكى بىر چوڭ يېزىنىڭ كالتا بازىرىدا ئوتتى. ئۇنىڭ داـ دىسى ئۆز ئۇزۇق - تۈلۈكىگە يەتكۈدەك تېرىلغۇ يەر باشقۇرغان،

مۇھىمى كالتا بازارچىلىقنى كەسىپ قىلغان سودىگەر ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمى ئىشق - ھەۋەس بىلەن ئۆتتى، ئىچىملىكنى يامان كۆرەتتى، لېكىن، يېشى چوڭايغانسېرى نەشە چېكىشكە بېرىلىپ كەتتى. ئىككى خوتۇنى بار ئىدى.

جاپپارنىڭ ئانىسى يۇۋاش، مىسكىن ئايال ئىدى ۋە ئاستا - ئاستا كىچىك ئاغىچىنىڭ ئۆي خىزمەتچىسىگە ئايلىنىپ قىلۋاتقانلىقىدىن ھەسرەت چېكىپ، دەرت ئىچىدە ياشايتتى ۋە ئاغرىقچان بولۇپ قالدى. بىر يىلغىچە ئەلەڭ - سەلەڭ بولۇپ يۈرۈپ، قۇرىغان ياپراقتەك بىردىنىلا سارغىيىپ جىمجىتلا ئالەمدىن ئۆتتى.

بۇ چاغدا جاپپار توققۇز ياش، ئاكىسى ئەھەت ئون ئىككى ياش ئىدى.

ئۆگەي ئانا رەھىمسىز ۋە تەلۋە بولۇپ چىقتى. ئۇنىڭ بالىلارغا قارايدىغان كۆزى يىرىق ۋە ئۆچ ئىدى، كىچىككىنە بىر سەۋەنلىك ئۈچۈنمۇ ھەرىدەك چېقىپ، چاياندەك نەشتىرىنى سانچىپ تۇراتتى. دادىسىنىڭ بولسا، بۇ ئىشلارغا ئارىلىششقا ھەپسىلىسى يوق. بالىلار بۇ ئۆيىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن يات ۋە بىگانە ھېس قىلىپ قالدى.

بىر كۈنى كىچىك ئاغىچا قاشلىرىغا ئۇسما قويۇۋېتىپ، ئۆزىگە ئەينەك تۇتۇپ بېرىۋاتقان جاپپارنىڭ ئەينەكتە ئۆزىنى ياخشى كۆرسەتمىگىنى، ھاڭۋاقتىلىق قىلغىنى ئۈچۈن، ئەستىگە "چاڭ" قىلىپ بىرنى سالدى - دە، گەجگىسىدىن تۇتۇپ قاتتىق ئۇرۇپ، بوسۇغىغا ئىتتىرىۋەتتى. جاپپار بوسۇغىغا دۈم چۈشۈپ، بۇرنىدىن ئۇقتەك قان كەتتى.

كىچىككىنە ئەمەت بۇ ئىشتىن غەزەپلەندى - دە، جاپپارنى يېتىلەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. شۇ چىقىپ كەتكەنچە بۇ ئۆيگە قايتىپ كىرمىدى......

خوتۇنپەرەسلىك ۋە نەشە بىلەن بۇلغىنىپ يۈرگەن دادا بۇ كۆڭۈلسىز، ئاھانەتلىك ھادىسىگە، گويا ھېچنېمە بولمىغاندەك پەرۋاسىز قاراپ، جىمجىت ئۆتكۈزۈۋەتتى.

ئەمەت بىلەن جاپپار بىر ھەپتىچە دولان يېزىلىرىدا تېنەپ - تەمتىرەپ يۈردى؛ ئاندىن تەقدىرنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس رەھىمسىز قولى ئۇلارنى يەكەننىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلۇق كاتتا بازىرىغا ئېپكېلىپ تاشلىدى. ئاكا - ئۇكىلار كوچا — رەستىلەر ئارىلاپ، قېقىلىپ - سوقۇلۇپ يۈرگەنلىرىدە ئۇلارغا شەپقەت قولىنى سۇنغان تۇنجى كىشى ماتا سايىۋەن ئاستىدا يايمىسىنى يېيىپ ئولتۇرغان ياماقچى موزدوز بولدى.

موزدوز ئۆز ھۈنىرىگە غەرەزسىز تىكىلىپ - تەلمۈرۈپ تۇرغان ئىككى بالىنىڭ ئىگە - چاقىسىز ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن جاپپارنى ئۆزىگە ئېلىپ قېلىپ، ئەمەتنى بالا تىلەپ يۈرگەن خوشنىسى باپكا — كاسىپقا بېرىۋەتتى. ئارىدىن بەش يىل ئۆتتى. ئۇلار ھۈنەر ئۆگەنگىنى يوق، بالا بېقىش، ئوتۇن يېرىش، سۇ ئېپكېلىش ئوخشاش ئائىلە ئىشلىرىدىن باش كۆتەرمىدى.

بىر كۈنى جاپپار چوڭ رەستىدە ئۈستىگە ئاق چىچۇڭكىدىن تونجۇركا كىيگەن، قولىدا كۆك تونكە پوپكا تۇتقان بىر ئادەمنىڭ ئەللىك - ئاتمىشچە گودەك بالىنى كەينىگە ئەگەشتۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. بالىلار بۇ ئادەمگە يېپىشىۋېلىپ چۇقۇرۇشۇپ كېتىۋاتاتتى. بالىلىق ئىنتىلىشى جاپپارنى ئىختىيارسىز ئەگىشىپ كېتىۋاتقان بالىلارغا ئارىلىپ قوشتى، ئۇمۇ ئەگىشىپ كېتىۋەردى.

تۈنىكە پوپكا تۇتقان ئادەم مېھمان قوبۇل قىلىدىغان كۆپ ھوجرىلىق بىر سارايىنىڭ ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدە توقۇمىچىلىق زاۋۇدى قۇرۇلغانلىقى، ئىشچى كاسىپ قوبۇل قىلىدىغانلىقى، خالىسا، ئەڭ ياخشىسى ئاتا-ئانىسى بولمىسا، ئۇلارنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېتىش مۇمكىنلىكىنى ئۇقتۇردى.

شۇ كۈنى جاپپار كېچىسى بېرىپ ئاكىسى ئەمەتنى تاپتى ۋە ھېچكىمگە مەسلىھەت سالماي، ئۈرۈمچىگە بېرىشنى قارار قىلىشتى. ئەلۋەتتە، باپكا بىلەن موزدۇز ياخشى ئادەملەر، لېكىن، ئۆمۈر بويى بالا بېقىپ ئۆتۈپ كېتىش مۇمكىن ئەمەستە......

ئۈرۈمچى توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قېرى گېنېرال جىڭ شۇ-رېن ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دەۋردىكى بىردىن-بىر چوڭراق سانائەت كارخانىسى بولۇپ، بۇ يەردە ئىككى يۈزگە يېقىن ئۇيغۇر، خەنزۇ ياشلىرى — ئەرزان باھالىق ئەمگەك كۈچلىرى ئىشلەيتتى.

جاپپار بىلەن ئەمەتنى بۇ فابرىكىنىڭ ئىپلاس، دىماقنى يارغۇدەك سېسىقچىلىق بىلەن قاپلانغان قوراسى كۆڭۈلسىز ۋە غەمكىن ھالەتتە قارشى ئالدى.

يېڭىدىن كەلگەن ياش كاسىپلارنىڭ ئۆز خوجايىنلىرىغا ھېچقانچە تەلىۋى يوق، پەقەت قوسىغىنى تويغۇزۇشنى، بىر پارچە ناندىن قىسماسلىقنى ئۈمىت قىلاتتى، خالاس.

كۈنلەر ئايلارغا ئۇلىشىپ ئۈچ يىل ئۆتتى. ئەمەت بىلەن جاپپار ھەقسىز ئىشلەيدىغان بالا كاسىپتىن دەستگاھنى ئىگەللەپ، ئۆز ھۈنىرىنىڭ ماھىرى بولۇپ، ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتنى ئانچە-مۇنچە كۆزىتىدىغان بولغان چاغلىرىدا، شىنجاڭدا پۈتۈن ئۆلكىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن بىر قاتار ۋەقەلەر بولۇپ ئۆتتى.

خوتەندە جىڭ شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى شامەنسۇرنىڭ
ئىسيانى پارتىلىدى. ئاراتۇرۇكتە سالى دورغا ناھىيە ئامبىلىنى
جىمىقتۇرۇپ، قۇمۇل قوزغىلىڭىنىڭ پەردىسىنى ئاچتى. خوجانىياز
ھاجىنىڭ قىسىملىرى قۇمۇلنى ئىگەللەپ، ياردەمگە كەلگەن ماجۇڭ-
يىڭنىڭ قىسىملىرى بىلەن بىللە، لەشكەر تارتىپ ئۈرۈمچىگە
يۈرۈش قىلدى. قۇمۇل قوزغىلىڭىنىڭ بېسىمى بىلەن جىڭ شۇرېن
ھاكىمىيىتى لىڭشىپ قالدى. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جىڭ
شۇرېننىڭ شەرقىي فرونت قوماندانى بولغان شىڭ شىسەي 1933-
يىل 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىكى چوڭ سىياسىي ئۆزگىرىشنى
قوزغاپ، جىڭ شۇرېن ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ، ئۆزى تەختكە
چىقتى.

شىڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، مەككار-
لىق بىلەن كوپقىرلىق ئىككى يۈزلىمە سىياسەت يۈرگۈزدى. كېيىن
پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە دەھشەتلىك قانلىق باستۇرۇشنى يولغا
قويدى ۋە ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى قىياپىتىنى ئېچىپ تاشلىدى.

ئۈرۈمچى سۈرلۈك ۋە ۋەھىملىك بولۇپ قالدى. ئاستا -
ئاستا ھەممە يەردە فاشىستىك تەرتىپ ئورنىتىلدى......

بۇ چاغدا، ئەمەت بىلەن جاپپار ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا
مەدىكارچىلىق قىلىپ ئوتمەكتە ئىدى. شۇ كەمدە ئەۋج ئالغان
تام مەش ياساش ئۇلارنىڭ تىرىكچىلىك يولىدىكى كەسپى بو-
لۇپ قالدى. كېيىن شىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ شۈيموگۈدىكى ھەربى
قورال - ياراق زاۋۇدى جاپپارنى ئوي رېمونت ئىشچىسى قىلىپ
ئۇزۇن مۇددەتلىك ياللىدى. ئەمەت بولسا، لىيۇداۋاندىكى بىر
خاڭتوغا باغلىنىپ، قۇدۇق ئاستى كومۇر قېزىش ئىشچىسى بولۇپ
ئىشقا كىرىشتى.

1943 - يىلىنىڭ كۈز پەسلىدە لىۋداۋالدىكى بىر كومۇر قېزىش قۇدۇقىنىڭ گومۇرۇلۇپ چۈشۈش ۋەقەسىدە ئەمەت ئوتتۇز نەچچە خاڭچى قېرىندىشى بىلەن بىللە، پاجىئەلىك تۈردە ۋاپات بولدى. جاپپار ئاكىسى ۋە قازا تاپقان خاڭچىلارنىڭ ئۆلۈگىنى كۆمۈپ قويغاندىن كېيىن، كومۇركان خوجايىنىغا غەزەپلەنگەن خاڭچىلارغا ھەمدەرت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىش تاشلىشىغا قاتناشتى.

ئەمما، خوجايىن بۇنىڭلىق بىلەن ھودۇقۇپ تەمتىرەپ كەتكىنى يوق. سەن ئىشلىمىسەڭ، ئالتە شەھەردىن ئايىغى ئۈزۈلمەي ئېقىپ چىقىۋاتقان مەدىكار ئىشلەمچىلەر ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا تولۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇلارنى خالىغانچە ئىشكىلىپ، ئاز - تولا ھەق بېرىپ ئىشلىتىۋېرىش مۇمكىن - دە!......

ئىش تاشلاش پايدىسىز بولۇپ چىقتى. جاپپار ئامالسىز يەنە قورال - ياراق زاۋۇتىغا باردى. ئەمما، بۇ كەمدە بۇ زاۋۇت گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن بولۇپ، توختاپ قېلىش ھالىتىگە چۈشكەن ئىدى ۋە جاپپارنىڭ ئۇ يەرگە ھاجىتى يوق بولۇپ چىقتى.

جاپپارنىڭ ھاياتىدا يەنە يېڭى سەرگەردانلىق باشلاندى. ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا ئۇزاق تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرۈشكە توغرا كەلدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى پاش قىلىش، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئىنقىلاپ خەۋەرلىرىنى تەشۋىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر يەر ئاستى گېزىت چىقىرىش گۇرۇپپىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. بۇ گۇرۇپپىنىڭ كىشىلىرى ئېيتقان گەپلەر، جاپپارنىڭ ئېچىنىشلىق ھاياتىدىكى خاتىرىلەرنى يەكۈنلەشكە، قەلبىدە تۇنجى قېتىم ئۈمىت چىرىغىنى ياندۇرۇشقا ياردەم بەردى. جاپپار ئۆزىنىڭ تام مەشچىلىك كەسپىنى ۋاستە

قىلىپ، لىۋداۋان، شۈيمۇگۇ ۋە نەنلىياڭ رايونىدىكى قېرىنداشلىرى ئارىسىدا مەخپىي تەشۋىقات ۋە رەقىبسى تارقىتىشقا كىرىشتى.

ئەمما ئۇ، ھېچقانچە ئىش قىلمايلا كەينىدىن پايلاپ ئىزىغا چۈشكەن گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، سىياسىي مەھبۇسلار بىلەن تولغان 3 - تۈرمىنىڭ قاراڭغۇ كامېرىغا تاشلاندى. تۈرمىدە تونۇش گوندىپاي ئۇنىڭ تام مەشچىلىك ھۈنىرىدىن پايدىلانماقچى بولدى ۋە ئۇزىنىڭ تام مېشىنى رېمونت قىلىشقا بۇيرۇدى.

جاپپار شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، 3 - تۈرمىنىڭ ئىچىدىن ئەپچىللىك بىلەن قېچىپ چىقتى - دە، يەنە يەر ئاستى كېرەت چىقىرىش گۇرۇپپىسىدىكى سەپداشلىرى بىلەن ئۇچراشتى. ئۇلار جاپپارنىڭ دەرھال غۇلجىغا بېرىپ ئىشلىشىنى قارار قىلدى.

جاپپارنىڭ غۇلجىغا كەلگەن چاغلىرى نىلقا ۋە تېكەس دەرياسى ۋادىسىدا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلاۋىنىڭ دەسلەپكى مىلتىق ئاۋازلىرى جاراڭلاپ ئېتىلىشقا باشلىغان پەيتكە توغرا كەلدى. جاپپار نىلقىنىڭ ئازات قىلىنغانلىقىنى ھاياجانلىنىپ ئاڭلىدى. ئۇ، بىر ئۆمۈر يىغىلغان ھەممە غەزەپ - نەپرىتىنى قەلبىگە يىغىپ، نىلقا پارتىزانلىرىغا قوشۇلۇپ كېتىشنى قارار قىلدى ۋە ئۇلارنى ئىزلەشكە كىرىشتى.

1944 - يىل 11 - ئايدا نىلقا پارتىزانلىرى غۇلجىدىكى گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى نىلقىغا قارىتىپ قويۇپ، ئۇزلىرى ئاۋرال توپىلىكلىرىدىن ئۇتۇپ غۇلجا شەھرىگە ھۇجۇم قىلدى.

جاپپار مەردانە ئىشتىياق بىلەن پارتىزانلارغا قوشۇلدى ۋە

غۇلجا ئازات قىلىنغاندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيىنىڭ تەركىۋىدە ئاۋرال ئېتەكلىرىدە، ئاراباغاتاي يايلاقلىرىدا، ئالتاي تاغلىرىدا قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلدى. مەشھۇر شىخو ئۇرۇشىدا ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدىن يۈرگۈچى قەھرىمان روتىسى بىلەن بىللە، گو-مىنداڭ باندىتلىرىنىڭ قاتمۇ-قات يول توساق-ئىستىھكاملىرىنى يىمىرىپ تاشلاپ، شەھەر دەرۋازىسىغا بوسۇپ باردى. قوش پىلىموت ئورنىتىلغان شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدىكى پوتەينى ئېلىش جېڭى ئۇزاق سوزۇلدى. يامغۇردەك ئېتىلىپ كېلىۋاتقان پىلىموت ئوقلىرى ئوت بولۇپ يانغان كوپ جەڭچىلەرنىڭ بېشىغا چىقتى. جاپپار بېلىگە ئون ئالتە گىراناتنى بىراقلا باغلاپ، ئوت لاۋىسى قايناپ ئېتىلىۋاتقان پوتەينىڭ قېشىغا ئېتىلىپ باردى-دە، ئوت لاۋىسىنىڭ ئېغىزىنى گىرانات توپلىرى بىلەن تۇۋاقلاپ، پوتەينىڭ كۆلىنى كوككە سورۇۋەتتى......

بىراق، جاپپار شۇ قېتىمقى جەڭدە ئوق چېكىسىدىن يارىلاندى. پىلىموت ئوقى ئۇنىڭ ئوڭ قېشىغا تۇتاش چېكىسىنىڭ گۆلىدەك سوڭىكىنى ئۇچۇرۇپ چىقىپ كەتكەن ئىدى.

بابا ئالماس سەپسالغان تەڭگىدەك تاتۇق ئەنە شۇ جەڭ-نىڭ يادنامىسى.

شىخو ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك غەلىبە قىلغانلىغىنىڭ بىر مۇھىم بەلگىسى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، جاپپار تاكى جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى بىلەن قۇچاقلىشىپ ئۇچراشقىچە، ماناس دەرياسى بويىدا، گومىن-داڭ باندىت قوشۇنى تەرىپىدىن كويدۇرۇپ كۆل قىلىۋېتىلگەن ماناس دەرياسى كوۋرۇگىنىڭ ئالدىدا ئىستىھكام قۇرۇپ، مىلتىق-

نىڭ نەيزىسىنى چىڭ قاداپ، توپ-توغرا ئۈچ يىل ئىنقىلاپ
مۇسىنى باتۇرلۇق بىلەن قوغدىدى......

“جاپپار” دېگەن ئۆز ئىسمىنى “جاپپاروپ” دېگەن پەمىلە
نامىغا ئاتاپ ئۆزگەرتىپ ئىشلىتىش بىر ئاز كۆلكىلىك بولسىمۇ،
لېكىن، جەڭچىلەر ئۆز باتالىيون كوماندىرىنى نېمە ئۈچۈندۇر شۇ
چاغدىكى غەيرى رەسمى ئادەت بويىچە “جاپپاروپ” دەپ ئاتاشقا
ئادەتلىنىپ قالدى. كېيىن بېرىپ ھەتتا بۇنىڭغا جاپپارنىڭ
ئۆزىمۇ ئۈگىنىپ قالدى. شۇڭا، بىزمۇ جاپپاروپ دەپ ئاتاۋېرەيلى......

جاپپاروپنىڭ ھېكايىسى ئاياقلاشقىچە، ئۇلار ئۆزلىرىمۇ
ۋاقىتلىق رايون مەھكىمىسى قىلىنغان مەخسۇت بەگنىڭ قوراسىغا
كېلىپ قالدى. جاپپاروپ ئۆز ھېكايىسىنى خۇلاسىلەپ تۇرۇپ
ئالماسقا ئېيتتى:

— شۇنداق ئىنىم، بۇ بىر جەريان، بۇ بىر تارىخ. ئازات-
لىق ئاسانلىقچە قولغا كەلگىنى يوق. ئۇ، بىرنەچچە ئەۋلات
قېرىنداشنىڭ ئىگىلمەي-سۇنماي، ئىز بېسىپ، ھەققەت — نىجاتلىق
ئىزلەپ، توختىماي ئېلىپ بارغان كۆرىشىنىڭ نەتىجىسى. يولداش
دۇڭ تېخەنمۇ، سىزمۇ، ھەممىمىز شۇ يولدىكى ئادەملەر ئىكەنمىز.
مەن بۇنىڭدىن بەك خوشال، خۇددى ئۆز ئائىلەم، ئۆز قېرىن-
داشلىرىم ئارىسىغا كېلىپ قالغاندەك بولدۇم. زەرەپشاننىڭ ئىس-
تىقبالى چەكسىز پارلاق. بىز چوقۇم بۇ ماكانىنى بىرلىكتە گۈل-
لەندۈرىمىز، يېڭى زەرەپشان قۇرىمىز......

جاپپاروپ سۆزلەۋاتقاندا، ئاتخانىدىن قىسمەت چورۇق
چىقىپ كەلدى ۋە ئالماسنى كورۇپ، خوشال-خورام كېلىپ قول
ئېلىپ كورۇشتى. ئاندىن ئالماسنىڭ قولىدىن ئاق بوز ئاتنىڭ
تىزگىنىنى قولىغا ئالدى:



— مەن قىسمەت چورۇق، ئۇكا، — دېدى ئۇ ئالماسقا قاراپ، — جاپپار چۈيجاڭ بىلەن ئۇبدانلا كېلىشىپ قالدىم، گوش بىلەن ياغدەك بىر تۇققان بولۇپ كەتتۇق. ھەي، قول قىسقا ـ دە. دۆڭ تېخەن بىلەن چۈيجاڭ رايوندا ماكان تۇتقاندىن كېيىن بىزەپ قىلىۋاتىدۇ، قاتتىق ـ قۇرۇق قالدى. ئەتىدىن ـ كەچكىچە خالتىسىغا نان سېلىپ يۈرۈپ، قۇرۇق نان غاجاپ ئۇتتۇش ئاسانمۇ؟ بىزگۇ ئۈگىنىپ قالغان خەق، نىمە بولسا شۇ، ئۇتتۇۋې ـ رىمىز. ئۇلارغا تەس ـ تە. بەزىدە ئىسسىققىنا چايمۇ بولماي قالىدۇ. ئاش ـ تاماقنى كىمنىڭكىگە كىرسەڭ تۇرۇپتۇ. كەل، بارىنى تەڭ كورىمىز، دەيدۇ. چاتاق يېرى دۆڭ تېخەن بىلەن چۈيجاڭ خەق ـ نىڭ ئۆيىگە كىرىشنىمۇ كىرىدىكەن، نوزەمبىللا بىر نىمە يېگىلى ئۇنىمايدىكەن، پۇل تەڭلەپ تۇرۇۋالىدىكەن ئەمەسمۇ. مانا شۇن ـ داق ئىش ئۇكا. ئۇلارنى قۇرۇق ناندىن قۇتقاز، ئاشخانا ـ پاش ـ خانا قۇر، ئۇلارمۇ ئىسسىققىنا بىر نىمە يېگەي، قاتتىق ـ قۇرۇق قالمىسۇن ـ دە!......

جاپپاروپ قىسمەت چورۇقنىڭ كوڭۇل بولگىنى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتتى ۋە بۇ گەپتان تاغا بىلەن بىرنەچچە ئېغىز چاخچاقلاشتى.

ئالماس جاپپاروپ بىلەن بۇگۇن كەچتە دۆڭ تېخەننىڭ ئىشخانىسىدا ناھىيىلىك پارتكوم ئاچقان يىغىننىڭ روھىنى مۇزاكىرە قىلىشنى كېلىشتى. ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ تۇرۇپ، جاپپاروپنىڭ چىكىسىدىكى قىممەتلىك تاتۇقىا يېنىپ ـ يېنىپ قاردى، قەلبىدە جاپپاروپقا نىسبەتەن چوڭقۇر ھورمەت ـ ئىشەنچ، تەلپۇنۇشنىڭ دولقۇنلىنىۋاتقانلىغىنى خوشاللىق بىلەن سەزدى......

## 3. مەدرىس تالىپلىرى

زەرەپشان بويلىرىدا ئوبا قاتىلاڭچىلىقى باشلاندى. ئېگىز- لىقلاردىن لەرزان ئوبا ئاخشىلىرى، خامانلاردىن رىتىملىق "لاي- لاي" ئېيتىشلار ئۈزلۈكسىز ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھەممە يەردە قول بولغا تەگمەيدىغان يازلىق يىغىم-تېرىم ئالدىراشچىلىقى كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. مانا پات ئارىدا يازلىق يىغىم-تېرىم ئاخىر- لىشدۇ، خېلى كۆپ دېخانلارنىڭ قولى تېزلا بوشايدۇ، ئاندىن، بىرىنچى تۈركۈم ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، يېزا ئاكتىپلىرى ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدا ئۇگەنىش ئۇچۇن يولغا چىقىدۇ. كۈرەش قىلىش جاسارىتىگە ئىگە، ئاز-تولا مەدەنىيەت سەۋىيىسى بار، تاللانغان ئاتمىش نەچچە كىشى قايتا-قايتا مۇزاكىرە قىلىنىپ بېكىتىلدى. جاپپاروپ بىلەن ئالماسنىڭ بۇ كۇرسقا بېرىشى بەلگىلەندى، دۆڭ تېخەن رايوننىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ قالىدىغان بولدى. يولغا چىقىدىغان ۋاقىت يەتكىچە، يازلىق يىغىم-تېرىمنى تېزرەك قولدىن چىقىرىش كېرەك. ھازىر دۆڭ تېخەنمۇ، جاپپاروپمۇ، ئالماسمۇ مۇشۇ ئىش بىلەن بەنت.

ئالماس بۇگۇن چۈشتىن سەل ھالقىغاندا،"ياغاچ پۈشتىماكان" كوچىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ياغاقلىق يېزا مەكتىۋى تەرەپ- تىن ئالدىراپ چىقىپ كېلىۋاتقان شاتۇر دوغىغا كوزى چۈشتى.

شاتۇر دوغا ئالماسنى كورۇپ، سەل ئەيمەنگەندەك قىلىپ، قەدىمىنى ئاستىلاتتى ۋە ئەتراپقا بىر قارىۋېلىپ، ئۇدۇل ئالماسقا قاراپ كېلىشكە باشلىدى.

ئالماس شاتۇر دوغىنى خېلىدىن بۇيان كورمىگەنلىكىنى ئەسلىدى. شاتۇر دوغا مەخسۇت بەگ تاققا قاراپ قاچقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزگەن ۋە كوكقوم

كەنتىدىكى ئۆزىنىڭ ئەسلى ماكانىغا قايتىپ، ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن مەشغۇل بولۇشقا كىرىشكەن ئىدى.

شاتۇر دوغا سەل قورۇنۇپ يېنىغا كەلگەندىن كېيىن ئالماس:

— ھە، شاتۇر، ئىش - ئۇقىتىڭ قانداق، نەلەردە يۈرىسەن؟ — دېدى.

— ئۇكام، كومىسار، ھەي مەن ئەقلسىز ئادەممەن، — دېدى شاتۇر دوغا خىجىل بولغاندەك بېشىنى يەرگە سېلىپ، — توگىدەك بويىڭ بولغىچە، تۇگمىدەك ئەقلىڭ بولسۇن دېيىشىپتىكەن. شۇ تۇگمىدەك ئەقلنى خۇدايىم ماڭا بەرمەپتۇ. جاھاننىڭ مۇنداق ئۆزگىرىپ كېتىشىنى كىم بىلسۇن؟ ياخشىمۇ سەن بار ئىكەنسەن، قۇتقازدىڭ، بولمىسا مەخسۇت بەككە چاپانچىلىق قىلىپ يۈرۈپ، بۇكەمدە نە ئاھانەت، نە پالاكەتكە قالماسمىدىم. بۇنىڭغىمۇ شۈكرى. دېخانلار جەمىيتى ئۆز قېتىغا ئالمىغان بولسىمۇ: قولۇڭنىڭ پەنجىسى بەش بولغاندىكىن ئىشلەپ يە، ئەجرى قىل، دەپ، مەخسۇت بەگنىڭ كوكقۇمدا تېرىلماي تاشلىنىپ قالغان يېرىدىن بىر چىشلەم ئاجرىتىپ بەردى. يازغى بۇغداي تېرىۋىدىم، تۈنۈگۈن ئورۇۋالدىم، يامان ئەمەس ئوخشىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، شاتۇر دوغا ئالدى - ئارقىسىغا بىر قارىۋېلىپ، بەلۋېغىنىڭ قېتىدىن سامان قەغەزگە قومۇش قەلەم بىلەن يېزىلغان بىر پارچە خەتنى ئېلىپ، ئالماسقا سۇندى:

— مەن بەگدىن قۇتۇلدۇم، دەپ خېلى خاتىرجەم بولۇپ قېلىۋىدىم، — دېدى ئۇ، — بىر نەچچە كۈن بولدى، بېشىمدا

يەنە ئەنسىز بىر سايە پەيدا بولدى. ئويۇمدە تۇيۇقسىز مۇشۇ خەت پەيدا بولۇپ قالدى. ئۈچ كۈنگىچە بۇ خەتنى بىر كىمگە كۆرسىتىپ ئوقۇتۇپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالماي بۇرۇقتۇم بولدۇم. تۈنۈگۈن ئەتىگەن خوشنا كەنتتىن بىر موللامنى تېپىپ ئوقۇتۇپ كۆرسەم، بەگ: يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ كۈنى ئاز قالدى، پالان-پۇستان، يىگىرمە يىلدىن بۇيان يىگەن-ئىچكىنىڭنى تۆلەيدىغان ۋاقىت كەلدى، ماڭا خىيانەت قىلساڭ، ئۆزەڭنى ئەلۋەك سوپى قىياپىتىدە كۆرگەيسەن، دەپتۇ. خۇدانىڭ بىرلىكىگە ئىشەنسەڭ ئۇكا.— دېدى شاتۇر دوغا كۆزلىرى پارقىراپ جىددىيلىشىپ، — تۈنۈگۈندىن بۇيان گېلىمدىن نان ئۆتكۈل سۇمۇ ئۆتمىدى. ۋەسۋەسە يامان نەرسە ئىكەن...... يەنىلا سىنى پانا تارتتىم......

ئالماس شاتۇر دوغىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، خەتكە كۆز يۈگەرتتى. مۇنداق دوق-پوپۇزا قىلىپ يېزىلغان خەتتىن بىرنى مەخسۇت بەگ بىلەن بۇرۇن ئانچە-مۇنچە ئىلىم-بىردىم قىلغان بىر كىشىمۇ تۈنۈگۈن ئالماسقا تاپشۇرۇپ بەرگەن ئىدى.

يىلاننىڭ قىمىرلاپ يۈرگىنى ئىنىق. لېكىن ئۇنىڭ ھەركىتى شەپىسىز ۋە سىرلىق ئىدى، "بۇ خەتنى دەرھال ئابلىكىمگە كىرگۈزۈپ بېرىش كېرەك، — دەپ ئويلىدى ئالماس، — يولداش ئابلىكىمنىڭ ھۆكمى پۈتۈنلەي توغرا ئىكەن، بۇ خەتنى بەگ نامىدىن مەيلى كىم يازغان بولمىسۇن، ئەلۋەك سوپىنىڭ ئۆلۈمىدە بۇ باندىتنىڭ قولى بارلىقىدىن بىشارەت بېرىلگەن، ئىقرار قىلغان...."

شۇنىڭدىن كېيىن ئالماس ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان شاتۇر دوغىغا قارىدى:

— سەن بەگدىن يەنە قورقامسىنا؟......

شاتۇر دوغا تىرنىغىنى تاتىلىدى، گەپ قىلمىدى.

— سەن خاتىرجەم بول، شاتۇر، — دېدى ئالماس، — بۇ خەتنى ئېچكىلەپ بەلەن ئىش قىپسەن. بەگ خەلقنىڭ سوراق سەھنىسىدە جاجىسىنى يەيدىغان كۈن ئاز قالدى. جان تالىشىۋېرسۇن. لېكىن، سەن ئۇنىڭ قىلتىقىغا يەنە چۈشۈپ قالما. ئازاتلىقنىڭ ئالدىدا سەن بەزى يامان ئىشلارنىمۇ، كېيىنرەك بەزى ياخشى ئىشلارنىمۇ قىلغان، بىزنىڭ گېپىمىزنى ئاڭلاپ زىيان تارتمىدىڭ. سەن بىلەن بىزنىڭ ئاداۋىتىمىز يوق، شۇنداققۇ؟......

شاتۇر دوغا بېشىنى تۆۋەن سالدى.

ئالماس شاتۇر دوغا دېخانلار جەمىيىتىگە يېقىنراق تۇرۇشنى، نېمە ئەھۋال بولسا، دېخانلار جەمىيىتىنىڭ رەئىسىگە مەلۇم قىلىشنى تاپىلىدى. بەگنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ قېلىشنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى ئەسكەرتتى ۋە ئۇزىنىڭ ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شاتۇر دوغا بىر ئاز خاتىرجەم بولغاندەك بولدى-دە، "خۇدالىق مەدرىس" تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئىككى تالىپنى كۆرۈپ، ئالماس بىلەن ئالدىراپ خوشلاشتى.

تالىپلار بۇرۇتلىرى ئەمدىلا خەت تارتقان ياش باللار ئىدى. بېشىغا — ئالما ئۇرۇقى كەشتە قىلىنغان دۇخاۋا دوپپىسىنىڭ ئۈستىدىن پىلىكتەك يۇمشاق ئاق داكا سەللە ئۇرىغان، ئاق خەسە يەكتىگىنىڭ ئۈستىدىن پېشى ئۇشۇقىغا چۈشۈپ تۇرغان ئۇزۇن بەقەسەم تون — شاپەرىجە كىيگەن ئىدى. پۇتىدىكى ئىسكىلاچ مەسە ماڭغاندا، "غاچ-غاچ" قىلىپ ئاۋاز چىقىرىپ تۇراتتى ۋە قولتۇقىغا بۇلغار تاشلىق دىۋان — كىتاپلارنى قىستۇرۇۋالغان ئىدى.

تالىپلار ئالماسنىڭ روبىرىغا كەلگەندە، گويا بىر نېمىدىن ئۈركۈگەندەك، بەلىرىنى ياچاقتەك ئېگىپ، ئالدىراپ-تېنەپ سا-

لام بەردى ـ دە، بىر بىرىگە قاراپ كوزلىرىنى قىسىپ، تىللىرىـ
نى چىقىرىپ، مەنىلىك ھىجىيىپ ئوتۇپ كەتتى.

ئالماس تالىپلارنىڭ كەينىدىن بىر پەس قاراپ تۇردى
ۋە نىمىندۇر ئويلىغان ھالدا "خۇدالىق مەدرىس" تەرەپكە قاراپ
ماڭدى.

چوڭ ھالقىلىق تومۇر دەرۋازا ۋە دەرۋاز دالنى ئۈستىدىكى
كوك گۈمبەز ئالماسقا تونۇش. گۈمبەز ئاستىدىن ئوتكەندىن كېيىن،
گۈل چىقىرىپ تىزىلغان پىششىق خىشلىق يول. يولنىڭ ئىككى
تەرىپىدە قاتار سېلىنغان ھوجرىلار بار ئىدى. پىششىق خىشلىق
يولنىڭ ئاخىرى كوتىرىپ سېلىنغان ئازادە دەرسخانىغا ئېلىپ باـ
راتتى. دەرسخانا يازلىق ۋە قىشلىق بولۇپ، ئىككى قىسمغا بولۇنـ
گەن. يازلىق دەرسخانا ئالدى ئوچۇق، پىشايۋانلىق بولۇپ، دەرـ
ۋازىدىن كىرگەندىلا مانا مەن دەپ كوزگە چۈشەتتى.

ئالماس پىششىق خىشلىق يول ئۈستىدىن كېتىۋېتىپ، ئىكـ
كى يۈزچە تالىپ بىرلا ۋاقىتتا دەرس ئاڭلىيالايدىغان يازلىق
دەرسخانىنىڭ نەقىشلىك تۈۋرۈكلىرىگە، رەڭدار تورۇسلىرىغا ۋە
بۇ تورۇسلارغا ئېسىلغان قاتار شامدانلارغا قاراپ قويدى.

دەرسخانىدا نىمە ئۈچۈندۇر ھازىر تالىپلار كورۇنمەيتتى ۋە
ھەممە يەر جىمجىت ئىدى.

پەقەت پىششىق خىشلىق يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قەغەز
پەنجىرىلىك ھوجرىلاردا تالىپلار سەللە ـ يەكتەكلىرىنى قوزۇقلارغا
ئىلىپ قويۇپ، تورۇپ، خورازدەك ئېتىلىپ ـ تالىشىپ؛ تورۇپ،
پاراق ـ پاراق كۈلۈشۈپ، قىزىق پاراڭغا چۈشكەن ئىدى.

ئالماس ئۇدۇلدىكى بىر ھوجرىدا ئىككى تالىپنىڭ قايسـ
بىر ھەدىس ـ سۈرگە بېرىلىدىغان ئىزاھىنىڭ مەۋھۇم ۋە كونكرېت

مەنسىنىڭ بىردەكلىكىنى تالىشىپ، ھەدەپ مەيدىسىگە ئۇرۇشۇپ، پوكاندەك قىزىرىشىپ كەتكەنلىكىنى كوردى. يان تەرەپتىكى بىر ھۇجرىدا يەنە بىر تالىپ بارلىق ئاۋاز بىلەن چىقىراپ، رۇستەمى داستان توغرىسىدا:

— ئۇ شۇنداق كۈچتۈڭگۈر، مىسلىسىز يوغان ۋە قاباھەت باتۇر-پالۋان ئىدىكى، ھەر بىر قولىدا بىردىن ئىككى يوغان ئۇكۈزنى ئاسلاندەك قامالاپ كوتىرىۋېلىپ، بىر بىرىگە ئۇسۇش-تۇرۇپ سوقۇشتۇراتتى. ئىككى قولىنى كەڭ كىرىپ ئۇكۈزلەرنى بىر بىرىگە ئۇرغاندا، ئۇكۈزلەرنىڭ ھارۋا چاقىدەك يوغان مۈڭ-گۈزلىرى بىر بىرىگە قاراسلاپ تېگىپ، خۇددى تۇنۇردىن كو-تىرىلگەندەك، قىپ-قىزىل ئوتلا لاۋۇلداپ چاچرايتتى. ئۇكۈزلەر تازا كاللا ئۇرۇشتۇرۇپ، بىر بىرىگە بولغان خىرىس-ئۈچمەنلى-گى راسا چېكىگە يەتكەندە، پالۋانى رۇستەم ئۇكۈزلەرنى يەرگە قويۇپ بېرىپ، ئۆزى ئىككى رەقىپنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋالاتتى-دە، ئۆزىنى ئۇسۇشتۇرۇپ مەزە قىلاتتى ۋە بۇ ئۇكۈزلەرنىڭ ئۆز-نى زەرپ بىلەن ئۇسۇشى ئۇنىڭغا پىت چاقىغانچىلىكمۇ تەسىر قىلمايتتى. — دەپ مەددالىق قىلىۋاتاتتى.

باشقا ھۇجرىلاردا بولسا، بەزى تالىپلار پادىشاھى جەمشىت-نىڭ توت ئۇشۇقنى قانداق ئۇستىلىق بىلەن ئېتىپ، ئامتى قاچ-قاندا خىرتۇنى مەلىكە دىلسۇزنى قىمارغا قانداق تىكىۋەتكەنلىكى توغرىسىدا ماختاپ سوزلىسە، بەزىلىرى شەھەر جانانلىرىنىڭ نا-زاكەتلىك نازلىنىشلىرىنى ئاھاڭ بىلەن دوراپ، باشقىلارنى كۈل-دۈرەتتى. بەزىلەر جەننەتتىكى ھۆرى-پەرىيلەرنى ئەرلەرنى كو-رۇش ھەۋقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان بەختسىزلەر دەپ دەۋا قىلسا؛ بەزىلەر ئۇلارنىڭ ئەرلەر بىلەن يېقىنلاشمايدىغانلىقىنىڭ

ئۆزى بەخت دەپ ئىسپات قىلاتتى ۋە ھەدەپ ئاياللارنىڭ
خۇلقى - مىجەزى، كۆلكە - نازى توغرىسىدا تاماقلىرىنى چېكىپ سۆز-
لەيتتى، شۇ بىر تېمىدىن زادى نېرى كېتەلمەيتتى......

ئالماس بۇ پاراڭلاردىن يىرگەندى. ھېسامىدىن داموللام
ھەمىشەم "تالىپ — قېنى تازا، جەننىتى مۇسۇلمان. ئۇلار ئۆز
ئەقىدىلىرى بەركاتىدىن ھەممە ناشايان - بەتقىلىق ئىشلاردىن
خالاستۇر" دەيتتى. "يالغان، ھەممىسى يالغان، - دەپ ئويلىدى
ئالماس مەدرىستىن قايتىپ چىقىۋېتىپ، — بۇنىڭ نېمىسى ئوقۇش
بولسۇن. نەدىكى بەتقىلىق - لاۋزا پاراڭلار بىلەن كۈن ئۆتكۈ-
زۈشنىمۇ ئوقۇش دېگىلى بولامدۇ؟ مۇشۇنىمۇ بىلىم ئېلىش دېگە-
لى بولامدىكەن؟......"

ئالماس مەدرىس دەرۋازىسىدىن چىقتى، كۆڭلى بىر ئاز
غەش بولۇپ، نېمىندۇر ئويلاپ كېتىۋاتقاندا، ھېسامىدىن داموللا-
نىڭ تۆمۈر دەرۋازىسىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان ئىمام خاتىپقا كۆ-
زى چۈشتى.

ئىمام خاتىپ شۇ تاپتا چىرايى تۇتۇلغان ۋە نېمىدىندۇر
رەنجىگەندەك كۆرۈنەتتى.

ئالماس ئىمام خاتىپ ئۆزىنىڭ روبىرىغا كەلگەندە، سالام
بەردى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئىماماخۇنۇم......

— ھە، ھە، ئالماسجان، ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — ئىمام
خاتىپ ئىتتىك بېشىنى كۆتىرىپ، ئالماسنىڭ سالىمىغا جاۋاپ بەر-
دى ۋە ئالماسقا سەپسىلىپ قاراپ قويۇپ، نېمە ئۈچۈندۇر
بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— ئۆزلىرىنى ھېسامىدىن داموللامدىن ئۆي ئايرىپ چىقتى

دەپ ئاڭلىدىم، — دېدى ئالماس ئىمام خاتىپقا قاراپ، — بۇ گەپ
راستمۇ؟ ......

— ھەلھەمدۇلىللا، شۇنداق بولدى، — دېدى ئىمام خاتىپ
ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ قالدى، — قايسى كۈنى مەچىتتە بامدات نا-
مىزىدىن كېيىن قىسمىتاخۇننىڭ ئىشى مۇناسىۋىتى بىلەن دامول-
لام بىلەن ئوتتۇرىمىزدا ئازراق كېلىشمەسچىلىك بولدى. ئۇي
ئايرىدىم، بۇمۇ بەلەن بولدى، شۈكرى دېگۈلۈك بۇنىڭغىمۇ......

ئىمام خاتىپ قەشقەر "خانلىق" مەدرىستە ئوقۇغان ئوت-
تۇرا ياشلىق داموللا بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۈچ يىلچە ئىلگىرى يا-
ئاقلىق يېزا چوڭ مەچىتكە خاتىپ-ئىمام بولۇپ تەيىنلەنگەن
ئىدى. ھىسامىدىن داموللا بۇ يەردە دائىم بولۇپ تۇرىدىغان
ئىسلام پېشىۋالىرى ئىچىدىكى بەس-مۇنازىرىلەردە ئىمام خاتىپ-
نىڭ ئۆتكۈر زېھنى كۈچى، كەڭ بىلىمى ۋە ئۇيغۇر، ئەرەپ —
پارس كلاسسىكلىرىنىڭ ھەممە ئەسەرلىرى بىلەن ئاجايىپ پىش-
شىق تونۇش ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ئۇنىڭ ئۆزىدىن خېلىلا ئۈس-
تۈن تۇرىدىغانلىقىنى پەرەز قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇنىڭ-
دا يەنە بۇ يەردىكى بەزى دىنىي موتىۋەرلەردىن ئالاھىدە پەرق-
لىنىپ تۇرىدىغان ئاز-تولا ئىنسانپەرۋەرلىك، پىكىرلىرىدە بىر-
مۇنچە دېموكراتىك خاھىشىنىڭ بارلىقىنى ۋە بۇ نەرسىنىڭ ئا-
ۋام ئىچىدە ئۇنىڭ ئابرويىنى كوتىرىۋاتقانلىقىنى كوردى.

بۇ نەرسىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ھىسامىدىن داموللىغا ياقمايت-
تى. شۇنداق بولسىمۇ، ھىسامىدىن داموللا ئۇنى ئۆزىگە تارتىش-
نى، ئۇنىڭ ئاۋام خەلق ئىچىدىكى ئابرويىدىن شەخسەن ئۆز-
نىڭ مەرتىۋە-مەۋقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن پايدىلىنىش كېرەك،
دەپ قارار قىلغان ۋە شۇ سەۋەپتىن "ئاللا تائالا دىلىمغا سالدى،

جەبرائىل ئەلەيھىسسالام چۈشۈمدە بىشارەت بەردى" دەپ، ئۆزى-
نىڭ ئۆيىدە كۆپ يىللاردىن بۇيان تۇل قېلىپ كېلىۋاتقان قېي-
نى سىڭلىسىنى ئىمام خاتىپقا تۇتتى ۋە ئۇنى ئىچ كۈيئوغۇل
قىلىپ، ئۆز ئۆيىگە كۆچۈرۈپ كىرگەن ئىدى.
ئازاتلىقتىن كېيىن ئىمام خاتىپ ناھىيە ۋە رايوندا كۆپ
قېتىم دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ كېڭەش-سۆھبەت يىغىنلىرىغا قات-
نىشىپ، پارتىيىنىڭ بىرلىك سەپ سىياسىتى ۋە دىنغا ئېتىقات قى-
لىش ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئاڭلىدى، كۆڭلىدە چوڭقۇر رازىمەن-
لىك بىلدۈرۈپ، ئۆز ھەمسۆھبەتلىرىگە "بىز دىنىي كەسىپ ئەھلىگە
نىمە كېرەك، تازا بەلەن بولدى، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتى دىلىمنى
يورۇق قىلدى، قوسۇر تاپقىدەك يېرىنى كۆرمىدىم، خاتىرجەم
بولدۇم، ئەقىلغا سىغىدىغان توغرا سىياسەت" دەپ تەشۋىق قىلات-
تى، ئامما سورۇنلاردا كۆپچىلىك بىلەن بىللە بولاتتى.
لېكىن، بۇنىڭدىن ئىككى ئايچە ئىلگىرى ھەسەمدىن دا-
موللا تۇيۇقسىز ئىمام خاتىپنى ئۆز ئالدىغا چاقىرتىپ، ئۇنى ئۆي
ئايرىپ، باشقا بىر پانا جاي تېپىشقا سىپايىلىق بىلەن دەۋەت
قىلىپ قالدى. ئىمام خاتىپ بۇنىڭ سىرىنى ئانچە بىلمىدى، كې-
يىن بۇ سىپايى دەۋەت رەسمى مەجبۇر قىلىشقا يەتكەندە، ئىمام
خاتىپ خوتۇنى بىلەن ئامالسىز "ياڭاق پۇشتى ماكان"نىڭ شەرق
تەرىپىدە ئولتۇرۇشلۇق ئەر-خوتۇن — يۈسۈپ چوڭ بىلەن رابى
ۋىت-ۋىتنىڭ ئىككى ئېغىزلىق ئۆيىنى ئارىيەت ئېلىپ، كۆچۈپ
چىقىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى......
ئالماس ئىمام خاتىپقا قاراپ قويدى، قارا قاش، ئىگىز
بوي ۋە بۇغداي ئۆڭلۈك كەلگەن بۇ ئادەم سەللىسىنى سەل
تۈزەپ، ئۈستىدىكى تومۇر رەڭ بەقەسەم تونىنىڭ پېشىنى سەل كو-

تىرىپ، ئۇز يولىغا كېتىشكە ئالدىراۋاتقاندەك ئىدى؛

— ھە، ئىماماخۇنۇم، — دېدى ئالماس، — يول بولسۇن، يوللىرى قاياققا؟ ......

— خوش، خوش، ھەزرەت قىچقارتىپتىكەن، شۇ يەردىن چىقىۋاتىمەن، — دېدى ئىمام خاتىپ ۋە بېشىنى چايقاپ تو-رۇپ ئېيتتى، — ھۆكۈمىتىمىزنىڭ سىياسەتلىرى بىلەن دىنىمىزنىڭ ئەركانلىرى زىت ئەمەس ۋە ناھايىتى ئېنىقكى، كالامۇللادا قايتا-قايتا قەيت قىلىنغانكى، ھۆكۈمەتنىڭ ئەمرىنى تۇتماقلىق ۋاجىپ. مەندە ھازىر ھۆكۈمەت دىننى يوقىتىدىكەن، دىگەن ئەندىشە-گۇمان يوق ۋە بۇ ھاجەتسىز بولۇپ چىقتى. دىنغا ئېتىقات قىلىش ئەركىنلىكى بولغاندىكىن بولادى ئەمەسمۇ، بىز مۇسۇلمان ئەھلىگە بۇنىڭدىن باشقا يەنە نېمە كېرەك ...... ھەي ...... چۈشەنمەيدىكەن-دە، خەق، چۈشەنمەيدىكەن. نېمە قىلغۇلۇقكىن-تاڭ ......

ئىمام خاتىپ يەنە نېمىندۇر ئېيتماقچى بولۇپ، ئېيتىشنى خالىمىغاندەك قىلاتتى ۋە ئالدىراپ كېتىپ قالدى.

ئالماس ئويلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يەنە ئىختىيارسىز مەخسۇت بەگ، ھىسامدىن داموللا ۋە ئاللىقانداق نامەلۇم ئادەملەرنىڭ كۆلەڭگىسى پەيدا بولادى.

ئالماسنىڭ خىيالىنى بايىقى ئىككى تالىپ بولۇۋەتتى. ئۇلار قايتىپ كېلىۋاتاتتى ۋە يەنە بەللىرىنى ياچاقتەك ئىگىپ سالام بەردى، گويا كەينىدىن بىرسى قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك، ئالدىراپ مەدرىس ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

يەتتىنچى باپ

## 1. كول ئىچىدىكى ئەينەكلىك كەمە

ئۇي موللىسى ھاجى ئىشان غەلىتە ۋە تىنىمسىز ئادەم.
ئۇ ھىسامىددىن داموللىنىڭ ئۇي خىزمىتىدە ئالاھىدە ۋە-زىپىلەرنى ۋە كۈندىلىك ئىشلارنى بىجىرگەندىن باشقا، تالىپ ئىلىملەر بىلەنمۇ ئاز-تولا مەشغۇل بولاتتى. گەپ-سوزلىرىنى خۇپىيانە تىڭشاپ، "كوڭۇللىرىنى شەيتان ئوغۇرلاپ كەتمىسۇن" ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ روھىي-كەيپىياتىدىن ھىسامىددىن داموللىغا پات-پات ئۇچۇر بېرىپ تۇرۇشنىمۇ ئۇنتۇمايتتى.
"ئۇچۇر بېرىپ تۇرۇش" نى ھىسامىددىن داموللا قارارلىق سۆيلەپمۇ تۇراتتى.
بىراق، بىر-ئىككى ئايچە بولدى. مۇدەررىس نىمە ئۈچۈن-دۇر بۇ ھەقتە ھاجى ئىشاندىن ھېچنىمە سورىمىدى. ئۇ سورد-مىسا نىمە بوپتۇ، لېكىن، ھاجى ئىشان ئۆزى ۋەدىش بولغان ئىشنى ھېچقاچان ئۇنتۇغان ئەمەس.
بۈگۈن ئۇ مەدرىسىنىڭ گۈللۈك ھويلىسىدىن ئوتۇپ كې-ۋېتىپ، ئىشىگى قىيا ئوچۇق تۇرغان بىر ھوجرىدىن قايسىبىر تالىپنىڭ:
— ھىسامىددىن داموللامنىڭ مۇشۇ كۈنلەردە كەيپى تازا جايىدا ئەمەس، — دىگەن سوزىنى ئاڭلاپ قالدى.

"كەيپى تازا جايىدا ئەمەس! نىمە جايىدا ئەمەس؟" — ھاجى ئىشان چوچۇپ ئويلىدى ۋە ئوز ئورنىدا جىم تۇرۇۋېلىپ، گوڭگا چىراق يورۇغى چۇشۇپ تۇرغان قەغەز پەنجىرە ئەيچگە قۇلاق سالدى.

— ھەزرەتنىڭ مىجەزىنىڭ قوداڭىشىپ تۇرغىنىغا قارىغان-دا، — دىدى بىر تالىپ گويا قىرائەت قىلىۋاتقاندەك ئەزمىلىك بىلەن ئاۋازىنى سوزۇپ، — ھەي...... قۇشناچ مۇدەررىسىنىڭ ئەتىگەنلىك شورپىسىنى تۇزسىز راسلايدىغان بولۇپ قالدىمۇ-يا؟......

— نەدىكىنى. گەپ شورپىدا ئەمەس، — يەنە بىر تالىپ مۇلاھىزە قىلىپ — ئويلاپ بېقىڭلار، مانا نەچچە كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى، مۇدەررىس دەرس مۇنبىرىدە كورۇنمەيدىغان بولۇپ قالدى. دەرس مۇنبىرىگە چىققاندىمۇ كوزىنى يۇمۇپ خىيال سۇرگىنى سۇرگەن......

يەنە بىر تالىپ ئېيتتى:

— يېڭى دەرس ئوتۇلمىسە، كونا دەرسنى تەكرارلاۋېرىش تەمى قالمىغان شامنى قايتا چاينىغاندەك مەزىسى يوق ئىش بولىدىكەن-دە!......

— ھازىر داموللام شۇنداق بىر ھالغا كەلدىكى، — دىدى يەنە بىر تالىپ پىخ-پىخ كۇلۇپ، — دەرس نەدە، ئۇنىڭ سوزلەۋاتقىنى نەدە. ئېزىپ-تېزىپ يۇرەمدىكىن دەيمەن. خىيالى بىر جايىدا ئەمەس، ئەتىمالىم. كونا دەرسنى چايناپ شاما قىلغاندىن كورە، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ھەققىدە داستان ئېيتقانمۇ خوپ.

— شۇنىڭدەك، — دىدى يەنە بىر تالىپ تەكەللۇپ ئاۋاز

بىلەن، — خىيالى دۇنياغا چوكۇپ، ھورى - غىلمانلارنىڭ ئىپار
چېچىپ تۇرىدىغان لەۋلىمە بەدەن - رۇخسارلىرى خۇشۇسىدا كەيىپ
سۈرگەنمۇ تۇزۇك......

يەنە بەزى تالىپلار نىمە ئۈچۈندۇر بۇ پاراڭلارغا سۈكۈت
قىلىپ، ئۇزلىرىچە مۇلاھىزە قىلاتتى:

— كوزى ئوچۇق كور بولغان ياخشى ئەمەس، — دىدى
بىرەيلەن تورۇك - تورۇك سوزلەپ، — ھەركومەتنىڭ دىنغا ئارد-
لاشمايدىغىنى بەلەنكەن. ئەمماكى، خەق نىمە كويىدا. بىز نىمە
ئويىدا. خەق يەرنى تەقسىملەپ ھەممىز باراۋەر بولىمىز
دىيىشىپ، دىخانلار جەمىيتى بولۇشتى. بىز بولساق، قايسىبىر
مىچىتنىڭ ئىمام - مەزىنلىگىنى تەۋەرۇك قىلىش ئۇچۈن، ئۇست
بىلەن سوقا - سوھبەت قۇرۇپ يۇرۇپتىمىز......

يەنە بىر تالىپ ھەسرەتلىك ئاۋاز بىلەن سوز قاتتى:

— مىنىڭ دادام دىخانلار جەمىيتىگە كىرىپتۇ، مىنىڭ بۇ
يەردىكى تالىپلىغىمدىن ھىچبىر ئۇمىدى يوق. دادام: بىز ھال-
ئوقتىمىز يامان ئەمەس دىخان. يەر تەقسىملىگىدەك بولسا، ئەل-
ھەق بەش - ئالتە چارەكلىك يەر كىپقالىدۇ. مال - چارۋىمىز ئاز
بولغىنى بىلەن ئالتۇندەك ئىككى قولىمىز بار، مەدرىستىن قاي-
تىپ كەلسەڭمىكىن، دەيدۇ. مىنىڭ بۇ يەردىكى ئىشىم سۇغا چە-
لاشتى بولغاي......

بىر تالىپ ئۇنىڭغا ئەجەپلىنىپ سوئال قويدى:

— كىتەمسەنا؟......

شۇنداق، كەتمەي بولمايدىغاندەك......

— كىتەلمەيسەن!......

— نىمىشقا؟

— نېمىشقا؟ نېمىشقىلىقى ئېنىقتۇ، — دېدى بايىقى سوئال بەرگەن تالىپ، — سەن ھەسامىدىن داموللامغا تاھارەت ئېلىپ، قۇرئان تۇتۇپ، قول بېرىپ مۇرىت بولغان. مۇرىت بولۇش ئۇيۇن گەپ ئەمەس، ئاخىرەتلىك ئىش-تە!......

تالىپلار گەپ قىلىشمىدى، ئۈنلىرى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى......

ھاجى ئىشان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، "تالىپلارنىڭ كۆڭلىنى شەيتان ئارىلاپ يۈرۈپتۇ، دەل ئۇلارنىڭ كەيپى جايىدا ئەمەس ئىكەن" دېگەن خۇلاسىگە كەلدى-دە، ھودۇقۇپ-تەمتىرەپ، ئۇزۇن يەكتىگىنىڭ پەشلىرىگە پۇتلىشىپ، ھەسامىدىن داموللىنىڭ قېشىغا يۈگۈردى.

ھاجى ئىشان ھەسامىدىن داموللىنىڭ مېھمانخانىسىغا كىرىپ، پەگادا قول قوشتۇرۇپ ئۆرە تۇرۇپ، بايا ئاڭلىغان "شەيتان ۋەسۋەسى" توغرىسىدا ئېغىز ئاچقىچە، ھەسامىدىن داموللىنىڭ ئۆزى تويۇقسىز ئۇنىڭغا سوئال بېرىپ گەپ ئاچتى:

—ھىم ......، — دېدى ئۇ ھاجى ئىشانغا كۆزىنىڭ قۇيرۇغىدا سىنىغاندەك قاراپ، — لەۋزىمگە قۇلاق سېلىڭ، مەن سورايمەن، سىز ئېيتىڭ، سىز بىلەن مەن قەنا ئۇتۇۋاتقانغا قانچە يىل بولغاندۇ؟

ھاجى ئىشان بۇ سوئالدىن تەمتىرىمىدى:

— ئاز كەم قىرىق يىل بولاي دېدى تەقسىر......

— شۇنداق، — دېدى ھەسامىدىن داموللا، — ئاللاتائالا بىزنىڭ تىلىمىزنىمۇ، دىلىمىزنىمۇ بىر قىلغىنىغا قىرىق يىل بولاي دەپتۇ......

— ئەلھەق راست، — دېدى ھاجى ئىشان قۇللۇق بىلەن

بېشىنى ئېگىپ، — ئاللا كېرەم ئوزى كورۇپ تۇرىدۇ، تەق-
سىر......دەل، شۇنداق......

ھسامىدىن داموللا كوزلىرىنى يۇمۇپ بىر پەس تۇرۇۋالدى:

— مەن بۇگۈن خىيالى ئالەمدە كېزىپ، ھەممىنى دەگسەپ
كوردۇم، — دىدى ئۇ، — بىر كوڭۇل، بىر دىل بولۇپ ئوتوۋپتىمىز،
قېنى سىز ئېيتىڭا، "مۇھتەرەم قارى" قانداق ئادەم؟ ئۇ بىز
ئۈچۈن نىجات يولتوزىمۇ ۋە ياكى ئوز خىيال-مەقسەتلىرى
ئوزىگە غەلەت ئادەممۇ؟......

ھاجى ئىشان بۇ سوئالدىن بىرئاز ئوڭشىتۇمتۇتلۇق ھىس
قىلىپ، شالاڭ قاشلىرىنى لىكىلدىتىپ قويىدى ۋە داموللىنىڭ
مۇددىاسىنى ھەزىم قىلمايلا:

— كېرەم ئاللا ئوزى بىلىدۇ، تەقسىر، — دەپ جاۋاپ
بەردى.

— مەن سىزدىن، ھاجى ئىشاندىن سوراۋاتىمەن......

— مەندىنمۇ؟ مەن ئاللادىن سوراۋاتىمەن تەقسىر......

ھسامىدىن داموللامنىڭ ئاچچىغى كەلدى، كوزلىرى پارقى-
راپ، يۈزلىرى تارتەشتى، ئېنچىكە، ئۇچلۇق ساقاللىرى تىترەپ
كەتتى ۋە تۇيۇقسىز تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان ئىككى مىس-
رالىق بىر نەزمىنى تەكرارلىدى:

ئېشەك دۆلدۆل بولالماس ھېچ، نەسلى-ئىقبالى ئېشەكتۇر.
خاراموش ئىنسان پەرقىزدۇركى گويا، ئەينى كېسەكتۇر.

ھاجى ئىشان نەزمىنىڭ مەنىسىگە قىزىقمىدى، گويا ئوزىگە
ھېچبىر مۇناسىۋىتى يوقتەكلا:

— تەھقىق شۇنداق، دانا پىكىر، — دەپ ھىجايدى.

بۇمۇ ھىسامىدىن داموللىنىڭ جەھلىنى قاتۇردى:

— بولدى، كوزۇمدىن يوقىلىڭ......

ھىسامىدىن داموللا ئاردەك ئۇزۇن بارماقلىرىنى ئۇۋۇلاپ، بېغىشلىرىدىن قاس چىقىرىپ، گىلەمنى قايرىپ بورا ئاستىغا تۇكۇردى.

ھاجى ئىشان "خوش، تەقسىر" دىگىنىچە، كەينىگە يېنىپ، دەھلىزىگە چىققاندا، ھىسامىدىن داموللا ئۇنى يەنە چاقىرىپ قالدى:

— ئېسىڭىزدە بولسۇن، — دىدى داموللا پەگادا قول باغلاپ تۇرغان ھاجى ئىشانغا، — تۇن ئىككى جىڭ بولغاندا، قۇربان ئاقساقالغا بىرىڭ، ھىچكىم سەزمىسۇن، ئا جۇيجاڭنى، ياق، ئا جۇيجاڭ ئەمەس، "مۇھتەرەم قارى" نى ئېلىپ كېلىڭ. كول ئىچىدىكى ئەينەكلىك گەمىگە كىرگۇزۇڭ ۋە ئۇزىڭىز ئەتراپقا كوز - قۇلاق بولۇڭ......

— خوپ، تەقسىر......

كول ئىچىدىكى ئەينەكلىك گەمە — ھىسامىدىن داموللىنىڭ بۇۋىسى توختى توپبېشىنىڭ زامانىسىدا ياسىتىلغان مەخپى ئەتكاپخانا، ئەمىلىيەتتە ھىچكىم بىلمەيدىغان، ياخشى كۇننىڭ يامنى بولغاندا ئۇز رەقىپلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىشنى مەقسەت قىلغان يوشۇرۇنۇش جايى ئىدى. گەمە ھويلا بېغىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كولنىڭ كۇنگەي تەرىپىنى پاسىل قىلىپ ياسىتىلغان بولۇپ، بىر تەرىپى كىچىككىنە ھىم ئەينەك دەرىزە ئارقىلىق كول ئىچىگە قارايتتى ۋە بۇ يەرگە سۇ ئارقىلىق يورۇق چۇ-

شەتتى. گەمىنىڭ لەخمىسى مېھمانخانا ئۆينىڭ قازنىغى ئاستىدىكى ئەۋرەزگە تۇتتۇشاتتى ۋە شۇ يەردىن كىرىپ چىقاتتى.

توختى توپپىشىنىڭ بۇ مەخپى گەمىنى ياسىتىشى ئۈچۈن توپ - توغرا بىر يېرىم يىل ۋاقىت كەتتى. ئۇنى پەقەت بىر ئۇستا، ئىككى ئىمكار ياسىدى ۋە قاتتىق سىر تۇتۇلدى. ئەي- ەكلىك گەمە پۈتكەندە، ئۇستىلار جىمىقتۇرۇلۇپ، سىرنى بىلگۈچى كىشىلەرنىڭ ئىزى ئۆچۈرۈلگەنلىكىنى ئەسكەرتىش ھاجەت ئەمەس.

ھىسامىدىن داموللا بۇ قەدىمقى جايغا ۋارىسلىق قىلىپ ئىز بېسىپ قالغاندىن كېيىن، بۇ گەمىنى ئەستىن چىقارغان ئىدى. ئەمما، ئازاتلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ "نامازشام خىزدىرىسى" بىلەن "غىلاپلىق خەنجەر" بۇ يەردە تۇنجى قېتىم پەيدا بولغاندا، ئۇنى يەنە قايتىدىن ئەسكە ئېلىشتى...... ھاجى ئىشان يېرىم ئايچە ھەپىلىشىپ، ئۇنى قايتىدىن رېمونت قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ ئىشقا باشقا بىر كىمنى ئارىلاشتۇرۇش ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس ئىدى......

ھاجى ئىشان چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ھىسامىدىن دا- مۇللا لامپىنىڭ يورۇقىنى بىر ئاز پەسلىتىپ قويۇپ تالاغا چىقتى، گۈلزارلىق ھويلىنى ئايلاندى ۋە ئەتراپنى تىڭشاپ كوردى. ئەل - جاھان جىمجىت ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ، ئالدىراپ مېھمانخانا ئۆيگە قايتىپ كىردى - دە، ئىشىكنى ھىم قىلىپ ئېتىپ، بۇلۇڭدىكى قازناقنىڭ ئىشىگىنى ئاچتى.

قازناق — ئىمتىيازلىق ئائىلىلەر ئۈچۈن غۇسلىخانا بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئەۋرىزى ئۇستى - ئۇستىگە سىندۇرۇلغان بىرنەچچە تېگى تۆشۈك كۆپتىن ياسالغان بولۇپ، سۇ بىرنەچچە غۇلاچ چوڭقۇرلۇقتىكى يەر تېگىگە سىڭىپ كېتىدۇ.

ئەمما، ھىسامىدىن داموللىنىڭ ئەۋرىزى ئۇنداق ياسالغان ئەمەس. ئەۋرەزنىڭ ئۇستى نېپىز بىر قەۋەت كوك رەڭلىك، سىدام پىششىق خىش بىلەن پەدەزلەنگەن بولۇپ، ئاستى قېلىن تاختىدىن ياسالغان قاپقا ئىدى. قاپقا قايرىپ ئېچىلسا شوتا ئار-قىلىق پەسكە چۈشۈپ، لەخمە ئارقىلىق كول ئىچىدىكى ئەينەك-لىك گەمىگە بېرىش مۇمكىن.

ئەينەكلىك گەمىنىڭ يەنە بىر يولى گۈلزارلىق ھويلىنىڭ تېگى بىلەن ئۈزۈملۈك باغ ئىچىدىكى شىپاڭنىڭ ئاستىغا تۇتى-شاتتى. لېكىن، بۇ يەردىن شۇ كەمگىچە ھېچكىم كىرىپ-چىققان ئەمەس......

ھىسامىدىن داموللا قازناق ئىچىگە كىرىپ، بۇلۇڭغا يولەك-لىك تۇرغان ھاسىنى قولغا ئېلىپ، رەڭلىك پىششىق خىش ئۇستىگە "تۇك - تۇك - تۇك" قىلىپ ئۇچنى ئۇردى ۋە جىم-جىت تىڭشاشقا باشلىدى......

ھازىر بۇ يەردە "نامازشام خىزىرىسى" بىلەن مەخسۇت بەگ يوشۇرۇنۇپ ياتاتتى.

ئازاتلىقنىڭ ھارپىسىدا مەخسۇت بەگنىڭ، كوكتاغ جىلغى-سىدىكى قار دولقۇنلىرى ئىچىدە تۇيۇقسىز كوزدىن غايىپ بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئالدىنقى كىتاۋىمىزدا ئەسكەرتىپ ئوتكەن ئىدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بىر تال مىلتىق بىلەن كوئېنلۇن تىزمىلىرى ئىچىدە بىر ئايچە تېنەپ - تەمتىرەپ يۈردى، قاغىلىق، پوسكام ۋە يېڭىسارغا مەخپى بېرىپ، ئوزىنىڭ كونا ھەمتاۋاقلىرىنى ئىز-لەپ تاپتى. كېيىن تەق - تۇرۇمىنى ئوزگەرتىپ، دەرۋىش قىيا-پىتىگە كىرىۋېلىپ، "چىلتەن" مازىرىدا "ئىستى - قوۋمەت" قىلدى. مانا شۇ يەردە تۇرۇپ گۇلھەسەل خېنىم بىلەن ئالاقە باغلىدى.

ئابدۇللا كوككوز داموللا بىلەنمۇ مانا شۇ يەردە تولۇقچە قىبتىم ئۇچراشتى ۋە گۇلھەسەل خېنىمنىڭ ئۆيىگە خۇپىيانە يوتكىلىپ كېتىشتى......

گۇلھەسەل خېنىمنىڭ ئۆيىدە ئۇزاق تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. شەھەردە ھېلىدىن - ھېلىغا چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولماقتا ئىدى. شۇ سەۋەپلىك، ئابدۇللا كوككوز داموللا شەھەردىكى توپ مال سودىگىرى مەتقۇۋانبايىنىڭ ئۆيىدە يوشۇرۇنۇپ يېتىپ، چەتـ ئەلدىن كېلىش قەرەلى يېقىنلىشىپ قالغان ھېلىقى "ھىكمەتلىك ئۆزۈك" نى كۇتمەكچى؛ مەخسۇت بەگ كوكتاغ جىلغىسىغا قايتىپ، زەرەپشان دەرياسى بويىلىرىدىكى ئىشەنچلىك بەگ، يۈزبېشى ئاقساقاللارنى توپلىماقچى بولدى ۋە ئايرىلىشتى.

مەخسۇت بەگنىڭ كىچىككىنە باندىتلىق توپى قورغانلىغى ۋە ئۇنىڭ دەريا بويىدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان بىر جەڭچىنىڭ قورالىنى تارتىۋېلىپ، ئۇلۇگىنى دەرەخقە ئېسىپ قويۇپ، جۇۋىسىنى سالدۇرۇۋالغانلىغىنى يۇقۇرىدا كورۇپ ئۆتتۇق......

ئەمما، ئابدۇللا كوككوز داموللىنىڭ ھەركىتى سىرلىق ۋە شەپىسىز ئىدى. ئۇ، ھىسامىدىن داموللىنىڭ ئۆيىگە بەزىدە گويا يەر ئاستىدىن چىققاندەك تۇيۇقسىز كىرىپ كېلەتتى - دە، يەنە ئالدىراپ نەگىدۇر كېتىپ قالاتتى.

ئۇنىڭ خۇپىيانە ئەۋەتكەن خەتلىرىدە: سەرەڭگە ياقسىلا ئوتتىشىپ كېتىدىغان چوڭ ئوت، غايەت زور يالقۇن تۇتەپ يېتىلمەكتە، — دەپ ئاللىقاچان بىشارەت بېرىلگەن ئىدى.

لېكىن، ھىسامىدىن داموللىنىڭ نەزىرىدە مۇنداق يالقۇن ھېچبىر كورۇنمەيتتى، ئەكسىچە، باشقا بىر يالقۇننى،

دېخانلار جەمىيىتىنى گەۋدە قىلغان نامرات دېخانلار قوشۇنىنىڭ بارغانسېرى ئۇلغىيىپ ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ئۆچمەنلىك بىلەن سېزەتتى. بۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە، جەددى-جەمەتلىرىگە تۇتىشىپ كېتىش ئېھتىمالىنى ئويلىغاندا، شالاڭ قاشلىرى لىكىلداپ، جەھلى قېتىپ، تىترەپ جالاقلاپ كېتەتتى-دە، ئىختىيارسىز قۇتقازغۇچى سۈپىتىدە "نامازشام خىزىرىسى" بىلەن ئىنىسى مەخسۇت بەككە ئىلتىجا قىلىپ، تەلمۈرۈپ دۇئاغا قول كۆتىرەتتى......

ھىسامىدىن داموللا بۇنىڭدىن بىر ھەپتە ئىلگىرى ئابدۇللا كوككۆز داموللىدىن مەخپى خەت ئالدى. خەتتە، "پات ئارىدا ئالماس، جاپپاروپلار ناھىيىگە ئۆگىنىشكە ماڭىدۇ، بەلەن پۇرسەت، قولاقلىرىنىڭ توپىسىنى قېقىۋېتىپ، سەگەك بولۇپ تۇرسىلا" دې-يىلگەن ئىدى.

ئېيتقاندەك، خەتنى ئېلىپ ئەتىسى ئالماس، جاپپاروپ يېتەكلىگەن بىرىنچى تۈركۈم ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، يېزا ئاكتىپلىرى چوڭ داغدۇغا بىلەن ناھىيىگە — ئىجارە ھەققىنى كېمەي-تىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش سىياسىتىنى ئۆگىنىش كۇرسىغا يۈرۈپ كەتتى. ئىككىنچى كۈنى يېرىم كېچە بىلەن "نامازشام خىزىرىسى" بىلەن مەخسۇت بەگنىڭ ئۆزى بۇ يەرگە ئۆندى ۋە كول ئىچىدىكى ئەينەكلىك گەمىگە ئورۇنلاشقان ئىدى......

ھازىر ھىسامىدىن داموللا قازناق ئۆيىنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئەۋرەزنىڭ قاپقىقىغا چىلان ياغىچىدىن ئىشلەنگەن ھاسىنى "توك، توك، توك" ئۇرۇپ تۇرۇپ، مەيدە يانچۇقىدىن ياپىلاق ئالتۇن سائەتنى قولىغا ئالدى ۋە سائەتكە قاراپ قويۇپ، "'مۆھتەرەم قارى' نىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بوپقاپتۇ، بۇ زاتنى ساقلاپ تۇرايمۇ

ياكى كىرىپ كېتىۋېرەيمىز" دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى......
ئىشنى كېچىكتۈرگەن ھاجى ئىشاننى ئىچىدە تىللىدى...... ئەمما
دەل مۇشۇ چاغدا......

ھاجى ئىشان دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىن "غىپ" قىلىپ چىقتى - دە، جىمجىت "ياغاچ پوشتى ماكان" كوچىسىنىڭ ئىككى تەرىپىگە بىر قاراۋالغاندىن كېيىن، تىۋىش چىقارماي ئېگىلىپ كېلىپ، قۇربان ئاقساقالنىڭ ئىشىكىنى شەرتلىك بەلگە بويىچە ئۈچنى چەكتى.

ئىشىك ئېچىلمىدى. يەنە ئۈچنى چەكتى، ھېچقانداق سادا يوق. ھاجى ئىشان بىر ئاز تىت - تىت بولۇپ، سەل چىڭراق يەنە ئۈچنى چەكتى. يەنە جاۋاپ بېرىلمىدى.

ئىشىك ئالدىدا ئۇزاق تۇرۇشمۇ، ئىشىكنى بۇنىڭدىن قاتتىق ئۇرۇشمۇ خەتەرلىك. چۈنكى، كوچىدىن ھە دېگەندىلا كۆزەتچى ياكى يولۇچىلار ئۆتۈپ قېلىشى، خەتەرلىك گۇمانغا كېلىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

ھاجى ئىشان ئىشىكنى قايتا ئۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئەمما، ھەسسەدىن دامۇللىنىڭ بۇيرۇغىنى ئورۇنلىماي مۇمكىن ئەمەس ۋە قانداقلا بولمىسۇن "مۇھتەرەم قارى" نى دەل ھازىر- نىڭ ئۆزىدە ئۇ يەرگە باشلاپ بېرىش لازىم ئىدى.

ھاجى ئىشان تەشۋىش ئىچىدە ئەتراپقا غىل - پال بىر كۆز يۈگۈرتتى - دە، ئۆزىنىڭ سىنالغان ئۇسۇلى بويىچە ئەنجان تامنى ياقىلاپ، ئالدىراپ قۇربان ئاقساقالنىڭ بېغىنىڭ كەينىگە ئۆتتى. ئەپلىكرەك بىرەر شورا ئىزلەپ باغنىڭ كەينىدە ئۈچ قېتىمچە ئۇياقتىن - بۇياققا پايپاسلىدى. شورا كۆرۈنمىدى ۋە تامنىڭ پا- كارراق جايلىرىمۇ جىگدە شوخىسى بىلەن چىتلىۋېتىلگەن ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ، باققا سۇ كىرىدىغان سۇغىچۇچنىڭ ئالدىدا كۆپ - كۆك چىملارنى ئۇياق - بۇياققا ماتىلاپ، ئېرىقنىڭ قۇرۇق ئېكەنلىكىنى بايقىدى - دە، بېشىدىن سەللىسىنى ئېلىپ قوينىغا تىقىپ، سۇغىچۇچتىن سالمىدەك شۇڭغۇپ باغ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

ھاجى ئىشان باغ ئىچىدىن تېنىمەيلا ئۆتتى. ئاتخانىنىڭ يان ئىشىكىنى پەم بىلەن ئېچىپ، كوسۇلدىتىپ بىدە چايناۋاتقان ئاتلارغا كوزىنىڭ قىرى بىلەن قاراپ قويۇپ، سەللىسىنى بېشىغا ئورىدى. بىر ئاز تىڭشاپ تۇرغاندىن كېيىن قۇربان ئاقساقالنىڭ چوڭ ھويلىسىغا تىۋىش چىقارماي كىرىپ كەلدى.

ئۇ، دەسلەپ، شىرمەممەتنىڭ ھوجرىسىنىڭ ئىشىكىنى چەكمەكچى بولدى، بىراق، بۇ خىيالدىن شۇ زامات يالتايدى - دە، قۇربان ئاقساقالنى ئويغاتماقچى بولدى. كېيىن، بۇ ھەر ئىككى پىكىردىن ۋازكېچىپ، توپ - توغرا "مۇھتەرەم قارى" نىڭ ئۆزىنى ئويغاتماقچى بولدى. چۈنكى، ئۇنىڭغا شۇ تاپتا كېرەك بولغىنى "مۇھتەرەم قارى" نىڭ ئۆزى ئىدى.

ھاجى ئىشان "مۇھتەرەم قارى" تۇرۇۋاتقان، دەرىزىسىگە قاپقا ئورنىتىلغان باغ تەرەپتىكى يان ئۆينىڭ ئالدىغا يېقىنلاپ كەلگەندە، بىردىن، تىنى جۇغۇلداپ كەتتى. قانداقتۇر بىر كەشىنىڭ "مۇھتەرەم قارى" تۇرۇۋاتقان ھوجرىنىڭ ياغاچ ئىشىكىگە قۇلىغىنى يېقىپ، قولىغا پىچاق ئالغان ھالدا تىڭشاپ تۇرغانلىغىغا كوزى چۈشتى.

ھاجى ئىشان چوچۇپ كەينىگە داجىدى.

ئەمما، بايىقى ئادەم ھاجى ئىشاننى كورۇپ قالدى.

بۇ، شىرمەممەت ئىدى.

شىرمەممەت بويىننى سوزۇپ، "مۇھتەرەم قارى" نىڭ ئويىگە قاراپ ـ قاراپ قويۇپ، ھاجى ئىشاننىڭ ئالدىغا كەلدى.

— شىرمەممەت، سەن......... — دېدى ھاجى ئىشان شىرمەممەتنى ئونۇپ، يۈرىگى جايىغا چۈشتى. — سەن نىمىشقا...... بۇ قانداق گەپ؟......

شىرمەممەتنىڭ چەشلىرى غۇچچۇرلىدى، ئۇنىڭ قولىدا بىر يېرىم بىسلىق خەنجەر بار ئىدى، پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەيتتى.

— ھاجى ئىشان، سىلى ئۇزلىرى ئېيتسىلا، — دېدى شىرمەممەت، ئۇنىڭ ئاۋازى غاراڭ ـ غۇرۇڭ ۋە غەزەپلىك ئىدى، — مۇرىت ـ مۇخلىس بولغان. ھەسامىدىن داموللامىغا قول بەرگەن ئادەم مۇشۇنداق قىلسا بولامدۇ؟......

ھاجى ئىشان ئەتراپقا قاراپ قويدى:

— گەپنى سوزما، ھازىر ئىزىلەڭگۈلۈك قىلىدىغان پەيت ئەمەس، — دېدى ئۇ شىرمەممەتكە، — ھە، نىمە گەپ ئۇزى؟......

— نىمە گەپ ئۇزى! — شىرمەممەت تەكرارلىدى، — ھەممە گەپ "مۇھتەرەم قارى" ئۇستىدە. بۇ قارى بۇ يەرگە ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ، مەندە ئارام يوق......، — شىرمەممەت ئېغىر پۇشۇلدىدى، — خۇدايىمنىڭ كۇندۇزى ئازدەك، ھە دېسە كېچىسى شاپاشلاپ، نەگە بېرىپ، نەدە تۇرغىنىنى كىم بىلىدۇ، شەيتان ئۇرسۇن ئىلاھىم...... مۇرىت بولغاندىكىن، قول بەرگەندىكىن، ئىبادەت قىلىپ تېچقىنا ئولتاغۇلۇق. ھىلى ئۇياققا، ھىلى بۇياققا چېپىۋەگۈلۈكمىكەن؟...... بايا تېخى ھاجىتىم قىستاپ ھويلىغا چىققىسام، بىر نىمە ئايتۇراخاننىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئىشىگىنى مارىلاپ، ئاستا چېكىۋاتىدۇ...... ئوغرى كەلگەنمىكىن دەپ قارىسام، "مۇھتەرەم قارى"...... ئايتۇراخاننىڭ قولىدىن سورەپ، ئىبادەت

قىلـدىغان ئۆيگە ئەكىرىپ كەتتى، ئىشكنى دۆملىدى...... قۇربان ئاقساقال "ئايتۇرا سىڭىلنىڭ، جاھان تىنجىسۇن، ئىككى قىلدۇرۇپ قويىمەن" دىگىنى ئىكەن...... شۇمۇ ئىنساپمۇ ؟...... مەن، مەن...... زادى......

هاجى ئىشان ئىشنىڭ تېگىنى چۈشەندى:

— توختا...... سەن هازىر ئۆيتۇلۇق ئوخشايسەن، كوڭ-لۈڭنى شەيتان ۋەسۋەسىگە سېلىۋاتىدۇ، — دىدى ئۇ، — مۇرىتنىڭ سەۋرى قاچىسى توشمايدۇ. دەۋا ئەزەلدىن قېرىماس نەرسە. ئۆزەڭگە هاي بەر. ئۆيتۇلۇق ئادەمنىڭ كوزىگە كىم ئىمە بولۇپ كورۇنمەيدۇ؟ جوگو، ئېرىقنىڭ سوغاق سۇيىدە يۈز-كوزۇڭنى يۇيۇپ كىرگىن، ئاندىن ئىش سەن دىگەندەكمۇ...... كورىمىز......

سەۋرىنىڭ تېگى ئالتۇن دىگەننى ئۇنتۇما......

شىرمەممەت تارتىشتى، ئەمما، هاجى ئىشان ئۇنى ئىتتىرىپ-تۈرتۈپ، ئىشىك ئالدىغا چىقاردى.

شىرمەممەت ئېرەڭسىزلىك بىلەن ئېرىقنىڭ قېشىغا ماڭغاندا، هاجى ئىشان توشقاندەك ئىككىلا تاقلاپ "مۇهتەرەم قارى" نىڭ هوجرىسىنىڭ ئىشىگىگە كەلدى-دە، ئەنسىزلىك بىلەن ئىشكنى چەكتى.

ئۆي ئىچىدىن ئازراق ئوپۇر-توپۇر ئاۋاز ئاڭلاندى. چىراق يېقىلدى ۋە ئىشىك قىيا ئېچىلدى.

هاجى ئىشان "مۇهتەرەم قارى" نىڭ قولىدا يالتىراپ تۇرغان تاپانچىنى كوردى.

— ئەسسلام، "مۇهتەرەم قارىم"......

— هە، هە، هاجى ئىشان...... ئۆزلىرىمىدىلە، — "مۇهتەرەم قارى" هاجى ئىشاننى تونۇپ، تاپانچىنى ئىچ يانچۇقىغا سالدى

ۋە بۇرۇلۇپ كەينىگە قاراپ قويىدى، — قېنى...... ئويگە......

شۇ ئارىدا ئايتۇرا يۈزىنىڭ يېرىمىنى تور رومال بىلەن ئوراپ ھاجى ئىشانغا يېنىچە بولۇپ ئېگىلىپ، ئويدىن چىقىپ كەتتى.

ھاجى ئىشان ئايتۇرانىڭ ئوز ھوجرىسىغا كىرىپ كەتكەنىنى ئېنىق كورۇپ تۇردى ۋە چىشىنىڭ ئېغىنى چىقىرىپ ھەجايدى......

"مۇھتەرەم قارى" سەل ئويغايسىزلانغاندەك بولۇپ، غۇدۇڭ-شىدى:

— ...... ئىنسانچىلىق ئەمەدى...... بىر ئاللادىن باشقا ھەممىمىز...... ئىنسانچىلىق...... تەقسىر......

شۇ پەيتتە، شىرمەمەت تالادىن كىرىپ كەلدى.

ھاجى ئىشان ئۇنىڭ قولىدىن يېتىلەپ "مۇھتەرەم قارى" نىڭ خانىسىغا ئېلىپ كىردى.

ئويدە چىراق، بىر كىشىلىك ئورۇن-كورپە ۋە كوسا ئۇستىدە ئېچىقلىق كىتاپتىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى.

— "مۇھتەرەم قارى" پەرىشتىدەك ئادەم، يېنىق چىراق، — دىدى ھاجى ئىشان شىرمەمەتكە، — ئاللا ئوزى كورۇپ تۇرۇپتۇ، ئىس-يادى بىر ئاللا بىلەن. چەكچىيىپ تۇرغان كوز ھىساپ ئەمەس، كوڭۇل كوزى خاتاسىزدۇر. ئادەم گائگىرىغاندا، چەك-چەيگەن كوزگە نىمە كورۇنمەيدۇ؟...... دىل كوزۇڭ ھازىر ھەممىنى كوردى ۋە ئېتىقات ئويۇن گەپ ئەمەس، "مۇھتەرەم قارى" نىڭ پېشىنى چىڭ تۇت، بۇ ئالەملىگىمۇ، ئۇ ئالەملىگىمۇ كاپالەت......

شىرمەمەت ھاڭ-تاڭ بولدى، راستىنلا ئويغۇسىراپ كو-زۇمگە كورۇنۇپ كەتتىمىكىن دەپ گۇمان قىلىپ قالدى.

ھاجى ئىشان يەنە بىر ئاز پەندى-نەسىھەت قىلىپ، كۆڭلىنى تىنجىتقاندىن كېيىن، شىرمەممەتكە:

— بۈگۈن كېچە ئاسماندىن شۈۋىي قەدرى ئۆتىدۇ. ئۇيقۇغا، ۋەسۋەسىلىك خىيالغا بېرىلمە، ئەزمە ۋە تەلۋە بولما، غەپلەت ۋە ئاچچىق — مۇرىت-مۇخلىسنىڭ دۈشمىنىدۇر، — دەپ ئىزىپ ئىچۈردى-دە، ھەر قېتىملىق نامزىدا شىرمەممەت ئۈچۈن خالىس دۇئا قىلىپ قويۇشقا ۋەدە قىلىپ، "مۇھتەرەم قارى" نى ئېلىپ چىقىپ كەتتى......

"مۇھتەرەم قارى" ھىسامىدىن داموللىنىڭ مېھمانخانىسىدا قىپ-قىزىل گىلەم ئۈستىدىن دەسسەپ ئۆتۈپ، قازناق ئىچىگە كىردى ۋە بۇلۇڭ تامغا يۆلەگلىك چىلان ياغىچى ھاسىنى ئېلىپ، ئەۋرەزنىڭ قاپقىغا "توك، توك، توك" قىلىپ ئۇچىنى ئۇردى.

ئەۋرەز تېگىدە كىمدۇر كىترلاۋاتقاندەك قىلدى. "مۇھتە-رەم قارى" بۇ يەرگە ئۆزىنى باشلاپ ئېلىپ كەلگەن ھاجى ئىشانغا بېشىنى ئېگىپ قويۇپ، قازناقنىڭ ئىشىكىنى ياپتى.

قاپقا دەررۇ كۆتىرىلدى، "مۇھتەرەم قارى" شوتا بىلەن تۆۋەنگە سىيرىلدى ۋە ھىسامىدىن داموللىغا ئەگىشىپ، لەخمە يولى بىلەن كول ئىچىدىكى ئەينەكلىك گەمىگە قاراپ يول ئالدى.

ئۇ، گەمە يولىدا كېتىۋېتىپ مەخسۇت بەگنىڭ:

— ......غاچ قىلىپ بىرنى دەسسە قۇرۇت-قوڭغۇزدەك تالىيى ئۆلۈپ تۈگۈشىدىغان گادايلار ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كېلىپ يۇرت سورايدىغان بولۇپ كېتىپتىمۇ؟...... سوراپ بوپتۇ! قېنىنى ئىچىپ، تېرىسىنى شىلىپ، يۈرەك-بېغىرىنى كاۋاپ قىلىپ يېمىسەم مەخسۇت بەگ بولماي كېتەي ئىلايىم! — دېگەن سۆزىنى ئاڭلىدى.

— ئالماسنى دىمەملا، ھىلىقى توگىچى، — دىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى گەمە تەرەپتىن، — كوزگە ئىلىمغان باشقا چوماق دىگەن شۇ - دە!...... ئا جۇيجاڭ جىگىساجۇيىنىڭ تۇرمىسىدە شۇ توگىچى ئۇچۇن بىر تال ئوقنى ئاياپ بىكار قىلغان...... مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئاتىسى توختى يىزىلىق دىخانلار جەمىيىتىگە رەئىس بولۇپ، بىشىمىزدا ياڭاق چىقىشنىڭ كويىغا چۇشۇپتۇ......

— ئالماسقا بەگلىك قىلىشنى كىم قويۇپتۇ، توختى ياڭاق-لىقنىڭ ئاتىسى بوپتۇ دىگەن نىمە گەپ! — مەخسۇت بەگ جان - جەھلى بىلەن ۋاقىرىدى، — ئەمدى سەۋرى قىلىش يوق، تاقەتكىمۇ بەس! ...... چايناپ - چايناپ يۇركۇۋەتمىگەن، يۇرىگىنى سوغۇرۇۋىلىپ يەر چىشلەتمىگەن گۇنا مەندە. ئىسست! ...... پاسار ئوغرىمۇ شۇنچە پۇل - پوچىگىمنىڭ بىشىغا سۇ قۇيدى، جاڭ تەن-جاڭ دىگەن لاتا قونجامۇ ھىلىگەر شۇم تۇلكە — ھىچنىمىگە يارى-مىدى. مەن مەخسۇت بەگ — ھورمەتلىك توپىبىشىنىڭ پۇشتى-مەن. بوۋامنىڭ ئەرۋاھى مەدەت بەرسۇن، ئالماس بىلەن توختىنىڭ قىنىنى ئىچمىسەم توپىبىشىنىڭ پۇشتى بولماي كى-تەي! ......

ئۇنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاۋاتقاندەك بىلىندى، گەمىنىڭ تو-رىدىكى كارۋات غىرىسلاپ كەتتى. "بىگىم يارايدۇ، — دەپ ئوي-لىدى "مۇھتەرەم قارى" — ئەمدى بەس، كوممۇنىستلارنىڭ چاڭ-گىسىنى بۇزۇۋش كىرەك......"

— ئەقىل، ئەقىل ناھايىتى دۇرۇس، —دىگەن ئاۋاز ئاڭلان-دى، "مۇھتەرەم قارى" بۇ ئابدۇللا كوككوز دامولىلىنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى ئىنىق پەرق قىلدى، ئابدۇللا كوككوز دامولا سوزىنى داۋام قىلدى، — لىكىن، ھەر ئىش ھىساپلىق، پىلانلىق بولغىنى

تۈزۈك. ئا جۇيجاڭ جاناپلىرى ئەلۋەك سوپىنىڭ ئولۇكىنى ئۆزمە دە-
رىخىگە ئېسىپ قويۇپ، سۆنى لېيىتۇۋەتتى، بۇ ئاجايىپ موجىزە. مانا بۇ
ئەقىل، ھىممەت!...... ۋاقىت يەتتى. ئالماسلارنىڭ شەھەرگە ماڭغىنى
بەلەن پۇرسەت. توختىنىمۇ، ئىمام خاتىپنىمۇ يوق قىلىش كې-
رەك. توختى گادايلارنىڭ تۇغ-ئەلىمى...... ئىمام خاتىپنىڭ
بۇ يەردىكى پەس تەبىقىنىڭ دىنىنى ئوغرىلاپ، خەقنىڭ ئىشەن-
چىسىگە ئىگە بولۇۋالغانلىغى ئېنىق، دەيۇز!...... سەرەڭگىنى مانا
شۇ ئىككىسىدىن يېقىپ، ئۇتتى "بورە قوتان"غا تۇتاشتۇرۇش كې-
رەك...... مەن بۇ ئىش ئۈچۈن بىر ئاي باش قاتۇردۇم، "مۇھ-
تەرەم قارى"مۇ مانا شۇ ئويدا. ئەمماكى بۇ ئىشنى شۇنداق ئەپ-
لەشتۇرۇش زورۇركى، نەتىجە، ئوز يېغىدا ئوز گوشىنى قورۇش
بىلەن تۈگىسۇن. ئاڭغىچە، "ھىكمەتلىك تۈزۈك"مۇ ياخشى خەۋەر
بىلەن يېتىپ كېلىدۇ، چوڭ تۇتۇش قىلىشنىڭ يولى ئېچىلىدۇ......
ئاللا مەدەت قىلسا، كوممۇنىستلارنىڭ چاڭگىسى كۆكۈم-تالقان
بولۇپ كېتىدۇ...... تولىمۇ ئېنىقكى، "بورە قوتان"دىكى ئەسكىرىي
قوشۇن نەدىكى دىخان بولسۇن، يالغان!...... بۇ تىكەن ئالماس
بىلەن توختىنىڭ ئىشەنگەن تۈۋرۈگى. ئۇلارنىڭ يۈرىگىنى تىرەم
قىلىۋاتقىنىمۇ ئاشۇلار. ئىشنى مانا شۇ تۈۋرۈكنى غولىتىشتىن
باشلاش زورۇر......

"نامازشام خىزىرىسى"نىڭ ئاۋازى لەخمە يېرلىدىن چىقىپ
كەلگەن "مۇھتەرەم قارى" بىلەن ھىسامىدىن داموللىنى كوروپ
ئۈزۈلدى.

"نامازشام خىزىرىسى" بىلەن مەخسۇت بەگ ئىتتىك ئور-
نىدىن تۇردى:

— قېنى جاناپ، ئاجۇيجاڭ، يوقۇرىغا......

— قېنى داموللام، كارۋاتقا مەرھەمەت......

## 2 . دېخانلار جەمىيىتىنىڭ رەئىسى

بۈگۈن جۈمە كۈنى.

زەرەپشانلىقلار ئۆز ئادىتى بويىچە بۇ كۈنى ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىنى توختىتىپ دەم ئالىدۇ. چوڭراق سودا ـ سېتىقلىرى بار ـ لار شەھەرگە — ناھىيە مەركىزىگە. ئازراق ئېلىم ـ سېتىم قىلىپ ئىش پۈتتۈرىدىغانلار ھاجىتىگە قاراپ، رايون مەركىزىگە. ھەرقايسى يېزىلاردىكى ئاۋات كاتتە بازارلارغا بارىدۇ. بازارغا بارمىغان ئەر ـ لەر چاچ ـ ساقاللىرىنى ئالدۇرۇپ، دەم ئالغاچ كەتمەن ـ پالتىسىنى قېقىمپ، ھارۋا ـ تاغارلىرىنى تۈزەپ، ئەتىكى ئىش ئۈچۈن تەييار ـ لىق قىلىدۇ ۋە ياكى بويىنى سۇغا سېلىپ، تاھارەت ئېلىپ، توپ ـ لىشىپ ئازنا مەچىتكە جۈمە نامىزىغا بارىدۇ.

ناماز دىن كېيىن، ياشلارنىڭ مەچىت پەشتاقلىرى ئالدىدا ناغرا ـ سۇناي مۇقاملىرىغا تەڭكەش قىلىپ، ساماغا چۈشۈپ كېتە ـ دىغان چاغلىرىمۇ بولۇپ تۇرىدۇ.

بۇ كۈنى ئاياللارنىڭ ئىشى تېخىمۇ كوپ. نان ـ پان يې ـ قىپ، كىر ـ قات يۇيۇپ، ئوچاق ـ تونۇر باشلىرىنى سۇۋاپ، ئۆي كوتىرىپ تازىلىق قىلىدۇ؛ بالىلىرىنى يۇيۇپ ـ تاراپ، قىز ـ لىرىنىڭ چاچلىرىنى ئۇششاق قىلىپ ئۇرۇپ قويىدۇ، كېلىنلەر بولسا، ئەتىگەندىلا ياسىنىپ ـ تارىنىپ، ئازنا قىلىپ، ئاتا ـ ئانە ـ لىرىنىڭ ئۆيىگە يوقلاپ كېتىشىدۇ......

بۈرۈنلاردا بەگلىك ۋە ناھىيەلەرنى ئاتلاپ ئوتۇپ ئۆيىنە ـ لىمدىغان چوڭ سەيلىلەر — "ئاپپاق خوجا سەيلىسى"، "بۈۋى

"ئانام سەيلىسى"، "ئوردا خېنىم سەيلىسى"، "قارا تاغ مازىرى سەيلىسى"، "چىلتەنلىرىم سەيلىسى" دەپ ئاتىلىدىغان سەيلىلەرمۇ دەل جۇمە كۈنىدە ئەۋجىگە كۆتىرىلەتتى. مۇنداق سەيلىلەر ئومىدىن كېيىنكى بوش ۋاقىتقا توغرا كەلگەچكە، سەيلىگە كېلىدىغان ئادەملەرمۇ ناھايىتى كۆپ بولاتتى. داۋازلارنىڭ دار ئويۇنى، "سارغايدى" ئويۇنى، چېلىشچىلارنىڭ ماھارەت كۆرسىتىش ئويۇنلىرى، مەددالارنىڭ چوڭ سورۇن تۈزەپ ئېيتقان ئاجايىپ جەلپ قىلغۇچى داستانلىرى، مۇقامچىلارنىڭ ماھارەت كۆرسىتىش نەغمىلىرى ئەنە شۇ سەيلىلەرنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى ئىدى.

كېيىنكى كۈنلەردە بۇ سەيلىلەر نىمە ئۈچۈندۇر سىلىكىپ قالدى. تىرىكچىلىك غەملىرى كۆپ كىشىلەرنى بۇ سەيلە-تاماشىغا قىزىقتۇرمىغانلىقى ئېنىق. لېكىن، يىراق جايدىكى سەيلىلەرگە بارمىسىمۇ، كىشىلەر دەل جۇمە كۈنى يەنە، زەرەتكالىقلارغا بېرىپ، دۇئا-تەكبىر قىلىپ، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ تۇپراقلىرىنى زىيارەت قىلىپ تۇرۇشىدۇ.

توختاخۇن بىلەن سارىخان ئانا بۈگۈن تۇپراق بېشىدىن بالدۇرلا قايتتى.

ئۇلار تۇپراق بېشىدا ئانارگۈلنىڭ قەۋرىسىنى زىيارەت قىلدى، ئانا ھەر قېتىمقىدەك قەۋرە ئالدىغا كېلىپلا ئۆزىنى توختىتالمىدى، ئاق رومالىنىڭ ئۇچىنى كۆزىگە تۇتۇپ، ھازا ئېچىپ يىغا-زار قىلدى، توختاخۇن بولسا، قەۋرە ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزى بىلىدىغان بىرلا سۈرە — "قۇلھۇۋاللاھۇ ئەھەد"نى ئۈچ قېتىم ئوقۇپ دۇئا قىلدى. ئاندىن ئېلىقۇلنىڭ دادىسى سوپۇرگە ئاكا ۋە ئىنىسى كەنجىتاينىڭ قەۋرىلىرى ئالدىغا بېرىپ ئادەت بويىچە خالىس دۇئا قىلىپ قويدى.

ساربىخان ئانا بىر ئاز يىغلىۋالغاندىن كېيىن ئېرىقتىن كوزىدا ئۇچ قېتىم سۇ توشۇپ، ئانار گۈلىنىڭ قەۋرىسى ئالدىغا تۇجۇپىلەپ ئۇستۇرگەن كىچىككىنە گۈللۈك — قىزىل سەپدە، مانپۇ ۋە لەيلىقازاق گۈللىرى ئېچىلىپ تۇرغان گۈللۈكنى سۇغاردى، گۈللۈكنىڭ چۆرىسىگە توپا يۆلىدى ۋە ئېچىنى يۇمشاتتى......

ساربىخان ئانىنىڭ قەۋرە ئالدىدا يەنە بىر ئاز تۇرغۇسى، قىزى ئانار بىلەن خىيالەن دىدار كۆرۈشۈپ، ئۇزىنىڭ مۇڭ-ھەسرىتىنى توككۇسى بار ئىدى.

لېكىن، توختاخۇن ئالدىرايتتى، چۈنكى ئۇلار بۈگۈنكى دەم ئېلىش كۈنىنى ئانىنىڭ تەلۋىگە ئاساسەن، "بورە قوتان" جاڭگال-لىغىغا بېرىپ، جەڭچىلەر ئۇز قولى بىلەن بىنا قىلغان، "جاڭ-گالدىكى كىچىك شەھەر" دەپ ئاتالغان دېخانچىلىق مەيدا-نىنى سەيلە قىلىپ كېلىشكە ئاجراتقان ئىدى.

شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار قەۋرە ئالدىدا خېلىغىچە تۇرۇش-تى. كۆز قوزى چۈش بولغان مەھەل بىلەن زەرەتكالىقتىن چى-قىپ، دەريانىڭ يېشىل چىملىق قىرغاقلىرىنى بويلاپ، مەھەللە تەرەپكە قايتتى.

توختاخۇننىڭ بېشىدا بادام دوپپا، ئۈستىدە پاكىز ئاق يەكتەك، پۇتىدا يۇمشاق يازلىق چورۇق بولۇپ، بېلىنى كوك بەلۋاقتا باغلىۋالغان، ئوك كوكرىگىدە يېزىلىق دېخانلار جەمىيىتى قورۇلتىيىدا قاداپ قويۇلغان ۋەكىللىك بەلگىسى — قالىغاچ قۇي-رۇغى شەكلىدىكى قىزىل رەخت يېنىك شامالدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى. بۇ بەلگىنىڭ رەڭگى، خەتلىرى ئالىقاچان ئۆڭۈپ-ئۇچۇپ كەت-كەن بولسىمۇ، لېكىن، توختاخۇن ھەر قېتىم كېيىم ئالماشتۇرغاندا-

دا، ئۇنى يەنە كوكرىگىگە قادىۋالاتتى ۋە ناھايىتى پەخىرلىك ھىس قىلاتتى.

لېكىن، ئانىنىڭ كوڭلى غەمكىن ئىدى. توختاخۇن سارىخان ئانا بىلەن يانىۋ-يان كېتىۋېتىپ، مەيدىسىدىكى ۋەكىللىك بەلگىسىگە قاراپ قويدى ۋە يېقىملىق ھىس قىلدى. ئۇ دىخانلار ۋەكىلىنىڭ شەرىپى بولغان بۇ ۋەكىللىك بەلگىسى ھەققىدە ئانىغا نىمىلەرنىدۇر دەپ ئۇنىڭ كوڭلىنى ئاچقۇسى كېلىۋىدى، لېكىن، يول بويىدىكى قاتار كەتكەن شاتۇت ئۇژمە دەرەخلىرىنىڭ بىرىنىڭ ئۇستىدىن بىر كىچىك بالىنىڭ:

— توختى بوۋا، ماڭا قايا، ئېغىتايىۋ، شاتۇت يەمەي، — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

توختاخۇن بېشىنى كوتىرىپ ئۇژمە شېخىغا قارىدى. ئۇ يەردە رابى ۋىت-ۋىتىنىڭ كىچىككىنە ئوغلى غېنى ئېغىز-بۇرۇنلىرى قىپ-قىزىل بويالغان ھالدا قارا قاتتىق كوزلىرىنى پارقىرىتىپ، ھە دەپ ئۇژمە شېخىنى لىڭشىتىۋاتاتتى:

— ئىتىگىڭنى ئاچ، ئۇژمە ئېغىتىمەن، — دېدى غېنى شوخلۇق بىلەن، — قايا، قولۇم يەتمىدى، شاخنىڭ ئۇچىدا ئۇچچىدا بورداق ئۇژۇم! شاتۇت!......

— ھوي ئەخمەق، — دېدى توختاخۇن كىچىككىنە غېنىغا مەسلىگى كېلىپ، — بولدى قوي، شاتۇتنى ئېغىتمايدۇ، ئىتەكنى بويايدۇ، يۇساڭ چىقمايدۇ، ئاۋايلا، يىقىلىپ كېتىسەن......

— كىم يىقىيدۇ، يىقىيمايمەن، — غېنى شۇ گەپنى ئېيتىپ، كىچىكىرەك بىر شاخقا ئېسىلىپ، شوخلۇق بىلەن كوچەپ ئېغىتىۋىدى، پۇتى دەسسەپ تۇرغان شاختىن سىيرىلىپ، ئېگىلگەن شاخ بىلەن بىللە ئالدىغا ئۇچۇپ چۇشتى.

توختاخۇن چاقچاقلىق بىلەن ئۆنى ئىككى قولى بىلەن تۇتۇۋالدى ۋە قورقۇپ كەتكەن غېنى ئۆمشۈغىنى سوزۇپ ئۆمچەيدى:
— بوالدى ئەمدى يىغلىما، ئوغۇل بالا دىگەن يىغلىمايدۇ، — دەيدى توختاخۇن ئۆنى يەرگە دەسسىتىپ، — ئەمدى سەن ئۆزەڭگە چىقىما جۇمۇ، چوڭ بولغاندا چىققىن.
غېنى شاتۇت يىگەن قولى بىلەن كوزىدىكى ياشلىرىنى ئېرتتى، شۇنىڭ بىلەن قاش-كوزلىرىمۇ قىپ-قىزىل بويىلىپ كەتتى.
توختاخۇن بىلەن سارىخان ئانا كۈلۈپ كەتتى:
— بول، ئېرىقتا بار، يۈزۈڭنى يۇغىن، قارا، نىمىگە ئوخشاپ قالدىڭ! — دىيىشتى.
غېنى يۈگۈرۈپ ئېرىق تەرەپكە كەتتى.
شۇنىڭ بىلەن سارىخان ئانىنىڭ كوڭلى ئېچىلدى، زەرەتكالىقتىكى قىزىمى ئەسلەپ پەيدا بولغان ھەسرەت ئۇتى كوڭلىدىن كوتىرىلدى. ئۇلار يولدىن ئۆتكەن-كەچكەن دىخانلار بىلەن ھال ئەھۋاللىشىپ، سوقما تاملىق، تال باراڭلىق ھويلىلارنىڭ ئالدىدا تونۇرغا نان يېقىپ، كىر-قات چايقاپ يۈرۈشكەن ئايالالار بىلەن سالاملىشىپ، يولىنى داۋام قىلدى.
— ئانىسى، ئەجەپ كۆنلەر-ھە؟ — دىدى توختاخۇن يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى غوزا باغلىغان كېۋەزلىكلەر، باش تارتقان قوناقلىقلارغا قاراپ قويۇپ، — مۇشۇ كۆنلەردە ئۆزەمنى ياشىرىپ قالغاندەك، يېڭىۋاشتىن كۆچ-قۇۋۋەتكە تولۇۋاتقاندەك سىزىمەن. كوڭلۇم ئاپتاپتەك يورۇق، يۈرىگىم زادى ئىچىمگە پاتمايدۇ. كوڭلۇمدە مىڭ بىر خىل خىيال-ئارمان......
ئانا پىشايۋىنىغا ئۇزۇم تالىرى، كاۋا-قاپاقلار ياماشتۇرۇل-

غان بىر ھويلىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، توختاخۇنغا قا-
راپ قويىدى:

— يەنە نىمە خىيال، نىمە ئارمان، مۇشۇ كۈنىمىزگىمۇ
مىڭ قەترى شۈكرى! — دىدى.

— گەپىڭكەن، ئالدىمىزدا تېخى ئىش جىق، — دىدى توخ-
تاخۇن كوزلىرى نۇرلانغان، يۈزلىرىدە بىر خىل ئۈمىتۋار خوشال-
لىق ئالامەتلىرى تېشىغا تەپكەن ھالدا. — شۈكرى دەيدىغان،
شۈكرى دىمەيدىغان ئىشلارمۇ بار. دۆڭ تېخەن بىلەن جاپپاروپ
ماڭا ھەممىنى چۈشەندۈردى. بەگ - بايلار بىلەن ھىساپ - چوت قىلە-
شىمىز. يەر ئىگىسىگە، مال-مۈلۈك ھەق جايىغا قايتىدۇ. ئادەمنى ئادەم
بوزەك قىلىدىغان، ئېزىدىغان ئىش توگەيدۇ. ئاسىم ئەپەندىم،
مەشرەپ، ئاناركۈلنىڭ قېنى بىكارغا ئاقمىدى. قان قەرز - قان بىلەن
تولىنىدۇ. بۇ ئىش ئاز كۈندە بولىدۇ. دىخاننىڭ راۋرۇس ئا-
زاتلىغى دىگەن شۇ. لېكىن، گەپ بۇ يەردە ئەمەس، مېنىڭ ئار-
مىنىمنىڭ توگۈچىمۇ بۇ يەردە ئەمەس......

ئانا سەل ئەجەپسىنىپ توختاخۇنغا قارىدى:

— توگۈچ، نىمە توگۈچ؟......

توختاخۇن خېلىغىچە گەپ قىلمىدى:

— ھەي توختى، ھەي توختى، سېنىڭ ئەللىك يىللىق
ئۆمرۈڭ سېنىڭ ئەس - ھۇشى، تىل - قۇلىقى، قول - پۇتى بار بىر
ئىنسان بولۇپ ئۆتكىنىڭگە گۇۋا - شاھىت بولالامدۇ؟ يوق گەپ! —
توختاخۇن خىيالغا چوككەن ھالدا ئۆز ئۆزىگە خىتاپ قىلىپ
سوزلىدى، — يوق گەپ. سەن پىشانەڭگە دەرت - ئەلەم، ھەسرەت-
نادامەت تامغىسى بېسىلغان بەقاۋۇل بىر ئەر ئەمەسمىدىڭ؟
بۇگۇن سەن كىم بولدۇڭ، ئەتە كىم بولۇۋاتىسەن؟ — خوجايىن!

كىمگە خوجايىن؟ — ئوزەڭگە! دۇنيادا ئوز ئوزىگە خوجايىنلىق قىلىشتىنمۇ قىممەتلىك يەنە نېمە بولسۇن؟ — شۇندىن كېيىن توختاخۇن سارىخان ئانىغا ھېرىسلىق بىلەن قاراپ ئېيتتى. — بۈگۈن مەن سىلىنىڭ سەمىگىلىكە بىر ئىشنى سېلىپ قويىاي دەي-مەن. سىلى پات-پات "بولدى ئەمدى، قېرىدىڭلا. ئازراق قاتراپ-چېپىڭلا، ئالماسمۇ يېتىدۇ" دىگەن گەپنى ئېغىزدىن چە-قىرىدىغان بولدۇڭلا. ئويلاپ كوردۇم، بۇ گەپكە بۈگۈن جاۋاپ بېرەي. توغرا گەمەس. راست، پۈتۈن ئومرۇم بويى قاتراپ كەل-دىم، كىمگە؟ — تەييار تاپ بايلارغا. بۈگۈن بىز قېرىنداشلارغا كوپرەك ئىش قىلىپ بېرىشىمىز. ئۇلارنىڭ ھالىغا يېتىشىمىز. دەردىگە دەرمان بولۇشىمىز لازىم. ھارغىنىم يوق. نىمگە ھا-رىمەن. مەن بۇ يولنى مىڭ.ۋېرەي. قانچە كوپ ماڭسام ئوزەمگە شۇنچە ئارام. مانا مىنىڭ كوڭلۇمدىكى توگۇچ! يۈرىكىم نىمشقا شوخشۇپ تۇرىدۇ، كوڭلۇم نېمە ئۈچۈن ئاپتاپتەك يورۇق؟ ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن!......

سارىخان ئانا ئوز قەدىناسىنى چۈشەندى.

توختاخۇننىڭ ئىشلىرى ھەقىقەتەنمۇ كوپ ئىدى. ھەر-قايسى تەبىي كەنت، مەمۇرى كەنتلەرگە بېرىپ، دىخانلار جە-مىيەتلىرىنىڭ ئىشلىرىغا ھەيدەكچىلىك قىلاتتى. ئوزۇق-تۈلۈگى ئۈزۈلۈپ قالغان نامرات ئائىلىلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى. يەر ئىگىلىرىنىڭ ئويلىرىدىكى يىللىقچىلارنىڭ مۇناسىپ ھوقۇقى-نى قوغداپ، يىللىقچىلار بىلەن يەر ئىگىلىرىنىڭ ئېلىم-بېرىم ئىشلىرىنى ھەل قىلاتتى، يەر ئىگىلىرىنىڭ ئويلىرىدىن ئۈزۈلۈپ چىقىپ، نەگە بېرىپ، نىمە قىلىشنى بىلمەي يۈرگەن يىللىقچە-لارغا باش-پانا بولاتتى. دىخانلارنى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئاشلىق

ئىشلەپچىقىرىشىغا قوزغايتتى. مۇنداق سورۇنلاردا ئۇ مەردانىلىق بىلەن:

— سىلەر كورۇۋاتامسىلەر، ئازاتلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى يېزىمىزنىڭ ئايىغىدا، "بورە قوتان"دا بىنەم ئېچىپ دىخانچىلىق قىلىۋاتىدۇ. ئەسكەرنىڭ كەتمەن تۇتۇپ دىخانچىلىق قىلغىنىنى كىم كورگەن؟ مەن ئۇ يەرگە نەچچە قېتىم باردىم. جەڭچى باللار شۇنداق دەيدۇ: "دولەت يېڭى قۇرۇلدى، كەمبەغەل، ئاشلىق، كوكتات كەمچىل، ھە دىسە، پۇقراغا قول سوزۇۋەگەن بىلەن بولمايدۇ، ئوزىمىز قول تەۋرىتىپ، خەقنىڭ سېلىغىنى يەڭگىللىتىشىمىز لازىم". مانا، خەلقنىڭ ئارمىيىسى مۇشۇنداق بولىدۇ. ئۇلار بىزنى كوزدە تۇتۇۋاتىدۇ، ئەمدى بىزچۇ؟ بىزمۇ كوپرەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئاشلىغى ئىشلەپچىقىرىپ، دولەتكە ياردەم قىلىشىمىز، يېڭى ھوكۇمەتكە يار يولەكتە بولۇشىمىز كېرەك، نېمىشقا دىگەندە، دولەت ئوزىمىزنىڭ-دە! — دەيتتى......

توختاخۇن بىلەن سارىخان ئانا گەپ-سوز بىلەن بولۇپ، مەخسۇت بەگنىڭ تومۇر دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدى. ئۇلار ئۇيەرگە بېرىپ، ناشتا-ناھار قىلغاندىن كېيىن "بورە قوتان"غا بېرىپ، سەيلە قىلىپ كېلىشمەكچى، ئۇ يەردىكى ئوزگىرىشلەرنى — "كىچىك شەھەر"نى كورۇشمەكچى بولۇشتى.

دەل مەخسۇت بەگنىڭ تومۇر دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىن ئوتۇپ كېتىۋاتقاندا، قورانىڭ ئىچىدىن قىسمەت چورۇقنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھوي ...... توختاخۇن، توختىسلا......

توختاخۇن توختىدى، قورادىن قىسمەت چورۇق چىقىپ كەلدى.

قىسمەت چورۇق خۇشال ۋە ئېتىك ئىدى. ئاتخانىدا ئاتلارغا يەم-خەشەك بەرگەن بولسا كېرەك، كىيىملىرىدىن بىدە-سامان ئۇۋاقلىرى توكۇلۇپ تۇراتتى:

— ئەرزىمىگەنلا بىر ئىش، — دېدى ئۇ ئەقىللىق كوزلىرىنى چىمچىقلىتىپ تۇرۇپ، — لېكىن، مەن قىسمەت چورۇق ئەرزىمىگەن ئىش بولسىمۇ، ئۇنىڭ تېگىدە نىمە مەنا بار دەپ سىنچىلاپ قاراپ باقىمەن. خۇدا كوزنى كورۇشكە، مېڭىنى ئويلاپ-دەڭسەپ ئىشلىتىشكە بەرگەن. بولمىسا، كوز بىلەن مېڭە ئادەمگە يۇك ئەمەسمۇ؟ ...... ئەرزىمىگەن ئىش دېگىنىم، ئەتىگەندىن بۇيان ھېلىقى شاتۇر دوغا بۇ يەرنى ئۈچ قېتىمچە چوگىلىدى. چوگىلەپ كېتەلمەيلا قالدى. مەن قىسمەت چورۇقنىڭ بۇ شاتۇرغا قارايدىغان كوزۇم يوق. بۇ چاپانچى ئەخمەق ئەسلىدە قوينىدىن قونجىغا پىت توكۇلمەيدىغان سالتاڭ بىر نىمە بولسىمۇ، مەخسۇت بەگنىڭ كەتمىنىنى چېپىپ قانچە ئادەمنىڭ كوزىدىن ياش ئالمىدى! كەت، كەت، كوزۇمدىن يوقال، دېگىم كەلدى-يۇ، يەنە، ھەي بۇ شاتۇرنىڭ بۇ يەردە چوگىلەپ قېلىشىدا ھەقىچان بىر گەپ بار، دەپ ئويلىدىم. راستلا ئۇنىڭ گېپى بار ئىكەن، لېكىن، بۇ بەغىرەز ماڭا زادى ئېيتقىلى ئۇنىمىدى. مەن قىسمەت چورۇق ئۇنىڭ كوزىگە دو كورۇندىممۇ، ئىشقىلىپ قوقتى. قوقساڭ قوق، قوقتىڭمۇ بولدى! — دېدىم-دە، ئەمىسە ساڭا كىم لازىم، ۋالىمۇ، ھاكىممۇ، ئېيتە؟ — دېسەم ئۇ: "توختىكام، توختىكامنى تاپسام بولاتتى" دەيدۇ. ئۇنىڭ سىلىگە دەيدىغان گېپى بار چېغى، توختاخۇن، سىلى بۇگۇن ئۇنى كورمىگەنلا؟ ......

توختاخۇن شاتۇرنى كورمىگەنلىگىنى ئېيتتى. ئەمما، شۇ چاغدا، شاتۇر "خۇدالىق" مەدرىسىنىڭ كەينىدىكى تار كوچىدىن چىقىپ كەلدى.

— ئەنە، بۇ ھاڭۋاقتى، يەنە كەتمەپتۇ-دە، — دېدى قىسمەت چورۇق، — بىزگە ئەمدى دوغىنىڭ نېمە ھاجىتى. سىلىگە دوغا بولاي دېدىمىكىن. يېڭى زاماننى چۈشەنمەيدىغان نادان. ئۇنىڭ ئىچىدىكىنى بىلىپ باقسىلا قېنى......

شاتۇر توختاخۇننىڭ قېشىغا كەلدى. توختاخۇن:

— ھە، شاتۇر، كېپقاپسەن، مېنى ئىزلىگەنمىدىڭ؟ — دېدى.

— ئىزلىگەن، — دېدى شاتۇر ۋە قىسمەت چورۇققا قاراپ قويۇپ، تىرنىغىنى تاتلىدى، — ئازراق گېپىم بار ئىدى......

— قانداق گەپ، ئېيتىۋەرگىن......

شاتۇر نېمە ئۈچۈندۇر بىر ئاز ئەنسىز كورۇندى ۋە ئېيتىشنى خالىمىدى. ئەتراپقا خۇدۇكسىنىپ قاراپ-قاراپ قوياتتى. نىمىدىندۇر قورقۇۋاتقاندەك ئىدى.

— جۇر، بوپتۇ، ئۇيگە كىرەيلى، — دېدى توختاخۇن ۋە شاتۇرنى ئېلىپ ئوي تەرەپكە كەتتى.

شاتۇر قەغەز پەنجىرىلىك ئۇيگە كىرگەندىن كېيىن، كاڭنىڭ لېۋىگە ئولتۇرۇپ، زەدىۋال تۇتۇلغان تامغا يولەندى. ئاندىن ئېغىر بىر نەپەس ئېلىپ:

— ئازات بولۇشنىڭ سەل-پەل ئالدىدىراق ئالماس بىلەن ئىككىمىز توگە يېتىلەپ قەشقەرگە باردۇق، — دەپ گەپ باشلىدى ئۇ، — بۇنى سىلى بىلىلا. شۇ چاغدا ئالماسنىڭ بەگنىڭ پېيىنى قىرقىپ يۈرگىنىنى مەن ئەخمەق نەدىن بىلەي...... ئالماس قەشقەردە ئوز كويى بىلەن، مەنمۇ ئوز يولۇم بىلەن بوپتۇق. بىر كۈنى ئالماسنى جىڭساجۇينىڭ ئادەملىرى تۇتۇپ كەتتى، بۇنى ئاڭلاپ، ياسىن شاڭخەيدىن خەت ئېلىپ، جىڭساجۇينىڭ كاتىۋېشى ئاجۇيجاڭ دېگەننىڭ ئالدىغا باردىم. خۇداغا شۇكۇر

ئالماس دوزاقتىن قۇتۇلدى...... ئەمما، شۇ قېتىمدا بۇ ئا جۇيجاڭ دېگەن كىشى مېنىڭ خاتىرەمدە قاپتۇ. بەل-مۈرىسىگە ئۇجاڭدەي تاقىغان، ياپما قاپاق، چوقۇر ۋە يۈزلىرىنى دانىخورەك باسقان ئادەم ئىكەن. ماڭا ھەممىدىن غەلىتى كۆرۈنگىنى ئۇنىڭ سېرىق، دائىم مىتىلداپ تۇرىدىغان كۆزى بولدى. بۇ كۆز ماڭا سوراقچىدەك: "ئېيتە، ئېيتمامسەن، ھېلى جۇمۇ!" دەۋاتقاندەك بىلىنگەن. مەن بۇ ئا جۇيجاڭنى تونۇگۈن يەنە ئېنىق كۆردۈم......

— نىمە، كۆردۈم دەمسىنا، نەدە كۆردۈڭ؟ — توختاخۇن قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، شاتۈرنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى. — تونۇگۈن! قانداق تونۇگۈن؟......

شاتۈر تىلىنىڭ ئۇچىغا بىر چىمدىم ناس قىستۇردى ۋە كەيپى يېشىلگەندەك بولۇپ، سۆپىدىكى بورىنىڭ ئاستىغا تۈكۈردى:

— مېنىڭ سىلىگە مەلۇم قىلماقچى بولغىنىم شۇ گەپ. — دېدى ئۇ. — ئادەم دېگەن خام سۈت ئەمگەن نەرسە. خاتالاشمىسام تونۇگۈن مەن ئاجۇيجاڭنى ئېنىق كۆردۈم. بۇ ئىش مېنىڭ خىيالىمغا كىرىپ چىقمىغان. ئالدىنقى كۈنى، تونۇگۈن — ئىككى كۈن قول بوشىغان مۇشۇ پەيتنى غەنىمەت بىلىپ، ئازراق قىشلىق ئوتۇن غەملىۋالاي دەپ "بورە قوتان" جاڭگىلىغا باردىم. ئالدىنقى كۈنى ئوتۇننى ئېشەككە ئارتىپ ماڭاي دەپ تۇرسام، قۇرۇغان يۇلغۇن شاخلىرى كەينىدىن بېشىغا ئورە تۇماق، ئۇستىگە ئۇزۇن چەكمەن چاپان كىيگەن ساقاللىق بىر ئادەم ماڭا تىكىلىپ بىر قارىدى-دە، كەينىگە يېنىپ ئىتتىك كىتىپ قالدى. مەن ئۇنى ماڭا ئوخشاش ئوتۇنغا كەلگەن ئادەم چېغى دەپ ئويلاپتىمەن. تونۇگۈن يەنە يۇلغۇن كوتىكى قومۇرىمەن دەپ ئۇزاق ھايال بولدۇم، كۈن ئىگىلگەندە ئوتۇننى ئېشەككە ئارتىۋالدىم.

ماڭاي دەپ تۇرسام، يۇلغۇنلۇق ئارىسىدا ئۇششۇمتۇت بېشىغا
سالۋا تۇماق، ئۈستىگە مەللە پەرىجە كىيگەن ساقاللىق بىر ئادەم
بىلەن يەنە ئۇچرىشىپ قالدىم. كۆز!...... بايىقى "ئېيتە، ئېيتە-
ماسەن، ھېلى جۇمۇ" دەيدىغان كۆزنىڭ ئۆزى! ياپما قاپاق،
چوقۇر، يۈزىنى دانىخورەك باسقان ئادەمنىڭ ئۆزى شۇ! يا ھەز-
رەت، بۇ ھېلىقى ئاجۇيجاڭ دىگەنگە قانداق ئوخشايدۇ - ھە؟—
دەپ ئويلىدىم. ئېغىزىمدىن چىقارمىدىم. پەملىشىمچە، ئالدىنقى
كۈنى كۆرگەن ئادەم بىلەن تونۇگۈنكىسى—ئىككىسى بىر ئادەم. پەقەت
كىيىم يەڭگۈشلىگەن. ئۇ ئادەم ماڭا دوقۇرۇشقاندىن كېيىن، بە-
لىپ تۇردۇم، بەگمۇ ھودۇقۇپ - چوچۇدى. سېرىق كۆزلىرى بە-
لەن بىر تىكىلدى - دە، ھەربىلەر بىنەم ئاچقان مەيداننىڭ چەت-
پورىسىنى ياقىلاپ كېتىپ قالدى...... مەن بۇ چۈشۈمەمۇ - ئوڭۇمە-
مۇ، دەپ گاڭگىراپ كەتتىم. "توختا، ھوي سەن ئاجۇيجاڭ، ئەگ-
رى قىلىچنى پۇلاڭلىتىپ قەشقەرنى بېشىغا كىيگەن جىگسا ئەمەل-
دارى سەن ئەمەسمۇ؟" — دەپ ۋاقىراپ توختاتقىم كەلدى. لېكىن،
تازا جەزىم قىلالمىغانلىغىمدىن ھېچنىمە دىيەلمىدىم. كېچىدىن
ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، قانچە قىلسامۇ يەنە شۇ، قانداق
گۇمان بولسۇن، نەق ئۆزى! قولدىن چىقىرىۋەتكىنىمگە پۇشاي-
مان قىلمەن. دەيدىغان گېپىم شۇ ئىدى......

توختاخۇن ئاجۇيجاڭ توغرىسىدىكى بۇ گەپنى ئازاتلىق-
نىڭ ھارپىسىدا، ئالماس قەشقەردىن قايتىپ كەلگەندىلا ئاڭلى-
غان ئىدى. كېيىن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىغى ئاب-
لىكىم قەشقەردىن قېچىپ كېلىپ مۇشۇ ئەتراپقا يوشۇرۇنغان ئىك-
كى ئەكسىلئىنقىلابچى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرغاندا، ئاجۇيجاڭ
دىگەن ئادەمنى تىلغا ئالغان ئىدى......

توختاخۇن شاتۇرغا قارىدى:

— شاتۇر، سەن ئېيتقان بۇ ئادەم ئاشۇ ئا جۇيجاڭ بولىدى-غان بولسا، بۇ تولىمۇ مۇھىم ئىش. بۇ خۇمپەر مەخسۇت بەگ بىلەن بىر جاڭگالنىڭ بۆرىسى. سەن ئېيتقىنا، ئۇزەڭنىڭ كۆزۈڭ-گە ئىشىنەمسەن؟......

— ئىشىنەمسەن؟ نېمىشقا ئىشەنمەي! — دېدى شاتۇر ئور-نىدىن چاچراپ تۇرۇپ، — مېنى ئۇتمۇشتە مەخسۇت بەگكە چاپانچىلىق قىلغان، پالانچى - پۇستانچى دەپ دىخانلار جەمىيىتىگە ئېلىشمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئالماس قايسى كۈنى مېنى خاتىر-جەم قىلدى، ساڭا ئىشىنىمىز دېدى. مەخسۇت بەگكە چاپانچى-لىق قىلغان بولسام، كۈنىنىڭ قاتتىقلىغىدىن، يوقسۇزچىلىقتىن قىلغان. بولمىسا، مەخسۇت بەگ ھاماچانىڭ ئېرىمەدى. مېنىڭمۇ زەردەم قاينىغان يەرلىرىم بار. قايسى كۈنى ئۆيۈمدە بىر خەت پەيدا بولۇپ قالدى. مەخسۇت بەگ خەتتە: يىگىرمە يىل مېنىڭ ئۆيۈمدە يەپ - ئىچكىنىڭنى قۇسىدىغان، تولەيدىغان ۋاقىت كەلدى. بولمىسا، ئۇزەڭنى ئەلۇەك سوپى قىياپىتىدە كورىسەن، دەپتۇ. بۇ، ماڭا يەنە چاپانچىلىق قىلمىساڭ ئۆلتۈرىمەن دىگەن سوز. مەن بۇ خەتنى ئالماسقا تاپشۇرۇپ بەردىم. مېنىڭ بەگدىن ئادا - جۇدا بولغىنىم بولغان. مەن بىلدىمكى، مەخسۇت بەگنىڭ ئىككى پۇتىنى بىر ئۇتۇككە تىقىپ، ئەدىۋىنى بەرمىگىچە ماڭا ئاراملىق يوق. مەن بۇ ئىشتا ئالماسنىڭ ئىشەنچىسىنى جەزمەن ئاقلايمەن. ئاجۇيجاڭ توغرىسىدىكى گەپنى شۇڭا ئېيتتىم......كورگىنىمنى دېدىم، ئادەم دىگەن خۇدا ئەمەس، ھەر ھالدا ئۇ ئا جۇيجاڭ بولماي قالغان تەقدىردىمۇ، غەلەت بىر ئادەم - دە!......

توختاخۇن شاتۇرنى خاتىرجەم قىلىپ ئۇزىتىپ قويغاندىن

كېيىن، سارىخان ئانىنىڭ قېشىغا چىقتى:

— ئانىسى،— دىدى ئۇ،— بۈگۈن "بورە قوتان" غا بارالماي-دىغان بولدۇق. ھازىر رايوندا جاپپاروۋمۇ، ئالماسمۇ يوق، دۆڭ تېخەننىڭ قايسى يېرىغا كەتكەنلىكىمۇ مەلۇم ئەمەس، مەن ھازىرلا دۆڭ تېخەننىڭ نەدىلىكىنى سۈرۈشتۈرەي، ئۇنى نەدىن ئىزلىسەك بولار؟......

## 3. زىلزىلە

كېچە...... شىرمەممەت دەھشەتلىك ۋە ئەنسىز ۋاقىراپ چېپىشىپ يۈرگەن بىر توپ ئادەمنىڭ قىقاس-چۇقانلىرىدىن ئويغىنىپ كەتتى.

ئۇ، دەسلەپ ھېچنىمنى ئاڭقىرالمىدى. دۈپۈرلەپ يۈگۈرۈش-كەن ئاياق ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. ئومۇمى چۇقان خېلى بىر كەم-گىچە يۈرتقا يېيىلدى. چوڭ ئاۋازلىق بىر كىشى غەزەپ بىلەن ۋاقىراپ كىمنىدۇر ئويغاتتى. ئىنچىكە ئاۋازلىق بىر ئايال يېقىنلا بىر يەردىن چىقىراپ سۈرەن سالدى. ئاندىن تۇيۇقسىز قۇربان ئاقساقالنىڭ تاشقىرقى ئىشىگى ئىككى قېتىم ئېچىلىپ-يېپىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن بىر توپ ئادەم دۈپۈرلەپ يۈگۈرگىنىچە يەنە:

— ئەيھانناس، ئىشتىڭلار ئامۇ خاس...... ئادەم ئولدى!...... ئەقلىغا سىغمايدىغان قاتىللىق بولدى!...... دەپ ۋاقىراپ ئۆتۈپ كەتتى.

يوغان ئاۋازلىق بىر ئادەم ئىنىق قىلىپ:

— خالايىق، توختاخۇننىڭ ياخشىلىغىنى ئۇنتۇدۇڭمۇ،

قولۇڭغا كالتەك ئال، دېخانلار جەمىيىتىنىڭ ئەزالىرى تېز ئويغان!......رەئىس قانغا بويالدى......قانغا ـ قان، جانغا ـ جان!...... ھەممەڭلەر، كالتەك ـ توقماق ئېلىڭلار،......قاتىلغا ھەمشىرىك بولماڭ-لار!......، ـــ دەپ ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپ توۋلاپ جىم بولدى.

شېرمەممەت نېمە قىلىشنى بىلمەي، يوتقىنىنى مەيدىسىدىن تۆۋەنگە سىيرىپ، جەينىكىگە تايىنىپ تۇرۇپ، تالاغا قۇلاق سالدى. يۇرتنىڭ باش ـ ئاياق تەرەپلىرىدىن ئەنسىز ۋاقىراش ئاۋازلىرى يەنىلا ئاڭلانماقتا ئىدى.

"توختاخۇننىڭ ياخشىلىقىنى ئۇنتۇدۇڭمۇ؟......ئەجەپ گەپ-ھە؟......توختىكامغا نېمە بولغاندۇ؟......". شېرمەممەت ئويلىنىپ قالدى......

توختاخۇن بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى شېرمەممەت بىلەن يەنە بىر قېتىم سۆزلەشكەن ئىدى. بۇ قېتىم توختاخۇن ھەم جىد-دى، ھەم نېمىگىدۇر تەقەززا بولۇۋاتقاندەك ئىدى. توختاخۇن ئېغىر ئۇھ تارتىپ تۇرۇپ، شېرمەممەتنىڭ ئېچىنىشلىق تارىخىنى ئېچىۋەتتى، دەرت ـ ئەلەملىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. قۇربان ئاقساقالنىڭ كېيىنكى ۋاپادارلىقىنىڭ مەنىسىنى ئېچىپ چۈشەندۈردى.

شېرمەممەت بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمە-گەندەك، ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ كۆزىنى بىر چەكچەيتتى ـ دە، بېشىنى تۆۋەن سالدى، توختاخۇن ئېيتتى:

ـــ قۇربان ئاقساقال مۇشۇ يېقىندىن بۇيان بىرنەچچە ئات-كاللىرىنى كۆزدىن يوق قىلدى، قىممەتلىك مال ـ مۈلۈكلىرىنى خۇپىيانە يوتكەپ يوشۇرۇۋاتقانلىقى مەلۇم. بىز بۇ ئىشنى بىلىمىز، سەن تېخىمۇ بىلىسەن......سەن ئويلىغىن ئىنىم. ئۇ ساڭا ۋاپا قىلارمۇ، سەن نېمىشقا كۆزۈڭنى ئاچمايسەن......سەن بورىنى ئاتا

تۇتۇپ، كېيىن پۇشايمانىنى ئالدىغان قاچا تاپالماي قالمىغىن......
قۇربان ئاقساقالنىڭ خۇپىيانە شۇملۇقلىرىغا كوز-قۇلاق بولۇپ،
بىزگە مەلۇم قىلغىن......قۇربان ئاقساقالنىڭ ئات-ئۇلاق، مال-
مۇلۇكلىرىنى يۆتكەپ يوشۇرغانلىقى — ئىجارە كېمەيتىش، يەر ئىسلا-
ھاتىغا بۇزغۇنچىلىق. دېھقانلار جەمئىيىتى بۇنىڭغا يول قويمايدۇ......
سەن بىلگىنىڭنى بىزگە ئېيتامسەن؟......

بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسى راست، يالغىنى يوق ئىدى.

لېكىن، شىرمەمەت خۇددى تىلىنى كويدۇرۇۋالغان ئادەم-
دەك، كالپۇكلىرىنى بىر بىرىگە چىڭ ھىملاپ زادى ئېغىز ئاچمى-
دى. قۇربان ئاقساقالنىڭ كېچىسى ئۇخلىماي ئۇياق-بۇياققا
قاتراپ يۈرگەنلىكى، تىۋىش چىقارماي مال-مۇلۇكلىرىنى نەگىدۇر
تارقىتىپ يوشۇرۇۋاتقانلىقى شىرمەمەتكە بەش قولدەك ئېنىق.
ئەمما، شىرمەمەتكە غىل-پال ئەلەم خەنجىرىنى تىقىپ ئۆتكىنى،
ئۇ ئەمەس، "مۇھتەرەم قارى" ئىدى.

قايسى كۈنى "مۇھتەرەم قارى"نىڭ ئايتۇرانى ئۇز ھوجرى-
سىغا ئېلىپ كىرگىنىنى ئۇ ئېنىق كوردى. بىراق، ھاجى ئىشان
بۇنى ئۇيقۇسىزلىقتىن بولغان گاڭگىراش دەپ خۇلاسىلىدى.
ئېيتقاندەك، ئايتۇرامۇ ھوجرىدىن ئالۋاستىدەك غايىپ بولۇپ
كەتتى. شىرمەمەت "راستىنلا كوزۇمگە كورۇنگەن چېغى" دەپ
ئىشەنگەندەك قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يۈرىكىدە نامەلۇم بىر
غەشلىكنىڭ توختىماي قىمىرلاۋاتقانلىقىنى سېزەتتى.

— "ھەدىسە......قۇربان ئاقساقال!......نىمە قىلدۇ ئۇنى
سوراۋېرىپ، — دەپ ئويلىدى شىرمەمەت بېشىنى تۆۋەن سالغان
ھالدا، — مال-مۇلۇك ئۇزىنىڭ. نىمە قىلسا مەيلى ئەمەسمۇ......
مال-مۇلۇكنى ئۇ مەن بىلەن ئايتۇرا ئۇچۇن ساقلىماقچى......

قۇربان ئاقساقالمۇ، ئايتۇراخانمۇ شۇنداق دىدى. بولدىغۇ......
ھەي......مانا بۇ "مۇھتەرەم قارى" غەلەت ئادەم......ئۇ مىنىڭ رىسقىمغا تويا چىچىپ يۈرمىسە بولاتتىغۇ......شۇنى سورا......".

شىرمەممەت ئۆز خىيالىدا سادا قىلغان "شۇنى سورا" دىگەن سوزدىن چوچۇپ كەتتى.

"'مۇھتەرەم قارى' ئاللانىڭ ئەلچىسى، ئۇ توغرىلىق ئىيتىش مۇمكىن ئەمەس. ئىيتىشىمۇ كوزۇڭ ئوتتۇلۇپ، تىلىڭ قىتىپ، شۇ زامات شىھىتتەك قىتىپ قالىسەن!......" — ھاجى ئىشاننىڭ بۇ سوزى قۇلىغى تۈۋىدە جارائلىغاندەك بولدى.

شىرمەممەت زۇۋان سۈرمەي، بىشىنى سىلىپ تۇرۇۋەردى......

توختاخۇن ئۇزاق سوزلىدى ۋە ئىچىنىپ:

— بوپتۇ. سەن ئويلا، بىشىڭغا كون چۈشسە، ئۇگە بولىدىغان ئادەم بارلىغىنى ئۇنتۇما. دىخانلار جەمىيىتىنى تاپ، — دەپ كىتىپ قالدى.

بۇ سوھبەت قۇربان ئاقساقالنىڭ ئىشىگى ئالدىدىكى قويۇق تىرەكلىك قاپلاپ تۇرغان كول بويىدا بولغان ئىدى.

شىرمەممەت، چوڭقۇر ئەپسۇسلىنىپ كىتىۋاتقان توختاخۇنغا بىر پەس قاراپ تۇردى-دە، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئۇنىڭ كەينىدىن بىرنەچچە قەدەم ئەگىشىپ ماڭدى، مىڭىشقا تەمشەلگەندەك قىلدى.

دەل شۇ چاغدا ئارقا تەرىپىدىن:

— شىرمەممەت، بولغىنا، ئىشىڭ سوۋۇدى، نىمە تۇردۇڭ، — دىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

شىرمەممەت توختاپ كەينىگە قارىدى. قۇربان ئاقساقالنىڭ ئىشكىنىڭ بوسۇغىسىدا سىمىز كوكرەكلىرىنى لىغىرلىتىپ ئايتۇرا

كورۈندى.

ئۇ، ئەتراپقا بىر قارىۋېلىپ شىرمەممەتكە:

— سەن بولمساڭ، مېنىڭ گېلىمدىن تاماق ئۆتەمدۇ، يە مېنى ھېچنىمە يېمەي ئاچتىن ئۆلسۇن دېمەكچىمۇ؟ — دېدى نازلىنىپ.

شىرمەممەت كەينىگە ياندى، بوسۇغىدىن ئاتلاپ ئۆتتى. ئايتۇرا ئىشىكنى تاقاپ بولۇپ، شىرمەممەتنىڭ قولىنى تارتىپ، كوزلىرىنى ئۆيىنىتىپ تۇرۇپ:

— ئەجەپ، كوڭلۇڭ ئۆزگىرىپ قالغان بولسا ـ ھە...... — دېدى. — راست گېپىڭنى ئېيت، مېنى قىينىما......ئۇ توختى لۆڭخۆيچۇ، ئاغزىغا كەلگەننى بىلجىراۋېرىدۇ......ئۇ نىمە دېدى...... ئاغزىڭغا چاشقان مايىغى سالمىغاندۇ......تويۇڭلارغا داپ چېلىپ بېرەي دېمەكچىمۇ؟......

شىرمەممەت ھودۇقۇپ:

— ياق، ياق، ئايتۇراخان. توختىكام باشقا......ئۇ......، — دەپ، تەمتىرىگىنىچە، ئايتۇرادىن ئاستا قولىنى تارتىۋالدى......

شىرمەممەتنىڭ خىيالى شۇ يەرگە كەلگەندە، تۇيۇقسىز ئىشىك قاتتىق ئۇرۇلدى، قۇربان ئاقساقال:

— ھوي......شىرمەممەت، نىمە سەن، غەپلەت بېسىپ يېتىۋېرەمسەن، قوپ ئورنىڭدىن، قولۇڭغا كالتەك ئال! — دەپ ۋاقىرىدى.

شىرمەممەت ئۆز خىيالىنى نېرى ئىتتىرىپ، چوچۇپ ئېرەنسىزلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى. نېرى ـ بېرى كىيىندى ـ دە، گاڭگىرىغان ھالدا ھويلىغا چىقتى.

ھويلىدا قۇربان ئاقساقال ئىككى مېتىر كەلگۈدەك بىر كالتەكنى مۈرىسىگە سالغان ھالدا ئالدىراپ ئىشىك تەرەپكە چىقىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ، ئىشىككە يېقىنلاشقاندا، كەينىگە بۇرۇلۇپ شېرمەممەتكە:

— ئىتتىك بول، سورەلمە، كالتەك ئالدىڭمۇ، بول! — دېدى.

شېرمەممەت تېڭىرقاپ قالدى. قۇربان ئاقساقال:

— ھوي، نېمە سەن، توختاخۇننى بىلمەمسەنا؟ — دېدى.

— بىلمەن، نېمىشقا بىلمەي، — دېدى شېرمەممەت، — ئۇ ئادەم......ئۇ ئادەم نېمە بوپتۇ؟......

— ئۆلتۈرۈۋەتتى!......

— ئۆلتۈرۈۋەتتى؟ كىمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى؟!......

— بول دەيمەن، كىمنى؟......كىمنى بولىتتى، توختىنى، رەئىسنى!......

قۇربان ئاقساقال شۇ گەپنى ئېيتىپ، ئىشىكتىن يۈگۈرۈپ دېگۈدەك چىقىپ كەتتى ۋە ئۇنىڭ كىمگىدۇر ۋاقىراپ ئېيتقان:

— خالايىق، چاپسان......قاتىلنى تۇتايلى...... — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى......

شېرمەممەت كوزلىرىنى ئۇۋۇلاپ: "ھەي......بۇمۇ ئۇيقۇسىزلىقتىن گاڭگىراپ بولۇۋاتقان ئالامەت ئەمەستۇ، قايسى كۈنكى ئىشمۇ مۇشۇنداق بىچەل ۋاقىتتا كوزۈمگە كورۈنگەن بولسا......"دېگەننى كوڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئات ئوقۇرىنىڭ قېشىدىن بىر قورۇق كالتەكنى قولىغا ئالدى-دە، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ تالاغا چىقتى ۋە ئىختىيارسىز دۈپۈرلەپ يۈگۈرۈشۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەرگە ئەگىشىپ، توختاخۇننىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا باردى......

توختاخۇننىڭ ئۆيىنىڭ قەغەز پەنجىرىسىدىن سارىخان ئانىنىڭ ئاھ - پەرياتلىق يىغا ئاۋازى ئېتىلىپ چىقىۋاتاتتى. ھويلىنىڭ ئىچى - تېشى، ئېرىق ۋە يول بويلىرىدا غەزەپلەنگەن بىرنەچچە يۈز ئادەم دەۋرەپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىگى مۇشۇ مەھەللىلىك ئادەملەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەدرىس تالىپلىرىمۇ، ئىشلەمچى ياش دىخانلارمۇ بار ئىدى.

شىرمەممەت كىشىلەر ئارىسىدا قوللىرىنى شىلتىپ - شىلتىپ سۆزلەۋاتقان قۇربان ئاقساقالنى، "پەرىشتە"نىڭ دىدارىنى كۆرگەن. رابى ۋىت - ۋىتنى كۆردى. ئۇ جان - جەھلى بىلەن:

— قاراپ تۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسە - ھە! شۇمۇ تېخى ئارمىيەمىش، قاراقچى! — دەپ ۋاقىرىدى.

يەنە بىرنەچچە ناتونۇش ئادەم "ئىنتىقام!......ئىنتىقام ئالىمىز!" دەپ، ئۇياقتىن - بۇياقتا چېپىشىماقتا، تىترەشمەكتە، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتماقتا ئىدى.

بىركەمدىن كېيىن ئۆزۈن پەرىجە كىيگەن ئىككى تالىپ سارىخان ئانىنى يۆلەپ ھويلىغا ئېلىپ چىقتى:

— بىز بەندە، ھېچنىمىنى كۆرگىنىمىز يوق. سارىخان بولغان ئەھۋالنى چۈشەندۈرسۇن، — دىدى ئۇلار.

— ئەقلىمگە سىغمايدۇ، مۇتلەق ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ، — دىدى ئاناكۆزلىرىدىن تىنىمسىز ياش تۆكۈپ تۇرۇپ. — ئۇلار ھەممىسى بەش كىشى، ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ كىيىمىنى كىيگەن، قولىدا مىلتىق بار، بىز ئەمدىلا چىراقنى ئۆچۈرگەن ئىدۇق. ئىشىكتىن بوراندەك بېسىپ كىردى. ئېغىز ئېچىپ گەپ قىلغىنى يوق. تەرەپ - تەرەپتىن قول چىراقلىرىنى ياندۇرۇپ، دادىسىنى مىلتىق بىلەن قالايمىقان ئۇرۇۋەدى. دادىسىنىڭ ئۈستىگە ئۆزەمنى تاشلىدىم،

مېنى سورەپ بىرسى ئوچاق ئالدىغا دومىلىتىپ تاشلىۋەتتى. ئاندىن دادىسىغا ئېتىلىپ، ئۇنى دەسسەپ - چەيلەپ كاردىن چىقاردى. دادىسىنىڭ ئۇنى ئۆچكەندىن كېيىن، بىرسى ئۇنىڭ ئېغىزىغا قولىنى تۇتۇپ باقتى - دە، يەنە ئۆچقاندەك چىقىپ كېتىشتى......بولغان ۋەقە شۇ......

ئانا سوزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، چاساقاللىق بىر ئامانلىق ساقلاش ھەيئىتى:

— مىلتىق تۇتقان ئەسكەر بەش ئەمەس، ئالتە. بىز يۇقۇرقى مەھەللىنى ئارىلاپ كېلىۋاتساق، قولىدا مىلتىق تۇتقان ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ ئالتە ئەسكىرى ئالدىمىزدىن ئوقتەك ئۇچۇپ ئۇتۇپ كېتىشتى. بىز "بۇ قانداق ئىش. كىمنى قوغلاپ يۈرىدىكەنا" دەپ ھەيران بولۇشتۇق. ئۇلار شۇ يۇگۇرگىنىچە ئۇدۇل "بورە قوتان" تەرەپكە كېتىشتى......— دىدى.

"بورە قوتانغا كېتىشتى" دىگەن گەپنى ئاڭلاپ، غەزەپلەنگەن، ھەيران بولغان نەچچە ئون كىشى ئامانلىق ساقلاش ھەيئىتىنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالدى:

— نىمە، نىمە دىدىڭ؟ "بورە قوتان!"......

— "بورە قوتان" غا كەتكىنى راستمۇ؟!......

— ھە. ئىشنىڭ تېگى مۇنداق ئىكەن - دە!......

— بۇ ئازاتلىق ئارمىيە دىگەن نىمىلەر بوزيەر ئاچىمىز دەپ، بىزنى گوللاپ قويۇپ، بۇلاڭچىلىق قىلىشماقچىكەن - دە!......

— ھۇ......قاراقچىلار!......

— جۇرۇڭلار......قاراپ تۇرىمىزمۇ، ئىنتىقام ئالايلى......

— تېنىۋېلىشتىن ئىلگىرى تۇتۇۋالايلى......

— "بورە قوتان" دىن يوقالسۇن ئۇنىملەر!......

— جۇرۇڭلار......قانغا - قان!......

— رەئىسنى ئۆلتۈرگىنىنى قارا!......

— ......

كوپچىلىك غەزەپلەنگەن ئىدى. كىمنىڭ نىمە دەۋاتقانلىـ-غىنى ئەتراپىدىكىلەرلا ئاڭلايتتى. ھويلا ئىچى ۋە ئەتراپ قوماچ قورۇغاندەك قاينىاپ كەتتى، ھەممەيلەن "دۆررىسدە" قوزغىلىپ ھويلىدىن يولغا چىققىشتى. كىمدۇر:

— ھەممىڭلار، كالتەك ئېلىڭلار. قاتىللارنى "بورە قوتان"-دىن قوغلايمىز! — دەپ ۋاقىرىدى.

بىرمۇنچە كىشلەر قورالىلىنىش ئۈچۈن ئوي - ئويلەرگە يۈگۈرۈشتى. يەنە بىر قىسىم كىشلەر ئازاتلىق ئارمىيە جەڭچىـ-لىرىنىڭ توختاخۇننى ئۆلتۈرگەنلىكگە ئىشەنگۈسى كەلمىگەنىدەك گاڭگىراپ قېلىشتى.

شۇ چاغدا، يول تەرەپتىن قىسمەت چورۇق چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا بەشيۈلتۈزى بار بىر شەپكە بىلەن بىر ماش رەڭ سۇدان بار ئىدى. بىرەيلەن:

— قىسمەت، بۇ نىمە، نەدىن تاپتىڭ؟ — دەپ ئالدىراپ سورىدى.

— يولدىن تېپىۋالدىم، سىلەر بۇ يەردە نىمىش قىلىۋاتەـ-سىلەر؟ — قىسمەت چورۇق ھېچنىمىدىن خەۋەرسىز ئىكەن، ئۇ گاڭگىراپ سورىدى.

ئۇنىڭ سوئالىغا ھېچكىم جاۋاپ بەرمىدى. كىشلەر تەرەپـ-تەرەپتىن:

— ئەمدى گۇمان قىلىشقا ئورۇن يوق. "بورە قوتان" دىكى قاراقچىلارنىڭ رەئىسىمىزنى ئۆلتۈرگىنى ئېنىق بولدى. جۇرۇڭلار،—

دەپ ۋاقىراشتى.

غەزەپلەنگەن خەلق ئاتلىق، پىيادە بولۇپ، قوللىرىغا كالا-تەك-توقماق ئېلىپ، "بورە قوتان" تەرەپكە چېپىپ كېتىشتى......

بايىز خالۋاپ بايەمدىن بېرى كوزلىرىدىن ياش توكۇپ، هوشسىز ياتقان توختاخۇننىڭ بېشىنى بىلىگىنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ:

— توختاخۇن، قېرىندىشىم، كوزۇڭنى ئاچ، سەن تىرىكمۇ، بىزنى نا ئۇمىت قىلما،— دەپ هەسرەت چېكىۋاتاتتى.

توختاخۇننىڭ بېشى تەرەپتە، ئۇي ئىچىگە كەپلىشىپ قاراپ تۇرغان باشقا كىشىلەرمۇ توختاخۇندىن كوزىنى ئۈزمەي، ئاۋازسىز يىغلاشماقتا ئىدى.

توختاخۇن "خارت" قىلىپ، ئېغىر بىر نەپەس ئالدى-دە، كوزىنى ئاچتى ۋە يەنە يۇمدى.

ئۇ، نەپەس ئالماقتا ئىدى. بايىز خالۋاپ:

— خۇداغا شۈكۈر، ئۇ هايات ئىكەن، قېنى چاي ئېپكېلىڭ-لار،— دېدى.

توختاخۇننىڭ ئېغىزىغا چاي تېمىتتى، بىرنەچچە يۇتۇم ئىچتى، يەنە هوشىدىن كەتتى.

بايىز خالۋاپ توختاخۇننى سارىخان ئانا بىلەن قىسمەت چورۇققا تاپشۇرۇپ، ئۇزى دۈك تېخەنگە خەۋەر قىلىش ئۈچۈن رايون تەرەپكە يۈگۈردى.

بايىز خالۋاپ كوچىنىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ، يان تەرەپتىكى كونگىرىلىك مېچىتنىڭ لەمپىسى ئاس-تىدا تورۇسقا ئېسىلغان بىر نەرسىنىڭ پۇلاڭشىپ تۇرغانلىغىنى كورۇپ قالدى. پۇلاڭشىپ تۇرغان نەرسە "خارت، خارت" قىلىپ،

غەلتە ئاۋاز چىقىرىۋاتاتتى.

بايىز خالۋاپ يولدىن بۇرۇلۇپ، مىچىتنىڭ ئىشىگىنى كۈچ بىلەن ئىتتىرىپ ئاچتى-دە، ئىسلىغان گەۋدىنىڭ ئالدىغا باردى.

ئىسلىغان گەۋدە ئىمام خاتىپ ئىدى. ئۇ بوينىغا سىرتماق سېلىنىپ ئېسىپ قويۇلغان ئىدى. بىراق، سىرتماق قىلىنغان ئاغامچا سوزۇلغانلىقتىن، ئىمام خاتىپنىڭ پۇتىنىڭ ئۇچى يەرگە تېگىپ تۇراتتى. ئىككى قولى بىلەن سىرتماقنىڭ ئۈستى تەرىپىنى چىڭ تۇتۇۋالغان ئىدى.

بايىز خالۋاپ ئىمام خاتىپنىڭ گەۋدىسىنى بىر قولى بىلەن قۇچاقلاپ تۇرۇپ، پىچاق بىلەن ئاغامچىنى كەستى. ئىمام خاتىپ سۇنايلىنىپ يەرگە يىقىلىپ ھوشىدىن كەتتى......

ئىمام خاتىپنىڭ مىچىتكە ئېسىلغانلىقى ۋە بۇ يەردىمۇ ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ بەش قىزىل يۇلتۇزلۇق شەپكىسىدىن بىرىنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقى......كوزنى يۇمۇپ-ئاچقىچە پۈتۈن يېزىغا پۇركەتتى......

بۇ خەۋەر شۇنداق تېز تارقالدىكى، بايىز خالۋاپ ھوشىدىن كەتكەن ئىمام خاتىپنى بورا ئۈستىگە ياتقۇزۇپ تۇرۇپ:

— ئىماماخۇنۇم، ئىماماخۇنۇم!......، — دەپ، ئېغىزىنى ئەمدىلا ئاچقاندا، بۇ يەرگە بىرنەچچە تالىپ كىرىپ كەلگەندەك قىلغان، ئەمما، ئارىدىن ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا پۈتۈن يېزا ئىچىدە دەھشەتلىك زىلزىلە پەيدا بولدى......

ئاتلىق، پىيادە بولۇپ، "بورە قوتان" تەرەپكە چېپىشىپ كېتىۋاتقان قىقاس-چۇقان، ئاياق ئاۋازلىرى شىددەت بىلەن كۆچەيدى......

كېچە قاراڭغۇلۇغى ئىچىدە:

— دىنىمىز دەپ ــ ئەندە قىلىندى!......

— ئىمام خاتىپنى ئۆلتۈرۈۋەتتى!...... — دېگەن سادالار، ۋاقىراشلار يېزا بويىلاپ، ئۇيەر - بۇيەردىن توختىماي ئاڭلىنىپ تۇراتتى......

بايىز خالۋاپ ئىمام خاتىپقا قاراشنى بىرنەچچە ئۆزى ئىشىنىدىغان تونۇش كىشىلەرگە ھاۋالە قىلدى - دە، ئىمىنىدۇر بەدىنى شۈركەنگەندەك بولۇپ، دۆك تېخەننى ئىزلەپ رايون مەھكىمىسى تەرەپكە ئۇتتەك يۈگۈردى......

## 4. "ئىشەنمە، دۈشمەن بار......"

ئازاتلىق تېگى ئاتقان دەسلەپكى كۈنلەردىلا ئىبلىقۇل بىلەن تاجىك بالىسى سالىماننىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشقانلىقى، ئاز كۈندىن كېيىن، ئىبلىقۇلنىڭ ئۇرۇمچىگە ئۇز كەسپى بويىچە ئۆگىنىش كۇرسىغا ئەۋەتىلگەنلىگى كىتابخانىغا مەلۇم.

ئىبلىقۇل ئۇز كەسپى بويىچە زورۇر تەربىيىگە ئىگە بولۇپ، ئالدىنقى كۈنى ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كەلدى.

ئىبلىشا ئۇز باغرىنىڭ ئۈرۈمچىدىن قايتقانلىقىنى توغرىسىدىكى خەۋەرنى دەسلەپ تەرجىمان ئابدۇللادىن ئاڭلىدى. كېيىنرەك بۇنى دۆك تېخەن ئىسپاتلىدى. دۆك تېخەن ناھىيىدىكى ئۆگىنىش كۇرسىدا ئوقۇۋاتقان ئالماس بىلەن تېلېفوندا سوزلىشىۋاتقاندا، ئالماس سوز ئارىسىدا ئېيتقان ئىكەن. دۆك تېخەن بۇنى خۇش خەۋەر تەرىقىسىدە ئىبلىشاغا يەتكۈزگەن ئىدى.

ئىبلىشا تۈنۈگۈن پۈتۈن بىر كۈن تەقەززا بولۇپ ئىبلىقۇلنى

كۆتتى، ئېلىقۇلنىڭ قېرىپ مۈكچىيىپ قالغان ھامىنى بولسا، "شۇ بالامنى، شۇ يېتىم قوزامنى بىر كۆرسەم" دەپ ئىشىكتىن كۆزىنى ئالمىدى. ئەمما، ئېلىقۇلدىن ھېچبىر شەپە-دېرەك بولمىدى.

كۈن كەچكىرىپ، قاش قارايغان مەھەل بىلەن، ئېلىشا يەنە ئابدۇللانى ئىزلەپ تاپتى:

— ئوغلۇم، ئېلىقۇل تۈرمىدىن كەلسۇنۇ-ئۇز قېرىنداشلىرىنى سېغىنمىغان بولسا...... سەن ھېلىقى گەپ يولىنى، تېلېفونمىدى؟ ھە، شۇنى قولۇڭغا ئالغىنا......، — دېدى.

ئابدۇللا بىرنەچچە مىنۇت ئىچىدىلا تېلېفوننى ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە توغرىلىدى:

— مانا، ئېلىشا تاغا، تىروپكىنى قولىڭىزغا ئېلىڭ، ئابلىكىم ۋېجاڭنىڭ ئۆزى چىقتى، — دېدى ئابدۇللا تىروپكىنى ئېلىشاغا تۇتقۇزۇپ، — ئېلىقۇل ھازىر يوق ئىكەن......سۆزلىشىڭ......

ئابلىكىم بىلەن ئېلىشا كونا قەدىردانلار. ئېلىشانىڭ كۆزىنى داۋالاپ ساقايتىشتا ئابلىكىم قانچە-قانچە جان كۆيەرلىك قىلغان. كۆڭۈل سىرلىرىنى ئېيتىشىپ ئاتا-بالىدەك ئۆتكۈزۈشۈپ كەتكەن ئەمەسمۇ؟ ھازىرمۇ ئۇلار تېلېفوندا خېلىغىچە ھال-ئەھۋال سوراشتى، مورىتى كەلگەچكە كىچىككىنە چاقچاقمۇ قىلىشىۋالدى. ئاندىن ئېلىشا ئۇسكىلەك قاشلىرىنى بىر يەرگە تۈگۈپ، جىمجىت تۇرۇپ ئابلىكىمگە قۇلاق سالدى، ئاندىن:

— بولىدۇ، بولىدۇ. شۇنداقمۇ ئېغى، خىزمەت مۇھىم، مەن جاھان كۆرگەن ئادەم، شۇنچىلىك ئىشنى چۈشەنمەمدىمەن، بولىدۇ، مەن ئۆزۈم كىرىمەن......، — دېدى.

ئېلىشا شۇ گەپنى ئېيتىپ، تېلېفون ئالدىدا ئويلىنىپ بىرئاز تۇردى-دە، ئابدۇللاغا قاراپ:

— كۆردۈڭمۇ، بىزنىڭ ئېلىقۇل ئۇ يەردە كىم بولۇپ كېتىپتۇ. بەكمۇ ھاجەتلىك كىشى! ئۇ ئۇستىگە ئالغان ۋەزىپىنى ھەتتا بىزگىمۇ دېگىلى بولمايدىكەن. شۇنداق مۇھىم ئىشقا كىرىشىپتۇ. ئۇنى ئەمدى كىممۇ تېزى يەرتىق يېتىم يىلىلىقچى ياكى جادۇ قىڭراقنى قولىغا ئېلىۋېلىپ، تېزگىن ئۈزۈپ يۈرگەن قارام يىگىت دېيەلىسۇن؟ — دېدى.

بۇ، تونۇگۈن بولۇنغان گەپ.

بۈگۈن بولسا، ئېلىشا ئاسماندا يۇلتۇزلار چاراقلاپ تۇرغان تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇردى-دە، ھاماچىنى ئىشەككە مىنگۈزۈپ، ھېچكىم ئورنىدىن تۇرماستا شەھەرگە قاراپ يول ئالدى ۋە كۈن پېشىندىن سەل ئۆتكەندە ھاماچىغا ئېلىقۇلنى كورسىتىپ، شەھەردىن قايتىپ چىقتى.

ئېلىشا خۇشال ۋە ھاياجانلانغان ئىدى. ئۇ يول بويى تونۇش-بىلىشلەرنى كورسە:

— ئوھو.....بىر يىل-ھە؟ ئېلىقۇل يىرىلىۋاستەك يىگىت بوپتۇ. سەن قېرىنداش، قانچە كاللا ئىشلەتسەڭمۇ ئۇنى زادى كوز ئالدىڭغا كەلتۈرەلمەيسەن: كىشى ئەيمەنگىدەك قاۋۇل بەست، خۇش پىچىم، رەتلىك كىيىم، پۇتىدا غاچىلداپ تۇرغان خۇرۇم ئۆتۈك، يانپىشىدا قورال. كىم دېمەمسەن، بىزنىڭ ئېلىقۇل!..... گەپ كىيىمدىمىكەن؟ ئۇنداق ئەمەس. بىر يىل ئىچىدە، ئۇ ئىچىگە شۇنچىۋالا كوپ ئەقىل، پەم-پاراسەتنى قاچىلاپ كەپتۇ، تەمكىن ۋە سالماق. ئۇ بىز بىلەن كورۇشكەندە ھە دېگەندىلا مەخسۇت بەگنى سورۇشتۇردى. كونا يارنى قوزغىماسلىق ئۈچۈن گەپنى سوزمىدۇق، لېكىن، ئېلىقۇل نېمە دەيدۇ: مەن بۇ قانخور بىلەن پۇخادىن چىققۇدەك ھېساپ-چوت قىلىش ئۈچۈنلا ئۆز

شەمشىرىمنى بىلەپ كەلدىم. كىيىم - كېچەكلىرىم ئۆزگەرگىنى بىلەن يۈرىكىمدىكى يارا تېخى شىپا تاپمىدى. قاتتىق ئېلىشىدىغان كۈرەش تېخى ئالدىمىزدا...... ئۇقتۇڭمۇ؟ بىزنىڭ ئېلىقۇل مانا شۇنداق يىگىت بوپتۇ! — دەيتتى.

ياكى بولمىسا، ئىلھاملىرى قايناپ، زوق - شوق بىلەن:

ناخشا ئېيتسام شاتلىقىمدىن،
ئەۋجىسى ياڭراق بۈگۈن.
يۈرىكىمدە زامانەمنىڭ
سۆيگۈسى قايناق بۈگۈن.
پارتىيىنى ئاتا تۇتۇپ،
ئېلىقۇل تاپتى كامال.
مۇندىن ئۆزگە نە كېرەك،
بەختىمىز قايماق بۈگۈن......

دىگەن نەزمىلىرى ئارقىلىق ئېلىقۇلنىڭ يېڭى ھاياتىدىن يۇرتداشلارغا ئۇچۇر بېرىپ ئۆتەتتى......

ئېلىشا "ياڭاق پۇشتى ماكان" نىڭ گۈزىرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، رايون مەھكىمىسىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان جۇماغا كۆزى چۈشتى.

جۇمانىڭ بېشىدا ئۈستى ئاق، چۆرىسىگە قارا دۇخاۋىدىن جىيەك تۇتۇلغان يېڭى مالخاي، ئۈستىدە ئاپپاق خەسە كوينەك، قارا چىپەرقۇت شىم، پۇتىدا يېڭى كون كالتىساق بولۇپ، بېلىنى قىزىل پوتا بىلەن باغلىۋالغان ئىدى.

ئۇ، شۇ تاپتا رايونغا نىكا خېتى ئالغىلى كەلگەن ياش يىگىتلەردەك، ناھايىتى خوشال ۋە كۆزلىرى يالتىراپ، ئىمىگدۇر

ئىنتىلىپ تۇراتتى.

ئېلىشا، ئالماس، شانىياز، ئېلىقۇللارنىڭ بۇ جاپاكەش ئىش-لەمچى بۇرادىرىنى يارىشىملىق ھالەتتە كورۇپ، چىن كوڭلىدىن مەسلىگى كەلدى:

— ھە، يىگىت، نىمە سەن، بىر كۈندىلا ئوزگىرىپ كىتىپ-سەنغۇ؟ — دىدى ئېلىشا جۇما يىقىنلاپ كەلگەندە. — ئىيتقىنا قىنى، ئامەت قاياقتىن؟......

— شۇنىمۇ سورامسەن ئېلىشا تاغا. ئەلىۋەتتە زامانىدىن-دە!......

ئېلىشا بىلەن جۇما خۇشال كۇلۇشتى. جۇما:

— ئېلىشا تاغا، مەن ئەمدى بۇ يەردىن كىتىدىغان بول-دۇم...... — دىدى.

ئېلىشا قاشلىرىنى يىمىرىپ ئېيتتى:

— كىتىدىغان بولدۇم؟......نەگە كىتىسەن؟......

جۇما چۇشەندۇردى. 1946 - يىلىدىكى "تاغ ئىنقىلاۋى" مەزگىلىدە جۇمانىڭ باي چارۋىدارنىڭ ئويىدە يىللىقچى بولۇپ ئىشلەيدىغان بىر تۇققان ئاكىسى ئۇرازبېك بىر كېچىدىلا كوزدىن غايىپ بولۇپ، قوشراپ - چىپان تاغلىرىدا پارتىزانلارغا قېتىلىپ كەت-كەن. كىيىن بۇ ئىنقىلاپنى گومىنداڭ باندىتلىرى قانغا بويىغاندىن كىيىن، ئۇرازبېك نام - دىرەكسىز يوقالغان، قېرىنداشلىرى بولسا، ئۇزۇنغىچە:

سوقۇپ بوران، جۇدۇن - چاپقۇن، شۇۋرغان،
ئوتمىدى ئومرىمىز ھىچبىر ئەلەمسىز.
كىمكى ئەرك دىدى، باش قالدى تەنسىز،
كومۇلدى نى ئەجىپ ئەرلەر كىپەنسىز......

دەپ، ناخشا ـ ئۇلەڭ توقۇپ، قاخشاپ يۈرگەن ۋە كېيىن يىل ـ لارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئورازبېكنى ئەستىن چىقىرىشقان ئىكەن......

بۇنىڭدىن بىر ئايچە ئىلگىرى ئورازبېك گويا ئاسماندىن چۈشكەندەك كوكتاغدىكى قىرغىز يايلىغىدا قايتىدىن پەيدا بوپتۇ......

ئورازبېك شۇ قېتىمقى "تاغ ئىنقىلاۋى"دا پارتىزانلار بىلەن بىللە، گومىنداڭ مۇستەبىتلىرىگە قارشى قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلغان، ئىنقىلاپ قانغا پاتۇرۇلغاندىن كېيىن، تىرىك قالغان ئاز بىر تۈر ـ كۈم پارتىزانلارغا قوشۇلۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ مەركىزى ئىلىغا قايتقان ئىكەن......

— ئاكام هازىر كوكتاغدا يۇرت كاتتىسى، چۈيجاڭ ئە ـ كەن، — دىدى جۇما، — بىزنى يولداش دۇڭ تېخەن ئۇچراشتۇردى، بىز ئاكا ـ ئۇكا ئاخىرى تېپىشتۇق!......

جۇمانىڭ شاتلىنىشى سەۋەپسىز ئەمەس، ئۇ ئورازبېكنىڭ تەلۋى بويىچە كوكتاغ يايلىغىغا قايتىش ئۈچۈن تەييارلىنىۋات ـ قان ئىدى......

ئېلشا جۇمانىڭ هىكايىسىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن خوشاللىق بىلەن:

— ئوهو......مۇنداق ئىش ئىكەن ـ دە، ئىنىم! — دەپ ئۇنىڭ مۇرىسىگە قولى بىلەن قېقىپ قويدى ۋە بىردىن ئىلهامى قايناپ:

ئېچىلامدۇ باغدا گۈل،
قۇياش نۇرى بولمىسا.
شاتلىنامدۇ يۈرەكلەر،
ئارمان هاسىل بولمىسا.

جەم بولمتى قېرىنداش،

سەركەردىسى بولمسا،

ئىناق بولۇپ ياشىمدۇ،

قەلبى تۇتاش بولمسا......

دەپ، بىرنەچچە كۆپلېت قوشاق توقۇغاندىن كېيىن، جۇماغا ھىرىسمەنلىك بىلەن قاراپ:

— ماڭا قارا باغرىم، قائىدە شۇنداق، كەلگەننى كۆتۈش، كەتكەننى ئۇزىتىش — ئادەت ئەمەسمۇ، بۈگۈن كەچ سەن بىزگە كەل، بىر پىيالە چاينى بىللە ئىچىپ، يۈرەك قانغىچە مۇڭدىشەيمىز، ئاق يول تىلەش دىگەن شۇ، جەزمەن كېلەمسەن؟ — دەپ سورىدى.

جۇما رازىمەنلىك بىلەن:

— ئېلىشا تاغا، نىمە دىگىنىڭىز، جەزمەن بارىمەن، مىنى ھامىچامنىڭ پۇلوسىغا ئېغىز تەگمەي كېتىپ قالىدۇ، دەپ ئويلىغانمىدىڭىز؟......مەن سىزگە ئېيتسام، يولداش دۇڭ تېخەنمۇ، بۇرادىرىمىز ئابدۇللامۇ بۈگۈن كەچ سىزگە بارماقچى، سىزنىڭ شېرىن-تاتلىق پاراڭلىرىڭىزنى ئاڭلىماقچى، ئەڭ مۇھىمى، بۇرادىرىمىز ئابدۇللامۇ سىز بىلەن خوشلاشماقچى......

ئېلىشا قاشلىرىنى يىمىرىپ، جۇمانىڭ سوزىنى بولدى:

— نىمە، مەن بىلەن خوشلاشماقچى؟ كىم بىلەن خوشلاشماقچى؟......

جۇما ئېيتتى:

— سىزنىڭ تېخى خەۋىرىڭىز يوقما؟......

ئېلىشا ئېيتتى:

— ھېچنېمە چۈشەنمىدىم، سەن تۈزۈك ئېيتقىنا، نېمە گەپ ئۇزى......

— بۇرادىرىمىز ئابدۇللا بېيجىڭغا، مىللەتلەر دارىلفۇنۇنىغا بارماقچى، — دېدى جوما خۇشاللىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ، — يولداش دۆلەت تېخەن ئۇنىڭغا: سەن ئوقى، زېھنىڭ تازا يېگىتسەن، تارتىشىدىغان ھېچنېمەڭمۇ يوق، دەپتۇ. ئۇ يەنە: مەن ھەممىشەم ساڭا ھاپاش بولۇۋالسام سەت، گويا ئىش قىلغان بولىمەن. بىز ھەر ئىككىمىز ئۇز ۋەدىمىزنى ئورۇنلىدۇق، مەن ئويغۇرچىدا، سەن خەنزۇچىدا پىشتۇق. ئەمدى ئىلىم - پەن ئۆگەن، ھازىر مانا شۇنداق ئىمكانىيەت بولدى، دەپتۇ. بۇرادىرىمىز ئابدۇللانىڭ ئوقۇشقا بېرىش يولىنىمۇ يولداش دۆلەت تېخەن توغرىلاپتۇ، ئاز يول ماڭماپتۇ......

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئېلىشا چىن قەلبىدىن ھاياجانلاندى:

— چىراق ئۆزىنى يورۇتمايدۇ، ئەتراپىنى يورۇتىدۇ، دېگەن مانا شۇ! تولا بەلەن ئىش بوپتۇ، — دېدى ئېلىشا روھلانغان ھالدا دۆلەت تېخەندىن رازى بولۇپ ۋە نېمىنىدۇر ئويلىنىپ قالدى، — دورۇس، دورۇس، بىلىم ھەققىدە بىزنىڭ ھۆرمەتلىك نەزمىچىمىز، ئاجايىپ شائىرىمىز نىم شېھىت ئالتۇندەك مەسلىھەتلەر بەرگەن. مەن جاھان كېزىپ ئاقسۇدا يۈرگەن كۈنلىرىمدە ئۇنىڭ بىر نەزمىسى قولىمغا چۈشكەن:

جاھان رەنالىرى ئىچرە بىلىمدەك ھېچ گۈزەل يار يوق،
بىلىمدىن ئۆزگە تۇتقان يار، بولۇر ئۇ گاھىدا بار - يوق.

..............................................

پاراغەت ئىزلىسەڭ، ئەسلا بىلىمدىن ئۆزگە يار تۇتما،

سېنىڭ قەدرىڭنى ساقلاشتا بىلىمدەك ياخشى ھەمكار يوق.

..................

زېمىننى توپ قىلىپ ئوينىشنى سەن چاقچاق، گۇمان قىلما!
ھەقىقەتتۇر بۈگۈن ھەر ئىش، "كەمەك" تەك جادۇ-ئەپيار يوق.
ئەجەپلەنمە، ئىلىم نۇرىدا نۇرلانسا كىشى كۆڭلى،
ئۇنىڭغا كۆكتە، سۇدا، تاغ، دېڭىزدا يۈرسە دىشۋار يوق.

..................

نادانلار كۆڭلى تۈن ئوخشاش، ئۇنى پەرق ئەتكىلى بولماس،
قارا تۈنگە شەپىرەڭدىن بولەك ئەسلا تەلەپكار يوق.

..................

— شۇنداق، ئېسىمدە قالغىنى شۇنچىلىك، — دېدى ئېلشا
خىيالچان بولۇپ، — "بىلىم ئىشقىدا" دېگەن بۇ نەزمىنى نىم
شېھىت 1936-يىلى باي ناھىيىسىدە يازغان...... ئۆگىنىش-ئوقۇپ
بىلىملىك بولغانغا نېمە يېتىدۇ. ئابدۇللانىڭ ئىلىم-مەرىپەت ئىز-
لەپ بېيجىڭغا بارماق بولغانلىقى قالتىس چوڭ گەپ، ھەي......
بۈگۈن قانداق ياخشى كۈن! جەزمەن مېنىڭ كەپەمگە كېلىڭ-
لار...... شۇ تاپتا دۆك تېخەن نەدىكىن، مەن ئۇنىڭغا ئۆزەم خەۋەر
قىلايمۇ ياكى جۇما، باغرىم، سەن ئۆزەڭ خەۋەر قىلامسەن؟......

بەركەتلىك كۈز ئايلىرى — تالقان توكۇلگەن چاغ.
بۇ كۈنلەردە زەرەپشان بويلىرى مېۋە-چېۋە بىلەن تولۇپ
تاشىدۇ. مەي باغلىغان ئۈزۈم، ئەنجۈر، ئانار، ئامۇت، ئالمىلارنى
ھەممە يەردە كۆرۈش مۇمكىن. باغلاردىن تەكە، توقچاق، ياما،
ئەش شاپتۇللارنىڭ شىرىن-مەزىلىك پۇراقلىرى؛ قوغۇنلۇقلاردىن
خامانچى، مەككە، قارا قاش، چاچۇرۇك، بېسىۋالدى، بەگزادە،

مىجىگەن، باۋۇدۇن، بېشەكشۇنلەرنىڭ شىرنى-شەرۋەتلىك خۇش بۇي پۇراقلىرى گۆپۈلدەپ ئۇرۇپ تۇرىدۇ......

كىشلەر مېھماندۇست. ئۇز مېۋە-چىۋىلىرىگە باشقىلارنىڭ ئېغىز تېگىشىنى ئۈمىت قىلمايدىغان باغۋەن يوق دېيەرلىك. قوغۇنلۇقلارغا مېھمان بولۇپ كېلىش — قوغۇن ھوسۇلىغا توپىلەپ بەركەت كەلگەنلىكىنىڭ ئالامىتى ھىساپلىنىدۇ......

ئابدۇللا كوكتۇم كەنتى بىلەن ماجانتال كەنتى ئوتتۇرىسىدىكى قۇرغاق ئۆزۈك سايدىن ئۆتكەندىن كېيىن. يېنىدا ھەمسوھبەت بولۇپ كېلىۋاتقان دۇك تېخەنگە:

— يولداش دۇك تېخەن، كۆن كەچ كىرەي دىدى. قانداق، ئەزىمەت، سۇگجاك بىلەن ئۇچرىشىش پىلانىمىزدىن ۋاز كېچەمىزمۇ ياكى يولۇقۇپ ئۆتەمدۇق؟ — دەپ سورىدى.

دۇك تېخەن سائىتىگە قارىدى ۋە كۆنىمۇ تېخى ئانچە كەچ ئەمەس ئىدى، دۇك تېخەن ئېيتتى:

— ياق، ئۇنى تاپايلى......ئەزىمەتنىڭ كوئېنلۇن غارلىرىدا چىنارخان بىلەن بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئېچىنىشلىق سەرگۇزەشتەلىرى كونا جەمىيەتتە بەگلەرنىڭ زۇلمىغا قارشىلىق كۆرسىتىشتىكى تىپىك مىسال. زەرەپشان بويىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيە، زۇلۇمنىڭ بىر تۇرى. بۇنى يەنە بىر قېتىم ئاڭلايلى......

ئابدۇللا قوشۇلدى. ئۇلار ماجانتال كەنتىنىڭ كوجۇم مەھەللىلىرىنى ئارىلاپ، ئەزىمەتنى ئىزلەپ مېڭىشتى......

جاپپاروپ بىلەن ئالماس ناھىيىگە ماڭغاندىن كېيىن دۇك تېخەن رايوندا قىلىنىدىغان ئىشلارنىڭ پىلانىنى تۇزدى. بۇنىڭ ئىچىدە مۇھىم بىر ئىش — ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش خىزمەت ئەترەتلىرى يېتىپ كېلىشتىن

ئىلگىرى زەرەپشان بويلىرىنىڭ سىياسى، ئىجتىمائى، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەپسىلى ئىگەللەش، كونا جەمىيەتتىكى ئېكسپلاتاتسىيە ۋە زورلۇق - زومبۇلۇقنىڭ تۈرلىرى توغرىسىدا جانلىق، تىپىك ماتىرىياللارنى رەتلەش مەسىلىسى ئىدى. مۇنداق جانلىق كىشلەر توغرىسىدىكى تىپىك ماتىرىياللار ياخشى رەتلىنىپ، كېيىن ئۇ ئاممىنىڭ ئۆزىگە سوزلەپ بېرىلسە، كەڭ ئەمگەكچى دىخانلارنىڭ ئۆز ئۈستىدىكى فېوداللىق زەنجىر - كىشەنلەرنى پاچاقلاپ تاشلاشتا غايەت زور قوزغىتىش رولى بولىدىغانلىغىدا دوڭ تېخەن قىلچە گۇمان قىلمايتتى.

شۇ سەۋەپلىك، دوڭ تېخەن بۇ بىر - ئىككى ئايدىن بۇيان ھەرقايسى يېزا - كەنتلەرنى ئارىلاپ، پېشقەددەم دىخانلار بىلەن سىردىشىپ، ناھايىتى كوپ بىرىنچى قول تىپىك ماتىرىيالغا ئىگە بولدى، ئۇنىڭ ئىش ئۈستىلى ئۈستىدە رەتلەنگەن دەستە - دەستە ماتىرىياللار يېيىلىپ تۇراتتى. بۇ ماتىرىياللار ئىچىدە ۋەھشى فېودالىزىم تۈزۈمىنىڭ چىرىك قىياپىتىنى ئەينەكتەك كور - سىتىپ بېرىدىغان ئاجايىپ دەھشەتلىك ۋەقەلەر؛ ئاسىم، ئانارگۈل، مەشرەپ ۋە ئېلىقۇلىنىڭ دادىسى سۇپۇرگە ئاكىنىڭ ئېچىنىشلىق پاجىەلىرى؛ فېوداللىق يەر ئىگىلىك تۈزۈمىنىڭ مۇدھىشلىگىنى كورسىتىپ بېرىدىغان قان - تەر ھساۋاتى؛ ئېنىق سانلىق مەلۇ - ماتلار بار ئىدى...... ئەزىمەتنىڭ زۇلۇمغا قارشىلىق كورسىتىپ، ئۆز مەھبۇبى چىنارخاننى ئېلىپ يۇرتتىن قېچىپ كەتكەنلىگى، كوئېن - لۇن غارلىرىدا تېنەپ - تەمتىرەپ چەككەن ئازاپ - ئوقۇبەتلىرى مەخسۇت بەگ زۇلمىنى ئېچىپ تاشلايدىغان يەنە بىر تىپىك مىسال.

بايا، دوڭ تېخەننىڭ ”ئەزىمەتنى تاپايلى“ دېيىشىدە ئەزىمەت

ۋەقەسىنى يەنىمۇ ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈش كوزدە تۇتۇلغان ئىدى......

دۇڭ تېخەن بىلەن ئابدۇللا بىر كىچىك مەھەللىدىن ئوتۇپ، ئەزىمەتنىڭ ئويىگە كېتىۋاتقاندا، يولنىڭ چېتىدە كاۋا.. قاپاق پىلەكلىرى ياماشتۇرۇلغان بىر باراڭغا كوزى چۈشتى.

بۇ قوغۇنلۇق بارىڭنىڭ سىرتىدا ئىككى كىشى ئۇرۇق قۇرۇتىدىغان ساتمىنىڭ ياغىچىغا يولىنىپ، ھەسەل رەڭگىدە مەي بولۇپ پىشقان بىر "بەگزادە" نى بىردىن ئىككى كاسا قىلىۋېلىپ، پىچاق بىلەن ئويۇپ يەۋاتاتتى. ئۇلار ئوز روبىرىغا كەلگەندە، دۇڭ تېخەن بىلەن ئابدۇللانى كورۇشتى ۋە تەڭلا:

— يول بولسۇن ياخشى مېھمانلار، قېنى قوغۇنلۇققا، قوغۇنـ نى ئېغىز تېگىڭلار، — دەپ، قىزغىنلىق بىلەن تەكلىپ قىلدى.

دۇڭ تېخەن بىر قولىنى كوتىرىپ كۇلۇمسىرىگەن ھالدا:

— رەھمەت، رەھمەت، قوغۇنلۇققا بەرىكە كەلسۇن، — دىدى. ئابدۇللا بولسا كېتىۋېتىپ:

— قوغۇننىڭ شىرىن پۇراقلىرى بۇرنىمىزغا كېلىپ تېگىۋاـ تىدۇ، تىلنى يارغىدەك تاتلىقلىغى كورۇنۇپ تۇرىدۇ، — دەپ كۇلدى چاخچاق ئارىلاش.

موي‍سپىتەرەك بىر دىخان ئالدىراپ باراڭغا كىرىپ كەتتى ۋە ئۇ يەردىن يېڭى تۇغۇلغان قوزىدەك بىر "چاچۇرۇك" نى كوتىرىپ چىقتى:

— كۇن چىقماستا ئۇزگەن، پىشقان قوغۇننى كۇن چىقماسـ تا ئۇزسە، تەمى پىلەككە يېنىپ كەتمەيدۇ، — دىدى دىخان دۇڭ تېخەن بىلەن ئابدۇللانىڭ قېشىغا كېلىپ، — قېنى ئېغىز تېگىڭلار، چاچۇرۇك — ئوغۇل بالا يەيدىغان قوغۇن، تەمى بەئەينى

قىزىل گۈل شىرنىسىنى شورىغان ھەرىنىڭ ھەسەلدەك تاتلىق، يۇراقلىق......

دىخان شۇ گەپنى ئېيتىپ تۇرۇپ، چاچۇرۇكنى ۋاسىلدىتىپ ئىككى كاسا قىلىپ تىلدى. بىر كاسىنى دۆلەت تېخەنگە، بىرىنى ئابدۇللاغا تۇتتى:

— ئۇز ئەجرىمىزنىڭ مېۋىسى، ئېلىڭلار......دىخانلار جەمىيتى كېسىپ بەرگەن يەرنىڭ قوغۇنى. تۇنجى قېتىم ئۇز يېرىمىزنىڭ ھوسۇلىدىن بەھرىمەن بولدۇق......

دۆلەت تېخەن قوغۇنىنى يەپ تۇرۇپ، دىخاندىن ئەزىمەتنى بۇگۈن كورگەن - كورمىگەنلىكىنى سورىدى.

— ھەي، بىزنىڭ بۇ جانكويەر قېرىنداشىمىز تولىمۇ ئالدىراش، — دىدى دىخان ئاق ئارىلىغان قاشلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ تۇرۇپ، — ئۇ ھەمىشە نامرات قېرىنداشلارنىڭ غېمى بىلەن بەنت. ئۇزۇكچىلىك تاشتىن قاتتىق ئەمەسمۇ. يەرنى كېسىپ ئارىيەت بەرگەن بىلەن قوش - كالا، قىغ - ئوغۇت، ئۇرۇق - سايمان بولمىسا نىمە قىلغۇلۇق. ئەزىمەت قېرىنداشلارنىڭ مانا شۇ ئىشىنى جاي - جايىغا كەلتۇرۇش يولىدا پۇتۇن سۇرۇك يازنى ئوتكوزۇۋەتتى. ئۇزىنىڭ ئېيتىزىغىمۇ تۇزۇك قارىيالمىدى......قولىمىزدىن كېلىشىچە ھە - پە قىلىشتۇق ئۇنىڭغا......

دۆلەت تېخەن بىلەن ئابدۇللا ناتونۇش دىخانغا رەھمەت ئېيتىپ، ئورنىدىن تۇرۇشتى.

ئۇلار تېخى بىرنەچچە قەدەم مېڭىشۇدى، ئالدى تەرەپتىن تەككەردەك چوڭلۇقتىكى ئىككى قوغۇننى ئىككى قولتۇغىغا قىسقان ھالدا ئەزىمەت بىلەن بالا كوتەرگەن چىنارخان چىقىپ كەلدى.

ئەزىمەت دۈك تېخەن بىلەن ئابدۇللانى كۆرۈپ:

— بەللى، بەللى، تازىمۇ جايىدا ئىش بولدى، قەدىمىڭلار-غا مۇبارەك بولسۇن، — دېدى خوشال بولۇپ، — جۇرۇڭلار، قوغۇن-لۇققىلا بارايلى......

دۈك تېخەن بىلەن ئابدۇللا تارتىشىپ تۇرمىدى، بىر ئېرىق-تىن ئۆتۈپلا ئەزىمەتنىڭ قوغۇنلۇقىغا چىقىشتى.

— بۇ قوغۇننى مېنىڭ گەپدان خوتۇنۇم ئۆزى تېرىدى، پىلەكلىرىنى ئۆزى تاراپ، سۇيىنىمۇ ئۆزى تۇتتى، — دېدى ئەزىمەت بىر مۇدەك يەرگە تېرىلغان قوغۇنلۇقنىڭ ساتمىسىغا كې-لىپ، — شۇڭا، خەقلەر بىزنىڭ قوغۇنلۇقنى "چىنارخاننىڭ قوغۇن-لۇغى" دەپ ئاتىشىدۇ......

چىنارخان قاشلىرىنى يىمىرىپ كۈلدى:

— ئىشەنمەڭلار، ياخشىچاق گەپ، — دېدى ئۇ دۈك تېخەن بىلەن ئابدۇللاغا قاراپ، — دېكىلداپ خەقنىڭ ئىشىنى قىلسىمۇ مەيلى، تېرىپ يەرمىگەن بولسا، مەن تېرىدىم، ئوخشاش. ئەمما، باراڭ قىلىپ بەرمىگىنىگە ئاچچىغىم بار، قاراڭلار، كاۋا بىلەن قاپاقنىمۇ چالما-داڭگال ئۈستىگە ياماشتۇرامدۇ؟......

دۈك تېخەن باراڭ ئورنى ئۈچۈن تېرىغان كاۋا-قاپاق پىلەكلىرىنىڭ بىر يەرگە غۇژمەكلىشىپ دوۋىلىنىپ قالغىنىنى كۆرۈپ، كۈلۈپ قويىدى:

— راست، بولماپتۇ......

ئەزىمەت بىر "باۋۇدۇن" قوغۇننى تىلىپ كۆرۈپ، خوتۇ-نىغا چاقچاق قىلدى:

— خوتۇن، كومىسسار بىلەن بۇرادىرىمىز ئابدۇللا بۇ يەرگە ھەمىشەم كەلمەيدۇ، ئەۋزىيەتنى ئاز ئېيتىپ، پىلەك ئاستىغا

ئۈزۈپ قويغان ئابىناۋاتتىن بىر نەچچىنى ئېلىپ چىقىڭلار، مەن بولسام كېيىنرەك:

سۇ باشلىدىم ساي بىلەن،
سىرداش بولۇپ ئاي بىلەن،
يار كۆڭلىنى ئالىمەن،
بىر پىيالە چاي بىلەن.

دېگەندەك، سىلىنىڭ كۆڭلۈڭلىنى ئېلىۋالىمەن، — دېدى، چىنارخان كۈلدى:

— تايىنلىق، مېنىڭ كۆڭلۈم ئېلىغلىق، — دېدى - دە، بالىسىنى ئابدۇللاغا تۇتقۇزۇپ، ئۆزى ئۇشۇغىچە سۇ كېچىپ چونەكلەر ئارىلاپ كەتتى......

دۆڭ تېخەن "باۋۇدۇن"نىڭ تەمىنى تېتىپ ئولتۇرۇپ:

— بۇ قوغۇننى نېمىشقا "باۋۇدۇن" دەپ ئاتىغان؟ — دەپ، ئەزىمەتتىن سوراپ قالدى.

— بىزنىڭ بۇ يەردە قانچە خىل قوغۇن تېرىلىدىغانلىقىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ، — دېدى ئەزىمەت بىر كاسا قوغۇننى ئابدۇللاغا سۇنۇپ تۇرۇپ، — پەقەت، مېنىڭ بىلىدىغىنىم ئوتتۇز خىلدىن ئارتۇقكەن. بۇ ئوتتۇز نەچچە خىل قوغۇننىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، پوستى - رەڭگى، پىشىش ۋاقتى - قەرەلى، تەملەززىتى بىر بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ھەرقايسىسىنىڭ پەيدا بولغان ماكانى، يېتىشتۈرگەن ئىگىسى بار. "باۋۇدۇن" قوغۇننى باۋۇدۇن ئاخۇن ئىسىملىك بىر دېخان سىناپ يېتىشتۈرگەچكە، ئۇنى "باۋۇدۇن" دېگەن نام بىلەن ئاتاشقان. بۇ قوغۇن تېز چوڭىيىدۇ،

ئۆزى كۈچلۈك، ئۈزۈن ساقلىغىلى بولىدۇ. ياخشى پەرۋىش قىلسا، بىرسىنىگىلا ئېغىرلىقى ئوتتۇز - قىرىق جىڭغا يېتىپ بارىدۇ. چاقماق قەنت بىلەن ناۋاتنىڭ تەمى قانچىلىك پەرق قىلسا، "باۋۇدۇن" قوغۇنىنىڭ تەمىمۇ باشقا خىلدىكى قوغۇنلاردىن شۇنداق ئېنىق پەرق قىلىدۇ......

ئەزىمەتنىڭ قوغۇنلارنىڭ تۈر - خىللىرى توغرىسىدىكى ھېكايىسى چىنارخان بىرنەچچە خىل قوغۇنلارنى كوتىرىپ ئېلىپ كەلگىچە داۋام قىلدى......

ئۇلار قوغۇن يىگەچ، قوغۇنلارنىڭ قول بارماقلىرىنىڭ بېغىشىدىن ئاققان ھەسەل شىرنىسىنى ياغلىقلىرى بىلەن سۈرتكەچ، ئۆز پاراڭلىرىغا چۈشتى......

دۈك تېخەن ئەزىمەت بىلەن چىنارخاننىڭ سەرگۈزەشتىسىنى ئاڭلاپ تۈگەتكەندە، ئەتراپقا گۈگۈم يېيىلغان، قوي - ئۆشكە، كالا پادىلىرى ھەر خىل ئاۋازدا مورەپ - مەرىشىپ، ئېتىزلاردىن قايتقان ئىدى.

دۈك تېخەن بىلەن ئابدۇللا ئۇزلىرىنى قوغۇن بىلەن مېھ- مان قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئەزىمەت بىلەن چىنارخانغا رەھمەت ئېيتىپ ئورنىدىن تۇرۇشتى.

ئەزىمەت يىگىرمە جىڭ كەلگۈدەك بىر بېشەكشۈنىنى قولى- غا ئېلىپ ئابدۇللاغا سۇنۇپ تۇرۇپ ئېيتتى:

— بۇرادەر، ئابدۇللا، مەيلى، يولدا ئۇسساپ قالساڭ ئۆزەڭ يىگىن. خالىساڭ، يول ئۈستىدە ئېلىشا تاغامغا تاشلاپ ئۆتكىن. مەن خېلىدىن بېرى بۇ ھۆرمەتلىك قوشاقچىمىزنى يوقلاپ با- رالمىدىم. بۇ بېشەكشۈنىنى قولۇڭغا ئال......

دۆلڭ تېخەن بىلەن ئابدۇللا ماجانتال كەنتىدىن "ياڭاق پۈشتى ماكان"غا ئېغىر ياتقۇ مەزگىلى بىلەن يېتىپ كەلدى.

ئۇلار چوڭ يول ئۈستىدە تۇرۇپ "ئېلىشا تاغا يېتىپ قالغاندىمۇ، يېتىپ قالغان بولسىمۇ، ئويغىتىپ بۇ بېشارەتنى تاشلاپ ئۆتەيلىمۇ" دەپ، بىر ئاز مەسلىھەت قىلىشتى - دە، كېيىن، نېمە بولسىمۇ ئىشكىنى قېقىپ كورەيلى، دېيىشىپ، ئۇدۇل ئېلىشانىڭ ئۆيى تەرەپكە يول ئالدى.

ئېلىشا تېخى ياتماپتۇ. ئىشىك ئۈستىدىكى كالتە پەنجىرىدىن چىراق يورۇقى چۈشۈپ تۇراتتى. ئۆي ئىچىدىن كىمنىڭدۇ:

— ......ئاكاڭنى تاپقان، تاپقان ئاكاڭ چۈيجاڭ بولۇپ چىققان بولسىمۇ مەيلى. بىز خوش. لېكىنزە، سەن جۇما ئالدىرىما. مانا ئاز كۈندە مەخسۇت بەگنىڭ كۆلىنى كوككە سورۇيمىز. ئۇ سېنىڭ ئاز قان - تەرىڭنى شورىدىمۇ، ھەممىسنى ئۆندۈرۈۋال، قولۇڭغا ئال - دە، كېتىۋە،— دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى، ئارقىدىن:

— كوپچىلىك بولغاندىن كېيىن بىر گەپ بولمامدۇ؟ — دېگەن جۇمانىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، — كەتسەم مەككىگە كەتمەيمەن - دە. بېرىپ - كېلىپ تۇرمايمەنمۇ، بۇ يەردىكى ئاغىنىلەرنى قانداقمۇ ئۇنتۇغىلى بولىدۇ. مەندىمۇ ئۇزەمگە چۈشلۈق ۋىجدان، غەزەپ بار - دە، ھەي...... بۇ بەگنى چايناپ پۈركۈۋەتسە كىشىنىڭ ئۈچى چىقامدىكىن - تاڭ......

شۇ چاغدا، دۆلڭ تېخەن بىلەن ئابدۇللا ھېچبىر تەكەللۇپسىزلا زەگىننى ئاتلاپ، ئۆي ئىچىگە كىرىپ كەلدى.

ئۆي ئىچىدە زەدىۋال تارتىلغان تامنى ياقىلاپ تۇتبەش مويسىپىت ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئېلىشانىڭ دىلا-

كەش خولۇم - خوشنىلىرى. ئوتتۇرىغا داستىخان سېلىنغان، پەت-
نۇستا قىزىرىپ پىشقان نان، تەخسە - لىگەنلەردە تىلىنغان قو-
غۇن، شاپتۇل، تۇغاچ قويۇلغان ئىدى. مۇرا ئوچاقتا قازان ئېسىل-
غان بولۇپ، ئۇنىڭدىن دەم يەپ قالغان پولونىڭ مەزىلىك ھىدى
ئۆي ئىچىگە تارىلىپ تۇراتتى.

پەگادا ئولتۇرغان ئېلىقۇلنىڭ ھەممىسى بېشىنى سىلىپ
مۇگدەپ قاپتۇ، ئۇ دۆڭ تېخەن بىلەن ئابدۇللانىڭ كىرىپ كەل-
گىنىنى سېزىپ، چوچۇپ كوزىنى ئاچتى. ئېلىشا دۆڭ تېخەننىڭ
قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— ياخشى مېھمان ئاش ئۈستىگە كەپتۇ، دىگەن تەمسىل
بار. تىلىمۇ بەلەن ئىش بولدى. قېنى يۇقۇرىغا، — دەپ دۆڭ-
تېخەننى ھۆرمەتلەپ تۆرگە چىقاردى، ئاندىن ئابدۇللانىڭ قولىنى
تۇتۇپ، — مۇبارەك بولسۇن يىگىت، پايتەختتە بارماقچى، ئىلىم-
بىلىم ئىزلىمەكچى بولغىنىڭنى ئاڭلاپ، يۈرىگىم يېرىلغۇدەك خوش
بولدۇم. بىلىمسىز ئادەم — مۇۋىسىز دەرەخ. بىلىملىكنىڭ باھاسى
يوق، بىلىمسىزنىڭ ساپاسى. بىلىملىكتىن نۇر چىقىدۇ، بىلىمسىز-
دىن قۇسۇر. پۇل تاپقىچە بىلىم تاپ، دىگەنلەر بىلىم قەدرىگە
يەتكەنلەرنىڭ سوزى — ھىكمەت. جەزمەن ئۇگەن ئىنىم، — دىدى.

كۆلكە - چاخچاق، ئابدۇللا بىلەن جۇماغا ئاتالغان ياخشى
تەرىپ - تىلەكلەر خېلىغىچە بېسىلمىدى. چاي تارتىپ، نان
ئۇشتۇلدى، قولغا سۇ ئېلىنىپ، لىگەنلەردە پولو كەلتۈرۈلدى.

پولو ئوخشاپتۇ. گۈرۈچكە كوك پۇرچاق ئېلىشتۇرۇلۇپ، زىرە
سېپىلگەنلىكتىن، تەمى بولەكچە ياخشى ئىدى. مويسىپىتلار: يې-
غىمۇ، سەۋزە - پىيازلىرىمۇ جايىدا بوپتۇ، دەپ ماختاشتى ۋە ماي-
لىق گوشنى قېتىپ ئىشتەي بىلەن يىيىشتى.

پولودىن كېيىن، ئەزىمەت ئەۋەتكەن بېشەكشۆن تىلىندى.

ئېلىشا شېكەر ـ شەرۋەتتى تامچىپ تۇرغان بېشەكشۆننى "قو ـ غۇنلارنىڭ قارىسى، ھەسەلنىڭ شىرىنسى، يۈرەكنىڭ داۋاسى" دەپ ماختاپ، ھەر بىر كىشىنىڭ ئالدىغا ئېپكىلىپ تىلىپ تۇتتى.

بېشەكشۆن يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، دۇڭ تېخەن ئېغىز ـ قولىنى ياغلىق بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ، ئۆزىگە ئانچە ئېنىق بولمىغان "زەرەپشان ھاشاسى" توغرىسىدا ئېغىز ئېچىپ قالدى......

"زەرەپشان ھاشاسى" — بۇ يەردە ئۆلتۈرغان ھەر بىر مويـ ـسىپىتقا چىتىلىدىغان قانلىق ۋەقەلەر بىلەن تولغان ئېغىر قىسمەت. ئاڭلىسا ئادەم تېنى شۈركىنىدىغان ئاچچىق سەرگۈزەشتە ئىدى.

"زەرەپشان ھاشاسى" دىگەن سۆز ئېيتىلىش بىلەن ھەممەيـ ـلەن ھەسرەتلىك ئۇھ تارتتى، قوللىرىنى ئۇۋۇلىدى ۋە يۈزلىرىـ ـدە ئەلەملىك خورسىنىش ئالامەتلىرى پەيدا بولدى. ئېلىقولىنىڭ ھامىسى چىراققا ياغ قۇيدى ۋە كۆزلىرىدە غەزەپلىك ئوچقۇن يالتىرىغاندەك بولدى.

گەپنى ئېلىشا تەشتى، مويسىپىتلار ئۆزاق ئوتموشتىن ھىكايە قىلىپ، زەرەپشانىنىڭ ئېغىز تەزكىرىسىنى ۋاراقلاشقا كىرىشـ ـتى......

ئۆي ئىچى جىمجىت، جىن چىراق پىلدىرلاپ يانماقتا، تىزىغا قويۇلغان دەپتەر ئۈستىدە دۇڭ تېخەننىڭ قەلىمى تىنىمسىز كىتىرلايتتى...... ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئىسيانكار ئاكا ـ ئۇكا توخـ ـتى رىشىت، نوختى رىشىتلارنىڭ قانلىق پاجەسى، دەرياغا بېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن قانچە ـ قانچە توختاخۇن، تۇرسۇن ئاخۇنلارنىڭ ۋاپا ـ سىز ئالەمدىن كۆرگەن دەرت ـ ئەلەملىرى؛ ئېلىشانىڭ ئۆز مەھـ

بۇبى — بويىنغا تاش ئېسىپ دەرياغا چۆكتۈرۈۋېتىلگەن گۈزەل قىزنىڭ نالە-پەريادى..... بىر-بىرلەپ تىزىلىپ ئۆتمەكتە......

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكى مەلۇم ئەمەس. ئىلىقۇلىنىڭ ھامىسى ئاللىقاچان ئۇخلاپ قاپتۇ، ئىلىشا كوزىگە لىق ياش ئېلىپ:

— مانا، بىز چەككەن دەرت-ئەلەم، ھەسرەت-نادامەت، قانلىق، مۇسىبەتلىك تارىخقا زەرەپشاننىڭ ئاسمىنىمۇ، يەر-زىمىنىمۇ، ئاشۇ قانلىق دەريامۇ گۇۋا-شاھىت! — دەپ ئۇز سۆزىنى خۇلاسىلىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز ئىشىكنى "غاچ" قىلىپ ئېچىپ، ئۆيگە بايىز خالۋاپ كىرىپ كەلدى.

ھەممەيلەن ئىتتىك بايىز خالۋاپقا قارىدى.

بايىز خالۋاپ ھودۇققان ئىدى. ھاسىراپ ئېغىر نەپەس ئالاتتى. ئۇ پەگادا ئۆرە تۇرۇپلا دۆك تېخەنگە:

— كومىسسار، سىزنى تاپماق شۇنچە تەس بولدى. ھېچنىمە ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟ ئەقىلغا سىغمايدىغان ئىشلار بولدى. ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ ئالتە ئەسكىرى مىلتىق كوتىرىپ كېلىپ، توختاخۇننى ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىپ، ئىمام خاتىپنى مېچىتنىڭ تورۇسىغا ئېسىپ قويۇپتۇ...... ھازىر پۈتۈن يۇرت قوزغىلىپ، "بورە قوتان"غا چېپىپ كېتىشتى......، — دېدى.

دۆك تېخەن ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بايىزكا، سىز، ئازاتلىق ئارمىيە دەمسىز؟ قانداق ئازاتلىق ئارمىيە؟ — دېدى.

بايىز خالۋاپ تېڭىرقاپ ئېيتتى:

— شۇ، گۈزەتچىلەر ئۆز كوزى بىلەن كۆرۈپتۇ. ئازاتلىق ئارمىيە ئىكەن. قىسمەت چوروق يولدىن بىر شەپكە، سۇدان

تېپىپ كەلدى، مەچىتنىمۇ ئاشۇنداق شەكىلدىن بىرسى ئىمام خا-
تىپنىڭ پۇتىنىڭ ئاستىدا تۇرۇپتۇ. بۇ، "بورە قوتان"دىكى ئارمى-
يىلەرنىڭ كىيىدىغان شەكلىنىڭ ئۆزى......

دۈك تېخەن نېمىنىدۇر ئويلىنىپ، بىر مىنۇتچە تۇرۇپ قالدى. ئېلىشا ھەيران ئىدى. جۇما:

— ئەجەپ ئىش-ھە؟ بۇ ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ نىمە قىلغىنى. راستلا شۇنداق ئىش بولسا، توختىكام ئۈچۈن مەن......— دەپ بىردىن غەزەپلەندى. چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ياق، ياق، توختا. — دېدى ئېلىشا ئاپپاق يەكتەگىنىڭ ياقىسىنى تۈزەپ تۇرۇپ، — مەن نەچچە رەت "بورە قوتان"دا بولدۇم. ئالدىنقى كۈنى تېخى دوختۇر قىز ھاماڭنى داۋالىدى...... ئۆز ئادەم، ئۆز قېرىنداش......يوق گەپ، ئىشەنمە، دۈشمەن بار......

ئۆي ئىچى ئورە-توپە بولدى. دۈك تېخەن:

— مۇمكىن ئەمەس، ئازاتلىق ئارمىيە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. جورۇڭلار، قېنى بېرىپ كورەيلى......، — دېدى.

ھەممەيلەن قوزغىلىشتى.

دۈك تېخەن رايون مەھكىمىسىگە بېرىپ، ئەھۋالنىڭ ئېنىق-لىغىنى بىلدى-دە، ناھىيىگە تېلىفون بەردى......

دۈك تېخەن، بايىز خالۋاپ، جۇما، قىسمەت چورۇقلار ئات-لىق بولۇپ، "بورە قوتان"غا ماڭغاندا، يېزا ئىچى سۇ سەپ-كەندەك جىمجىت ئىدى. تۇن قاراڭغۇ ۋە زەرەپشان ئۇس-تىدە كىچىككىنە قارا بۇلۇت پارچىلىرى لەيلەپ يۈرسىمۇ، ئەمما، بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىدىن تاڭ سەھەر يۇلتۇزلىرى جىمىرلاپ-چاقناپ تۇراتتى......

## 5 · "بورە قوتان"دا......

"بورە قوتان"نىڭ ناھايىتى ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان بورە، ياۋا توڭگۇز، يىرتقۇچ تۈلكىلەرنىڭ ماكانى بولۇپ كەلگەنلىكىنى يۇقۇرىدا كورۇپ ئۆتتۇق.

خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ بىر روتا جەڭچىسى بۇ يەرگە دەسلەپ يېتىپ چىققاندا، بەزى جەڭچىلەر ئۇمىتسىزلەنگەن، سۇ مەنبەسى بولمىغان تىتىر يەرلەر، ئىگىز - پەس، دوڭ - كاتاڭلار، ئاياق باسقىلى بولمايدىغان جىغان - چاتقاللىقلاردىن — ئەجرە قىلسا مىۋە بېرىدىغان دىخانچىلىق مەيدانى قۇرۇپ چىققىلى ۋولىدىغانلىقىغا كوزى يەتمىگەن، ئىشەنمىگەن ئىدى.

روتا كوماندىرى جاڭ تىڭخۇا خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ شەرەپلىك تارىخى، قىممەتلىك ئەنئەنىلىرىنى سوزلەپ بېرىپ، كوپچىلىكنى ئىلھاملاندۇردى:

— جۇرئەت قىلىنسا، بۇ ئالەمدە ئوتكىلى بولمايدىغان دەريا، چىققىلى بولمايدىغان تاغ يوق. يەرنىڭ ئوزى بولمىسا چاتاق، يەر بولغان ئىكەن، ئۇنى ھەرقانداق قىلىپ ئادەمنىڭ رايىغا بېقىندۇرغىلى بولىدۇ، — دىدى ۋە جەڭچىلەردە كوچلۈك غايە - ئىشەنچ تىكلىدى.

جەڭچىلەر جاپا - مۇشەققەتتىن، ھېرىپ - چارچاشتىن قورقماي، بىر ئايغىچە ھەرقانداق دەم ئېلىشتىن ۋازكېچىپ، "بورە قوتان"نىڭ قىياپىتىنى ئوزگەرتىشكە كىرىشىپ كەتتى. مايكىچان بولۇۋېلىپ، بېزىرىن چېچىپ ئوت قويۇپ، مىڭ يىللار مابەينىدە ئىرماش - چىرماش بولۇپ يەر ئۈستىنى قاپلاپ كەتكەن جىغان - چىغان، قىزىل يۇلغۇن، ئاق قومۇش، قاقشال يىكەن بىلەن

سوكسوكنى كويدۇرۇپ كۆل قىلدى، كوتەك - يىلتىزلارنى قومۇردى، ئويمان - كاتاڭلارنى تىندۇرۇپ دوڭ - دۆمبەللەرنى يوتكىدى؛ تانا تارتىپ قىر - تىكەنلەرنى سوقتى؛ ئېرىق - ئوستەڭلەرنى چاپتى؛ دەريا ئېچكە ساندۇقلۇق سۇ چاقپىلىكى ئورنىتىپ، سۇ يولىنى ئاچتى......

ئارىدىن بەش ئاي ئوتكەن بۈگۈنكى كۈندە، "بورە قوتان" ئوزىنىڭ مىڭ يىللىق قۇرغۇنچىلۇق تارىخىغا خاتىمە بېرىپ، باشقىچە چىراي ئاچتى. تۇختاخۇن. بايىز خالۋاپلارنىڭ مەسلىھەتى بويىچە تېرىلغان بەش ئايلىق كومە قوناقلار نەچچە يۈز مو يەردە دولقۇنلىنىپ يەلپۈنۈپ تۇرماقتا؛ قوغۇن - تاۋۇزلار پىشقان. مەيداننىڭ ئالدى تەرىپىدىكى ئوتياشلىقتا تەرخەمەك، شوخلا، پەتىنگان، قىزىل مۇچ، جاڭدۇ، لاڭخا، بەسەيلەر، سەۋزە، پىيازلار ئاللىقاچاندىن بېرى يېيىلىپ تۇشۇلماقتا ئىدى......

— مانا...... تېرىغان خامان قىلار، تېرىمىغان ئارمان، — دەيتتى بۇ يەرگە جەڭچىلەرنىڭ نىمە قىلىۋاتقانلىقىنى كورگىلى كېلىپ زىيارەتكە كەلگەن مويسىپىتلار، — ئەمگەك بىلەن ھەركەت ئالتۇن بىلەن بەركەت، دىگەن شۇ. تاشقا گۈل ئۈنمەيدۇ دىمە، جاڭگالنى يەر بولمايدۇ دىمە......

تۈنۈگۈن كەچلىك تاماقتىن كېيىن، جاڭ تىڭخۇا جەڭچىلەر بىلەن ئۇزاق سىرداشتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە "بورە قوتان"دا ھازىر مەيدانغا كەلگەن ئوزگىرىشلەر دەسلەپكى باشلىنىش، سىناق ئىدى. بۇ باشلىنىشنى يامان دىگىلى بولمايدۇ، لېكىن، بۇنى "بورە قوتان"نىڭ باھارى دەپ ئاتاشمۇ تەس. شۇڭا، ھازىردىن باشلاپ، بۇ يەردە نەمۇنىلىك دىخانچىلىق مەيدانى قۇرۇپ چىقىشنىڭ ئۇزاق ھەم قىسقا مۇددەتلىك پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش كېرەك......

جەڭچىلەر ئۆز كوماندىرىنىڭ تەكلىپ - ئارزۇسىنى قىزغىن ئالقىشلىدى. تەكلىپ - لايىھەلەر باھار يامغۇرىدەك كوپ ۋە مە - نىلىك ئىدى......

جاڭ تىڭخۇا جەڭچىلەرنىڭ ئىشەنچ - ئۈمىدىدىن ھاياجان - لاندى. ئۇ ئۆز چېدىرىدا يوتقاندا يېتىپ جەڭچىلەرنىڭ پىكىر - تەكلىپلىرىنى ئويلىدى، كوز ئالدىدا "بورە قوتان"نىڭ گۈزەل كېلەچىكى، پارلاق يېڭى مەنزىرىسى تىزىلىپ ئوتتى: يەلپۈنۈپ تۇرغان ئالتۇن باشاقلار، دولقۇنلىنىپ تۇرغان ئاتچىشلىق كوممە قوناقلار، ئاق بۇلۇتتەك يېيىلىپ تۇرغان كۆمۈش رەڭلىك ئاق ئالتۇن ئېتىزلىرى...... ئاپپاق ئىمارەتلەر، چاقناپ تۇرغان ئېلېكتىر چىراقلىرى، مەكتەپ، دوختۇرخانا، ماگىزىن، كىنو - تىياتىرخانىلار...... ئىككى تەرىپىدە رەڭمۇ - رەڭ گۈل ئېچىلغان يوللار...... سەيلە - تاماشا قىلغىلى كەلگەن دېخان قىز - يىگىتلىرى، بوۋايلار، مو - مايلار......

جاڭ تىڭخۇانىڭ قاچان كىرپىكلىرى يۇمۇلۇشۇپ، كوزى ئۇيقۇغا كەتكەنلىكى مەلۇم ئەمەس. ئۇ ئوڭدا ئويلىغانلىرىنى چۈشىدە شۇنداق ئېنىق كورۇۋاتقاندا، تويۇقسىز چېدىرىنىڭ سىر - تىدا ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، دۈپۈرلىگەن ئاياق ئاۋازلىرى "ئۇرا!......"، "باغلا!......"، "كويدۇر!......"، "ئىنتىقام!......" دېگەن دەھشەتلىك سادالار ۋەھىمە بىلەن ئاڭلاندى......

جاڭ تىڭخۇا چاچراپ ئورنىدىن تۇردى - دە، چالا - بولا كىيىنىپ، قولىغا قول چىراق ئېلىپ، ئالدىراپ تالاغا چىقتى ۋە كوزىگە ئىشەنمەي قالدى......

ئاتلىقلار سەي، كوكتاتلىقلارنى چەيلەپ ۋەيران قىلماقتا، ناتونۇش كىشىلەر قوزۇقلارغا باغلانغان ئاغامچىلارنى پالتا بىلەن

چاناپ چېدىرلارنى ئورۇۋەتتە، ئاشخانىنىڭ ئەسۋەل - تاختايلىرىنى پىقىرىتىپ تاشلىماقتا، دەريا تەرەپتە سۇ چاقپىلىكنى ۋاڭشىتىپ ئۇرۇپ چاقماقتا، ئورۇۋەتتە...... ئەڭ چىقى چېدىرنىڭ ئالدىدا كە- شىلەر جەڭچىلەر بىلەن پومداقلىشىپ ئېلىشماقتا. جاڭ تىڭخۇانىڭ ئالدىدىلا بىر جەڭچى ئاپتوماتىنى قولىغا ئېلىپ، ۋەيران قىلىنغان چېدىردىن يۈگۈرۈپ چىققۇىدى، بومبا ساقاللىق، قارچۇغا كوز، ئورە تۇماق كىيگەن بىر ئاتلىق ئادەم يان تەرەپتىن باستۇرۇپ كېلىپ، ھىلىقى جەڭچىنىڭ ئۇستىگە ئوزىنى ئاتتى - دە، ئاپتوماتىنى تارتىۋالدى...... بۇ ئەھۋالنى كورۇپ، چەتتىكى چېدىردىن يۈگۈرۈپ چىققان ئونچە جەڭچى ئاپتومات - مىلتىقلىرىغا شاراقلىتىپ ئوق بېسىپ، قورالنىڭ ئۇچىنى تەڭلا، قوتراپ يۇرگەن ئالمانغا قاراتتى......

جاڭ تىڭخۇا قاراڭغۇدا بەتلەنگەن قوراللارنىڭ ئۇچىنى غىل - پال كوردى - دە، ئىككى قولىنى تەڭ كوتىرىپ، جەڭچە- لەرنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى:

— توختا، توختا!...... نىمە قىلماقچى؟!...... چۈشۈرۈڭلار قوراللارنى!......

جاڭ تىڭخۇانىڭ بۇيرۇغى ئاياقلاشقىچە، دەۋرەپ تۇرغان كىشىلەر كالتەك - چوماقلىرىنى كوتىرىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا يوپۇ- رۇلۇپ كەلدى.

ياش بىر جەڭچى ئاپتوماتىنىڭ زاتۇرىنى قايرىپ، ئاڭ- مانغا قارىتىپ ئوق ئۇزمەكچى بولۇپ، تىرىككەن ھالدا سەپنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ چىقتى. جاڭ تىڭخۇا بەتلەنگەن ئاپتوماتنىڭ بېشىنى قولى بىلەن ئاسمانغا قارىتىپ ئۇرۇۋەتتى. تاراسلاپ ئېتىلغان ئوق ھاۋا بوشلۇغىدا چاڭىلداپ سادا قىلدى.

— ئەخمەق! يوقال كوزۇمدىن! — جاڭ تىڭخۇا جەڭچە-
نىنڭ قولىدىن ئاپتوماتنى تارتىۋالدى.
ئوق ئاۋازىدىن كېيىن، قوترىغان ئالىمان بىر ئاز بېسىلدى.
جاڭ تىڭخۇا كەينىگە بىرنەچچە قەدەم چېكىنىپ، قول
چىرىغىنى بېسىپ كېلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ يۈزىگە چۈشۈردى.
ئۇلارنىڭ ھەممىسى ناتونۇش ئادەملەر بولۇپ، قاراڭغۇدا تەۋرەپ
تۇرغان سايىدىن باشقا ھېچنېمىنى ئىلغا قىلغىنى بولمايتتى.
جاڭ تىڭخۇا بىر كوتەكنىڭ ئۈستىگە چىقىپ:
— توختاڭلار!...... سىلەر قايسى يېزىنىڭ ئادىمى، نېمە
گېپىڭلار، قانداق تەلىۋىڭلار بولسا ئېيتىڭلار، — دېدى سالماقلىق
بىلەن.
توپلانغان، قوللىرىغا كالتەك - توخماق ئالغان ئادەملەر
نېمىدىندۇر غەزەپلىنىپ — جىلى بولۇپ، دەۋرەپ تۇراتتى. كوز-
لىرى قىيسىق، ياپما بۇرۇت قويغان، ئۇزۇن يەكتەك كىيگەن،
دىخانغا ئوخشىمايدىغان سۆلەيرەك بىر ئادەم:
— بىزنىڭ گېپىمىز يوق، قاتىلنى چىقار، شۇنى تۇتىمىز!—
دېدى.
— قاتىلنى، قانداق قاتىلنى؟......
— سەن بىلمەسكە سالما، ھازىر تاپىمىز......
جاڭ تىڭخۇا بۇ يەردە قانداقتۇر بىر قاتىللىق ۋەقەسى
يۈز بەرگەنلىكىنى دەرھال پەملىدى، قوشۇمىسىنى تۇردى ۋە
نېمىندۇر سوراپ بىلمەكچى بولدى. ئەمما شۇ چاغدا يەنە
بىر نەچچە كىشى تەرەپ - تەرەپتىن ۋاقىراشتى:
— سەنلەر بىزنىڭ يەرلىرىمىزنى ئىگەللىۋېلىپ، مانا ئەمدى
ئادەم ئولتۇرۇشتۇڭ!......

— سەنلەرنىڭ خەقلەرنىڭ يەپ - يېگىنىسگە چىقىلمايمىز، دېگىنىڭ شۇمۇ!......

— ھازىرلا يوقال، قاتىلنى چىقىرىپ بەر!......

قارا ساقاللىق، قارچۇغا كوز ئادەم:

— ھوي، خەق، نىمە تۇرىشىسەن، بۇ يەرگە كاپىرنىڭ گېپىنى ئاڭلاشقىلى كەپمىدىڭ، بۇزە - بۇز، نىمە تۇرىشىسەن!— دەپ ۋاقىردى.

غەزەپلەنگەن كىشىلەر توپى دەررۇ ئەسكەرلەرگە تاشلاندى، لېكىن، جاڭ تىڭخۇا يەنە بىرنەچچە قەدەم كەينىگە چېكىنىپ تۇرۇپ:

— توختاڭلار، توختاڭلار، — دەپ كەينىدىكى قوراللىق جەڭچىلەرنى قوغداپ، ئىككى قولىنى كەردى، — توختاڭلار. مەن بۇ يەرنىڭ مەسئولى. بىزدە "ئۈچ چوڭ ئىنتىزام، سەككىز دىققەت" ئىستىلى بار. بۇنى پارتىيە، ماۋجۇشى بەلگىلىگەن. بۇنىڭغا كىم خىلاپلىق قىلسا، قەتئى جازاغا تارتىلىدۇ. ئاۋال نىمە گەپ، شۇنى ئېيتىڭلار......

بايىقى سۇلەيرەك ئادەم:

— گەپ نىمىش قىلسۇن. قاتىلنى چىقار!— دەپ چىقىرىدى.

— قانداق قاتىل؟......

ئوتتۇرا ياشلىق بىر دېخان غەزەپلىنىپ:

— بۇ ئۇزى قانداق ئىش بولدى - ھە؟ — دېدى جىلى بولغان ھالدا چۇشەندۇرۇپ، — بۇگۇن كىچە ئالتە قوراللىق ئەسكەر، بىزنىڭ يۇرتقا بۇلاڭچىلىققا بىرىپ، رەئىسىمىز توختاخۇننى ئولتۇرۇۋەتتى. شۇمۇ ئازاتلىق ئارمىيىسىكەن؟ ...... بىزنىڭ

بۇ ئەتراپتا سىلەردىن باشقا ئەسكەر يىمىش قىلسۇن، بىز شۇ قاتىلنى تۇتقىلى كەلدۇق......

جاڭ تىڭخۇا ئىشىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى چۈشەندى:

— توختاڭلار، مەن چۈشىنىۋاتىمەن، سىلەر شۇ ئالتە قورالىق ئادەمنى تونۇمسىلەر؟......

— تونۇمسىلەر؟ قولىمىزدا دېلىل - ئىسپات بولمىسا بۇ يەرگە كېلىپ نىمە قىلىمىز! — دېدى بايىقى ئادەم. — ئۇستىدە ئەسكەر كىيمى، بېشىدا شەپكە، قولىدا مىلتىق بار ئىكەن. بۇنى سارىخانىمۇ، ئامانلىق ساقلاش ھەيئەتلىرىمۇ ئۆز كوزى بىلەن كورگەن تۇرسا! شەپكە بىلەن سۇدانىنى قىسمەت چورۇق تاپتى، قىسمەت چورۇقنى يالغان گەپ قىلىدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟......

جاڭ تىڭخۇا ھەيران بولدى:

— قىسمەت چورۇق؟ قىسمەت چورۇقنى مەن تونۇيمەن. ئۇ شەپكە تېپىپتىمۇ؟......

كىمدۇر بىرەيلەن بەشىۋالتوزى بار شەپكە بىلەن جەڭچىلەر ئىشلىتىدىغان سۇدانىنى قوينىدىن ئېلىپ ئۇزاتتى:

— مانا، بۇ نىمە؟......

جاڭ تىڭخۇا شەپكە بىلەن سۇدانىنىڭ نومۇرىغا قاراپ، ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى.

بۇ، جەڭچىلەرنىڭ ئىكەنلىگى راست ئىدى:

— سىلەر بۇنى نەدىن تاپتىڭلار؟ — دەپ سورىدى.

كىشىلەر يەنە قىقاس - چۇقان كوتەردى:

— ئادەم ئۆلتۈرگەن ئالتە ئەسكەر قاچقان يولدىن تاپتۇق، يەنە نەدىن بولاتتى!......

— قاتىلنى چىقىرىپ بەر!......

— قانغا ـ قان!

— ھىلىگەرلىك قىلما!......

— .........

جاڭ تىڭخۇا پارتىيىنىڭ كورسەتمىسى بويىچە، خەلق ئىگە-لىگىنى تېزرەك ئەسلىگە كەلتۈرۈش چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، بۇ يەردە تەر توكۇۋاتقان ئۆز جەڭچىلىرىنى بەش قولدەك ئوبدان بىلەتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاڭلىق، ئىنتىزاملىق جەڭچىلەر. ئۇلارنىڭ ئويلايدىغىنى پارتىيىنىڭ تاپشۇرۇغىنى ئورۇنلاش، خەلقنى كوزلەش، خەلق مەنپەئەتىنى كوز قارىچۇغىدەك ئاسراش. خەلققە ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش — ئۇلارنىڭ پەزىلىتى. توخ-تاخۇن بولسا، بۇ يەردىكى جەڭچىلەرنىڭ ئۆز ئاتىسىدەك ھور-مەتلىك ئادىمى...... ئۇنى ئۇلتۇرۇش...... مۇمكىنمۇ، مۇتلەق يالغان...... لېكىن...... بۇ شەپكە بىلەن سۇدانچۇ؟...... ئۇ نە-دىن پەيدا بولۇپ قالدى- ھە؟......

جاڭ تىڭخۇا ماڭلايلىرىدا پەيدا بولغان پۇرچاقتەك تەرنى قولى بىلەن سۇرتۇپ تۇرۇپ، سالماقلىق بىلەن ئېيتتى:

— ئۇقچانلار، بۇ غەلىتە ئىش. بىزنىڭ ئارمىيىمىز خەلقنىڭ ئارمىيىسى، خەلقنى ئولتۇرۇش، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ئەمەس، خەلقنىڭ يىپ ـ يىڭنىسىگە چېقىلسا، قىلمىشىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ. كىچىسى ئالتە جەڭچى ئەمەس، بىرمۇ جەڭچى سىرتقا چىقمىدى. ئەگەر سىلەر ئېيتقاندەك، بۇ ۋەقەنى سادىر قىلغان جەڭچى ھەقىقەتەن بىزنىڭ ئىچىمىزدە بولسا، ئۇ خەلقنىڭ جەڭچىسى ئەمەس، خەلقنىڭ ھەم بىزنىڭ دۈشمىنىمىز. ئۇنداق ئادەمنى بىز ئىنقىلاپ دۈشمەنلىرى قاتارىدا قاتتىق جازالايمىز...... لېكىن، سىلەرمۇ......

بومبا ساقاللىق ئادەم جاڭ تېڭخۇانىڭ قولىدىكى شەپكە بىلەن سۇدانىنى يۇلۇپ تارتىۋالدى.

— سەن يوق دېيەلەمسەن، بۇ نېمە؟ — دېدى ئۇ شەپكە بىلەن سۇدانىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتىرىپ پۇلاڭلىتىپ، — بۇ زادى كىمنىڭ - ھە؟......بۇنىڭ ئىگىسى بۇ يەردە يوق دېيەلەمسەن! ئالتە ئەسكەرنى بىز ئەمەس، ئېرى ئولتۇرۇلگەن سارىخاننىڭ ئۆزى كۆرگەن، شەپكە بىلەن سۇدانىنى قىسمەت چورۇق تاپقان. ئېيتە قېنى، بۇنىڭ ئىگىسى بۇ يەردە يوقمۇ؟......

جاڭ تېڭخۇا جەڭچىلەرنى سەپ بولۇپ تىزىلىشقا بۇيرۇق بەردى. جەڭچىلەر تىزىلدى.

— يولداشلار، — دېدى ئۇ جەڭچىلەرگە قاراپ، — ئەھۋالنى ئۇقتۇڭلار. توختاخۇن ئاكا بىزنىڭ ھۆرمەتلىك مەسلىھەتچىمىز ئىدى. ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان قاتىل بۇ شەپكە بىلەن سۇدانىنى چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ. بۇ بىزنىڭ جەڭچىلەرنىڭ ئىكەنلىگى ئېنىق. كىم بولمىسۇن دەرھال ئۆزىنى مەلۇم قىلسۇن......

كۆپچىلىكمۇ، تىزىلىپ تۇرغان جەڭچىلەرمۇ تىم - تاس بولۇپ قالدى. ھېچكىمدىن سادا چىقمىدى.

كىشىلەرنىڭ كەينىدىن قىسىلىپ كىلىپ، ئالدىغا ئۆتكەن ئېگىز بويلۇق چوقۇر يۈز ئادەم:

— مانا دېمىدىممۇ، كۆپچىلىك ئۆزەڭلار كۆردۈڭلارغۇ، — دېدى ئۇ، — دەلىل - ئىسپات ئېنىق تۇرۇپتىغۇ!......

بومبا ساقال، قارچۇغا كۆز ئادەم:

— نېمە تۇرىسەن خەق، ئالدى بىلەن مۇنۇ باشلىقنى تۇت! — دەپ ۋاقىرىدى.

كىشىلەر تاشلىنىپ ئالدىغا سۈرۈلدى. لېكىن، شۇ ئەسنادا،

يىگىرمە ئىككى، يىگىرمە ئۈچ ياشلارغا كىرگەن، يۈزلىرى يۇمىلاق، چىرايى ئاپئاپىئا كويىۈپ قارايغان بىر جەڭچى قاتتىق ئىچىنغان قىياپەتتە سەپنىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالدا:

— لىيەنجاڭ، مەن خاتالاشتىم، شەپكە بىلەن سۇدان مېنىڭ، — دېدى.

جاڭ تىڭخۋا كوپچىلىكنى سەۋرە قىلىشقا ئۈندەپ تۇرۇپ، ياش جەڭچىگە تىكىلدى:

— سەن بۈگۈن كېچە نەگە باردىڭ؟......

— مەن، مەن......— دېدى جەڭچى، — بۈگۈن كېچە ھېچنەگە بارمىدىم......

توپ يەنە دەۋرەپ چۇقان سالدى:

— قاتىل تۇتۇلدى!......

— شېرىكلىرىڭنى ئېيت!......

— شەپكە بىلەن سۇدان سېنىڭ ئىكەن، سەن بارمىغان بولساڭ، شەپكە بىلەن سۇدان ئۆزى مېڭىپ بارامدۇ؟......

جاڭ تىڭخۋا كوپچىلىكتىن تىنچلىنىشنى ئىلتىماس قىلدى:

— توختاڭلار، ئەگەر توختاخۇن تاغىنىڭ قاتىلى تېپىلسىلا بىز سىلەر بىلەن بىللە جازالايمىز،—ئۇ، ياش جەڭچىگە قارىدى، — سەن ئېيتە، يۇرت ئىچىگە بارمىغان بولساڭ، شەپكە بىلەن سۇدان ئۇ يەرگە قانداق بېرىپ قالدى؟......

ياش جەڭچى كوزىگە ياش ئالغان ھالدا بايان قىلدى:

— مەن ئىنتىزامنى بۇزۇپ، ئەھۋالنى ۋاقتىدا دوكلات قىلمىدىم، خاتا قىلدىم،—دېدى ئۇ، — تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن، مەن ئاياقتىكى قوناقتا سۇ ئاچقىلى باردىم. شەپكەم

بىلەن سۇداننى يۇلغۇن شىخىغا ئېسىپ قويۇپ، سۇ تۇتۇش بىلەن بولدۇم. سۇنى ئېتىزغا باشلاپ قويۇپ، بىرئاز دەم ئالاي دەپ ئولتۇرسام، ئۇدۇلدىكى يۇلغۇننىڭ تېگىدىن بىر جۈپ ئاق توشقان ماڭا قاراپ تۇرۇۋەردى. بىكار تۇرغىچە دەپ، توشقاننىڭ پېيىگە چۈشتۈم. ئۇيان قوغلاپ، بۇيان قوغلاپ، ئاخىر توشقاندىن بىرنى تۇتۇۋالدىم...... قايتىپ كېلىپ شەپكەمنى ئىزلىدىم. شەپكە يوق، ھېچنەدىن تاپالمىدىم. قارىسام، سۇدانمۇ يوق......كۈن كەچ كىرگىلى تۇردى، قوناقلىققا بېرىپ سۇ تۇتتۇم. شەپكە بىلەن سۇداننى ئەتە تاڭ ئاتسا ئىزلەپ تېپىۋالىمەن دەپ ئويلىغان ئىدىم......

جاڭ تىڭخۇا جەڭچىنىڭ سۆزىنى تەرجىمە قىلىپ بېرىپ:

— سىلەر ئەھۋالنى ئۇقتۇڭلار، — دەپ كوپچىلىككە قارىدى، — بۇ جەڭچىنىڭ شەپكە بىلەن سۇداننى يوقاتقاندىن كېيىن ئەھۋالنى تەشكىلگە ۋاقتىدا مەلۇم قىلمىغانلىقى خاتا، ئىنتىزامغا خىلاپ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئايرىم سۆزلىشىمىز......لېكىن، شەپكە بىلەن سۇدان يۇرت ئىچىگە قانداق بېرىپ قالدى؟ بۇنى بىرلىكتە تەكشۈرۈپ كۆرسەك......

بايا ئەھۋال تونۇشتۇرغان دېخان:

— بۇ بىر ئاجايىپ ئىش بولدى، ئەقلىم ھېچنىمىگە يەتمەي قالدى، ئازاتلىق ئارمىيىمۇ شۇنداق ئىشنى قىلارمۇ؟ — دەپ قولىنى سىلكىدى.

بومبا ساقال ئادەم دېخانغا گىرلەيدى:

— ئالجىغان ئەخمەق! — دېدى ئۇ دېخانغا، — سېنىڭ كاللاڭ بارمۇ-يوق؟ — بومبا ساقال ئادەم كىشىلەر توپىغا كۆز يۈگۈرتتى، — ئەسكەرنىڭ دىگىنى يالغان. بۈگۈن توختا-

خۇننى ئۇلتۇرسە، ئەتە سەن بىلەن مېنى......

قىيسىق كوز، چوقۇر ئادەم:

— تۇرامسەن خەق، ئاھ...... توختاخۇن! — دەپ دەھ-شەتلىك ئىڭرىدى.

كىشىلەر دەۋرىدى، شۇ ئارىدا مەھەللە تەرەپتىن يەنە دۈپۈرلىگەن ئات، ئادەملەرنىڭ ئاياق ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. ئۇزۇن-قىسقا يەكتەك، شا پەرىجىلەرنى كىيگەن ئادەملەر يۇگۇرۇپ كېلىشتى. سەھەر گۇگۇمدا ئۇلارنىڭ قانداق ئادەملەر ئىكەنلىگىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى.

ئۇلار توپ ئىچىگە قىستىلىپ كىرە-كىرمەيلا:

— خالايىق ئاڭلىمىدىم دېيىشمە. ئالتە ئەسكەر يالغۇز توختاخۇننىلا ئەمەس، ئىمام خاتىپنىمۇ ئۇلتۇرمەكچى بوپتۇ. مېچىت-نىڭ تورۇسىغا ئېسىپ قويۇپتۇ، دىنىمىزنى ئاياق-ئاستى قىلدى، — دەپ ۋاقىردى.

غەزەپلىنىپ تۇرغان كىشىلەر يەنە غۇلغۇلا كوتەردى:

— نېمە، ئىمام خاتىپنى؟!......

— تورۇسقا ئېسىپ قويۇپتىما!......

— زادى بۇ نېمىلەرنىڭ نىيىتى يامان!......

ئىمام خاتىپنىڭ ئېسىپ قويۇلغانلىغى توغرىسىدىكى خەۋەر ئوچەي دىگەن ئوتقا بېنزىن قۇيغاندەك، كۈچلۈك ئوت لاۋىسى پەيدا قىلدى. بومبا ساقال، قارچۇغا كوز ئادەم بىلەن مەخسۇم سوپەت سولەي ئادەم، ”ئىنتىقام، ئىنتىقام!......“ دەپ ئالدىغا تاشلاندى. كىشىلەر توپى سەلدەك يامراپ ئالدىغا يوپۇرۇلۇپ، ئەسكەرلەرگە ئېسىلدى ۋە بىرنەچچە جەڭچىنىڭ باش-كوزىنى قانغا بويىدى......

تاقەت قىلالمىغان جەڭچىلەر، ئاپتومات، مىلتىقلىرىنى ئوقلاپ، جىلى بولغان ھالدا:

— لېيەنجاڭ، لېيەنجاڭ، سىز...... سىز...... توسماڭ، — دەپ ۋاقىرىشىپ كەتتى.

جاڭ تىڭخۇا ئەسكەرلەر بىلەن بىرنەچچە قەدەم كەينىگە چېكىنىپ تۇرۇپ:

— ئوق چىقارما، قەتئى بۇيرۇق. ئوق چىقىرىشقا رۇخسەت يوق! — دەپ ۋاقىرىدى ھەمدە يۈپۈرۈلۈپ- بېسىپ كېلىۋاتقان مالىمانغا قاراپ، — توختاڭلار، توختاڭلار، سىلەر نىمە دىمەكچى. شۇنى ئېيتىڭلار، — دەپ توۋلىدى.

توپ ئىچىدىن ئۇزۇن شا پەرىجە كىيگەن ئادەمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— بىزنىڭ تەلۋىمىز ئېنىق. كېتىڭلار، "بورە قوتان"دىن كېتىڭلار......

— دەرھال كېتىش!......

— ..............

جاڭ تىڭخۇا ئەھۋالنىڭ ناھايىتى مۇرەككەپ ۋە ئېغىرلىغىنى ئويلىدى، ئوق چىقىرىپ ئېلىشىش مۇمكىن ئەمەس، كىمنى ئېتىش مۇمكىن. ھىسداشلىق قىلىۋاتقانلارمۇ، ئىككىلىنىپ قالغانلارمۇ تۇرۇۋېتىپتۇغۇ؟ ئاندىن بولار قانداق سەۋەپ بىلەن......

— بولىدۇ، بىز كېتىمىز، — دىدى ئۇ كەسكىن قارار چىقىرىپ، — بىز پارتىيىنىڭ تاپشۇرۇغى بويىچە خەلقنىڭ سىلەغىنى يەڭگىللىتىشكە بىرئاز ياردىمى تېگەرمىكىن دەپ، بۇ يەرگە كېلىپ ئەمگەك قىلغان، يەر ئاچقان. ھېچكىمنىڭ يىپ- يىڭنىسىگە چېقىلمىغان. ئەگەر بۇ يەردىكى يۇرتداشلار خالىمىسا، بىز

كېتەيلى......

— كەت، ھازىرلا كېتىش!......

— لازىم ئەمەس!......

— يەر ئۆزىمىزگە كېرەك!......

بايىقى بىرنەچچە ئادەمنىڭ ئاۋازى يەنە گۈلدۈرلەپ ئاڭلاندى.

جاڭ تىڭخۇا جەڭچىلەرگە بۇيرۇق بەردى:

— قېنى، يولداشلار، تېزلىڭلار، بىز قايتتۇق......

جاڭ تىڭخۇا بوخچىلىرىنى دۈمبىسىگە تېڭىپ، قوراللىرىنى مۈرىسىگە ئېلىپ، مەيداندىن رەتلىك تېزلىپ چىقىپ كېتىۋاتقان ئەسكەرلەرنى ئالدىغا ئۆتكۈزۈۋېتىپ، غەزەپ ۋە ئېچىنىش بىلەن كەينىگە قارىغاندا، بومبا ساقال، چوقۇر يۈز، سۆلەيرەك كەلگەن ھېلىقى ئادەملەر "بورە قوتان"نى بېشىغا كىيىپ:

— ئوت قوي، كويدۈر، دەسسەپ - چەيلە، ھېچنىمە قالمىسۇن، تۇخۇمىنى قۇرۇت، كۆلنى كوككە سورى! — دەپ، كالا ھۆكۈرگەندەك، دەھشەتلىك ۋاقىراپ - جاقىرىشىپ يۈرەتتى......

ھىسامىدىن دامولىنىڭ مېھمانخانىسىدا بۈگۈن كېچە ھېچكىم كوز يۇممىدى. "نامازشام خىزىرىسى" بىلەن "مۇھتەرەم قارى" توختاخۇن "ئولتۇرۇلگەن"دىمۇ، ئىمام خاتىپ مېچىتنىڭ تۇرۇسىغا ئېسىلىپ "جەھەننەمگە راۋان" بولغاندىمۇ، مۇشۇ مېھمانخانىدىن چىقمىدى. لېكىن، ئۇلار بۇ ھەركەتنىڭ ئۇچۇرىدىن بەلگىلەنگەن مۇددەت بىلەن ئۇچمۇ - ئۇچ خەۋەر تېپىپ ئولتۇرۇشتى.

ئىمام خاتىپنىڭ "ئۆلۈمى" تالىپلار ئىچىدە چوڭ ساراسىمە پەيدا قىلغانلىقىنى ئاڭلىغاندا، "نامازشام خىزىرىسى" بىر كېرىلە-

ۋېلىپ "مۇھتەرەم قارى"غا:
— مانا ئەمدى بۇ ئوتىنى ئوچۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، — دېدى. "مۇھتەرەم قارى" بولسا:
— دانا پىكىر، قايىلمەن. سۇدان بىلەن شەپكە راسا سەرەڭگە بولدى. ھاجى ئىشان كەلگەندىن كېيىن ئىككىنچى قەدەمنى بېسىۋېرىش كېرەك، — دېدى.
مەخسۇت بەگ بولسا، ئىككى قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، مېھمانخانا بىلەن دەھلىزە ئوتتۇرىسىدا توختىماي ماڭاتتى. چىشلىرى غۇچۇرلايتتى ۋە ئاكىسى ھىساملىدىن داموللىنىڭ ئوزىنىڭ "بورە قوتان"غا بېرىشىغا ۋە ياكى توختاخۇن بىلەن ئىمام خاتىپنى ئوز قولى بىلەن بوغۇزلىۋېتىشىگە رۇخسەت قىلمىغانلىغى ئۈچۈن، غالجىرلىق بىلەن قۇتىراپ تىپىرلايتتى ھەمدە تۇرۇپ - تۇرۇپ:
— سىلەر توخۇ يۈرەك، بىرنەچچىسىنى چاناپ - چاناپ، بۇردا - بۇردا گوش قىلىۋېتىدىغان پەيت ئەمەسمۇ، مۇنداق تونجۇقۇپ ئولتۇرۇپ، مېنىڭ قانداقمۇ خۇمارىم بېسىلسۇن! — دەپ ۋاقىرايتتى.
مۇنداق چاغدا "نامازشام خىزىرىسى":
— جاسارەت، جاسارەت، توپپىشىنىڭ پۇشتى - دە، مەخسۇت بېگىم يارايدۇ، پۈتۈن ۋىلايەتكە ئەمەس، پۈتۈن ئولكىگە ھەربى سەركەردە بولسا بولغىچىلىكى بار - دە،—دەپ ماختاش بىلەن بىللە، يول كورسىتىپ مۇنداق دەيتتى، — ھەممىسى بولىدۇ، لېكىن، ئەقىل، پەم - پاراسەت كېرەك. "مۇھتەرەم قارى" جاناپلىرى پىشقان ھەربى ئادەمگە مۇناسىپ ئىش قىلدى، تونۇگۇن "بورە قوتان" نى كوزىتىپ، ئەسكەرلەرنىڭ نام - ئەمالىدىن ئۇچۇر تېپىپ، شەپكە بىلەن سۇدانىنى قولغا چۈشۈرگەن بولسا، بۈگۈن كېچە ئوتىنى

مۇنداق تېز ئۆلغايتىش قانداق مۇمكىن بولسۇن......بىزنىڭ ئاللە "كەمەك" مۇ قالتىس ئەپلەشتۇردى. بۇ، ھېسامىدىن داموللامنىڭ تەلىملىرىنىڭ بەركاتى. دېمەك، ھەممىگە ئەقىل - پاراسەت كېرەك.— "نامازشام خىزىرىسى" تىكىلىپ مەخسۇت بەگكە قارىدى. — مەخسۇت بېگىم، بىر ئاز سەۋرى قىلسىلا. ھەربىي سەركەردە سالماق بولغىنى تۈزۈك. ھاجى ئىشان كەلسۇن......ئەنە ئۇمۇ كەلدى بولغاي.....

تاشقىرقى ئىشىك ئېچىلدى، دەھلىزە تاراقلىدى. ئۇيگە ھاسىراپ - ھومۇدەپ ھاجى ئىشان كىرىپ كەلدى:

— ئاللا تائالا مەدەت قىلدى، مالائىكلار ھەمرا بولدى. كۇپارلار يۈك - تاقلىرىنى دۈمبىسىگە تېڭىپ، "بورە قوتان" نى تاشلاپ، ئۆز يولىغا راۋان بولدى، — دېدى ئۇ خەۋەر يەتكۈزۈپ.

— ئۇھ......خۇدا، قۇدرىتىڭ ئالدىدا گۇناكارمەن، نىمە بولسىمۇ، يۇرت كۇپارلاردىن خالاس بوپتۇ، شۈكرى، ئۆزەڭگە سىغىنىمەن، — دېدى ھېسامىدىن داموللا دۇئاغا قول كۆتىرىپ.

مەخسۇت بەگ:

— ئاھا، قاچتىمۇ، خەپ، مەن ئۆز قولۇم بىلەن بىر ئەچچىسىنىڭ كاللىسىنى يۇلۇپ تاشلىيالمىدىم - دە، خەپ،—دەپ ھەسرەتلەندى.

ئەمما، "نامازشام خىزىرىسى" قاپىغىنى تۈردى:

— ھاجى ئىشان ماڭا قۇلاق سېلىڭ، — دېدى ئۇ، — شۇنداق قىلىپ قانلىق قىرغىنچىلىق بولدىمۇ، "ياڭاق پۇشتى ماكان" ئەھلىدىن ئۆلگەنلەر ئوتتۇز - قىرىققا يېتەمدۇ، تارتۇۋېلىنغان قورالچۇ، شۇنى ئېيتىڭ......

ھاجى ئىشان ئەندىكىپ، تۇرۇپ بايان قىلدى:

— ئابدۇللا داموللام، تەخسىر، — دەپ ئىلتىجا قىلدى ئۇ "نامازشام خىزىرىسى"غا، — ئىمانىم كامىلكى، ھەنتىۋا ئىش ئۇزلىرى سەرەمجانلاپ كورسەتكەن سىزىق بويىچە ماڭدى. ھېچكىم ھېچكىمنى بىلىپ - ئۇقىقىنى يوق. خۇددى قۇرۇق قومۇشقا ئوت تۇتاشقاندەك، بىرلا سەرەڭگە بىلەن ھەممە يەرگە ئوت كەتتى. ئالتە "كەمەك" ئوز ئىشىنى بىجا كەلتۇرۇپ بولۇپ، ئالتە بۇلۇڭدىن بىرلا سەپپەك تۇۋلاپتى. جىمىكى مۇمىنلەر ئۇزىنى "بورە قوتان"غا ئۇردى...... ئەمما - زە، خەيرىيات، كۇپارلار ھەممە نىمىسى تۇزلىۋېتىلگەن بولسىمۇ. بىر كىمنى تاك قىلىپ چەكمىدى...... قانچە قىلدۇق، ئۇق چىقارمىدى. ئوق چىقىرىشقا تەمشىلگەندە بولسا، تايىپلارنىڭ ئاتامانى بىرلا ۋاقىراپ، ھەممىسىنىڭ قورالىنى تاشلاتقۇزدى......خەيرىيات، ئىش ئاشۇنداق بولدى......

"نامازشام خىزىرىسى" نىڭ كالپۇكلىرى تىترەپ كەتتى:

— بولماپتۇ، بولماپتۇ، بىز مەغلۇپ، — دېدى ئۇ تىترىكمىپ، — ناھايىتى ھىلىگەر نىمىلەركەن - دە، بۇ كومىۇنىستلار، بولماپتۇ، كورلىگەن مەقسەت تىزۇپ كېتىپتۇ!......

ھىسامىدىن داموللا چۇشەنمىدى:

— ئابدۇللا داموللام.......سىلى......

"نامازشام خىزىرىسى" خىقىردى:

— بىز مەغلۇپ، ئىش چاتاق، — دېدى ئۇ دەرىزىدىن يىرۇپ كېلىۋاتقان سەھەر ئاسمىنىغا قاراپ، — ھەربىلەر بۇگۇن كەتسە، ئەتە كېلىدۇ، ئەتە كەلمەسلىگىمۇ مۇمكىن. بەلكىم ئەبەدىل - ئەبەت "بورە قوتان" تەرەپكە قاراپمۇ قويماس. گەپ بۇ يەردە ئەمەس، گەپ شۇ يەردىكى، ئۇلار بۇگۇن كېچە "بورە قوتان" نى قانغا بويىشى، ئەچچە ئون ئادەمنىڭ جېنىنى تېنىدىن جۇدا قىلىشى،

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەر خوتۇندىن، دادا بالىسىدىن ئايرىلىشى لازىم ئىدى، مانا بۇ داغ، قىساس!......بۇنى ھېچنېمە بىلەن يۇيۇش مۇمكىن ئەمەس...... كېيىنكى يالقۇن ئۇچقۇن ھەممە يەردە پىلىك ئۇچى قالدۇرۇلغان بولاتتى. "ھېكمەتلىك ئۇزۇك" يېتىپ كېلىش بىلەنلا بۇ پىلىكلەرنى باشلامچى قىلىپ، ئىككىنچى قەدەمنى بېسىش ئوڭاي ئىدى......بۇ ئاتامان تولىمۇ ھىلىگەر ئىمىكەن - دە، ئوڭايلا كەتكىنىنى قارا!......

"نامازشام خىزىرىسى" شۇ گەپنى دەپ تۇرۇپ، بويىنىنى سوزۇپ، دەرىزىدىن تالاغا قارىدى:

— گۈگۈم يەنە بىر سائەت داۋام قىلسا، مەقسەت يەنە ئىشقا ئاشىدۇ، تالا قاراڭغۇمۇ؟......

ھەممەيلەن بويۇنلىرىنى سوزۇپ تالاغا قاراشتى، سەھەر يۇلتۇزلىرى پىلدىرلاپ تۇرماقتا، ئۇ يەر - بۇ يەردە دەسلەپكى ئەزان ئاۋازلىرى ئاڭلانماقتا ئىدى.

— بولدى، مەن كەتتىم، چاناش كېرەك، — دىدى مەخسۇت بەگ تەلۋىلىك بىلەن ئۆزىنى ئىشىك تەرەپكە ئۇرۇپ.

ھەممەيلەن ئۇنىڭ كەينىدىن پاتىپاراق بولۇشۇپ ھويلىغا چىقىشتى. "مۇھتەرەم قارى" تاپانچىنى قولىغا ئالدى ۋە ھاجى ئىشانغا:

— بولۇڭ، ئات تەييارلاڭ، ئات! — دەپ بۇيرۇق بەردى.

ھاجى ئىشان ئىسكىلاچ مەسىنى شالاقشىتىپ سورەپ، ئاتخانىغا چاپتى. "نامازشام خىزىرىسى":

— "بورە قوتان" دىن يانغان خەقنى قايتۇرۇپ، دەريا بويىغا باستۇرۇپ بارايلى......بۇ قېتىم قورالغا ئېسىلىش كېرەك...... قورالغا ئېسىلغاندىن كېيىن، ئۇلار جەزمەن ئوق چىقىرىدۇ...... دەريا بويىنىڭ قان بولغىنى مانا بۇ مەقسەتكە لايىق ھەركەت......

يالقۇننى ھەرقاچان تۇتاشتۇرۇش مۇمكىن......

ئۇلار ئاتنى كۈتكەن ئىدى، لېكىن، ھاجى ئىشان ئىنچىكە بويلۇق، يۈزىنىڭ يېرىمىنى ياغلىق بىلەن ئورۇۋالغان بىر تالىپ بىلەن يۈگۈرۈپ دىگۈدەك كىرىپ كەلدى، تالىپ:

— بىز كېچىچە دەريا بويىدا قاراۋۇللۇق قىلدۇق. سەھەرگە يېقىن "بورە قوتان"دىكى ئەسكەرلەر كېمە بويىغا ئەمدىلا كېلىۋىدى، شەھەردىن جاپپارۇپ، ئالماسلار چىقىپ كەلدى. ئۇلار ئاتلىق ئىكەن. كەينىدىن بىر ماشىنىدا لىق ئەسكەر يېتىپ كەلدى. ھېلىقى ساقچى، ئابلىكىممىدى، شۇمۇ بار......— دەپ خەۋەر يەتكۈزدى.

"نامازشام خىزىرىسى" غەزەپ بىلەن قولىنى شىلتىدى:

— يەنە مەغلۇپ....بولدى! ئەمدى مۇمكىن ئەمەس!......بۇ قېتىم ئىش شۇنىڭ بىلەن تۈگىسۇن. "ھىكمەتلىك ئۈزۈك" نى كۆتۈش كېرەك......تارقىلايلى......

"نامازشام خىزىرىسى" نىڭ گېپى تۈگە - تۈگىمەي ئىشىكتىن يەنە بىر "قۇلاق" يۈگۈرۈپ كىرىپ كەلدى، ئۇ:

— توختى بىلەن ئىمام خاتىپ ئۆلمەپتۇ، نەپەس ئېلىۋاتىدۇ. ئەتراپىدا ئوتتۇز - قىرىق ئادەم......— دەپ خەۋەر قىلدى.

"مۇھتەرەم قارى" نىڭ كوزلىرى چەكچەيدى:

— نىمە، ئۆلمەپتۇما؟!......

مەخسۇت بەگنىڭ بورە كوزلىرى غالجىرلىق بىلەن پال-پۇل قىلىپ كەتتى، ئۇ:

— توختى بىلەن ئىمام خاتىپنى مەن ئۆزەم بوغۇزلايمەن! مەن ئۆزەم بۇ ئىككىسىنى بۇردا - بۇردا گوش قىلىمەن! — دەپ ھوكىرەپ پۇتىنى يەرگە ئۇرۇپ، تىپىرلىدى.

"نامازشام خەزىرىسى" ئىلالدەك بىر تولغىنىپ:

— پالاكەت، پالاكەت!......بۇ سىرنى خۇدادىن ئۆزگە يەنە، بەلگەن - ئۇقۇقان يات بىگانە يوقتۇ؟ — دەپ ئۇپچۇرىسىدىكە- لەرگە ھولۇقۇپ قارىدى......

سەككىزىنچى باپ

## 1 . دەريا بويىدا

ئىمام خاتىپنىڭ مىچىتىنىڭ تۇرۇسىغا ئېسىپ قويۇلۇشى — ئاددىلا ئىش بولۇپ چىقتى.

خوتۇنى خېلى بۇرۇنلا يېتىپ قالغان بولۇپ، ئىمام خاتىپنىڭ ئۆزى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىغان ئەبۇ ناسىرى فارابىنىڭ* پارىس تىلىدىكى كاتتا بىر دىۋانىنى ئالدىغا ئېچىپ قويۇپ، توققۇز يۈز يىل ئىلگىرى ئۆتكەن بۇ ئاجايىپ مۇتەپەككۇر، دانا پەيلاسوپنىڭ ئالەمنىڭ سىرلىرى توغرىسىدىكى ھىكمەتلىك مۇلاھىزىلىرى بىلەن تونۇشۇۋاتقان ئىكەن......

شۇ چاغدا، تالادىن كىمدۇر ئىشىكنى قېقىپتۇ، ئىمام خاتىپ:

— كىم؟ ......— دەپ ئورنىدىن تۇرۇۋاتقاندا، ئىشىكنىڭ سىرتىدىن:

— مەن ...... كومىسسار ...... ئىشىكنى ئېچىڭ،— دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ.

ئىمام خاتىپ پەنەرنى قولىغا ئېلىپ، ئالدىراپ ئىشىكنى ئاچقان ئىكەن، كوزىگە ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ يۈزىنىڭ يېرىمىنى قارا ياغلىق بىلەن تېڭىۋالغان ئالتە جەڭچىسى كورۇنۇپتۇ. ئىشىكنىڭ ئېچىلىشى بىلەنلا ئۇلار ئىمام خاتىپنىڭ قولىدىكى پەنەر-

نى ئۇرۇپ چۇشۇرۇۋېتىپتۇ - دە، ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپ، بېشىغا تاغار كىيگۈزۈپ، كوتە - كوتە قىلغىنىچە ئېلىپ كېتىپتۇ......

ئىمام خاتىپ ھوشىغا كېلىپ كوزىنى ئاچقاندا، ئوزىنى مىچىتنىڭ تورۇسىغا چېگىلگەن سىرتماقتىن قوتىقوزۇپ، بورا ئۈستىگە ياتقۇزۇۋاتقان بايىز خالۋاپنى كورۇپتۇ......

ئىشنىڭ ئوتموشى ئاشۇنچىلىك ئىدى.

دۆك تېخەن، ئابدۇللا، بايىز خالۋاپ، جومالار ئاتلىق بولۇپ "بورە قوتان" غا مېڭىشتىن ئىلگىرى، ئىمام خاتىپنىڭ ھال - ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئويىگە كىرگەندە، ئىمام خاتىپ يۇقۇرقىلارنى ئېيتىپ بەردى.

ئوي ئىچىدە ئىمام خاتىپقا ھىسداشلىق قىلىپ، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قاراۋاتقان ئونچە كىشىدىن باشقا، يەنە ئىمام خاتىپ ئولتۇرۇۋاتقان ئويىنىڭ خوجايىنلىرى — ھەقەمسايە يۇسۇپ چوك ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى رابى ۋىت - ۋىتمۇ بار ئىدى. رابى ۋىت - ۋىت نىمىنىدۇر ئەزۋەلەپ، توختىماي غۇدۇڭشۇپ ئولتۇراتتى ۋە ئۇ دۆك تېخەنگە قاراپمۇ قويمىدى.

دۆك تېخەن ئىمام خاتىپ ۋە ئۇنىڭ قورقۇپ كەتكەن خوتۇنىدىن ھال - ئەھۋال سوراپ، بىرنەچچە ئېغىز تەسەللى سوزى ئېيتتى - دە، يېنىدىكى ئابدۇللاغا قارىدى:

— يولداش ئابدۇللا، بىز بارايلى، سىز بۇ يەردە قېلىڭ، — دىدى ئۇ ئۇيلانغان ھالدا، — ئىمام خاتىپ ئازاتلىق ۋە خەلق ئىشلىرىنى قىزغىن ھىمايە قىلغان موتىۋەر كىشى. پارتىيە، ھوكۇمەت توغرا دىنىي كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان بارلىق دىنىي زاتلارنىڭ قانۇنى ھوقۇق - مەنپەئەتلىرى ۋە جىسمانى ئەركىنلىكىنى قەتئى قوغدايدۇ، سىز بۇ يەردە قېلىپ، مانا بۇ قېرىنداشلار

بىلەن بىللە ئىمام خاتىپنىڭ خاتىرجەم ئارام ئېلىشىغا ھەمدەم بولۇڭ......

ئابدۇللا چۈشەندى، ئىمام خاتىپقا يەنە بىر قېتىم زىيادىكەشلىك قىلىنمايدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟......

دۇڭ تېخەن، بايىز خالۋاپ ۋە جۇما ئىمام خاتىپنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ، ئۇدۇل توختاخۇننىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ كېتىشتى.

ئۇلار توختاخۇننىڭ قەغەز پەنجىرىلىك ئۆيىگە كىرىپ كېلىشكەندە، سارىخان ئانا پەنجىرە تەرەپكە بېشىنى قارىتىپ ياتقۇزۇلغان توختاخۇننىڭ باش-ئايىغىدا پاي-پېتەك بولۇپ، ھېلى ئۇنىڭغا، ھېلى بۇنىڭغا قاراپ نالىپ، كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ:

— ئۆڭۈمۇ، چۈشۈمۇ ئەمەس، قارا باسقاندەك بىر ئىش بولدى، — دەۋاتاتتى......

ئۆي ئىچىگە توپلانغان توختاخۇننىڭ دىلكەشلىرى بىھوش ياتقان توختاخۇنغا بەرھەم بەرمەسلىك ئۈچۈن پىچىرلىشىپ، بۇ غەلىتە ئىش توغرىسىدا ھەر خىل پەرەز-مۆلچەرلەرنى قىلىشىۋاتاتتى.

دۇڭ تېخەن، بايىز خالۋاپ، جۇمالار پەگادىن كۆتىرىلىپ، تىزلىنىپ توختاخۇننىڭ باش تەرىپىگە كەلدى. توختاخۇن بىلىنەر-بىلىنمەس قىينىلىپ نەپەس ئېلىپ، كۆزىنى يۇمۇپ ياتاتتى. تۇرۇپ، قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ، يۈزلىرى تارتىشقاندەك بولاتتى؛ تۇرۇپ، كالپۇكلىرى ئۈمچىيىپ، يۈزلىرى ئاقارغاندەك بولۇپ، بۇرۇنىنىڭ ئۇچىدا "غۇژژىدە" تەر پارقىراپ چىقاتتى.

دۇڭ تېخەن بىلەن جۇمانى كۆرۈپ سارىخان ئانا ئۆپكىدەك ئېسىلدى ۋە كۆزلىرىدە ياش ئەگىپ كەتتى. دۇڭ تېخەن سارىخان ئانىغا تەسەللى ئېيتىپ تۇرۇپ، توختاخۇننىڭ قولىنى

تۇتتى. بۇ قول جانسىز ۋە مۇزدەك ئىدى.

توختاخۇننىڭ بېشىدا ئولتۇرغان قىسمەت چورۇق ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ ئۇچىدىكى تەرنى لوڭگە بىلەن سۈرتتى ۋە ئەلەم بىلەن ئاچچىق، ئېغىر ئۇھ تارتتى:

— ئاجايىپ ئىش-ھە! كىشىنىڭ ئەقلىگە ھېچبىر سىغ-مايدۇ، قانداق گەپ بولار...... ئازاتلىق ئارمىيە-ھە! دەۋەتتى.

شۇ چاغدا، توختاخۇن قىينىلىپ كوزىنى ئاچتى. ئۇنىڭ غۇۋا ئېچىلغان كوزى تورۇسقا تىكىلگەن ئىدى:

— كىم ئۇ، ئازاتلىق ئارمىيە دىگەن؟ — دىدى توختاخۇن پەس ئاۋاز بىلەن.

— توختاخۇن!......

— بۇرادىرىم!......

— توختىكا!......

تەرەپ-تەرەپتىن ئېيتىلغان بۇ سوز بايىدىن بېرى توختاخۇننىڭ كوز ئېچىشىنى ئۈمىت قىلىپ تەقەززا بولۇپ ئول-تۇرغان كىشلەرنىڭ يۈرەك ساداسى ئىدى.

— ياھەزرەت، ھاياتمۇ سەن توختاخۇن! كوزۈڭنى ئاچ، بىزنى نائۈمىت قىلما، — دىدى قىسمەت چورۇق، — گەپ قىلىۋات-قان مەن، قىسمەت چورۇق، قارىغىنا، شۇنچە قېرىنداش......سېنى ناكا قىلغان خومپەردىن چوقۇم ئوچ ئالىمىز......يۇرتداشلارنىڭ ھەممىسى "بورە قوتان" غا، بۇلاڭچى قاتىللارنى تۇتقىلى كەتتى......

— "بورە قوتان" غا كەتتى! كىم كەتتى؟ ...... — توختاخۇن قوشۇمىسىنى تۇردى.

— يۇرتداشلار، توختاخۇن، قاتىلنى تۇتماقچى......

— ھاماقەت، — دىدى توختاخۇن نارازى بولۇپ، — قاتىل

ئۇ يەردە نېمىش قىلسۇن، ھەممىسى كېتىشتىمۇ؟......

— شۇنداق، كالتەك - توقماق ئېلىپ......

— بولماپتۇ، — دېدى توختاخۇن، — بولۇڭلار، بېرىڭلار، ھەممىسى قايتسۇن، ئالدانمىسۇن، جېدەل - ماجىرا چىقىپ قالمىسۇن. ئازاتلىق ئارمىيىسى مۇنداق ئەسكى ئىشنى قىلمىدۇ، دېيىش ئەخمىقانە گەپ! بېرىڭلار، دۈشمەن ئۇ يەردە ئەمەس، مەن بۇنى......مەن بىلمەن...... ئازاتلىق ئارمىيە بىز دېخانلارنىڭ يولەنچۈگى، ئارقا تىرىكى تۇرسا، خەقلەر شۇنىمۇ ئويلىماي، ئۇلاردىن گۇمان قىلسا، سىلەرنىڭ بىخەستەلىك قىلىپ گاڭگىراپ يۈرگىنىڭلارنى قاراڭلا!......بولماپتۇ، دەررۇ بېرىڭلار...... ھورت - پورت دېيىشىپ قالسا، سەتچىلىك ئەمەسمۇ؟......

— شۇنداقلىغىغا - شۇنداق، — دېدى بىرەيلەن، — راست، توختىكامغا قەست قىلىش — ئۇلارنىڭ ساپلا كەمبەغەللەرنى يولەيدىغان ئادىتىگە ماس كەلمەيدۇ دېسەك، بۇ توغرا، يامان يېرى ئۇ نېملەر، ئىمام خاتىپنىمۇ تورۇسقا ئېسىپتۇ ئەمەسمۇ؟......

يەنە بىرەيلەن:

— ئازاتلىق ئارمىيە ئىكەنلىگى راست، بۇنى خەقلەر، ھەتتا سارىخان ئانىمۇ ئۆز كوزى بىلەن كورگەن تۇرسا! — دېدى.

— ياق، ياق، گەپنى سوزماڭلار، — دېدى توختاخۇن يان تەرەپكە ئورۇلۇشقە تەمشىلىپ، — گەپ بۇ يەردە ئەمەس، جىن بار، جىن!......چوڭراق يەردىن گەپ ئاچساق، ئازاتلىق ئارمىيە خەلقنى ئازات قىلىدۇ، كىچىكرەك يەردىن ئېغىز ئاچساق، "بورە قوتان" نى ئۇلار نېمە ئۇچۈن ئېچىۋاتىدۇ؟ نېمە ئۇچۈن شۇنچە جاپا تارتىپ ئىشلەيدۇ؟ خەقنىڭ سېلىغىنى يەڭگىللىتىش

ئۇچۇن ئەمەسمۇ؟ ئۇلار "بورە قوتان"غا كەلگەن ئالتە-يەتتە
ئايدىن بۇيان خەقنىڭ يىپ-يىڭنىسىگە تەگمەي، باشقىلارغا قولىدىن
كېلىشىچە ياردەم قىلىپ، شۇنچە ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەردى.
بىز بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق-قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت ئورناتتى. ئەستە
ئەجرى قىلىپ يېتىشتۈرگەن بۇ بەلەن مۇناسىۋەتنى يەنە ئۇزى
قوپۇپ بۇزۇۋېتىدۇ، دېسە، كىممۇ ئىشىنىدۇ. ھاماقەت بولماڭلار،
دەررۇ بېرىڭلار، يۇرتداشلار ئىش تېرىپ يۈرمىسۇن......
دۈك تېخەن زەرەپشان بەگلىكىگە كەلگەندىن بۇيان، يۇز-
لىگەن، مىڭلىغان ئىسىل پەزىلەتلىك كىشىلەرنى كوردى، تونۇش-
ىي، دوست تۇتتى، سىرداشتى. توختاخۇن، بايىزخالۋاپ، ئېلشا،
قىسمەت چورۇق، سارىخان ئانا ئەنە شۇنداق كىشىلەردىن ئى-
دى؛ ئالماس، شانىياز، ئابدۇللا، ئەزىمەت، لەيلىگۇللەر ئەنە
شۇنداق ياشلاردىن ئىدى. ئۇنىڭ يەكۇنلىشىچە، بۇ يەردىكى
كىشىلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى ئاجايىپ ئاق كوڭۇل، ئەمە-
گەكچان، چىدام-تاقەتلىك، مېھماندوست-سەنئەتخۇمارلىق، ئىز-
زەت-نەپسلىك، ئۇمتۇۋار ۋە ئاسان ئىشىنىش ئىدى. بۇ خۇ-
سۇسىيەتلەرنىڭ كوپىنچىسىنى توختاخۇننىڭ ۋۇجۇدىدىن ئېنىق
كورەتتى. دۈك تېخەننىڭ ناھايىتى كوپ ۋاقتى توختاخۇن بىلەن
ئوتتى. پوتكۇل زەرەپشان يېزىلىرىنى ئۇلار بىرلىكتە كېزىپ
چىققان ئىدى. بۇ ئادەمنىڭ زېرەك-ئەقىللىقلىغى، ئالدىن كورەر-
تەمكىنلىكى، تەجرىبىسىنىڭ مولىلغى دۈك تېخەننى ھەيران قال-
دۇراتتى. شۇڭا، ئۇنىڭغا چوڭقۇر ھورمەت ھىسسىياتى بىلەن قا-
رايتتى، ئىشىنەتتى، مۇھىم ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭ بىلەن
مەسلىھەتلىشەتتى ۋە ئۇنىڭدىن ئۇگىنەتتى......
مانا ھازىرمۇ ئۇ، گەرچە، نامەلۇم سۇيىقەستىنىڭ قۇر-

بانى بولۇپ يېرىم بېھۇش ياتسىمۇ، لېكىن، پۈتكۈل زەرەپشان يېزىلىرىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن "غەلىتە ۋەقە" نىڭ سىرى توغرىسىدا يەنىلا دانالىق بىلەن خۇلاسە چىقارماقتا. گاڭگىرىغان قېرىنداشلىرىنى ئويغاتماقتا، ئەقىل كوزى بىلەن ھەممىنى كورۇپ تۇرماقتا، ھىس قىلماقتا......قانداق ئەقىللىق، پەزىلەتلىك، ئوتكۇر پىكىرلىك ئادەم ـ ھە بۇ توختاخۇن ئاكام!......

دۇڭ تېخەن ھاياجانلىنىپ، يۈرىگى دولقۇنلانغان ھالدا توختاخۇننىڭ قولىنى ئىختىيارسىز چىڭ سىقتى.

توختاخۇن بۇنى سەزدى ۋە يان تەرەپكە بۇرۇلۇپ دۇڭتېخەننى كوردى.

— توختاخۇن ئاكا، مەن ھەممىنى ئاڭلىدىم، پۈتۈنلەي توغرا، ناھايىتى دۇرۇس، — دىدى دۇڭ تېخەن توختاخۇنغا سەممىي تىكىلىپ، — بىز بارايلى، يۇرتداشلارنى "بورە قوتان" دىن قايتۇرۇپ كېلەيلى... سىز خاتىرجەم بولۇڭ......

توختاخۇن رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى:

— پاتىراق يولغا چىقىڭلار، تۇرماڭلار......مەن تۈنۈگۈن سىزنى ئىزلەپ تاپالمىدىم، خەير.......بېرىڭلار......كېيىن يەنە......

دۇڭ تېخەن، بايىزخالۋاپ، جۇما، قىسمەت چورۇقلار ئاتلىق يولغا چىققاندا، توختاخۇننىڭ ئويىدە ئىككى خىيالدىراق بولۇپ تۇرغان دىلكەش دىخانلاردىن يەنە ئون نەچچىسىنىڭ ئۇلارىگە ئەگىشىپ يولغا چىققانلىغىنى كورۇشتى......

ئۇلار ئالدىراپ "بورە قوتان" تەرەپكە قاراپ كېتىشتى......

جاپپاروپ بىلەن ئالماس ياڭاقلىق يېزىسىدا ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن جىددى ۋەقە توغرىسىدىكى خەۋەرنى دەل تۈن

ئىسپىدىن ئۆتكەندە، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسىنىڭ ئىشخانىسىدا ئاڭلىدى. ئىشخانىدا جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابلىكىمۇ بار ئىدى.

پارتكوم شۇجىسى جاپپاروپ بىلەن ئالماسنى بۇ يەرگە چاقىرتىشىنىڭ سەۋەپلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بولغاندىن كېيىن:

— مەن ھازىرلا يەنە تېلېفون ئالدىم، — دېدى ئۇ، — يولداش دۆڭ تېخەن ئوتتۇزچە كىشىنى باشلاپ، "بورە قوتان"غا كەتكەن كىشىلەرنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. يۇرت ئىچىدە چوڭ ئىش يوق، توختاخۇن بىلەن ئىمام خاتىپنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلدى. لېكىن، شۇ تاپتا "بورە قوتان"دا نىمە بولۇۋاتقانلىقى مەلۇم ئەمەس. سىلەر ئۇ يەرگە چىققاندىن كېيىن جەزمەن سالماق، ئېھتىياتچان بولۇڭلار، ھەقىقى ئەھۋالنى ئىگەللەش كېرەك. تېلېفوندا قورال تۇتقان ئالتە جەڭچىنىڭ گېپى ئېيتىلدى. بۇ زادى قانداق ئەھۋال؟ دەرھال ئايدىڭلاشتۇرۇش زۆرۈر، ئەگەر بەزىبىر جەڭچىلەر ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىپ، ئارمىيە بىلەن خەلق مۇناسىۋىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان بولسا، قاتتىق جازالاش لازىم. بۇنىڭغا يول قويۇلمايدۇ...... يەنە بىر جەھەتتىن، — دېدى پارتكوم شۇجىسى، — ئىنجارە ھەققىنى كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەركىتى پات ئارىدا باشلىنىدۇ. بۇ، پۈتكۈل فېئودالىزمنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرىدىغان بوران-چاپقۇنلۇق كۈرەش. ئۇنى كەڭ دېخانلار كۈچلۈك تەلەپ قىلماقتا. مۇنداق ئۇلۇغ ئىشقا يەرلىك فېئودال-بەگلەر قارشىلىق قىلمايدۇ، دېگىلى بولمايدۇ. مەخسۇت بەگ باندىسىنىڭ تېخىچە يوشۇرۇنۇپ يۈرگەنلىكى ئېسىڭلاردا بولسۇن. بۇ قېتىمقى ۋەقەنىڭ ماھىيىتىگە ھەر تەرەپتىن قاراش كېرەك، ئېھتىياتچان

بولۇڭلار، قانداق ئەھۋال بولسا، ۋاقتىدا مەلۇم قىلىڭلار......

جاپپاروپ بىلەن ئالماس پارتكوم شۇجىسىنىڭ ئىشخانىسىدىن چىققاندىن كېيىن، پارتكوم قوراسىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئابلىكىم بىلەن ئۇزئارا مەسلىھەت قىلىشتى ـ دە، بايا تەييارلاپ قويغان ئىككى ئاتقا مىنىپ ئالدىن يۈرۈپ كەتتى. ئابلىكىم كەينىدىن يېتىدىغان بولدى......

ئۇلار دەريا بويىغا يېتىپ كەلگەندە، تاڭ سۈزۈلەي دەپ قالغان ئىدى. دەريا مەۋج ئۇرۇپ، كوكۇش جىمىرلاپ، دولقۇنلىنىپ ئاقماقتا. كېمىلەر ئاغامچىلار بىلەن قىرى ياغاچ دەرەخلىرىنىڭ ئېچىلىپ قالغان يىلتىزلىرىغا باغلاپ قويۇلغان. ئەتراپ جىمجىت ۋە ھېچكىم كورۇنمەيتتى.

كېمىلەر ئىشقا سېلىنمىسا، دەريادىن ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كېمىچىلەر يېتىپ ـ قوپىدىغان كەپىدە بۈگۈن نىمە ئۈچۈندۇر ھېچكىم يوق ئىدى ــ ئۇيلىرىگە كېتىشكەن بولسا كېرەك.

ئالماس بىر ئاز بىتاقەت بولدى ـ دە:

ــ بولدى، كېمىچىلەرنى ساقلىغان بىلەن ۋاقىت ئۆتىدۇ. مەن ئۆزەم خادىنى ئالاي، ــ دىدى.

ئاغامچىلارنى يېشىشتى، چاغراق بىر كېمىنى تېيىز يەردىن سورەپ، سۇ يولىغا ئېلىپ كېلىشتى، ئاتلارنى كېمە ئۈستىگە چىقاردى. شۇ چاغدا، شەھەر يولى تەرەپتىن ئاپتوموبىلنىڭ قوش چىرىغى چاقنىدى ۋە ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەي جامائەت خەۋپ ـ سىزلىگى ئىدارىسىنىڭ باشلىغى ئابلىكىم ئۆز ئادەملىرى بىلەن يېتىپ كەلدى.

ئابلىكىم بىلەن بىللە يېتىپ كەلگەن جامائەت خەۋپسىزلە ـ

گى خادىملىرى ئىچىدە ئېلىقۇل بىلەن سالىمانمۇ بار ئىدى.

جاپپاروپ ئېلىقۇل بىلەن تېخى ئالدىنقى كۈنى تونۇشقان ئىدى. كەڭ كوكرەكلىك، كۈچلۈك، كوزلىرى ئوتتەك يېنىپ تۇرىدىغان بۇ زەرەپشانلىق يىگىت بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىپ، ئۇنىڭ غايىسى، ئارزۇسى ۋە ھازىر ئۇستىگە ئالغا مەسئۇلىيەتلىك، مۇرەككەپ ۋەزىپىلەرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا چىن كوڭلىدىن قايىل بولغان ئىدى......

ئېلىقۇل ئاپتوموبىلدىن سەكرەپ چۈشۈپ، كېمىچىلەرنىڭ يۇقلۇغىنى بىلدى-دە، قولغا ئالتە مىترچە ئۇزۇنلۇقتىكى كېمە باشقۇرىدىغان خادىنى ئالدى:

— قېنى، ئاغىنىلەر، كېمىگە چىقىڭلار، — دىدى ئۇ تەمكىن سالماقلىق ۋە قىزغىن كەيپىياتتا. — كېمىچىنى ئىزلەشنىڭ ھاجىتى يوق. ئالماس بىلەن ئىككىمىز بۇ كېلەڭسىز تەگىننىڭ ئۇستىگە چىقۋالساق، ئۇنى غازاڭدەك ئوينىتىپ، كوزلىگەن نىشانغا دەر-ھال يەتكۈزىمىز. قېنى چىقىڭلار......بۇ كېمىنىڭ خاسىيتى كوپ. ئازاتلىقنىڭ ئالدىدا گومىنداڭچىلارنىڭ ئۈچ ئات، ئون ئىككى تال مىلتىق ۋە بىرمۇنچە يەشىك ئوقلىرىنى قولغا چۈشۈرۈشتە، ئالماس بۇ كېمىنى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاپىرىۋېلىپ، بولۇشچە لەپەڭشىتىپ، چېرىكلەرنىڭ كوزىنى ئالا چەكمەن قىلىۋەتكەن ئىدى، چېرىكلەر تۇغۇلغىنىغا تويغان. ئەمما بۇگۇن ئىشىنىڭلاركى، كېمە رېلىس ئۇستىدە ماڭغان پويىزدەك، غىر قىلىپ ئوتۇپ كې-تىدۇ......

ئېلىقۇلنىڭ گېپى ئاياقلاشقىچە، ئوتتۇزچە جەڭچى كېمە ئۇستىگە چىقىپ بولدى.

ئالماس بىلەن ئېلىقۇل ئۇزۇن خادىنى دەممۇ-دەم سۇ

ئاستىغا پاتۇرۇپ، كېمىنى شىددەت بىلەن ئىلىپ كەتتى......

كېمىنىڭ تۇمشۇغى قىرغاققا تىرىلىپ، ئابلىكىم، جاپپاروپ، ئالماسلار قاش ئۈستىگە چىققاندا، ئەتراپ خېلىلا يورۇپ قالغان ئىدى ۋە ئۇلار دەريا قىرغىقى بويلاپ سوزۇلغان "بورە قوتان"-نىڭ پۈركاپ توپىلىق كاداك ھاۋا يولىدىن رەتلىك تىزىلىپ چىقىپ كېلىۋاتقان ئازاتلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىنى كوردى.

بۇ، جاڭ تىڭخۇا "بورە قوتان" دىن قايتۇرۇپ كېلىۋاتقان جەڭچىلەر ئىدى.

جەڭچىلەرنىڭ تالاپەت كورگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. بەزىلەرنىڭ باش-كوزلىرى يېرىلغان، بەزىلەرنىڭ كىيىم-كېچەك-لىرى يىرتىلغان، بەزىلەر بولسا، قورالنى ئىشقا سالالماي خورلۇق كورگەنلىگى ئۈچۈن، جىلى بولۇپ غەزەپلىنەتتى ۋە تېرىكىپ كەينىگە قارايتتى......

جاڭ تىڭخۇا ئابلىكىم، جاپپاروپ، ئالماسلارغا قائىدىلىك سا-لام بېرىپ كورۇشكەندىن كېيىن، بۇگۈن كېچە تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ۋە ئۇزلىرىمۇ چۈشىنىپ يېتەلمىگەن ۋەقەنىڭ تەپسىلا-تىنى سوزلەپ بەردى ۋە ئاخىرىدا:

— راستىنى ئېيتقاندا، بىز بۇ بورانىنىڭ نەدىن چىققانلى-غىنى، ئۇزىمىزنىڭ بۇ يەردىكى قېرىنداشلار ئالدىدا نىمە سە-ۋەنلىك ئوتكۈزگەنلىگىمىزنى چۈشىنەلمىدۇق، — دەپ سوزىنى تۈ-گەتتى.

دەل شۇ چاغدا، "بورە قوتان" يولى تەرەپتىن ئاتلىق، پىيادە بولۇپ، ئەللىك-ئاتمىشچە كىشى يېتىپ كەلدى. ئۇلار-نىڭ بەزىلىرىنىڭ قولىدا ھىلىمۇ كالتەك-توخماق، پالتا، ئوغاق-لار بار ئىدى.

جەڭچىلەر جىددىلەشتى، قوراللىرىنى چىڭ تۇتۇپ، بىردەك قايرىلىپ كەينى تەرەپكە قاراشتى.

لېكىن، ئۇلار دۆڭ تېخەن، بايىز خالۋاپ، جۇمالار باشلاپ كەلگەن ئادەملەر ئىدى.

دۆڭ تېخەن ئابلىكىم، جاپپاروپ، ئالماسلارنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— "بورە قوتان" دىن كېلىشىمىز، مەيدان پۈتۈنلەي خاراپ بوپتۇ، ئەڭ يامىنى سۇ چاقپىلىگىنى چېقىپ ۋەيران قىلىپ، دەرياغا ئېقىتىۋېتىپتۇ، — دېدى.

— ئوپ-ئوچۇق بۇزغۇنچىلىق. ھېچكىمنى تۇتمىدىڭلارمۇ؟ — بۇ گەپنى ئېيتقان سالمان ئىدى. دۆڭ تېخەن:

— ئىش ناھايىتى مۇرەككەپ، نىمە سىر بارلىغى تېخى نامەلۇم، — دېدى ئويلىنىپ تۇرۇپ، — بىز "بورە قوتان" غا كەلگىچە، تارقىلىپ كېتىۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن ئۇچراشتۇق. كېچىدە كىمنى كىمنىڭ چاقىرغانلىغى، كىمنىڭ كىم بىلەن "بورە قوتان" غا بارغانلىغىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. خېلى كۆپچىلىك كىشىلەر "توختاخۇننى ئۆلتۈرگەن قاتىل "بورە قوتان" دا بار، شۇنى تۇتىمىز" دىگەن گەپنى ئاڭلىغان. لېكىن، بۇ گەپنى كىمنىڭ ئېيتقانلىغىنى ھېچكىم ئەسلىيەلمىدى. تاڭ سۈزۈلەي دىگەندە نۇرغۇن كىشىلەر تارقىلىپتۇ، قاراڭغۇدا كىم تونۇش، كىم ناتونۇش، ئىلغا قىلالماپتۇ......

دۆڭ تېخەن ئەھۋال تونۇشتۇرۇۋاتقاندا، "ياڭاق پۈشتى ماكان" دىن كەلگەن بىرنەچچە دېخان ئېلىقۇل بىلەن سالماننى تونۇپ قالدى. بايىز خالۋاپ بىلەن جۇما ئېلىقۇل بىلەن سالماننى قۇچاقلاپ، ئۇلار بىلەن دىدار كۆرۈشكەنلىكىگە خوشال بولدى.

بايىز خالۋاپ ئېلىقۇلنى قۇچاقلاپ كۆرۈشتى.

ئابلىكىم دۆك تېخەن ۋە يەنە بىرنەچچە كىشىنىڭ ئەھ-ۋال تونۇشتۇرۇپ ئېيتقان سۆزىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ئېلىقۇلنى بىر چەتكە چاقىرىپ، ئۇنىڭغا:

— سېنىڭ بۇ يەردىكى ۋەزىپەڭ تۈگىدى. دەرھال قايتقىن. "ھىكمەتلىك ئۈزۈك" جىددى ئىش. ئەسلىدىكى ۋەزىپە — سېنىڭ كۆرەش سەنئىتىڭ. چۈشەندىڭمۇ؟ — دېدى.

— بولىدۇ، قايتىمەن، — دېدى ئېلىقۇل قولىنى شەپكىسى-نىڭ چېكىلىگىگە ئېلىپ، ئوتتۇرىنىڭ ئوكچىسىنى "تاق" قىلىپ بىر بىرىگە ئۇرغان ھالدا تىك تۇرۇپ.

ئابلىكىم شۇنىڭدىن كېيىن سالمان ۋە ئىككى تېخنىك خادىمنى ئېلىپ قالدى-دە، قالغان جەڭچى-خادىملارغىمۇ قاي-تىپ كېتىشكە بۇيرۇق بەردى.

جاپپاروپ بولسا، بۇ چاغدا جاك تىڭخۇاغا:

— يولداش لاۋ جاك، سىز بىلەن مەن ئىسسىق-سوغاقنى باشتىن كەچۈرگەن ھەربىي ئادەملەرمىز. ئۇزۇن ئېيتىش، ئەپۇ سوراش-نىڭ ھاجىتى يوق. سىزگە يەنە قايتىپ دېخانچىلىق مەيدانىنى يېڭىۋاشتىن قۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ھازىرقى پەيتنىڭ ئۆزى شۇنداق. بوران-چاپقۇنلار ئىچىدە، ھەربىي تىل بىلەن ئېيتقاندا ئۇرۇش خارابىلىرى ئىچىدە جەسەتلەرنى كۆمۈپ قويۇپ، قان داغلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ ئىلگىرىلەشكە توغرا كېلىدۇ. مۇنداق بوران-چاپقۇن-نى يەنە بولمايدۇ، دەپ ھېچكىم ھۆددە قىلالمىسا كېرەك. خوش، بىز ياڭاقلىق يېزىسىغا كەتتۇق، خەير......— دېمەكتە ئىدى......

## 2. كىچىك ئالاقىچى

سارىخان ئانا ھەمىشە: زەرەپشاندا ئازاتلىق بەخش ئەتكەن ئاپتاپتىن خەناخا ھەممىدىن بالدۇر بەھرىمەن بولغان خوتۇن — مەن. بۇ ئاپتاپ-نۇردىن ھەممىمىز تەڭ بەھرىمەن بولۇشىمىز كېرەك، — دېگەن سوزىنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيتتى.

بۇ، راست ۋە پۈتۈنلەي توغرا ئىدى. چۈنكى، قەشقەر-خوتەن تاشيولىدا ئالماسلار خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنى قارشى ئېلىپ قايتقاندىن تارتىپ، تاكى ھازىرغىچە ئانىنىڭ قەغەز پەنجىرىلىك ئۆيى ئادەملەر دائىم كىرىپ-چىقىپ تۇرىدىغان، كۆڭۈل رىشتى تارتىپ تۇرىدىغان جاي، ياڭاقلىق يېزىسىنىڭ مەركىزى بولۇپ قالدى. ھەممە يېڭىلىقلار دىگۈدەك مۇشۇ ئۆيدىن تارقىلاتتى. كېيىن دۆڭ تېخەن بىلەن ئابدۇللا ئۇزۇن بىر مەزگىلگىچە بۇ ئۆيدە يېتىپ-قوپۇپ، ئانىنىڭ قولىدا تۇز-تائام يىدى، چوڭ-كىچىك سوھبەت-مۇزاكىرىلەرگە ئانا دائىم دىگۈدەك داخىل بولاتتى، بولۇۋاتقان گەپ-سوزلەر ئانىنىڭ مىڭىسىگە ئورنايتتى، دىلىنى سۆيۈندۈرۈپ، كۆڭلى-كوكسىدە يېڭىدىن-يېڭى گۈزەل، نۇرلۇق ئارزۇ-ئارمانلارنى چېچەكلىتەتتى.

شۇ سەۋەپلىك ئۇ ھەتتا تەبىي يېڭىلىق تارقاتقۇچى ئانىمۇ ئىدى.

كىشىلەر سارىخان ئانىغا ئىشىنىدۇ ۋە سەمىمى ئىززەتلەيدۇ، چۈنكى، ئۇنىڭ بۈگۈن ئېيتىپ بەرگەنلىرى ئەتە تۇرمۇشتىكى ئادەتتىكى ھەقىقەتكە ئايلىنىپ قالاتتى. كېيىنكى كۈنلەردە ھەقەمسايىلار

ئانىنىڭ تىلىدا يېڭى ۋە ھېچقاچان ئاڭلاپ، ئويلاپ باقمىغان تاتلىق سۆز-ئاتالغۇلارنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى سېزىپ قېلىشتى، قىزىقىپ كېتىشتى.

— ئاجايىپ زامان، ئاجايىپ پەلەك، — دەيتتى ئانا كول بويىغا سۇغا چىققاندا ياكى ئېتىز-ئېرىقتىن يانغاندا خۇلۇم-خوشنىلىرى بىلەن مۇڭدىشىپ، — مانا ئاز كۈندە ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش دېگەن. كاتتا ھەركەت بولدۇ. ئالماسنىڭ دەپ بېرىشىچە، دېخاننىڭ ھەققى ئازاتلىغى شۇ ئىش بىلەن رويابقا چىقىدىكەن. بۇ ھەركەت بىزنىڭ ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقىچە تارتىپ كەلگەن ھەممە دەرت-ئەلەمىمىزنىڭ يىلتىزىنى قىرقىپ، بىر قېتىم پۈخادىن چىقىرىدىكەن. بىز بېلىمىزنى مەھكەم باغلاپ، زومىگەر-مۇشتۇمزورلاردىن ئوبدان ھېساپ ئېلىپ، ئۇ نىمىلەرنىڭ يۈرىكىنى خۇن قىلىۋېتىشىمىز، ئۇچىمىزنى تازا چىقىرىشىمىز لازىم. ئاندىن يەنە يەر ئىسلاھاتى بولىدىكەن. يەر ئىسلاھاتى دېگەن سۆز دۈڭ تېخەن ئوغۇلنىڭ ئالماس بالىغا ئېيتىپ بېرىشىچە، يەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇش، يەر تېرىغۇچى دېخاننىڭ كەلمىشلىك يېرى بولۇش دېگەن سۆز ئىكەن. كوردۇڭلارمۇ؟ دېخاننىڭمۇ ئەمدى ئۆز ئالتۇن قوزۇغى بولىدۇ. يەر — ئۆز ئىگىسىنى تاپتى دېگەن شۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قانداق كۈن-ئوقەت بولىدۇ، مەن بىلمەيمەن. لېكىن، بىز قول-ئىلكىدە يوق خەقنىڭ ئۆز دەۋرىمىز كەلگىنىگە، تەقدىرىمىزنىڭ ئاستىن-ئۈستۈن بولغانلىقىغا كۆڭلۈم ئىمىن. خوشاللىقىمنى سۆزلەپ تۈگىتەلمەيمەن......

خۇلۇم-خوشنا ئاياللار بولسا، ھاياجانلىنىپ:

— سارىخان، تىللىرىدىن شېكەر تامدى، ئالتۇندەك

گەپلەرنى دېدىلە. مۇشۇنداق گەپلەرنى كۆپرەك ئاڭلىساق يۈرىكىمىز توم، كۆزىمىز روشەن، دىلىمىز يورۇق بولىدىكەن، — دەپ، ئانىنىڭ گەپلىرىنى خۇمار قىلىپ ئاڭلايتتى.

ئالماسلار ئۆگىنىشكە كەتكەندىن كېيىن ئانا: ھازىر ئالماس باللار يوق، دادىسى بولسا، يۇرتنىڭ ئىش-ئوقتى، ئەم-غوسى بىلەن بەنت، مەن قېرىنداشلارنىڭ ھال-ئەھۋالىدىن كۆپرەك خەۋەر ئېلىشىم لازىم، — دەپ ئويلىدى ۋە تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللارنىڭ بېشىنى سىلاپ، قولىدىن كېلىشىچە ياردەم بېرەتتى......

ئۇنۇگۈن كەچقۇرۇن ئانا كەچلىك غىزانى تەييارلاپ، بىر ھازاغىچە قازاننى ئوچاقتىن چۈشۈرمەي توختاخۇننى كۈتتى. توختاخۇن كېچىكتى. تالاغا چىقتى، ئۆيگە كىردى. توختاخۇن كۆرۈنمەيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئانا ئالدىراپ قازاننى چۈشۈردى-دە، توخۇ گۆشى، چامغۇر، ساماساق ۋە ماش سېلىپ پىشۇرغان شورپىدىن بىر ئاپقۇرغا ئۇسۇپ، ئۈستىنى تۇنۇكە تەخسە بىلەن يېپىپ، ئۇدۇل مەسۇدىخاننىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ كەتتى.

مەسۇدىخان بىر نەچچە كۈندىن بېرى ئاغرىپ يېتىپ قالغان، قىزى مەختۇمنى بولسا، باشقا بىر يېزىدىكى تاغىسى "كۈنىمىز بەلەن بولۇپ قالدى، بىر نەچچە كۈن قوغۇن-تاۋۇز سەيلىسى قىلىپ كەلسۇن" دەپ ئېلىپ كەتكەچكە، مەسۇدىخاننىڭ ھازىر كۈتكۈچىسى يوق ئىدى.

— يۈز كېلەلمەيمەن، گۇس-گۇس دەسسەپ مېڭىپ، مەيدىمىزنى كېرىپ ئىشلەيدىغان، سۆزلەيدىغان زامان كەلگەندە، يېتىپ قالغىنىمغا ئېچىنىمەن، — دېدى مەسۇدىخان سارىخان ئانا

ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە، مەزىلىك پۇراق تارقىلىپ تۇرغان ئاپقۇرنى قولىغا ئېلىپ، — سىلى ھەر كۈنى مۇشۇنداق ئاۋارە بولۇۋاتىدىلا، توختاخۇن ئاكام تۈنۈگۈن كەچتە بىر يۇدە ئوتۇن تاشلاپ بېرىپ كەتتى، نېمە دەپ، نېمە قويۇشۇمنى بىلمەيمەن. كاللامدا مىڭ تۈرلۈك ئوي-خىيال بار. خۇدا شىپالىق بېرىپ ساقايسام، قېرىنداشلار ئۈچۈن نېمە-نېمىلەرنى قىلىپ بەرگىم بار......

مەسۇدىخان كۆزىگە ياش ئالدى.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى، كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا، — دېدى ئانا مەسۇدىخاننىڭ قولىغا قوشۇق تۇتقۇزۇپ تۇرۇپ، — بىز ھەممىمىز ئۆتمۈشتە دەرت-ئەلەم چەككەن، رىيازەت تارتقان قېرىنداشلار ئەمەسمۇ، بارنى تەڭ كۆرىمىز، قولىمىز قىسقا. ئوبدان خەۋەر ئالالمايۋاتىمىز. بىر-بىرىمىزنى يۆلىمىسەك، ھەمدەم بولمىساق قانداقمۇ دىلى بىر، مۇڭى بىر قېرىنداش بولالايمىز، ئوبدان كۈنلەر كېلىۋاتىدۇ. ئالماس قول-ئىلكىدە يوق قېرىنداشلار راۋرۇس قەد كۆتەرگىچە، ئۇزئارا ھەمدەرت بولۇشىمىز، خەيرىخاھلىق قىلىشىمىز لازىم، دەپ تۇرۇۋاتىدۇ. قېنى، ئاشقا باقسىلا، قىزىق-قىزىق يېسىلە......

سارىخان ئانا مەسۇدىخان بىلەن ئازراق مۇڭدىشىپ، ئىشىكتىن چىقاي دەپ تۇرغاندا، قولىدا بىر بولاق بىر نەرسىنى كۆتەرگەن ھالدا ئۆيگە قىسمەت چورۇق كىرىپ قالدى.

ئانا قىسمەت چورۇقنى كۆرۈپ:

— مانا ئەمەسمۇ، ئەل بار يەردە بەر خار ئەمەس، دېگەن شۇ. بىرىمىز چىقساق، بىرىمىز كىرىپ تۇرىمىز. قېنى قىسمىتاخۇن يۇقۇرى ئۆتسىلە، — دېدى ۋە قىسمەت چورۇقنىڭ قولىدىكى

بىر بۇلاق دورىسىنى كورۇپ، — كېسەلنىڭ ساقايغۇسى كەلسە، تۆۋەپ ئۇزى كەپتۇ، دېيىشەتتى. قىسمەتاخۇن خويمۇ بەلەن ئىش قىلا جومۇ. باي مىلىنى سوزلەيدۇ، گادايى موڭنى دىگەندەك، مەسۇدىخان بىلەن كىچىككىنە هال-موڭ توكۇشتوق، — دەپ ئويدىن چىقىپ كەتتى.

سارىخان ئانا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قىسمەت چورۇق بىر بۇلاق دورىنى مەسۇدىخانغا سۇنۇپ:

— دوختور قىز بەردى، "بورە قوتان"غا باردىم، مەيدىسى ئاغرىيدۇ، هەرەج ئېغىر، بىر نىمە قىلىڭ دىدىم. ئىچىسلە، شىپالىق دورا. ئەتە دوختور قىز ئوزى كېلىپ سىلىنى كورىدىغان بولدى...... — دىدى.

مەسۇدىخان قىسمەت چورۇققا مىننەتدارلىق بىلەن قاراپ قويدى......

سارىخان ئانا قەغەز پەنجىرىلىك ئويگە كەلسە، توختاخۇن يىغلا كېلىپ تۇرغان ئىكەن. توختاخۇن خاپا كورۈنەتتى ۋە دۇڭ تىخەننى ئىزلەپ تاپالمىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئەتە نەدىن بولسىمۇ تاپماي بولمايدۇ، — دىدى.

ئانا قىسمەت چورۇق بىلەن مەسۇدىخان توغرىسىدا سوز ئېچىپ:

— هەر ئىككىسى يالغۇز، هالال جۈپ بولۇشقا لايىق. ئۇلارنىڭ شۇنداق خىياللىرى بارمىكىن، — دىدى. توختاخۇن:

— دۇرۇس، بۇمۇ بىر ئىش. ئات ئالساڭ ئاي كېڭەش، خوتۇن ئالساڭ يىل، دىگەن گەپ بار. مەنمۇ شۇنداق سېزىمەن. ئەگەرچەندە ئۇلارنىڭ ئاشۇنداق خىيالى بولسا، بىز هە-هۇ قىلىشىپ، خەيرىخاهلىق قىلايلى، يېشى چوڭىيىپ قالغاندا يال-

غوزچىلىق بىر دوزاق. ئەتە مەن قىسىستاخۇن بىلەن مۇڭدىشىپ باقاي...... ئۇ ئۇز خىيالىنىڭ تۇگۈچىنى يېشەلمەي يۇرەمدى-كىن، — دىدى.

ئۇلار شۇ پاراڭلار بىلەن يېتىپ قىلىشتى.

ئانا ئالماس بىلەن لەيلىگۈل، ئۇلارنىڭ تويى ۋە كىچىك-كىنە نەۋرىسىنى كورۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان خىياللىرىنىڭ ئاخىرىغا يەتمەي كوزى ئۇيقۇغا كەتتى. توختاخۇن بولسا شاتۇر دوغا دىگەن گەپلەر ئىشەنچلىكمۇ-ئەمەس دىگەننى ئويلاپ، قاچان ئۇخلاپ قالغىنىنى بىلمەيتتى......

بىر كەمدە تامدىن ئارتىلىپ كىمنىڭدۇر "گۇپ" قىلىپ هويلا ئىچىگە سەكرىگەنلىگى سېزىلدى، تاشقارقى ئىشىكنىڭ ئىچ زەنجىرى "تىرىق" قىلىپ ئېچىلدى. توختاخۇن ئىشىك كوزىنى ئاچتى، لامپىنى ياندۇرۇپ، ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، سارىخان ئانىنى ئويغاتتى.

توختاخۇن ئىشىك تەرەپكە كېتىۋاتقاندا، بىر كىم ئىشىكنى ئاستا قاقتى.

— كىم ؟ — دىدى توختاخۇن.

— ئېچىڭ، مەن ئارسىيە، جېيفاگجۇن ......

بۇ ئاۋاز خەنزۇ تىلدا تەلەپپۇز قىلىندى. توختاخۇن هەيران بولدى. بۇ ئويگە ئۇيغۇر تىلدا چالا سوزلەيدىغان "بورە قوتان" دىگى جەڭچىلەر ئانچە-مۇنچە كېلەتتى. هايۋان-سايمان، ئۇرۇقلۇق ئوتنە-ييرىم قىلىشىدىغان ياكى يەرلىك ئۇرۇنلار بىلەن هەمكارلىشىپ ئىشلەيدىغان ئىشلار بولسا، توختاخۇننى تېپىپ مەسلىهەتلىشەتتى. ئەمما، ئۇلار هىچقاچان كېچىدە كېلىپ باققان ئەمەس. توختاخۇن: "جەزمەن بىر مۇهىم ئىش بار چېغى" دەپ

ئۆيلىدى - دە، ئىشكنى ئاچتى.

ئىشكنىڭ ئىچىلىشى بىلەن قارا بوران قوتۇرىغاندەك، ماش رەڭ ھەربى كىيىم كىيگەن، قولىدا قارا مىلتىق تۇتقان، شەپكىسىنى قېشىنىڭ ئۈستىگە بېسىپ، يۈزىنىڭ يېرىمىنى قارا ياغلىق بىلەن تېڭىۋالغان بىرقانچە كىشى تۇيۇقسىزلا بېسىپ كىردى-دە، توختاخۇننى بېسىپ، دەسسەپ - پېتىقلاپ كەتتى......

ھازىر بولسا، تۇشەكتە ياتقان توختاخۇن بىلەن ئوچاق ئالدىدا ئولتۇرغان سارىخان ئانا دەريا بويىدىن بايىلا بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن جامائەت خەۋپسىزلىگى ئىدارىسىنىڭ باشلىغى ئابلىكىمنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن، شۇ بىر كۈنلۈك جەرياننىڭ تەپسىلاتىنى يۇقۇرقىدەك سوزلەپ بەردى. ئانا:

— ئۇلار دادىسىنى پېتىقلاپ بولغاندىن كېيىن، ئېغىزغا قولىنى تۇتۇشۇپ كوردى، "ئولدى" دەپ ئويلىغان چېغى ھوركۈپ قېچىشتى. مەن دادىسىنىڭ ئۈستىگە ئۆزەمنى تاشلىغاندا، تالادىن: "ئەسكەرلەر توختاخۇننى ئولتۇرۋەتتى!......" دەپ توۋلىغان ئاۋازنى ئاڭلىدىم، — دەپ سوزىنى توگەتتى.

ئوي ئىچىدە ئابلىكىم، جاپپاروپ، ئالماس، سالمان ۋە يەنە جامائەت خەۋپسىزلىگى ئىدارىسىنىڭ ئىككى نەپەر تېخنىكىلىق ئىشلار خادىمى بار ئىدى. ئۇلار ئۆزىگە كېرەكلىك مەلۇماتلارنى ئېلىشتى ۋە يەنە نىمىندۇر سوراشقا باشلىدى......

توختاخۇن بىلەن ئالماسنىڭ شۇنداق بىر خۇسۇسىيىتى بار ئىدىكى، ئاتا - بالا بىرنەچچە ئېغىز قىسقا گەپ ۋە بىر - ئىككى قېتىم كوز ئۇرۇشتۇرۇش بىلەنلا بىر بىرىنىڭ كوڭلىدىكىنى چۈشىنىشەتتى. بولۇپمۇ توختاخۇن ئۆزىنىڭ مول تەجرىبىسىگە ئاساسەن ئوغلىنىڭ كوز ھەركىتى، چىرايىدىكى ئۆزگىرىش، نەپەس

ئېلىشى، ھەتتاكى چىمچىلاق قوللىرىنىڭ ھەركىتىگە قاراپ، ئال-ماسنىڭ قەلبىدە نىمىلەرنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىغىنى، خوشاللىغى، خاپىلىغى ۋە ئۇنىڭ دەرىجىسىنى خاتاسىز بىلىۋالاتتى.

ھازىر توختاخۇن ئابلىكىمنىڭ بىر سوئالىغا جاۋاپ بېرىپ بولۇپ، ئالماسقا قارىدى:

— ئوغلۇم، سەن جىلى بولۇۋاتامسەنا، — دەپ سورىدى، — ھاجىتى يوق. بىز ئۆز كۈشەندىلىرىمىزدىن تېخى پۈخادىن چىققۇدەك ھساپ ئالمىدۇق. لېكىن، دۈشمەن بىزدىن ھساپ ئالماقچى، سەن بۇنىڭغا گۇمان قىلامسەن؟......

— ياق، دادا، سىزنىڭ ئېيتقىنىڭ دۇرۇس......

— دۇرۇس بولغاندىكىن سەن تىت-تىت بولما......

ئابلىكىم بىلەن جاپپاروپ سوھبەت ئوتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن ئىمام خاتىپنىڭ ئۆيىگە بارماق بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇشتى. شۇ چاغدا ئۆيگە جاڭ تىڭخۋا بىلەن دوختۇر قىز جاڭ خۋا كىرىپ كەلدى. جاڭ تىڭخۋا توختاخۇننىڭ قولىنى تۇتۇپ، ئېغىر ئۇھ تارتتى. ئۇلار توختاخۇندىن ھال-ئەھۋال سورىغىلى، قولىدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىپ، داۋالىغىلى كەلگەن ئىدى......

ئالماس ئابلىكىم بىلەن جاپپاروپنى باشلاپ، ئىمام خاتىپ-نىڭ ئۆيى تەرەپكە كېتىۋاتقاندا، قارشى تەرەپتىن تۇت-بەش ياشلارغا كىرگەن بىر كىچىك بالىنىڭ يالىڭاياق پۇتلىرى بىلەن توپا توزىتىپ، ئىڭاڭلاپ كېلىۋاتقىنى كورۇندى.

بالا شاتۇت ئۈژمە يىگەن بولسا كېرەك، ئېغىز-بۇرۇنلىرى قىپ-قىزىل بويىلىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ، ئالماسنىڭ روبەرىغا كەلگەندە ئوماق كوزلىرى بىلەن ناتونۇش كىشىلەرگە تىكىرقاپ

بىر پەس قارىدى-دە، ئالماسقا قاراپ:

— ئالماس ئاكا، توختا، مەن ساڭا بىر گەپ قىيمەن، — دېدى.

ئالماس بالىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ، يۈسۈپ چوڭنىڭ خوتۇنى رابى ۋىت-ۋىتنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئېغى ئوچۇق ئىشتىنىدىن بۇجەكلىرى كورۈنۈپ تۇراتتى.

— هوي، سەن، ئابدىغېنىغۇ، سەن ماڭا يەنە گەپ قىيسەن، — دېدى ئالماس ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ، بۇجەكلىرىنى تۇتۇپ ئەكىلىتىپ قويدى.

— مەن چىۋىك ئويناپ، مۈشۈك قوغىيدىم، — دېدى ئۇ، — ئالا مۈشۈك بەك يامان، تاتلاپ پۇتۇمنى قاناتتى، قوغىيدىم، قوغىيدىم. ئۇ قاچتى، مەن قوغىياۋەدىم. مەسۇدىخان چوڭنامىنىڭ ئويىگە كىرىۋالدى. ئەمدى تۇتۇۋالاي دەپ كىرسەم، مەسۇدىخار چوڭنام: خويما بەلەن كەلدىڭ غېنى. مەن ساڭا ياڭاق بېرەي سوقما ئوينا، ئالماس ئاكاڭنى قىچا دەيدۇ، ئۇزى كەلسۇن دەيدۇ، كەلمەي قالمىسۇن دەيدۇ، — دېدى.

— ماقۇل، — دېدى ئالماس، — مەن باراي، سەن كېتىۋە ئەمسە......

— ياق، — دېدى غېنى كوزلىرىنى مۇلدۇرلىتىپ، ئالماسنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ، — مەن كەتمەيمەن، ياڭاق ئالمەن، سوقما ئوينايمەن...... ماڭغىنا......

ئابلىكىم غېنىنىڭ گېپىگە دىققەت قىلدى ۋە ئالماسقا:

— سىز بېرىڭ، شاكىچىكىنىڭ ئىشى مۇھىمدەك قىلىدۇ، — دېدى كۇلۇپ.

ئالماس غېنىنى ئەگەشتۇرۇپ، مەسۇدىخانىنىڭ ئويىگە كە-

رىپ كەلدى. مەسئۇدىخان بىتاپ بولۇپ قالغاچقا، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان ئىكەن. ئۇ ئالماس بىلەن كوز ئۇچىدا سالاملە-شىپلا غېنىغا قارىدى:

— غېنى بالام، سەن نىمىشقا كەلگەنسەن، بۇ بەك ئوماق بالا، ئاندا-مۇندا كىرىپ قالىدۇ بۇ ئويگە، — دەپ مەسئۇدىخان تەككىرىنىڭ ئارقىسىدىن — ياغاچ كاساڭدىن بىر ئوچۇم مىغىز ۋە بىر ئاز ياڭاق ئېلىپ، غېنىنىڭ كوينىگىنىڭ پېشىگە توكۇپ بەر-دى، — ئاله قوزام، ئويناپ-ئويناپ يەنە كەل جۇمۇ؟......

— ماقۇل، — دىدى بالا، — ئاخشام، بولغاندا، ئاش ئېلىپ كىيمەن......

— بولدى، ئەمدى ئەكەلمە، ئويناپ كەلگىن......

— ياق...... ئاش ئېلىپ كىيمەن......

غېنى تايتاڭلاپ چىقىپ كەتتى.

— سىنىڭ شەھەردىن چىققىنىڭنى ئابدىغېنى دەپ بەردى، تېخى بايىلا، — دىدى مەسئۇدىخان ئالماسقا، — تاڭ سۈزۈلگەندىن تارتىپ كوزۇم ئىشكتە بولدى، بىر كىم كىرسىدى، دەپ جىنىم ئالدىراپ، تاقىتىم-تاق بولدى. ئالماس، ئېيتقىنا، يۇرتتا بۇگۈن كىچە بىرەر شۇملۇق بولدىمۇ؟......

— بولدى، — دىدى ئالماس، — ئازاتلىق ئارمىيە كىيىمىنى كىيگەن بەش-ئالتە خۇمپەر دادامنى، ئىمام خاتىپنى قەستلەپ ئولتۇرمەكچى بولۇپ، مەقسىدىگە يېتەلمەپتۇ، ئېغىر ۋەقە......

— تووا خۇدايىم، دىگىنىمدەك بوپتۇ، — مەسئۇدىخان ئەن-سىزلىك بىلەن سوزىنى داۋام قىلدى، — ھەقىچان بىر شۇملۇق بولىدۇ، دىۋىدىم، شۇ ئىش ئىكەن-دە. ئۇنداق بولسا ئاڭلا. تېخى تۇن نىسپى بولمىغان چاغ، ئۇيقۇم قېچىپ ياتسام، بىزنىڭ

ئۇنىڭ كەينىدىن دۈكۈرلىگەن ئاياق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئوغرىدىن مەن قورقمايمەن، بىزنىڭ ئۆيدە ئوغرىلىغۇدەك نىمە بولسۇن. تىڭشاپ ياتتىم. بىر كەمدە مېنىڭ كەينىدە دۈكۈرلىگەن ئاياق كېلىپ توختىدى. مورا نېمىز، نىمە گەپ بولسا بەخۇدۈك ئاڭلىنىدۇ. مېنىڭ قۇلىقىمغا كىرگىنى: "ئەمدى تۇۋلا، ئادەم ئۇلتۇردى، دەپ تۇۋلاۋېرەيلى. خەقلەر بىزنى راۋۇرۇس كورگەندىن كېيىن، "بورە قوتان" تەرەپكە قاچىمىز، ئەشەدە كىيىملەرنى ئالماشتۇرۇپ يۇرتقا كېلىمىز، ئاندىن يەنە خەقلەر بىلەن "بورە قوتان"غا چاپىمىز......" دېيىشتى. كېيىن دىگىنىدەك ۋاقىراشتى. مەن بۇ نىمە شۇملۇقتۇ، ئالۋاستىمۇ، ئادەممۇ دەپ ئويلىدىم. تالاغا چىقالمايمەن. مۇشۇ گەپنى ساڭا دەي دەۋىدىم......

ئالماس ئىتنىڭ ئورنىدىن تۇردى ۋە مەسۇدىخانغا رەھمەت ئېيتتى:

— بۇ بەك مۇھىم گەپ، تۈگۈچنىڭ سىرى شۇ، ھازىرچە سەن بۇ گەپنى ھېچكىمگە دېمەي تۇرغىن ئايلا، مەن ئابلىكىم بىلەن جاپپاروپنىڭ قېشىغا باراي، — دىدى.

ئالماس ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا، غېنى يەنە تاياتاڭلاپ كىرىپ كەلدى. ئۇ تېخىچە ئالا مۈشۈكنى قوغلاپ يۈرەتتى. ئالماس ئۇنى كوتىرىۋېلىپ، پىشانىسىگە سۆيۈپ قويدى......

## 3 . "ھازىرچە سىر بولسۇن......"

جامائەت خەۋپسىزلىگى ئىدارىسىنىڭ باشلىغى ئابلىكىم ئۆزىنىڭ خادىملىرى بىلەن زورۇر بولغان تەكشۈرۈشنى ئاياقلاشتۇردى.

ئىشىنىڭ مۇرەككەپ يېرى شۇكى، ئەنزە ئۇشتۇمتۇت، يېزا كادىرلىرى، ئاكتىپلار ناھىيىدە ئۆگىنىشتە بولۇۋاتقاندا، قاراڭغۇ كېچىدە يۈز بەرگەن. دېخانلار ئۆزلىرى تولىمۇ ئىشىنىپ ھۆر-مەتلەيدىغان رەئىسى توختاخۇن ئۈچۈن؛ تالىپلار ۋە بەزى دىنىي ساھەدىكى كىشىلەر، مۇرىت-مۇخلىسلار بولسا، ئۆزلىرىنىڭ پېشە-ۋاسى ئىمام خاتىپ ئۈچۈن غەزەپلەنگەن، ئىنتىقام ئالماقچى بولغان. ناھايىتى كۆپچىلىك كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ بىر تەبىي قوزغىلىشمۇ بولغان. بۇنى ھەممە كىشى — دېخانمۇ، تالىپلار-مۇ شۇنداق دېيىللەيتتى. ئەپسۇسلىنارلىق يېرى، شۇ كېچىسى جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكتىن ھېچكىم-ھېچكىمگە دىققەت قىلماپتۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىيلەن ھەيران ئىدى......


ئابلىكىم جىنايەت يۈز بەرگەن مەيداندا، مەسۇدىخاننىڭ ئۆيىنىڭ كەينىدىكى ئاياق ئىزلىرى ئۈستىدە، شەپكە بىلەن سۇدان يۇقالغان "بورە قوتان" يۇلغۇنلۇقلىرىدا بولدى. ئىمام خاتىپنىڭ بويىنغا سىرتماق قىلىپ چىگىلگەن ئەشمە يۇڭ ئاغامچىنى ئالاھىدە ساقلاپ قويدى. "خۇدالىق" مەدرىس ئىچىگە كىرىپ تالىپلار بىلەن تونۇشتى ۋە ئۇلارنىڭ ئوقۇش پۇروگراممىلىرىنىڭ مەزمۇنىنى قىزىقىپ سورىدى. ئەنە شۇ يەردە ھاجى ئىشاننىڭ سايىدەك ئەگىشىپ، ھەممىگە كوز-قولاق بولۇپ يۈرگەنلىكىگە دىققەت قىلدى. كېيىن ئۇ، ئەنزىگە مۇناسىۋەتلىك ۋە ئانچە مۇناسىۋەتلىك بولمىغان كۆپ كىشىلەر بىلەن ئۇچراشتى. جاپپارۇپ، ئالماسلار ئۇيۇشتۇرغان سوھبەت يىغىنلىرىغىمۇ قاتناشتى. ئاشۇ كېچىسى جاڭ تىڭخۇا ئېسىدە ساقلاپ قالغان "كوزلىرى قىيسىق، ياپما بۇرۇت قويغان، ئوزۇن يەكتەكلىك، دېخانغا ئوخشىمايدىغان سولەيرەك ئادەم"، "بومبا ساقال، قارچۇغا كوز، چوقۇر يۇزلۇك كىشى"گە

ئوخشايدىغان قىياپەتكە قىزىقىپ، ھەرقايسى كەنت-مەھەللە ئارىلاپ، تۈرلۈك شەكىلدىكى ئاممىۋى ئۇچرىشىشلارنىمۇ ئېلىپ باردى.

لېكىن، بۇلاردىن ھېچنېمە چىقمىدى.

ئابلىكىمنىڭ نەزىرىدە، قانۇن — رىيال پاكىت، جانلىق ئىشەنچلىك گۇۋا-شاھىتقا مۇھتاج ئىدى. ھەرقانداق گۇمان-تەخمىن، غەزەپ ۋە قورقۇق ئەيىپلەشكە ئورۇن يوق. ھەتتا، جىنايەتنىڭ خاراكتېرى ئېنىقلانغان، جىنايەت سادىر قىلغۇچى مانا مەن دەپ كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغاندەك قىلسىمۇ، دېلىللىغۇچى پاكىت ئاساسى قولغا چۈشمىسە، قانۇن ھامان كۈچسىزلىك قىلاتتى.

ھازىرچە ئابلىكىم ئىمام خاتىپنىڭ بويىنىغا چىگىلگەن سىرتماق ئاغامچا، مەسۇدىخاننىڭ ئۆيىنىڭ كەينىدە قىلىنغان "كېيىم ئالماشتۇرۇپ تارقىلىش" توغرىسىدىكى سۆز ۋە "بور قوتان"دا "بومبا ساقال، قارچۇغا كۆز، سۆلەيرەك ئادەم" لەرنىڭ قوتۇرتىش خاراكتېرىدىكى ھەرىكەتلىرىنى بىر بىرىگە باغلاپ بۇ قېتىمقى ئەنزە ئىنچىكە پىلانلانغان، مەقسەتلىك، تەشكىللىك ھالدا سادىر قىلىنغان، ئۇنىڭ چىقىش مەنبەئىمۇ بىرقەدەر ئېنىق دەپ بېكىتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ ئەنزە يەككە-يىگانە ئىش ئەمەس، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ نەزىرىدىكى ئىككى نەپەر قاچقۇن باندىت، يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن مەخسۇت بەگ، نامەلۇم "ھېكمەتلىك ئۈزۈك" ۋە گۈلھەسەل خېنىمنىڭ يېقىنقى ھەرىكەتلىرى بىلەن تومۇرداش بولۇشىمۇ مۇمكىن، — دەپ قارىدى. ئابلىكىم ئۆز مۇلاھىزىسىدە يەنە، دۈشمەن ئۆزىنىڭ غەيرى مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا سىناق ئېلىپ بېرىۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن، دىگەننىمۇ چەتكە قاقمىدى......



شۇ سەۋەپلىك، ئابلىكىم دۆلەت تېخەنگە رايونلۇق پارتكوم-نىڭ يىغىنىنى چاقىرىشنى تەكلىپ قىلدى.
يىغىن جىددى داۋام قىلدى، ئۇزۇن نىسپىگىچە سوزۇلدى.
دۆلەت تېخەن زەرەپشان يېزىلىرىدىكى تارىخىي سىنىپىي كۈرەشنىڭ يېڭى يۆزلىنىشى ھەققىدە ئۇزاق توختالدى. جاپپا-روپ گېلىپى شىمىنىڭ يانچۇغىغا بىر قولىنى سېلىپ، ئىشخانا ئىچىدە توختىماي ماڭاتتى ۋە توختىماي تاماكا چېكەتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، دۈشمەن ئالتە كىشىنى "ئازاتلىق ئارمىيە"چە كىيىندۈ-رۇپ، زەھەرلىك ۋاستە بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان ئىكەن، قەتئىي تەدبىر قوللىنىپ، گېزەندىلەر ئۇۋىسىنى يىمىرىپ تاشلاش كېرەك ئىدى. ئالماس ئۈچۈن بولسا، بۇ يەردىكى كىشىلەر — كىم دوست - قېرىنداش، كىم دۈشمەن - كۈشەندە، ھەممىسى ئېنىق. ئالىلقاچان مانا مەن دەپ بىر نەچچىسى كورۇنۇپ تۇرۇپتۇ. دەرھال تۇتۇپ سوراق قىلىش، ئەدىۋىسى بېرىپ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇش زورۇر ئىدى. بۇ جەھەتتە ئۇ جاپپاروپنىڭ مەي-دانىنى قوللايتتى ۋە غەزەپلىنەتتى.
ئالماس ئاشۇ قارىشىنى ئىسپاتلاپ سوزلەۋاتقاندا، رايون مەھكىمىسىنىڭ قوراسىغا دۈپۈرلەپ كىرىپ كەلگەن ئات تۇيىغى-نىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.
ھەممەيلەن ئىتتىك بۇرۇلۇپ، دەرىزىدىن ھويلىغا قارىدى. ھويلىدىن يايداق ئاتنىڭ ئۇستىدىن سەكرەپ چۈشۈۋاتقان ئايال كىشىنىڭ گەۋدىسى كورۇندى ۋە ھەمسات ئوتمەي، ئىشخانىغا ماجانتال كەنتىنىڭ باشلىغى ئەزىمەتنىڭ خوتۇنى چىنارخان كى-رىپ كەلدى.
چىنارخان — ئېگىز بوي، يۈزلىرى قىپ - قىزىل ئايال

بولۇپ، شۇ تاپتا بېشىغا سالغان جىگەر رەڭ تور رومال ئىككى مۈرىسىگە سىرىلىپ چۈشكەن، چېچەرقۇت جىلتىكسىنىڭ يۇقۇرقى ئىككى تۈگمىسى يېشۋېتىلگەن ئىدى. ئېغىر نەپەس ئالاتتى ۋە كۆزلىرىدە بىر خىل غەزەپلىك يالقۇن يېنىپ تۇرغاندەك ئىدى.

ئۇ، ئىشخانىدىكىلەرگە ئالدىراپ كۆز يۈگەرتتى ـ دە، ئالدىغا سىرىلىپ چۈشكەن ئىككى ئورۇم توم ئۇزۇن چېچىنى ئىرغىتىپ كەينىگە تاشلاپ، ئالماسقا قارىدى:

— ئۇھ...... بار ئىكەنسەن. بىز مەخسۇت بەگنى كور-دۇق......

— نىمە، مەخسۇت بەگنى! — ئالماس ئىتتىك چىنارخان-نىڭ ئالدىغا كەلدى.

ئابلىكىم، دۇڭ تېخەن، جاپپاروپلارمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— گەپنى سوزۇپ ئولتۇرۇشقا ھازىر ۋاقىت يوق، — دىدى چىنارخان ئالدىرىغان ھالدا، — مەخسۇت بەگ قاچتى، ئەزىمەت قوغلاپ كەتتى، ئەزىمەت ماڭا: سەن رايونغا خەۋەر قىل، مەن بۇ خۇمپەرنى ئەمدى كۆيىقاپىقا كىرىۋالسىمۇ قوغلاپ تۇتىمەن. دىگىنىچە، ئۆزىنى ئۇنىڭ كەينىدىن ئاتتى......

— توختىغىن، چىنارخان، — دىدى ئالماس، — مەن بىر نەرسىنى ئېنىقلىۋالاي. سەن ئۇنى راستىنلا كوردۇڭمۇ؟......

چىنارخان ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن قارا قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ، نارازىلىق بىلەن ئالماسقا تىكىلدى:

— سەن ئۇنى كوردۇڭمۇ! قانداق گەپ بولارمىش بۇ، — دىدى ئۇ ۋە ئوپكىدەك ئېسىلىپ، ئېغىزىنى پىلمۇت ئوقىدەك قويىۋەتتى، — كوردۇڭمۇ؟...... مېنىڭ ئالدىمغا ئالۋاستى ـ شاياتۇن

ئەمەس، دەل مەخسۇت بەگنىڭ ئۆزى ئۆچرىدى. ئۇنىڭ ھەرىكە-
رەيدىغان چاغلىرى ئاللىقاچان تۈگىگەن ۋە بىزمۇ بۇ قاما تۇماق-
لىق چاپاننى كورگەندە، تىترەپ-چالاقلايدىغانلاردىن ئەمەس.
ئۇنىڭ سولتى سوسە بولغىنىنى كىم بىلمەيدۇ؟...... ئەزىمەت
بىلەن ئىككىمىز ئىلىشا تاغامنى يوقلاپ كەلگەن، ئىلىشا تاغام:
ئولتۇرۇڭلار بىر پەس نەغمە قىلىپ بېرەي،— دىدى. خوشنا-
خولۇملار كىرىشتى. كېيىن بۇ ئولتۇرۇش مەشرەپكە ئايلىنىپ
كەتتى. ئېغىر ياتقۇ بىلەن تارقىلىشتۇق...... ئەزىمەت بىلەن
ئىككىمىز ئۆزۈك سايدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتساق، دەريا تەرەپتىكى
بۈنجالىق تەرەپتىن تۈيۇقسىز بىر ئادەمنىڭ گەۋدىسى كورۇندى.
بۇ گەۋدە بىزنى كورۇپلا بونجالىق ئىچىگە ئۆزىنى ئېتىپ
غايىپ بولدى...... تۇختاخۇن ئاغام بىلەن ئىمام خاتىپنىڭ ئىشى
كىمنى ئويغا سالمايدۇ؟...... بىز گۇمانلىنىپ بونجالىق تەرەپكە
يۈگۈردۈق. تېخى بونجالىققا يېتىپ بارماستىنلا بايىقى گەۋدە
يەنە پەيدا بولدى ۋە ئوپۇل-توپۇللا:
— ئات قېنى، ئات! — دەپ ۋاقىرىدى.
بىز بىلدۇقكى، ئۇ كىمنىدۇر كۈتۈۋاتقان ئىكەن. ئەزىمەت
بىر قاراپلا:
— نىمە، بۇ مەخسۇت بەگقۇ! — دىدى.
شۇ گەپ بىلەن تەڭ، مەخسۇت بەگمۇ قاچتى، ئەزىمەتمۇ
قوغلىدى. قوغلاپ-قوغلاپ بونجالىقنىڭ سىرتىغا چىققاچ، بايىقى
گەۋدە توغراقلىق ئورمان تەرەپكە ئۆزىنى ئېتىپ، چاتقاللار ئىچىگە
كىرىپ كەتتى. ئەزىمەت قوغلاپ كېتىۋېتىپ، ماڭا:
— قولىدا پىچاق، تاپانچا بار، سەن رايىرنغا چاپ، — دىدى.
ئەزىمەت ئىز بېسىپ قوغلاپ كەتتى. مەن مەھەللىگە يۈ-

گەدىم ـ دە، دوقمۇشتىكى ئۆيىنىڭ ئاتخانىسىدىن بىر ئاتنى يېشەۋېلىپ بۇ يەرگە چاپتىم......

ئابلىكىم، دۆڭ تېخەن، جاپپاروپ، ئالماسلار ئاتلىق يولغا چىقتى، چىنارخان ئۇلارغا يول باشلاپ كەتتى......

ئابلىكىملار بونجالىقنى كېسىپ ئۆتۈپ، توغراقلىق ئورمانغا يەتكەندە، ئاتلىرىنى تاشلاپ، چىنارخان كورسەتكەن يول بىلەن پىيادە يۈگۈرۈپ كېتىشتى......

ئۇلار توغراقلىق ئورمانىنى قىدىرىپ ـ ئاختۇرۇپ، دەريا بويىغا يېقىنلاشتى. تاڭ سۈزۈلگەن ئىدى ۋە شۇ چاغدا يۇقۇرى تەرەپتىن "چاك ـ چاك" قىلىپ ئېتىلغان تاپانچا ئاۋازى ئاڭلاندى. ھەممەيلەن تاپانچا ئاۋازى كەلگەن تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈشتى......

تاپانچىدىن ئېتىلغان ئوق ئەزىمەتنىڭ پۇتىغا تەككەن ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ، مەخسۇت بەگنى كوز قىرىدىن يوقاتماي ئاسقاقلىغان ھالدا ئۇنى قوغلاپ كېتىۋاتاتتى......

مەخسۇت بەگ توغراقلىق ئورماندىن چىقىپ كېلىۋاتقان بىرنەچچە كىشىنى يىراقتىن كوردى ۋە تاپانچىسىدىن ئارقا-ئارقىدىن ئوق ئۈزدى. ئوق جاپپاروپنىڭ قاتتىق چېكىلەكىلىك شەپكىسىنىڭ ئۈستىدىن ۋىڭىلداپ ئۆتۈپ كەتتى.

دۆڭ تېخەن، جاپپاروپ، ئالماسلار تاپانچىلىرىنى بەتلىدى، ئالماس توش يانچۇغىدا لاتىغا ئوراپ ئۈزۈندىن بۇيان ساقلاپ كېلىۋاتقان بىر تال ئوقنى غەزەپ بىلەن تاپانچىغا باستى، ئابلىكىم:

— ئوق چىقارماڭلار، ئۇنىڭ ئوقى ھازىرلا تۈگەيدۇ، — دېدى ۋە ھەممەيلەننى قىرى توغراق كوتىكىنىڭ دالدىسىغا ئۆت-

كۆزدى، ئاندىن غەزەپلىنىپ تاپانچىسىنى قارىغا ئېلىۋاتقان ئالماسقا قارىدى، — يولداش ئالماس، سىز نېمىش قىلىۋاتىسىز؟......

— مەن بۇ بىر تال ئوقنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ساقلاپ كېلىۋاتىمەن، — دېدى ئالماس قېنى ئۇرغۇغان ھالدا.

— ياخشى، بېشىڭىزنى پەس قىلىڭ، — دېدى ئابلىكىم قالايمىقان ئوق چىقىرىۋاتقان مەخسۇت بەگدىن كۆزىنى ئۈزمەي، ئالماسنىڭ مۈرىسىدىن بېسىپ تۇرۇپ، — ساقلاپ قويۇڭ، كېرەك بولۇپ قالىدۇ. سىزنىڭ قارارىڭىز ئۇنى تىرىك تۇتۇش ئەمەسمۇ؟......

ئالماس ئېغىر تىنىدى. ئابلىكىم دۈك تېخەنگە قارىدى:

— يولداش دۈك تېخەن، ئەزىمەت قولايسىز يەردە تۇرۇپ قالدى، ئۇنى قۇتقۇزۇش كېرەك، — دېدى.

شۇ چاغدا، مەخسۇت بەگ ئوق چىقىرىشنى توختاتتى، ئۇ ھەدەپ ئۆزىنى دالدىغا ئالىدىغان يەر ئىزلەپ، ئالاق-جالاق بولۇپ تىترەپ ئەتراپقا قاراشقا باشلىدى.

ئالماس توغراق كۆتىكىنىڭ دالدىسىدىن ئوخچۇپ كۆتىرىلدى:

— ئۇنىڭ ئوقى تۈگىدى......

— ياق، — دېدى ئابلىكىم ئالماسنىڭ مۈرىسىدىن تار-تىپ، — ئۇ ئۆز ئوقىنى ئاياۋاتىدۇ. كىچىككىنە سەۋرە قىلىڭ......

ئاڭغىچە دۈك تېخەن بىلەن جاپپارۇپ يان تەرەپ بىلەن ئىگىشىپ بېرىپ، ئەزىمەتنى توغراق كۆتىكىنىڭ دالدىسىغا ئېلىپ كەلدى، دۈك تېخەن ئەزىمەتنىڭ يارىلانغان پۇتىنى لوڭگە بىلەن تېڭىپ قويدى.

ئابلىكىم دۈك تېخەن بىلەن جاپپارۇپقا قاراپ:

— مەخسۇت بەگ ئەمدى ھېچنېمىگە قاچالمايدۇ، ھېچكىم ئوق چىقارمىسۇن، — دېدى-دە، ئۆزى مەخسۇت بەگنىڭ بېشىنىڭ ئۈستى، قولىنىڭ تۈۋىنى قارىغا ئېلىپ، ئۇزۇپ-ئۇزۇپ بىر نەچچە پاي ئوق ئاتتى.

مەخسۇت بەگ دەرھال جاۋاپ قايتۇرۇپ، قالايمىقان ئوق ئۈزدى. ئۇ ئوق ئۇزۇۋاتقاندا ئابلىكىم جىم تۇرۇۋالدى. مەخسۇت بەگ توختىغاندا، ئابلىكىم يەنە ئۇنى قىزىتىپ ئوق ئۈزدى. مەخسۇت بەگ پېتىراپ يەنە بىرنەچچە قېتىم ئوق ئۈزدى-دە، ئالدىراپ-تېنەپ يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى.

— ئۇنىڭ ئوقى ئەمدى تۈگىدى، — دېدى ئابلىكىم.

ئالماس تۇغراق، كوتىكى دالدىسىدىن چىقتى.

مەخسۇت بەگ ئالماسنى كورۇپ، يالتىراپ تۇرغان ئىككى بىسلىق خەنجىرىنى قولىغا ئالدى-دە، جان-جەھلى بىلەن تۇتراپ، خەنجەرنى كوتىرىپ ئالماسقا ئېتىلدى.

بىراق، بىرنەچچە قەدەملا مېڭىپ توختىدى ۋە ئابلىكىم، دۆك تېخەن، جاپپاروپلارنىڭ ئۆزىگە قارىتىپ بەتلەنگەن تاپانچىلىرىنى كورۇپ، تۈيۈقسىز كەينىگە بۇرۇلۇپ دەريا تەرەپكە قاراپ قاچتى......

دەريا دولقۇنلىنىپ ئاقماقتا، ئۇنىڭ قىزغۇچ ئۇركەش خەنجەرلىرى قىرغاققا تاراسلاپ ئۇرۇلماقتا، سۇ يۈزى ئۇزلۈكسىز داۋالغۇماقتا ئىدى. مەخسۇت بەگ دەريا قولتۇغىدا سەكراتقا چۈشكەن ئانا بورىدەك، ئۆزۈن، يىرىك قاش-ساقاللىرىنى ھۆر-پەيتىپ، لاغىلداپ تىترىمەكتە، يالتىراپ تۇرغان ئىككى بىسلىق خەنجەرنى قاتتىق قىسىپ تۇتقىنىچە، ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇرۇپ، غالجىرلىق بىلەن پېتىرىماقتا، يۈگۈرمەكتە ئىدى......

ئاپلكىم، دۆلەت تېخەن، جاپپاروپ، ئالماسلار غاز قانتى بولۇپ قوتلۇنۇشقا قستاپ كەلدى. ئەزىمەت، چىنارخان يىغىلاشتى، مەھەللە ئەرەپتىن شاتۇر دوغا ۋە يەنە بىرنەچچە دىخان ياشلىرى تاپانچا ئاۋازىنى ئاڭلاپ يېتىپ كەلدى.

مەخسۇت بەگ ئۈستىدىكى قىزىل چەكمەن چاپانىنى تۆيۈقسىز يېشىپ تاشلىدى-دە، خەنجىرىنى پاقرىتىپ ئالدىغا بىر ئۇخچەيىپ بولۇپ، كەينىگە "شارت" قىلىپ يېنىپ، ئۆزىنى دەرياغا ئاتتى......

ئالماسنىڭ كۆزىدىن ئوت چاقناپ كەتتى. قەلبى دولقۇنلىدى:

...... ئىخ...... زەرەپشان، زەرەپشان. ئانا سۈتىدەك ھالال، بىغۇبار ئەزىم دەريا؛ رىشتىمىز باغلانغان ساڭا شۇنچە، چۈنكى سەن كۆز گۆھىرىدەك ئەزىز-تۇتيا. كۆرمىگەن يىللار ئاقتىڭسەن شاقىراپ قىرغاق چېقىپ؛ ئەجدادلار ئۆتتى، پەرۋىش تاپتۇق بويلىرىڭدا ساڭا بېقىپ. سەن قانچە ياش-مەرتىۋەڭ شۇنچە؛ پەرزەنتلىرىڭ ھەم شۇدۇر دىگىنىڭچە. سەن ئەسلىدىلا خىسلەتپەزىلەتكە باي ئىدىڭ؛ سۇلىرىڭ شەرۋەت، چاڭقىغانغا چاي ئىدىڭ. ۋادىلىرىڭ ئوخشايدۇ رەڭگا-رەڭ ئېچىلغان گۈلگە؛ مۇبادا بولمىساڭ سەن، بۇ جاي ئايلىنار ئىدى چۆلگە. گۈزەلسەن، گۈزەللىكتە تەڭداشسىز؛ سېنى سۆيمىگەن ئەر ئەزەلدىن قەدرىقىممەتسىز. بىراق، چەيلەندىڭ، قەددىڭ پۈكۈلدى خوجىلار قولىدا؛ قانچە ئوغلانلار قانغا بويالدى ئىشقىڭ يولىدا. خوجىلار تاپىنىدىن ئۆندى جىغان-تىكەنلەر؛ گۈلزارلىق ئورنىدا ئۆستى يىكەنلەر. زىلال سۇلىرىڭ ئايلانغان ئىدى قانغا؛ ئەجەل ھۆقۈشلىرى چاڭ سالغان ئىدى جانغا...... بۈگۈن پىغان ھەسرەتىنىڭ سىرلىرى يېشىلدى؛ مەرت ئوغلانغا سىرۇن-مەيدان، يول ئېچىلدى. باتۇر

شۇڭقار ئالدىدا ھۇقۇش ئەمە، كەلگۈسىدىن ئەمدى ھېچبىر ۋەھىم يەمە. قەھرىلىك يىگىتلەر قويىنىڭنى ئەمدى قىلمىسۇن ماكان؛ چايقال، ئۇركەشلە، بەككىمۇ بەرمە ھېچ ئىمكان......

ئالماس دولقۇنلىنىپ - ئۇركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريا ئىچىدە بەگلەر، خوجىلار، مۇشتۇمزور يالماۋۇزلار تەرىپىدىن چوك-تۇرۇپ ئۇلتۇرۇلگەن سانسىزلىغان زەرەپشان ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ يارقىن سىماسىنى كورگەندەك بولدى...... غەزەپ - نەپرەتكە تولغان قەلبى دەريا دولقۇنىدەك ئۇركەشلەپ، بىر ئۇمۇر توپلان-غان ھەسرەت - نادامەت گۇلخانىغا ئوت يېقىلدى......

ئۇ غەزەپ بىلەن چاپىنىنى سېلىپ پىقىرىتىپ تاشلىۋېتىپ، مەخسۇت بەگنىڭ كەينىدىن ئۇزىنى دەرياغا ئاتتى.

شىددەتلىك ئۇركەشلەپ ئېقىۋاتقان سۇ ئىچىدە مەخسۇت بەگ ئولە - تىرىلىشكە قارىماي، پالاخشىپ ئۇزۇپ قېچىپ كېتە-ۋاتاتتى. ئالماس ھۇركىگەن بۇلۇتلار ئۇستىدە پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپ يۇرگەن باتۇر بۇركۇتتەك، چەبدەسلىك بىلەن غۇلاچ تاشلاپ، مەخسۇت بەگنى قوغلاپ يەتتى. شاقىراپ كوتىرىلگەن بىر ئۇركەش دوڭى ئۇستىدە مەخسۇت بەگنىڭ گەجگىسىدىن زەرپ بىلەن قاماللاپ تۇتتى - دە، سىلكىپ ئالدىغا تارتتى. مەخسۇت بەگ پولات ئالقاندىن يۇلقۇنۇپ تۇرۇپ، بۇرۇلۇپ كەينىگە قاراپ، كوزلىرى غەزەپلىك يېنىپ تۇرغان ئالماسنى كوردى. كوردى - دە، جان - جەھلى بىلەن خىرىس قىلىپ ئالماسقا ئېسىلدى.

ئالماس شىددەتلىك تاشلىنىپ، مەخسۇت بەگنى ئاستىغا باستى. ھەر ئىككىلەن سۇ ئىچىگە شۇڭغۇپ چوكۇپ كەتتى......

قىرغاقتا بىتاقەت بولۇپ تۇرغان كىشىلەر، شاتۇر ۋە بىر-

نەچچە ياش دىخان بۇ ئەھۋالنى كورۇپ ئارقا-ئارقىدىن دەرياغا سەكرەشتى. لېكىن، ئۇلار بەش-ئون غۇلاچ سۇ ئۇزە-ئۇزمەي ئالماس مەخسۇت بەگنى شىددەتلىك ئۇرۇلغان دولقۇن بىلەن تەڭ، قوملۇق لايلاتمىغا سورەپ ئېلىپ چىقتى ۋە سۇغا چۆشكەن ئىتنى سورىگەندەك، داقىرىتىپ سورەپ، قىرغاققا تاشلىدى......

ئابلىكىم قولى چەمبەرچەس باغلانغان مەخسۇت بەگنى قورالسىزلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ ئوڭ قول بارمىقىدىن سەدەپ كوزلۇك كۆمۈش ئۇزۇكنى سۇغۇرۇۋالدى، ئۇزۇكنى ياغلىق بىلەن پاكىز سۇرتتى ۋە قولىنى دالدا قىلىپ، لوپا ئەينەك بىلەن سەدەپ ئىچىگە سىنچىلاپ قارىدى. ئۇزۇكنىڭ كوزىدىن يىگنە ئۇچىدەك يالقۇن جىلۋىلەندى ۋە يالقۇن ئىچىدە قىزىل تىللىق بىر ئەجدىھار گويا قىمىرلاۋاتقاندەك بىر قىياپەتتە نامايەن بولۇپ كوزگە چۈشتى.

ئابلىكىم ئۇزۇكنى ئاق قەغەزگە ئوراپ، مەيدە يانچۇقىغا سېلىپ قويدى:

— بۇ خىل ئۇزۇك ھەممىسى بولۇپ توت دانە، — دىدى ئۇ دۇڭ تېخەن، جاپپاروپ، ئالماسلارغا قاراپ، — بۇ سىرلىق ئالاقىلىشىش بەلگىسى. ئۇنىڭ بىرىنى گۇلھەسەل خېنىم بارماق قولىدىن چىقارماي ئېھتىيات بىلەن ساقلىماقتا؛ بىرسى، كۇتۇلمەگەندە مانا بۇ بەگدىن چىقتى. ئېيتقاندەك، بۇ "ھىكمەتلىك ئۇزۇك" بولسا كېرەك. لېكىن، "ھىكمەتلىك ئۇزۇك" ناملىق يەنە نامەلۇم بىر ئادەممۇ بار. بۇ بىر سىرلىق ئادەم، ئېھتىمال يىراقتىن كېلىدىغان "مېھمان" بولۇشى كېرەك. يەنە بىرسىچۇ؟ بۇ ئەمدى ئالدىمىزدا ئېچىلىدىغان سىر......

شۇ چاغدا، توغراقلىق ئورمان تەرەپتىن يەنە بىرنەچچە

كىشىنىڭ قارىسى كورۈنىدى. ئۇلار دىخانلار ئىدى. ئابلىكىم مەخسۇت بەگنى تۇتۇشقا ئىشتىراك قىلغان كىشىلەرنى كوزدىن كەچۈرۈپ تۇرۇپ:

— مەخسۇت بەگ باندىسى پىلتىزى چوڭقۇر گۇرۇھ، غوللۇق ئادەملىرىنىڭ ئىچكى ئالاقىسى مۇرەككەپ. شۇڭا ھازىرچە مەخسۇت بەگنىڭ تۇتۇلغانلىغى سىر بولۇپ قالسۇن......، — دىدى.

مەخسۇت بەگ يالاپ ئېلىپ كېتىلگەندىن كېيىن ئەزىمەت بىلەن چىنارخان بىر قېتىم پۇخادىن چىققاندەك بولۇپ، بىر بىرىگە خوشاللىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ قاراشتى. شاتۇر دوغا مەخسۇت بەگنى تۇتۇشقا قاتناشقىنىدىن مەمنۇن بولۇپ:

— ئەجەپ بەلەن بوادى. بەگ ئالماسقا تاپانتۇزاق قۇرغان ئىدى، ئايلىنىپ كېلىپ، ئاخىر ئالماسنىڭ قولىدا پەلىكى پىر بوادى، ياشاپ كەت ئالماس! — دەۋەتتى......

## تـوققۇزىنچى باپ

### 1. چپقمر كەز ئۈلپەت

ناهىيە مەركزى، ئاۋات بازار كۆنى.

تۆپ مال سودىگەرى مەتقۇۋانباي تۆت كوچىنىڭ بەندىرى-
دىكى پىششىق خىشلىق، كوتىرىپ سېلىنغان، ئالدىغا ئاق رەختىن سا-
يىۋەن تۇتقان ئەينەكلىك چوڭ دۇكاندا — پۈكەي ئۈستىگە چەي-
نەك - پىيالە قويغان هالدا يولەنچۈكى بار ئورۇندۇقتا كىرىلىپ
ئولتۇرۇپ قىزىق سودا قىلىۋاتاتتى.

پۈكەينىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاملارغا هەر خىل نۇس-
خىدىكى رەڭدار، ئىسىل گىلەملەر كۆرگەزمە ئۈچۈن تارتىپ
قويۇلغان؛ ئۇنىڭ ئالدىغا قاتلانغان نەچچە ئون تۆپ گىلەملەر
رەتلىك دەستىلەنگەن ئىدى. پۈكەينىڭ كەينىدىكى مال تىزىش
جازىلىرىدا بەقەسەم، ئەتلەس، شايى ۋە هەر خىل يۇڭ رەخت،
دۇخاۋا، تاۋا - دۇردۇنلار تۆپ - تۆپى بىلەن كۆزگە تاشلىنىپ
تۇراتتى.

مەتقۇۋانباي كۆپ مال - دۇنيانىڭ خوجايىنى بولسىمۇ، لې-
كىن، سودا - سېتىقتا كەلگەندە، تاشتەك قاتتىق بولۇپ، ئۆز پىر-
كازچىكلىرىغا ئانچىلا ئىشىنىپ كەتمەيتتى. بولۇپمۇ بازار كۈنلىرى
پۈكەي ئالدىدا مەھكەم ئولتۇرۇۋېلىپ، خىيالى پىشمىغان دەڭ-
سەپ كورگۈچىلەر بىلەن تەلەپچانلىقى كۈچلۈك هاجەتمەننى بىر

قاراپلا بايقايتتى - دە، ھاجەتمەننىڭ ئالدىغا پىيالىدە چاي قويۇپ تۇرۇپ، ئۇز مىلىنىڭ سوپەت - قىممىتىنى خېرىدارنىڭ ئېغىزى ئېچىلىپ، ھەۋەس - ئىشتىياقى ئۇركەشلىگىچە ماختايتتى ۋە ئۇنىڭ نەرقى - ناۋاسىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ بېرىۋاتقانلىقىغا ئىشەندۈرەتتى.

— سۇنايچىدىن يەل كېتىدۇ، ھارۋىكەشتىن تىرت - ھۇ - ھۇ......، — دەيتتى ئۇ ئۇز پىركازچىكلىرىغا. — سودىگەر ئۇز مېلىنىڭ قەدرى - قىممىتىنى پىششىق بىلىشى كېرەك، ھاجەتمەنگمۇ بۇنى بىلدۈرۈش كېرەك. ھاجەتمەندىن پۇل تالاشما، گەپ تالاش. ئۇ ئۇزى ئېلىۋاتقان مالغا ھەۋەس قىلسىلا بولدى، پۇل ئۇزى ئېقىپ كېلىدۇ. گىلەمنىڭ ئىسىللىقى قىلدىن، سودىگەرنىڭ خېرىدارلىقى تىلدىن، دىگەننى ئۇنۇتما......

مەتقۇۋانباي بۇگۈن قىزىق سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىۋېتىپ، ئىككى - ئۈچ خېرىدارنىڭ كەينىدە بىپەرۋا قىياپەتتە لاغايلاپ يۈرگەن ناتونۇش بىر كىشىگە كوزى چۈشتى. بېشىغا نىمكەش چىمەن دوپپا، ئۇستىگە ئۇڭگەن تېرىكىدىن شىم - تۇجۇركا، پۇتىغا ئۇتۇك كيگەن بۇ ئادەمنى ئۇ تونۇگۇنمۇ مۇشۇ دۇكاننىڭ ئىشىگىدە ئىمل - پال كورگەندەك قىلغان ئىدى. "مۇئەللىممىكىن...... يىزا ئەپەندىسى، — دەپ ئويلىدى ئۇ ناتونۇش كىشى توغرىسىدا پەرەز قىلىپ، — ئەپەندىلەر خىيالى پىشمىغان خېرىداردۇر. ئۇنىڭدا پۇل نىمىش قىلسۇن. ئائىلىچى خەق. گەلەم ئەمەس، كىتاپ ئالغىنى تۇزۇك......".

شۇ چاغدا، قايسىبىر خېرىدار شاراقلاپ تۇرغان بىر خالتا كومۇش تەڭگىنى پۇكەينىڭ ئۇستىگە توكتى. مەتقۇۋانباي تەڭگىنى بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈپ، ساناپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن،

نۆۋەتتىكى خېرىدارغا تومۇر ردڭ بەقەسەمنىڭ جۇلاسى ئۈستىدە ماختاۋېتىپ، يەنە بايىقى ناتونۇش كىشىگە كوزى چۈشتى.

بۇ چاغدا، بايىقى ناتونۇش كىشى دەستىلەنگەن گىلەمدىن بىرىنىڭ قېتىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ تۆۋتىلىرىنى قولى بىلەن بېسىپ تەكشۈرۈۋاتاتتى. تويۇقسىز كوزلىرى ئۇچرىشىپ قالدى. "كوزلىرى نىمە دېگەن كوك، چېقىر كوز، — دەپ يېقىمسىز ئويلىدى مەتقۇۋانباي، — چېقىر كوزلۇك — شەيتاننىڭ بەشرىسى دەيدىغان. چېقىر كوزدە خۇن بولمايدۇ، نەپ تەگمەيدىغان بەشرە. ئۇ كىمدۇ، نىمىشقا بۇ دۇكاننى چوگىلەپ قالدىكىنا؟ ......

مەتقۇۋانباينىڭ خىيالى ئۈزۈلمەستىن، "چېقىر كوز" ئادەم دۇكاندىن چىقىپ كەتتى. بۇ ئىشتىن ھەتتا مەتقۇۋانباي چۈشۈنۈكسىز ھالدا رازى بولدى.

ئەمما، كۆپ ئېگىلگەن مەھەل بىلەن "چېقىر كوز" ئادەم دۇكاندا يەنە پەيدا بولدى. خېرىدارلارنىڭ سېلىكىشىنى كۆتكەندەك قىلدى. دۇكاندا ئادەم كورۈنمىگەندىن كېيىن، "چېقىر كوز" ئادەم مال كورگەن قىياپەت بىلەن يېقىنلىشىپ، مەتقۇۋانباينىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ئۆزلىرى مەتقۇۋانباي ھاجىم بولامدىكىن؟

— خوش، خوش، شۇنداق، — دېدى مەتقۇۋانباي "چېقىر كوز" ئادەمگە سەپسېلىپ، — خوش، تەخسىر، ئۆزلىرىگە نىمە لازىمكىن؟ مەسلەن، گىلەم، شايى، ئەتلەس، بەقەسەم بابىدىن ......

"چېقىر كوز" كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئەينەكتىن كوچىغا قاردى. كوچا ئادەم بىلەن تولغان ئىدى. ئۇدۇلدىكى سايىۋەنلىك ساتراچخانىدىن كىمنىڭدۇ كوزى تىكىلىپ قارىغاندەك قىلدى ۋە

دۇكانغا يەنە خېرىدارلار كىرىپ كېلىشتى. "چېقىر كوز" مەتقۇۋانبايغا:

— مۇنداقلا كىرىپ ئۆتەي دېگەن. كەچتىرەك، دۇكاننى تاقاش ئالدىدا يولۇقسام بولارمۇ؟ — دېدى.

— بولىدۇ، مەرھەمەت، هازىر سودا-سېتىق قىلساقمۇ، كەچتىرەك كەلسىڭىزمۇ بولىدۇ، — مەتقۇۋانباي نەپ تەگمەيدىغان خېرىدارنى ئۇچ كورەتتى، شۇڭا، ئىلتىپاتسىزلىق بىلەن تەنە قىلدى، — گىلەمنىڭ هەرقانداقى بار، شاهانە بەقەسەملەرمۇ هەم! ...... لېكىن، كىتاپ-پىتاپ يوق ......

"چېقىر كوز" بۇ گەپكە جاۋاپ بەرمىدى. ئۇ دۇكانغا قانداق خالار-خالىماس قىياپەتتە كىرگەن بولسا، خۇددى شۇنداق تەخلىتتە چىقىپ كەتتى.

مەتقۇۋانباي "چېقىر كوز"نىڭ كەينىدىن بىر چەكچەيدىدە، ئۇز ئىشىغا كىرىشتى ......

"چېقىر كوز" ئادەم دۇكاندىن ئېرەڭسىزرەك چىققان بولسىمۇ، لېكىن، رەستە تەرەپكە بۇرۇلۇۋېتىپ، بايىقى ساتراچخانىنىڭ سايىۋىنى ئاستىدا ئۇزىگە تىكىلگەن كوزنى يەنە بىر قېتىم كورگەندەك بولدى.

"چېقىر كوز" ئۇزىنىڭ كەينىدە ئادەم بارلىغىنى سەزدى ۋە قەدىمىنى ئىتتىكلەتتى. ئۇ رەستىدىن ئوتكەندىن كېيىن كوجۇم بىر بازار ئۇستىدىن چىقتى. بازارنىڭ بىر بۇرجىكىدە "كاۋاپ، پېتىر مانتا دۇكىنى" دېگەن خەت يېزىلغان بىر ئاشپۇزۇل نەزەردىن چەتتىرەك تۇراتتى. "چېقىر كوز" ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن قىستىلىپ ئوتۇپ، ئۇدۇل ئاشۇ دۇكانغا كىرىپ كەلدى.

دۇكاننىڭ ئايال خوجايىنى "چېقىر كوز"گە قاراپ:

— تەخسىر، ئۇزلىرى نىمە بۇيرۇيلىكەن، چاي دەملىسۇنمۇ؟
كاۋاپ، پىتىر مانتا، چەينەك شورپا...... ھەممىسى بار......
گۆشگۈر-مۇشۇر، كوپچىلىك بىلەن ئولتۇراملا ياكى خاس ئوي
لازىممۇ؟ — دەپ سورىدى.
— خاس ئوي بارمۇ؟......
— ئوھو،...... دۇكىنىمىز كەمبەغەللەرىك بولسىمۇ ھۆرمەتلىك
كىشىلەر ئۈچۈن بىرەر ئېغىز خاس ئوي تەييارلىدۇق......
ئايال خوجايىن شۇ گەپنى ئېيتقاچ، "چېقىر كوز"نى بىر
ئۇستەل-ئىككى ئورۇندۇق قويۇلغان، دەرىزىسى كوچىغا قاراپ ئې-
چىلىدىغان ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر مېھمانلار كۈتۈلىدىغان خاس
ئويگە باشلىدى:
— خوش، تەخسىر، ئىشتىھالىرى قانداق غىزاغا مايىل-
كىن؟......
— كاۋاپ، مانتا......
— خوپ، دەرھال!......— ئايال خوجايىن بۇيرۇلغان
غىزانىڭ تۈرىنى ئۈنلۈك تەكرارلاپ، ئىشىكتىن چىقىپ
كەتتى.
"چېقىر كوز" ئىشتىك بويىنىنى سوزۇپ، دەرىزىدىن تالاغا
قارىدى، "تىكىلگەن كوز" كۆرۈنمىدى. "تىكىلگەن كوز" دېيە-
لىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، "چېقىر كوز" مۇشۇ ناھىيىگە كەلگەن-
دىن كېيىن ئۆتتەك يېنىپ تۇرغان بىر كوزنىڭ بۇگۈنكى بىلەن
ئۈچ قېتىم ئۇزىگە تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى بايقىدى...... "بەلكىم
بۇ كوز ھېچبىر تەشۋىشلىنىشكە ئەرزىمەيدىغان، شۇنداقلا بىر قا-
رىغان كوزدۇر، شۇنداق تۇيۇلۇپ كەتكەنمىكىن، ھەي...... بۇ
كوزدە بىر گەپ بار، ياق ھېچبىر گەپمۇ يوقتۇ......" — "چېقىر-

كوز" شۇنداق ئۇيلىسمۇ، لېكىن بۇ سوز بىلەن ئۇزىنى ئالـ
داشنى خالىمىدى ۋە ھەر ئېھتىمالغا قارشى پەخەس بولۇش
كېرەك، — دىگەننى كوڭلىگە پۈكۈپ قويدى.

"چېقىر كوز" ئاچچىق بىر سېزىم بىلەن ئۇچ بۇرجەكـ
قىيپاش كېسىلگەن گېزىت قەغىزىنى مەيدە يانچۇغىدىن ئېلىپ،
كانايچە قىلىپ تاماكا ئوراشقا كىرىشتى. تاماكىغا سەرەڭگە يېـ
قىۋاتقاندا، خوجايىن ئايال تەخسىلەردە كاۋاپ، پېتىر مانتا ئېـ
لىپ كىردى.

ئايال خوجايىن تەخسىلەرنى قويۇپ، ئىشىك تۈۋىگە يېـ
قىنلاشقاندا، بايىقى "تېكىلگەن كوز" تۇيۇقسىز بوسۇغىنى دەسـ
سەپ خاس ئويگە كىرىپ كەلدى.

ئايال خوجايىن يېڭى كىرگەن مېھمانغا قاراپ:

— ئۇزلىرى ......، — دىدى.

— مەشەدە ئولتۇرسام مۇمكىنمۇ؟ — دىدى مېھمان.

— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە، — دىدى ئايال خوجايىن، — ئىشـ
تىھالىرى نىمىگە تارتىدىكىن......

— كاۋاپ، پېتىر مانتا......

— خوپ، كاۋاپ، پېتىر مانتا كەلتۇرىمىز......

ئايال خوجايىن چىقىپ كەتتى. "چېقىر كوز" زىخ كاۋاپـ
تىن بىر تالنى قولىغا ئېلىپ، كوزىنىڭ قۇيرۇغى بىلەن "تېكىلـ
گەن كوز"گە قاراپ قويدى. "تېكىلگەن كوز" دىيىلگەن كىشى
بېشىغا بادام دوپپا، ئۇچىسىغا شىم-توجۇركا، پۇتىغا كالتە قونـ
جىلىق چېگرىن ئوتۇك كىيگەن، بېلىنى شايە بەلۋاقتا باغلىـ
ۋالغان بولۇپ، قارىغاندا، بىكار تەلەت شەھەر نوچىلىرىغا
ئوخشايتتى.

ئايال خوجايىن يېڭى مېھماننىڭ ئالدىغا كاۋاپ، پىتىر مانتا ئېلىپ كىردى ۋە ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.

يېڭى مېھمان گويا ئالدىدا ھېچكىم يوقتەك، غەمتارتماستىن كاۋاپ بىلەن پىتىر مانتىغا ئىشتىھا بىلەن تۇتۇش قىلدى.

ئەمما "چېقىر كوز" ئۆز ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئىشتىھا بىلەن تاماق يەۋاتقان "تىكىلگەن كوز"دىن قاتتىق گۇمان قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سىنالغان تەجرىبىسىدە ئۆز پىيىمغا چۈشتى دەپ قارىغان ئادەمنى پەيتىنى تۇتۇپ، دەرھال ئۇچۇقتۇرۇۋېتىش ياكى تىنتىۋېتىشنىڭ زورۇرلىگىنى چۈشىنەتتى. مۇبادا بۇ ئادەم ئۆزىگە ئارتۇقچە خەۋپ-خەتەر كەلتۈرمەيدىغان بىگانە بولۇپ چىققان تەقدىردىمۇ، ئۇنى جەزمەن سىناپ كورۇش كېرەك ئىدى.

شۇ سەۋەپلىك "چېقىر كوز" تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلدى. "تىكىلگەن كوز"نىڭ بېشىنى كوتەرمەي ئىشتىھا بىلەن تاماق يەۋاتقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، تاماق ئۈستىلىنىڭ ئۆزى تەرەپتىكى قىرىدىن تۇتۇپ، كۈتۈلمىگەندە ئالدىغا ئىتتىرىپ "شاپ" قىلىپ يۇقۇرى كوتەردى. ئۇ "تىكىلگەن كوز"نىڭ مەيدىسىدىن ئۈستەل بىلەن تامغا نىختاپ مىدىرلىيالماس قىلىپ قويۇپ، ئۇنىڭ كىملىگىنى ئېنىقلىماقچى...... بولغان ئىدى.

بىراق، "چېقىر كوز" ئۈستەلنى ئىتتىرىپ كوتىرىشى بىلەن تەڭ، ئېغىر ئۈستەل خۇددى لەگلەكتەك "شارتتىدا" بېشىدىن ئۈستۈن كوتىرىلىپ كەتتى. ھەر ئىككىلەن بېشى ئۈستىدە كوتىرىلىپ تۇرغان ئۈستەل ئاستىدا بىر-بىرىنى كورۇشتى.

"تىكىلگەن كوز" قاپىقىنى تۈرۈپ، "چېقىر كوز"گە:

— بەس ئەمدى، چۈشەر جوزىنى! — دىدى.

ئۇستەل يەرگە قويۇلدى. "چېقىر كوز" ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالدى ۋە ئوي ئىچىدە ماڭغان بولۇپ، ئىشىك تۈۋىگە كەلدى. دە، "غاچ" قىلىپ ئىشىكنى ئىچىدىن ئىلمۇېلىپ، يېنىدىن تاپانچا چىقاردى:

— ئېيتە، سەن نىمە ئادەم؟ ......

"تىكىلگەن كوز" خاتىرجەملىك بىلەن قولىدىكى كاۋاپنى تەخسىگە قويۇپ، ئۇنىڭغا:

— تازا قاپاقۋاش نىمىكەنسەن، تاپانچىنى يوشۇر، دەردىدىن ئادەملەر كورىدۇ، — دېدى.

ئىشىك تۈۋىدە ئاياق تېۋشى ئاڭلاندى:

— نىمە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن. بول. ئىشىكنى ئېچەۋەت! ......

"چېقىر كوز" تاپانچىنى يانچۇغىغا سېلىپ، ئىشىكنى ئېچىشقا مەجبۇر بولدى. "تىكىلگەن كوز" ئېيتتى:

— قانداق، تونۇشۇپ قويامدۇق؟

"چېقىر كوز" ئېيتتى:

— سەن زادى كىم، شۇنى ئېيت! ......

— مېنىڭ كىملىگىم بىلەن سېنىڭ كارىڭ بولمىسۇن، — دېدى "تىكىلگەن كوز"، — ھازىر سېنىڭ يېتىپ-قوپۇپ يۈرگەن ئورنۇڭ بولمايدۇ، دەرھال يۈتكەل. قىل ئۇستىدە تۇرۇۋاتقىنىڭنى بىل. مەن ساڭا شۇنى ئېيتىپ قوياقچىمەن......

"چېقىر كوز" قورشۇمسىنى تۇردى:

— بۇ مېنىڭ ئىشىم، سەن نىمگە ئەنسىرەپ قالدىڭ؟ ......

— بۇ مېنىڭ ئىشىم؟! — دېدى "تىكىلگەن؟ كوز" ئۇنىڭ

سوزىنى تەكرارلاپ، — قانداقمۇ سىنىڭلا ئىشىڭ بولسۇن؟ بە-لىپ قوي. مەن سىنى سەرتىڭدىن مۇھاپىزەت قىلىپ قاغىلىقتىن قەشقەرگە ئېلىپ باردىم، قەشقەردىن يەنە بۇ يەرگە ئېلىپ كەل-دىم...... سەن مۇنداق كەلسە-كەلمەس بىشىڭ قايغان يەردە قالايمىقان چوكىلەپ يۈرسەڭ، ئابدۇللا كوككۆز دامولىنى ھەر-گىزمۇ تاپالمايسەن......

— مەن ئابدۇللا كوك كوز-پوك كوز دىگىنىڭنى بىلمەيمەن. سەن نىمە دەۋاتىسەن ئۆزەڭ......

— بىلمىسەڭ مەيلى، — دىدى "تىكىلگەن كوز"، ئورنى-دىن دەس تۇرۇۋىتىپ، — مەن ۋەزىپەمنى ئادا قىلدىم، خوش! ......

"چېقىر كوز"مۇ ئورنىدىن تۇردى:

— سەن قايسى ۋەزىپەڭنى ئادا قىلدىڭ؟

— ئورنىڭنى يەتكە، كوزگە چۈشۈپ قىلىۋاتىسەن. ئو-زەڭنى ئەخمەقلىققە سالما! ......

"تىكىلگەن كوز" شۇ گەپنى ئېيتتى-دە، چوڭ-چوڭ قە-دەم تاشلاپ، ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ ئايال خوجايىننى چاقىردى. غىزانىڭ پۇلى ئۈچۈن بىرنەچچە تەڭگىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇت-قۇزۇپ، ئىشىكتىن چىقىپ كېتىشكە تەمشەلدى.

"چېقىر كوز" ئوز خىيالىدا ئارسالدى بولۇپ قالدى:

— توختا، توختا......، — دىدى ئۇ، چىقىپ كېتىۋاتقان "تىكىلگەن كوز"گە قاراپ، — بىر ئاز توختا ......

"تىكىلگەن كوز" توختىدى. "چېقىر كوز" ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، سورىدى:

— ئېيتە، ئات-نامىڭ نىمە، سەن زادى نىمە ئىش قى-

لىدىغان ئادەم؟......

— تازىمۇ دىتىنىڭ يىرىق نىمىكەنسەن! — دىدى "تىكىلگەن كوز" ئۇنىڭ كوزىگە تىكىلىپ، — مەن سىنىڭ ئوز ئادەم ئە- كەنلىگىڭنى بىلمەن، لىكىن، بىر كورۇپلا ئوزەمنىڭ نىمە ئىش قىلىدىغانلىقىمنى قانداق ئۇيىتىش مۇمكىن؟......

— سەن ئابدۇللا كوك كوز داموللىنى تىلغا ئالدىڭغۇ؟......

— "نامازشام خىزىرىسى"نىمۇ؟......

— ياق، ياق، مەن ئۇنى بىلمەيمەن......

— بىلمىسەڭ مەيلى، خوش ئەمىسە......

"تىكىلگەن كوز" چىقىپ كەتتى.

"چىقىر كوز" بۇ ئاجايىپ "مۇھاپىزەتچىنىڭ" گوس - گوس قەدەم بىسىپ، خاتىرجەم چىقىپ كىتىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلدى.

بىرئازدىن كىيىن ئۇمۇ ئايال خوجايىننى چاقىردى، بە- راق، كاۋاپ بىلەن پىتىر ماننىنىڭ پۇلىنى چىقىپ كەتكەن نا- تونۇش ئۇلپەت خالىس تولەپ قويغان ئىدى......

"چىقىر كوز" شۇ كۇنى كۇن ئولتۇرۇشقا ئىككى غۇلاچ قالغىچە شەھەرنى ئارىلاپ يۇردى. يولدا كىتىۋىتىپ ھىلىقى ئالا- ھىدە "مۇھاپىزەتچى" توغرىسىدا خىيال سۇرەتتى. "بۇ زادى كىم، نىمىش قىلىدىغان ئادەم؟ — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — مەن بىلەن مۇنداق ئادەمنىڭ ئۇچرىششى ئۇيىتىلمىغان. ئۇ نەدىن پەيدا بولدى، نىمە قىلماقچى؟......".

"چىقىر كوز" دەسلەپ، ئۇ ئوز ئادەم بولغان تەقدىردىمۇ، ھازىرچە ئالاقە قىلمىغان ياخشى، ئۇنىڭغا ئەمدى يولۇقماسلىق كىرەك، — دەپ قارار قىلدى. كىيىن يەنە: ھەي...... بەرىبىر ئۇ مىنى تاپىدۇ، شۇ چاغدا تازا بىر سىناپ كورۇش

كېرەك، — دەپ كوڭلىگە پۈكۈپ قويىدى ......

"چېقىر كوز" ئەتراپقا بىر قارىۋېتىپ، كەسكىن بۇرۇلۇپ، ئەينەكلىك دۇكان ئىچىگە كىرىپ كەلدى.

دۇكاننى تاقاشقا تەمشىلىپ تۇرغان مەتقۇۋانباي "چېقىر كوز"نى كورۇپ، بىر ئاز تەمتىرەپ-قورۇنغاندەك بولدى. كوڭلىگە: قىلغان سودىنىڭ تايىنى يوق، ئۇزلىرى ھەجەپ بىر پېقىرنى چوگىلەپ قاللىغۇ، — دېگەن سوز كەچكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ سوز ئېغىزىدىن:

— قېنى، قېنى تەخسىر، مەرھەمەت، ئۇزلىرى كەچتىرەك كېلىمەن دېگەچكە، دۇكاننى تاقاش ۋاقتىنى كەينىگە تارتتىم، — دېگەن سوز بولۇپ چىقتى.

"چېقىر كوز" ئالدى-كەينىگە بىر قارىۋېلىپ:

— مەن ئازراق تىجارەت ئىشى بىلەن بۇ تەرەپكە ئوتۇۋىدىم، ياسىن خوجا بىر پارچە خەت ئەۋەتتى، ئۇز قولىغا تەگسە دېگەنتى، — دەپ، ئىچ يانچۇغىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ، مەتقۇۋانبايغا سۇندى ......

مەتقۇۋانباي چوڭ گىلەمچىلىك كارخانىسىغا ئىگە نامدار توپ مال سودىگىرى بولۇپ، ئەسلىدە ياسىن شاڭخەينىڭ كۇچلۇك رىقابەتچىلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن يەرلىك خام مال سېتىۋېلىش، بازار تالىشىشتا رىقابەتلىشىپ، بارلىق تەئەللۇقاتىنى دوچىقىپ ئېلىشقان چاغلىرىمۇ بولغان، لېكىن، ياسىن شاڭخەينىڭ يەرلىك ھوكۇمەت ئەمەلدارلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتى بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ مەدىتى بىلەن مەتقۇۋانبايىنى بېسىپ چۇشۇپ، ئۇنى ئوزى بىلەن كېلىشىشكە مەجبۇر قىلغان. مەتقۇۋانباي نائىلاج بۇ تەكلىپكە كونگەن ئىدى. كېيىن ياسىن شاڭخەي

ئەشقەردىن ئۇزىنىڭ شاڭخەي ماللىرىدىن بىر قىسمىنى مەتقۇۋاد-
بايغا ئەۋەتىپ بېرىپ، كۈتۈلمىگەندە ئۇنى بىر قىسىم پايدىغا
ئىگە قىلدى. مەنپەئەت ئىلگىرىكى رىقابەتچىنى ئاستا-ئاستا ھەم-
تاۋاقلارغا ئايلاندۇردى ...... بۇ ئىلگىرىكى ئىش. ئازاتلىقتىن كېيىن
بولسا، مەتقۇۋانباي بىلەن ياسىن شاڭخەينىڭ مۇناسىۋىتى ئۈزۈ-
لۈپ قالدى. ھەتتا، ھالا بۈگۈنكى كۈنگىچە ياسىن شاڭخەينىڭ
نىمە ئىش، نىمە كوي بىلەن يۈرگەنلىگى مەتقۇۋانبايغا نامەلۇم
ئىدى ...... بۈگۈن بولسا، بۇ خەت ...... بۇ خەتتە نىمە يېزىلغان-
كىن؟ ......

مەتقۇۋانباي ياسىن شاڭخەي ئەۋەتكەن خەتنى قولىغا ئې-
لىپ تۇرۇپ، پۈكەينىڭ كەينىدىن تۇرۇندۇق ئېلىپ، "چېقىر
كوز"گە سوندى:

— قېنى، مەرھەمەت قىلىپ ئولتۇرسىلا ......

"چېقىر كوز" ئەينەكلىك دەرىزىدىن تالاغا قارىغاچ،
مەتقۇۋانباينىڭ خەتنى ئوقۇپ بولۇشنى كۈتتى.

خەت ئاددىيلا يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا، خەت ئېلىپ
بارغۇچى كىشى "چىلتەنلىرىم"نى تاۋاپ قىلغۇچى زىيارەتكار،
دەپ تونۇشتۇرۇلغان ۋە ئۇنىڭغا خەۋەندە-خالىق قىلىش ئۈمىت
قىلىنغان ئىدى.

مەتقۇۋانباي خەتنى كوزدىن كەچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن
"چېقىر كوز"گە قاراپ:

— مۇھتەرەم دوستىمىز ياسىن خوجا ھازىر قانداق-
راق؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇ كىشى ھازىر ئەسلىدىكىدىن ھۆرمەتلىگرەك بولۇپ
قالدى. يېقىندا ئۈرۈمچىگە ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ

كونفىرىنسىيىسىگە بارماقچى. — دېدى "چېقىر كۆز".

— ئۇھۇ...... مۇنداق دېسىلە، تەلەي يەنە ئوڭدىن ئې-
كەن-دە! ......

— شۇنداق......

— سىلى بۇ يەردە ئۇزۇنراق تۇرامىلا؟ ......

— يوقسۇ، — دېدى ئۇ تۈيۈقسىزلا. — داموللامنى تاۋاپ
قىلسامىلا كېتىمەن......

— داموللامنى؟ ......

"چېقىر كۆز" مەتقۇۋانىباينىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى؛

— ئىشىنمەمسىز؟ — دېدى ئۇ، — ئاللاتائالا نېسىپ قىل-
سا، ئۇزلىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن داموللامنى كۆرسەم ئەجەپ
ئەمەس......

"چېقىر كۆز"نىڭ داموللىنى ئۇپۇل-توپۇل تىلغا ئېلىشى
مەتقۇۋانىبايغا ياقمىدى. ئۇنىڭ داموللا دېگىنى — ئەلۋەتتە ئاب-
دۇللا كوك كوز داموللا. ئابدۇللا كوك كوز داموللا تۇغرىسىدا
ياسىن شاڭخەي ئازاتلىقنىڭ سەل-پەل ئالدىدا مەتقۇۋانىبايغا
سىرتىدىن تونۇشتۇرۇپ:

— ئابدۇللا داموللام ئەل ئاغزىدا تىرىك خىزىرغا ئايلىنىپ
قالغان ئادەم. ئۇ نەزەر سېلىپ ئۆتكەن دۇكاندا سودا-سېتىق
قىزىپ، خېرىدار قايناپدۇ. ئۇنىڭغا ئىخلاس — ئەقىدە قىلغان سو-
دىگەر جەزمەن روناق تېپىپ باي بولۇپ كېتىدۇ، ئۇنى دىنىي ئىلىمدا
كامالەتكە، ئالاقە-مۇناسىۋەتتە سائادەتكە يەتكەن كىشى، — دې-
گەن ئىدى.

بىراق، ئۇ كەمدە ئابدۇللا داموللا بىلەن ھەمسۆھبەتتە بو-
لۇش مەتقۇۋانىبايغا نىمە ئۈچۈندۇر نېسىپ بولمىدى. كېيىن بۇ

"تىرىك خىزىر" مەتقۇۋانباينىڭ ئېگىسىدىن كوتىرىلىپ كەتكەن ئىدى.

ئازاتلىقتىن كېيىن جاھان تېپ-تېچ بولۇپ قالدى. مەتقۇۋانباي ئەينەكلىك دۇكاننىڭ ئىچى-تېشىنى پارقىرىتىپ، يەنە ئۆز تىجارىتىنى كەڭ يولغا قويدى. مانا شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كۈتۈلمىگەندە ئابدۇللا داموللا ئۇنىڭ ئۆيىگە پاتىنە قىلىپ كىرىپ كەلدى. بۇ ئادەتتىكى پاتىنە ئىدى. بىر كېچە قوندى-دە، چىقىپ كەتتى. نەگە كەتكىنىمۇ بەلگىسىز ئىدى.

لېكىن، شۇنىڭدىن كېيىن مەتقۇۋانباينىڭ ئەينەكلىك دۇكاندىكى تىجارىتى كۈندىن-كۈنگە خېرىدارلىق بولۇپ يۈرۈشۈپ كەتتى، ھەتتا ئۇنىڭ گىلەملىرىگە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىمۇ خېرىدار بولۇپ، كاپالەتلىك زاكاز بىلەن كېلىشتى...... مەتقۇۋانباي بۇنى "ئابدۇللا داموللىنىڭ ئايىغى ياراشتى، دۇئا-تەكبىرنىڭ خاسىيىتى" دەپ بىلىپ، ئۆز كوڭلىدە ئۇنى سېغىنىدى. ئەمما ئابدۇللا داموللا بىر يىلچە يوقاپ كەتتى. كورۇنمەي قويدى: بۇ شۇنداق ئىش ئىدى، لېكىن بۇنىڭدىن ئون كۈنچە ئىلگىرى يېرىم كېچە بىلەن ئابدۇللا داموللا ئۇشتۇمتۇت ئىككىنچى قېتىم كىرىپ كەلدى ۋە بۇ يەردە ئۇزاق مۇددەت ئىستى — قۇۋمەتتە بولۇشنى، ئۆزىنىڭ بۇ يەردىلىگىنى مەتقۇۋانبايدىن باشقا ھېچكىمنىڭ بىلمەسلىگىنى ئىلتىماس قىلغان ئىدى......

مەتقۇۋانباي پۆكەي ئالدىدا دەرىزە تەرەپكە قاراپ ئولتۇرغان "چېقىر كوز"گە قاراپ ئويلىدى: بۇ "چېقىر كوز" نەدىن پەيدا بولدى-ھە؟ تەلەتى نېمە دېگەن سورۇن ئادەم. ھەي...... بۇ "چېقىر كوز" داموللامنىڭ بىزنىڭ ئۆيدە ئىكەنلى-

گىنى بىلىپ قالغانمىدۇ، ئۇ نەدىننۇ بۇنى بىلىپ يۈرىدۇ ھە! ......"

"چېقىركوز" مەتقۇۋانبايغا قارىدى:

— داموللام بىلەن كورۇشسەم......

— يوقسۇ، يوقسۇ، — دېدى مەتقۇۋانباي سەل ھودۇقۇپ، — پېقىر تېچ، مومىن تىجارەتچى ئادەم. دىنىي ئىلمىم يوق ھىساۋىدا، جاناپلىرى قايسى داموللامنى دەيلىكىن؟ ......

"چېقىر كوز" مەتقۇۋانباينىڭ قۇۋلۇق قىلىپ بىلمەسكە سېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇنىڭ ئارسالدا بولۇپ، دۇكاننى تاقاشقا تەمشىلىۋاتقانلىقىنى كوردى. ۋاقىت زىخ ئىدى. "چېقىر كوز" تالاغا بىر قارىۋېتىپ، يانچۇغىدىن بىر ئالتۇن سائەتنى چىقىرىپ، مەتقۇۋانبايغا سۇندى:

— ھەرەمنىڭ سائىتى. ياسىن خوجا قەشقەردىن ئابدۇللا داموللامغا ھەدىيە قىلىپ ئەۋەتكەن. تاپشۇرۇپ بېرىشلىرىنى سورايمەن. ئەتە سائەتنى تاپشۇرۇۋالغان-ئالمىغانلىقىنى بىلسەم بولامدۇ؟ ......

مەتقۇۋانباي سائەتنى ئېلىش-ئالماسلىقنى جەزىم قىلالماي قولى تىترەپ كەتتى.

تالادا قەدەم تىۋۇشى ئاڭلاندى. "چېقىر كوز" سائەتنى پوكەي ئۈستىدە تۇرغان بىر پىيالىنىڭ ئىچىگە سالدى-دە، پىيالىنى مەتقۇۋانباينىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويدى:

— خاتىرجەم بولسىلا، بۇ سوغات داموللامنىڭ قولىغا تەگسىلا، تەخسىر ئوزلىرىنى قوچاغلاپ سۆيىدۇ......

مەتقۇۋانباي ھېچنىمە دېمىدى.

ئالدىراپ دۇكاننى تاقىدى-دە، ھودۇقۇپ ئويى تەرەپكە قاراپ كەتتى......

جامائەت خەۋپسىزلىگى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابلىكىم ئۆز ئىشخانىسىنىڭ ئىچىدىكى ئاق پەردە تارتىلغان كىچىككىنە خەرىتە ئۈستىدىكى بىرقانچە قىزىل، يېشىل، قارا قەغەز باي-راقچىلارغا قاراپ تۇرۇپ، بىر سوسنە قەغەزنى تۈگمىدەك قىلىپ قاتلاپ، ئۇنى كونۇپكا مىخ بىلەن خەرىتىدىكى بىر سىزىقنىڭ ئۈستىگە قاداپ قويدى. ئاندىن كەينىگە بۇرۇلۇپ، چوڭ ئۈس-تەلنىڭ قارشى تەرىپىدە ئولتۇرغان ئىلىقۇلغا قارىدى:

— شۇنىڭدىن كېيىن "چېقىر كوز" نەگە كەتتى؟......

— ئەينەكلىك دۇكاندىن چىققاندىن كېيىن، — دېدى ئى-لىقۇل، — دەسلەپ گۇاڭجەن خىيىمنىڭ مەھەللىسى تەرەپكە ماڭ-دى، ئەمما گۇاڭجەن خىيىمنىڭ ئىشىگىنىڭ ئۇدۇلىغا بارغاندا بىردىنلا يالتىيىپ كەينىگە ياندى. ھازىر ئۇ ھىلىقى سارايدا، ئۆز ھوجرىسىدا......

ئابلىكىم بىر تال تاماكا چەكتى:

— مەتقۇۋانباي بۇ ئەنزىگە چېتىلىپ كىرگەن يېڭى شەخس، — دېدى ئۇ تاماكىنىڭ قويۇق ئىسىنى تاماكىنىڭ چوغ-لۇق ئۇچىغا پۈۋلەپ تۇرۇپ، — بۇ ئادەم ئەزەلدىن سىياسەتكە قىزىققان ئەمەس، ئازاتلىقتىن كېيىنمۇ ئۇ ئۆز تىجارىتىدىن باش-قا ھېچنىمىگە قىزىقمىدى. مەتقۇۋانباي توغرىلىق بىزنىڭ باشقا ئوي-خىيالىمىزمۇ بولغان ئەمەس. لېكىن، ھازىر "چېقىر كوز" ئۇنى سەۋرىسىزلىك بىلەن ئىزلىگەن ئىكەن، مەتقۇۋانباينى ئۇ-گىنىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ، سىزنىڭ ئىشىڭىز ئەمەس، سىز يەنىلا بۇرۇنقى پىلان بويىچە ھەركەت قىلىۋېرىڭ. يەنە بىر مەسىلە، ياسىن خوجا "چېقىر كوز"نىڭ چەتئەلدىن كەلگەنلىكىنى بىلەمدۇ؟

— ياق، ياسىن شاڭخەي قەشقەردە ھەتتا ئۇنى تۈزۈك تونىمىدى، — دېدى ئېلىقۇل. — مەلۇم بولۇشىچە "چېقىر كوز" ئۆزىنى ياسىن شاڭخەيگە ئۈرۈمچىدىكى خىزمەت ئورنىدىن ئىستېپا بېرىپ قايتقان بىكارچى قىلىپ كۆرسەتكەن. ئاكىسى ئاجۇيجاڭنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا سوراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىغان. پەقەت، بۇ يەرگە كېلىپ گۇۋاھسەل خېنىم بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، "غىلاپلىق خەنجەر"نى ئابدۇللا كوك كېز داموللا ئارقىلىق تېپىش مۇمكىنلىكىنى بىلگەن. ھازىر ئۇنىڭ ھەركىتىنىڭ ئاساسى نىشانىسى ئابدۇللا داموللىنى تېپىش، ئاندىن "غىلاپلىق خەنجەر" بىلەن ئۇچرىشىش......

ئابلىكىم ئويلىنىپ قالدى:

— ھازىرقى مۇھىم مەسىلە دۈشمەن ئىچىگە بۆسۈپ كىرىش، — دېدى ئۇ قولىنى شىمىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ، ئىشخانا ئىچىدە ئۇياق-بۇياققا مېڭىپ تۇرۇپ، — كاۋاپخانىدىكى ئۇچرىشىش دۈشمەن ئىشپىيونىنىڭ قانچىلىك كارامىتى بارلىقىنى بىلىش يولىدىكى بىر سىناق. بۇ سىناقنى يامان دېگىلى بولمايدۇ. دېمەك ئۇ قۇۋلۇق بىلەن قاراملىقنى ئۆزىگە ھەمرا قىلغان نەرسە. گېزەندىلەر ئۇۋىسىنى چۇۋۇپ تاشلاش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىچىگە كىرمەي بولمايدۇ، "چېقىر كوز"نى بىرنەچچە قېتىملىق ئەجەللىك ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇش ئارقىلىق ئۆزىڭىزنى ئۇنىڭغا يېتەرلىك ئىشەندۈرۈڭ. بۇنى بىز ئويۇشتۇرىمىز. ئۇنى جىددى تېنىتىش كېرەك. تازا پاراكەندە بولۇۋاتقاندا، سىز ئۇنى بىخەتەر باشقا ھوجرىغا يۆتكەڭ. ئاندىن ئاساسى نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەڭلار. شۇنداق دېيىش مۇمكىنكى، ھازىر "چېقىر كوز" بىلەن بىزنىڭ نىشانىمىز بىر. مۇھىم نۇقتا ئوخشاش. يەنى "نامازشام

خىزىرىسى" بىلەن "غىلاپلىق خەنجەر"نى تېپىش......

ئىلھۆل ئېيتتى:

— بۇ نۇقتىدا "چېقىر كوز" بىلەن مېنىڭ يولۇم بىر بولۇپ چىقتى. ئۇنىڭ بىلەن "كېلىشىش"كە كوزۇم يەتتى. لې-كىن، ھازىر گۈلھەسەل خېنىمنى نەزەربەنت قىلىپ قويساق دې-گەننى تەكلىپ قىلىمەن......

ئابلىكىم سورىدى:

— نىمە ئۈچۈن؟

— بۇ ئىش "چېقىر كوز"نى تەمتىرىتىدۇ، ئۇنىڭ مەن بىلەن يېقىنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ ئىككىمىزنىڭ مۇنا-سىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلىغاندا، "چېقىر كوز" بۇ يەردە مۇتلەق تايانچىسىز ھالغا چۈشىدۇ. ھازىر "چېقىر كوز"نىڭ بىردىن بىر ئەقىلدارى گۈلھەسەل خېنىم بولماقتا......

ئابلىكىم بۇ پىكىرنى كەسكىن رەت قىلدى:

— ياق، ياق، بولمايدۇ، بۇ پىكىردىن ۋاز كېچىڭ، — دې-دى ئۇ، — گۈلھەسەل خېنىمنىڭ ئۆيى بىر نەچچە يىپ ئۇچى بىلەن باغلانغان يەنە بىر ئۇۋا. بۇ ئۇۋىنى ھازىرچە بۇزماسلىق كېرەك. گۈلھەسەل خېنىم جېنىڭ شۇرېن، شىنىڭ شىسەي، گومىن-داڭ — ئۈچ دەۋردىكى ھەربى-مەمۇرى ئەمەلدارلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن؛ كېيىن ئۇ مەمتىمىن ھەزرەت، ئەيسا بەگلەرنىڭ ئىززەتلىشىگە نائىل بولغان، ئۇلارنىڭ تاپشۇرۇ-غىنى قوبۇل قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ھازىر ئېنىقلىنىشىچە گۈلھەسەل خېنىم گېزەندىلەر ئۇۋىسى ئىچىدە "نامازشام خىزى-رىسى"، "غىلاپلىق خەنجەر"دىن قالسىلا 3-نومۇرلۇق شەخس، "چېقىر كوز"نىڭ بۇ يەرگە كېلىپلا ھەممىدىن بۇرۇن ئۇنى ئىز-

لەپ تېپىشمۇ بىكار ئەمەس. دېمەك، ئۇنىڭ ھەر خىل مۇناسىۋەتلىرى ئىچىدە تېخى يېشىلمىگەن سىرلار بار...... شۇڭا، ھازىر ئۇنىڭغا چېقىلماسلىق كېرەك. مەن ئىشىنىمەنكى، گۈلھەسەل خېنىم ئاخىر بېرىپ سىزنى تېخى كېرەكلىك ئادەملەر بىلەن ئۇچراشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئويىنىشى مۇمكىن. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۆز ئىشىمىزنى ئېھتىيات بىلەن پۇختا ئىشلىشىمىز لازىم......

ئابلىكىم بىلەن ئېلىقۇل كېلىشتى. ئابلىكىم توش يانچۇقىدىن كوزىدە قىزىل تىللىق ئەجدىھار قىسىرلايدىغان ئۇزۈكنى ئېلىپ، ئېلىقۇلغا سۇندى:

— مانا بۇنى ساقلاپ قويۇڭ، — دېدى ئۇ ئويلانغان ۋە نىمىنىدۇر ئەسكە ئالغان ھالدا، — مەخسۇت بەگ بۇ ئۇزۈكنى "چېقىر كوز" بىلەن ئالاقىلاشقاندا ئىشلەتمەكچى بولغان ئىدى بىراق، ئۇنىڭغا بۇ ئىش نېسىپ بولمىدى. سىزگە بۇ ئۇزۈك جەزمەن ئەسقېتىپ قالىدۇ......

شۇنىڭدىن كېيىن ئابلىكىم ئېلىقۇلنى باشقا بىر ئىشخانىغا باشلاپ چىقتى. بۇ يەردە ياش رازۋېتچىك، تاجىك ئوغلى سالمان بىلەن يەنە بىر قارا قاشلىق يىگىت ئولتۇراتتى. ئابلىكىم بىلەن ئېلىقۇل ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇرۇشتى ۋە دۈشمەن ھەركىتىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشىگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ پىلانلىرى ئۈستىدە كېڭەش باشلىدى......

### 2 - ئۈمىت يىپى ئۈزۈلگەندە......

"نامازشام خىزىرىسى"نىڭ مەتقۇۋانبايىنىڭ تاشقى كورۇنۇشى ئاددى، ئىچكى قىسمى ئازادە - كوركەم قوراسىدا تۇرۇ-

ۋاتقىنىغا بۈگۈن 10 - كۈن بولغان. ئۇ كۆنلەرنى ساناپ كورۇپ، قانداقلا بولمىسۇن باشقا بىر خىلۋەت جايغا يوتكىلىشىنى قارار قىلدى. چۈنكى ئۇنىڭ تۇرمۇش پەلسەپىسى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ ئاي، بۇ كۆنلەردە بىر ئورۇندا ئون كۈندىن ئارتۇق تۇرۇش خەتەرگە تەۋەككۇل قىلغانلىق بولاتتى.

شۇڭا ئۇ، پىشىن نامىزىنى ئوتەپ بولغاندىن كېيىن ئوي - خىيالغا چىرمالغان ھالدا ئۆزىنىڭ تاشقى قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشكە تۇتۇندى. ساقال - بۇرۇتى، مەسە - كالاچ، يەكتەك - تونلار بىلەن ئۇزاق ھەپىلەشتى. ئاندىن مېھمانخانا ئوينىڭ باققا قاراپ ئېچىلغان دەرىزىسى يېنىدىكى تىكلىمە تاش ئەينەك ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

تاش ئەينەكنىڭ ئىچىدە سوسىن رەڭ گۈل باسقان گىلەم دوپپا؛ تىك ياقا، ئۈچ يانچۇق، بەش تۈگمىلىك ئۇزۇن چەپەر- قۇت چاپان؛ پۇشقىقىنىڭ كەڭلىكى ئوتتوز سانتىمېتىر كېلىدىغان قارا ئىشتان ۋە شۇ پۇشقاق قونچىغا تىقىلغان ئىسكىلاچ مەسە كىيگەن بىر گەۋدە كورۇندى. گەۋدىنىڭ ئېڭىكىدە ئانچە ئۇزۇن بولمىغان قىرقىما ساقال، ياپما بۇرۇت؛ بىلىدە ئۈچ بۇرجەك ھاۋا رەڭ شايە پوتا ۋە شۇ پوتىنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئېسىلغان — نەشرەڭ خۇرۇمدىن سىرىق پىستان قىبقىپ ئىشلەنگەن مىسۋاك ۋە ساقال تاغىقى غىلاپلىرى بار ئىدى. ......

بۇ كورۇنۇش، ئۇ خېلى ئىلگىرىلا لايىھىلەپ قويغان ئوتتۇراھال تىجارەتچى - سودىگەرنىڭ كۆز پەسىللىك تاشقى قىياپىتى ئىدى.

بۇ كورۇنۇشتىن ئۇ مەمنۇن بولدى. بىراق، ئۈستىدىكى سارپايلاردىن كوزىنى ئېلىپ چىرايىغا قارىغاندا، بىردىن ئوڭى

ئوچۇپ ھەپىسلىسى قاچقاندەك بولدى. تىكلىمە، ئەينەكتە غىم-
ئەندىشە، تەنە - ياۋۇزلۇق بىلەن سۇس سېرىق رەڭدە ىتىلداپ
تۇرغان كوپكوك نۇرسىز بىر جۇپ كوز ئۇزىگە قاراپ تۇراتتى. بۇ كوز
گويا ھازىرلا قېتىپ قالىدىغاندەك ئاچىز، بىقارار بولۇپ، ئۇنىڭ
يېشىلغا مايىل پەردىلىرى ئىچىدىن قىمىرلاپ تۇرغان ئۇلاندەك
غەلىتە بىر قارىچۇق كورۇندى......

"ئامازشام خىزىرىسى" ئالدىراپ ئەينەكتىن كوزىنى ئالدى
ۋە ئۇنىڭغا يەنە قارىغۇسى كەلمىدى.

ئۇ ئوزىنىڭ تاشقى كورۇنۇشىنى مۇشۇنىڭ بىلەن بەشىنـ-
چى قېتىم ئوزگەرتتى. ئالدىنقى توت قېتىملىق ئوزگەرتىۋېلىش —
ھەقىقەتەن ئۇنىڭ قىل ئۇستىدە قالغان ھالاكەتلىك تەقدىرىنى
جىددى قۇتقۇزۇپ قالدى ۋە بۇ سىنالغان ئۇسۇلدىن ئۇ چوڭقۇر
رازىمەن ئىدى......

بۇ ھەقتە ئۇنىڭ ھەمشىرىكلىرى ئۇنى: ئاللاتائالا ئوز قۇد-
رەتلىرى بىلەن پاختا ئىچىدە ئوت ساقلىغاندەك ساقلايدۇ، بىتا-
رەت ئادەمنىڭ كوزىگە كورسەتمەيدۇ؛ يېزى ماڭغاندا ئايىغىنىڭ
ئاستىدىن ئوچقان شامال ئۇنىڭ پىيىگە چۇشكەن كىشىنى يۇز
چاقىرىم كەينىگە داجىتىدۇ؛ ئالەم ئاتەش - يالقۇن بىلەن تولسا،
ئۇ، يالقۇن ئىچىدىكى سالقىن گۇلزارلىقتا بەخۇدۇك سەيلە - تا-
ماشا قىلىپ يۇرگەن بولىدۇ؛ ئالەمنى توپان بالاسى بېسىپ كەتـ-
سە، زېمىننى قاپلىغان سۇ ئۇنىڭ ھېچشۇقىغا چىقمايدۇ. سەۋەپ، ئۇ
"ئىلمىي غايىپ" نى ئوز قولىدا ئويۇنچۇق قىلىپ ئوينىيالايدۇ......—
دەپ تەسۋىرلەپ كورسىتەتتى......

بىراق، ئۇ ئوزىنىڭ تاشقى قىياپىتىنى بەشىنچى قېتىم ئوز-
گەرتىۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسى تەمكىنلىك بىلەن بىتاقەت

بولۇش، رەنجىپ كايىش بىلەن سەۋرە - تەسەللى، تىترەپ - تەمتىرەش بىلەن غالجىرلىشىش ئارىلىشىپ كەتكەن بىر خىل ئەنسىز ۋەھىمە ئىچىدە تۇمانلىق تەۋرەيتتى. چاشقاننىڭ "شىپىر" قىلىپ ئۆتۈپ كېتىشى، ئايىغى ئاستىدا مۈشۈكنىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇشى، دەرىزىگە كېلىپ قونغان قۇشقاچنىڭ ئەينەكنى تىرنىقلىتىپ چوقۇشى ۋە كېچىدە يېقىلغان سەرەڭگە ئوتى ئوخشاش كىچىككىنە شەپىمۇ ئۇنى كۆتۈلمىگەن قورقۇنچلۇق ئەنسىزلىكلەرگە سېلىپ، تىترىتىدىغان چاغلارمۇ كوپ بولغان......

"نامازشام خىزىرىسى" نىڭ ساراسىمىگە چۈشۈپ قېلىشىنىڭ بەزىبىر سەۋەپلىرى كىتاپخانغا مەلۇم، ئەلۋەتتە.

لېكىن، ھەممىدىن ئەلەم قىلىدىغىنى دەريا قايىنىمىدا مەخسۇت بەگنىڭ قولغا چۈشۈپ قالغانلىغى ئىدى......

توختاخۇن بىلەن ئىمام خاتىپنى ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق خەلقنىڭ غەزىۋىگە ئوت تۇتاشتۇرۇش؛ ئاندىن ئازاتلىق ئارمىيىنى ئوق چىقىرىشقا مەجبۇر قىلىپ، "بورە قوتان" نى قىپ - قىزىل قانغا بوياش — "نامازشام خىزىرىسى" نىڭ بىر يىلدىن بۇيان ئىنچىكىلىك بىلەن تەسلىكتە قۇراشتۇرۇپ چىققان چوڭ پىلانى ئىدى. ئۇ ئاللىقاچان بۇ پىلاننىڭ نەتىجىسىنى مەقسەتكە يېتىش يولىدىكى ئىلگىرىلەشنىڭ توسۇۋالغىلى بولمايدىغان چوڭ دولقۇنىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دەپ جەزملەشتۈرۈپ قويغان ئىدى. بىراق، ئىش كۆتكەندەك بولمىدى. "بورە قوتان" دا بىرمۇ ئادەمنىڭ ئۆلمىگەنلىگىنى ئاڭلىغاندا، ئۇنىڭ قانداق ئەپسۇسلانغانلىغىنى يۇقۇرىدا كورۇپ ئۆتتۇق. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ، بىر ھەپتىگىچە ئۆز ھوجرىسىدا جىمجىت يېتىپ، ئەتراپتىكى خەۋەرلەرگە قۇلاق سالدى. خەۋەرلەر قورقۇنچلۇق ئىدى:

— نامىيدىن چىققان دوختۇرلار توختاۋسىز بىلەن تىمام خاتىپنى شەھەرگە يوتكەپ ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ......

— ئالماس كونا پارتىزان ئەترىدىنىڭ ئەزالىرىنى توپلا-ۋاتىدۇ......

— دىخانلار جەمىيىتىنىڭ ئەزالىرى كېچىلەپ مەجلىس ئې-چىۋاتىدۇ......

— خەقلەر: دۈشمەن ئۆز ئىچىمىزدە، يەر ئىگىلىرى بىلەن كونا ئەمەلدارلارنى تۇتۇش كېرەك، دەۋاتىدۇ......

— تالىپلار مەدرىستىن زېرىكىپ، ئۆز خايان تېزىپ كې-تىۋاتىدۇ......

— ھىسامدىن داموللىنى چىشلەپ تارتىۋاتىدۇ......

— ... ... ... ...

"نامازشام خىزىرىسى" ئۈچمۇ - ئۈچ كىرىپ كەلگەن بۇ گەپلەردىن گويا رايون رەھبەرلىرىنىڭ كوزى كول ئىچىدىكى ئەي-نەكلىك گەمىگە تىكىلگەنلىگىنى سەزگەندەك بولدى - دە، دەرھال گەمىدىكىلەرگە ئۆز قارارىنى ئېيتتى:

— ئەمدى بۇ يەردە تۇرۇش يارىمايدۇ، "ھېكمەتلىك ئۆ-زۈك" يېتىپ كەلگىچە تەخىر قىلماي تارقىلايلى......

"غىلاپلىق خەنجەر" خۇپتەن نامىزىدىن يانغان ناماز قوۋمى بىلەن بىللە قۇربان ئاقساقالنىڭ ئۆيى تەرەپكە مېڭىپ، جىمجىتلا ئۆز ئورنىغا جايلاشتى.

"نامازشام خىزىرىسى" بىلەن مەخسۇت بەگ بولسا، تۈن نىسپىدىن ئۆتكەندە كول ئىچىدىكى ئەينەكلىك گەمىنىڭ باغ تە-رەپتىكى ئېھتىيات كامىرىدىن ئومىلەپ چىقىپ، قوناقلىقلار ئارىسى بىلەن ماجانتال كەنتىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بونجالىق ئالدىغا كەلدى -

دە، جىمجىتلا ئايرىلىشتى......

«ئامازشام خىزىرىسى» بونچىلىق ئۇرمانىدا مەخسۇت بەگ تەقدىرىنىڭ نېمە بىلەن ئاخىرلاشقانلىق خەۋىرىنى ئۈچ كۈندىن كېيىن، شەھەردە، ياڭاقلىق يېزىسىدىن كىرگەن بىر مۇخلىسىدىن ئاڭلىدى - دە، بىر پۇتى چېقىپ تاشلانغان ئاقساق بورىدەك ئاچچىق تولغىنىپ، ئىككى كۈنگىچە ئەگرى كوچىلاردا گاڭگىراپ يۈردى .كېيىن ئۆزىنى خالىس ئىستى - قۇمەت قىلغۇچى قىلىپ كۆرسىتىپ، ئۆزىگە دىنىي ئىلىمدە ئىخلاسمەن دەپ ھېساپلىغان مەتقۇۋانباينىڭ ئۆيىنى ھازىرچە پانا جاي قىلىپ تاللاشنى قارار قىلدى......

مەتقۇۋانباي قېرىلىق يەتكەنسېرى خۇدا گويى بولۇپ قالىدىغان، «بۇ دۇنيالىقىم مەشەگىچە، ئەمدى ئۇ دۇنيالىقىمنى ئىزلەيەن» دېيىشكە خۇشتار كىشىلەردىن بولغاچقا، ئۇز ئۆيىنى ئاياپ ئولتۇرمىدى. گەرچە، ئۇ ئۇز نەزىرىدە مۇنداق ناقىس ۋاقىتتا ئۇنى كۈتۈۋېلىشنى ئانچىلا ئارزۇ قىلىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن، «دامۇللامنىڭ دۇئا - تەكبىرلىرىنىڭ نۇرى بىلەن ياشلىقىمدا سادىر قىلغان ناشايان ئىشلىرىم - سەۋەنلىكلىرىم يۇيۇلۇپ كەتسە ئەجەپ ئەمەس» دەپ ئويلاپ، ئۇنى ئۇز خانىسىدا ئۇزاقراق تۇرغۇزۇپ، دۇئاسىنى ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى......

ئۇز گېپىمىزگە كېلەيلى.

«ئامازشام خىزىرىسى» مەخسۇت بەگنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشى بىلەن ئۈزۈلگەن ئۈمىت يىپلىرىنى جاھىللىق بىلەن قايتا ئۇلاش يولىدا تىپىرلاپ يۈرگەندە، تۇيۇقسىز «ھېكمەتلىك ئۈزۈك» پەيدا بولۇپ قالدى.

شۇ كۈنى مەتقۇۋانباي دۇكاندىن تەخمىنەن بىر سائەتچە

كەچ قايتتى.

— تەخسىر، ھايال بولۇپ قالىمغۇ،— دىدى "نامازشام خى-زىرىسى" دەھلىزدىن ئۇنىڭ ئالدىغا ئەنسىزرەك بىر قىياپەتتە چىقىپ.

مەتقۇۋانباي ئابدۇللا داموللىنىڭ كورۇنۇشىگە قاراپ، ھەي-ران بولۇپ، شالاڭ قاشلىرىنى لىكىلداتتى:

— مانا... نەق "ئىلمۇغايىپ". — دىدى ئۇ ھىچنىمىنى چۈشەن-مەي،— بىر تۈزۈك سودىگەر بايۋەچچە ئىسكەتىگە كىلىۋاپلا، بۇ نىمە گەپ؟......ھەي......تىجارەت - سودىگەرچىلىك بىز بىلەن كەت-سۇن. ئۇزلىرى......

— ھىچنىمىسى يوق، —دىدى ئابدۇللا داموللا.— مەگەرچەندە، سىلى ئاشۇنداق باھا بەرگەن بولسىلا، مەن دىمەك ئىمتىھاندىن ئۆتتۇم. خوش، بۈگۈن چۈشۈم بەشارەت بەردى. ئاشىنىلارنى يوق-لىماقچىمەن......

مەتقۇۋانباي ئۇنىڭ كەتمەكچى بولغانلىقىنى بىلىپ، كوڭ-لىدە خوشال بولدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ ئىخلاس-ئەقىدىسىنى تەكرارلاپ تۇرۇپ:

— بۈگۈن ھەزرەتلىرىنى قەشقەردىن بىر جاناپ ئىزلەپ كەلدى، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى.

— يوقسۇ، يوقسۇ، قەشقەردىن مىنى ھىچكىم ئىزلىمەيتتى،— دىدى ئابدۇللا داموللا بىر ئاز تاقەتسىزلىنىپ، — سىلى مەن توغ-رىلىق بىرەر نەرسە دەپ سالمىغانلا......

— شۇنداق، مەن كىچىك بالا ئەمەستە، ھىچنىمە ئىيتمى-دىم، — مەتقۇۋانباي شۇ گەپنى ئىيتىپ تۇرۇپ، يانچۇغىدىن "چىپ-قىر كوز" تەقدىم قىلغان ئالتۇن سائەتنى چىقاردى، — قەشقەرلىق

جاناپ بۇ سائەتنى ئۇزلىرىگە ياسىن خوجا نامىدىن تەقدىم قىلدى......

ئابدۇللا كوككوز داموللا پارقىراپ تۇرغان ئالتۇن سائەتنى قولىغا ئېلىپ، كەينىگە بۇرۇلۇپ دەرىزىنىڭ ئالدىغا كەلدى. سائەتنىڭ كەينى قاپچۇغىنى پەم بىلەن بۇراپ ئاستا ئاچتى ۋە ئۇنىڭ كوزگە ئاسانلىقچە چېلىقمايدىغان دىتال قىرىغا يىڭنە بىلەن چېكىپ يېزىلغان ئۇز ئىسمىنى كوردى. سائەت دىتاللىرىنىڭ يەنە بىر قىرىدا"يادنامە" دىگەن خەت يېزىلغان ئىدى."......شۇ...شۇ....... دەل ئۇزى، خودا ئۇزەڭگە سىغىنىمەن. شاپائەتلىك قوللىرىڭ بېشىمدا سايىۋەن بولۇپ، پېقىرنى ئۇز قاناتلىرى ئاستىغا ئالسا ئەجەپ ئەمەس.......بۇ، ئۇمىت، ئەلۋەتتە ياخشىلىقنىڭ بەلگىسى...... "ھېكمەتلىك ئۇزۇك" ئاخىر يېتىپ كەپتۇ - دە!......". دەپ ئويلىدى.

ئابدۇللا دامولا بۇ سائەتنى مەمتىمىن ھەزرەت، ئەيسا بەگلەرنى چەتئەلگە ئۇزىتىشىپ، قاشقەرگە قايتقاندا ئۇز نامىدىن ئۇلارغا ھەدىيە قىلغان ئىدى. ئۇزىنىڭ سائىتى ئىدى. يەنى ئەسلىدە ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق ئامېرىكا كونسۇلى ماكىنان ئۇز قولى بىلەن ئۇز دوستلۇغىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە ئالاھىدە تەقدىم قىلغان قىممەتلىك مۇلكى ئىدى.

بۇگۇن بۇ سائەت يەنە قايتىپ كەلگەن ئىكەن، دىمەك ئۇ، ئۇمىت!......

ئابدۇللا دامولا سائەتنى بېشىنى كوتىرىپ، مەتقۇۋانبايغا قارىدى:

— خوش، خوش تەخسىر، — دىدى ئابدۇللا دامولا، — بۇ سائەتنى تەقدىم قىلغان جاناپ ھازىر......

— ھە، ھە، ئۇ جاناپ سىلىدىن جاۋاپ كۇتىدۇ، — دى-

دى مەتقوۋانباي، — بۇ سائەت قولغا تەگسە، داموللام قالتىس خوشال بولاتتى دەيدۇ......

— شۇنداق، مەن ناھايىتى خوشال،— دېدى داموللا، — مەن ئۇ تەخسىرنى كورۇشنى خالايمەن، ئۇ كىشى......

— ئەتە مەن بىلەن يەنە بىر رەت يولۇقماقچى......

— ناھايىتى ياخشى...... تەخسىر سىز، دەرھال......

ئەتىسى گۇگۇم چۈشكەن مەھەل بىلەن مەتقوۋانباي "چېچىقىر كوز" نى باشلاپ ئېلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئۇچرىششى ھەدىگەندىلا سوغاق باشلاندى. گەپلەر قولاشمىدى. قەشقەردىكى سودا - سېتىق، نەرق - ھاۋا ئۇستىدە گەپ بولغاندا مەتقوۋانباي بۇ سوھبەتكە سەل قىزىققاندەك قىلغان بولسىمۇ، لېكىن، گەپ گېزىت خەۋەرلىرى، پىلاكاتلارغا يېزىلغان شوئارلار ئۇستىگە يوتكەلگەندە زېرىكىپ ھەيلىغا چىقىپ كەتتى.

مەتقوۋانباينىڭ چىقىپ كېتىشى بىلەن ئابدۇللا داموللا تويۇقسىز "چېچىقىر كوز" گە تىكىلدى:

— قېنى، مەرھەمەت قىلىپ ئۇزۇكنى بېرىڭ. ماڭا شۇ تاپتا ئۇزۇك كېرەك، — دېدى.

"چېچىقىر كوز" مۇ ئۇز نۆۋىتىدە ئابدۇللا داموللىغا قاراپ بىر ھورپەيدى - دە:

— تەخسىر، ئۇزۇك ئۇزى نازۇك نىمە؟ — دېدى.

— دورۇس، ئۇنىڭ ئىچىدە قىزىل تىللىق ئىلان قىمىرلامدۇ؟......

"چېچىقىر كوز" ھىجايدى ۋە شىمىنىڭ سائەت يانچۇغىدىن سەدەپ كوزلۇك كومۇش ئۇزۇكنى چىقاردى.

ئۇزۇك تەكشۇرۇلدى. "چېچىقىر كوز" نىڭ كوتولگەن "ھىك

مەتلىك ئۈزۈك" بولۇپ چىققىنىغا، ئابدۇللا داموللا ئەمدى گۇمان قىلمايتتى......

ئابدۇللا داموللا "چېقىر كوز" نىڭ ئىنتايىن مۇھىم خەۋەر بىلەن كەلگەنلىگىنى تاماقتىن كېيىن بىلدى......

—"...... ئاھ......خۇدا......ئۈزەڭ ھەممىگە قادىر سەن. مەمتىمىن ھەزرەت جاناپلىرى "بىزنىڭ كېتىشىمىز—قايتىپ كېلىش ئۈچۈن" دېگەن ئىدى. مانا دېگىنى كورۈندى. جاڭ-ۋېيپۇەنجاڭ جاناپلىرىنىڭ تەيۋەننى چىڭ قورۇقلۇقنى قايتا قولغا ئېلىشىنىڭ كوۋرۇك بېشى ئىستىھكامى قىلىپ تاللىشى بىكار ئەمەس ئىكەن-دە! ئامېرىكا بۇ ئالەمدە تەڭدىشى يوق قۇدرەتلىك ھەربى دولەت ئۇ كۈرىيىگە سەپ تارتىپ كىرمەكچى بولغان بولسا، تەبىي، ئۇ ئاسىيا چىڭ قورۇقلۇغىدا پوت تىرەپ تۇرغىدەك بىر پارچە زېمىنگە ئىگە بولۇشنى، ئاندىن جۇڭگوغا ھوجۇم باشلاپ، بۇ ئەلدە مۇقەددەس ئون ئىككى قىرلىق بايراقنى قايتىدىن تىكلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ، تەيۋەندىكى دولەت ئارمىيىسىنىڭ ئومۇمى يۈزلۈك ھوجۇمغا ئوتۇشىگە قالتىس مەدەت، قانات بولغانلىق...... ئېخ...... ئابدۇللا داموللا، ئابدۇللا داموللا...... سىياسەت ئالىمىدە سەن ئەزەلدىن ھېچكىمدىن كەم بولغان ئەمەس......شەرقتىن ئىتتىپاقداش-لار ئارمىيىسى، جەنۇبي دېڭىزدىن جاڭ ۋېيپۇەنجاڭنىڭ دولەت ئارمىيىسى......پېقىر بولسام، مانا بۇ ماكاندىن-غەرپتىن ئوت تۇ-تاشتۇرسام......كوممۇنىستلارنىڭ چاڭگىسىنىڭ سورۇلغىنى شۇ ئەمەس-مۇ!......مانا ئەمدى چەككەن رىيازىتىم، قىلغان تائەت-ئىبادىتىم-نىڭ ساۋاپلىق يۇلتۇزلىرى چاقنىدى، ئۈمىت چىراقلىرى قايتىدىن ياندى. سەن ئابدۇللا داموللا سېنى چىرمىۋالغان ئۈمىتسىزلىك كې-

شەئىلەرنى چاق!......"

ئابدۇللا داموللا شۇ تاپتا ئىككى قولغا ئىككى قىلىچ ئېلىپ ئالماس، جاپپاروپ، دۇڭ تېخەن ۋە شۇلارغا ئوخشاشلارنى قويماي چاناشنى؛ مېچىت-مەدرىسلەرگە قاتىراپ، ۋەھىملىك دوق-پوپوزا بىلەن توختىماي سەپپەڭ توۋلاشنى، مىڭلىغان خالايىقنى كەينىگە سېلىپ، ئۆز كارامىتىنى بىر كۆرسىتىشنى قانداق خالايتتى-ھە! ئۇنىڭ ئىچىدە غالجىرلاشقان بىرە توپلەرى توختىماي چېپىشاتتى؛ قېنىنى قىزىتىپ، كۆزىگە قان قۇيۇلۇپ كېلەتتى.... بىراق، تېخى بۇ يەردە يېڭىلا بولۇپ ئۆتكەن دولەت بايرىمى تەنتەنىسى ۋە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى بېسىقتۇرۇش دولقۇنى ئۇنىڭ گەجگىسىدىن تاغ بولۇپ باسقاندەك بولدى. ئېغىر تىندى، ئاچچىق تولغاندى ۋە ئالدىدا جاۋاپ كۈتۈپ ئولتۇرغان "چېقىر-كوز"گە قارىدى:

— خوش، تەخسىر...... سىلى يەتكۈزگەن بۇ ئالامەت مۇشۇ يېقىن-ئارىدا بولامدۇ؟ — دېدى.

— ئەلۋەتتە، — دېدى "چېقىر كوز"، — ۋاقىت-قەرەل توشتى، بەلگىلەنگەن سائەت يېقىن. مەن ئىشىنىمەنكى، مۇشۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدە بىز ئىتتىپاقداشلار ئارمىيىسىنىڭ 38-پاراللىلدىن خەتەرسىز ئۆتكەنلىكىنى، كوممۇنىست كۈرىيىنىڭ قىپ-قىزىل قانغا بويالغانلىقىنى خۇشاللىق بىلەن كۆرىمىز......ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا جاڭ ۋېيۈەنجاڭ جاناپلىرىنىڭ شەمشەر قىلىچى چوڭ قۇرۇقلۇققا قاراپ سوزۇلىدىغانلىقىدا شەك يوق......

ئابدۇللا داموللا ئىختىيارسىز دۇئاغا قول كوتەردى:

— شۇنداق بولغاي! ئامىن. ئاللا مەدەت قىلسۇن، جەبرائىل ئەلەيھىۋ سالام قانات بولسۇن، ئامىن...... ھەممە يەر قانغا بويال-

سۇن......

ئۇلار دۆلەتنى قىلمىشتى

— پۇرسەت، پۇرسەت، غەنىمەت پۇرسەت، — دېدى ئابدۇللا داموللا "چېقىر كوز"گە قاراپ، — ئەمدى ئىش مۇنداق بولسۇن. مەتقۇۋانباي سىياسەت ئالىمىدە بىگانىدۇر. بۇ زات ياسىن خوجىغا ئوخشاش، ئۆز ئەقىدىسىنى "كومۇشنى يومۇلتىپ ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇش" يولىغا بېغىشلىغان. ياسىن خوجىغا مەيلى قايسى ھوكومەت بولسۇن تېگىشلىك ئورۇن-ئابرۇي؛ مەتقۇۋانبايغا سودا-سېتىق بىلەن دۆلەتنى باشقىلىسى كېرەك ئەمەس. شۇڭا، بۇ زاتلار بىلەن كېيىنرەك مەشغۇل بولىمىز. ھازىرچە بۇ يەردىن دەرھال يوتكىلىشىمىز، راپاۋەتلىك خەۋەرنى ئۆز قۇۋملىرىمىزغا ئۇقتۇرۇشىمىز كېرەك. ئاندىن ھەركەت پىلانىمىز ئۈستىدە جاناپلىرى بىلەن باشقىدىن ئەقىللاشساق قانداق؟......

"چېقىر كوز" بېشىنى ئېگىپ ماقۇل بولدى.

ئەل جاھان جىمىققاندا ئۇلار مەتقۇۋانبايغا:

"چىلتەن" مازىرىغا بېرىپ تۇنەيمىز، سودا-سېتىق بازاردا ياخشى، دۆلەت-تالاۋەت مازاردا، دېگەننى ئېيتىپ، ھويلىدىن ئۇن-تىنسىز چىقىپ كەتتى......

## 3 - خىرىس قىلمىشىپ قالدى ......

گۇلھەسەل خېنىم ......

گۇلھەسەل خېنىمنىڭ ۋاڭ پۇشتىغا مەنسۇپ بولۇپ، "ئوردا خېنىملار"نىڭ ئاخىرقى "تەۋەرۇكلىرى"دىن ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ كېيىنرەك غەيرى رەسمى بىر قىزنقىش بىلەن مەخسۇت بەگكە

نىكالانغانلىغىنى يۇقۇرىدا كورۇپ ئوتتۇق.

بۇ يەردە شۇنى قوشۇمچە قىلىشقا بولىدۇكى، ئۇ نىكا زەنجىرى ئارقىلىق مەخسۇت بەگكە باغلانغان قىسقا ئومرى ئىچىدە مەخسۇت بەگ تەرىپىدىن ئوز نازاكىتىگە، نەسەپ ـ نىسىۋىسىگە باپ ھىچنىمە كورمىدى. ئازاتلىقتىن كيىن بولسا، ھايات ئەندىشىلىك بولدى. مەخسۇت بەگنىڭ غالجىرانە قاراملىغى، ھىچقانداق ئىنىق مەسلەك ــ ئەقىدىگە بېقىنمايدىغانلىغى. ئەقىل، دىت، پەم ـ پاراسەت ۋە خان جەمەتىنىڭ ئادىتىگە ماس سىپايىلىق گويا ئۇنىڭغا ئەشەددى دۇشمەن بولۇپ، تەلۋىلىك ـ بىمەنىلىك بىلەن قالايمىقان. جاھىلانە قۇتراشلىغى گۇلھەسەل خېنىمغا ھىچ بىر ياقمايتتى.

گۇلھەسەل خېنىم ئۇزاق ئوتمۇشىنىڭ شىرىن چۇشىدەك، بارغانچە ئەس ـ يادىدىن كوتىرىلىپ كېتىۋاتقان ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئاجايىپ سەلتەنەتلىك شاھانە بەخت ـ تەلەيلىرىنى سېغىنغاندا ۋە ئۇنىڭغا تەلپۈنۈپ ئىنتىلگەندە، بۇ تاج ـ تەختىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىدا مەخسۇت بەگكە ئىشىنىش ھىچ مۇمكىن ئەمەسلىگىنى ئاللىقاچان سەزگەن ئىدى.

شۇ سەۋەپلىك ئۇ، مەخسۇت بەگنىڭ دەريا بويىدا ئۇشتۇمتۇت قولغا ئېلىنىپ كەتكەنلىگىدىن خەۋەر تاپقاندا، ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە مۇرەككەپ تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنىڭ دالالىتى بىلەن بۇ ئىشتىن ئارتۇقچە بىئارامىلىق ھىس قىلىپ كەتمىدى.

ئەكسىچە، ئوز ئۇمىدىنى ئۇ كوپىنچە ئابدۇللا كوككوز داموللىغا باغلىدى. چۈنكى، "نامازشام خىزىرىسى" گۇلھەسەل خېنىمنىڭ ئۇمىت يۇلتۇزلىرى ئوچەي ـ ئوچەي دەپ قالغان ھەربىر ھالسىزلىق پەيتلەردە ياكى شىمال ياكى جەنۇپتىن ئۇشتۇمتۇت

پەيدا بولاتتى - دە، ئۇمت چىرىغىنىڭ يىلىكلىرىنى ياغ بىلەن نەمدەپ، ئۇنىڭ سۇئۇق ۋە خىرە كۆڭلىنى يورۇتاتتى.

قىرىقىنچى يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا قورچاق ئۇلكە رەئىسى مەسئۇت بۇ يەرگە خىزمەت بىلەن يېتىپ كەلگەندە، ئابدۇللا كوككوز داموللا ئۇنى ئېھتىرام بىلەن بۇ خان جەمەتى-نىڭ "تەۋەرۇكى"نى — گۇلھەسەل خېنىمنىڭ ئۆيلىرىنى زىيارەت قىلىشقا ئېلىپ باردى. بۇ ئىش شۇ كەمدە گۇلھەسەل خېنىم ئۈچۈن قانداق شان - شوھرەت بولغانلىقى ھېلىمۇ ئۇنىڭ ئېسىدە. كېيىن، ئازاتلىقنىڭ ئەرپىسىدە مەتىمىن ھەزرەت، ئەيسا بەگلەر چەتئەلگە قاچقاندا، بۇ يەردىن ئۆتۈۋېتىپ، گۇلھەسەل خېنىمنى يەنە ئالاھىدە ئەسكە ئېلىشتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشتى. بۇ قېتىمقى خاس سوھبەت گەرچە بىرنەچچە مىنۇتلا داۋام قىلغان بولسىمۇ، لېكىن شۇ سوھبەتتىن كېيىن گۇلھەسەل خېنىم ئۆز ئارزۇ - ئىستەكلىرى-نىڭ قايتىدىن چېچەكلىشىگە چوڭقۇر ئىشەندى ۋە ئۆزى كۆپ-تىن بېرى پىشىنى تۇتۇپ كېلىۋاتقان "نامازشام خىزىرىسى"نىڭ مۇقەددەسلىكىگە ھېچبىر گۇمان قىلمىدى......

ھېكايىنىڭ ئۆزىگە كېلەيلى:

گۇلھەسەل خېنىم بۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان تولىمۇ ئالدىراش بولدى. ئەللىك ياشتىن ئاشقان بولسىمۇ، ئۆز گۈزەللىكىنىڭ بەزىبىر نازاكەتلىك تەرەپلىرىنى تېخى ئانچىلا يوقاتمىغان بۇ ئايال مۇشۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۇستىدىكى كىيىم - كېچەكلىرىنى يىگىرمە قېتىمچە ئالماشتۇرغان بولۇشى مۇمكىن. مۇكچىيىپ قالغان ئۆي خىزمەتكارى ئايال، گۇلھەسەل خېنىمنىڭ تىچ - تەرتىپلىك تۇرمۇشىدا بىردىنلا كۈتۈلمىگەن ۋەسۋەسىلىكنىڭ پەيدا بولغانلىقىدىن ھەيران بولۇپ، كوزلىرىنى سۈزۈپ، ئۇنىڭغا

غەمكىنلىك بىلەن قاراپ قوياتتى.

لېكىن، گۈلھەسەل خېنىم خۇشال ۋە ئالدىراش ئىدى. بۇ خۇشاللىق ئابدۇللا كوك كوز دامولىنىڭ چاۋشىيەن ئۇرۇشىدىن ئالدىن خەۋەر بېرىپ يازغان ئۇزۇن خېتىدىن كەلگەن ئىدى. مۇشۇ نۇقتىدا ئۇ "چېقىر كوز"دىن غەزەپلىنەتتى. "چېقىر كوز" گەرچە گۈلھەسەل خېنىمنىڭ خاس مېھمىنى بولۇپ بۇ يەردە تۇرغان ۋە ئۇنىڭ كۈتۈۋېلىشلىرىغا سازاۋەر بولغان بولسىمۇ، نىمىشقىدۇر بۇ "كۈتۈلگەن يېڭىلىق" ھەققىدە ھېچنىمە دېمىگەن ئىدى.

شۇنداق بولسىمۇ، گۈلھەسەل خېنىم ئابدۇللا دامولىنىڭ 3-قېتىملىق خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇزىگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنىڭ جىددى ۋە قىيىن ئىكەنلىكىنى ھىس قىلىپ، "چېقىر كوز"دىن غەزەپلىنىشنى تاشلىدى-دە، دەرھال ئۇستىۋاشلىرىنى يەڭگۈشلەپ، ئۇزىگە تەيىن قىلىنغان مەدرىس ۋە مېچىتلەرنىڭ بەزىبىر مۇتىۋەللىلىرى ھەم ئۇزى ئىشەنگەن بەگ — ئاقساقاللار بىلەن ئالاقىلىشىشقا كىرىشتى...... ئۇلارنى "جاھاندىكى ئۇزگىرىش"لەردىن خەۋەردار قىلدى......

- گۈلھەسەل خېنىم بۈگۈن چۈشكىچە ئارام ئېلىپ گېزىت كۆرۈشنى قارار قىلدى. چۈنكى ئۇ يەتكۈزۈپ يۈرگەن خەۋەرلەر ئەمدى ھېچكىمگە سىر ئەمەس. مۇخلىسلار پەقەت "ئامازشام خىزىرىسى"نىڭ ئالدىن بىلگۈچى كارامىتىدىن ھەيران ئىدى خالاس.

گۈلھەسەل خېنىم ئىشىك-دېرىزىلىرى قىپ-قىزىل دۇخاۋا پەردە بىلەن قاپلانغان مېھمانخانىسىدا، ئوتقاشتەك تاۋلىنىپ تۇرغان ئېپەك گىلەم ئۈستىدە ئاستا مېڭىپ تۇرۇپ، گويا "يەكەن گېزىتى"گە ئىشەنمىگەندەك، يېڭىلا ئېچىپ بەرگەن "قەشقەر

گېزىتى"، "شىنجاڭ گېزىتى"لىرىنىڭ سەھىپىلىرىگە ئاچكۆزلۈك بىلەن كۆز يۈگۈرتمەكتە......

گېزىت سەھىپىلىرى گۈلھەسەل خېنىمنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇردى...... شىمالىي چاۋشيەنىنىڭ تىنچ ئاھالىسىنى دەھشەتلىك قىرغىن قىلىۋاتقان مىڭلىغان توپ-زەمبىرەكلەرنىڭ ئوق ئاۋازلىرى؛ قارا قاغىدەك ئاسماننى قاپلاپ ئۇچقان ئامېرىكا ئايروپىلانلىرىدىن تاشلىنىۋاتقان كويدۇرگۇچى بومبىلارنىڭ شىددەتلىك پارتلاشلىرى؛ ئالدىغا ئۇچرىغان ھەممە نەرسىنى دەسسەپ-چەيلەپ، يېشىل ئېتىزلار، ئاپپاق ئىمارەتلەرنى خارابىلىققا ئايلاندۇرۇپ ئىلگىرىلەۋاتقان تانكىلارنىڭ گۈرۈلدەشلىرى قۇلىقىغا ئاڭلانغاندەك بولدى......

— "...... دۇرۇس، دۇرۇس، بىزنىڭ كۈنىمىز تۇغۇلدى...... — دەپ ئويلىدى ئۇ گېزىتنى قولىدا تۇتقان ھالدا، — بۈگۈنكى دۇنيا ئامېرىكا ھەربىي كۈچىنىڭ تەنتەنىسىگە مەنسۇپ. نەرە تارتقان يولۋاس مەيدانغا چۈشكەن ئىكەن، ئۇنىڭ يولىنى كىممۇ توسيالىسۇن؟ ...... بۇ، غەنىمەت پۇرسەت، بىزگە تەييار تۇرۇش توغرىسىدا بېرىلگەن بۇيرۇق!...... مەتىمىن ھەزرەت — "بىزنىڭ كېتىشىمىز — قايتىپ كېلىش ئۈچۈن" دېمىگەنمىدى. ئاھ، خۇدا، مانا ئۇ، قايتىپ كېلىشنىڭ پەردىسىنى ئاچقانلىق ئەمەسمۇ؟......"

گۈلھەسەل خېنىم گېزىتنى كۆكرىكىگە بېسىپ، نەپسىنى قىسىپ كۆزىنى يۇمدى...... جاھان ئاستىن-ئۈستۈن بولۇشقا باشلىدى...... قۇلىقى تۈۋىدە جاڭ جيېشى باندىتلىرىنىڭ قايتۇرما ھۇجۇمى ئەكس سادا قىلغاندەك بولدى. كۆز ئالدىدا گومىنداڭنىڭ ئون ئىككى قىرلىق بايرىقى مىڭلىغان توپ-زەمبىرەكلەرنىڭ

ئۈستىدە قايتا كۆتۈرۈلۈپ، يالۇجياڭ دەرياسىنىڭ سۈيى ئادەم قېنى بىلەن بوياڭغىنىدەك، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ سۇلىرىمۇ قىپ - قىزىل قان بولۇپ داۋالغۇشقا باشلىدى......

مانا شۇ چاغدا، گۈلھەسەل خېنىم تاسادىپىي ھالدا يەنە "چېقىر كوز" نى ئەسكە ئالدى ۋە بىردىن كوڭلى خىرەلىشىپ، تەشۋىش تارتىپ كەتتى......

ئابدۇللا كوك كوز داموللا بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى گۈلھەسەل خېنىمغا يازغان خېتىدە: "ھېكمەتلىك ئۈزۈك" ھازىرقى پەيتتە تولىمۇ زورۇرىيتى بار كىشى. ئۇ بىزنىڭ چەت بىلەن ئالاقە باغلىشىمىزنىڭ تۈگۈنى. ئۇنى يامان كوزدىن قوغداشنىڭ تەدبىرىنى كورۇش كېرەك. ئۇ ئەمدى ياڭاقلىق يېزىسىدا "ئۇز ئۆيىمىز"دە پاناھلىنىدۇ، ئالاقە ئاشۇ يەر بىلەن بولسۇن، دېگەن ئىدى ......

تونۇگۈن كەچ گۈلھەسەل خېنىم يۈز - كوزىنى جىگەر رەڭ تور رومال بىلەن ئوراپ، مۈكچىيىپ قالغان تەقۋادار بۇۋى ئايال قىياپىتى بىلەن مەتقۇۋانبايىنىڭ ئەينەكلىك دۇكىنىنىڭ ئالدىدىن ئوتۇپ كېتىۋاتقاندا، دۇكان روبىرىدىكى ساتراچخانىدىن لاغايلاپ چىقىۋاتقان "چېقىر كوز"نى كوردى.

"چېقىر كوز" ئەلۋەتتە گۈلھەسەل خېنىمنى كورگىنى، تونۇغىنى يوق.

لېكىن، گۈلھەسەل خېنىم ئۇز ئالدىدا ئۇن قەدەمچە نېرىدا كېتىۋاتقان "چېقىر كوز"نىڭ بىر دوقمۇشقا كېلىپ، چوچۇگەن ھالدا بىر ئادەم بىلەن قول ئېلىشقانلىقىغا ھەيران بولدى. بۇ ئادەم كېلىشكەن شەھەر باي ۋەچچىسىنىڭ ئۇزى ئىدى.

"بۇ ئادەم كىم، ئۇنىڭ مۇنداق تونۇشى يوق ئىدىغۇ! ......"

گۈلھەسەل خېنىم ۋاراڭ-چۇرۇڭلۇق بازار ئىچىدە خېلىغىچە بايىقى كىشىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، "چېقىر كوز" نىڭ كەينىدە يىراقتىن ئەگىشىپ يۈردى. كېيىن ئۇلار گەپ، سۆزسىزلا ئايرىلىپ كەتتى. ئەمما، گۈلھەسەل خېنىم "شەھەر بايۋەچچىسى" كەينىگە بۇرۇلغاندا، يىراقتىن ئۇنىڭ كوزىگە قاراپلا تېنى جۇغۇلداپ كەتتى ...... بۇ كوز نېمە دېگەن قەتئىي ۋە قورقۇنچلۇق-ھە؟......

ئۇ ساراسىمىگە چۈشكەن ھالدا ئالدىراپ كەينىگە قايتتى......

گۈلھەسەل خېنىم ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە بۇ ۋەس-ۋەسنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋەتتى. چۈنكى "ھېكمەتلىك ئۈزۈك" مەخسۇس تەربىيە كورگەن ئادەم-دە. ئۇ، ئۆزىنىڭ كىم بىلەن ئالاقە قىلىۋاتقانلىقىنى ئەلۋەتتە يېتەرلىك دەرىجىدە چۈشىنىشى كېرەك. ياكى ئۇ "كوز" ماڭا شۇنداق كورۈنۈپ كەتتىمىكىن، ھەي......ئۇ چاغدا بۇ بايۋەچچىنىڭ تەق-تۇرقى، ئۇستىۋاشلىرى مۇنداق ئەمەس ئىدىغۇ......

ئەمما، شۇ تاپتا گۈلھەسەل خېنىم گېزىت سەھىپىلىرىگە كوز تىكىپ، ئۈمىت يۇلتۇزلىرىنىڭ قايتا چاقناش ئالامىتىدىن جۇزئەتلىنىپ قالغاندا، بىردىنلا "چېقىر كوز" نىڭ تەقدىرى يەنە ئېسىگە چۈشتى-دە، دەرھال ئۆزىگە قادىلىپ "تىكىلگەن كوز"نى ئېنىقلاش ۋە ئۇنى قانداقلا بولمىسۇن "نامازشام خىزىرىسى" گە خەۋەر قىلىشنى قارار قىلدى......

شۇ كۈنى كەچتە گۈلھەسەل خېنىم ئېغىر ۋەس-ۋەسگە چۈشتى. ئىش ھەقىقەتەن خەتەرلىك ئىدى: ئۇ ئەمدى "تىكىلگەن كوز"نىڭ ئادەتتىن تاشقىرى سىرلىق ۋە خەتەرلىك ئادەم بولۇپ

چىققانلىغىغا گۇمان قىلمايتتى......

— نەدىن بولسىمۇ پىشۋانى تېپىش كېرەك......

گۈلھەسەل خېنىم ھودۇققان-تەمتىرىگەن ھالدا ئۆزىنى كىرىملەپ، ئالدىراپ كىيىم-كېچەك ئالماشتۇرۇشقا تۇتۇندى......

تۈن نىسپىدىن ئۆتكەن چاغ. ئەتراپ جىمجىت. "ناماز شام خىزىرىسى" يىراقتىن كەلگەن مېھمان — "ھېكمەتلىك ئۆزۈك"نى ئەگەشتۈرۈپ، دەريا ياقىلاپ، ياڭاقلىق يېزىسىنىڭ پاسىلىغا يېتىپ كەلدى:

— يەنە بىردەمدىن كېيىن ئۆزىمىزنى ئۆز قارارگاھىمىزدا كۆرىمىز.— دېدى "ناماز شام خىزىرىسى" "چېقىر كۆز"گە،— ئۇ يەر خىلۋەت، جىن-شاياتۇنمۇ تېپىپ كىرەلمەيدۇ......

"چېقىر كۆز":

— ھېلىقى خىسلەتلىك گەمىمۇ؟......— دەپ سورىدى.

— شۇنداق. بۇ سىر مانا ئەمدى ئۆزلىرى بىلەن پەقەت بەشلا كىشىگە مەلۇم بولدى......

— كەلگۈسىدە،— دېدى "چېقىر كۆز". "ناماز شام خىزىرىسى"گە ئەگىشىپ كېتىۋېتىپ،— بۇ گەمە جەزمەن مۇقەددەس جاي بولۇپ قالغۇسى. ئۇ چاغدا ئۇ يەردىن زىيارەتچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. شان-شەرەپ، ئۆمۈر خاتىرىسىنىڭ گۈلزارلىغى ئاشۇ جايدا قەد كۆتەرسە ئەجەپ ئەمەس......

— ئىنشا ئاللا، دىگەنلىرى كەلسۇن،— دېدى "ناماز شام خىزىرىسى" ۋە "چېقىر كۆز"دىن سورىدى،— سىلىچە، كۆرۈيە ئۇرۇشى پات-ئارىدا غەلىبە قىلامدۇ؟......

"چېقىر كۆز" كورەڭلىگەن...ھالدا ئېيتتى:

— چاقماق تېزلىكىدە ئىلگىرىلەش بۇ ئۇرۇشنىڭ خۇسۇ-سىيىتى. سىلى دىققەت قىلدىڭىزمۇ؟ ھايت-ھۇيت دېگىچە ئامېرىكا قوشۇنلىرى ئۆزىنى 38-پاراللېلدا كوردى ۋە ئەمدى ئۇنىڭ يولىنى ھېچكىم......

— توختىسىلا، توختىسىلا،— دېدى "نامازشام خەۋىرىسى" نىمگىندۇر تەقەززار بولۇپ،— شۇنداق قىلىپ، دولەت ئارمىيىسىنىڭ قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتكەنلىكى توغرىسىدا نىمىشقا ھازىرغىچە تۈزۈك ئۇچۇر يوق؟......

— بۇ، ئاددى ئىش،— دېدى "چېقىر كوز" —ئىنتىپاقداش دولەتلەر ئارمىيىسى پۈتۈن كورېيىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئامېرىكىمۇ، دولەت ئارمىيىسىمۇ بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. بۇ ناھايىتى ئېنىق نەرسە-دە. ئامېرىكىنىڭ كورېيىدە قىلىدىغان ئىشى يوق. ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن لى سىڭمان جاناپلىرىنىڭ ئۆزى كورېيىنىڭ قالغان ئىشلىرىغا ئېتىبار بېرىدۇ، مەق-سەت پۈتۈن جۇڭگونى كوممۇنىستلاردىن تازىلاش مەسىلىسى. شۇ چاغدا، دولەت ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمنىڭ باشلانغانلىقى توغرى-سىدا مەن ئۆزۈم ئالدى بىلەن سىلىگە خەۋەر يەتكۈزىمەن.......

— ئۇنداقتا، بىز كېيىن قالمىساق بولىدىكەن-دە!......

— شۇنداق،— دېدى "چېقىر كوز"،— ھازىرقى ۋەزىپىمىز دولەت ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمغا ئۆتۈشىگە ماسلىشىش ئۈچۈن دەماللىققا پۇت تىرەپ تۇرغىدەك بىر پارچە زېمىنگە خوجايىن بولۇش. ئاندىن ھاۋادىن بېرىلىدىغان ياردەمنى قوبۇل قىلىش، كېيىن ماسلىشىپ ھەركەت قىلىپ، كوممۇنىستلارنىڭ چاڭگىسىنى بۇزۇپ، ئارقا سەپنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، دولەت ئارمىيىسىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە مەدەت بېرىش......

ئۇلار كىچىككىنە ئۆزۈكنىڭ سايىدىن ئۆتۈپ، قارىيىپ تۇرغان مەھەللە دەرەخلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرگەندىن كېيىن "چېقىر كوز" سورىدى:

— ئاز قالدۇقمۇ؟......

— كەلدوق. مەشەدە كۆتەيلى، ئەمدى يول باشلىغۇچى كېلىدىغان قەرەل بولدى. — دىدى "ناماز شام خىزىرىسى".

ئۇلار بىر توپ قېرى قارىياغاچ دەرىخىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ تۇرۇشتى.

— ئاكامنى كورمىگەنگە توپ - توغرا ئۈچ يىل بولدى، — دىدى "چېقىر كوز" ئاستا شىۋىرلاپ، — مەتىمىن ھەزرەت جاناپلىرى ماڭا ئۇنىڭ قەشقەردە بىللە چۈشكەن سۈرىتىنى كورسەتتى. ئوزگەرمەپتۇ، سىلى ئاكامنى كورمىگەنگە ئۇزۇن بولدىمۇ؟......

— يوقسۇ، — دىدى "ناماز شام خىزىرىسى" ئەتراپقا قۇلاق سالغان ھالدا، — بىز بىر تىنىقتىن نەپەس ئېلىپ ئوتتۇۋاتىمىز. ئوزى دانا كىشى. ئۇنى بۇ يەردە "مۇھتەرەم قارى" نامى بىلەن ئاتىشىدۇ. خەت يۈزىدە بولسا، "غىلاپلىق خەنجەر" دەيمىز. ئاللاتائالا نېسىپ قىلسا "غىلاپلىق خەنجەر" بىلەن بۈگۈن بولمىسا، ئەتە ئەلھەق دىدار كورۇشىلا......

"ناماز شام خىزىرىسى" نىڭ گېپى ئېغىزىدا قالدى. ئۇدۇل يولدىن ئاياق تىۋىشلىرى كەلدى.

— كەلدى، بىزنى كۈتتۈۋالىدىغان كىش كەلدى، — دىدى "ناماز شام خىزىرىسى" قاراڭغۇلۇقنى يېرىپ كېلىۋاتقان ئۈچ ئادەمنى ئىلغا قىلىپ ۋە بىردىن "چېقىر كوز" نىڭ قولىنى تۇتتى، — ئەمەس، ئەمەس، بىرلا كىش كېلەتتى، ئۈچىلا

ئۇلار ؟......

ئۇدۇل يولدىن چىقىپ كېلىۋاتقان ئۈچ ئادەم ئاماندىق ساقلاش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى بولۇپ، ھەممىسى مىلتىق بىلەن قوراللانغان ئىدى.

"نامازشام خىزىرىسى" ئازاتلىقتىن كېيىن، بۇ يېزىدا پۇقرالارنىڭ قورال تۇتۇپ كۆزەت قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىمىغان ئىدى. ئۇ، چۆچۈگەن ھالدا كەينىگە داجىدى ۋە بىر پۇتى سۇيى يوق ئېرىقتا تىقىلىپ، قۇرۇپ قالغان دەرەخ شاخلىرىنى قاراسلىتىپ سۇندۇرۇۋەتتى.

ئاماندىق ساقلاش ھەيئەتلىرى زېرەكلىك بىلەن قولاق سېلىپ، ئاۋاز چىققان قاراڭغۇ قارىياغاچلىقتا يۈگۈردى......

"نامازشام خىزىرىسى" بىلەن "چېقىر كوز" ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاچتى. "نامازشام خىزىرىسى" ئېغىر ھاسىرايتتى. يەر بېغىرلاپ چاپقان ئاق يەر يىلىنىدەك ئۆزىنى ئورۇپ يۈگۈرەيتتى، "چېقىر كوز" بولسا، بىر قولىدا ناپانچا تۇتۇپ، سارا سىمگە چۆشكەن ھالدا تونۇش بولمىغان يەردا پۇتلىشىپ، يىقىلىپ-قوپۇپ ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ باراتتى.

ئۇلار ئۇپكىسى ئاغزىغا كەپلىشىپ، دەريا قولتىغىدىكى توغراقلىق ئورمانغا يېتەي دەپ قالغاندا، توغراقلىق ئارىسىدىكى چىغىر يولدىن يەنە بىر گورۇپپا قوراللىق ئادەملەر يۈگۈرۈپ چىقتى-دە، يىراقتىن:

— توختا، كىم سەن ؟! — دەپ ۋاقىرىدى.

ئالدىغىمۇ، كەينىگىمۇ مېڭىش مۇمكىن ئەمەس. "نامازشام خىزىرىسى" تەمتىرەپ، جالاقلاپ تىترىگەن ھالدا بىر قولىغا ناپانچا، يەنە بىر قولىغا يالتىراپ تۇرغان ئىككى بىسلىق خەنجەرنى ئالدى:

— شۇنداق ئاسانلىمۇ ـ ھە!...... مەن بۇ لاي پاچاق ئەبگاللارنىڭ قېنىنى سۈدەك ئاققۇزىمەن. خەپ...... تىرىكلا قالسام، ياڭاقلىق يېزىسىدىكى گادايلارنىڭ يۈرىكىنى سوغۇرۇۋېلىپ، ئوخشىمىنى قورۇتۇۋەتمىسەم مۇسۇلمان بولماي كېتەي، — "نامازشام خىزىرىسى" غالجىرلاشقان قىياپەت بىلەن "چېقىركوز"گە گولەيدى، — خوش، ئەركىن دۇنيا ئەلچىسى ئەپەندىم، نېمە قىلىمىز ؟......

ئۇنىڭ كېيىنكى سوزىدە بىرخىل تەنە جاراڭلىدى.

"چېقىر كوز" بۇيرۇق ئاھاڭىدا:

— مەن قۇتۇلۇپ كېتىشىم كېرەك. ئەنە دەريا......مەن دەريا بىلەن...... سىلى بېرىپ ......

— مەنچۇ ؟ مەن نەگە بېرىپ ؟......

— سىلى يەر شارائىتى بىلەن تونۇش. مېنى باشلاپ چىققان ـ دە ! ......

"نامازشام خىزىرىسى"نىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى:

— دېمەك، مېنى قۇربان قىلىدىكەنسەن ـ دە !......

— مەن كەتتىم. چۈشىنىشلىكمۇ ؟!......

— كېتەلمەيسەن ! ......

— نېمە ؟!......

ئاڭغىچە، ئالدى ـ ئارقىسى تەرەپتىن قوراللىق كۈزەتچىلەرنىڭ قارىسى كورۇنۇپ قالدى. "چېقىر كوز" بۇرۇلۇپ "شارت" قىلىپ، تاپانچىنى "نامازشام خىزىرىسى"گە بەتلىدى:

— گەپ بىر، سەن بېرىپ ئۇلارنىڭ دىققىتىنى جەلىپ قىلىپ تۇرۇشۇڭ كېرەك. مېنىڭ "خەۋەر" بېرىدىغان ۋەزىپەم بارلىقىنى ئۇنۇتما، ئۇقتۇڭمۇ !......

— بىكار گەپ، بىز تۇگەشتۇق ......

— تۇگەشتۇق !......

— ئەمسە ؟......

— يوق گەپ، سەن !......

"نامازشام خىزىرىسى" مۇ تاپانچىسىنى "چېقىر كوز" گە بەتلەپ كەينىگە داجىدى ......

دەل شۇ پەيتتە، يان تەرەپتىكى تېرەكلىكتىن بىر ئادەم ئېتىلىپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى. "نامازشام خىزىرىسى"مۇ، "چېقىر كوز" مۇ تاپانچىسىنى ئۇنىڭ كوكرىگىگە قادىدى.

ھېلىقى ئادەم ئىككى قولى بىلەن تاپانچىنى ئىككى ياققا قايرىۋېتىپ، "چېقىر كوز" گە ئېيتتى:

— تازا ئەخمەق نىمە ئىكەنسەن. ئەنە، ئاشۇ تېرەكلىككە يوشۇرۇنۇڭلار. قويۇق بونجالىق. چاپسان، تېز مېڭىڭلار ...... مەن ئۇلارنى ئۆزەم ئەگەشتۇرۇپ كېتىمەن ...... جىم يېتىڭلار ...... سىلەرنى ئۆزەم تېپىۋالىمەن ......

"چېقىر كوز" سەل ئىشەنمىگەندەك:

— سەن ھېلىقى ...... ئادەمگە تىكىلىپ قارايدىغان ...... ...... مانتا - كاۋاپخانىدىكى ......

— ھە ...... شۇ. چاپسان ...... نىمە تۇرىسىلەر!

"نامازشام خىزىرىسى" ئىككى تەرەپتىن قىستاپ كېلىۋاتقان ئادەملەرنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىغىنى كوردى - دە، "چېقىر كوز" نىڭ يېڭىدىن تارتىپ، قاراڭغۇلۇقتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنى تېرەك بونجالىغىغا ئاتتى.

"تىكىلگەن كوز" بولسا، قوراللىق كۈزەتچىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ، تاپانچىسىدىن قالايمىقان ئوق چىقىرىپ، توغ-

راقلىق نۇرمان تەرەپكە يۈگۈردى. قۇراللىق كۆزەتچىلەر ئوق چىقارغان كىشىنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ، توغراقلىق نۇرمانغا قاراپ تەڭلا چېپىپ كېتىشتى......

"ناماز شام خىزىرىسى" بىلەن "چېقىر كوز" قويۇق بونجالىق ئىچىدە چىرىگەن يوپۇرماقلارنى ئۈشۈش چىقارماي دەسسەپ، خىلۋەت بىر جايىنى تېپىپ يوشۇرۇنۇشتى:

— ئەپەندىم، بايىقى نىمە ئادەم؟ — "ناماز شام خىزىرىسى" دەرگۇمان بولۇپ سورىدى.

— ئۆز ئادەم......

— ئۆز ئادەم؟ نىمە ئۆز ئادەم. بىخوتلۇق قىلمايلى...... بىزدە مۇنداق كىشى بولغان ئەمەس......

— كىم بىلىدۇ، — "چېقىر كوز" غۇدۇڭشىدى، — ئۇ مېنى مۇشۇنىڭ بىلەن ئىككى قېتىم قۇتقازدى......

— ئىككى قېتىم! قانداق ئىككى قېتىم؟......مەن بۇ ئىش خۇسۇسىدا ئۇزلىرىگە دېمىگەنىدىم......كوممۇنىستلارنىڭ قىلتىغى كوپ، مەن ئۇنىڭدىن پەخەس بولۇشنى دەۋاتىمەن......

— پەخەس بولۇش توغرا، ئەمما، ھازىرقىسىمۇ قۇتقۇزۇش ئەمەسمۇ؟......

"ناماز شام خىزىرىسى" چوچۇپ قالدى:

— ياپەرۋەردىگار، ئۇزەڭ ساقلا. قۇدرىتىڭ ئۇلۇغ. قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىغىدىكى ۋاقىت ئىچىدە تەقدىرىمىز پۇتۇنلەي ئاستىن - ئۈستۈن بولدى. بۇ، ئاللاتائالانىڭ كارامەتلىرى بولسا ئەجەپ ئەمەس، شۈكرى......

"چېقىر كوز" "ناماز شام خىزىرىسى"گە قارىدى:

— بىز ئۇنى ساقلامدۇق؟......

— ساقلايلى......ھازىر مىدىراش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ تېگى-پېيىنى بىلىش كېرەك. سەل-پەل ھىلى-مىكىر سەزسەك، دەرھال ئۇچۇقتۇرۇش زۆرۈر......

— كاۋاپخانىدا ئۇ ھۈنەر ئىشلىتىپ سىر ساقلىدى، — دېدى "چېقىر كوز" "تىكىلگەن كوز" توغرىسىدا مولاھمزە قىلىپ، — كېيىن ئۇ ھىلىقى دەڭدىن تېز يوتكىلىپ كېتىشىم توغرىسىدا ئىما-ئىشارە قىلدى. ئەگەر بىر كۈن كېچىكىپ يوتكەلگەن بولسام، كوممۇنىستلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىم تېنىق ئىكەن......

"نامازشام خىزىرىسى" بۇ ئاجايىپ ھەمراغا ئىشەنمىدى:

— ياق، ياق، خۇلاسە تېخى بالدۇر، — دېدى ئۇ، — بىزدە مۇنداق ئادەم يوق ۋە بىز قىلتاققا چۈشۈپ قالمايلى......

"نامازشام خىزىرىسى" بۈگۈن تۇساتتىن قورالىق ئادەملەرنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئۇز كوڭلىدە يامان ئاقىۋەتنىڭ بەلگىسى؛ "چېقىر كوز" نىڭ ئۇزىگە سەنىلەپ تۇرۇپ تاپانچا تەڭلىگەنلىكىنى بىر خىل شۇملۇق دەپ قارىغان بولسىمۇ، كوڭلىدىكى ئەندىشىنى "چېقىر كوز"گە ئېيتمىدى ۋە "چېقىر كوز" توغرىسىدا ئاللا نىملەرنى ئويلاپ، "بۈگۈن كول ئىچىدىكى ئەيىنەكلىك گەمىگە كىرىش مۇمكىن ئەمەس......ۋاقىتانى ۋاق كەلسە، كىمنى كىم قۇربانلىق قوي قىلىدىغانلىقىنى بۇ ئەپەندىم كورۇپ قويسۇن. سىنىڭ "خەۋەر" بېرىشىڭ شۇنچە مۇھىم بولسا، پىقىر سىنىڭ ئالدىڭدا نىمگە ھساپ. بىھايالىق بىلەن تاپانچىنىڭ ئۇچىنى ماڭا قاراتقىنىڭ ئۇچۇن. خۇدا خالسا، تېخى سوزلىشۋالىمەن......"دىگەننى كوڭلىگە پۈكۈپ قويدى.

شۇ پەيتتە، "تىكىلگەن كوز" دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىن

شەپە چىقارماي كىلىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا يەنە پەيدا بولدى:

— نەمدى بۇ يەردە تۇرۇش خەتەرلىك، — دىدى ئۇ "چىقىر كۆز" گە، — تىزرەك يوتكىلىۋېلىڭلار...... سىلەر ھىسامىدىن خوجىنىڭ ئۆيىگە بارماقچىغۇ......

"نامازشام خىزىرىسى" قۇۋۇلۇق بىلەن:

— بىز ھىسامىدىن- پىسامىدىن دىگەننى بىلمەيمىز، — دىدى.

"چىقىر كۆز" ئېيتتى:

— توختا، سەن ئۆزەڭ كىم زادى؟......

"تىكىلگەن كۆز" رەنجىگەن ئاۋازدا، "چىقىر كۆز" گە قاراپ:

— سەن تازىمۇ غەلىتە ئاداش ئىكەنسەن. مىنىڭ كىملىگىمنى تېخىچە پەملىيەلمىدىڭمۇ؟......ھەركەت قىلىۋاتقان ئىكەنسەن، مۇنداق قالايمىقان دوقۇرۇپ يۈرۈشۈڭگە بولمايدۇ......، — دىدى.

"چىقىر كۆز" تىرىكتى:

— كىم قالايمىقان دوقۇرۇپ يۈرۈپتۇ؟

— سەن!......

— سەن مىنىڭ كىملىگىمنى بىلەمسەن؟......

— بىلەمسەن؟......بىلمىسەم، مەن بۇ يەردە نىمىش قىلىمەن!......

— سەن ئۆزەڭنىڭ كىملىگىنى ئېيت!......

— ئېيتىپ بولغان، تازا ئەخمەق ئاداش ئىكەنسەن، شۇنىمۇ بىلمەيدا......

— چوڭچىلىق قىلما......

— كىم چوڭچىلىق قىپتۇ؟......

"نامازشام خىزىرىسى" بىر تەرەپتىن "تىكىلگەن كۆز" گە

سەپسېلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن، سوئال ـ سالا قىلدى:

— بولدى، بولدى. گەپ باشقا تەرەپكە كەتمىسۇن، ئۆز ـ ئارا تونۇشۇپ قويغاننىڭ نېمە يامىنى بار؟......

— ياق، مېنىڭ ئۆزەمنى سىلەرگە تونۇشتۇرۇش ۋەزىپەم يوق، — دېدى "تىكىلگەن كۆز".

— بۇ نېمە گەپ؟......

— مەن ئۆز ۋەزىپەم بويىچە ئۇنى خۇددى سايىدەك ئەگىشىپ، ساقلاپ يۈرىمەن. سېلىنى بولسا، مەن بىلمەيمەن. لېكىن، سىلى بىلەن شەخسى ئالاقە باغلاش تاپشۇرۇلمىغان. شۇڭا، ئىز ـ لىمىدىم......

— ئوھو......مۇنداق گەپ ئىكەن ـ دە! — دېدى "نامازشام خىزىرىسى" — رىش، ئۇنداقتا بۇ ۋەزىپىنى سىزگە كىم تاپشۇر ـ غان؟

— بۇنى سىلى ئېنىق بىلىلا......

— ئېنىق بىلىلا؟......

— شۇنداق، — دېدى "تىكىلگەن كۆز" خاتىرجەملىك بە ـ لەن، — سىلى ۋالى پاسار بەگ بىلەن ئاخىرقى قېتىم ئۇچراش ـ قاندا، چەتئەلدىن ئالاقىچى كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقان ـ مىدى؟......

"نامازشام خىزىرىسى" بۇ سوئالغا جاۋاپ بەرمىدى.

— گەپ نېمىدە، گەپ شۇ يەردىكى، — دېدى "تىكىلگەن كۆز" — مېنىڭ ۋەزىپەم تاپشۇرۇق بويىچە بۇ كىشىنى سىلى بە ـ لەن ئۇچراشتۇرۇش ئىدى. پاسار بەگ ئۆلدى. لېكىن، مەن ئۆز ۋەزىپەمنى يەنىلا سادىقلىق بىلەن ئىجرا قىلىۋاتىمەن......مەن ئۆز ۋەزىپەمنى ئادا قىلدىم. لېكىن شۇنى ئېيتىپ قويايكى، سە ـ

لەر دەرھال بۇ يەردىن يوتكىلىشلار...... ئامانلىق ساقلاش ئەزا-لىرى تېخىچە مېنى ئورماندىن ئىزلەپ يۈرىدۇ، تاڭ سۈزۈلۈپ قالسا، مەنمۇ سىلەرنى قۇتقۇزۇپ قالالمايمەن......

"ئامازشام خىزىرسى" كوڭلىدە بۇ ئاجايىپ قورقماس، جاسارەتلىك مۇھاپىزەتچىنى ئاللاتائاللا ئۆزى يەتكۈزگەن خىزىر-نىڭ ۋەكىلى ئەمەسمىكىن، دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، قول چىراقنى تۇيۇقسىز "تىكىلگەن كوز" نىڭ يۈزىگە قارىتىپ ياقتى-دە، ئىتتىك ئۆچەردى......

بىر جۈپ ئوتكۈر كوز ئۇنىڭغا دەللىنىڭ قادىلىپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن "ئامازشام خىزىر" نىڭ تېنى جۇغۇلداپ كەتتى. "غەپلەت، غەپلەت، بۇنىڭدىن قۇتۇلۇش كېرەك" دەپ ئويلىدى ئۇ.

— ئەگەر سىلەر ھىسامدىن داموللىنىڭ ئويىگە بارمساڭ-لار، مەن كەتتىم، — دېدى "تىكىلگەن كوز" ۋە كەينىگە قاراپ ئىككى قەدەم ماڭدى.

ئەمما، "چېقىر كوز" كۇتۇلمىگەندە، "لىپ" قىلىپ ئورنى-دىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدىنى توستى:

— ئەكە تاپانچاڭنى!......

— بۇ تاپانچا پاسار بەگنىڭ يالدامىسى، — دېدى "تى-كىلگەن كوز"، — ساڭا كېرەك بولسا، ماڭىمۇ كېرەك......

— كورۇپ باقاي......

— كورۇپ نىمە قىلىسەن؟

— ئوزەم بىلىمەن......

"تىكىلگەن كوز" نىمىندۇر ئويلىدى-دە، زەردە بىلەن تاپانچىنى ئۇنىڭ قولىغا تاشلاپ بەردى. "چېقىر كوز" تاپانچىنى سىپاپ كورۇپ، بىر تال ئوقنى چىقىرىپ پۇراپ باقتى:

— شۇنداق، "كانادا" ئىكەن، مە، ئال......

ئەمما، "نامازشام خېزىرىسى" ئىشەنمىدى. ئۇ، ئۇزىنىڭ ھىلى - مىكىرلىك تۈيغۇنلۇغى بىلەن "تىكىلگەن كوز" دىن قەتئى ئايرىلىش كېرەكلىگىنى كوڭلىگە پۇكۇپ قويدى.

شۇ چاغدا، تېرەك بونجالىغىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن كۇزەتچىلەرنىڭ ئاياق تىۋىشلىرى ئاڭلاندى.

— مەيلى مەن سىلەرنى مۇھاپىزەت قىلىمەن. — دىدى "تىكىلگەن كوز" — بۇ مېنىڭ ئاخىرقى قېتىم ۋەزىپە ئۇتۇشۇم بولۇپ قالسۇن......

— ياق، ياق، — دىدى "نامازشام خېزىرىسى" — ئاخىرقى ۋەزىپە دىگەن نىمە گەپ. سىز بىزگە ياردەم قىلىڭ. سىز شۇ تاپتا باداملىق يېزىسىدىكى كوك مېچىتكە بېرىپ، باش مۇتەۋەللى بىلەن ئۇچرىشىڭ، ئۇ كىشى سىزگە بىر خەت بېرىدۇ، مەخپى بەلگە "خان رىشتى". خەتنى ئېلىپلا مەشەگە كېلىڭ، ئۇقۇۋالدىڭىزمۇ؟......

— ئۇقتۇم ......

— خوپ، ئاللا يار بولسۇن......

"تىكىلگەن كوز" ئۇنىڭ ھىلى ئىشلىتىپ، يالغان ئادرىس بىلەن ئۇزىدىن قۇتۇلماقچى بولۇۋاتقانلىغىنى ئېنىق بىلدى. لېكىن، ئۇلارنى قانداقلا بولمىسۇن، گېزەندىلەر ئۇۋىسىغا باشلاپ كىرىپ، ھەممە شېرىكلىرى بىلەن بىللە قولغا چۈشۈرۈش كېرەك ئىدى. ئەڭ مۇھىمى "غىلاپلىق خەنجەر" نى ئاشۇلارنىڭ ئىزىدىن ئېنىقلاش زورۇر ئىدى......

"تىكىلگەن كوز" شۇلارنى ئويلىدى - دە، ئەسلىدىكى پىلاننىڭ يەنە بىر لايىھىسى بويىچە، "تاپشۇرۇقنى ئورۇنلاش ئۇچۇن"

كەينىگە بۇرۇلدى. ئۇنىڭ كەينىگە بۇرۇلۇشى بىلەن تەڭ، ھەلىگەر "نامازشام خىزىرىسى" ئىككى بىسلىق خەنجەرنى كەينى تەرىپىدىن زەرب بىلەن ئۇنىڭغا ئۇردى.

خەنجەر "تىكىلگەن كوز" نىڭ سول بىلىگىدىكى بولجۇڭ گوشتىنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتتى.

"نامازشام خىزىرىسى" خەنجەرنى سۇغۇرۇۋېلىشى بىلەن، "تىكىلگەن كوز" ئۇنىڭ خەنجەر تۇتقان قولىغا غەزەپ بىلەن تەپتى، خەنجەر ئۇنىڭ قولىدىن قاڭقىپ چىقىپ، نەگىدۇر ئۇچۇپ چۈشتى. لېكىن، "چېقىر كوز" كەينىدىن كېلىپ "تىكىلگەن كوز" نىڭ بىقىنىغا مۇشت بىلەن ئۇردى ۋە ئۇنى كەينىگە يىقىتىۋەتتى. "تىكىلگەن كوز" ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇۋاتقاندا، "چېقىر كوز" ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى-دە، ئىككى قولى بىلەن كانىيىدىن جېنىنىڭ بىرىچە قىسىۋالدى. "چېقىر كوز" ئېغىر ھاسىرايتتى ۋە كانايىنى بارغانچە قاتتىق قىسماقتا ئىدى. "تىكىلگەن كوز" بولسا، ئاستى تەرەپتىن قاتتىق بىر دەسلاپ، "چېقىر كوز" نى ئۈستىدىن ئىرغىتىپ چۈشۈرۈۋەتتى ۋە پومداقلىشىپ يۇمىلاپ كېتىشتى. گاھ-ئۇ، گاھ-بۇ ئاستىغا چۈشۈپ قالاتتى، ئۇلار يۇمىلاپ بېرىپ، سۇيى يوق بىر ئېرىقتا كەپلەشتى، "تىكىلگەن كوز" بىر سىلكىنىپ "چېقىر كوز" نى ئاستىغا چۈشۈردى-دە، مەيدىسىگە دەسلاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ چاپان يانچۇقىدىن تاپانچىنى تارتىۋالدى......

بۇ چاغدا، "نامازشام خىزىرىسى" ئاللىقاچان كوزدىن غايىپ بولغان ئىدى.

"تىكىلگەن كوز" بۇ ھىلىگەر، قۇۋ تۈلكىنىڭ ئىككىسىنىڭ ئىرماش-چىرماش بولۇپ، قاتتىق تۇتۇشۇۋاتقان پۇرسىتىدىن

پايدىلىنىپ، تىۋىش چىقارماي قىچىپ كەتكەنلىكىنى سەزدى - دە،
تاپانچىسىدىن ئاسمانغا قارىتىپ ئوق ئۈزدى......

جاپپاروپ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى
ئابلىكىم بىلەن تېلېفوندا سوزلۇشۇپ بولغاندىن كېيىن، تۇرۇپكىنى
تېلېفون ئۈستىگە قويۇپ تۇرۇپ، دۇڭ تېخەنگە قارىدى:
— يولداش دۇڭ تېخەن، مەن كەتتىم. بىز يەنە بىر ئايال
مېھماننى كۈتۈۋېلىشىمىز كېرەك. ئۇ، تۈنۈگۈن كەچ سائەت
سەككىزدىن كېيىن شەھەردىن غايىپ بولۇپ كەتكەن ۋە ئۆز
ئۆيىگە قايتمىغان. يوشۇرۇنغان ئەكسىلئىنقىلابچىلار بىر يەرگە جەم
بولۇپ، ئۆز ئۆۋىسىغا كىرىپ بولغىچە، بۇ ئايالنى ئۇلار بىلەن
ئۇچراشتۇرماسلىق كېرەك ئىكەن. يولداش ئابلىكىم ھازىرلا بۇ-
يەرگە يېتىپ چىقماقچى. سىز مەشەدە كۈتۈپ تۇرامسىز؟......
جاپپاروپ بىلەن دۇڭ تېخەن كېلىشتى.
جاپپاروپ ئەزىمەت بىلەن جۇمانى ئەگەشتۇرۇپ، دەريا
بويى تەرەپكە كەتتى.
ئۇلار توغراقلىق ئورماننى توغرا كېسىپ، توغراقلىق ئور-
ماننىڭ ياقىسىدىكى چىغىر يول بىلەن تېرەك بونچالىغىنىڭ رو-
بىرىغا كەلگەندە، دەريا قىرغىقى تەرەپتىن قورالىق ئۈچ كۆ-
زەتچى نامەلۇم بىر ئايالنى ئالدىغا سېلىپ چىقىپ كەلدى.
جاپپاروپ قول چىراقنى ياندۇرۇپ، ئايالغا قارىدى.
ئايال يۈزىنىڭ يېرىمىنى بېشىغا سالغان جىگەررەڭ تور
رومالنىڭ بىر پېشى بىلەن يوگۇالغان بولۇپ، پەقەت ئىككى
كوزىلا كورۇنۇپ تۇراتتى. ئايالنىڭ كەينىدە بايىز خالىۋاپ ۋە
ئۇنىڭ ئىككى تۇققان تاغىسىنىڭ ئوغلى تومۇر بىلەن تېخى بۇ-

ئىلگىرى ئەمەس بىر ئىككى ئىلگىرى يېزا قازىسىنىڭ ئۆيىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇپ قايتىپ چىققان يىلىلقچى قادىر تۇراتتى. تۇمۇر بىلەن قادىر كەنت دېخانلار جەمئىيىتىنىڭ يىگىرمە ياشلارغا كىرگەن، ساغلام، قىزغىن ئەزالىرىدىن بولۇپ، ئۇلار نىمە ئۈچۈندۇر بۇ ئايالغا قىزىقمىغاندەك كۆرۈنەتتى؛ تۇمۇر:

— بۇ خوتۇن چىش ئاغرىقى كېسىلىگە مۇپتىلا بولۇپ، قايسى بىر بۇۋىمگە دېمىدە قىلدۇرغىلى چىققان ئىكەن، يولدىن تېنەپ كېتىپتۇ، — دېدى.

— بۇ خوتۇندىن نىمە چىقىدۇ؟ — دېدى قادىر، — بايىز ـ كام بىكاردىنلا ئېسىلىۋالدىغۇ ـ تاڭ......

— خۇدا ھەققى، تېنەپ كەتتىم، — دېدى ئايال چىشىنىڭ ئۇلىگۇدەك ھەرەج قىلغانلىقىدىن قاخشاپ، — مېنى قويىۋېتىڭلار، مەن ئۆيۈمنى تېپىۋالاي......

— سىز ئەمدى تېنىمەيسىز، — دېدى جاپپاروپ قاپىقىنى تۈرۈپ، — بىز سىزگە يول كورسىتىپ قويىمىز......

دەل شۇ پەيتتە، كېچە ئاسمىنىنى تىترىتىپ، يېقىنلا بىر يەردىن — تېرەك بونجالىقى تەرەپتىن ئېتىلغان ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى......

جاپپاروپ بۇ سىرلىق ئايالنى ئېلىپ مېڭىشنى بايىز خال ـ ۋاپ بىلەن ئىككى يىگىتكە جېكىلەپ، ئۆزى ئەزىمەت، جۇمالار بىلەن بىللە بونجالىق تەرەپكە يۈگۈردى.

ئۇلار تېرەك بونجالىقىدىن ئۆتۈپ، قويۇق قارا ياغاچلىق ئەچىگە ئېتىلىپ كىرگەندە، بىر قولى يارىلانغان ئېلىقۇل قان تامچىپ ئېقىپ تۇرغان سول بىلىگىنى ئوڭ قولى بىلەن قاتتىق موجۇپ تۇتقان ھالدا سۈيى يوق ئېرىقتا كەپلىشىپ دۈم ياتقان

بىر گەۋدىنىڭ كەچكىسىدىن دەسسەپ ئورە تۇراتتى.

ئېلىقۇل جاپپاروپنى كورۇپلا:

— چۈيجاڭ، بۇنىڭ شىردىگى قاچتى، ئۇ تۇلكىنى تۇتماي بولمايدۇ، — دىدى.

ئاڭغىچە، ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئامانلىق ساقلاش ئەزالىرى تەرەپ-تەرەپتىن يېتىپ كېلىشتى. جاپپاروپ قاچقۇننى قوغلاپ تۇتۇشقا بۇيرۇق بەردى......

ئەزىمەت بىلەن جۇما "چېقىر كوز" نى كەچكىسىدىن تار-تىپ ئورە قىلدى ۋە قولىنى كەينىگە قايرىپ باغلىدى. ئېلىقۇل ئۇنىڭ بارماق قولىدىكى "ھېكمەتلىك ئۈزۈك" بىلەن، كالتە قون-جىلىق ئۇتۇگىنىڭ پاشنىسىغا بېكىتىلگەن تېلېگرام ئاپاراتىنى سۇغۇ-رۇۋالدى......

جاپپاروپ ئېلىقۇلنىڭ قىپ-قىزىل قانغا بويۇلۇپ كەتكەن بىلىگىنى ياغلىق بىلەن باغلاپ تېڭىۋاتقاندا، بايىز خالۋاپلار يۈزى-نى ئورۇۋالغان، سىرلىق ئايالنى ئېلىپ كەلدى.

ئېلىقۇل قول چىراقنىڭ يورۇقىدا بىر قاراپلا ئۇنىڭ گۇلا-ھەسەل خېنىم ئىكەنلىكىنى بىلدى ۋە سالماق قەدەم بىلەن ئۇ-نىڭ ئالدىغا كەلدى:

— تونۇشۇپ قويۇڭلار، — دىدى ئېلىقۇل گۇلھەسەل خېنىم-غا "چېقىر كوز" نى كورسىتىپ، — سىز ھازىرچە بۇ جاناپنى ئىزلىمەيدىغان بولغانسىز......

— ياق، ياق، ۋاي خۇدايىم، بۇ چۈشۈمۇ، ئوڭۇمۇ، — دى-دى گۇلھەسەل خېنىم لاغىلداپ تىترەپ، — مەن ئۇنى نىم بىلەي. مەن تىچ، مومىن ئايالمەن. مېنى ئوز كۈنۈمگە قويۇڭلار......ۋاي چىشىم، ۋاي تۇۋا...... ئۇنى خۇدا كورسەتمىسۇن. مەن بىلمەيمەن.

تونىمايمەن ھەم......

ئېلىقۇل:

-- ياخشى، بۇنىڭ ئەمدى ۋاقتى ئۆتكەن ئىش، ئاۋارە بولماڭ، -- دېدى - دە، گۈلھەسەل خېنىمنىڭ بىگىز چىمچىلاق قولىغا سېلىنغان سەدەپ كوزلۇك ئۈزۈكىنى سۇغۇرۇۋالدى ۋە ئۇنى "ھېكمەتلىك ئۈزۈك" بىلەن قوشۇپ تۇش يانچۇقىغا سېلىپ قويدى......

"ئاخشام خېزىرىسى" نى ئاقتۇرۇپ - قوغلاش ئەتىسى چۈشكىچە داۋام قىلدى، لېكىن، پايدىسىز بولۇپ چىقتى. چۈشتىن كېيىن ئاياق ئىزلىرىنىڭ بەلگىسى بويىچە، ئۇنىڭ دەرياغا ئۆزىنى تاشلاپ، دەريانىڭ ئاياق تەرىپىگە سۇ بىلەن بىللە ئېقىپ كەتكەنلىكى پەرەز قىلىندى. كەچقۇرۇن دەريا قىرغاقلىرى ۋە تۆۋەن تەرەپتىن ھېچقانداق تىنىش سېزىلمىگەنلىكى مەلۇم بولدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئابلىكىم "چېقىر كوز" بىلەن گۈلھەسەل خېنىمنى رايون مەھكىمىسىنىڭ ئىشخانىسىدا قىسقا سوراق قىلدى. "چېقىر كوز" ئۆزىنىڭ ئىككى يىلدىن بۇيان چەتئەلدە تەربىيە كورگەن ئىشپىيون ئىكەنلىكىنى، چېگرادىن ئۆتكەندىن كېيىن، بىر قانچە ناھىيە - شەھەردە بولغانلىقىنى، ئۇ يەردە ئۇچراشقان بەلگىلەنگەن كىشىلەرنىڭ ئاللىقاچان قولغا ئېلىپ كەتكەنلىكىنى، شۇڭا، ئاخىرقى ئۈمىدىنى ئابدۇللا كوك كوز داموللىغا تىككەنلىكىنى، بۈگۈن بۇ يەرگە ئۇنىڭ تەكلىۋى بويىچە كەلگەن بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ كىمنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئىقرار قىلدى......گۈلھەسەل خېنىم بولسا، ئۆزىنىڭ قاتتىق ھەرەج قىلىۋاتقان چىش ئاغرىقىدىن قاخشاپ، سوئاللارغا جاۋاپ

بېرىشتىن جاھىللىق بىلەن باش تارتتى......

ئابلىكىم "چېقىر كوز" بىلەن گۈلھەسەل خېنىمنى باشقا ئۆيگە يوتكۆۋەتكەندىن كېيىن، ئېلىقۇلغا:

— كۈرەش تېخى داۋام قىلىدۇ. "غىلاپلىق خەنجەر" نىڭ نەدىلىگى سىرلىق ئىش. "نامازشام خىزىرىسى" ئېھتىمال خېلى ۋاقىتلارغىچە ئۆزىنى كورسەتمەسلىگى مۇمكىن. لېكىن، قاچانلا بولمىسۇن، قولغا چۈشىدۇ. سىز تېزرەك داۋالىنىڭ. بەلكىم يەنە مۇرەككەپ يوللارنى بېسىشقا، چەت ناھىيە - ۋىلايەتلەرگە بېرىشقا توغرا كېلىدۇ......— دېدى.

ئابلىكىم دۈڭ تېخەن، جاپپارو پلار بىلەن ئەكسىلئىنقىلاپچىلارنى يوقىتىشنىڭ ئومۇمى ۋەزىيىتىنى مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن:

— ياڭاقلىق يېزىسى يەنىلا ئاساسىي نۇقتا. "نامازشام خىزىرىسى" ئۆز قول - قاناتلىرىدىن بىر - بىرلەپ ئايرىلىپ، يىتىم ھالغا چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆز مەقسەتلىرىدىن ئاسانلىقچە ۋاز كېچىدىغان ئادەم ئەمەس. تۆز يالىغان ئىت قوپاغۇ ئاستىدا ئولەر، دېگەن تەمسىل بار. ئۇ، چەزمەن مۇشۇ يەرنى يەنە پۇراپ تاپىدۇ......بۇرۇندىن ئېلىنىمىغىچە پاراكەندىچىلىك سېلىشنى توختاتمايدۇ......بۇنى ھازىردىن باشلاپلا نەزەردە تۇتىشىمىز كېرەك......— دېدى.

## ئولىنچى باپ

### 1. مەسئۇدىخان

ئاسماندا تاقاشقان ئاق باشلىق كوئىنلۇن 1951 - يىل كۈز، 1952 - يىل ئەتىياز ئۇز ئۆتكىدە يۈز بەرگەن — ئاسمان - زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ئاجايىپ خاسىيەتلىك ۋەقەلەر - گە گۇۋا شاھىت بولدى ۋە زەرەپشان يېزىلىرىنىڭ، 1949 - يىلى ئۇكتەبىردىكى ۋەتەن ئازاتلىقى تەنتەنىسىگە ئوخشاش، شادىيانە دولقۇنلىنىپ، قاينام - تاشقىنلىق كۈرەش مەنزىرىسى بىلەن چىراي ئاچقانلىقىنى كوردى......

ئارزۇ قىلىنغان كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى!......

ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۈرۈش خىزمەت ئەترەتلىرى كوتىرەڭگۈ كۈرەش جاسارىتى بىلەن ياڭاق - لىق يېزىسىنىڭ ھەرقايسى مەمۇرى كەنت، تەبىي كەنت ۋە مە - ھەللىلىرىگە كىلىپ ئورۇنلاشتى. خىزمەت ئەترەتلىرىنىڭ كادىرلى - رى ئاددى - ساددا، قىزغىن، دىلكەش بولۇپ، پەزىلەتلىك كىشى - لەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۈنجى قېتىم كۈرەش كورگەن ياش دىخانلارمۇ، بېشىدىن ئىسىق - سوغاق ئوتكەن ئوتتۇرا ياشلىق ئىشچىلارمۇ، ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ چىنىققان كوماندىر - جەڭچىلىرى - مۇ، كۈرەش ئېھتىياجى تۇپەيلىدىن ئوقۇشىنى ۋاقىتلىق توختى - تىشقا مەجبۇر بولغان ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ، ھەتتا ئالاھىدە

تەكلىپ قىلىپ قاتناشتۇرۇلغان ھەر ساھەدىكى زاتلارمۇ بار ئىدى.

ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇزلىرىنىڭ مىسلىسىز ئۇلۇغ ئىجتىمائى ئۆزگىرىشنىڭ ئىلگىرى سۈرگۈچىلىرى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

دېخانلار ئۇلارنى: كومپارتىيىنىڭ مېھىر-شەپقىتىنى ئېلىپ كەلگەنلەر، پارتىيە ئەۋەتكەن كادىرلار، — دەپ سۆيۈنۈپ تىلغا ئېلىشتى......

خىزمەت ئەترىتىنىڭ كادىرلىرى قىزىل بايراقلار قادالغان ئات-كالا ھارۋىلىرىدىن يۇك-تاق، قازان-قومۇچ ۋە پوپكا-سايمانلىرىنى ئالدىراپ چۈشۈرۈشتى-دە، يۈز-كوزلىرىگە قونغان توپا-چاڭلارنى سۈرتۈۋېتىپ، دېخانلار بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ، ھال-ئەھۋاللىشىپ كورۇشتى. جاپاكەش دېخانلارنىڭ پۇچۇق كەپە، ۋەيرانە ئۆيلىرىنى ئۇزلىرىگە ماكان قىلىپ تاللاپ، ئۇلارنىڭ ئۇز ئادىمى بولۇپ جايلاشتى. ئاندىن، دەرھال كەتمەن ۋە ئوغۇت سېۋەتلىرىنى قوللىرىغا ئېلىپ، رىيازەت چەككەن دېخانلارنىڭ ئائىلىلىرىنى زىيارەت قىلىپ، مۇڭدىشىش ئۈچۈن ھەرقايسى بۇلۇڭ-پۇچقاقلارغا يۈرۈپ كەتتى......

قىر-تىگەن تۈۋىدە، ئېچىق-توما بېشىدا، زەي گەمەكەپىلەردە، ئوچاق ئالدى ۋە كوچا-كويلاردىكى ئاپتاپلىقلاردا ئىككى-ئۈچ كىشىلىك سورۇنلار تۈزۈلدى. بۇ يەردە قول-ئىلكىدە يوق دېخانلار كومپارتىيىنىڭ چاقىرىقلىرىنى، خىزمەت ئەترەتلىرىنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسەت-غايىلىرىنى ھاياجانلىنىپ ئاڭلاشتى......

نامرات دېخانلار قەد كوتىرىشكە تەشنا ئىدى!......

ئاسماننى قارا بۇلۇتلار قاپلىغان ۋە زەردە گوش يۇرەك-

نە غەزەپ كۆلخانىلىرى لاۋۇلداپ كەلگەن ئۇزاق ئوتمۇشتىن ئاز-تىپ، قول-ئىلكىدە يوق نامرات دېخانلار مۇشۇنداق بىر كۈن-نىڭ كېلىشىنى قانداق ئارزۇ قىلىشقان ئىدى — ھە؟... ئۇ كەملەر-دەۋ چېشلىرى كىرىشكەن، ئۇستىخانلىرى غەزەپ ياللۇنلىرى بىلەن سۇغۇرۇلغان ئىسيانكار دېخانلار بىرىنىڭ ئىزىنى بىرى بېسىپ، مۇشتۇمزور بايلار ۋە تەييارتاپ يەر ئىگىلىرى بىلەن جان تىكىپ ئې-لىشقان تارىخ ئاز بولمىدى. ئىجارىكەش دېخان چوچۇرىدەك ئۇششاق باللىرى بىلەن بوران، يامغۇر ۋە قاقرام ئاپتاپتا كويۇپ-پىشىپ ئىشلەپ، مىڭ تەسلىكتە تەييار قىلغان خامانىنىڭ ئالتۇن دانلىرى پاك-پاكىزە تارتىۋېلىنىپ، ئۇزىگە ئەرزىمىگەن سامان قالغانلىغىنى ۋە ياكى قولى ئۇزۇك يىللىقچى يىل بويى باش كوتەرمەي ئىشلىگەن بولسىمۇ، لېكىن يىل ئاخىرىدا يەنە كوتىرىپ-قوپقۇسىز قەرزگە بوغۇلۇپ قالغانلىغىنى كورگەندە، زەردىلىك ئېلىشىش ھەمىشە بولاتتى......

بىراق، پەلەكنىڭ گەردىشى رەھىمسىز بولدى. نەتىجە-ھاسىلات زالىم ھۆكۈمەتنىڭ نامەرتلىك بىلەن باستۇرۇشى، دېخان-لارنىڭ قايتا تالانت-تاراج، سەرسان ۋە قول قىلىنىشى بىلەن يەكۇنلىنىپ كەلدى......

مۇنداق تارىخ، مۇنداق ۋەقەلەر كوپ بولغان...... لېكىن ئۇنىڭ تېگىنى كىم ئويلاپ يېتەلەيتتى؟......

بۇگۈن كومپارتىيە ئەۋەتكەن ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش خىزمەت ئەترىتىدىكى كادىرلار ئۇزاق ئوتمۇشتىن تارتىپ ئۇزۇلمەي داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان كۇرەش يولىنىڭ ئۇبرازلىق رەسىمىنى قايتا سىزىپ كورسەتمەك-تە؛ كىمنىڭ ھەق، كىمنىڭ ناھەق — بۇنىڭغا ھۆكۈم قىلغۇچە-

نىڭ دەل دېخاننىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى سېزەلمەكتە؛ ئۆز تەق-
دىرىنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن، ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئازاتلىقىنى قولغا
كەلتۈرۈش ئۈچۈن، فېئوداللىق زەنجىر-كىشەنلەرنى چېقىپ تاش-
لاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىرماقتا، ئىلھام بەرمەكتە......

دېخان ناھايىتى خۇشال ئىدى. تومۇرلىرىدا ئىسسىق قان
ئۇرغۇپ-ئۇركەشلەپ، ئۆزىدە پەلەكنى تىترىتىدىغان ئاجايىپ
جاسارەتنى سەزدى ۋە كوئېنلۇن ئېتىگىدە كونا دۇنيانىڭ چىرىك،
ئېپلاس، ساقىندى يىرىك-مەرەزلىرىنى تازىلاپ، ئادەملەرچە
ياشاشقا، قەد كۆتىرىشكە بەل باغلاشتى......

قىسمەت چۆرۈق ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش — زومىگەر-
لەرگە قارشى تۇرۇش ئەترەتلىرىنىڭ ياڭاقلىق يېزىسىغا چىقىدى-
غانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ھەممىدىن بۇرۇن ئاڭلىدى ۋە
بۇنى دۆڭ تېخەندىن ئاسماقچىلاپ ئېنىقلىدى-دە، دەررۇ ئۆز
ھارۋىسىنى جابدۇپ، ئۇنىڭ قىزىل-يېشىل يۇڭ پۆپۈك، سېرىق
قوڭغۇراق-كولدۇرمىلىرىنى تۈزەشكە كىرىشتى. ئۇ خۇشال ئىدى
ۋە توختىماي سۆزلەپ، ئۆتكەن-كەچكەنلەرگە:

— مەن قىسمەت چۆرۈق خىسلەتلىك ئادەممەن. ئازاتلىق ئار-
مىيىنى ھىممىتىنىڭ سېپىدا ئۆزەم كۈتۈۋالغانمەن، دۆڭ تېخەننى ئۆزەم
ئېلىپ چىققانمەن. مانا ئەمدى خۇدا خالىسا، ئىسلاھات كادىرلى-
رىنمۇ بىرىنچى بولۇپ ئۆزەم ئېلىپ ئېپچىقىمەن...... گەپ كا-
دىردا ئەمەس، گەپ ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشىدا. دۆڭ تېخەن
ماڭا ئېيتتى، ئۇنىڭ ئىچ سىرىنى ھېچكىم مەندەك بىلمەيدۇ. ئۇ
دەيدۇكى، زومىگەرنىڭ بۇرنىنىڭ بېزىنى ئېلىش، مۇشتۇمزورنىڭ
قىلغان-ئەتكەنلىرىدىن راسا ھېساپ ئېلىش — بۇ، كادىرنىڭ
ئىشى ئەمەس، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا دېخاننىڭ ئۆزىنىڭ

قوزغىلىپ قىلىدىغان ئىشى. مەن قىسمەت چورۇق بىلىمنى باغ-لاپ، يىگىمنى شۇمدەكلەپ قويدۇم. ئەزرائىلنى سالامغا كەلتۈرە-لەيدىغان مەخسۇت بەگنى كوردۇقۇ...... ئالماس بالا ئۇنى دەر-يا قاينىمىدىن سۇزۇپ چىققاندا، مەن بەگنى ئەمەس، سۇغا مى-لەنگەن ئىتىنىڭ قانداق دىرىلدەپ تىترەپ شۈمشەيگىنىنى ئوز كوزۇم بىلەن كوردۇم......قانچىسىنى شۇمشەيتىمىز تېخى!...... — دەيتتى......

بۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان قىسمەت چورۇق يەنە ئالدى-راش بولۇپ كەتتى. ئۇ گەرچە، ئۇستىگە ئېنىق بىر ۋەزىپە ئا-غان ئاساسىي قاتلام كادىرى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ، قالتىس خوجا-يىنلىق غورۇرى بىلەن ھەممىگە ئارىلىشاتتى. بولۇپمۇ "ياغاق پۈشتى-ماكان" دا بولۇۋاتقان چوڭ - كىچىك سوھبەت ۋە داغدۇغىلىق ئاممىۋى يىغىلىشلار ئۇنىڭسىز ئۆتمەيتتى......

خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ كادىرلىرى سىياسەتنى ئاممىغا تاپ-شۇرۇپ، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش — زومىگەرلەرگە قارشى تۇ-رۇشتا دېخانلار جەمىيىتى پۈتۈن رەھبەرلىكنى ئوز ئۇستىگە ئالى-دىغانلىقى، خىزمەت گورۇپپىسى پەقەت ياردەملىشىش رولىنى ئوينايدىغانلىقىنى ئېلان قىلغاندا، قىسمەت چورۇق دەرھال پىكىر بايان قىلىپ:

— شۇنداق بولماي! ئەمىسە قانداق بولماقچىدى؟...... مەن قىسمەت چورۇق بۇنى ئاللا بۇرۇنلا چۈشەنگەن. دۆڭ تېخەن: قەد كوتىرىش جامائەتنىڭ ئومۇمى ئىشى. دېخانلار بىر ياقىدىن باش چىقارغاندىلا، ئاندىن ئوزى ئۇستىدىكى نەچچە مىڭ يىللىق ئېغىر تاغنى غۇلىتىۋېتەلەيدۇ، دىگەن. ئاسان گەپمۇ؟ لىنلاسى شۇ. قوم يىغىلىپ تاش بولىدۇ، دېخان بىرلىشىۋالسا كۈچ بولىدۇ.

بىر مۇشت بولۇپ تۇگۇلگەن تۇزۇك. "دېخانلار جەمىيىتىگە كىر-
گەن - كىرمىگەننىڭ كارى چاغلىق، ئۇنىڭ قولىدىن نىمە كېلەر"
دەيدىغانلار ھەقىقى دىخان ئەمەس، تەييارغا ھەييار نان قېپىلار.
مەن قىسمەت چورۇق شۇنداق دەيمەنكى، سەن قەد كوتىرىپ،
بېشىڭنى تىك تۇتۇپ مېڭىش ئۇچۇن، ئالدى بىلەن ئۇزەڭ مىدىرا،
ھەركەت قىل، بېلىڭنى تۇزلە، يەلكەڭدىكى تاشنى ئىرغىتىپ
چۇشۇرۇۋەت. مانا بۇ دىخاننىڭ ئىشى. بىزنىڭ ئېلىشا بىر چاغ-
لاردا "چىلتەن - چىلتەن ئەمەسمۇ، چىلتەن قىرىق تەن ئەمەسمۇ،
قىرىق تەن دىگەننىڭ نىمىسى، ئەسلى بىر تەن ئەمەسمۇ" دەپ
غەزەل ئوقۇيدىغان. شۇنداق ئەمەسمۇ. قول - ئېلكىدە يوق دىخان-
لار بىر تەن، بىر جان بولۇشىمىز لازىم. دىخانلار جەمىيتى دى-
گەن مانا شۇ. ئۇنىڭ قولىدىن نىمە كېلىدىغانلىقىنى شۇندا كو-
رۇۋەڭ!...... — دىگەن قىزغىن سوزلىرى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە
دىلكەش دىخانلارنىڭ كوڭلىگە چىراق يېقىپ، ئۇلارنى ئۇز تەش-
كىلاتىنىڭ كوچ - قۇدرىتىنى تازا بىر كورسىتىپ قويۇشقا دەۋەت
قىلدى......

دىخانلار ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئېيتىشتى:

— بەللى قىسمەت، ياشاپ كەت. قالتىس نىمە جۇمۇ ئۇزەڭ!
دىخانچە گەپ دىگەن ئاشۇنداق بولىدۇ. دىتىڭ بار نىمە. بۇ
ھەركەتنىڭ تېگى - پېيىنى پەملەشتە يەنە سەن ئۇزۇپ كەتتىڭ.
سەن بىرىنچى، بىرىنچى! — دەپ ماختاشتى.

بىرمۇنچە دىخانلار تەرەپ - تەرەپتىن قول كوتىرىپ،
ئېغىز ئېچىپ، ئۇزلىرىنى دىخانلار جەمىيتىگە قوبۇل قىلىشنى
تەلەپ قىلىشتى:

— ئارسالدا قالغان ئىشەكنى بورە يەپتۇ، دىگەن گەپ بار،

قۇم يېغىلىپ تاش بولىدىغان ئىش بولسا، بىزنى ئېلىڭلار، يېزىڭلار، ئۆگخۆي بولىمىز، — دېيىشتى......

ئەمما، شۇ چاغدا قىسمەت چۈرۈق مەسۇدىخاننىڭ نېمە ئۈچۈندۇر بۈگۈن بۇ سورۇنغا كەلمىگەنلىكىنى بىردىنلا پەملەپ قالدى. ئويلاپ كۆرۈپ، بۇنىڭ خېلى كۈنلەردىن بېرى يىغىلىشلاردا كۆرۈنمىگەنلىكىنىمۇ ھەيران بولۇپ ئەسكە ئالدى. كۆڭلى غەش بولۇپ كەتتى.

— توۋا بۇ خېتۈننى، — دەپ ئويلىدى ئۇ مەسۇدىخان توغرىسىدا، — بۇ مەزلۇمنىڭ نېمە قىلغىنىدۇ بۇ! شېكەردەك شىرىن-شەرۋەت گەپلەرنى ئاڭلاپ، دىل غەشلىكىنى يەشمەي، ئۆزىنى چەتكە تارتقىنى نېمىسى...... ئۆزى ئېزىلگەن خوتۇن بولسۇنۇ — مەجلىسكە كەلمىسۇن. ھەي...... يەنە نېمە بولدىكىن. بېچارىنىڭ رەھمەتلىك ئېرى بۇ دۇنيادا تۈزۈككىنە خۇشلۇق كۆرمەي ئالەمدىن ئۆتتى. ئۆزىمۇ بۇ كۈنلەرگە ئاران-ئاران ئۇلاشتى...... سىرىقتالچىلىقنىڭ دەردىنى تارتمىغان بولسا كاشكى...... ھەي......يەنە بىر ئىش بولدى چېغى...... ھىلىقى تۈگۈلۈكتىن سۆزلەيدىغان خىزىر يەنە قوقاق سېلىپ يۈرەمدۇ-يا......

قىسمەت چۈرۈقنىڭ مەسۇدىخانغا ئاز-تولا ئىشق باغلاپ، كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ئۇنى ئەزىزلەپ يۈرگەنلىكى بىزگە مەلۇم.

لېكىن، ھازىر قىسمەت چۈرۈق بۇ ئىشقى ھىسسىيات تۈپەيلىدىن ئەمەس، ئۇنىڭ يىغىلىشلارغا كەلمىگەنلىكىدىن خاپا ئىدى. خىزىر يادىغا چۈشۈپ قېلىپ، ئىختىيارسىز بىئاراملىق ھىس قىلدى-دە، قىزغىن داۋام قىلىۋاتقان يىغىندىن بىلىندۈرمەي سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، ئۇدۇل مەسۇدىخاننىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ كەتتى......

مەسئۇدىخاننىڭ ئىشىك پەنجىرىسىدىن چىراق يورۇغى چۈشۈپ تۇراتتى. قىسمەت چورۇق ئىشىكنى ئىشتىرىش بىلەنلا ئۆيىدىن رابى ۋىت - ۋىت چىقىپ كەلدى. قىسمەت چورۇق ئۇنى تونۇپ، "مانا دىمىدىمىۇ، ھەقىچان مۇشۇ ۋىت - ۋىت ئۇنى ئازسالدى قىلغان بولسا......" دەپ ئويلىدى. ئەمما، رابى ۋىت - ۋىت قىسمەت چورۇقنى كورە - كورمەيلا:

— ۋىيەي كوزۇمگە كورۇنگىنى نىمىدۇر؟ مەن بۇ ئويگە تاھارەت بىلەن كىرگەنمەن، تىپچقىنا كىتىۋالاي، ئەر خەق بىلەن خوتۇنلارنى بىر ئويگە سولاپ مەجلىس ئاچقىنى نىمىسى؟ كوزۇم كورمىسۇن. باينى باي قىلسا خۇدا قىلدى. بەندىنىڭ نىمە ھەددى. خەقنىڭ رىسقىغا كوز ئالايتقاندىن گونا ئىش يوق. خوش، مەسئۇدىخان، خۇدا دىللىرىدا، كادىر ئەمرى تىللىرىدا بولسۇن......— دىگىنىچە، ئويدىن چىقىپ كەتتى.

قىسمەت چورۇقنىڭ بىر ئىشتىن زەردىسى قاينىسا — چىشلىرى غۇچۇرلاپ، تىلى گەپكە كەلمەي قالىدىغان ئادىتى بار ئىدى، رابى ۋىت - ۋىتنىڭ گىپىنى ئاڭلاپ، كوزى چانىغىدىن چىقۇدەك بولغان بولسىمۇ، ئويكىسى بوغۇزىغا كەپلىشىپ، نىمە دىيىشىنى بىلەلمەي قالدى ۋە زەردە بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تۇكۇردى.

رابى ۋىت - ۋىت بۇنى سەزمىدى، كىتىۋەردى.

شۇ ئەسنادا ئىشىك تۇۋىدە مەسئۇدىخان كورۇندى.

— مەسئۇدىخان، — دىدى قىسمەت چورۇق، — سىلىنى يەغىندا كورمەيدىغان بولدۇم، نىمە بولدى ئۇزى؟......

— تاۋىم يوق، — دىدى مەسئۇدىخان ۋە جىمجىتلا بىشىنى تۇۋەن سالدى.

— تاۋىلىرى تۇزۇلۇپ قالغانىغۇ......

— شۇنداق، تۇزۇلۇپ قالغان، ئادەمنىڭ سىجەزى بىر خىل تۇرمايدىكەن......

— گەپلەر قولاشمىدى.

مەسۇدىخان قىسمەت چورۇقنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى.

قىسمەت چورۇق ئالدىرايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۈنىمىدى ۋە:

— مەن بىر ئىشقىزلا سوراي، رابى ۋىت - ۋىت نىمە دەپ كەپتۇ؟ — دەپ سورىدى.

— يوخلاپ كەپتۇ، ئۇنى يىغىنغا قىچارماپتۇ. خاپا بولۇپ قاپتۇ......

— كىمدىن خاپا بوپتۇ شۇنچە؟......

— بىزنى يەكلىدى، دەيدۇ...... ئاينىڭ ئون بەشى ئاي-دىنك، ئون بەشى قاراڭغۇ......سۇ كېتىدۇ تاش قالىدۇ، ئوسـ كېتىدۇ قاش قالىدۇ...... خىزمەت گۇرۇپپىسى ئالتە كۈنلۈك مېھ مان...... كېلىش - پەخەش گەپلەرگە پەخەس بولسىلا دەي-دۇ...... مەن ئۇزەممىغۇ...... بۇ خوتۇن بىلەن......

قىسمەت چورۇق مەسۇدىخاننىڭ ئاق كوڭۇل، ساددا، كىم نىمە دىسە ئاسانلا ئىشىنىپ قالىدىغان ئاپال ئىكەنلىكىنى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇزىدىن ھىچنىمنى يوشۇرمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئەڭ يامىنى "گۇنا بولىدۇ" دىگەن سوزدىن قورقاتتى. رابى ۋىت - ۋىتنىڭ نەزىرىدە "گۇنا" بولىدىغان ئىشلار كوپ ئىدى. ھازىر مەسۇدىخان ئۇنىڭ "ئاپال كىشى يىغىنغا بارسىمۇ، كېلىش - پەخەش گەپ قىلىپ خەقنىڭ ئەيىۋىنى كولىسىمۇ، كادىرنىڭ سوزىنى ئاڭلىسىمۇ گۇنا بولىدۇ" دىگەنلىكىنى ئىقرار قىلدى.

ئەلۋەتتە، يىغىنغا شۇنىڭ ئۇچۇن بارمىغان بولسا كېرەك. قىسمەت چورۇق سوزدە مەسۇدىخاننىڭ ئۇتمىشىنى ئەسلىدى،

كونا جەمىيەت بىلەن يېڭى زاماننى سېلىشتۇردى، ئاندىن غەزەپلىنىپ مۇنداق دېدى:

— خىزمەت گۇرۇپپىسىنى ئالتە كۈنلۈك مېھمان دېگەن گەپمىكەن! بىز ئۆزىمىز خىزمەت گۇرۇپپىسى. بىز نەگە كېتىدىكەنمىز. دۆڭ تېخەن، چاپپاروپ، ئالماسلار رايون ھەم يېزىلىق خىزمەت ئەتردىنىڭ باشلىقلىرى، شانىياز "ياغاچ پۇشتى ماكان" كەنتى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى. يەنە قانداق مېھمان بولسۇن. خىزمەت گۇرۇپپىسى دېگەن دىخانلار جەمىيىتى. دىخانلار جەمىيىتى بولسا، سىلى بىلەن بىز...... گەپمىكەن! رابىي ۋەت-ۋەت ئېيتقان بۇ گەپلەر، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىچىدىن چىققان ئەمەس. تۆمۈر دەرۋازا ئىچىدىن چىققان. بۇنى كىم بىلمەيدۇ؟ چۈشەكەپ قاپتۇ...... مەجلىسكە بارسىلا، ئاڭلاپ باقسىلا، شۇ چاغدا نىمىنىڭ "گۇناھلىق ئىش" ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىلا...... رابىي ۋەت-ۋەتنى ھېچكىم چەتكە قاقمىدى. لېكىن، قول-ئىلكىدە يوقلارنىڭ يىغىنىغا قول-ئىلكىدە يوقلار قاتناشسۇن. ھاللىقلارغا ئۆزىگە چۈشلۇق يىغىن ئاچىمىز. مەن قىسمەت چورۇق رابىي ۋەت-ۋەتنىڭ ئېرى يۈسۈپ چوڭ بىلەن قانداق قىلىپ بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ ھەمسۆھبەتتە بولالايمەن؟...... مەندە يەلكەم بىلەن قولىقىمنى چۈمكەپ تۇرغان بورە جۇۋا بولمىغىنى بىلەن ئاق-قارىنى پەرق قىلىدىغان كۆز بار، ئىلانىنىڭ كۈشۈلدىغىنىنى سېزىدىغان يۈرەك بار. ئالدىنىش يوق، بىز ئۆزىمىز تازا بەلەن خىزمەت گۇرۇپپىسى، نىمىدىن قورققۇلۇق؟......

قىسمەت چورۇق مەسۇدىخاننىڭ ئىشىكىدىن يانغاندا، ئەل-جاھان جىمىققان ئىدى. ئۇ، مەسۇدىخان بىلەن ئۇچراشقىنىدىن

رازى بولدى. چۈنكى ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇ بىر خىل "ئائىلە سوھبىتى" بولۇپ، كادىرچە ئىش قىلغانلىق، بىر ئاچقۇ بىلەن بىر قۇلۇپنى ئاچقانلىق، كوپچىلىكنىڭ نىيىتىنى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىك ئىدى. بۇ، خىزمەت، ئەڭ مۇھىمى، مەسئۇدىخان ئۇزىگە يەنە بىر قېتىم ئىشەندى......

قىسمەت چورۇق شۇلارنى ئويلاپ، قۇربان ئاقساقالنىڭ ئىشىگى ئالدىدىن ئوتۇپ كېتىۋېتىپ، بىردىنلا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، شىرمەممەتنى ئەسكە ئېلىپ قالدى. شىرمەممەت توغرىسىدا تۈنۈگۈن يېزىلىق دىخانلار جەمىيىتىنىڭ رەئىسى توختاخۇن يىللىقچىلار سوھبەت يىغىنىدا سوزلىگەن ئىدى...... لېكىن شىرمەممەت ئۇزىنى يىللىقچى دەپ ئاتاشقا نارازى بولدى ۋە چالۋاقاپ يىغىندىن چىقىپ كەتتى......

ھازىر قىسمەت چورۇق قۇربان ئاقساقالنىڭ تۆمۈر ھالقىلىق، قوشقاناتلىق ياغاچ دەرۋازىسىغا زەردە بىلەن قاراپ، ئۇزىچە غىدۇڭشىدى:

— ساراڭ، جىن سوققان ساراڭ...... بورنى ئاتا تۇتقان نادان ئەخمەق!......

## "2 - ئۇيقۇڭنى ئاچ، شىرمەممەت!"

قۇربان ئاقساقال تۈن نىسپىدىن ئوتكەندە ھاجەتكە چىقىپ كېتىۋېتىپ، بۇلۇڭ ئوينىڭ لەمپىسىنىڭ ئاستىدا قاراڭغۇدا بىر ئادەمنىڭ دۇگدىيىپ ئولتۇرغانلىقىنى كوردى ـ دە، چوچۇپ كەينىگە داجىدى.

قۇربان ئاقساقال بۇ ئادەمنى جەزمەن ئوزىنى نازارەت

قىلىۋاتقان ئامانلىق ساقلاش ئەزاسى دەپ ئويلىغان ئىدى، لېكىن ئۇ، كۈتۈلمىگەندە "مۇھتەرەم قارى" بولۇپ چىقتى:

— ھېچ گەپ يوق، ھېچ گەپ يوق ئاقساقال، بۇ مەن،— دېدى "مۇھتەرەم قارى" ۋە ھودۇقۇپ - تەمتىرىگەن ھالدا كۆزلىرىنى ئالاق - جالاق قىلىپ ئەتراپقا قارىدى، تالاغا قولاق سالدى، — بۇ مەن، شۇ تاپتا كېلىشىم، باغنىڭ كەينىدىكى شورىدىن چۈشتۈم......

— چىراق ياقاي، قېنى ئۆيگە......— قۇربان ئاقساقال تامغىنى قىرىپ، مەزگىلسىز كەلگەن بۇ مېھماندىن بىزار بولغاندەك غۇدۇڭشىدى.

— ياق، ياق، ھاجەتسىز، — "مۇھتەرەم قارى" ئەنسىزلىك بىلەن ئېيتتى، — ياقمىسىلا بولدى. تالادا ئادەم بار...... مەن خۇپتەن نامىزىدىن يېنىپلا بۇ يەرگە كېلەي، دىدارلىرىنى تاۋاپ قىلىپ ئۆتەي دېگەن. لېكىن، بولمىدى...... كۆزەتچى نېمە دېگەن تولا...... مېچىتتا ئىستى - قۇۋمەتتە بولۇپ قالدىم......

"مۇھتەرەم قارى" ئىجارە ھەققىنى كېمەيتمىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش خىزمەت ئەترەتلىرى داغدۇغا بىلەن ياڭاقلىق يېزىسىغا يېتىپ كېلىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى، يەنى قىسمەت چوروق ئۈزىنىڭ پوپۇك - قوڭغۇراقلار بىلەن زىننەتلەنگەن ئۈچ ئاتلىق ھارۋىسىنى ئېلىپ شەھەرگە ماڭغان كۈنى يېرىم كېچە بىلەن بۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتتى. قۇربان ئاقساقال "مۇھتەرەم قارى"نىڭ نەدە يوشۇرۇنۇپ، نېمە ئىش، نېمە كويدا يۈرگەنلىكىگە ھەتتا قىزىقمىدى. ئەكسىچە، ئۇنىڭ يەنە قايتىپ كېلىپ ئۆزىنى ۋەس - ۋەسىگە سالمىغىنى ئۈچۈن خۇشال ئىدى، چۈنكى ھازىر — "گادايلار ئۇۋۇسى بۇزۇلغان ھەرىدەك قوزغىلىپ كەتكەن چاغدا" — "مۇھتەرەم

قارى" غا ھامىلىق قىلمىش ئۈياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، ئۇ مۇ-چىتلاردە ھىسامىدىن داموللىنىڭ كوزىگە قاراپ سالام بېرىشتىنمۇ ئېھتىيات قىلىپ يۈرەتتى......

مانا ئەمدى كۈتۈلمىگەندە بۇ جاناپ......

قۇربان ئاقساقال ئىچكى دىلغۇلدىلىقنى باسقان ھالدا تىزلىرى سىقىراپ، "مۇھتەرەم قارى" غا قاردى.

— يۇرت قازاندا قوماچ قورىغاندەك پاراسلاپ غەلتە بوپ-قالدى، ئەبگالار ئۇۋۇسى بۇزۇلغان ھەرىدەك قوزغىلىپ كەتتى. ئەتىلدىن ئازغان خەق مەخسۇت بەگنى دارغا ئېسىپ بەرسۇن، بويىندىن باغلاپ، ئاتنىڭ قۇيرۇغىغا سورۇتۇپ ئۆلتۈرىمىز......— دەپ ۋاقىراپ - جاقىرىشىۋاتىدۇ، — دىدى.

— ھەقىچان ھىسامىدىن داموللامنىمۇ چىشلەپ تارتىۋاتقاندۇ؟......

— ئۇنى بىر دىمىسلە. ئەمما ئاز، ئانچىلا ئەمەس...... ھەزرەت...... ئاسانمۇ، ئۇنىڭغا كىممۇ چېقىلالىسۇن......

— شۇنداق، — دىدى "مۇھتەرەم قارى" — بىزدە باشقا چارە بار......

— چارە! قانداق چارە؟......

"مۇھتەرەم قارى" بىگىز قولى بىلەن ئىما قىلىپ:

— ئاستا......ئاستاراق، — دىدى.

قۇربان ئاقساقال قانداقتۇر بىر "چارە" توغرىسىدا ئاڭلاپ، بىردىن دىدىللىشىپ قالدى:

—قېنى، ئىلتىپات قىلسىلا، ئۇيگە، ئۇيگە كىرىلى......

ئۇلار مېھمانخانىغا كىرىشتى. "مۇھتەرەم قارى" ئۇيگە كىرگەندىن كېيىنمۇ چىراق ياقماسلىقنى ئىلتىماس قىلدى.

قۇربان ئاقساقال يەنە چۈچۈپ قالدى؛

— ھەي...... ۋەس - ۋەسچىلىك، — دىدى ئۇ، — بۇ يەر-دىكى ئەبگالار ھازىر دىندىن چىقتى، قىنىدىنمۇ چىقتى،......بۇ ئىش ئۇزۇن سوزۇلارمۇ؟

— يوقسۇ، — دىدى "مۇھتەرەم قارى" بىر خىل تىترەك ئاۋاز بىلەن، — چىكى يوق ئىش بولامدىكەن؟ ھەممىسى بى-سىقىدۇ......ئاز قالدى...... كۈنچىقىش تەرەپتە قاتتىق جەڭ بولۇۋاتقانلىغىدىن خەۋەرلىرى باردۇ؟......

— بولماي! ئىمىشقا خەۋىرىم بولمىسۇن، — دىدى قۇربان ئاقساقال ھەسرەت بىلەن، — ئەمماكى، دىگەن قەرەل ئۇتۇپ كەتتىمۇ - نىمە؟......

— يوقسۇ، ئىمىشقا ئۇتۇپ كەتسۇن، — "مۇھتەرەم قارى" سەل ئويلىنىۋېلىپ ئېيتتى، — ئاز قالدى......ئىتتىپاقداشلار ئار-مىيىسى قەدىردان دوستىمىز، ئەركىن دۇنيانىڭ شەپقەتچىسى، تەڭداشسىز ئامېرىكىنى تۇغ قىلىپ، كۈرىشىنى خارابىلىققا ئاي-لاندۇرۇۋەتتى......پات ئارىدا ئىشغال قىلىندۇ، گۇمان يوق. لى-سىنمان جاناپلىرى كىم ئىرسىنىڭ پېيىنى قىرقىپ، پۈتۈن كورى-يىگە ئاتا بولىدۇ...... شۇنىڭدىن كېيىن بولسا، يالۇجياڭ، چاڭ-جياڭ، خۇاڭخې دەريالىرىدا سۇ ئەمەس، لومۇلدەپ قان ئاقىدۇ. كوممۇنىستلارنىڭ قېنى......چاڭگىنىڭ بۇزۇلۇۋاتقىنىنى كورۇۋاتاھ-لا......ھە، شۇنداق. ئاز قالدى...... شۇنداق بىر كۈن كېلىدۇكى، سۇ مىراپلىق دىگەن نىمكەن! زەرەپشان بەگلىگىمۇ قۇرۇسۇن، يۇرت سوراپ ۋىلايەتكە ئاتا بوللا......

"مۇھتەرەم قارى" ھەممە چارە بىلەن قۇربان ئاقساقالنى ئۈمىتلەندۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، شۇ تاپتا بىر پارچە نان

بىلەن بىر پىيالە قىزىق چاي ئىچىشنى شۇنچە خالايتتى.
ھەر ئۇۋەمايدىغان ئاقساقالغا تەلۈرۈپ قالغىنى، بولۇپمۇ، ئۇنىڭ "ئۆۋىسى بۇزۇلۇپ كەتكەن ھەربىدەك قوزغىلىپ كەتكەن" قارا خەلقنى پەش قىلىپ، ئوزىگە ئىلتىپاتسىزلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتقىنى ئەلەم قىلاتتى. ئەڭ يامىنى، ئوزى قۇربان ئاقساقالنى ئۇمىتلەندۇرۇپ ئېيتىۋاتقان ئاشۇ گەپلەرگە ئوزىمۇ ئۇنچەۋالا ئۇمىتۋار ئەمەس...... مەخسۇت بەگ. "ھېكمەتلىك ئۇزۇك ۋە گۈلھەسەل خېنىمنىڭ ئەقىلغا سىغمايدىغان پاجىەلىك تەقدىرى ئۇنىڭ ئۇيقۇسىن چۈشىنىكسىز ئىدى...... تاۋكادا ھەممە نىمىسىدىن ئايرىلىپ قالغان سولتەك قىمارۋازدەك، شۇ ۋەقەدىن كېيىن ئۇ پۇسكام، قاغىلىق، خوتەندە تەمتىرەپ يۈرگىنىنى ئەلەم بىلەن ئەسكە ئالاتتى...... ھەممە يەر تار — ئەندىشىلىك، بىر يەردە تۇرۇش قىيىن ئىدى...... ئەگەر ئۇ "نامازشام خىزىرىسى" نىڭ تىرىك ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنىڭ بىلەن قوشراپ تاغلىرنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر كونا گۈمبەز ئىچىدە ئۇچراشمىغان بولسا...... ئېھتىمال بۇ يەرگە ھىچقاچان كەلمىگەنىمۇ بولاتتى......خەير، بوپتۇ، نىمە چارە...... قانداقلا بولمىسۇن، ھىسامىدىن داموللا بىلەن ئالاقە باغلاش، ئابدۇللا كوك كوز داموللىمنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى يەتكۈزۈش، ئاندىن.........

"مۇھتەرەم قارى" سوز ئارىسىدا خىزمەت ئەترەتلىرىنىڭ تەركىبى، كادىرلار ۋە رەھبەرلىرى ئۇستىدە سوراپ بىلگەندىن كېيىن، قۇربان ئاقساقالدىن بۇگۈنىنىڭ ئوزىدە ھىسامىدىن داموللا بىلەن ئۇچراشتۇرۇشنى ئىلتىماس قىلدى. قۇربان ئاقساقال:

— ياق، ياق، ھەرگىز، ھازىر بۇ قانداق مۇمكىن، — دەپ ئۇنىڭ سوزىنى رەت قىلدى، — ئىجارە كىبەيتىش كادىرـ

لىرى ھازىر قۇمدەك كوپ، ھەممە يەردە شۇلار. بۇ يەردىكى ئورۇق ئەتلەرنىڭ ھەممىسى كادىرلارغا يېپىشۇېلىشتى. بىرنەچچە يۇرت كاتتىلىرىنى بىر چەتكە سۈزۈپ چىقىرىپ قويۇشتى. نىمە قىلىدىغانلىغىنىمۇ بىلگىلى بولمايدۇ. كىچىككىنە بىر سەۋەنلىكمۇ چوڭ پىشكەلچىلىككە سەۋەپچى بولۇش مۇمكىن. ئېسىلۇالغىلى ئاران تۇرىشىدۇ، ھەي...... شۇ كۈنلەردە دائىم ئاللام بىلەن سالام - سائەت قىلىشمۇ تەس بولۇپ كەتتى، تولا تەس. ئۇچراشىشقان تۈزۈك......

"مۇھتەرەم قارى" مۇ، قۇربان ئاقساقالمۇ ئېغىر پۇشۇلدىشىپ، ئۇزاققىچە ئۈن - تىنىسىز ئولتۇرۇشتى. "مۇھتەرەم قارى" شىرمەمەتنى ئەسكە ئالدى:

— شىرمەمەتچۇ، شىرمەمەت؟......

قۇربان ئاقساقال ئىشەنچىسىزلىك بىلەن قولىنى سىلكىدى:

— ھەي...... ئۇنى بىر دىمىسلە، — دىدى ئۇ، — يىغا يادىن قوپار، بالا قىرىنداشتىن دىگەندەك، بۇ لەقۋا بېشىمغا بالا بولمىسا بولىتتىغۇ، ...... كادىرلارنى كورۇپلا ئالا كوڭۇل بولۇشقا باشلىدى...... توختى بولسا، ھىلىقى رەئىس. ھە دەپ شىرمەمەتنى چوگىلەيدۇ...... ھازىر شىرمەمەتكە بىر نىمە دەپ تىنغىلى بولمايدۇ، خەتەرلىك......

شۇ كۈنى ئەتىگەنلىك چايدىن كىيىن قۇربان ئاقساقالنىڭ تومۇر ھالقىلىق ئىشىگى تۇيۇقسىز قىقىلىپ، ھويلىدا بېشىغا ئىگىز قارا تۇماق، ئۈستىگە نىمكەش قارا چىپەرقۇت چاپان كىيىپ، بېلىنى بەلۋاغدا باغلىۋالغان، پۇتلىرىدا كونا كون ئۆتۈگى بار ئىككى ياش يىگىت پەيدا بولدى. ئۇلار بەستلىك، بېجىرىم يىگىتلەر بولۇپ، ھويلىغا كىرىپلا ئەتراپقا قاراپ كىمنىدۇر ئىزدەشكە باشلىدى.

ئۇلارنى مېھمانخانا ئىچىدە تۇرغان "مۇھتەرەم قارى" بىلەن قۇربان ئاقساقال ئەينەكتىن كوردى. "مۇھتەرەم قارى":

— بۇ ئىككىسى كىم، كادىرمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— يېقىنۇ، — دىدى قۇربان ئاقساقال پىچىرلاپ، — ھەي...... تازىمۇ ئوت قۇيرۇقلىرى...... ئاۋۇ قاڭشالىغى تومۇر، بايىز خالۋاپنىڭ ئىككى تۇققان ئىنىسى. يېنىدىكىسى يېزا قازىسىنىڭ يىللىقچىسى قادىر. بۇ قادىر ئىجارە كېمەيتىش كادىرلىرى كېلىدىكەن، دىگەن گەپنىڭ تۆشىنى سىزىپلا قازىنىڭ ئويىدىن چاپىنىنىڭ پېشىنى قېقىپ قايتىپ چىقتى. قازىنىڭ دۇئاسىنى ئالالمىدى. ھارىمى...... ھازىر، بۇ ئىككىسى ئاكتىپ...... ئاكتىپ دەيدىكەنغۇ. قىسقىسى كادىرنىڭ قول-پۇتى. مەجلىسكە ئادەم قىچقىرىدىغانلار.......

شۇ پەيتتە، تومۇر بىلەن قادىر:

— ھوي ...... شىرمەممەت، بارمۇسەن، — دەپ تۇۋلاپ، شىرمەممەت يېتىپ-قوپىدىغان ئوينىڭ ئىشىگى ئالدىغا بىخرامان كېلىشتى-دە، ئىشىكتىن بېشىنى چىقارغان شىرمەممەت بىلەن نىمەندۇر دىيىشىپ، دەررۇ كەينىگە يېنىشتى.

قادىر چىقىپ كېتىۋېتىپ:

— ئاداش شىرمەممەت، ئۇخلاپ يېتىۋېرەمسەن، بولدى قوي، ئويقۇڭنى ئاچ. مۇھىم يىغىن، بارماي قالما-ھە! — دەپ جېكىلىدى.

قۇربان ئاقساقال پۇتى كويگەن توخۇدەك تىپىرلاپ، قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ، بىر جايدا تۇرالماي قالدى ۋە "مۇھتەرەم قارى"غا قارىماي تۇرۇپ غودۇڭشىدى:

— ئۇنى يەنە مەجلىسكە قىچقىرىپ كەلدى بولغاي.....

— مەيلى، بارىۋەرسۇن، — دىدى "مۇھتەرەم قارى"، — ئۇ-

نىڭ بۇ يەردە تۇرغىنىدىن ئاشۇ نىمىلەرنىڭ ئىچىدە بولغىنى تۈزۈك...... بىزمۇ جاتىرجەمرەك......

— ياقلا، — دىدى قۇربان ئاقساقال قولىنى سىلكىپ، — ئۇنداق دىگىلى بولامدىكەن، شىرمەممەت گۈلەش ھەر قېتىم مەجلىسكە بارسا، بىر يىڭى خوي چىقىرىپ كېلىدىغان بولىدى. ئەمدى بەس...... ھازىر تەركىپ ئايرىلماقتا، — دىدى قۇربان ئاقساقال، — بۇ يەردە شۇنداق بىر سىياسەت باركى، مەگەرچە ئىندە شىرمەممەت تۈزكورلۇق قىلماي مەن بىلەن ئاتا - بالا بولغانلىقىدا دەللىك تۇرالسا، مەن ئوتتۇرا دىخان، پەقەت بولمىغاندىمۇ، باي دىخان بولىمەن، باي دىخانمۇ يەنىلا دىخان؛ ئىش ئۇنداق بولمىسا، بۇ نىمىلەر ماڭا پومىشىك دىگەن قالپاقىنى كىيگۈزۈپ، ھەممە ئەسلى - ۋەسلىمنى سورۇپ تۇگەتمەكچى، دۇمبالىماقچى...... مەن نىمە، بۇ لەقۋانى يىگىرمە يىل بېقىپ، كىيگۈزۈپ كېلىمەنۇ — ۋاقتانى ۋاق كەلسە، ئىككى پۇلغا ئەرزىمىسە قانداق بولغىنى......

قۇربان ئاقساقال بۇ ئىش ئۇچۇن ئاز باش قاتتۇرغىنى يوق. يىڭى ھوكۇمەتنىڭ ساپلا كەمبەغەللەرنى يولەيدىغانلىغىنى پەملىگەندىن تارتىپ، ئۇ، شىرمەممەتكە بولغان مۇناسىۋىتىنى ئاللىقاچان ئۆزگەرتكەن...... ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش خىزمەت ئەترەتلىرى بۇ يەرگە كېلىشتىن خېلى بۇرۇنلا، كىشىلەر شىرمەممەتنىڭ ئۇستىدە يىزىنىڭ ھاللىق ياشلىرى كىيىدىغان يىپ - يىڭى چىپەرقۇت شىم - تۇجۇركا، بېلىدە يېشىل شايە پوتا، پۇتىدا ئىگىز پاشنىلىق كاپكازچە خۇرۇم ئوتۇك، بېشىدا توپىسى قارا كوك دۇخاۋا بىلەن تاشلانغان ئىگىز - ئورە كوپە تۇماق كورگەن ئىدى. كېيىن ئۇ، يامپىشىغا

سولەتلىكرەك كورسىتىدىغان زەنگەر، قاپلىق بىر يېرىم بىسلىق خەنجەرنى ئېسىپ يۈرىدىغان بولدى.

پەقەت، ئۇنىڭ يېتىپ-قوپىدىغان ئۆيىلا پات-پات ئۆزگىرىپ تۇراتتى، يەنى ھېلىقى جاناپ، — "مۆھتەرەم قارى" نىمە ئۈچۈندۇر بىر ئۆيدە ئۇزاقراق يېتىپ-قوپۇشنى خالىمايتتى، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن شىرمەممەتمۇ ئۆز ئورنىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر ئىدى......

بۇ يەردە ھاجى ئىشاننىڭ ئۇنىڭغا قانداق پەندى-نەسىھەت قىلىدىغانلىقىنى تەكرارلاشنىڭ ھاجىتى يوق. لېكىن، قۇربان ئاقساقال ھېلىقى بىر قېتىم ئالماس بۇ ئۆيگە تۇيۇقسىز كىرىپ، شىرمەممەتتىن ئاسماتچىلاپ ھال سورىغاندا، شىرمەممەتنىڭ "مەن بۇ ئۆيدە يىللىقچى ئەمەس، ئاتا-بالا بولۇشقان!" دەپ بەرگەن جاۋاۋىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنى شۇ جاۋاپ سۆزىگە قاتتىق ئىشەندۇرۇشكە تىرىشقانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويىمىز، خالاس.

شۇ سەۋەپلىك قۇربان ئاقساقال ھەر بىر سۆز-ھەركىتىدە شىرمەممەتنى "مەن بۇ ئۆينىڭ ئىگىسى" دەپ ھېس قىلدۇرۇشقا تىرىشاتتى ۋە پات-پات شىرمەممەت ئۇنىڭ ئېغىزىدىن:

— قېنى ئوغلۇم، بىزگە يەنە ئاش-نان كېرەك. تېرىلغۇ پەيتى يېقىنلىشىپ قالدى، ئېغىلنىڭ قىغىنى چىقارغاچ تۇرىمىزمۇ؟......

— ھە، شىرمەممەتجان، سېنىڭچە قايسى ئېتىزغا كۆزگى بۇغداي تېرىساق بولار، ئازراق تېرىپ، يەرنى كۆپرەك ھاردۇق ئالدۇرغان ياخشىمۇ دەيمەن......

— ھە، ئوغلۇم، سەن ئۆزەڭ ئىگە بولۇپ بىر ئىش قىلغىن، ئىشنى نەدىن باشلاشنى ئۆزەڭ بىر نىمە دېگىن......

— ئال بالام، مانا بۇ پۇلنى يېنىڭغا سېلىپ قوي،

ئۆي سېنىڭ. بازارغا بارغاندا چاي - تۇزنى ئۇنتۇما ......— دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلايتتى.

قۇربان ئاقساقالنىڭ قىزى ئايتۇراخان بولسا، ئۇزىنىڭ ئويناپ تۇرىدىغان كۆزلىرى، لېغىرلاپ تۇرغان كۆكرەكلىرى ۋە سېمىز كاسا - پاچاقلىرى بىلەن رام قىلىپ، ئۇنى قولدىن چىقارمايتتى؛ ھەرقانداق پۇرسەتنى تېپىپ شىرمەممەت بىلەن بىللە بولاتتى. ئەكىلەيتتى......

بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى "ياڭاق پۇشتى ماكان" كەنتى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى شانىياز سىنىپىي تەركىپنى ئايرىش سىياسىتىنى ئۇگىنىش، مۇزاكىرە قىلىش ئەھۋالىنى خۇلاسىلەپ، ھەركىم ئۇزىنىڭ سىنىپىي تەركىۋى ۋە سىنىپ ئىچىدىكى مەۋقىنى سىياسەت بويىچە بەلگىلەپ چىقسا بولىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بىرمۇنچە كىشىلەر پىكىر بايان قىلىپ، ئۇزىنى سىياسەت ۋە سىنىپىي تەركىپنى ئايرىش ئولچەملىرىگە سېلىشتۇرۇپ، ئۇزىنىڭ تۇتقان ئورنىغا قاراپ، ئۇزىگە بەزى سىنىپىي تامغىلارنى باستى.

— مېنىڭ نەق ئەللىك مو يېرىم بار، — دەپ ئۇز نۇۋىتى بويىچە قۇربان ئاقساقال سۆز ئالدى، — بىر قوش ئۆي - كالام، بۇقۇسا - سورەم، كەتمەن - گۇرجەك، ئوغاق - كەكە، ئاغامچا - توقۇناق...... ئۆز ئېھتىياجىمغا يېتىدۇ. ئائىلەمدىكى ئۈچ جان كىشىنىڭ ھەممىسى تولۇق ئەمگەك قىلىدۇ. ئوغلۇم شىرمەممەت بىلەن قىزىم ئايتۇراخان ئېتىز ئىشى بىلەن بەنت. قىش - ياز ھەمىشە ئېتىزدا، پىقىر بولسا، قېرىنداشلارغا مەلۇمكى، دېخانچىلىقنىڭ ئېپى - جېپىغا تازا پىششىقىمەن، ئەمگەك قىلغاچ، يۇرتداشلار ئۈچۈن جاپا چېكىپ سۇ ياقىلايمەن — مىراپ. بۇمۇ ئەم-

گەك. ۋاقىت - سائىتى يوق ئېغىر ئەمگەك. لېكىن، قاتىلاڭچىلىق چاغلاردا ھەر يىلى بەش - ئون كۈن خوشنا - خولۇملار بىلەن لاپقۇتلىشىمەن. لاپقۇتقا - ئاپقۇت قىلالماي قالسام، جىمكى ئاۋامغا ئاياننىكى، تولۇق ھەق تولەيمەن، خەقنىڭ مەندىن ئالىدىغىنىمۇ، مېنىڭ خەقتىن ئالىدىغىنىممۇ يوق...... شۇنداق قىلىپ، سىياسەتـ- كە سېلىشتۇرۇپ ئۆزەمنى دەڭسەپ كورسەم، مەن جىك ئەللىكـ- سەر ئوتتۇرا دىخان بولىدىكەنمەن، ئارتۇق - كېمى يوق ئوتتۇرا دىخان......

كوپچىلىك پاراخ - پاراخ قىلىپ كۈلۈشۈپ كەتتى:

— سىنىڭ ئوتتۇرا دىخان بولغىنىڭ قانداق، بىكار گەپ، — دىدى ئاق مالخاي كىيۋالغان قىسمەت چورۇق غەزەپـ- لىنىپ، قۇربان ئاقساقالغا تىكىلگىنىچە، — مەن قىسمەت چورۇق سىنىڭ ئۆزەڭ تۇگۇل، سايەڭگىمۇ سەپسىلىپ كېلىۋاتىمەن سىياسەت دىگەن تىغدىن ئۆتتىك، قىلدىن ئىنچىكە نەرسە، سىـ- ياسەت، مەن قىسمەت چورۇق كېسىپ ئېيتىمەنكى، مىزان، تۈينەـ- شىپ بولامدىكەن!...... سىياسەت شۇكى، سەن قىل سىغمايدىـ- غان پومىششىك. سىنىڭ يىرىڭ نەدىكى ئەللىك مو بولسۇن. ئەللىك مو ئەمەس، نەق يۈز بەش مو. سەن دەۋاتقان ئەللىك مو يەر سەن ئۆزەڭ مەشەدە باشقۇرۇۋاتقان يەر. بادامىلىق، ماجانتال، كوكقومدىكى ئىجارە يىرىڭچۇ؟......

— ئۇ يەرلەرنى مەن ئالە - ئال، تىرىۋال دەپ خەقلەرگە بىرىۋەتكەن، — دىدى قۇربان ئاقساقال.

بايىز خالۋاپ ئېيتتى:

— بىرىۋەتكەن بولساڭ، ئازاتلىقتىن كىيىن بىرىۋەتتىڭ، بىرىۋەتكىنىڭ راست. لېكىن، بىر ئادەمنىڭ سىنىپى تەركىۋىنى

بېكىتىشتە بىز ئۈچ يىلنى ئۆلچەم قىلىمىز، يەنى 47 - يىلدىن 49 - يىلغىچە ئۈنىڭ ئىقتىسادىي ئورنى، تاپقان كىرىمىنىڭ ھالال - ھارىمى قانچىلىك، خەقنى قاقتى - سوقتى قىلغانمۇ ياكى ئۆزى دەپسەندە قىلىنغانمۇ، مۇشۇنىڭغا قارايمىز. سەن قانداق قىلىپ، نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئەللىك بەش مو ئىجارە يەرنىڭ يۈز تاغارلاپ ئىجارە ئاشلىغىنى قولۇڭنى قاپارتماي، پەشانەڭدىن تەر ئاققۇزماي ھەر يىلى سەرلەپ - مىسقاللاپ تولۇق ئالغان تۇرۇقلۇق، ئۇ يەرلەر مېنىڭ دەپتىرىمدە يوقتى، دېيەلەيسەن؟ ......

— ئەمدى لاپقۇتلىشىش دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، — دېدى بولۇۋاتقان گەپلەرگە زەن قويۇپ ئولتۇرغان توختاخۇن — بۇ ئىش بىزدە بار، زەرەپشانلىقلارنىڭ كۆپچىلىكىمىز لاپقۇتلىشىپ، بار - يوقىنى ئوتتە - يېرىم قىلىشىپ، بىر بىرىمىزگە دەگۆزە بولۇپ دېخانچىلىق قىلىمىز. دەرۋەقە بۇ بار ئىش. ئەمما، قۇربان ئاقساقال سېنىڭ لاپقۇتلىشىمەن دېگىنىڭ يالغان. سەن بىلەن مەن مۇشۇ ئالەمگە ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ، بىر بىرىمىزنى يېتەرلىك بىلىشىمىز. سېنىڭ ئۆيۈڭدە شىرمەممەت پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى كەم دېگەندە ئىككى يىللىقچى ئۈزۈلمەيتتى. شىرمەممەت ساڭا بالا بولۇپ كىرگەندىن كېيىن يىللىقچىدىن بىرسىنى كېمەيتتىڭ. مۇشۇ يېقىنقى گەپنى ئېيتايلى، ئاسىم ئەپەندى بۇ يەرگە كەلگەن يىلى ماجانتالىق مەھەممەت، ئېلىقۇلنىڭ دادىسى سوپۇرگە ئاخۇن ئىتقا تالىتىپ ئولتۇرۇلگەن يىلى كوكقوملۇق ئوسمان، ئالدىنقى يىلى مەكتىلىك سەمەتلەر سېنىڭ ئۆيۈڭدە يىللىقچى بولۇپ تۇرغان ئەمەسمۇ. بۇ، ئازاتلىقتىن ئىلگەرىكى ئۈچ يىلدىكى يىللىقچىلار ئەمەسمۇ؟ ......

ئوتتۇرىغا چۈشكەن گەپلەرنى خاتىرىلەپ ئولتۇرغان لەيلە-گۈل قۇربان ئاقساقالغا قاراپ سورىدى:

— قانداق، بۇ ئۈچ يىللىقچى توغرىسىدا سىزنىڭ باشقا گېپىڭىز بارمۇ؟......

قۇربان ئاقساقال:

— ئۇ، ئۇ......مەن ھەق تولىگەنمەن، بىكارغا ئىشلەتتىم-مۇ؟ — دەپ نالىغان بولسىمۇ، لېكىن، پاكىتتىن قېچىپ قۇتۇلال-مىدى، ئىقرار بولىدى.

كىشىلەر ئۇنىڭ، خوتۇنىنىڭ، قىزىنىڭ ھېچقاچان ئەمگەك قىلمايدىغانلىقىنى، يەل بويى يۈز ئەللىكتىن ئىككى يۈزگىچە كۈنلۈكچى، ئايلىقچى يالالاپ ئىشلىتىدىغانلىقىنى، قوش كالىسىنىڭ، ئۆزى دېگەندەك بىر جۈپ ئەمەس، تۇلۇق ئۈچ جۈپ ئىكەنلىكى-نى ۋە ئىجارە كىرىملىرىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەتىياز سې-رىقتالچىلىق ۋاقتىدا ھەر يىلى بىر-ئىككى يۈز چارەك جازانە ئاشلىغى تارقىتىپ كۈزدە بىرنى ئىككى قىلىپ يىغىۋالىدىغانلىقى-نى، سىراپلىق قىلىش جەريانىدىكى پارىخورلۇقىنى...... دەلىل ئىسپاتلار بىلەن بىرمۇ-بىر ھىساپلاپ كورسىتىشتى......

— ئەمدى شىرمەممەت مەسىلىسىگە كەلسەك، — دىدى توختاخۇن غەزەپلەنگەن ھالدا، — ئۇ قانداقمۇ سىزنىڭ بالاڭ بولسۇن؟ قۇلاق سال، — مەن ئېيتىپ بېرەي......

توختاخۇن شىرمەممەتنىڭ پۈتۈن تارىخىنى ھىكايە قىلىپ سۆزلەپ بەردى ۋە ئاخىرىدا:

— سەن ئۇنى دەسلەپ ئالدىدىڭ، ئايتۇراخاننى بەرمەكچى بولدۇڭ، كېيىن ئۇنى ئولتۇرۇپ قۇتۇلماقچى بولدۇڭ، ئەپلەشمە-گەندىن كېيىن ئۇنى كۆچى ھالال، ئۆزى ھارام مەخلۇققا ئاي-

لاندۇرۇپ، ئىت ـ ئىشەك ئۇرنىدا ئون نەچچە يىل ئىشلەتتىڭ. ئازاتلىق بىلەن تەڭ ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردىڭ...... مانا ئەمدى ئۇنى قايتۇرۇپ يەنە "ئوز بالام" دەۋالدىڭ، بىز بۇنى بىلمەيـ ـمىزمۇ؟ — دىدى.

— ياق، ياق، خۇدا بىر، شىرمەممەت بىلەن مىنىڭ ئاتا ـ بالا بولۇشقانلىقىمىز توغرىسىدا خەت بار، موھۇرلۇك خەت بار، — دەپ چالۋاقىدى قۇربان ئاقساقال.

— بولسا بولغاندۇ، جىنايىتىڭنى يوشۇرۇش ئۈچۈن سىنى ئۇنچىلىك ئىشنى قىلمايدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ ئوسۇرۇق گەپ! — دىدى يىزا قازىسىنىڭ يىللىقچىسى قادىر.

— خەت دىگەننى قەلەم بىلەن پۈتىدىغان نەرسە، — دىدى بايىز خالۋاپ تىل خەت ئۈستىدە توختىلىپ، — ئۇنىڭ كارايىتى چاغلىق. لىكىن، يەنە بىر خەتمۇ بار...... شىرمەممەتنىڭ دادىسىدىن مىراس قالغان ئىككى مولۇق باغ، ئۈچ ئېغىزلىق ئۆيىنى "جىن سوقاندا داۋالاتقىنىم ئۈچۈن، ماڭا بىرىپ گۇنا ـ دىن ساقىت بول" دەپ شىرمەممەتتىن ئالغان تىل خەت. مانا بۇسى توغرا، ئېنىق تىل خەت، بۇنى كىم بىلمەيدۇ؟

— دۇنيادا قايسى ئاتا ئوز بالىسىنىڭ يەر ـ ئۆيىنى تىل خەت ئېلىپ ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدۇ؟ مۇشۇنىمۇ ئاتا ـ باللىق مۇناسىۋەت دىگىلى بولامدۇ؟ دىدى توختاخۇن غەزەپلىنىپ، — شىرمەممەت ساڭا بالا ئەمەس، سىنىڭ ئۆيىڭدە بىر ئومۇر رىيازەت چەككەن قۇل، سەن ئۇنىڭ قان ـ تەرىنى شورۇاپلا قالماي، بەلكى، ئۆيـ ـمۇلكىنىمۇ تارتىۋالدىڭ، بۇنى كىم بىلمەيدۇ؟...... مۇشۇنداقىمۇ بوزەك قىلىش، زورلۇق قىلىش بولامدۇ؟......

قۇربان ئاقساقال تىترەپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ شىرمەممەتكە

قانداق ۋاپادارلىق قىلغانلىقىنى سوزلىدى ۋە يىغىن مەيدانىنىڭ بىر چېتىدە بېشىنى سىلىپ ئولتۇرغان شىرمەممەتكە ئىشتىك قارىدى:

— ئەنە، ھەقدا ئوزى ئولتۇرۇپتۇ، ئوزى سوزلىسۇن، مەن ئاتا - بالا بولۇشمىغان دەپ ئوزى ئېيتىپ باقسۇن، بويىنۇم قىلدا باغلاقلىق! ......

يىغىن مەيدانىدا ئولتۇرغان يۈزچە ئەر - ئايال، چوڭ - كىچىك دېخان "يالت" قىلىپ شىرمەممەتكە قارىدى:

— شىرمەممەت ئېيت، ھەممىنى ئاڭلىدىڭغۇ؟ ......

— شىرمەممەت، قورقۇۋاتامسەن؟ ......

— شىرمەممەت، قېنى بىر ئەرلىك قىلىۋەتكىنە؟ ......

— ھوي، نىمە، سېنى يەنە جىن سوقتىمۇ؟

— قورقما، بىز بار، دېخانلار جەمىيىتى بار؟ ......

— ............

لېكىن، شىرمەممەت گەپ قىلمىدى، كوپچىلىكتىن كوزىنى قاچۇرۇپ، بېشىنى ئىچىگە تىققىنىچە بىر پەس پۇشۇلداپ ئولتۇردى - دە، نىمىدىندۇر چوچۇگەندەك ئىشتىك ئورنىدىن تۇرۇپ، لوڭ - لوڭ دەسسەپ تالاغا چىقىپ كەتتى.

— ئەنە، ئەھۋال شۇ، — دىدى قۇربان ئاقساقال غادىيىپ، — ئۇنىڭ گەپ قىلمىغىنى بىز ياغ بىلەن گوشتەك ئاتا - بالا بولۇشقان دىگىنى ئەمەسمۇ؟ ......

شۇ گەپ بىلەن تەڭ يىغىن بىردىنلا غەزەپ بىلەن ۋاراقلاپ قاينىدى. بەزىلەر ئۇنىڭ مىراپلىق ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ قىلغان زورلۇق - زومبىلىقلىرىنى پاش قىلسا؛ بەزىلەر ئۇنىڭ مەخسۇت بەگكە قول - چوماق بولۇپ، قامچىسىنىڭ ئۇچىدىن قان

تېمىتقان جىنايەتلىرىدىن غەزەپلىنىپ شىكايەت قىلدى. بىر مۇد-
چە دېخانلار ئۇنىڭ شىرمەممەتنى ئالداشتىكى قۇۋلۇق-شۇملۇق-
لىرىنى پاش قىلىۋەتتى......

— مەن قىسمەت چورۇق بىللا گەپ قىلىمەن، سېنىڭ
تونىگىنىمۇ بىللا يېچىمەن، — دېدى قىسمەت چورۇق دەس ئور-
نىدىن تۇرۇپ، — سەن قۇربان ئاقساقال زومىگەر مەخسۇت
بەگكە يېتىشەلمىسەڭمۇ، سەنمۇ شۇ بورە تۇپىدىكى بىر ئانا بورە.
بۇگۇن ھەممىمىز كوزۇڭچە ھەممىنى ھېساپلاپ كوردۇق، خاتاسى
يوق. سېنىڭ تەئەللۇقاتىڭ، يەپ-ئىچكىنىڭدە ئوزەڭنىڭ ئەمگە-
گىڭدىن كەلگەن ھېچنىمە يوق، ھەممىسى دېخانلارنىڭ قان-
تەرىدىن كەلگەن. شۇڭا سەن كەم-كۇتىسىز پومىششىك، سېنى
پومىششىك دەپ ئېلان قىلىشقا بىز ھەقلىق!......

قۇربان ئاقساقال ئوزىنىڭ سىنىپىي تەركىۋىنىڭ "پومىششىك"
قىلىپ ئايرىلغىنىغا قوشۇلىدى، شىرمەممەتنى ئوز بالا، ئوزىنى
كوپچىلىك ئۇچۇن جاپا چەككەن ئەمگەكچىمەن دېگەننى ئەزۋە-
لەپ، غىدۇڭشىدى.

خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى شانىياز قۇربان ئاقسا-
قالنىڭ ئائىلە تەركىۋى ۋە ئوزىنىڭ تەركىۋىنى خۇلاسىلەپ:

— ئايرىلغان تەركىپ بىر ئادەمنىڭ سىنىپىي تامغىسى. ئۇنىڭدا
ئاساسەن شۇ ئادەمنىڭ ئىقتىسادىي ئورنى، ئىگەللىگەن ئىشلەپچىقىرىش
ۋاستىلىرى، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ تاپقان كىرىمىنىڭ مىقدارى ئولچەم
قىلىنىدۇ. بۇ ھېساپ تەل-توكۇس قىلىندى. جامائەتنىڭ قارارى
قۇربان ئاقساقالنىڭ ئائىلىسى پومىششىك ئائىلە، ئوزى پومىششىك
ئونسۇر. قۇربان ئاقساقال ئوزىنىڭ تەركىۋىنى سىياسەت-ئولچەم-
لەرگە توغرا كەلمەيدۇ، دەپ قارىسا، يېزىلىق، رايونلۇق خىز-

مەت ئەتىردىكى رەھبەرلىكى، ھەتتا، ناھىيە-ئولكىگىچە ئەرز قىلسا بولىدۇ، — دەپ ئېلان قىلدى ......

شىرمەمەت بايا قۇربان ئاقساقالنىڭ ئۆزىنى گۇۋا-شاھىتلىققا تارتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئالدىراپ يىغىن ئورنىدىن قايتىپ چىققاندا، ئۇنىڭ ئارىسالدا بولۇپ تۇرغان روھىي ھالىتىنى بايقاپ، بىر كادىر كەينىدىن چىققان ئىدى:

— بىز سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى تولۇق ئىگەللىدۇق، — دېدى كادىر، — سىز ئېغىر كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرگەن، ئەۋزەل يەت تارتقان ئادەمسىز. پاكىت-پاكىتلىغىچە قالدۇ. قۇربان ئاقساقالنىڭ سىزنى ئۆز بالام دەپ تۇرۇشىدا مۇددىئا بار. ئۆزىنى ئەمگەكچى ئائىلىسى قىلىپ كۆرسەتمەكچى. لېكىن، پاكىتنى يوشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، سىنىپىي قېرىنداشلىرىڭىزنىڭ قەلبىنى چۆشىنىڭ. ئىت كاللىسى بىلەن قوي كاللىسىنى بىر قازاندا قايناتقىلى بولامدۇ؟ بورىنىڭ قوزىغا ۋاپادارلىق قىلىشى سەۋەبسىز ئەمەس. سىز ئۆيىڭىزنى ئېچىڭ. بوادى، غەپلەت ئۇيقۇسى مۇشۇنچىلىك بولسا بولىدى ......

كادىر شىرمەمەت بىلەن كوپرەك سىردىشىش مەقسىدىدە ئۇنى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئىشخانىسىغا تەكلىپ قىلدى. ئەمما شىرمەمەت نىمىدىندۇر چوچۇگەندەك بولۇپ، ئەتراپقا ھولۇقۇپ قارىدى-دە:

— ياق، ياق، مەن كېتەي، كېتەي، مەن، مەن ......، — دېگىنىچە، كادىردىن ئايرىلىپ، ئالدىراپ ئۆز يولىغا كەتتى.

شۇ كۈنى كۈن ئېگىلگىچە شىرمەمەت ۋەس-ۋەسىلىك ئېغىر خىياللار بىلەن چۇلغىنىپ، دەريا ياقىسىدا، "خۇدالىق مەد-

رىس"نىڭ كەينىدىكى زەراتكالىقتا ۋە يېزا گۆزىرىنىڭ ئەگ-
رى كوچىسىدا مەقسەتسىز ئايلىنىپ يۈردى. كىشىلەر ۋاراڭ-
چۇرۇڭ قىلىشىپ يىغىندىن قايتقاندا، ئۇ، گويا كوڭلىدىكى ئېغىر
تۈگۈچنىڭ سىرىنى يېشىشكە نىيەت قىلغاندەك، قوللىرىنى ئۇۋۇ-
لاپ، يېزا گۆزىرىدىن ئۇدۇل يېزىلىق دىخانلار جەمىيىتىنىڭ
رەئىسى توختاخۇننىڭ قەغەز پەنجىرىلىك ئۆيى تەرەپكە قاراپ
يول ئالدى، لوڭ - لوڭ قەدەم تاشلاپ، توختاخۇننىڭ مەھەللىسى-
گە بۇرۇلدى.

دەل شۇ يەردە ئۇنىڭ بىلىگىنى كەينى تەرەپتىن يۇمشاق
بىر قول كېلىپ تۇتتى.

شىرمەمەت بۇرۇلۇپ، كەينىگە قاراپ ئايتۇراخاننى كور-
دى. ئايتۇراخان:

— شىرمەمەت ئاكا، بېشىڭ قايدىمۇ، نەدىكى گەپلەرگە
ئىشىنىپ قالدىڭمۇ؟ دادامدىن كوڭلۇڭ قالسا، مەندىنمۇ كوڭ-
لۇڭ قالدىمۇ؟ ...... — دېدى.

ئايتۇراخان بىر تەرەپتىن نازلىنىپ، يەنە بىر تەرەپتىن
كوز يېشى توكتى، شىرمەمەتنىڭ يېڭىدىن تۇتۇپ، ئوي تەرەپ-
كە تارتتى ......

شىرمەمەت شۇ كېچىسى ئۇخلىيالمىدى، يىغىندا بولۇنغان
گەپ - سوزلەر، كادىرنىڭ مېھرىۋان چىرايى، مەسلىھەتى، توختا-
خۇننىڭ ئۇنىڭ بالىلىق، ياشلىق ۋە ئەۋزىيەتلىك كۈنلىرى توغ-
رىسىدا جامائەت ئالدىدا سوزلەپ بەرگەن ھەققانى، ئېنىق
ھىكايىسى ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆزۈلمەس بىر دولقۇن پەيدا قىلغان
ئىدى. ئۇ سەھەرگە يېقىن ئورنىدىن تۇرۇپ ھاجەتكە چىقتى،
قۇربان ئاقساقال يېتىپ - قوپىدىغان ئويىنىڭ دەرىزىسى ئالدىدىن

ئوتۇپ كېتىۋېتىپ، ئۇي ئىچىدىن تۇيۇقسىز ئايتۇراخانىنىڭ ئاۋا-
زىنى ئاڭلىدى:
— مەن سىلىنى دىمىسەم، بۇ پىتىلىقنىڭ كوزىگە قاراپ
نىمە كەپتۇ، چىرايلىقلىقىنا ئىككى ئېغىز سوزى يوق. گۇلەش سا-
راڭ، قارىسام كوڭلۇم ئېلىشىپ قۇسقۇم كېلىدۇ......
نا تونۇشراق بىر ئاۋاز ئاستا ئاڭلاندى:
— سەۋرى قىلىڭ، ۋەزىيەت شۇنداق، ئالتۇن-كۇمۇش
بىلەن زىننەتلەنگەن پوچتا، مەپىلەردە سەيلى قىلىدىغان چاغلار
كېلىدۇ، قەشقەرگە ئېلىپ كېتىمەن...... ھەرگىز بىلىندۇرمەڭ......
پومىششىك دىگەن بولسا دەۋەسۇن...... بىزگە ھازىر ۋاقىت
كېرەك...... ئۇنى زادى قولىدىن چىقارماڭ...... ۋاقتانى ۋاق
كەلسە، ئۇنىڭ جايى جەھەننەم......
شىرمەمەتنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى، بوغۇزىغا بىر نە-
مە كەپلەشكەندەك نەپىسى قىسىلىپ كەتتى. كېينىكى گەپنىڭ
ئۇزىگە تالىق ئىكەنلىكىنى سېزىپ، غەزەپ بىلەن مۇشتۇمىنى
تۈگدى ۋە بايا ئايتۇراخانىغا ئەگىشىپ يولدىن يانغىنىغا، توختا-
خۇننىڭ ئۇيىگە بارمىغىنىغا ئېچىندى.
شىرمەمەت ئالدىراپ ھاجەتخانىغا چىقىپ، قايتىپ كىرد-
ۋاتقىنىدا، ئاتخانىسىنىڭ ئالدىدىكى قورۇق چەللە ئاستىدا تۇيۇق-
سىز "مۇھتەرەم قارى" بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.
شىرمەمەت ھاڭ-تاڭ بولۇپ، چەكچىيىپ "مۇھتەرەم قا-
رى"غا قارىدى، "مۇھتەرەم قارى"نىڭ بۇ ئۇيدە ئىكەنلىكى ئۇ-
نىڭ ئۇخلىسا چۇشىگە كىرمەيتتى، چۇنكى، قۇربان ئاقساقال ئىجارە
ھەققىنى كېمەيتىش ئەترەتلىرى بۇ يەرگە يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرىلا:
— "مۇھتەرەم قارى" بەلەن ئادەم، ئۇيىمىزدىكى چىراق

ئىدى، ئەمما، تائەت-ئىبادەت قىلىش قەرەلى پۈتۈپ، ئۇ ئۆز قوۋۇمى-قېرىنداشلىرى قېشىغا قايتىپ كەتتى، — دەپ ئۇقتۇرغان ئىدى......

”ھە، دېمەك، بۇ جاناپ بار ئىكەن-دە! بايىقى گەپ مۇشۇ جاناپنىڭ ئاغزىدىن چىققان ئىكەن-دە!...... ھاجى ئىشان سېنىڭ ئايتۇرا بىلەن بولغان ناشايان ئىشىڭنى كۆرۈپ تۇرۇپ، مېنى ”كۆزۈڭگە شۇنداق كۆرۈنۈپتۇ“ دەپ پەسكەيگە چۈشۈرگەن. ھەممىسى يالغان...... ئايتۇرانى قەشقەرگە ئېلىپ كەتكىنى كەلگىنىڭمۇ، خەپ، توختا......“

شىرمەمەت ئۆز خىيالىنىڭ ئاخىرىغا يەتكىچە، ”مۆھتەرەم قارى“ ئۆز ھودۇقۇشىنى بېسىپ:

— ھە، ھە، شىرمەمەتجان، ئۇكام، ئۇچرىشىپ قالدۇق-دە، مەن ساڭا شۇنداق كۆپ دۇئالارنى قىلدىمكى، خۇدا راۋا كۆرسە، بىز ئىككى خالىس مۇخلىس......، — دەپ ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تۇتتى.

ئەمما، شىرمەمەت ”مۆھتەرەم قارى“نىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىمايلا ئۆزىنى تارتىپ، لوك-لوك دەسسەپ مېڭىپ ئۆز خانىسىغا كىرىپ كەتتى.

”مۆھتەرەم قارى“ ئۆز ئورنىدا قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى......

ئەتىسى تاڭ سۈزۈلۈش بىلەنلا قۇربان ئاقساقال شىرمەمەتنىڭ بۇلۇڭ ئۆينىڭ ئىشىكىدىن بېشىنى تىقىپ:

— تۇر ئوغلۇم، ئېزىلەڭگۈ بولما، مېھمانخانا ئۆيگە چىققىن، — دەپ قىچقاردى.

شىرمەمەت بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن، چالا-پۇلا كىيى-

ىلىپ، جۇۋىسىنى مۈرىسىگە تاشلاپ، ئېرەڭسىزلىك بىلەن ھويلىغا چىقتى. دەرۋازا تەرەپتە قۇربان ئاقساقال تاھارەت ئېلىۋاتاتتى. ئايتۇراخان بولسا، باتقا چىقىدىغان ئىشىك تەرەپتە قارا ئىمچەسىنى يېپىنغان ھالدا ئىمىشقىدۇ جىمجىت ئۆرە تۇراتتى.

شىرمەممەت بىر خىل خۇشياقماسلىق بىلەن بوينىدىن سوردەگەندەك مېھمانخانا ئۆيگە قاراپ ماڭدى.

ئۇ، مېھمانخانا ئۆينىڭ زەگىنىدىن پۇتىنى ئېلىپ ئۈلگۈرۈش بىلەنلا، ئىشىك غاچ قىلىپ يېپىلدى ۋە "مۆھتەرەم قارى" زەدەجىرنى ئىچىدىن ئېلىپ قويدى.

شىرمەممەتنىڭ ئۆيگە كىرىپ كۆزى چۈشكىنى قىپ-قىزىل گىلەم ئۈستىدە كاناپ داستىخان تۇپىسىدە تۇرغان ئىككى بىسلىق خەنجەر، تۇغاچ نان، ئۇزۇن ساپلىق قارا تاپانچا ۋە ئالتۇن ھەل بىلەن يېزىلغان، ئوتتۇرىسىدىن ئىككى تەرەپكە قايرىپ بەتلىرى ئېچىپ قويۇلغان "قۇرئان" بولدى.

شىرمەممەت بىر خىل گاڭگىراش بىلەن ھودۇقۇپ، ئىتتىك "مۆھتەرەم قارى"غا قارىدى. "مۆھتەرەم قارى"نىڭ چوڭ يۇمزلاق ساغۇچ كۆزلىرى بورە كۆزىدەك پار-پار قىلىپ يېنىپ تۇراتتى:

— ئولتۇر، تىزلان! — دىدى ئۇ كۇتۇلمىگەندە شىرمەممەتكە چەكچىيىپ.

شىرمەممەت سۆپىنىڭ گىرۋىگىگە ئولتۇردى، لېكىن، تىزلانمىدى. "مۆھتەرەم قارى" كاناپ داستىخان ئۈستىدىن تاپانچىنى قولىغا ئالدى، شىرمەممەتنىڭ كۆزىچە، يانچۇقىدىن ئېلىپ ساپ-سېرىق بىر دېسكا ئوقنى شاراقلىتىپ تاپانچىغا باستى. ئاندىن بورە كۆزلىرىنى شىرمەممەتكە قاداپ:

— سەن بەغەرەز، مۇخلىس، ئۆزەڭنىڭ نىمە سەۋەبلىك ئوتكۈزگەنلىگىڭنى، كوڭلۇڭگە شەيتان قانداق ئوۋا تىزغانلىغىنى بىلەمسەن - ھە؟! — دىدى.

شىرمەمەتنىڭ كوزلىرى پارقىراپ كەتتى...... بۇ كىم، "مۇھەببەت" نىڭ ئوزى شۇمۇ - ھە؟...... ئوزىگە ھەممىشە ئاچايىپ قىزىق، سېھىرلىك چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرىدىغان، ئىلتىپات - تەكەللۇپ بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان دىيانەتلىك قارى - خالىس مۇخلىس شۇ ئەمەسمۇ - ھە؟...... بۇگۇن...... شۇ تاپتا ئۇ......

شىرمەمەت ئوزىگە تەڭلەنگەن تاپانچا بىلەن خەنجەرنى كورۇپ، ئىختىيارسىز كەينىگە داجىپ تامغا چاپلىشىپ قالدى......

## 3 . زەرەپشاننىڭ غەزىۋى

باش باھارنىڭ سەلكىن شاماللىرى زەرەپشان يېزىلىرىنى ئارىلاپ - كېزىپ يۇرمەكتە، قىش سوغاقلىرىنى يۇرت ئىچىدىن ئاستا - ئاستا قوغلاپ - سۇرۇپ چىقارماقتا......

ئاپپاق قار بىلەن قاپلانغان كوئېنلۇن تىزمىلىرى قامەتلىك بەستى بىلەن كوزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. زەرەپشان دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرى تېخىچە كوپ - كوك مۇز بىلەن ئۇيۇپ ياتاتتى. بىراق، باش باھار قۇياشى ئوزىنىڭ ھاياتبەخش ئىسسىق تەپتى بىلەن مۇزلارنى ئېرىتمەكتە، مۇز ئاستىدا ئېقىۋاتقان دەريا سۇيى تاشقىن بولۇپ، ئۇستىنى قاپلاپ تۇرغان مۇزلارنى غاراسلىتىپ سۇندۇرماقتا، پارچىلىماقتا، سۇرۇپ - توقاي قىلىپ، ئوزىگە راۋان يول ئاچماقتا ئىدى......

كۈن ئېگىلگەن چاغ. ھاۋا سوغاق ۋە ئازراق شامالىلىق

ئىدى. جاپپاروپ ماجانتال كەنتىدىن قايتىپ، دەريا قول-تۇق ھاسىل قىلىپ ئەگىپ ئاقىدىغان دوقمۇشتىكى ئارام بويىغا كەلگەندە، كوكقۇم كەنتى تەرەپتىن كېلىدىغان ·· يول ياقىسىدىكى توغراقلىق ئورمان تەرەپتىن دۆڭ تېخەن چىقىپ كەلدى.

جاپپاروپ دۆڭ تېخەننى كۆرۈپ توختىدى، كېزىت قەغىزىنى ئۈچ بۇرجەك يىرتىپ، ئەسكەرچە قىلىپ تاماكا ئورىغاچ ئۇنى كۈتتى.

دۆڭ تېخەن يالغۇز كېلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئوڭگەن ماش رەڭ پاختىلىق شىم-چاپان، پۇتىدا پاختىلىق خەي، بېشىدا ئاددىلا پاختىلىق قۇلاقچا بولۇپ، بويىنىنى لوڭگىدە ئوراپ، ئېغىزىغا ماسكا تارتىۋالغان ئىدى. ئۇ، بىر نەچچە كۈندىن بۇيان ئېغىر زۇكام بولۇپ، ئىسسىتمىسى كوتىرىلىپ، ھالسىزلىنىپ يۈرەتتى.

دۆڭ تېخەن يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، جاپپاروپ:

— يولداش لاۋدۆڭ، بۇ قانداق قىلغىنىڭىز، بۈگۈن ئەتىگەن مەن ھېچنەگە بارماڭ، تەرلىنىڭ، يېتىپ دەم ئېلىڭ دېمىدىمۇ؟......ياخشى قىلماپسىز. مەن سىز ئۈچۈن ئىككى كىشىلىك يول مېڭىشقا ۋەدە بەرگەن ئەمەسمۇ، مۇنداق قىلسىڭىز قانداق ساقىيالايسىز؟ — دېدى.

— ھېچ گەپ يوق، ھېچ گەپ يوق، — دېدى دۆڭ تېخەن جاپپاروپنىڭ پاختىلىق شىرما چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنى ئېتىپ تۇرۇپ، — سىزمۇ دىققەت قىلىڭ، ھاۋا سوغاق، — ئاندىن ئۇ مەمنۇنىيەتلىك بىلەن جاپپاروپقا قاراپ، ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تۇتتى، — ھەي، بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە قانداقمۇ ئورۇن تۇتۇپ ياتقىلى، دەم ئالغىلى بولىدۇ. مەن زەرەپشان دېخانلىرىنى ئۆز پۇت-قولىنى چىرماپ تۇرغان زەنجىر-كىشەنلەرنى كۆمپەيكوم قىلىپ، ئۈس-

تىدىن بېسىپ تۇرغان فېئوداللىق تاغنى غۇلىتىپ تاشلاشتا مۇنداق تېزلا جاسارەت بىلەن كوكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقىدۇ، دەپ ئويلىمىغان ئىكەنمەن......گەرچە 1949 - يىلى 10 - ئايدىكى ئا- زاتلىق چوڭ دەۋر ئالمىشىشى بولسىمۇ، لېكىن، ئەمگەكچى دىخان ئۈچۈن ھەقىقىي ئازاتلىق دەل ئەنە شۇ فېئوداللىق زۇلمەت تاغ- لىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش بىلەن باشلىنىدۇ. بۇ، ئۇلۇغ، چوڭ ئىش. دىخاننىڭ ئويغىنىشى بۇ ئىنقىلاپنىڭ غەلىبە قازىنىش ياكى مەغلۇپ بولۇشىدىكى ھالقا. ئەگەر دىخان ئۆزى قوزغالمىسا چاتاق. ھازىر مۇنداق غەزەپلىك ئويغىنىش دولقۇنىنىڭ مەيدانغا كەلگەن- لىكىدىن كىممۇ خوشال بولمىسۇن......ئويلاپ كورۇڭ، مۇشۇ كۈن- لەردە يېتىپ ئارام ئېلىش مۇمكىنمۇ؟......

جاپپاروپ قوشۇلدى:

— شۇنداق، بۇنىڭدا گەپ، — دېدى ئۇ، — بىراق، سىز جاپا چېكىپ تەييارلىغان زەرەپشان دىخانلىرىنىڭ ئۈستىدىكى ئېكسپىلا- تاتسىيە تۈرلىرى خاتىرىسى، يېزا - كەنت تارىخى، قان - تەر ھە- ساۋات جەدۋىلى، مەخسۇت بەگنىڭ بېيىش يولى توغرىسىدىكى ماتېرىياللار دىخانلارنىڭ ئۆز قىسمىتىنىڭ مەنبەسىنى كورۇۋېلىشتا قان- داق چوڭ رول ئوينىغانلىقىنى ئويلىدىڭىزمۇ؟......

— ياق، ياق، گەپ ئۇنىڭدا ئەمەس، — دېدى دۇڭ تېخەن، — ئۇ پەقەت قوشۇمچە. مەسىلە، دىخان ئۆزى قەد كوتىرىشكە تەشنا. نەچچە ئون، نەچچە يۈز يىللىق دەرت - ئەلەملەر ئاللىقاچان ئە- چىدىن تۇتەپ قالغان، پارتىيىنىڭ چاقىرىقى بۇ تۇتەپ قالغان ئوتنى بىردىنلا كۈچلۈك يالقۇنغا ئايلاندۇردى. كونا ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان ھەل قىلغۇچ ئامىل ئېزىلگەن، دەپسەندە قىلىنغان دىخانلار ئاممىسىنىڭ ئۆز ئىچىدە ئاللىقاچان

مەۋجۇت. شۇڭا، دېخان پارتىيىنىڭ رەھبەرلىگىگە ئېرىشىش بىلەنلا دەرھال قۇدرەتلىك، كارامەت ئۇلۇغ كۈچكە ئايلاندى، كونا فېئو-داللىق ئەخلەت - چاۋالارنى سۇپۇرۇپ تاشلايدىغان شىددەتلىك بوران - چاپقۇنغا ئايلاندى...... مەن بۇگۈن كوكقوم، باداملىق كەنت-لىرىدىكى دېخانلارنىڭ ئەۋزىيەت ئېيتىش، دەرت توكۇش يىغىنلى-رىغا قاتناشتىم. جاپاكەش دېخان مۇشتلىرىنى تۈگۈپ، كوزلىرىدىن ئوت چاچرىتىپ، چىرىك، مۇستەبىت كونا جەمىيەت ئۈستىدىن قات-لىق شىكايەت قىلماقتا. تۇسۇۋالغىلى بولمايدىغان ئوت ئۇلغىيىپ يانماقتا. كىمنىڭ ھەق، كىمنىڭ ناھەق ئېنىق كورۇپ، ئۇزلىرى-نىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى سەزمەكتە...... قاراڭ، بۇ. قەد كوتىرىش-كە تەشنا دېخاننىڭ نەرە تارتىپ قوزغىلىشى ئەمەسمۇ؟......

دۇڭ تېخەن بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن دەرياغا قارىدى، دەريا قىرغاقلىرى كوپ - كوك مۇز بولسىمۇ، لېكىن دەريانىڭ ئىچىدە مۇز ئاستىدا ئېقىۋاتقان سۇ ھەدەپ تېشىپ - يامراپ ئۇزىنى قاپ-لاپ تۇرغان قېلىن مۇز قاتلىمىنى غاراسلىتىپ سۇندۇرماقتا، پار-چىلىماقتا ۋە ئۇلارنى ئېقىتىپ كەتمەكتە ئىدى.

— قاراڭ، ئەنە دەريا......، — دېدى دۇڭ تېخەن جاپپاروپقا خوشاللىق بىلەن نەزەر سېلىپ، — چىرىگەن فېئودالىزىم بىناسىمۇ ئاشۇ مۇز پارچىلىرىدەك پاچاقلانماقتا، يىمىرىلمەكتە، ئەمدى ئۇنى بۇ تەقدىردىن ھېچكىم قۇتقۇزۇپ قالالمايدۇ......

جاپپاروپ دۇڭ تېخەننىڭ بۇ خىل ئوخشىتىشىنى خوشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى، بۇ يىلقى باش باھار زەرەپشان تارىخىدىكى ئەڭ خاسىيەتلىك باھالاردىن بىرى بولۇپ قالىدىغانلىغىغا ئىشىنى-دىغانلىغىنى بىلدۈردى:

— مەنمۇ بىرقانچە كەنتنى ئارىلاپ چىقتىم، — دېدى جاپ-

پاروپ ئويلانغان ھالدا، — مۇشۇ بىر ئىككى كۈن ئىچىدە دەرت-ئەلەملەرنى سۆزلەش، پاش قىلىش خىزمەت باسقۇچىي تۈگەيدۇ، لېكىن، دېھقانلارنىڭ ئەلەملىرى سۆزلەپ تۈگەتكۈسىز...... ھەممە يەردە ئەھۋال سىز كۆرگەندىكىدەك. دېھقان غەزەپتىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ ئۆز دەرت-ئەلەملىرىنى تۆكۈۋاتقان بولسىمۇ، زادىلا پۇخادىن چىقمايۋاتىدۇ. ماجانتالدا دېھقانلار خىزمەت ئەترىدىنىڭ تەستىقىنى ئالمايلا يىگىرمە نەچچە يىل يۈزبېشىلىق قىلغان بىر پومېششىكنى دەرت تۆكۈش يىغىنىغا داقىرىتىپ سورەپ كېلىپ، كۆرەش قىلىپ، ئەبجىغىنى چىقىرىۋېتىپتۇ. شۇ يەردىلا غەزەپلىنىپ قول سېلىپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاس قاپتۇ، خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى كادىرلار بىر ئامال قىلىپ، ھەلىقى پومېششىكنى ئىشخانىسىغا ئەكىرىۋاپتۇ. كادىرلار، بىز يېڭى جەمىيەت دېھقانلىرى، پارتىيە سىياسىتى بويىچە قائىدە سۆزلەپ، زاكۇنلىشىپ، ئېغىز-قەلەم ئارقىلىق كۆرەش قىلايلى، مۇشۇنداق قىلغاندا قانۇنلۇق كۆرەش قىلغان بولىمىز، دەپ ئاران بېسىقتۇرۇۋاپتۇ...... پۈتۈن زەرەپشان يېزىلىرى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، كۆرەشنىڭ تىغ ئۇچى ئالىمقاچان مەخسۇت بەگكە مەركەزلەشتى. ئۇنى تارتىپ چىقىپ كۆرەش قىلىش، قىيما-چىما قىلىپ پۇخادىن چىقىش، خەلقنىڭ سوراق سەھنىسىدە ئادىل جازاغا تارتىش مەن ئايلىنىپ چىققان ھەممە يېزا-كەنتنىڭ ئورتاق سادىسىغا ئايلاندى. ئەمدى خىزمەتنىڭ تۆتىنچى باسقۇچىغا كۆچىدىغان پەيت كەلدى. پارتكوم يىغىنىنى چاقىرىپ، نۆۋەتتىكى خىزمەت يۆنۈلۈشىنى مۇزاكىرە قىلساق دەيمەن......

دۇڭ تېخەننىڭ بۇ ھەقتە ئويلاپ قويغانلىرى بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ پىكرى بىر يەردىن چىقتى ۋە نۆۋەتتىكى كۆرەش ۋە-

زېمىلرىنىڭ تەپسىلاتى ئۈستىدە سۆزلەشكەچ، "ياڭاق پۆشتى ماكان"
غا قايتتى.

ئۇلار "ياڭاق پۆشتى ماكان" كوچىسىدىن ئۆتۈۋېتىپ، يېزا گۆزىرىگە يېقىنلاشقاندا، باشلانغۇچ مەكتەپ سەيناسى تەرەپتىن دەرت توكۇش يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان دېخانلارنىڭ غەزەپلىك شوئار سادالىرى ئاڭلاندى:

— ئىنتىپاقلىشىپ، قەددىمىزنى كوتىرەيلى!......

— زومىگەر پومىشچىكلاردىن تەل - توكۇس ھساپ ئالايلى!...

— يوقالسۇن مۇشتومزور قانخورلار!......

— يوقالسۇن مەخسۇت بەگ!......

— يوقالسۇن زۇلمەتلىك فېودالىزم!......

— مەخسۇت بەگنى كۆرەش سەھنىسىگە تارتىپ چىقرايلى!...

— مەخسۇت بەگنى قولىمىزغا تاپشۇرۇپ بەرسۇن!......

— مەخسۇت بەگدىن ئىنتىقام ئالايلى!......

— ... ... ...

شوئارنى ھەر خىل ئاۋازدىكى كىشلەر تەرەپ - تەرەپتىن باشلامچى بولۇپ توۋلايتتى. ئۇنىڭغا يۈزلىگەن دېخانلار گۈلدۈرلىگەن غەزەپلىك سادا بىلەن ئاۋاز قوشاتتى.

دۈڭ تېخەن بىلەن جاپپاروپ بىر بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ قويدى - دە، بۇرۇلۇپ مەكتەپ سەيناسى تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.

مەكتەپ سەيناسى دەرتمەن دېخانلار بىلەن لىق تولغان بولۇپ، ھەممەيلەننىڭ كوزلىرىدىن ئەلەملىك غەزەپ ئوتلىرى يالقىراپ تۇراتتى. سەيناننىڭ توردە دەرت توكۇش يىغىنىنى باشقۇرۇپ توختاخۇن، بايىز خالۋاپ، ئىبلىشا ۋە ئۇلارنىڭ يېنىدا خىز-

مەت ئۆرۈپپىسىنىڭ كادىرلىرىدىن شانىياز، لەيلىگۈللەر ئولتۇراتتى.
يىغىن مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا مەخسۇت بەگنىڭ ھەر خىل جازا
قوراللىرى — ئىشكەل، تاقاق، كويزا، سىم قامچا، قىل ئاغامچا......
زورلۇق بىلەن قول باستۇرۇلغان موھۇرلۇك، موھۇرسىز خەت-
ھوججەتلەر؛ مەخسۇت بەگ تەرىپىدىن ئۇرۇپ ئولتۇرۇلگەن، ئىتقا
تالىتىپ قىيما-چىيما قىلىنغان، دەرياغا چوكتۇرۇپ تۇنجۇقتۇرۇلغان
ئەرلەر، ئاياللار، باللارنىڭ ساقلاپ قويۇلغان قانلىق كوينەك-
تامباللىرى، قان داغلىرى ئويۇپ قالغان بەلۋاغ، چورۇقلىرى ۋە
باشقا ماددى دەلىل-ئىسپات بۇيۇملىرى تاشلانغان ئىدى.

قىسمەت چورۇق بۇ قانلىق گۇۋا-شاھىت بۇيۇملىرىنى
ئوز رېتى بويىچە تۇرگە ئايرىپ رەتلىمەكتە، ياش ئاكتىپ تومۇر
ھەر بىر بۇيۇمنىڭ ئۇستىگە قەغەز قىستۇرۇپ، ئۇنىڭغا نىمىنىدۇر
يېزىپ قويماقتا ئىدى.

دۇڭ تېخەن بىلەن جاپپاروپ تۆۋش چىقارماي ئاستا كېلىپ
دىخانلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ داق يەرگىلا ئولتۇردى. ئەتراپتىكى-
لەر سەل سىلجىپ ئۇلارغا ئورۇن بەردى. جاپپاروپ يېنىدىلا
ئولتۇرغان شىرمەممەتنى كورۇپ، باش ئىشارىسى بىلەن ئۇنىڭغا
سالام بەردى، شىرمەممەت كوزىگە لىق ياش ئېلىپ بېشىنى تو-
ۋەن سالدى...... شۇچاغدا، بېشىغا كورەك تۇماق، ئۇستىگە مازلى-
رى تىتىلىپ تۇرغان كونا ماتا چاپان، پۇتىغا زىغىر پاخلىنى
پايتىما قىلىپ يېرتىق چورۇق كيىگەن ساقاللىق، ئورۇق، مۇكچى-
يىپ ئېگىلىپ قالغان بىر مويسىپىت دىخان ئورنىدىن تۇرۇپ
قانلىق كوينەك-تامباللار تىزىلىپ تۇرغان سورۇننىڭ ئالدىغا
كەلدى-دە، بوغۇلۇپ-بوغۇلۇپ يىغلىۋەتتى. ئۇ بۇقۇلداپ يىغ-
لىغىنىچە، ئۇستىدىكى ماتا چاپان بىلەن كوينەكنى ئالدىراپ يې-

شىپ، پىقىرىتىپ يەرگە تاشلىدى ـ دە، كۆپچىلىككە يالىڭاچ دۈمـ
بىسىنى كۆرسەتتى......
سورۇندا ئولتۇرغان دەرتمەن قېرىنداشلار تەڭلا قارىشىپ،
ئەجەپسىنغان هالدا:
— ئاھ، خۇدايىم، بۇ ھارۇن بىتەلەيغۇ! بۇ نىمە ئىش،
تىرىك ئىكەنغۇ! — دىيىشىپ كەتتى.
ھارۇن ياشلىق چاغلىرىدا خۇش خۇي، نەي خۇمار، كىلىشـ
كەن يىتىم يىگىت ئىدى. دەسلەپ قۇربان ئاقساقالنىڭ ئۆيىدە
يىللىقچى بولغان، كىيىن مەخسۇت بەگكە تۇتۇلغان ئىدى. ئۇنىڭ
يىگىرمە يىلغا يىقىن ئۆمرى مەخسۇت بەگنىڭ ئاتخانىسىدا ئات
باقار، ئات يىتىلىگۈچى بولۇپ رىيازەت چىكىش بىلەن ئۆتتى. ئا-
تىسى قويغان "ھارۇن" دىگەن ئىسمىنى تاشلاپ، نىمە ئۈچۈندۇر
ئۇزىگە "بىتەلەي" دىگەننى ئىسىم قىلىۋالغان ئىدى. كىيىن بىرىپ
"ھارۇن بىتەلەي" دىگەن نام كىشىلەر ئاغزىدا ئۇنىڭ رەسمىي
ئىسمىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇ دەرت ـ ئەلەم تاغلىرى يەلكىسىدىن
بىسىپ، پىغانى ئۇرلىگەن چاغلاردا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تۇزلىنىپ
كەتكەن ۋەيرانە قەۋرىلىرى ئالدىغا بىرىپ:

ئوتقا تۇغدۇڭمۇ مىنى،
سۇغا تۇغدۇڭمۇ مىنى،
ئاچ قەۋرەڭنى جان ئانا،
قوينوڭغا ئال بىتەلەينى!...

دەپ، ھەسرەت چىكىدىغانلىغىنى كىشىلەر ھەمىشە كۆرۈپ يۈرەتتى.
بۇنىڭدىن بەش يىلچە ئىلگىرى مەخسۇت بەگ بىر قىـ

تىلىق قىشلىق ئوۋ سەيلىسىدە تاغ باغرىدا جەرەن ئوۋلىماقچى بولىدۇ. يېرىم كۈن قاترىغان بولسىمۇ، كۆتۈلگەن ئولجا ئۇچرىمايدۇ. مەخسۇت بەگ ئاتتىن چۈشۈپ، ئات يېتىلەپ سوۋۇتىدىغان ھارۇن بىتەلەيگە ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتقۇزۇپ، چىلىمچىسى تەڭلىگەن كۈمۈش چىلىمنى قولىغا ئالىدۇ. شۇ چاغدا، تۇزلەڭدىكى چىغلىق ئىچىدىن كوزلىرىنى پارقىرىتىپ بىر جەرەن كورۇنىدۇ.

مەخسۇت بەگ جەرەننى كورۇپ، ھارۇن بىتەلەيگە:

— ئات، ئاتنى ئەكە! — دەپ ۋاقىرايدۇ.

ھارۇن بىتەلەي ئالدىراپ ئاتنى ئېپكېلىپ بەگكە تۇغرىلايدۇ. بەگ ئۇزەڭگىگە كۆچەپ بىرلا دەسسەش بىلەن ئۇزەڭگىنىڭ كۈمۈش ھالقىلار بېكىتىلگەن تاسمىسى ئۇشتۇمتۇت ئۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ھارۇن بىتەلەي تاسمىنى ھودۇقۇپ تۇزەشكە تۇتۇنىدۇ. لېكىن، غەزەپلەنگەن بەگ ھارۇن بىتەلەينىڭ ساقىلىدىن تارتىپ ئېگىشتۇرۇپ، گەجگىسىگە دەسسەپ مىنمەكچى بولۇپ، ناھاللىق ئۇتتۇك كيگەن پۇتى بىلەن ئۇنىڭ دومبىسىگە گاچ قىلىپ دەسسەيدۇ. ھارۇن مۇدۇرۇپ كەتكەنلىكتىن بەگ ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ چۈشىدۇ...... بورە كوزلىرى ئوت بولۇپ يانغان بەگ ئۈچ تىللىق سىم قامچىسىنى قولىغا ئېلىپ، ھارۇن بىتەلەينىڭ چاپان - كوينىكىنى قايرىپ بېشىغا يوگەپ، دۈمبىسىگە قان چاچرىتىپ تۇرۇپ ھارغىچە ئۇرىدۇ ۋە ئۇنى جاڭگالغا تاشلىۋېتىپ قايتىدۇ......

شۇ ۋەقەدىن كېيىن ھارۇن بىتەلەي ئىز - دېرەكسىز يوقالغان، ھەمدەرت قېرىنداشلار جاڭگالنى قېدىرىپ - ئىزلەپ تاپالماي، ئاخىرى: ئۇنىڭ ئولگەنلىگى ئېنىق، قاغا - قۇزغۇنغا يەم بولغانلىغى گۇمانسىز، دەپ قايتىپ كېلىشكەن ئىدى......

ھازىر بولسا، ھارۇن بىتەلەي دەرت تۇكۇش سورۇنىدا

تۆيۇقسىز پەيدا بولغانلىقتىن، ئەل - جامائەت ئەجەپسىنغان ۋە چوڭقۇر ھەيدالاق قالغان ھالدا ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراشماقتا ئىدى.

كىشىلەر ھارۇن بىتەلەيىنىڭ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان دۇمبىسىدىن تىلىم - تىلىم يېرىلىپ، قاپقارا جاراھەت ئىزلىرى بىلەن قاپلانغان يارا - تاتۇقلارنى، يېرىڭداپ، تېرىسى بۇزۇلۇپ، ئېچىلىپ قالغان قوۋۇرغا سۆڭەكلىرىنى كۆردى......

ھارۇن بىتەلەيي بۇقۇلداپ يىغلاپ زادىلا سۆزلىيەلمىدى. ئېغىز ئېچىپ كۆڭلىدە يىغلىپ كەتكەن پۈتمەس - تۈگمەس دەرت - ئەلەملىرىنى ئېيتاي دەپ كۆپچىلىككە قارىسىلا، ئىختىيارسىز كالپۇكلىرى ئۇمچىيىپ، ئېسەدەپ، كۆزلىرىدىن تارام - تارام-لاپ ياش قۇيۇلاتتى: ئۇ پەقەت، يەرگە تاشلانغان چاپانىنى قولىغا توختاخۇن ئېلىپ ئۇچىسىغا كىيگۈزۈۋاتقاندىلا، غەزەپ بىلەن موشتلىرىنى تۈگۈپ:

— مېنىڭ ھايات قېلىش يولۇم بولمىغان. مەخسۇت بەگنىڭ بىر چىشلەم گۆشىنى ئۈزۈۋېلىش ئۈچۈنلا ئۆزەمنى ساقلاپ كەلدىم، ئىنتىقام ئالايلى! — دەپ ۋاقىرىدى.

— "ئىنتىقام ئالايلى!" — دىگەن بۇ سۆز پۈتۈن سورۇندىكىلەرنىڭ ئورتاق ساداسىغا ئايلىنىپ، ئۇزاققىچە ياڭرىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن مەخسۇت بەگ ۋە ئۇنىڭ قول چوماقلىرى تەرىپىدىن ئۇرۇپ - قىيناپ پۈتى توكۇر قىلىنغان، قوللىرى قايرىپ سۇندۇرۇلغان، بۇرۇن - قۇلاقلىرى كېسىلگەن. باش - كۆز، بويۇن - پاچاقلىرىدا جاراھەت ئىزلىرى مانا مەن دەپ كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان ئون نەچچە كىشى دەرت توكۇش سەھنىسىگە كېلىپ، غەزەپلىك، تەسىرلىك شىكايەتلەر قىلدى......

شانىياز، توختاخۇنلار ھساپلاپ كورۇپ، مەخسۇت بەگنىڭ ئۆز قولى بىلەن ئولتۇرگەن ئادىمى مۇشۇ بىر نەچچە يىل ئىچىدە سۇپۇرگە ئاكا، كىچىككىنە كەنجىتاي، ئاسىم ئەپەندى، مەشرەپ، ئانار بىلەن قوشۇلۇپ تـوققۇزغا يەتكەنلىكىنى؛ ھىيىپناق، مەجرۇھ قىلىپ قويغان ئادىمى يىگىرمىدىن ئاشقانلىقىنى جاكالىغاندا، غەزەپ-لەنگەن ئامما ئىرغىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشتى. يامرىغان كەلكۈن سۇدەك ئۆزىنى ئۇرۇپ مەكتەپنىڭ دەرۋازىسى تەرەپكە سىلجىشتى:

— مەخسۇت بەگنىڭ دىپى-دۇنىياسىنى كويدۇرۇپ كۇل قىلىۋېتەيلى!......

— مەخسۇت بەگنى ئىلىپ چىقىپ، چاناپ قيما-چىما قىلىۋې-تەيلى!......

— ھازىرلا تۇرمىدىن ئىلىپ چىقايلى!......

تەرەپ-تەرەپتىن كوتىرىلگەن سادالار بارغانچە ئۇلغىيىپ، غەزەپلەنگەن دىخانلار مەكتەپ دەرۋازىسى تەرەپكە قاراپ ئاقتى.

شۇ چاغدا مەكتەپ ئالدىدىكى رىشاتكىنىڭ سۇپىسىدىن جاپ-پارويىنىڭ قامىتى كورۇندى. ئۇنىڭ كوزلىرى ياش بىلەن تول-غان ئىدى:

— قېرىنداشلار، دەرتمەن ئاكا-ئۇكىلار، ئاچا-سىڭىللار،— دىدى جاپپاروپ ياڭراق ئاۋاز بىلەن،— توختاڭلار، توختاڭلار، بىز بۇ قانلىق ھساۋاتنى چوقۇم تەل-توكۇس قىلىشىمىز، زومى-گەر مۇشتۇمزورلارنى مەڭگۇ قەد كوتىرەلمەس قىلىۋېتىشىمىز، فېئودال مۇستەبىتلىكىنىڭ يىلتىزىنى پاك-پاكىزە، قەتئىي قومۇرۇپ تاشلىشىمىز لازىم. بۇ، ھەققانى، ئادىل، ئەڭ توغرا تەلەپ. لېكىن، بىز بۇ قانلىق ھىساپنى قانداق قىلغاندا تېخىمۇ ئوبدان قىلالاي-

مز؟ با مەسلىھەت ئىش قىلايلى. "ياڭاق پۇشتى ماكان" خەلقى زومگەر مەخسۇت بەگنىڭ بىۋاستە زۇلمىغا ئۇچرىغان. بۇ توغرا. لېكىن، پۈتۈن زەرەپشان خەلقىمۇ مەخسۇت بەگدىن ھساپ ئېلىشقا، ئۇزلىرىنىڭ دەرت ـ ئەلەملىرىنى توكۇپ پۇخادىن چىقىشـ قا تەشنا...... كېلىڭلار، با مەسلىھەت ئىش قىلايلى، — جاپپاـ روپ دېخانلار ئارىسىدا تۇرغان دۇڭ تېخەنگە قارىدى، — قېنى يولداش دۇڭ تېخەن، سىز بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلامسىز؟......

## 4. خەلقنىڭ سوراق سەھنىسى

شىرمەممەت ئالماسنىڭ ئىشخانىسىدىن كەچ قايتتى.

بۇ، ئالماسنىڭ مۇشۇ يېقىندىن بۇيان شىرمەممەت بىلەن 3 ـ قېتىم سىردىششى ئىدى...... ئالماسنىڭ سوزلىرى نىمە دىگەن سەمىمى، نىمە دىگەن ئادىل؟ ئۇ ھەممىنى كورۇپ تۇرـ غاندەك، شىرمەممەتنىڭ كوكسى ـ قارنىدىكىنى ئۇز ئالقىنىغا ئېلىـ ۋالغاندەك ئىدى، ھەممىسى راست، يالغىنى يوق. "ئېزىلگەن، خارلانغان دەرتمەنلەرنىڭ ھەممىسى بىر ئائىلە، قەد كوتىرىش، ئادەملەرچە ياشاش ئۇچۇن كۇرەش قىلىش ئومۇمنىڭ ئىشى. دەرتمەن قېرىنداشلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇش، تۈگۈلگەن مۇشتەك بىرلىششى. كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندىلا ياللانما دېخان، كەمبەغەل دېخانلار ئۇزىمىزنىڭ ئىجتىمائى ئورنىنى ئۆزـ گەرتىپ، يېڭى جەمىيەتنىڭ خوجايىنى بولۇپ قەد كوتىرىپ تۇرالايمىز......" ئالماس، ئالماس، سېنىڭ بۇ گەپلىرىڭ ھەممىسى دۇرۇس، ھەممىسى راست. سەن قانداق

كويۇمچان، قانداق ۋاپادار قېرىنداش!...... مەن، مەن نېمە،
ئادەممۇ، سەن زېرىكمەي-تېرىكمەي شۇنچە بەلەن گەپلەرنى،
كىشى كۆڭلىگە چىراق ياندۇرىدىغان نۇرغۇن سۆزلەرنى قىلدىڭ،
مەنچۇ، مەن سېنىڭ كويۇپ-پىشىپ ئېيتقان بۇ نەسىھەت-تەر-
بىيەڭ ئۈچۈن بىر ئېغىزمۇ جاۋاپ قايتۇرمىدىم، تاڭغا چىشلىۋال-
غان ئادەمدەك چىشىمنى-چىشىمغا بېسىپ چەكچىيىپ ئولتۇرۇۋە-
دىم، شۇمۇ قىلىقمۇ، مېنىڭ نەرىم ئادەم!...... ھەي... سەن بىل-
مەيسەن، سەن بىلسەڭ ئىدىڭ، خەپ، مەن ئۆگىنىشلەرگە،
ئەۋزىيەت ئېيتىش، بەگ-بايلارنى پاش قىلىش يىغىنلىرىغا قاتنى-
شىپ ھەممىنى بىلدىم، لېكىن، مەن تاڭغا چىشلىۋالغانمەن......
بولدى ۋاقىت ئۆتتى. ئەمدى مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتقىنىمنىڭ
كىمگە، نېمىگە پايدىسى بار؟...... مەنسىزمۇ ھەممىسى ئاشكارا
بولدىغۇ...... غوجاملارنىڭ چاۋىسى چىتقا يېيىلدىغۇ...... سەن
ۋاپادار قېرىنداش بىلسەڭ ئىدىڭ، مەن نېمە...... مەن پۈت-
قۇلۇم ئازادە بولغىنى بىلەن قەلبىم بەنت قىلىنغان، كىشەنلەنگەن
ئادەممەن...... مېنىڭ سۆز قىلىشىم چەكلەنگەن، سۆز قىلماسلىققا
قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلغانمەن، سەن بىلمەسەن شۇنى!......

شەرمەممەت ئالماسنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ
ئەنە شۇلارنى ئويلىدى.

ئۇ، يېزا گۇزىرىدىن قايرىلىپ، قۇربان ئاقساقالنىڭ ئۆيى
تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقاندا، كېچىلىك كۆزەتچىلىك ۋەزىپىسىنى
ئۆتەۋاتقان بىرنەچچە كىشى ئالدى تەرەپتىن چىقىپ كەلدى.

كۆزەتچىلەر ئارىسىدىن يېزا قازىسىنىڭ يىللىقچىسى قادىر
ئايرىلىپ چىقىپ، شەرمەممەتنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ھوي...... سەن شەرمەممەتقۇ؟......

شىرمەمەت جاۋاپ بەرمىدى. قادىر:

— شىرمەمەت، نېمىش قىلىپ يۈرىسەن بۇ كېچىدە؟ — دەپ سورىدى.

شىرمەمەت ئېرەنسىزلىك بىلەن:

— ئۆزەمچە...... — دەپ غودۇڭشىدى.

— ماڭا قارا شىرمەمەت، — دېدى قادىر سەممى كويۇمچانلىق بىلەن، — سەن مېنى بىلىسەن، يېزا قازىسىنىڭ يىللىقچىسى. مەن بۇ كىشەندىن قۇتۇلدۇم. بىزمۇ سېنىڭ تېگى-پېيىڭنى تولۇق بىلىمىز، سەنمۇ ھەممىنى ئاڭلىدىڭ، بىلدىڭ، نېمىشقا ئۆزەڭنى ساراڭلىققا سېلىپ يۈرۈۋېرىسەن؟......

— مەن ساراڭمۇ؟ — شىرمەمەت تۇيۇقسىز قادىرنىڭ گېپىنى بولدى.

— جېنىم ئاداش، — دېدى قادىر ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ، — سېنى كىم ساراڭ دەپتۇ، سەن ئۆزەڭ زورمۇ-زور ئۆزەڭنى ساراڭلىققا سېلىۋاتىسەن...... ھەي، ئەتە قانداق كۈن بولىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟...... نورۇز، ھەقىقى بايرام!...... ئاتارمەن-چاپارمەنلەرنىڭ تۇمشۇغىنىڭ بېزىنى ئالىمىز، كۈرەش قىلىمىز، پۈتۈن رايون تەۋرەيدىغان كۈن!...... يەنە ساڭا نېمە كېرەك، ئۇخلاپ يېتىۋېرەمسەن...... ئەمدى بىز بەگ-بايلاردىن نەق-نېسىلىرىمىزنى، ھەققىمىزنى راۋۇرۇس ھېساپلىشىپ قايتۇرۇپ ئالىمىز. ھەممە ئىشنىڭ ھاۋىسى بار. ئوتاقچىمۇ، ئىجارىكەشمۇ ئۆز ئۈلۈشىگە، يىللىقچى-چاكارمۇ ئۆز ئىسىۋىسىگە ئىگە بولىدۇ. قانۇن شۇنداق!...... يەنە دېسەم شۇ. ئالماس ئېزىپ-ئىچۈرۈپ ئېيتتى. مۇشتۇمزورلارنىڭ ھەيۋىسى پەي بولغاندىن كېيىن، يەر ئىسلاھاتى قىلىمىز، سەن بىلەن مېنىڭمۇ ئۆيىمىز، بىر چىشلەم

يېرىمىز بولىدۇ...... مەن ئۆز يېرىمگە نېمىلەرنى تېرىشنى ئويـ-
لىدىم، بىلەمسەن؟ ئىشتىياق بىلەن ئەجرە قىلىپ، قېتىقنىپ تەر
ئاققۇزۇپ، يەردىن دان ئەمەس، ئالتۇن ئۈندۈرمىگىنىمنى كور-
ئالقانچىلىك يەرنى بىكار قويىدۇ دەمسەن؟ بىكار گەپ. بىر
چونەك، يېرىم چونەكتىن بولسىمۇ، ھەممىسىنى كاۋا-قاپاق،
سەۋزە-پىياز...... لازىملىقىنىڭ ھەممىسىنى تېرىيمەن. ماڭا تېخى
ھېچكىم ماۋۇ ئۆي سېنىڭ دېمىدى. دېمىسە نېمە بوپتۇ، بىر-
نەچچە سەھەر، ئاخشامنى چىقىرىپ، كېسەك قۇيىمەن. يەر بولـ-
سىلا بولادى. ئۆيمۇ پۈتىدۇ. تال باراڭلىقمۇ، كىچىككىنە گۈللۈكمۇ
بولىدۇ، توخۇ كاتىگى سېلىش كېرەك. بىر-ئىككى توخۇنى ئاددى
چاغلىما، بىر يىلدا ئۇنىڭ نەچچە يۈز تۇخۇم بېرىدىغانلىغىنى
ھېساپلا. ھەممىسى پۇل...... ئاندىن ئۆي-ئوچاقلىق بولىمەن،
ئۆمۈر بويى ئۆزىنىڭ تىزىنى قۇچاقلاپ ئۆتۈپ كېتىدۇ، دەپ
ئويلامسەن؟ ياق. مېنىڭ كۆزۈم يەتتى، قانات-قۇيرۇغۇمنى كىچىك-
كىنە تۈزۈۋالغاندىن كېيىنلا، سەن قاراپتۇر، نەدىن بولسىمۇ بىر
ھالال جۈپ تېپىۋالىمەن...... چىرايلىق بولسىمۇ، سەت بولسىمۇ
مەيلى، لېكىن، مەن بىلەن بىر تىنىقتىن نەپەس ئېلىپ، قەد
كۆتىرىشكە بەل باغلىسىلا بولادى......

شىرمەممەت قادىرنىڭ سوزىنىڭ داۋامىنى ئاڭلاشقا تاقەت
قىلالمىدى، قولىنى سىلكىدى-دە، ئالدىراپ ئۆز يولىغا كەتتى.

قادىر نارازى بولۇپ، ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى.

شىرمەممەتنىڭ قولىنى سىلكىپ كېتىشى بىكار ئەمەس.
ئۇنىڭ دەۋاتقىنى دۇرۇس، ھەممىسى ھەق گەپلەر، لېكىن......
سەن شىرمەممەت ئاشۇنداق قىلالامسەن؟......

شىرمەممەت كېتىۋېتىپ، ئىختىيارسىز "مۇھتەرەم قارى" نى

كوز ئالدىغا كەلتۈردى. تېنى جۇغۇلداپ، كوزى قاراڭغۇلاشتى......

ئەشۇ كۈنى مېھمانخانا ئۆيدە "مۇھتەرەم قارى" دەستىخان ئۈستىگە نان، خەنجەر، قۇرئان، تاپانچىنى تىزىپ قويۇپ، شىر-مەممەت ئۈچۈن بۇ تۆت نەرسىدىن بىرىنى تاللىۋېلىشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتى يېتىپ كەلگەنلىگىنى ئېيتىپ، دوق-پوپوزا بىلەن قادالغاندا، شىرمەممەت كەينىگە داجىپ تامغا چاپلىشىپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ مۇشكۈل تەقدىرىنى سەزدى......

"مۇھتەرەم قارى" نىڭ سوزى ئېنىق: يۈرەككە بىرلا خەنجەر ئۇرۇپ، ئۇنى ئۆينىڭ كەينىدىكى گوداڭغا نام-دىرەك-سىز كومۈۋېتىشىمۇ؛ نان ھورمىتى ئۈچۈن ھايات قالدۇرۇشىمۇ؛ قۇرئان كاپالىتى بىلەن ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيالىق شان-شەرەپكە ئىگە قىلىشىمۇ؛ ھايات قالغاندىن كېيىن خىيانەت قىلسا، تاپان-چىنىڭ زەھەر بىلەن سۇغۇرۇلغان بىر تال ئوقى ئۇنىڭ مىڭىسىنى ھەرقاچان چۇۋۇۋېتىشىمۇ مۇمكىن!...... قېچىپ قۇتۇلالمايەن!......

شىرمەممەت بېشىنى تۆۋەن سالدى. "مۇھتەرەم قارى" نىڭ تەلىۋى بىرلا: يىغىن-مەجلىسلەرگە چوقۇم بېرىش، بولۇنغان گەپ-سوزلەرنى ئېقتىماي-تېمىتماي ئېلىپ كېلىش، ئۆزى ۋە قۇربان ئاقساقال توغرىسىدا ھېچنىمە دىمەسلىك، ھەرقانداق سوئال ئۈچۈن گاچا بولۇۋېلىش، قەتئى گاچا بولۇۋېلىش......

شىرمەممەت گاچا بولۇۋېلىشقا رازى بولدى. قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىش ئانچە ئېغىر كەلمىدى. لېكىن، نان دەسسەپ ۋەدە بېرىش ئەلەم قىلاتتى؛ نان — قانداق ئۇلۇغ، قانداق بىباھا نەرسە. بوشۇكتىكى چېغىدىن تاكى ھازىرغىچە ئۇ ئاشۇ نان بىلەن ئۆرە بولۇپ كېلىۋاتىدۇ، دىخان ئۇنىڭ ئۈچۈن قانداق ئەجرى قىلىدۇ، قولىدىكى ناننىڭ مېغىزىدەك ئۇۋۇغى يەرگە چۈشۈپ

كەتسە، ئۇنى يەردىن ئېلىپ پۈۋلۈۋېتىپ ئېغىزغا سېلىش قانداق قەدىرلىك ئىش. نان دەسسەش — ئۆزىنىڭ يۈزىگە دەسسىگەنلىك، بۇ قانداق مۇمكىن؟...... لېكىن، شىرمەممەت ئۇنىڭغا دەسسەشكە مەجبۇر بولدى......

شىرمەممەت ئاشۇ كۈندىن تارتىپ، پۈتۈن ھىس-تۇيغۇسى بەنت قىلىپ قويۇلغان ئادەمدەك. گاراڭ، خامۇش ئىدى......

ھازىر شىرمەممەت قۇربان ئاقساقالنىڭ دەرۋازىسىنىڭ تۆمۈر ھالقىسىنى قېقىۋېتىپ، يەنە يىللىقچى قادىرنىڭ ھاياجانلىق سۆزلىرىنى ئويلىدى...... ئۇ مۇشۇ كەمدە قانداق خوشال، قانداق ئۇمىتۋار...... مەنچۇ؟......

شۇ چاغدا، دەرۋازا ئېچىلىپ، ئىشىكنىڭ كەينى تەرىپە- دىن ئايتۇراخان كۆرۈندى:

— شىرمەممەت، دادامنى قىچقىرىپ كېتىشكەن، سەن كۆرمىدىڭمۇ؟ — دەپ، ئەندىكىپ سورىدى.

شىرمەممەت جاۋاپ بەرمىدى.

— نىمىشقا گەپ قىلمايسەن؟ مەن ئەنسىرەۋاتىمەن......

— مەن گاچا......

— گاچا!......

شىرمەممەت ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى، لوك-لوك مېڭىپ، ئۆزىنىڭ بۆلۈك ئۆيىگە قاراپ كەتتى.

ئۇ، ئۆزىنىڭ خانىسىغا كىرىش بىلەن قاراڭغۇدا يات بىر قول كېلىپ، شىرمەممەتنىڭ مۈرىسىدىن تۇتتى:

— ھە، شىرمەممەتجان، مەجلىستە نىمە گەپ بولدى يىگىت؟......

شىرمەممەت ئۇنىڭ "مۇھتەرەم قارى" ئىكەنلىكىنى بىلدى.

"مۇھتەرەم قارى" بۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان مېھمانخانا، ئايۋان ئۆيلەردىن يوتكىلىپ، ئاتخانىنىڭ كەينىدىكى سامانلىقتا — دوۋىلەنگەن سامان ئاستىدا ئۇۋا تۈزۈپ، يوشۇرۇنۇپ يېتىپ يۈرەتتى. بۇلۇڭ ئۆيگە زادىلا ئاياق باسمايتتى. بۈگۈن كەچقۇرۇن ئىككى ئاكتىپ تۇيۇقسىز ھويلىغا كىرىپ، قۇربان ئاقساقالنى خىزمەت گۇرۇپپىسى قىچقىرىۋاتىدۇ، دەپ ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن ئايتۇرا تېپىرلاپ تۇرالماي، بۇ ئىشنى "مۇھتەرەم قارى"غا يەتكۈزدى. "مۇھتەرەم قارى" بۇنى يامان بەلگە دەپ پەرەز قىلىپ، سامانلىقتىن بۇلۇڭ ئۆيگە چىقىپ شىرمەممەتنى كۈتۈپ تۇرغان ئىدى.

— ھە، مەجلىستە نىمە گەپ بولدى؟ — "مۇھتەرەم قارى" ئۆز سوئالىنى تەكرارلىدى.

— ھېچگەپ بولمىدى، مەجلىسمۇ بولمىدى، مەن ئۆزەم...... — دەپ شىرمەممەت ئېغىر پۇشۇلدىدى.

— ھە، سەن ئۆزەڭ نەدە بولدۇڭ، قۇربان ئاقساقال نىمشقا قايتىپ كەلمىدى؟......

— مەن ئۇنى كورمىدىم......

— كورمىدىم؟......

— ھىم، مەن ئۇنى نىم بىلەي......

"مۇھتەرەم قارى"نىڭ چىشلىرى غۇچۇرلىدى. ۋۇجۇدىنى تىترەك بېسىپ، ئېغىر قورقۇنچ ئىچىدە قالدى.

ئاما قوزغىلىپ كەتكەن، ئەتراپتا قوغداش تەدبىرلىرى كۈچەيتىلگەنلىكتىن "مۇھتەرەم قارى"نىڭ يېزىدىن چىقىپ كېتىش پىلانى بىرنەچچە قېتىم بەربات بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردىن چىقىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ قەيەرگە بېرىپ يوشۇرۇنۇشمۇ

بىر مەسىلە ئىدى. شۇ سەۋەپتىن ھەركەت ئۇتۇپ كەتكىچە "سامانلىقنى ماكان" قىلىشقا تىرىشقا كەلگەن ئىدى. لېكىن شۇ تاپتا ئۇ "قانداقلا بولمىسۇن دەرھال قېچىش كېرەك" دىگەننى يەنە قارار قىلدى.

— شىرمەممەت، — دىدى ئۇ پىچىرلاپ، — سەن بىلەن مەن ئۇ دۇنيالىق مۇخلىس. پات - ئارىدا جاھان ئاستىن - ئۇستۈن بولىدۇ، سەن ئەقىدەڭگە سادىق بول. بۈگۈن مەن بۇ يەردىن نىمە بولسىمۇ كېتىشىم زورۇر. ئاللاتائاللانىڭ كۆڭلۈمگە سالغىنى شۇ. مە بۇنى ئال، — "مۇھتەرەم قارى" بەش دانە تىللانى يېنىدىن چىقىرىپ، شىرمەممەتنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى، — مەندىن ساڭا تەككەن نەپ - سوغا بولسۇن. تۈن نىسپىدىن ئۆتكەندە ئات تەييارلا. مېنى دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتكۈزۈۋەت......

دەل شۇ پەيتتە، دەرۋازىنىڭ تۆمۈر ھالقىسى قاتتىق ئۇرۇلدى. ھويلىدىن ئايتۇرانىڭ "كىم!" دىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. "مۇھتەرەم قارى" "قۇربان ئاقساقال قايتىپ كەلدى" دەپ ئويلىغان ئىدى، لېكىن ناتونۇش بىر ئاۋاز:

— ئايتۇراخانمۇ سەن. قۇربان ئاقساقالنى ساقلىما، بۈگۈن قايتمايدۇ، ئىشى بار. ئەتە چوڭ يىغىن، ھەممەڭلار مەكتەپ ئالدىغا يىغىلىڭلار......، — دەپ خەۋەر قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى.

"مۇھتەرەم قارى" كۆڭلىدە "ھىم، تۇرمە، قولغا ئېلىنىپتۇ، ئاھ، پالاكەت!......" دەپ ئويلىدى.

كېچىچە ھېچكىم كوز يۇممىدى. ئات ئاللىقاچان تەييارلانغان، تاپانچىغا ئوق بېسىلغان بولسىمۇ، ئۆيدىن قوزغىلىش مۇمكىن بولمىدى. ئىشىك ئالدىدىن ھىلىدىن - ھىلىغا ئامانلىق ساقلاش

ئەزالىرى ئۈتۈپ تۇراتتى. يەنە كېلىپ، دەرۋازا ئالدىدىكى كول بويىدىن زادى ئادەم ئۈزۈلمىدى......

بۈگۈن كېچە گويا پۈتۈن يېزا ھاياجانلىنىۋاتقاندەك، ھېچكىم ئۇخلاشنى خىيالىغا كەلتۈرمەيۋاتقاندەك ئىدى......

تاڭ سۈزۈلۈش بىلەن تەڭ، كۆتۈلمىگەندە ياڭاقلىق يېزىسىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىن گۈلدۈرلىگەن شوئار سادالىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى...... "مۇھتەرەم قارى" تىترەپ - جالاقلىغىنىچە شىرمەمەتكە دەھشەتلىك بىر ئالىيىۋېلىپ، تىپىرلىغان چاشقاندەك ئالدىراپ سامانلىققا، دۈۋىلەنگەن سامان ئاستىغا ئۆمىلەپ كىرىپ كەتتى......

بۈگۈن ھاۋا ئوچۇق، كۈنبىلونىڭ ھەيۋەتلىك قارلىق چوققىلىرى تاڭ قۇياشى نۇرىدا كۆزنى قاماشتۇرۇپ، كۈمۈشتەك يالتىراپ - چاقناشقا باشلىدى. داللاردا، قىر - تىگەن تۈۋىلىرىدە تېخى ئېرىپ تۈگىمىگەن ئاخىرقى قارلارنى ئېرىتىپ باھار شاماللىرى كېزىپ يۈرەتتى. دەريانىڭ ئىككى قىرغىقى ئاللىقاچان قارايغان بولسىمۇ، لېكىن ئەگىز سۇلىرى بىلەن ئۇلغىيىپ كەتكەن دەريا ئىچىدە تېخى تاختا - تاختا مۇزلار، غاراسلاپ ئاقاتتى ۋە ئۇ ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ، پارچە - پارچە بولۇپ تۈگىمەكتە ئىدى......

ئەتىگەنلىك قۇياش ياڭاقلىق يېزىسىنىڭ مەركىزىدىكى ئوچۇق مەيداندا چوڭ خا ياغاچ، تاختايلاردىن كۆتىرىپ ياسالغان مۇنبەرنى نۇرلاندۇرۇپ تۇراتتى. مۇنبەرنىڭ ئۈچ تەرىپى ۋە ئۈستى كىگىز - گىلەملەر بىلەن يېپىلغان بولۇپ، مۇنبەرنىڭ ئۈستى رەڭگا - رەڭ بايراقلار بىلەن زىننەتلەنگەن. ئەتراپىغا چوڭ ئاۋازلىق لابالار بېكىتىلگەن. مۇنبەرنىڭ تۆرىگە چاقناپ تۇرىدىغان رەڭلىك گىلەم تارتىلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە رەئىس ماۋزېدۇڭ-

نىڭ چوڭايتىلغان جازىلىق سۈرىتى ۋە ئەتراپىغا بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقلار ئېسىلغان.

مۇنبەرنىڭ پېشانىسىگە تارتىلغان قىزىل رەختتىكى "زومىگەرلەرنى يوقىتىش، ئەكسىلئىنقىلابچى مەخسۇت بەگنى كۈرەش قىلىش، سوراققا تارتىش چوڭ يىغىنى" دېگەن خەتلەر كوزگە ئالاھىدە چۈشۈپ تۇراتتى. مۇنبەرنىڭ ئىككى تەرىپىگە تىك تارتىلغان پىلاكاتلاردا "ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىگە تەنتەنە قىلىمىز!"، "ئېزىلگەن، جاپاكەش دېخانلار ھەكەم ئۇتتىپاقلىشىپ، فېئودالىزىم تۇزۇمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، قەددىمىزنى كوتىرەيلى!" دېگەن خەتلەر چاقناپ كوزگە چۈشەتتى......

تەرەپ - تەرەپكە تارتىلغان لابالاردىن جەڭگىۋار كۈرەش ناخشىلىرى جاراڭلاپ ئاڭلىناتتى. پۈتۈن زەرەپشان جانلىنىپ ھەركەتكە كەلمەكتە...... شىرمەمەت "ياڭاق پۈشتى ماكان" كەنتى دېخانلىرىنىڭ كۈرەش يىغىنىغا قاتنىشىدىغان چوڭ قوشۇنى بىلەن بىللە كېتىۋېتىپ، زەرەپشان رايونىنىڭ ھەرقايسى يېزا، مەھۇرى كەنت، تەبىي كەنتلىرىدىن سەپ - سەپ بولۇپ، دولقۇنلۇق دەريا ئېقىمىدەك ئۇركەشلەپ كېلىۋاتقان دېخانلار قوشۇنلىرىنى كوردى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدا چوڭ قىزىل پىلاكاتلار، يالقۇنلۇق شۇئارلار يېزىلغان ئۇششاق بايراقچىلار بار ئىدى. ھەرقايسى يول - كوچىلاردىن لومۇلدەپ چىقىپ كېلىۋاتقان دېخانلار كوتىرەڭگۈ ئاۋاز بىلەن:

— زومىگەرلەرنى يوقىتايلى!......

— ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرايلى!......

— كۈرەشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرايلى!......

— ئىتتىپاقلىشىپ، قەد كۆتىرەيلى!......

— كومپارتىيىگە شان - شەرەپ بولسۇن!


— ...............

دىگەن جاراڭلىق شوئارلارنى توۋلاپ كېلەتتى، مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان بايراقچىلار باش ئۇستىدە توختىماي جەۋلان قىلاتتى......

شەرەمەمەت تۇنۇگۇن ئاخشام ئاجايىپ ھەققانى شېرىن پاراڭلار بىلەن ئۆز قەلبىنى دولقۇنلىتىۋەتكەن يىللىقچى قادىرنىڭ بۈگۈن چاپىنىنىڭ يېڭىگە قىزىل بەلگە تاقاپ، نەچچە ئونلىغان سەپداشلىرى بىلەن بىللە، ھەرقايسى كەنتلەردىن كەلگەن دىخانلار قوشۇنلىرىنى رەت - رېتى بىلەن ئۆز جايلىرىغا ئولتۇر - غۇزۇۋاتقىنىنى كوردى. يەڭلىرىگە قىزىل بەلگە تاقاپ، قوللىرىدا ملتىق تۇتۇپ، مۇنبەر ئەتراپىدا سەپ بولۇپ تۇرغان، ياش دىخانلاردىن تەركىپ تاپقان خەلق ئەسكەرلىرىگە قاراپ، قەلبىدە ھاياجانلىق ھسلار ئويغاندى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزى بىلەن دىمەتلىك بولغان يىللىقچىلار، چاكارلار، پادىچىلار ۋە ئۆز مەھەللىلىك ئىجارىكەش - ئوتاقچىلارنىڭ تىزى يىرتىق باللىرى بولۇپ، تونۇش يىگىتلەر ئىدى......

مەيدان ئادەملەر بىلەن لىق تولدى. مىكرافون ئالدىدا يېزىلىق دىخانلار جەمىيىتىنىڭ رەئىسى توختاخۇن پەيدا بولدى. يىغىن ھەيئەت رىياستى مۇنبەرگە چىقىشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئېلشا، بايىز خالۋاپ، ئەزىمەت، قىسمەت چورۇق، ئىمام خاتىپلار بار ئىدى.

توختاخۇن مىكرافون ئالدىغا كېلىپ جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن:



— تۇققانلار، قېرىنداشلار، ھازىر زومگەر پومىششىك، باندىت مەخسۇت بەگنى كۇرەش قىلىش - سوراققا تارتىش چوڭ يىغىنىمىز باشلاندى! — دەپ جاكالىدى.

پۈتۈن مەيدان تەۋرەندى، گۈلدۈرلىگەن غەزەپلىك شوئار سادالىرى ئىچىدە جامائەت خەۋپسىزلىگى ساقچىلىرى بىلەن قوراللىق خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ يالىشى ئاستىدا مەخسۇت بەگ مەيدانغا ئېلىپ كېلىندى. ئۇ مۇنبەرنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى يەرگە قويۇلغان جوزا ئۈستىگە چىقىرىلغاندىن كېيىن، ھەرقايسى يېزىلار-دىن توتۇلغان، نەق بۇزغۇنچىلىقى بار، ئەمەل تۇتقان ئون نەچچە پومىششىكمۇ مۇنبەرنىڭ ئالدىدىكى يەرگە قاتار تىزىلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە قۇربان ئاقساقالمۇ بار ئىدى......

مەخسۇت بەگنىڭ ئۇلۇكتەك ئاقارغان مۇدھىش تەلەتىنى كورۇپ، مەيداندا سانجاق - سانجاق بولۇپ ئولتۇرغان دەرتمەن-لەرنىڭ تومۇرلىرىدىكى قان بىردىنلا غەزەپ بىلەن ئۇرغۇپ تاشتى. كوزلىرىدىن ئوت يېنىپ، مۇشتلىرى قاتتىق تۈگۈلدى. بىرىنچى بولۇپ، مىكرافون ئالدىدا ئالماس سوز قىلىپ، زەرەپشان ئەمگەكچى دېخانلىرىنىڭ زۇلمەتلىك كونا جەمىيەتتە بېشىدىن كەچۈرگەن پاجىەلىك تەقدىرىنى ۋە قاراڭغۇ زۇلمەتنىڭ مۇستە-بىت ھامىسى بولغان زومگەر - مۇشتۇمزور مەخسۇت بەگنىڭ يىرگىنىشلىك ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاپ، كوپچىلىكنى كۇرەش مۇنبىرىدىن ئورۇن - ئېلىشقا چاقىردى......

مۇنبەردە غەزەپلەنگەن دەرتمەنلەرنىڭ قاتار سېپى پەيدا بولدى. ئۇلار ئارقا - ئارقىدىن مىكرافون ئالدىغا كېلىپ، قانلىق كىيىم - كېچەكلەرنى، بەدەنلىرىدىكى تاتۇق - يارا ئىزلىرىنى، ئۈزۈل-گەن قول، كېسىلگەن پۇت، ئويۇلغان كوز، يۇلۇنغان چىش،

ئۈزۈلگەن قۇلاقلىرىنى كۆرسىتىپ، پولاتتەك پاكىتلار بىلەن دەرتلىك شىكايەت سادالىرىنى ياڭراتتى، مەخسۇت بەگ ئىشلەتكەن ئۈچ تىللىق سىم قامچا، دەرە، ئىشكەل-تاقاق، قىل ئاغامچا ۋە ھەر خىل جازا قوراللىرىنى قوللىرىدا پۇلاڭلىتىپ، ھەر خىل مۆھۈرلۈك تىل خەتلەرنى كۆرسىتىپ، مەخسۇت بەگنىڭ ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن بىگۇنا پەرزەنتلىرى، قېرىنداشلىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ، زەردە گوش يۈرەكتىن ئېتىلىپ چىققان غەزەپلىك سادا بىلەن:

— قانغا-قان، جانغا جان ئالىمىز! — دەپ قەتئىي تەلەپلەرنى قويۇشتى......

شىرمەممەت مۇنبەرنىڭ ئالدىدا دېخانلار سېپىدە ئولتۇراتتى، دەرتمەنلەرنىڭ نالە-زارلىرىنى ئاڭلاپ، كۆزىدىن ئىختىيارسىز ياش قۇيۇلماقتا ئىدى، كۆرەش ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەنسېرى ئۇنىڭ ۋۇجۇدى دولقۇنلىنىپ كەتتى. خەلقنىڭ مىسلىسىز كۈچ-قۇدرىتى ئۇنى چوڭقۇر ھاياجانغا سېلىۋەتتى...... سارىخان ئانا بىلەن بايىز خالۋاپ مىكرافون ئالدىدا تۇرۇپ، ئاتىنىڭ قۇيرۇغىغا باغلاپ سۆرىتىپ ئۆلتۈرۈلگەن ئانارگۈل بىلەن تاپانچا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن مەشرەپنىڭ قانلىق، تىتىلغان كىيىم-كېچەكلىرىنى جامائەتكە كۆرسىتىپ، پىغانلىق ھەسرەت بىلەن ھۆكرەپ يىغلاپ شىكايەت قىلىۋاتقاندا، شىرمەممەت تۇيۇقسىز كىشىلەر ئارىسىدىن چاچراپ ئورنىدىن تۇردى-دە، ئېتىلىپ مۇنبەرنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە جالاقلاپ تىترەپ تۇرغان قۇربان ئاقساقالنىڭ ياقىسىدىن قامالاپ تۇتۇپ، ئۇنى غەزەپ بىلەن ئۇڭدىسىغا ئۇچۇرۇۋەتتى ھەمدە ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ، مۇشتلىرىنى قاتتىق تۈگۈپ، ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن بىر قارىدى-دە، كۆتۈلمىگەندە شارت

قىلىپ كەينىگە يېنىپ مەھەللە تەرەپكە ئېتىلىپ يۈگۈرۈپ كەتتى......

مۇنبەردە ئولتۇرغان ئالماس شىرمەممەتنىڭ مەھەللە تەرەپكە ئوقتەك ئېتىلىپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، يېنىدا ئولتۇر-غان دۆڭ تېخەن بىلەن جاپپارۇپقا قاراپ نېمىنىدۇر ئېيتتى-دە، مۇنبەردىن ئالدىراپ چۈشۈپ، شىرمەممەتنىڭ كەينىدىن يۈ-گۈردى......

توختاخۇن مەيدانىنى تىنچلاندۇرۇپ، مىكرافوننى سارىخان ئانا بىلەن بايىز خالۋاپنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى......

شىرمەممەت تومۇر قەپەزدىن بوشانغان قەھرىلىك يولۋاس-تەك ئېتىلىپ بېرىپ، قۇربان ئاقساقالنىڭ تومۇر ھالقىلىق دەر-ۋازىسىنى زەرپ بىلەن بىر تېپىپ، ئېغىر ئىشىكنى ھاڭگىرىقاي ئېچىۋەتتى، ھويلىغا بېسىپ كىردى ۋە بىردىن ھاڭ-تاڭ بولۇپ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قېتىپ تۇرۇپ قالدى......

ھويلىنىڭ بىر چېتىدە — ئاتخانىنىڭ يېنىدىكى تۇرۇكنىڭ كەينىدە ئايتۇراخان يەردە سوزۇلۇپ ياتاتتى......

شىرمەممەت يەردە سوزۇلۇپ ياتقان بۇ ئاجايىپ كېلىشكەن، سېھىرلىك، غەلىتە، چۈشىنىكسىز ئايالغا بىر قارىدى-دە، ئىرغىپ بېرىپ، سامانلىقتا ئۆزىنى ئاتتى.

شۇ چاغدا، دەرۋازىدىن ئالماس، قادىر، تومۇر ۋە جامائەت خەۋپسىزلىگى خادىمى ئېلىقۇل كىرىپ كەلدى.

ئالماس بىلەن ئېلىقۇل ئايتۇرانىڭ جەسىدىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، "تېخى ھازىرلا بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن، قاتىل مۇشۇ ئەتى-راپتا" دېگەن خۇلاسىگە كەلدى ۋە شىرمەممەتنى ئىزلەپ ئەتى-راپقا قاراشتى.

شىرمەممەت پۈتۈن ئۈستىۋاشلىرى سامان ئۇۋاقلىرى بىلەن بۇلغانغان ھالدا ئاتخانا تەرەپتىن يۈگۈرۈپ چىقتى ۋە ئالماسنى كورۈپ:

— قېچىپتۇ، ھازىرلا قېچىپتۇ، مەن بۇ "مۇھتەرەم قارى"نى تۇتمىسام شىرمەممەت ئەمەس! — دەپ غەزەپ بىلەن كوزلىرىدىن ئوت چاچرىتىپ، باغ تەرەپكە يۈگۈردى.

ئالماس، ئىبلىقۇل، قادىر، تومۇرلەرمۇ باققا ئېتىلدى. باغ قۇرۇق، ئادەمسىز ئىدى، ھەممە بۇلۇڭ-پۇچقاقلار قىدىرىلدى، ھېچنىمە يوق. شۇنىڭدىن كېيىن شىرمەممەت نىمىنىدۇر ئەسكە ئېلىپ، باغنىڭ ئورۇكلۇك قىسمىدىكى بۇلۇڭ تامنىڭ ئۈستىگە ئىرغىپ چىقتى.

تامنىڭ كەينىدە كونا ئېرىقنى ئىز قىلغان بىر "ئوغرى يول" بار ئىدى. شىرمەممەت تامغا مىنگىشىپ تۇرۇپ "ئوغرى يول" تەرەپكە بېشىنى بۇراپ قاراش بىلەنلا "چاك" قىلىپ ئېتىلغان تاپانچا ئوقى ئۇنىڭ تاغىغا كېلىپ تەگدى.

شىرمەممەت تامنىڭ ئۈستىدىن باغ تەرەپكە سۇنايلىنىپ سېرىلىپ چۈشتى. ئالماس قادىرنى شىرمەممەتكە قاراشقا قالدۇرۇپ ئۆزى ئىرغىپ تام ئۈستىگە چىقتى، ئىبلىقۇل، تومۇرلەرمۇ چىقىشتى.

"ئوغرى يول" دا ئۇزۇن تون كيگەن، ساقاللىق، بېشىدا يوغان سەللىسى بار بىر يوچۇن ئادەم ئالدى-ئارقىسىغا قارىماي ھودۇقۇپ قېچىپ كېتىۋاتاتتى. بۇ "مۇھتەرەم قارى" ئىدى.

"مۇھتەرەم قارى" تۈنۈگۈن ئاخشام قۇربان ئاقساقال تۇيۇقسىز خىزمەت ئەترىدىگە چاقىرتىپ ئېلىپ كېتىلگەندىن كېيىن، ساماتلىقتا يېتىپ، ئەمدى ئۇنىڭ قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى

جەزم قىلدى. دىگەندەك ئۇ قايتىپ كەلمىدى. قايتىپ كەلمە-گەنلىكى قورقۇنچلۇق ئىش ئىدى. ئۇنى ئۇزىنى پاش قىلمايدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟...... "مۇھتەرەم قارى" دەرھال قاچماقچى بولدى. قانداق قېچىش كېرەك؟ قېچىش تەس ئىدى ۋە ئاخىر يۇرت قوۋمىنىڭ مەيدانىغا كەتكەن ۋاقتىنى قولايلىق پۇرسەت قىلىپ تاللىدى. ئەتىگەندىلا شىرمەھمەت يىغىنغا كەتتى، ئۇ، ئىشىكتىن چىقىش بىلەنلا "مۇھتەرەم قارى" ئايتۇرانى يېنىغا چاقىردى. ئەسلىدە ئۇنىڭغا ئۇزىنىڭ باغ كەينى بىلەن قېچىشىنى قوغ-داتماقچى بولغان ئىدى. بىراق ئايتۇراخان "مۇھتەرەم قارى"نىڭ مۇددىئاسىنى بىلگەندىن كېيىن، غەلىتە بىرھىسسىيات بىلەن خۇددى ئەس-ھوشىنى يوقاتقان ئادەمدەك تۇيۇقسىز ھۆكرەك ئېتىپ يىغا سالدى، "دادامۇ، سەنمۇ كەتسەڭ، مەن كىم بىلەن قالىمەن" دەپ ۋاقىراپ يىغلىدى. "مۇھتەرەم قارى" چوچۇپ ئۇنى يىغىدىن توختىتىشقا ئۇرۇندى، لېكىن ئۇ زادى توختى-مىدى:

— ئەخمەق سەتەڭ! — دەپ "مۇھتەرەم قارى" بىردىن ھۇرپىيىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى، — سەن نېمە، ئادەم يىغىپ مېنى پاش قىلماقچى بولۇۋاتامسەن؟ ئاۋازىڭنى ئۇچە!

— دادام، دادامچۇ؟!......

ئايتۇراخاننىڭ شۇ گېپى بىلەن تەڭ، "مۇھتەرەم قارى" كوزىگە قان قۇيۇلۇپ، بورىدەك ئېتىلدى. ئايتۇراخاننىڭ گېلىنى ئىككى قولى بىلەن ئامبۇردەك قىسىپ تۇرۇۋالدى...... ئايتۇراخان سۇنايلىنىپ يەرگە سوزۇلۇپ چۇشتى، ئۇنىڭ تىنىقتىن توختى-غانلىقىنى كورگەندىن كېيىن "مۇھتەرەم قارى" خاتىرجەم بولغاندەك بولدى. دە ئۇزىنى باغ تەرەپكە ئاتتى...... ۋە يۇگۇردى......

ئالماس، ئېلىقۇل، تومۇرلەر تام ئۈستىدىن "گۇپ" قىلىپ سەكرەپ يەرگە چۈشۈپ، ساقاللىق يۇچۇن ئادەمنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى. تاپانچا ئاۋازىنى ئاڭلاپ، مەھەللىنى قوغداپ يۈرگەن ئامانلىق ساقلاش ئەزالىرىمۇ تەرەپ - تەرەپتىن ئېتىلىپ كېلىشتى......

ساقاللىق يۇچۇن ئادەم ئۆزىنىڭ قاتمۇ - قات قورشاۋ ئىچىدە قالغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن كۆزلىرىنى ئالاق - جالاق قىلىپ، قاپقانغا چۈشكەن يىرتقۇچ بۆرىدەك خارتىلداپ، خىرىس بىلەن يانچۇغىدىن ئىككى تاپانچىنى ئىككى قولىغا ئالدى...... ئەمما، يان تەرەپتىن ئېتىلىپ چىققان ئېلىقۇل ئارقا تەرەپتىن كېلىپ، ساقاللىق ئادەمنى بېلىدىن "قاس" قىلىپ بىرنى تېپىپ، ئالدىغا دۈم چۈشۈردى - دە، گەجگىسىدىن دەسسەپ، يەرگە پاقىدەك چاپلىتىپ تۇرۇپ، ئىككى قولىنى كەينىگە قايرىپ، تاپانچىلارنى تارتىۋالدى.

خەلق ئەسكەرلىرى ئۇنىڭ گەجگىسىدىن تارتىپ ئۆرە تۇرغۇزۇپ، قولىنى كەينىگە قايرىپ باغلىدى.

ئالماس بېشىغا سەللە ئورىغان ساقاللىق يۇچۇن ئادەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا سەپسالدى. كۆز ئالدىدا "ياپما قاپاق، چوڭقۇر، يۈزلىرىنى دانىخورەك باسقان، قارا جىڭسا كىيىمى كىيگەن، بەلمۆرىلىرىگە ئۇجاڭدەي تاقىغان، قولىدا قىلىچى بار، خورۇم ئۆتۈك، قاسقان شەپكىلىك" ھىلىقى جىڭسا ئەمەلدارى نامايەن بولدى.

ئالماسنىڭ قوشۇملىرى مۈشتەك تۈگۈلدى، كۆزلىرىدىن ئوت چاچرىدى ۋە قولىنى سوزۇپ، "يۇچۇن" ئادەمنىڭ ئېڭىكىدىكى ساقالنى قامالاپ بىراقلا تارتتى. يالغان ساقال ئالماسنىڭ قولىغا يۇلۇنۇپ چىقتى. كىمدۇر ئۇنىڭ سىدام بېشىدىكى سەللىنى

ئېلىۋەتتى.

ئالماس ئاچچىق مەسخىرە بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ:

— خوش، ئاجۇيجاڭ، ئۆزلىرى بۇ يەرگە قاچاندىن بېرى مېھمان؟ — دەپ سورىدى.

ئەتراپتىكىلەر بۇ ئەبلەخنىڭ دېيىشى تونىغا ئۆرۈنۈۋالغان يوشۇرۇن ئەكسىلئىنقىلابچى ئىكەنلىكىنى بىر قاراپلا سېزىشتى-دە، غەزەپلىنىپ:

— ئېيتە، نىمە بولىتەك تۇرىسەن! — دېيىشتى.

ئېلىقۇل توش يانچۇقىدىن بىر سۈرەتنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا غىل-پاللا بىر كوز يۈگەرتتى-دە:

— "غىلاپلىق خەنجەر" دىگىنى مۇشۇ، — دىدى......

"غىلاپلىق خەنجەر" كۆرەش مەيدانىغا يالاپ ئېلىپ كېلىنگەندە، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ۋەكىلى زومىگەر پومىششىك، نەق ئەكسىلئىنقىلاپچى مەخسۇت بەگكە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىگى توغرىسىدىكى ھۆكۈمنى ئېلان قىلىۋاتاتتى......

پۈتۈن مەيدان گۈلدۈرلىگەن شوئار سادالىرى بىلەن ئادىل ھۆكۈمگە تەنتەنە قىلدى:

— زومىگەر-مۇشتۇمزورلارنى ئۇجۇقتۇرايلى!......

— ئەكسىلئىنقىلاپچىلارنى باستۇرايلى!......

— ياشىسۇن خەلق دولىتى!.....

— ياشىسۇن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلاشقان كۈچى!.....

— ياشىسۇن خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسى!......

— ياشىسۇن تايانچىمىز كومپارتىيە!......

— ....................

شۇ كۈنى كۆرەش يىغىنى ئاياقلاشقاندىن تارتىپ، تاكى تۈن نىسبىدىن ئۆتكىچە، پۈتكۈل زەرەپشان يېزىلىرىدا كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان شادىيانە بىر خوشاللىق كېزىپ يۈردى. ئېلىشا تاغا قېرىنداشلارنىڭ قەلب سوزلىرىدىن گۈلدەستە تۈزۈپ، ئۆز راۋابىنى "زەرەپشان" ناملىق مۇنداق يېڭى مۇقامغا سازلىدى:

جان كىرىپ، جەۋلان قىلىپ،
سوزلىدى تارىخ بۈگۈن،
شاتلىغى ئالەمگە سىغماس،
ئارمىنى ھاسىل بۈگۈن
ئېيت ئېلىشا تارىخنامە......
ھەممىگە ئايان بۈگۈن.
مەس بۇلبۇل تىلغا كىردى،
ناخشىغا زوقمەن بۈگۈن.

باغ ئىدىڭ، گۈلزار ئىدىڭ،
زەرەپشان، ئەزىز ئۆلكە.
بەستىڭگە ھەمرا ئىدى،
خۇش چىراي، ناۋا - كۈلكە.
ھۈنەر - سەنئەتتە يىگانە،
بەردەم ئىدىڭ مۇشكۈلگە.
تۇپرىغىڭ گوھەر مىسالى،
ئوخشايتتىڭ ئىپار گۈلگە......

زۇلمەت تاغلىرى باستى،
لېۋىڭدىن قاچتى شوخ كۈلكە.

چىرايىڭ سامان بولدى،
بوينۇڭ باغلىنىپ بەگكە.
پۈكتى قەددىڭنى يىللار،
گۈلزارىڭ ئايلاندى كۆلگە.
ئىشرەت بەزمىسى قۇردى،
چىل بورە بىلەن تۈلكە......

شاتلىغىڭ چەكسىز بۇگۈن،
قەلبىڭدە لىق گۈلدەستە.
قامىتىڭ كوككە تاقاشتى،
كوئىنلۇن تۇرار پەستە.
قەھرىڭ ئۇتقاچ ئۇجۇقتى،
بەگلىرىڭ بولدى خەستە.
ئۇشبۇ تارىخنى، دەرتمەن،
ئۇنۇتما، ساقلا ئەستە.

## ئون بىرىنچى باپ

# 1 . جۇۋاز كالىسىنىڭ 3 - ئەۋلادى

باھار چېچەكلىرى ئىچىدە ياڭاقلىق يېزىسىدا ھەممىدىن ئاۋال بادام چېچەكلىرى رەڭ تۈزۈپ گۈللەيدۇ؛ ئۆرۈك گۈللىگەن چاغ — پۈتۈن زەرەپشان يېزىلىرى ئاق - سېرىق، زەڭگەر - سۇسىنە، قىزغۇچ - بىنەپشە، قىزىل - ھالرەڭ چېچەك - چوكانلار ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن پەيت بولىدۇ......

گۈزەل، يېقىملىق، رەڭدار باھار كىشى قەلبىگە ئاللىقانداق شېرىن زوق - تۇيغۇلارنى بېغىشلايدۇ......

دېخانلار بۇ يىلقى باھارنى "خاسىيەتلىك 3 - باھار" دەپ ئاتاشتى. كوچا - كويلاردا ھەۋەس - ئىشتىياق بىلەن ئېيتىلىۋاتقان گەپ - سۆزلەردىن قارىغاندا، ئۇنىڭ خاسىيىتى ھەممە يەرنى قاپلاپ ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن باھار چېچەكلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى كەڭ دېخانلار قەلبىدە پورەكلەپ ئېچىلغان ئىلھامبەخش ئۈمىت چېچەكلىرى بىلەنمۇ مەنىداش ئىدى.

بۇ ھەقتىكى پاراڭ خۇشۇسەن بوگۇن تازا ئەۋجگە چىقتى. تاڭ يورۇش بىلەنلا مەخسۇت بەگنىڭ تومۇر دەرۋازىسى ئۈستىدىكى پەشتەقتىن گۈمبۈرلەپ چېلىنغان ناغرا بىلەن شادىيانە چېلىنىۋاتقان سۇناي ئاۋازى پۈتۈن ياڭاقلىق يېزىسىغا يەنە بىر

شات - خوراملىق ئېلىپ كەلدى. ئەر - ئايال، ياش - قېرى دېھقانلار ئۆي ئىچىدىكى ئەتىگەنلىك ئىشلىرىنى ئالدىراپ تۈگىتىپ، خۇددى تويى مەرىكىسىگە كېتىۋاتقاندەك خوشال كۈلكە - چاخچاقلار بىلەن ئۆي - ئۆيلەردىن چىقىشىپ، خاسىيەتلىك 3 - باھارنىڭ خىسلەت پەزىلەتلىرى ئۈستىدە قىزغىن بەس - مۇنازىرە قىلىشىپ، مەخسۇت بەگنىڭ تومۇر دەرۋازىسى ئالدىدىكى كۆرەش مۆسىنى تەقسىم قىلىش مەيدانىغا قاراپ مېڭىشتى.

يۈسۈپ چوڭ بىلەن رابى ۋەت - ۋەت بۈگۈن ھەممىدىن بۇرۇن كوچىغا چىقىشتى ۋە ناغرا - سۇناي چېلىنىۋاتقان تومۇر دەرۋازا تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.

ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش خىزمەت ئەترەتلىرى زەرەپشان يېزىلىرىغا يېڭى يېتىپ كەلگەندە، رابى ۋەت - ۋەت نىمە ئۈچۈندۇر بىر مەزگىلگىچە ئۆز ئورنىدا تېپىرلاپ تۇرالماي قالدى. "كادىر دىگەن يېزىمىزغا قېقىلغان ئالتۇن قوزۇق ئەمەس، — دەيتتى ئۇ ئويمۇ - ئوي قاتراپ، — سۇ كېتىدۇ تاش قالىدۇ، ئوسما كېتىدۇ، قاش قالىدۇ، كادىر دىگەن ئالتە كۈنلۈك ۋەز - نەسىھەتچى. ئۇلارنىڭمۇ ئۆي ۋاقىسى، قوي - ئۆشكىسى، خوتۇن - بالىسى باردۇ، كېتىدۇ، كەتمەي. يەنىچۇ، بىز قالىمىز. توي - توكۈن، ئۆلۈم - يىتىم ھەممە كىشىنىڭ بېشىدا بار ئىش. يەنىلا ئەلە - مەھەللە، يۇرت قوۋمى ئەسقاتىدۇ. كادىر كەلدى دەپ ھەررەك - سەررەك بولمايلى......".

كېيىن سىنىپىي تەركىپىنى ئايرىش قانۇن - نىزاملىرى ئېلان قىلىنىپ، ھەر بىر كىشىنىڭ يېزا جەمىيىتىدە تۇتقان ئىجتىمائى ئورنىنى، مەۋقەنى دەڭسەپ كورۇش توغرا كەلگەندە، يۈسۈپ چوڭ بىلەن رابى ۋەت - ۋەت بىرقانچە كېچىنى ئۇيقۇسىز

ئۇتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. لېكىن، مەجلىستىن ھەرگىز قالمايتتى. شۇ سورۇنلاردا ئۇنىڭ تەركىۋى كوپ قېتىم تالاش - تارتىش قىلىندى، ئۇچ قېتىم باي دېخان قىلىپ ئايرىلىپ، بەش قېتىمچە ھاللىق ئوتتۇرا دېخان قىلىپ چوشۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئىگەللىگەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى — تېرىلغۇ يەر، ئات - ئۇلاق، دېخان- چىلىق سايمانلىرى بۇ يەردە باي دېخان قىلىپ ئايرىلغانلاردىن ئانچىلا پەرقلەنمەيتتى. لېكىن، سىنىپىي تەركىپ بايلىققا ئەمەس، بەلكى شۇ بايلىقنىڭ كېلىش مەنبىسىنى ئولچەم قىلغاچقا، يۇسۇپ چوڭنىڭ ئومۇمىي كىرىمى ئىچىدە ئېكسپىلاتاتسىيە كىرىمىنى ھېساپلاپ بېكىتىش، گۇۋا - شاھىتنى نەقلەشتۇرۇش ئۇزاق قول تۇتتى.

رابى ۋىت - ۋىتىنىڭمۇ دېمى ئىچىگە چوشۇپ كەتتى.

قايتا - قايتا ئېنىقلاش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ يىللىق ئومۇمىي كىرىمى ئىچىدە يىللىقچى، كۈنلۈكچى ياللاش، ئاز - تولا جازانە كىرىمى ۋە ئازراق يېرىنى ئوتاققا بېرىش ئارقىلىق تاپقان كىرىمى 24 يېرىم پىرسەنتكە چەزىملىنىپ، تەركىۋى ئاخىرقى ھېساپتا ھاللىق ئوتتۇرا دېخان قىلىپ بېكىتىلگەندىن كېيىنلا ئاندىن يۇسۇپ چوڭ بىلەن رابى ۋىت - ۋىتىنىڭ كوڭلى ئىزىغا چوشتى:

— ئۇھ، خۇداغا شۇكۇر، ھەممە بولسا، بورە توپىدىن ئايرىلدۇق، ئىتتىپاقچى بولدۇق، — دېيىشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن مەجلىسلەرگە ئانچىلا قىزىقمايدىغان بولدى - دە، ئۆز ئىشى بىلەن بولۇپ كەتتى.

لېكىن، يېزا مۇشتۇمزورلىرى كۇرەشكە تارتىلغاندا، يۇسۇپ، چوڭ بىلەن رابى ۋىت - ۋىت يەنە چوچۇپ قالدى. بولۇپمۇ، مەخسۇت بەگ باستۇرۇلغان، نەق بۇزغۇنچىلىق ھەركەتلىرى بار

قۇربان ئاقساقال قاتارلىق ئۈچ پومىششىككە ئەكسيەتچى پومىششىك قالپىغى كىيگۈزۈلۈپ، ئۇلار ئامىنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئۇزگەر-تىشكە تاپشۇرۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئوتتۇرىدىكى پەرق — چېگرانىڭ چوڭ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى - دە، يەنە قول - ئىلكىدە يوق دېخانلارغا يېقىنراق تۇرغانىنىڭ پايدىسى بار، دېگەن يەرگە كەلدى.

بۈگۈن بۇ ئەر - خوتۇنىنىڭ، گەرچە ئۇزلىرىگە ئانچىلا نەپ تەگمىسىمۇ، ھەممىدىن بۇرۇن كوچىغا چىقىۋېلىشىنىڭ سەۋ-ۋىمۇ شۇ ئىدى.

ئۇلار كېتىۋېتىپ، يان كوچىدىن چىقىپ كەلگەن مەسۇ-دېخانغا كوزى چۈشتى. مەسۇدېخان بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىپ چىرايلىق ياسانغان، ئۇن ئىككى ياشلىق قىزى مەختۇمنى ئەگەش-تۈرۈۋالغان ئىدى. رابى ۋىت - ۋىت مەسۇدېخانغا قاراپ:

— ھە، ھە، مەسۇدېخان، ئەسسالام. بۈگۈن قانداق ياخشى كۈن - ھە. ئەجەپ ئىش. كۈرەش مىۋىسىنىڭ بىزگە تەگمەي-دىغانلىقى ئېنىق، ئۈمىدىمىزمۇ يوق. خوش، ئۇزلىرىگە نىمە تەك-كىدەك؟ — دەپ سورىدى تۇمشۇغىنى سوزۇپ.

مەسۇدېخان "ئۈمىدىمىزمۇ يوق" دېگەن گەپنى ئۇزىچە چۈشىنىپ، بىر ئاز نارازى بولغاندەك قاش - كوزىنى ئۈچۈرۈپ، رابى ۋىت - ۋىتقا سىڭايان قارىدى - دە، بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ:

— بۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان، — دېدى ئۇ، — ئەلە-مەلە بۇ يىلقى باھارنى "خاسىيەتلىك 3 - باھار" دەپ تە-رىپلىسە، ئانچىلا ئىرەن قىلماپ كەتمەپتىمەن. ئويلاپ كورسەم راست ئىكەن. بىرىنچى باھاردا ئازاتلىقنى كوردۇق، بېشىمىزدىن ئۈستىمىزدە قارا قازاندەك بېسىپ تۇرغان قاراڭغۇلۇق ئېلىپ تاشلاندى، ئۇھ دەپ خوش نەپەس ئالدۇق. ئىككىنچى باھاردا

دېخانلار جەمىيىتى خوجا بولدى، ئۇنىبىشى، يۈزبېشىلار قامچا كوتىرىپ، ھەدېسلا ئىشىكتىن ئۈسسۈپ كىرىۋەرمەيدىغان بولدى، "نېرى تۇر، بېرى تۇر"دىن قۇتۇلدۇق. ھەي، شۇ ئالماس باللار...... ھە دېسە بىزنى يولەيدىغان بولدى. مانا ئەمدى ئۈچىنچى باھار...... نىمە دېسەم بولىدۇ، پور كوتەك يىلتىزىدىن قومۇرۇلدى. بېگىمۇ - ئاقساقىلىمۇ مۇكچەيدى، ئالىيىپ قارايدىغان سورۇن تەلەتلەر يوق بولدى...... پۈتۈن بىر تاغ گەجگەمدىن ئېلىپ تاشلانغاندەك بولدى...... سىلى رابىخان، — دېدى مەسۇدىخان ئوز ئورنىدا جىددەك تۇرۇۋېلىپ، — كۆرەش مۇسى - يۇ، نىمە تەگدى - يۇ، دەيلا. ساناپ بەردىمغۇ، خاسىيەتلىك ئۈچ باھارنىڭ ھەممىسى ماڭا تەككەن كۆرەش مۇسى. بۇنىڭدىن ئارتۇق مۇھ بولامدىكەن!......

يۈسۈپ چوڭ ئالدىراپ مەسۇدىخانغا تەسەللى ئېيتتى:

— ياق، ياق، مەسۇدىخان، مېنىڭ بۇ خوتۇنۇم شۇنداق، سىلى ئېرەن قىلمىسىلا، گەپنى باشقا تەرەپكە تارتمايلى، كۆن نۇرى ھەممىگە تەڭ چېچىلىدۇ، سىلىگە چۈشكەن كۆن نۇرى بىزگىمۇ بېخىل ئەمەس. مېنىڭ خوتۇنۇم ئېيتىدۇكى، بۈگۈنكى مۇھ تەقسىم قىلىشتا ئۇزلىرىگە نىمە تېگىدىكىن دېگەن گەپ......

مەسۇدىخان يۈسۈپ چوڭغا نىمىندۇر دېمەكچى بولۇۋېدى، رابى ۋىت - يەنە ئېغىزىنى قويۇۋەتتى:

— بىزچۇ پومىششىكمۇ، باي دېخانمۇ ئەمەس، خەقلەر ھارام كىرىم ئوتتۇز - قىرىق پىرسەنت دېگەن بولىسمۇ، كادىر سەرلەپ، مىسقاللاپ كورۈپ، يىگىرمە توت يېرىم پىرسەنت چىقاردى، ھاراملىغى قۇرۇسۇن، ئوتتۇرا دېخان دېگىنى دۇرۇس. كەمبەغەل دېخان تايانچى بولسا، ئوتتۇرا دېخان ئىتتىپاقچى.

تايانچى بىلەن ئىتتىباقچى بىرلىشگىلار، دېگەندەكىن شۇنداق دەپ سوراپ باقتىم...... ئۇنداق، گەپنى ئەگرى قىلىپ، سامان تېگىدىن سۇ يۈگۈرتمەيلى......

— كىم گەپنى ئەگرى قىپتۇ، سامان تېگىدىن سۇ يۈگۈرت-كەن مەنمۇ؟ — دېدى مەسۇدىخان رابى ۋەت - ۋەتقا قاراپ.

رابى ۋەت - ۋەت چاۋاقدى:

— ئەمىسە، نېمىشقا "يۈز بېشىلار قامچا كوتىرىپ ئۇسسۇپ كىرىۋەرمەيدىغان بولدى" دەيلا، بۇ بىزگە دېگەنلىرى ئەمەسمۇ، يۈسۈپ چوڭ يۈزبېشى بولسا، ئۈچ ئايلا بولدى، دەردىنى بەگدىنمۇ، خەقتىنمۇ تارتتى، مۇشۇ سامان ئاستىدىن سۇ يۈگۈر-تىپ چىقىۋالغانلىرى ئەمەسمۇ......

— يالغانمۇ، يالغان بولمىغاندىن كېيىن چىدىسىلا، — دېدى مەسۇدىخان، — مەنمۇ سىلى تۈزىلىق دېمىگەنتىم، ئۆزلىرىگىلا ئەپ كەتتىلە، نېمە دەز كېتىپ يۈرىيدۇ...تۇۋا...

رابى ۋەت - ۋەت يەنە نېمىندۇر دېمەكچى بولۇۋىدى، يۈسۈپ چوڭ خىرتۇننى سىلكىۋەتتى:

— كادىرنىڭ دېگىنى ھېساپ. ئىتتىپاقچى بولغاندىكىن بولدى، ھەممىمىز يىگىنىنىڭ تۈشۈگىدىن ئۆتتۈق. ئۆتەلمىگەنلەر بورە توپىغا قوشۇلدى. مۇشۇنىڭ ئۆزى ئەۋزەل......

كوچا - كوچىدىن چىقىپ كەلگەن دېخانلار كۆپەيدى، مەسۇدىخان مەختۇمنى يېتىلەپ، رابى ، ۋەت - ۋەتتىن ئۇزاپ كەتتى.

مەخسۇت بەگنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسى ئالدىدىكى سەينا خۇددى بازار كۈنىدىكىدەك ئادەملەر بىلەن لىق تولۇپ، قىزىپ كەتكەن ئىدى. پەشتاق ئۈستىدە ناغرا - سۇناي ياڭرىماقتا، سەي-

نانىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرقانچە ئون جۈپ ئەر - ئايال، قىز - يىگىتلەر شاتلىقى ئىچ - ئىچىگە پاتماي ئىختىيارى ھالدا ئوت- تۇرىغا چۈشۈپ ئۇسسۇل ئويناماقتا، ناخشا ئېيتماقتا. قى - چۇ كۆتىرىشىپ ياڭراپ كۈلۈشمەكتە ئىدى......

تۆمۈر دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تامنى ياقىلاپ، مەخسۇت بەگ ھەم كۆرەش قىلىنغان مۇشتۇمزور پومىشچىكلاردىن قانۇن ۋە ئامىنىڭ تەلىۋى بويىچە مۇسادىرە قىلىنغان ئات - ئۇلاق، دېھقانچىلىق سايمانلىرى، ھارۋىلار، ھەر خىل جابدۇقلار، كىگىز - گىلەم، ئارتۇق تۇرمۇش بۇيۇملىرى قاتار تىزىلغان بولۇپ، ھەر بىر سايمان - جابدۇقنىڭ ئۈستىگە خەت يېزىلغان قىزىل قەغەزلەر چاپلانغان، ئات - ئۇلاقلارنىڭ باشلىرىغا، مۈڭگۈز - قۇلاق- لىرىغا ئالا - يېشىل قەغەز گۈللەر، قىزىل پوپۇكلەر باغلانغان ئىدى. يان تەرەپتىكى بىر مەيداندا مۇشتۇمزورلار دېھقانلاردىن زورلۇق بىلەن تارتىۋالغان ۋە ھازىر ئەسلى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا تېگىشلىك ھەر خىل مال - مۈلۈكلەر؛ قانۇن بويىچە كېمەيتىپ، پومىشچىك، باي دېھقانلاردىن قايتۇرۇۋېلىنغان ھەر خىل ئاشلىقلار ئەسلى ئىجارىكەش - ئوتاقچى دېھقانلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن تەخلەپ قويۇلغان ئىدى......

بۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ئەمگەكچى دېھقانلار دېھقان- لار جەمئىيىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە كۆرەش مېۋىسىنى قانداق تەقسىم قىلىش ھەققىدە قايتا - قايتا مۇزاكىرە قىلىشقان، ھەر كىمنىڭ ئەھۋالى، ھاجىتىنى دەڭسەپ كۆرۈشكەن ۋە بۇ مېۋىنى خېمىرتۇرۇش قىلىپ، ئىختىسادىي جەھەتتە قەد كۆتىرىشنىڭ پىلانلىرىنى تۈزۈشكەن ئىدى. ھازىر بولسا، ئۇلار رەتلىك تىزىلغان ئات - ئۇلاق، مال - مۈلۈك، سايمان - جابدۇقلارنىڭ

ئالدىغا بېرىشىپ، ئىگىسىگە قايتقان ھەقنىڭ خاسىيىتى ئۈستىدە قىزغىن پاراڭلاشماقتا ۋە دولىلىرىغا ئۇرۇشۇپ بىر - بىرىنى تەبرىكلەشمەكتە ئىدى......
دۆڭ تېخەن، جاپپاروپ، ئالماسلار رايون مەھكىمىسىدىن چىقىپ، كۆرەش مۇئىسىنى تەقسىم قىلىش سورۇنىغا يېتىپ كەلگەندە، كوكتاغ تەرەپتىن كېلىۋاتقان چوڭ يولدىن جۇما چىقىپ كەلدى.
جۇمانى كورۇپ ئالماس، شانىياز، قىسمەت چورۇق، ئەزىمەتلەر دەررۇ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى، قۇچاقلىشىپ كورۇشتى. شانىياز جۇماغا قاراپ كۈلۈپ دوستلارچە:
— ھە، قىرغىز، ئېيتە، مەخسۇت بەگنى كۆرەش قىلغان كۈنى نىمىشقا كەلمىدىڭ. بۈگۈن ساڭا بۇ يەردە بىر ئات تەقسىم قىلىنغانلىقىنى چۈشۈڭگە كىردىمۇ؟ — دىدى.
جۇما ئاق مالخېيىنى قىرلاپ تۇرۇپ، خوشاللىق بىلەن:
— بۇ سوئالنى ئىككى ئەمەس، بىر بىردىن جاۋاپ بەرسەم مەيلىمۇ؟ — دىدى.
— جاۋاۋىڭنى قوي، بىز بىلدۇق، — دىدى ئەزىمەت ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ، — مەخسۇت بەگنى كۆرەش قىلغان كۈنى تاققا چىقىپ كېتىپسەن، ئاڭلىماي قاپسەن، راستمۇ؟......
— شۇنداق، لېكىن بەگنىڭ مىڭىسىدىن تۈتۈن چىققاندىكىنى بولدى، ھاردۇق چىقتى، — دىدى جۇما خوشاللىق بىلەن، — قىزنىغى، تۈنۈگۈن ئالماس ئۈزى تېلېفون بېرىپتۇ، ئاكام ئېيتتى، ئالماسنىڭ "كۆرەش مۇئىسىگە ئېغىز تەگسۇن" دېگىنى قىزىق بولدى. راستىنى ئېيتسام، كوكتاغدىن بۈگۈن مۇۋە ئېلىش ئۈچۈن ئەمەس، سىلەرنى كورگىلى كەلدىم......

— بۇ يەرگە تازا بەش يىللىقچى يىغىلىپتۇق، — دېدى قىسمەت چورۇق جۇمانىڭ ئەتراپىدا تۇرغان ئالماس، ئەزمەت، شانىيازلارغا قاراپ. — مەن قىسمەت چورۇق ئىنىق كورۇۋاتمەن، بىز بىلەن جەڭ قىلغان يەنە ئىككى يىللىقچى بۇرادىرىمىز يوق، ئىلىقۇل بىلەن سالمان تاجىك. ئۇلارنىڭ ھەققىياتىنى قانداق قىلىمىز؟......

— يىللىقچى دېگەن گەپنى قوي، — دېدى جۇما، — ئەمدى ھەققى خوجايىن، يىللىقچىسى قۇرۇسۇن......

— مەن ئىلىقۇل بىلەن سالمانغا تېلېفون بەرگەن،— دېدى ئالماس، — كېلىڭلار، كۇرەش مۇسىدە سىلەرنىڭمۇ ھەققىڭلار بار دېگەن ئىدىم، لېكىن، ئۇ ئىككىسى مەسلىھەتلەشكەندەك، قىرىنداشلارغا تۇتىتۇق، كوپ مىلىكە تەقسىم قىلىۋېتىڭلار، بىز دولەت كادىرى ئەمەسمۇ، پۇتۇنلەي رازى دېيىشتى. شۇڭا، ئىلىشا تاغىغا بىرئاز ئىتىۋار بېرىشىمىز كېرەك......

دۆڭ تېخەن بىلەن جاپپاروپ جۇما بىلەن قول ئىلىشىپ كورۇشۇپ، كوكتاغنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. كوكتاغ چارۋىچىلىق رايون بولغاچقا، ئۇ يەردە ئىسلاھات قىلىنمايدىكەن، ئاساسى قاتلام ھاكىمىيەتلەر تەدرىجى ئوزگەرتىلىدىكەن. جۇما مۇشۇ ئالاھىدىلىكلەر ئۇستىدە سوزلەپ بېرىۋاتقاندا، تومۇر دەرۋازىنىڭ پەشتىغىدىن ئۇشتۇمتۇت ناغرا - سۇناي ئاۋازى توختىدى. "ياڭاق پۇشتى ماكان" كەنتى دېخانلار جەمىيىتىنىڭ رەئىسى بايىز خالۋاپ كۇرەش مۇسىنى تەقسىم قىلىش يىغىنىنىڭ باشلانغانلىغىنى ئېلان قىلدى. توختاخۇن سوز قىلدى. ئۇ قىسقا، مەنىلىك قىلىپ:

— كۇرەش مۇسى ئىتتىپاقلىشىپ كۇرەش قىلىش ئارقىلىق قولغا كەلدى. بۇ تىزىلغان، تەقسىم قىلىنغان نەرسىلەرگە بىز

نەچچە ئەۋلات يالانما دېخان، كەمبەغەل دېخانلارنىڭ قان - تەرىمىز سىڭگەن، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، مۇسادىرە قىلىنغان بۇ نەرسىلەر زومىگەر پومېشچىكلارنىڭ بىزدىن شۇلۇۋالغان قان - تەر، گىرىشىمىزنىڭ ئون مىڭدىن بىرىگە توغرا كەلمەيدۇ. لېكىن بۇ، كۈرەش مېۋىسى، روناق تېپىپ بېيىشىمىز يولىدىكى خېمىر تۇرۇش، ئۇنى چوقۇم قەدىرلىشىمىز، بىرنى ئىككى، ئىككىنى تۆت قىلىشىمىز لازىم، — دەپ سۆزىنى تۈگەتتى.

سورۇندا گۈلدۈرلىگەن ئالقىشلار ياڭرىدى.

خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ كادىرى لەيلىگۈل جۈزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، دېخانلارنىڭ باھالىشى، دېخانلار جەمئىيىتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشى بىلەن بېكىتىلگەن تەقسىم قىلىش تىزىملىكىنى بىر-بىرلەپ ئوقۇشقا باشلىدى.

پەشتاق ئۈستىدىن ناغرا بىلەن سۇنايىنىڭ شادىيانە ئاۋازى يەنە ياڭراشقا باشلىدى. نامرات دېخانلار ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان مەنقۇلاتلارنى خۇشال ھاياجان ئىچىدە ئېلىشماقتا. دوست-يار، بۇرادەرلىرىگە كۆرسىتىشمەكتە؛ زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىنغان نەرسىلەرنى ئەسلى ئىگىلىرى تاپشۇرۇۋالغاندا، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە خۇشاللىق ياشلىرى ئەگىدى ۋە ھەشقاللا - رەھمەتلەرنى ياڭرىتىشتى......

جۇل - جۇل كىيىملىك بىر يالانما دېخان ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان ئاتنىڭ چۇلۇۋۇرىدىن چىڭ تۇتۇپ، ئۆمچەيگەن ھالدا كۆزىگە لىق ياش ئالدى ۋە ئۇدۇلىدا ئۇنى مۇبارەكلەپ تۇرغان بۇرادىرىگە ”پۈتۈن ئۆمرۈم بويى بىر چوجىگە ئىگە بولالمىغانمەن. مانا ئەمدى ئات، تامدەك بېجىرىم ئات. بۇنىڭ مېنىڭ مۈلكىم بولغىنىغا ئىشەنگىم كەلمەيدۇ“ دېمەكتە...... ساقاللىق، بىر ئاز

مۇكچىيىپ قالغان بىر مويسىپىت دېخان ئۇزىگە بېرىلگەن چوڭ مۇڭگۈزلۈك ئۇي كالىنىڭ بويىنىدىن قۇچاغلاپ تۇرۇپ، يېنىدا تۇرغان ھەقەمسايىسىگە: "كالا — دېخانىنىڭ پۇت - قولى. دەل مۇشۇ كالا بولمىغانلىقى ئۇچۇن، ئالقانچىلىك يېرىمنى دەپ يىل بويى پومىششىكنىڭ قولىغا باغلىنىپ قالغانمەن. بىر كۈن كالىسىنى ئارىيەت ئالساڭ، بەش كۈن پومىششىكنىڭ يېرىگە تەر ئاققۇزۇشقا مەجبۇر بولاتتىڭ، چاپانغا تاپساڭ، ئىشتانغا يوق دىگەنىنىڭ ئۇزى شۇ بولغان، خۇدا خالىسا، بۇ كالا مانا ئەمدى مېنىڭ قانىتىم بولىدۇ" دەپ ئۇز خوشاللىقىنى سوزلەپ بەرمەكتە......

ئات، كالا، ئىشەك، قوي، ئۇشكە، ھارۋا - سايمان، ۋە ھەر خىل مال - مۈلۈكلەرنى قوبۇل قىلىپ ئېلىشقان دېخانلار ھاياجانلىق ھىسسىياتلىرى بىلەن دۈك تېخەن، جاپپاروپ، ئالماسلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، زامانغا، ئۇز تەقدىرىگە، كومپارتىيىگە ۋە كومپارتىيە ئەۋەتكەن كادىرلارغا ئۇز مىننەتدارلىقىنى ئېيتىپ تۈگىتەلمەيتتى......

مەسۇدىخان بىر قوزىلىق قوي، بىر پارچە گۈللۈك كىگىز، ئىككى كىيىملىك ئەن رەخت، بىر كىيىم تىكىش ماشىنىسىنى ھاياجانلانغان ھالدا تاپشۇرۇۋالدى. لەيلىگۈل:

— مەسۇدىخان ئايلا، سېنىڭ قوۋلۇڭ تىكىش - پىچىشقا بەك ئەپلىك. كوپچىلىك ماشىنا مەسۇدىخانغا تازا باپ، دىيىشتى. ئەمدى ئۇيىڭنى تازا بىر زىننەتلىۋال، بېرىپ مۇبارەكلەيمىز، — دىدى.

مەسۇدىخان لەيلىگۈلگە نىمە دىيىشنى بىلمەي، ئۇزىگە تەقسىم قىلىنغان نەرسىنى قىزى مەختۇم بىلەن قانداق ئېلىپ كېتىشنى مەسلىھەتلىشىۋاتقاندا، جۇما ئۇزىگە تەقسىم قىلىنغان

قوشباش ئېگەرلىك قارا ئاتقا مىنىپ دۆڭ تېخەننىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ئات تىپىرلاپ، ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتىرىپ، شوخلۇق بىلەن كىشنەيتتى. جۇما ئات ئۈستىدە تۇرۇپ، دۆڭ تېخەنگە قاراپ:

— بىز قىرغىزلار ئات خۇمارى خەق. ئات ئۈستىدە تۇغۇلۇپ، ئات ئۈستىدە ئۆسكەن دېسە بىزنى دېسە بولىدۇ. لېكىن، شۇ ئات ماڭا نېسىپ بولمىغان. بۈگۈن بۇ يەردىكى ئىشلەمچى دوستلىرىم مېنى ئۇنتۇپ قالماپتۇ، مانا ئەمدى بۇ ئاتنى تېقىمىمغا قىستۇرۇۋېلىپ، كۆكتاغ يايلىقىدا يېڭىچە ھايات قۇرۇش يولىدا توختىماي چاپىدىغان بولدۇم، — دېدى.

دۆڭ تېخەن ئازاتلىق بىلەن تەڭلا ئۆزىنى كەمبەغەل ۋە نامرات دېھقانلارنىڭ قەد كۆتىرىش يولىدىكى كۈرەشكە بېغىشلىغان بۇ قىرغىز يىگىتكە خۇشاللىق نەزىرى بىلەن قارىدى ۋە ئۇنىڭغا ئاق يول تىلىدى.

شۇ پەيتتە، كۈرەش مۇزىكىسى تەقسىم قىلىنىۋاتقان سورۇندىن پاراقلىغان كۈلكە ئاۋازى كۆتىرىلدى، خۇشال كۈلكە-چاقچاق ئاۋازلىرى زەرەپشان ئۈركىشىدەك دولقۇنلىنىپ، ئەتراپقا يېيىلدى.

دۆڭ تېخەن يېنىدا تۇرغان جاپپاروپ بىلەن كۈلكە كۆتىرىلگەن تەرەپكە ئىتتىك قاراشتى. سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا قىسمەت چورۇق تامدەك يوغىنىغان بىر چىپار كالىنىڭ مۈڭگۈزىگە باغلانغان چۇلۋۇرىدىن تۇتۇپ تۇراتتى. كالىنىڭ ئۈستىگە بىر پارچە يېڭى گىلەم، رەڭلىك يىپ پالاس، مەخسۇت بەگنىڭ بورە تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋىسى، بىر كىيىملىك ئەتلەس ئارتىلغان، كالىنىڭ بويۇن، مۈڭگۈزلىرىگە قىزىل، يېشىل شەلپەر رەختلەر

باغلانغان بولۇپ، كالا خوۋدى قەشقەردىكى مەشھۇر سىرىكچى مەممەت "تاز" نىڭ ئۇشكىسىدەك ياستۇۋېتىلگەن ئىدى.

ئەر-ئايال ياشلار، مويسىپىتلار قىسمەت چورۇقنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋېلىپ چاخچاق قىلىۋاتاتتى. چاخچاق سوزنى ئوۋەت بىلەن خالىغان كىشى ئىختىيارى ئېيتاتتى. ئەتراپتىكىلەر گۈلدۈرلىگەن كۈلكە سادالىرى بىلەن ئاۋاز قوشاتتى.

— قىسمەت ئاكا، — دېدى تومۇر كۈلۈپ، — بۈگۈن ساڭا تەقسىم قىلىنغىنى پۈتۈن بىر ئائىلىنى سەرەمجانلاشقا بولىدىغان نەرسە، ئەمدى توي قىلىۋال......

— توي!......قانداق توي؟ — دېدى قىسمەت چورۇق چىپار كالىنىڭ بويۇنلىرىدىن سىلاپ ئەتراپتىن كوتىرىلگەن كۈلكىنى بېسىپ، — بۈگۈنكى بۇ ئالامەتچۇ، بۇ توي ئەمەسمەكەن؟......

— ئۇ دېگىنىڭ دۇرۇس، — دېدى قادىر كۈلۈپ تۇرۇپ، — بۈگۈنكىسىمۇ توي. كوپىنىڭ تويى. بۇرادىرىم تومۇر دەيدۇكى، ئىككى ئۆينىڭ قوغۇننى قوشسا، بىر قازان ئاش بولىدۇ، قىسمەت ئاكام بىلەن مەسۇدىخان ئايلام باش قوشسا، كارامەت بەلەن تىزي بولىدۇ......

ئەتراپتىكىلەر پاراخلاپ كۈلۈشتى. كىمدۇر قىسمەت چورۇققا:

— دىمىسىمۇ، راست ئەمەسمۇ، ئوتتۇز يىلغا يېقىن ئومرۈڭ مەخسۇت بەگنىڭ جوۋاز خانىسىدا، زەي گەمدە ئوتۇپ كەتتى. مەسۇدىخان يامان ئايال ئەمەس، تازا بەلەن جۈپ، توي قىلىغىن. سەنلا "ھە" دەيدىغان بولساڭ، توي نەغمىسى بىزدىن!......

— توينى شۇنداق قىزىتىۋېتىمىزكى، — دېدى بۇ گەپكە سەما بولۇپ تۇرغان ئەزىمەتنىڭ خوتۇنى چىنارخان بالىسىنى قولىدا

تۇتقان ھالدا، قسمەت چورۇققا قاراپ، ــ سېنىڭ تويۇڭ ئالدىدا قىز تويىنى يەرگە قارىتىمىز، مانا مەن ئايال مېھمانلىرىڭنى كۈ-تىمەن، ئەزىمەت ئەزەلدىن جامائەت ئىشىغا پىدايى. نەغمە-ناۋا، ناخشا-ئۇسۇل دىگەننى دۈك كەلتۈرۈۋېتىمىز......

ــ چىنارخان توغرا ئېيتتى، ــ دىدى كىمدۇر بىرەيلەن خۇشاللىق بىلەن، ــ ئەزىمەت بىلەن چىنارخان كوئېنلۇن غار-لىرىدا ئاشىق-مەشۇق بولۇپ يۈرگەنلىرىدە، ئۇلار توي نىكاسىغا پەقەت پىچاقنى گۇۋا قىلغان. قسمەت ئاكا سېنىڭ تويۇڭغا مانا پۈتۈن يۇرت گۇۋا-شاھىت بولىمىز، تازا بىر ئويناپلى، توي قىل. ئىمام خاتىپ تۈزۈك ئادەم، ھېچقانچە ھەق تەلەپ قىلمايلا نىكا پەتىسىنى ئوقۇپ قويىدۇ......

ئەتراپتىن يەنە خۇشال كۈلكە-چاخچاقلار كۆتىرىلدى:

ــ قسمەت ئاكا توي قىل، مۇقام نەغمىنى ئېلىشا تا.غامغا چالدۇرىمىز، سايرىتىۋېتىمىز......

ــ قسمەت ئاكا، قورقما، تاپقىنى چوجە خوراز، تاپال-مىغىنى بىر باش پىياز......پولو قىلىساق، چامغۇر قورداق يا-سايمىز......

ــ قسمەت ئاكا، ئىزا تارتىۋاتامسەن، قورقما، مەسۇدىخان ئايالىغا رەئىسىمىز توختاخۇن بىلەن ئېلىشانىڭ ئۆزىنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىمىز، توختىكام بۇ ئىشقا ئارىلاشسۇنچۇ، كىم غىڭ قىلالايدىكىن......

ــ مەسۇدىخاننىمۇ بىردەمدە ئىۋاشقا كەلتۈرىمىز......

ــ ھەي......توي ئۇستىگە توي بولاتتى-دە!......

ــ 3-باھاردىكى توي نىمە دىگەن ياخشى!......

ــ قېنى قسمەت ئاكا، گەپ قىل، بىز خىزمىتىڭگە تەي-يار......

— قورقما، مەسۇدىخان ئوگى ئىپىز، يۇۋاش ئايال، گۈلدەك ئۆي-ئوتاق بولسىلەر......

— بىر ئۇچكە ئىچىدىكى قوشماق مىغىزدەك ئىناق ئوتىسىلەر......


— ...... ...... ...... ......

قىسمەت چورۇق قېرىنداشلارنىڭ چاخچاقلىرىدىن چوڭقۇر تىلەك ۋە سەمىمىلىك سېزىپ ھاياجانلاندى، تەڭ كۈلۈپ، تەڭ يايرىدى. ئۇ، كۈلگەندە كۆزلىرى قىسىلىپ، كالپۇكلىرى ئۈمچەيگەندەك بولۇپ، كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى......دۇرۇس، مەسۇدىخان بولىدىغان ئايال. مەسۇدىخانغا يوشۇرۇن ئىشتىياق باغلاپ يۈرگەنگە ئىككى-ئۈچ يىل بوپ قالدى. ئەپلىك پۇرسەت تېپىپ توي قىلىۋېلىش ئازاتلىق بىلەن تەڭ ئويغانغان گۈزەل ئارزۇ ئەمەسمۇ؟......بۇگۈن بۇ ئارزۇغا قېرىنداشلار ئاشكارا ھېسداشلىق قىلماقتا. نىمە دېگەن ياخشى......مەن قىسمەت چورۇق بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمەنمۇ!......

قىسمەت چورۇق ئۆزىگە تەلپۈنۈپ تۇرغان قېرىنداشلارغا نىمىندۇر دېمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن قىستىلىپ ئۆتۈپ، دۈڭ تېخەن بىلەن جاپپاروپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى. دۈڭ تېخەن قىسمەت چورۇقنى ئۆزىگە قايتقان ئەمگەك ئەجرى بىلەن تەبرىكلىدى، جاپپاروپ چىپار كالىنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— ياخشى كالا، تېخى ياش ئىكەن، مۇبارەك بولسۇن، — دېدى.

قىسمەت چورۇق چىپار كالىنى ھېلىلا بىرسى تارتىۋالىدىغاندەك بويىندىن قۇچاقلاپ تۇراتتى. ئۇ، جاپپاروپنىڭ "كالا تېخى ياش ئىكەن" دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ، بايا ياشلارغا دەپ بەرمەكچى بولغان سۆزىنى ئېيتتى:



— دۇرۇس، كالا ياش، يەنە كېلىپ بېجىرىم، ياخشى كالا، — دېدى قىسمەت چورۇق بىرئاز ئويلانغان ھالدا، — مەن بىرنەچچە كۈندىن بۇيان بىخەستەلىك قىپتىمەن. توختاخۇن بەلەن بايىزغا تەقسىماتتىن بۇرۇنلا جېكىلەپ قويىمەن دەپ ئويلىدىمۇ، تويي خوشاللىغىغا چۆمگەن يىگىتتەك، تەنتەكلىك قىلىپ ھەممىنى ئۇنتۇپتىمەن. ئايلىنىپ كېلىپ، بۇ كالىنىڭ يەنە مېنىڭ قولۇمغا چۈشكىنىنى كورمەمدىغان!......

— قىسمەت ئاكا، — دېدى تۇمۇر ھەيران بولۇپ، — بۇ نىمە دېگىنىڭ، تېپىشماقتەك......سىرنى ئېيتقىن......

— سىر يوق، سىر نىمىش قىلسۇن، — دېدى قىسمەت چورۇق ۋە دۇك تېخەن بىلەن جاپپاروپقا قاراپ قويدى، ئاندىن كوپچىلىككە نەزەر سېلىپ تۇرۇپ ئېيتتى، — دۇك تېخەن كومسار بىلەن ئىككىمىزنىڭ قەدىناس بۇرادەر ئىكەنلىكىمىزنى، دۇك تېخەننىڭ مەن قىسمەت چورۇق بىلەن پۈتۈن زەرەپشاننىڭ گۆل - گىياسىنى كورۇپ چىققانلىغىنى بىلىسلەر. جاپپاروپ چۈيجاڭ بولسا ئوز باغرىمىز. يوشۇرىدىغان نىمە سىر بولسۇن. گەپ بۇ يەردە ئەمەس. گەپ شۇ يەردىكى بۇ چىپار ياش كالا تۇغرا تەقسىم قىلىنمىدى......

— نىمە، تۇغرا تەقسىم قىلىنمىدى!......

— ئەمىسە كىمگە بەرسە بولىتتى، بۇ نىمەگەپ؟ ......

دېيىشىپ كەتتى ياشلار.

— بۇ چىپار كالا، — دېدى قىسمەت چورۇق كالىنىڭ بوينىدىن قولىنى ئېلىپ تۇرۇپ، — پىقىر مەخسۇت بەگنىڭ جوۋاز خانىسىدا ئىشلەتكەن جوۋاز كالىسىنىڭ 3 - ئەۋلادى......

— ئوھۇ!......ئۇنداقتا ھەق جايىغا تازا قارار تاپقان ئىكەنغۇ! — دېدى كىمدۇر بىرەيلەن قىزىقىپ.

— ياق! — دېدى قىسمەت چورۇق گەپنى كېسىپلا، — ھازىرقى گەپ مېنىڭ بىخەستەلىكىمدىن ھەقنىڭ دەل جايىغا، ھەقداسىغا قارار تاپمىغانلىقىدا. بۇ ئىش ماڭا قولۇمدىكى بەش بارماقتەك ئايان. بۇنىڭدىن يىگىرمە يىلچە ئىلگىرى بىر كۈنى بازاردىن ئىشەككە قۇرۇق چاۋا-قاپاقلارنى ئارتىپ قايتىپ چىقىۋاتسام، يولدا مەسۇدىخاننىڭ مەرھۇم ئېرى ھېلىم بوزچى ئۇچرىدى. ئالدىدا توكلىرى يالتىراپ تۇرغان بېجىرىم بىر تاغىل ئىنەك كالا كېتىۋاتىدۇ. رەھمەتلىك ھېلىم بوزچى تولا خۇرسەن ئىدى. تىرىشىپ-تىرمىشىپ يۈرۈپ، مىڭ تەسلىكتە ئازراق پۇل يىغىپ، ئاز-تولا قەرز-پەز قىلىپ ئاشۇ كالىنى بازاردىن سېتىۋاپتۇ. ئۇنىڭ گېپىدىن ئىنەكنىڭ سۈت-قېتىقىنى ئىچىپ، قىغىنى ئىجارىگە ئالغان يېرىگە قويۇپ، ئۇزىنى نەسىللەندۇرۇپ كوپەيتمەكچى بولغانلىقىنى بىلدىم. پاراڭلىشىپ ماڭدۇق. مەھەللىگە يېقىنلاشقاندا، كەينىمىزدىن مەخسۇت بەگ يېتىپ كەلدى ۋە بورە كوزلىرى بىلەن كالىغا بىر قارىدى-دە، تەلەتىدىن مۇز ياغدۇرۇپ ئوتۇپ كەتتى. شۇ يىلى قۇرغاقچىلىق بولۇپ، ھېلىم بوزچى مەخسۇت بەگدىن ئىجارىگە ئالغان يەرنىڭ ھەققىنى بېرەلمىدى. بەگ نېسى قىلىدىغانلاردىن ئەمەس، ئۇنىڭدا رەھىم-شەپقەت دىگەن يوق. شۇنى بانا قىلدى-دە، ھېلىم بوزچىنىڭ كوزىدىن قان-يېشىنى ئاققۇزۇپ تۇرۇپ، كالىنى تارتىپ ئېلىپ كەتتى. ھېلىم بوزچى يىغلاپ-قاخشاپ يۇرت-مەھەللىدىن ئاز-تولا قەرز-پەز قىلىپ، ئىجارە ھەققىنى تولەپ، كالىنى قايتۇرۇۋالماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن مەقسىدىگە يېتەلمىدى. بەگ: "سەن ئەبگاغا كالا بېقىشنى كىم قويۇپتۇ!" دەپ قوغلىۋەتتى...... تاغىل ئىنەك بەگنىڭ كالا پادىسىغا قوشۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ،

مەن قىسمەت چورۇق ئۇنى زادى كوز قىرىمىدىن كەتكۈزمىدىم. ئۇنىڭ تولۇق ئۈچ ئەھلادىنى جۇۋازدا پىقىراتتىم......مانا بۇ چىپار كالا ئاشۇ تاغىل ئىنەكنىڭ نەسلىدىن كەلگەن 3 ـ ئەۋلات. ھەق جايىغا قارار تاپىدىغان ئىش بولسا، بۇ كالا جەزمەن مەسۇدىخانغا قايتىشى لازىم......

قىسمەت چورۇقنىڭ گېپىنى توختاخۇن بىلەن بايىز خالۋاپ تەستىقلىدى. دۇڭ تىخەن بىلەن جاپپاروپ قىسمەت چورۇقنىڭ ئۇز نەپسىگە چوغ تارتمايدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، ئۇنىڭ تارىختىكى بۇ يارىنى ئۇنتۇمىغانلىقىنى ماختىدى. ئەتراپتىكىلەر چىپار كالىنى مەسۇدىخانغا تاپشۇرۇش كېرەكمۇ ـ يوق؟ دىگەن مەسىلە ئۇستىدە بەس ـ مونازىرە قوزغىدى. خېلى بىر قىسىم كىشىلەر "چىپار ئىنەكنى ئالماشتۇرۇش كېرەك، ھەق جايىغا قارار تاپسۇن، قىسمەت ئاكىغا تېخى تەقسىم قىلىنمىغانلىرىدىن بېرەيلى" دىيىشتى.

شۇ چاغدا، ئالماس كوپچىلىككە قاراپ خوشاللىق بىلەن:

— بۇنىڭدا چوڭ ھەق ـ ناھەق مەسىلىسى يوق، ئەگەر كەتكەن يېرىنى تۇزەش تەس ئەمەس. بايا سىلەر توي ئويىنىماقچى بولغان ئەمەسمۇ. مەسۇدىخان ئايلام بىلەن قىسمەت ئاكامغا تەككەن كۈرەش مۇۋىسىنى بىر يەرگە جەملىسەك، قالتىس ۋەزنى بار تويلۇق بولمامدۇ؟ — دىدى.

بۇ تەكلىپتىن ئەتراپتا چۇۋۇرلىشىپ تۇرغانلار يايراپ كېتىشتى. خوشال كۇلكە ياڭرىدى، ئەزىمەت، قادىر، تومۇرلەر ۋە يەنە بىرقانچە ياش يىگىتلەر:

— يۇرۇڭلار، تومۇرنى قىزىغىدا سوقايلى، توي ئوينايمىز، يۇرۇڭلار، مەسۇدىخان ئايلامغا بارايلى، — دىيىشتى.

ياشلار گۆررىدە قوزغىلىشتى. ئەمما، قىسمەت چورۇق ئەمتىرەپ، ھودۇقۇپ كەتتى:

— ياق، ياق، توختاڭلار، ئالدىرىماڭلار، — دىدى ئۇ بىر ئاز ھاياجانلىنىپ، — بۇ قانداق بولار...... قانداق مۇمكىن؟......

جاپپاروپ كۈلدى:

— دىمەك، ئاۋۋال ئەلچى ئەۋەتىدىكەنمىز-دە......

— ئەمدى، ئاتا-بوۋىلاردىن قالغان ئادەت ئەمەسمۇ، شۇڭا...... رەسىم-قائىدە...... بار مەسلىھەت......

قىسمەت چورۇق شۇ گەپنى ئېيتىپ، بىردىن مۇلايىم، ئەمكىنلىشىپ شۈك بولۇپ قالدى، چوڭ-چوڭ نەپەس ئالاتتى، ئۇنىڭ ھاياجانلىنىۋاتقانلىقى ئېنىق. تۇرۇپ دۇڭ تىخەن، جاپپا-روپ، ئالماسقا؛ تۇرۇپ ئەتراپتا ئۇزىگە تىكىلىپ تۇرغان قىرىن-داشلارنىڭ سەممى ھىسداش كوزلىرىگە؛ تۇرۇپ چىپار كاللىنىڭ ئۈستىگە ئارتىلغان گىلەم، پالاس ۋە رەڭلىك رەختلەرگە ھايا-جانلىق تىگىرقاش بىلەن تەلمۇرۇپ قارايتتى. پۈتكۈل ئۆمرى رىيازەت چىكىش بىلەن ئوتكەن بۇ ئادەم يىگى زامان ئېلىپ كەلگەن ئۇز قەدرى-قىممىتىدىن زوقلىنىپ، قوللىرىنىڭ ئۇچلىرىنى تىنىمسىز ئۇۋۇشلايتتى، كوزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، ئاق ئارىلىغان شالاڭ بۇرۇتلىرىنىڭ ئۇچىنى تىلى بىلەن يالاپ، نى-مە قىلىشنى بىلمەس ئىدى......

كوپچىلىك جىمجىت بولۇپ قالدى، جىمجىتلىقنى ئالماس بۇزدى ۋە بۇرۇلۇپ جاپپاروپقا قارىدى:

— يولداش جاپپاروپ، نىمە قىلىمىز، بىر نىمە دەڭ......

جاپپاروپ خوشاللىق بىلەن قولىنى كىرىپ دۇڭ تىخەننى قولتۇقلىدى ۋە ئۇز جەڭچىلىرىگە ئاتاكىغا ئاتلىنىشقا بۇيرۇق

بېرىۋاتقان قەيسەر كوماندىردەك، كوپچىلىككە قاراپ جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن ئېيتتى:

— ياخشى ئىش!......نىمە تۇرىسىلەر. دەرھال تويغا تەييارلىق قىلايلى. توي ئويناپمىز-توي! كۈرەش مۇئىسنى تەقسىم قىلىش يىغىنى—غەلىبىنى تەبرىكلەش تويى. كەچقۇرۇن بۇ تويىنىڭ داۋامىنى قىسمەت تاغا بىلەن مەسۇدىخاننىڭ ئويىدە قىزىتىمىز. توختىكام بىلەن بايىزكام ئەلچى بولسۇن. مەسۇدىخان ئاچىغا خىزمەت ئىشلىسۇن. نىكا رەسمىيىتىنى ئوتەش ئاسان. بۇنىڭغا مەن كاپالەتلىك قىلىمەن. توي بېشى يولداش ئالماس بولسۇن. قېنى قىسمەت تاغا يەنە يىرىم كۈن ۋاقىت بار، ساقال-بۇرۇتنى ياسىتىڭ، تەييارلىق قىلىۋېلىڭ. سىزگە ئىجازەت......

جاپپارونىڭ سوزى خوشال كۈلكە-چاخچاقلار، ئالقىش سادالىرى بىلەن قارشى ئېلىندى. جۇۋان-چوكانلار، پىدايى قىزيىگىتلەر دەرھال ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ، توي تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى......

## 2. ئانا ئارزۇسى

ئانا ئارزۇسى ئەشۇنداق، ئۇنىڭ زادى چېكى بولمىسا كېرەك......

زەرەپشانلىقلار ئوز پەرزەنتلىرىگە بەخت تىلىگەندە، بالا يەرگە چۈشۈپ، ئالەمگە كوز ئېچىش بىلەن تەڭ: "يەتتە ئەزاسى ساق، پىشانىسى ئوڭ، يولى ئوچۇق بولسۇن؛ بوشۇك تويىنى، خەتنە تويىنى، نىكا تويىنى كورۈشكە نىسىپ قىلغايسەن" دەپ ئوز ئارزۇ-تىلەكلىرىنى بىلدۈرىشىدۇ. ئاددى ياكى ھەشەمەتلىك

ئۆتكۈزۈش ھەر كىمنىڭ چامى-قۇربىغا باغلىق، ئەمما قانداقلا بولمىسۇن، بۇ ئۈچ تويىنىڭ مەركىزىنى ئۆز لايىقىدا ئۆتكۈزۈپ بېرىش — ئادا قىلمىسا بولمايدىغان ئاتا-ئانىلىق قەرز — شەرەپلىك بۇرچ ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى بوشۇك تويى—بالىنىڭ ئەي بولغانلىقى-نىڭ، خەتمە تويى — قاتارغا قوشۇلغانلىقىنىڭ، نىكا تويى — مۇستەقىل ھايات كەچۈرۈش يولىغا كىرگەنلىكىنىڭ بەلگىسى، ھەممىسى ئەھمىيەتلىك ئىش. لېكىن، ئانا ئارزۇسى بۇنىڭ بىلەن ئاياق-لاشمايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن نەۋرە كۆرۈشنى، نەۋرىلەرنىڭ ئۈچ تويىغا داخىل بولۇپ ئەجرە قىلىشنى: ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا، ئوخشاشلا چەۋرە كۆرۈشنى، چەۋرىلەرنىڭمۇ ئاشۇ ئۈچ ئۆتكەل-دىن بىخەتەر ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، كۆڭلىنى تىندۇرۇشنى شۇنچە ئارزۇ قىلىدۇ......

ئۇنىڭدىن كېيىن-چۇ؟......

بۇنىڭغا: "ياخشى نىيەت-ئارزۇ بىلەن ياشايدىغان كىشى قېرىماس كىشى"، "گۈزەل ئارزۇ — يېرىم دۆلەت" دىگەن زەرەپ-شان تەمسىللىرى جاۋاپ بولسۇن......

ھېكايىمىزنىڭ ئۆزىگە كېلەيلى:

ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش خىز-مەت ئۆمىگى بۇ يەردىن يۆتكىلىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى، رايونلۇق پارتكوم بىلەن خىزمەت ئۆمىگى پارتكومىنىڭ قوشما يىغىنى بولۇپ ئۆتتى. يىغىن نۆۋەتلىك ھالدا ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش-زومى-گەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەركىتىنىڭ كۆرەش مېۋىلىرىنى قاز-داق مۇستەھكەملەش مەسىلىسىنى قارىدى. جاپپاروپنى زەرەپشان-دىن تەشكىل قىلىنغان خىزمەت ئەترىتىگە مەسئۇل قىلىپ، تېخى بۇ ھەركەت ئېلىپ بېرىلمىغان باشقا رايونلارنىڭ خىزمىتىگە ياردەم

بېرىشكە بەلگىلىدى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن ئالماسنى قەشقەر، كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ پاختەكلى يېزىسىغا بېرىپ، بۇ يەردە جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە سىناق قىلىنىۋاتقان يەر ئىسلاھاتىنىڭ تەجرىبىسىنى ئۆگىنىپ كېلىشكە ئەۋەتىشنى قارار قىلدى.

يىغىن جىددىي، ئەستايىدىل، قىزغىن كەيپىياتتا داۋام قىلدى. يىغىن ئاياقلاشقاندا، ئەتراپقا گۇگۇم چۈشكەن ئىدى.

ئالماس پارتكوم ئىشخانىسىدىن چىقىپ، ئىككى تۈپ يېگى-تىكىلگەن چىنار قەد كۆتىرىپ تۇرغان ھويلا سەيناسىدىن ئۆتۈۋې-تىپ، بىردىنلا پارتكوم دەرۋازىسى ئالدىدىكى يولەنچۈكگى بار ئو-زۇن بەلدىگدە يالغۇز ئولتۇرغان ئانىسى سارىخاننى كورۇپ قالدى.

سارىخان ئانا ھېچقاچان بو يەرگە سەۋەپسىز كەلمەيتتى، كەلسىمۇ، بەلدىگدە ھاگۇۋىقىپ ئولتۇرۇشقا ئۇنىڭ چولىسى تەگ-مەيتتى.

ئالماس ئالدىراپ، خوشال كەيپىياتتا سارىخان ئانىنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە چوڭقۇر ھۆرمەتلىك بىلەن ئۇنىڭ ئىككى بىلىگىدىن ئىككى قولى بىلەن تۇتۇپ تۇرۇپ:

— ئانا، نىمىشقا بۇ يەردە يالغۇز ئولتۇرىسەن، مېنى ساقلاپ قالدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئوغلۇم، — دىدى ئانا نىمە ئۈچۈندۇر، مىسكىن ئاۋازدا، — مەجلىسىڭلار تۈگىدىمۇ؟

— تۈگىدى، ئانا. كېتەيلىمۇ؟

— ياق ئوغلۇم، مېنىڭ ئىشىم بار، — دىدى ئانا ۋە ئىت-تىك ئورنىدىن تۇرۇپ پارتكوم ئىشخانىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى، — مەن دۆك تىخەن، جاپپارۇپ بىلەن كورۇشەي، ئۇلار بارمۇ؟

...... ئالماس مەزمۇت دەسسەپ كېتىۋاتقان ئانىسىغا ھەم زوقـ-
لىنىپ ئامراقلىقى كەلگەن، ھەم ھەيران بولغان ھالدا كەينى
تەرىپىدىن قاراپ قالدى......

سارىخان ئانا لەيلىگۈلنىڭ تولىمۇ يىراق بىر شەھەرگە،
ئالەمنىڭ ئۇ چېتىگە — بېيجىڭغا ئوقۇشقا بارىدىغانلىقىنى بۇنىڭدىن
ئىككى سائەتچە ئىلگىرى ئۆز ھويلىسىدا، ئۇزىگە تەقسىم قىلىپ
بېرىلگەن موزايلىق ئىنەكنى ئۈژمە غولىغا باغلاپ قويۇپ، ئۇنىڭ
سۈتىنى سىغىشقا تەمشىلىۋاتقاندا ئاڭلىدى.
بۇ خەۋەرنى يەتكۈزگەن قىسمەت چورۇقنىڭ ئارزۇلۇق
قىزى مەختۇم (قىسمەت چورۇق مەسۇدىخان بىلەن ئۆي-ئوتاق
بولغاندىن كېيىن، "يېڭى جەمىيەتتە 'ئوگەي' دىگەن گەپ يوق،
مەختۇم مېنىڭ ئارزۇلۇق قىزىم" دەپ ئېلان قىلغان ئىدى، بىزمۇ
شۇنداق دەپ ئاتىدۇق) ئانىغا يەنە بىر كونۋېرتلىق خەتنىمۇ
بەردى. بۇ خەت بېيجىڭدىن — مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا
ئوقۇۋاتقان ئابدۇللادىن كەلگەن ئىدى.
مەختۇم قىز خەتنى خۇشاللىق بىلەن ئوقۇپ بەردى......
ئابدۇللا بۇ ئۇيدە تۇرغان كۈنلىرىنى، يىگەن تۇز-تائاملىرىنى،
توختاخۇن بىلەن ئانىنىڭ مېھىر-شەپقىتىنى ئەسلەپتۇ، ئۇز ئاتا-
ئانامدىن كورمىگەننى سىلەردىن كوردۇم دەپ رەھمەت ئېيتىپتۇ.
پايتەختنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى، ئۇزىنىڭ ئۇنىڭغا تارتقان بەختـ-
تەلىيىنى ھىكايە قىلىپ يېزىپتۇ......
لېكىن، خەتتە ئېيتىلغان بۇ گەپلەر ئانىنىڭ قۇلىقىغا ئانچە
كىرمىدى......قۇلىقىدا يەنىلا "لەيلىگۈل بېيجىڭغا بارىدىغان بولدى"
دىگەن سوز جاراڭلايتتى، قولىدا سۈت ئاپقۇرىسىنى چىڭ تۇتقان

ئانا، قېتىپ قالغاندەك مىدىر-سىدىر قىلماي ئۆرە تۇراتتى......

ئانا ئارزۇسى ئاشۇنداق. ئۇنىڭ ئوي-خىيالى ئالماس بىلەن لەيلىگۈلنىڭ تويىدا ئىدى. قۇدا-باجىلار ئىجارە كېمەيتىش ھەركىتى ئاخىرلىشىش بىلەنلا توي ئۆتكۈزىمىز دەپ كېلىشكەنىگە نىكەم. توي تەييارلىقى ئاللىقاچان پۈتكەن ئەمەسمۇ......قۇدا-باجىلار ئۆتتۇرىسىدىكى توختام ئەمدى نىمىگە ھېساپ......لەيلىگۈل ئوقۇپ قايتىپ كەلگىچە ياخشى تىلەككە يامان چىچەك ئۈنۈپ قالارمۇ، شەيتان ئارىلاپ، پىشقان ئىشنى بۇزۇپ قويارمۇ، دۇنيادا بايىزاخۇندىن ياخشى قۇدا، لەيلىگۈلدىن بەلەن كېلىن نەدە بار؟......

ئانىنىڭ ئەنسىرەيدىغانلىرى ئويلىغانلىرى كۆپىيىۋەردى. كۆڭلىدە ئالماستىن رەنجىدى. قىسمەت چورۇق چېغىدا بىر چىرايلىق توي-توكۈن قىلىپ مۇرات-مەقسىدىگە يەتتى، مېنىڭ ئارمىنىم قاچان رۇياپقا چىقىدۇ، دەپ خاپا بولدى......

ئانا نىمىندۇر ئەسكە ئېلىپ، قولىدىكى ئاپقۇرنى ئويۇققا قويدى-دە، ئىشكنى تېشىدىن ئېلىپ، ئالدىراپ رايون مەھكەمىسى تەرەپكە كەتتى. كۆڭلىدىكى ئارزۇلارنى دۇك تېخەن بىلەن جاپپاروپقا ئېيتىپ، ئۇلاردىن مەسلىھەت ئالماقچى بولدى، "دۇك تېخەن، جاپپاروپ، ئالماسلار قىسمەت-تەقدىرلىرى بىر جان كويەرلەر، ئارىلىرىغا قىل سىغمايدىغان سىرداش بۇرادەرلەر، چوڭلىرى ئاكا بولسا، كىچىكلىرى ئىنى. ئالماس چوقۇم دۇك تېخەن بىلەن جاپپاروپنىڭ گېپىنى يەردە قويمايدۇ،" دەپ ئويلىدى......

سارىخان ئانا رايون مەھكىمىسىنىڭ ئىشكى ئالدىغا كەلگەندە پارتكوم ئىشخانىسى تەرەپتىن بېشىغا ئېگىز قارا كوپە تۇماق، ئۈستىگە زىغىررەڭ چەپەرقۇتتىن تاشلانغان كالتە جۇۋا،

قارا چىپەرقۇتتىن پاختىلىق چاپانلارنى كىيىپ، بېلىنى يېشىل بەلۋاقتا تارتىپ باغلىغان، پۇتلىرىدا تۇمشۇغى قايرىلىپ - تۇرىدىغان ئارا پاشنىلىق قىزغۇچ دولان ئۆتۈكلىرى بار، بەستلىك، قاۋۇل، ۋۇجۇدىدىن كۈچ - قۇۋۋەت يېغىپ تۇرغان بەش - ئالتە نەپەر ياش، ئوتتۇرا ياشلىق كىشىلەر چىقىپ كەلدى.

ئانا ئۇلارنى تونۇدى. ھەممىسى ياڭاقلىق يېزىسىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىن كەلگەن يېڭى سايلانغان كەنت باشلىقلىرى، ئاساسىي قاتلام دىخانلار جەمئىيەتلىرىنىڭ رەئىسلىرى بولۇپ، تۈنۈگۈنكى تونۇش يىللىقچىلار، ياللانما، كەمبەغەل دىخانلار، ئىجارىكەش - ئوتاقچىلار ئىدى.

ئانا ئۇلارغا زوقلىنىپ، بىر دەملىككە ئۆز خاپىلىقىنى ئۇنتۇدى، ھەممىسى بىلەن قىزغىن سالام - سائەت قىلىشتى ۋە دۆڭتېخەن بىلەن جاپپاروپنى سورىدى.

— بار، كومىسسارمۇ، چۈيجاڭمۇ بار، — دېدى ئۇلار ئۇلاش-چولاش، — بىز ئۆز ئىشىمىزنى پۈتتۈردۇق، ئۇلار يەنە مەجلىس ئېچىۋاتىدۇ......

ئانا ئىككىلىنىپ قالدى ۋە يىغىننىڭ تۈگىشىنى كۈتمەكچى بولدى. يۆلەنچۈگى بار ئۇزۇن بەلدىڭدە يالغۇز ئولتۇرۇشنىڭ سەۋەبى شۇ ئىدى......

سارىخان ئانا ئالماستىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئۇدۇل پارتكوم ئىشخانىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئىشىك تۈۋىدە يىغىندىن تارقىلىۋاتقان پارتكوم ئەزالىرى بىلەن دوقۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئانىنى ھورمەت قىلاتتى ۋە قىزغىن ھال سوراپ ئۆتۈپ كېتىشتى.

ئىشخانىدا دۆڭتېخەن بىلەن جاپپاروپ نىمىنىدۇر مەسلە-

يەت قىلىشىپ ئولتۇرغان ئىكەن. ئانىسىنى كۆرۈپ، ھەر ئىككىيلەن ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇشتى. دۆك تېخەن خۇشاللىق بىلەن سارىخان ئانىغا قاراپ:

— ئانا، بۇ ياخشى بولدى، بىز جاپپاروپ بىلەن ئىككىمىز تېخى سىلىنىڭ ئۆيگە بارماقچى بولۇپ تۇراتتۇق، — دېدى ۋە جاپپاروپقا قاراپ قويۇپ ئېيتتى، — ئالماس بىلەن لەيلىگۈلنىڭ تويى يەنە كېچىكىدىغان بولدى. بۇ ئىشقا بىز ھەممىمىز كۆڭۈل بولگەن. يولداش جاپپاروپ ئالماس بىلەنمۇ، لەيلىگۈل بىلەنمۇ سۆزلەشتى. قانداق قىلغۇلۇق؟ ئۇلارنىڭ ئۆز ۋەدىسى بار ئىكەن، يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن توي قىلىشنى كېلىشكەن ئىكەن. ئۇلار شۇ ۋەدىسىدە تۇرماقچى، بۇ بىر. ئىككىنچىدىن، ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى لەيلىگۈلنى بېيجىڭغا ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى ئىتتىپاق كادىرلىرى مەكتىۋىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. ۋاقتى بىر يىل. بۇ، لەيلىگۈلنىڭمۇ، بىزنىڭمۇ ئارزۇيىمىز بولۇپ چىقتى. بىز مۇشۇ ئەھۋالنى سىلىگە يەتكۈزمەكچى ئىدۇق......

ئانا ئۈنچىقماي جاپپاروپقا قارىدى.

— بىز قوشۇلدۇق، ئالماس بىلەن لەيلىگۈلنىڭ ۋەدىسى، توي ۋاقتى توغرىسىدىكى كېلىشىمى ئورۇنلۇق دەپ قارىدۇق، — دېدى جاپپاروپ سالماق، تەمكىنلىك بىلەن، — ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، ئەسلىيەتتە يەر ئىسلاھاتىنىڭ تەييارلىقى. بۇ ھەرىكەت زومىگەر پومىششىكلارنى سىياسىي جەھەتتە سەھنىدىن قوغلاپ چۈشۈرگەن، ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرغان، دىخانلارنىڭ پۇت-قولىدىكى زەنجىر-كىشەنلەرنى چېقىپ تاشلىغان بولسىمۇ، لېكىن، دىخان تېخى ئۆز ئارمىنىغا تولۇق يەتمىدى. بايا بىرقانچە كەنت باشلىقلىرى، دىخانلار جەمىيەتلىرى-

نىڭ رەئىسلىرى ئارقا-ئارقىدىن بۇ يەرگە كېلىپ، نامرات دىخان-
لارنىڭ قەتئىي تىلەك-تەلەپلىرىنى يەتكۈزدى. شۇنچە كوپ ئاما
بارماقلىرىنى باسقان خەتلەرنى تاپشۇرۇشتى. خەتتە: "بىز ئويلاپ
كوردۇق، ئىجارە كېمەيتىش ئېتىزدىكى زەھەرلىك ياۋا ئوت-
چوپلەرنى ئورۇپ تاشلىغاندەك ئىش، ئەمدى ئۇنىڭ يىلتىزىدىن
قومۇرۇۋېتىشىمىز كېرەك، دەرھال يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ،
ئۆزۈل-كېسىل قەد كوتىرىمىز، يەر ئىسلاھاتى قىلىپ بەرسۇن"......
دەپتۇ. بۇ ئىنتايىن ھەققانى تەلەپ، فېوداللىق يەر ئىگىلىك ھو-
قۇقىنى بىت-چىت قىلغاندىلا ئاندىن دىخان ھەقىقى ئازاتلىققا
ئېرىشەلەيدۇ، قەد كوتىرىپ، ئادەملەرچە ياشاش، يېڭى جەمىيەت
قۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ......ئالماس بىلەن لەيلىگۈل
ئەنە شۇلارنى ئويلىغان. ئوز بەخت-سائادىتى، ئارزۇ-ئىستى-
گىنى نامرات دىخانلارنىڭ بەخت-سائادىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ
ھەل قىلىشنى قارار قىلغان. بۇ قىممەتلىك پەزىلەت-غايە بىزنى
تەسىرلەندۈردى. بۇ ئىشتىن توختاخۇن ئاكامۇ، بايىزاخۇنكامۇ
خەۋەر تاپتى. باش قوشتۇق، ئۇلار خوشاللىق بىلەن رازىلىق
بىلدۈرۈشتى. مەن ئويلايمەنكى، — دېدى جاپپاروپ سارىخان ئانىغا
قاراپ، — سىلىمۇ قوشۇللا، تويىنىڭ ئاز-تولا كېچىكىشى ۋاقىت
مەسىلىسىلا ئەمەس، قەد كوتەرگەن، يېڭى جەمىيەتتە ئوز تەقدى-
رىنىڭ خوجايىنى بولغان ياشلارنىڭ گۈزەل غايىسىنى قوللاش
مەسىلىسى. بىز ئاخىر بىر كۈن ئالماس بىلەن لەيلىگۈلنىڭ تويىنى
چوقۇم ئەڭ نەمۇنىلىك توي قىلىپ ئوتكۈزىمىز، بۇنىڭدا گەپ
يوق.......

ئالماس سارىخان ئانىنى پارتكوم ئىشخانىسىغا ئۇزىتىپ قو-
يۇپ: بوپتۇ، بۇ ياخشى بولدى. دۇڭ تېخەن بىلەن جاپپاروپنىڭ

سوزلەشكىنى ئۇزۇك. ئانام غەرەز ئۇقمايدىغان خوتۇنلاردىن ئە-
مەس، قالغان گەپنى كەچتە ئۆزەم يېشىپ بېرەمەن،— دەپ ئويـ
لىدى - دە، بۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان شىرمەممەتنى كۈرمە-
گەنلىگىنى ئەسكە ئېلىپ، مەھەللىنىڭ شەرق تەرىپىگە قاراپ
كەتتى.

شىرمەممەت مەخسۇت بەگنى كۈرەش قىلىپ سوراققا تار-
تىش چوڭ يىغىنىدا قۇربان ئاقساقالنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى ئې-
چىپ تاشلىغاندىن كېيىن، قۇربان ئاقساقالدىن ئۇزۇل - كېسىل قول
ئۈزۈپ، ئۇنىڭ ئويىگە ئاياق باسمىغان؛ كەنت دېخانلار جەمـ
ىيتى كۈرەش مۇئاسىنى تەقسىم قىلىش جەريانىدا شىرمەممەتنىڭ
قۇربان ئاقساقالنىڭ گەدىنىدىكى ئون نەچچە يىللىق ھەققىنى
ھىساپلاپ، تۆلىتىپ ئېلىپ بەرگەن ھەمدە قۇربان ئاقساقال ھىلە-
مىكىر ئىشلىتىپ تارتىۋالغان، شىرمەممەتنىڭ ئۆز ئاتا - ئانىسىدىن
قالغان ئىككى ئېغىزلىق ئوي بىلەن باغ - ھويلىنى شىرمەممەتنىڭ
قولىغا قايتۇرغان ئىدى......

ئالماس شىرمەممەتنىڭ ئويىدە ئۇزاق مۇڭدىشىپ
ئولتۇردى، شىرمەممەتنىڭ دېخانلار جەمىيىتىگە ئەزا بولۇپ
كىرىش توغرىسىدىكى ئارزۇسىنى ئاڭلاپ، چىن كۆڭلىدىن خوشال
بولدى.

— مانا بۇ ئوغۇل بالىدەك گەپ،— دىدى ئالماس،— ئەمـ
دى كوزۈك ئېچىلىپتۇ. دېخانلار جەمىيىتى سەن بىلەن بىزنىڭ
كۈچلۈك ئارقا تىرىگىمىز. قەد كوتىرىپ، ئۆز ئۆزىگە خوجايىن
بولۇشنى خالىغان دېخان ئەلۋەتتە ئۆز تەشكىلاتىنىڭ ئەتراپىغا
زىچ ئويۇشۇشى لازىم......

ئالماسنىڭ شىرمەمەتنى ئىزلىشىدە يەنە بىر سەۋەپ بار ئىدى:

— شىرمەمەت، — دېدى ئالماس ئويلانغان ھالدا، — مەن سەن بىلەن يەنە بىر ئىشنى مەسلىھەت قىلىشماقچى. يېزا قازىسىنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ چىققان يىللىقچى قادىرنى بىلىسەنغۇ...... ھە، شۇ. قادىر ھازىر ئۆيسىز. تاغىلىرىنىڭ تار ئۆيىدە قىسىلىپ قالدى. قولىغا تەككەن كۆرەش مۇسىنى قويىدىغان يېرىمۇ يوق. قادىرنىڭ جىگىرى بار يىگىت ئىكەنلىكىنى بىلىسەن، قادىر بىرەر ئۆي-پويىنى غەملىۋالغىچە، سەن بىلەن بىللە تۇرسا قانداق، يا مۇشۇ پات-ئارىدا توي-تۆكۈن قىلىدىغان ئۆيۈڭ بارمۇ؟......

— ياقەي، نىمە دېگىنىڭ! — دېدى شىرمەمەت كۈلۈپ، — تاس-تاماس قاپتىمەن، ئالۋاستىنى پەرى چاغلاپ، جىنىنىڭ قولىدىكى قوچاقا ئايلانغىلى، — شىرمەمەت شۇنىڭدىن كېيىن ئالماسنىڭ قولىنى تۇتۇپ، خۇشاللىق بىلەن ئېيتتى، — سەن ئالماس، ھازىر ھەممىمىزنىڭ بېشى بولساڭمۇ، كۆڭلۈڭ بەك بەلەن. قادىرنىڭ ئىشى توغرىسىدا سەن كېيىن قاپسەن. قادىرنىڭ مېنىڭ ئۆيۈمنى ئېچىش يولىدا قانداق جانكويەرلىك قىلغانلىقىنى سەن بىلمەيسەن. كۆڭلۈمنى داۋالغۇتۇۋەتكەنمۇ ئاشۇ، بېشىمنى قولتۇغۇمغا قىسىپ قويۇپ، قۇربان ئاقساقال، ھىلىقى خۇمپەر باندىت بىلەن ئېلىشىشقا تۇرتكە بولغانمۇ ئاشۇ قادىر. ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى قانداقمۇ ئۇنتاي؟ ئۇ مېنى قۇتقازغان تۇرسا!...... ئۈچ كۈن بولدى، بىز ئاكا-ئۇكا بولۇشتۇق، قادىرنى مەن ئۆزەم بۇ ئۆيگە كۆچۈرۈپ ئېپكەلدىم، بىللە ئوتەيلى دېدىم. بۈگۈن ئەتىگەن ئۇ، ماڭا تەككەن ئات بىلەن ئۆزىگە تەككەن كالىنى ئېلىپ تاققا چىقىپ كەتتى، يايلاقتا تۇرسۇن، ئوت-خەس كوپەيگەندە ئېپ-

كېلىشۋالىمىز دېدى، جۇما قىرغىزغا تاپشۇرماقچى......

ئالماس شەرمەندىلىكتىن قانائەت ھاسىل قىلىپ ئۆيدىن چىققاندا، ئەل - جاھان جىمىققان بولۇپ، "خۇدالىق مەدرىس" يېنىدىكى پەشتاقلىق مىچىتتىن بەزى مۇيسىپىتلار خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ قايتىپ چىقىۋاتقان ئىكەن.

ئالماس نامازخانلاردىن ئايرىلىپ، ئۆز ئۆيى تەرەپكە جىم - جىت كېتىۋاتقان ھسامىدىن داموللا بىلەن ھاجى ئىشانغا غىل - پال قاراپ قويدى - دە، مۇيسىپىتلار بىلەن پاراڭلىشىپ ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان ئىمام خاتىپنى كورۇپ توختىدى.

ئىمام خاتىپ بۇ بىر نەچچە ئايدىن بۇيان ناھىيىلىك پارتكومنىڭ بىرلىك سەپ بولۇمى تەشكىل قىلغان ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكىنىڭ تەركىۋىدە ھەر قايسى رايون، يېزىلاردىكى ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەركىتىنى كورۇپ - ئاڭلىنىپ كەلگەن، ھەر ساھەدىكى دىنىي زاتلارنىڭ سوھبەت يىغىنلىرىدا پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكى سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ، كوپچىلىكنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولغان ئىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، كومىسسار، — دېدى ئىمام خاتىپ ئالماس بىلەن كورۇشۇپ تۇرۇپ، — بايا ئۆزلىرىنى قەشقەرگە بارىدىكەن، دەپ ئاڭلىدۇق، يول بولسۇن، راستمۇ؟......

— شۇنداق، — دېدى ئالماس ئىمام خاتىپ بىلەن بىللە مېڭىپ، — كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ پاختەكلى يېزىسىدا جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە يەر ئىسلاھاتىنىڭ سىنىقى ئېلىپ بېرىلىدى. يەر ئىسلاھاتىنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەش تويىدا پاختەكلى دېخانلە-

رى ئۇز خوشاللىقىنى ئىزھار قىلىپ، رەئىس ماۋزېدۇڭغا خەت① يازغان. رەئىس ماۋزېدۇڭ ئۇز قولى بىلەن جاۋاپ خەت يېزىپ، قەد كوتەرگەن ئۇيغۇر دېخانلىرىنى تەبرىكلىگەن، ئىقتىسات، مەدەنىيەتتە قەد كوتىرىشنى ئۇمىت قىلغان. بۇ، قانداق كاتتا ئىش. ھەممىمىز ئۇچۇن راسا ئىلھام. مەن ئاشۇ سىناقنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۇگىنىپ كېلىشكە بارىدىغان بولدۇم......

— ئىنشائاللا، راست خاسىيەتلىك ئىش ئىكەن،— دېدى ئىمام خاتىپ، — پارتىيىنىڭ يولى — ھەق يول، جېمىسى ئەقلىغا سىغىدىغان ئىشلار، پۇقرا بىلەن بىر نىيەتتە بولغان ھوكۇمەت چىنارىدەك قەد كوتىرىپ تۇرالايدىغان ھوكۇمەت بولىدۇ. دېخاندا ئۇزىنىڭ يېرى بولماسلىق — جېنى بولمىغان بىلەن تەڭ. مەن بىرنەچچە رايوننى ئارىلاپ كورۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇ. ھەممە يەردە دېخانلارنىڭ تېرىلغۇ يەرلەرنى بولۇپ بېرىش توغرىسىدىكى قەتئى تەلەپلىرىنى ئاڭلىدىم، بىز دىنىي ساھەدىكىلەرمۇ بۇ سىياسەتنى ھىمايە قىلىمىز......

ئالماس بىلەن ئىمام خاتىپ ئاشۇ تەرىقىدە سوزلىشىپ مېڭىپ، ئىمام خاتىپنىڭ ئويىنىڭ روبىرىغا كەلگەندە ئايرىلىشتى.

ئالماس ئۇز ئويىنىڭ ئىشىگى ئالدىغا كەلگەندە، قوسىقىنىڭ تاراقلاۋاتقانلىقىنى، ئاشقازان تۇگمىنىنىڭ قۇرۇق ئايلىنىۋاتقانلىقىنى ھىس قىلدى، تېخى كەچلىك غىزاسىنى يېمىگەنلىكىنى

---

① رەئىس ماۋزېدۇڭغا يېزىلغان خەت — شائىر تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ئۇزۇن شېئىرى بولۇپ، 1952 - يىلى 2 - ئاينىڭ 23 - كۇنى يەر ئىسلاھاتىنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا پاختەكلى دېخانلىرىدىن 650 كىشى ئىمزا قويۇپ، بۇ شېئىرنى ئۇز خېتى سۇپىتىدە رەئىس ماۋزېدۇڭغا ئەۋەتكەن.

ئەسلىدى. ئىشىك ئالدىدىكى ئېرىقتا قولىنى يۇيۇپ، هويلىغا كىرىپ كەلدى.

قەغەز پەنجىرىلىك ئۆيدىن چىراق يورۇقى چۈشۈپ تۇراتتى. ئۆي ئىچىدىن سارىخان ئانىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇنى يوختاخۇن تەستىقلاپ ئولتۇراتتى:

— ئېيتقىنىڭلار دۇرۇس، كوڭۇلنى يېرىم قىلىدىغان ئىش يوق. ئازاتلىقتىن كېيىنكى هەر بىر كۈنىمىز سىلى بىلەن بىزگە توي بولدى. مۇراد ـ مەقسەتنىڭ هەل بولغىنى دىگەن شۇ. بايازاخۇن بىلەن پۈتۈشتۇق. لەيلىگۇل ئوقۇشقا بېرىۋەرسۇن، باللارنىڭ ئارزۇسى بويىچە، يەر ئىسلاهاتىنىڭ غەلىبە تويى كۈنى ئالماس بىلەن لەيلىگۇلنىڭمۇ توي كۈنى بولسۇن، دىيىشتۇق......

— جاپپاروپ هەممىنى ئېيتتى، كوڭلۇم تىنجىپ خاتىرجەم بولدۇم، مەن يەنىلا كالتە پەم ئىكەنمەن، توخۇ داڭگال چۈشەيدۇ، ئۆشكە جاڭگال دىگەندەك، ئېس ـ يادىم نەۋرە كورسەم، بېقىپ چوڭ قىلىپ بەرسەم، دىگەن بىلەن بەنت بولۇپ قاپتۇ. ئەل بەختى — باللارنىڭ بەختى، توي شاتلىغى ئەمەسمۇ...... خۇدايىم هەر ئىككىسىنىڭ ئومرىنى ئۇزۇن قىلسۇن، يامان كوزدىن ساقلىسۇن......

ئالماس ئانىسىنىڭ كوڭۇل توختىتىپ خاتىرجەم بولغانلىغىنى ئاڭلاپ، خوشاللىق بىلەن ئىشىكنى ئېچىپ بوسۇغىدىن ئاتلىدى......

## 3. يېپ ـ يېڭى، گۈزەل دۇنيا ئۈچۈن......

ئېخ......قەشقەر، گۈزەل، مېهماندوست، خۇش چىراي شەهەر، مېهرى ئاپتاپ سۆيۈملۈك ئانا ماكان!......

تاڭ ئاتتى، ئېچكەلدى ھورلۇك باھارى.
يۈزۈڭگە قىزىللىق، لېۋىڭگە كۈلكە.
سەن بولدۇڭ بەختىنىڭ ھەقىقى يارى،
ياشاردىڭ، ئايلاندىڭ بىر گۈزەل گۈلگە......

ئالماس قەشقەرنىڭ ئۇزاق ئىلىم-مەرىپەتلىك تارىخى
توغرىسىدا، ئۇنىڭ زېمىنىدا چېچەكلەپ مېۋە بەرگەن نادىر ۋە-
كىللىرى مەخمۇت قەشقىرى①، يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن تاكى خىر-
قىتى، نىزارى ۋە غېرىبىغىچە بولغان نەچچە ئونلىغان جاھانغا
مەشھۇر ئالىم-شائىرلىرى توغرىسىدا ئاسىم ئەپەندىدىن كۆپ قېتىم
ئاڭلىغان ئىدى، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن قەشقەرگە چوڭقۇر قىزى-
قىش بىلەن تەلپۈنەتتى. لېكىن ئۇ، ئازاتلىقنىڭ ھارپىسىدا مەخسۇت
بەگنىڭ توگە كارۋىنىغا ھەمرا بولۇپ قەشقەرگە تۇنجى قېتىم
كەلگىنىدە، دەھشەتلىك تېررورلۇق قاپلىغان بۇ شەھەرنىڭ
ئۇچمەس غەزەپكە ھامى سۈلغۇن چىرايىنى كۆرۈپ، كۆڭلى غەش
بولغان ئىدى......

بۈگۈن ئۇ رەڭدار گىلەمدەك چاقناپ، توز قانتىدەك ياسان-
غان ئازات قەشقەرنىڭ ئازادە رەستىلىرىدە سەيلە قىلىپ كېتىۋې-

① مەخمۇت قەشقىرى — 11 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۆتكەن
ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى، تىلشۇناس، «دىۋان لۇغاتت — تۈرك»نىڭ ئاپتورى.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ — مەخمۇت قەشقىرىنىڭ زامانىدىشى، ئۇلۇغ
ئۇيغۇر شائىرى، تىلشۇناس، 13 مىڭ مىسرالىق داستان «قوتاتقۇ بىلىگ»
نىڭ ئاپتورى.

خىرقىتى، نىزارى، غېرىبى — 17 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 19 -
ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە قەشقەر شەھرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شائىر-
لىرى. — ئاپتوردىن.

تىپ، بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرىكى ئاشۇ ئېغىر خاتىرىلىنىڭ كۈنلەرنى لەيلىگۈلگە سۆزلەپ بەردى......

لەيلىگۈل تىم-تاس ۋە ھەسرەتلىك ئېغىر خىياللار بىلەن ئاستا كېتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنى ئالماسىنىڭ ھېكايىسىدىن تۇرۇپ قاراڭغۇلاشقاندەك، تۇرۇپ، نۇرلانغاندەك بولاتتى. كۆز ئالدىدا ۋەھىمىلىك، سۈرلۈك قاراڭغۇ كېچە...... يالاڭاچلانغان نەيزە-قىلىچ، بەتلەنگەن مىلتىق-تاپانچا......قوراللىق بۇلاڭ-تالاڭ......نامايەن بولاتتى......تۇرۇپ زۇلمەتلىك كېچىنىڭ كۆك-سىنى يېرىپ ئۆتكەن سەلتەنەتلىك چاقماق شولىسىدەك، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىردىنلا قەھرىمان سەپداش دۆڭ داشى، قەيسەر ئىنقىلابچى ئابدۇقادىر، پەم-پاراسەتلىك، زېرەك مۇئەللىمە رىزۋان، باتۇر ئىشچى يىگىت قۇربانلارنىڭ يارقىن ئوبرازلىرى جىلۋىلە-نىپ پەيدا بولاتتى......

ئۇلار ئىككى تەرىپى ئەينەكلىك دۇكانلار، ھەر خىل گەزلىمە رەخت ساتىدىغان ماگىزىنلار بىلەن تولغان چوڭ رەس-تىدىن ئۆتۈپ، ھېيتكا مەيدانىنىڭ ئۈستىدىن چىقتى.

شۇ يەرگە كەلگەندە، ئالماسىنىڭ ھېكايىسى ئاياقلاشتى.

ئالماسىنىڭ نەزىرىدە ئازاتلىقتىن كېيىنكى ھېيتكا ناھايىتى تېز ئۆزگىرىپ كەتكەن، ھەممە نەرسىسى يېپ-يېڭى تۈس ئالغان. ھەممە يېرىنى بىر خىل شادىيانە قىزغىنلىق قاپلىغاندەك ئىدى. بۇ نەرسە خۇسۇسەن، كىشىلەرنىڭ سالام-سائەتلىرىدە، كۈلكە-چاقچاقلىرىدا، ئۆزئارا ئىززەت-ھۆرمەت بىلدۈرۈشلىرىدە ئالاھى-دە ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

لەيلىگۈل ئۆزىنىڭ نەزىرىدە ھېيتكانى رەڭمۇ-رەڭ گۈل-چېچەكلەردىن تۈزۈلگەن ھەشەمەتلىك گۈلدەستىگە ئوخشاتقۇ-

سى كەلدى، سەۋەپ، بۇ يەردە ھەر خىل ئىش-ئوقەت، كەسىپ-تىجارەت ياكى سەيلە-تاماشا بىلەن مەشغۇل بولۇپ يۈرگەن ئون مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ باشلىرىدىكى رەڭمۇ-رەڭ دوپپىلارغا بىر چەتتە تۇرۇپ قارىغاندا، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ پۈتۈن شەھەرنى قاپلىغان، ئۈزلۈكسىز دولقۇنلىنىپ تۇرغان رەڭدار گۈلدەستىگە ئوخشايتتى.

ئەمما، لەيلىگۈل بۇ تەسىراتنى ئالماسقا ئېيتمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىنى يەنىلا ئالماسنىڭ ھېكايىسىدىكى بايىقى شەخسلەر ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغان ئىدى.

— ئالماس، — دېدى لەيلىگۈل ئويچانلىق بىلەن ئالماسقا بۇرۇلۇپ قاراپ، — سىز بايىقى كىشىلەرنى، ئابدىقادىر ئەپەندىم، رىزۋان خانىم، ئىشچى قۇربانلارنى بۇ قېتىم كۆردىڭىزمۇ؟......

— نېمە دېگىنىڭىز، ئەلۋەتتە، — دېدى ئالماس خۇشاللىق بىلەن، — مېنىڭ بۇ قېتىم قەشقەرگە كېلىشكە ئالدىرىشىمدىكى سەۋەپنىڭ بىرى ئاشۇ ئەمەسمۇ. رىزۋانىنىمۇ، قۇربانىنىمۇ، ھەتتا زۇمۇرەت قىزنىمۇ كۆردۈم. لېكىن، ئابدىقادىر ئەپەندىم يوقكەن، ئۈرۈمچىدە مەجلىستە ئىكەن......

— مېنىڭ ئۇلارنى بەكمۇ كۆرگۈم بار، كۆرۈشەك بولارمۇ؟ — دېدى لەيلىگۈل نىمىدىندۇر سەل ئەيمەنگەندەك بولۇپ.

— نېمىشقا بولمايدىكەن، ئەلۋەتتە بولىدۇ، — دېدى ئالماس، — مەن بۈگۈن سىزنى دەل شۇنىڭ ئۈچۈن ئېلىپ چىقتىم. تونۇشۇۋېلىڭ، ئۇلار ئاجايىپ ئادەملەر، رىزۋاننىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇزلىرىنى يېپ-يېڭى. گۈزەل دۇنيا قۇرۇش ئۈچۈن بېغىشلىغان جەڭچىلەر. ئاۋال قۇربانىنى تاپايلى...... ئۇ ھازىر شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى. سىزنى كۆرسە بەكمۇ خۇشال بولىدۇ. يۈرۈڭ

كەتتۇق......

ئۇلار ئادەم قاينىغان ھېيتكا مەيدانىنى كېسىپ ئۆتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ۋەلسىپىتلىك، پىيادە ئادەملەر؛ چىمەن دوپپا، ئاق كوينەك، كوك شىم كىيگەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، بېشىغا سەللە ئوراپ، ئۈستىگە قىزىل، يېشىل، كوك تون كىيگەن مويسىپىتلار؛ كاستوم-بۇرۇلكا كىيگەن ئوقۇتقۇچى-خىزمەتچىلەر، يۈزىنى تور رومال بىلەن ياپقان ئاياللار ئۇياقتىن-بۇياققا ئوتۇپ تۇراتتى. مەيداننىڭ توت تەرىپىدىن يازلىق مۇزە-چۇزە، قوغۇن-تاۋۇز، ئەدىرەك-مەنپەسە، گوشگىردە-كاۋاپ، مارۇژنا-دوغاپ...... سېتىۋاتقان ئوقەتچىلەرنىڭ ئۆتكۈنچىلەرنى ئۆز مېلىغا ئېغىز تېگىپ بېقىشقا چىللاپ، ھەۋەس بىلەن توۋلاشقان ياڭرىمۇ-ياڭرا ئاۋازلىرى ئۈزۈلمەي ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئالماس بىلەن لەيلىگۈل ھېيتكانى كېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن ئۇدۇل كەتكەن بىر چوڭ رەستىگە بۇرۇلدى. ئالماس ماڭغاچ، ئۆزىنىڭ قەشقەردە بولغان كۈنلىرى ۋە پاختەكلى تەسىراتلىرىنى سۆزلەپ بەردى......

ئالماس قەشقەرگە لەيلىگۈلدىن بىر ھەپتە ئىلگىرى كەلگەنىدى. ئۇلار شۇ كۈنىلا ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، بۇنىڭدىن ئىككى ئاي ئىلگىرى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىن ناھىينىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەنگەن ئابلىكىمنىڭ باشچىلىقىدا پاختەكلى يېزىسىغا چىققان. بۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ، بۇ يېزىنىڭ يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىنكى جۇش ئۇرۇپ تۇرغان يېڭى قىياپىتىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىپ ئۆگەنگەن. ئاندىن جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى چاقىرغان 3 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىغا قاتنىشىپ، پاختەكلىدىكى يەر ئىسلاھاتى سىنە-

غىنىڭ تىپىك تەجرىبىسىنى ئاڭلىغان......

ئالماسنىڭ خۇلاسىلىشىچە، يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىنكى پاختەكلى دېخانلىرى پۈتۈنلەي باشقىچە، خىسلەتلىك يېڭى دېخان- لار ئىدى. فېئوداللىق يەر ئىگىلىك ھوقۇقىنى يىمىرىپ تاشلاش — پاختەكلى دېخانلىرىغا مىسلىسىز ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقى بەخش ئېتىپلا قالماستىن بەلكى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆز ئۆزىگە بولغان خوجايىنلىق غۇرۇرى، ئىقتىسادىي جەھەتتە روناق تېپىپ قەد كۆتىرىشكە بولغان كۈچلۈك ئىرادە، پەن-مەدەنىيەتكە بولغان غايەت زور قىزغىن ئىنتىلىشنىمۇ بەخش ئەتكەن ئىدى. بۇ نەرسە ئالماس زىيارەت قىلغان، قەد كۆتەرگەن دېخانلارنىڭ ئائىلىلىرىد- دىكى قىزغىن مۇئامىلىلەردە، خۇشال پاراڭلىرىدا، ئۆزلىرى توقۇ- غان چوڭقۇر مەنىلىك ناخشا-قوشاقلىرىدا ۋە بەس-بەستە ئۆز- گەن ئۇزۇن-قىسقا مۇددەتلىك ئالغا بېسىپ، تېز قەد كۆتىرىش پىلانلىرىدا روشەن ئىپادىلىنىپ تۇراتتى......

— پاختەكلى دېخانلىرىنىڭ بۈگۈنى زەرەپشان دېخانلىرى ئۈچۈن ئەتىكىلا ئىش، — دېدى ئالماس پاختەكلى تەسى- راتلىرىنى خۇلاسىلەپ تۇرۇپ، — پاختەكلى دېخانلىرىنىڭ روھىي قىياپىتىدە يۈز بەرگەن چوڭ ئۆزگىرىش بىزنىڭ يېپ- يېڭى، گۈزەل دۇنيا قۇرۇش يولىدىكى ئارزۇيىمىزنىڭ تۇنجى ئەينىكى. مەن سىزنى بېيجىڭغا ئۇزاتقاندىن كېيىنلا دەرھال قايتىشنى، قېرىنداشلارغا ھەممىنى سۆزلەپ بېرىشنى، ناھىيىلىك پارتكومغا بىزنىڭ ناھىيىدە دەسلەپ قىلىپ زەرەپشاندا يەر ئىس- لاھاتى ئېلىپ بېرىشقا تەكلىپ بېرىشنى ئويلاۋاتىمەن......

لەيلىگۈل ئالماسنىڭ تەكلىپ بەرمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ چىن كۆڭلىدىن خۇشال بولدى، ئىجارە ھەققىنى كېمەي- تىش-زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەركىتى ناھىيە بويىچە

تۈنجى قېتىم بىزنىڭ رايوندا ئېلىپ بېرىلدى، يەر ئىسلاھاتىنى-
مۇ بىز ئالدى بىلەن باشلىشىمىز كېرەك، دەپ، ئالماسنىڭ تەك-
لىپىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە سۆزلىشىپ، شەھەرلىك پارتىيە كومىتې-
تىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىردى. ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ بىناسى پارتكوم
بىناسىنىڭ سول تەرىپىدە قويۇق تىرەكلىك ئىچىدە ئىدى. ئۇلار
شۇ تەرەپكە بۇرۇلۇپ كېتىۋاتقاندا، پارتىيە كومىتېتىنىڭ بىناسى
تەرەپتىن ئۇشتۇمتۇت ياسىن شائخەي چىقىپ كەلدى.

ياسىن شائخەينىڭ بېشىدا يېشىل مەشۇتتىن گۈل چېكىل-
گەن قىزىل مانغۇ دوپپا، ئۈستىدە ئاق چوچۇنچىدىن تىكىلگەن
شىم-توجۇركا، پۇتىدا پاقىراپ تۇرغان خۇرۇم بەتىنكە بار ئىدى.
ئالماس ئۇنى 1949-يىلى 8-ئايلاردا مەخسۇت بەگنىڭ
تۆمۈر دەرۋازىسى ئالدىدىكى ئۇچۇق سەينادا — "سارغايدى"
ئالدىدا ئاخىرقى قېتىم كۆرگىنىدىن بويان ئۇچراتمىغانلىقىنى
ئەسلىدى.

ياسىن شائخەي ئالماسنى كۆرۈپ، بارماقلىرىنى بىر
بىرىگە كىرىشتۈرۈپ، قوللىرىنى ئۈۋۈلىغان هالدا ئالدىراپ، ئۇ-
لارنىڭ قېشىغا كەلدى.

— سالام، ئالماس شۇجى، سالام، خانىم، — ياسىن شائخەي
ئالماس بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ، لەيلىگۈلنى تونۇمىغانلىقتىن
قەشقەر ئادىتى بويىچە ئۇنى "خانىم" دەپ ئاتىدى، — مۇبارەك
بولسۇن......مانا يەنە دىدار كۆرۈشتۇق......

ئالماس ياسىن شائخەينىڭ ئازاتلىقتىن كېيىن خەلق
هۆكۈمىتىنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىنى هىمايە قىلىپ، بىرلىك سەپكە
قېتىلغانلىقىنى، شەھەرلىك سودا-سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىگە مۇدىر

بولغانلىغىنى ئاڭلىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ، گەرچە، ياسىن شاڭخەينى
كورۇپلا، ۋۇجۇدىدىن بىر خىل نارازىلىق، ئوچمەنلىك تېپىشقا
تەپكەن بولسىمۇ، لېكىن، ئۆزىنى باسقان ھالدا بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ،
لەيلەگۈلنى تونۇشتۇردى.

— شۇنداقمۇ، بۇ كىچىك قىز ئىدى، بايىز خالۋاپىنىڭ
قىزى، — دېدى ياسىن شاڭخەي ۋە بىر خىل ئەپۇ سوراش ئاھا-
ڭى بىلەن مۇنداق دېدى، — پارتىيىنىڭ توغرا سىياسىتىنىڭ بەر-
كاتى بىلەن يەنە كۈنۈم ئوتتۇۋاتىدۇ. خەلق ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچە-
گە ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللىرىنىڭ كونفېرېنسىيىسگە ئەۋەتتى.
ئىچكى ئولكىلەرنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇردى، باش مىنىستىر
جۇئېنلەي جاناپلىرىنىمۇ كوردۇم. ۋەكىللەر ئوسكى بىلەن بىللە
چاۋشيەنگە بېرىپ، پىدائىي قىسىملىرىمىزدىن ھال سوراشقا ئىش-
تىراك قىلدىم......ھەممىسى ماڭا تەربىيە، يول بولدى......لېكىن،
يۇرتداشلار ئالدىدا خىجىلمەن، يۈز كېلەلمەيمەن. تىجارەتچى
ئادەم پۇلنىڭ كويىدا، بىرنى ئىككى قىلىشنىڭ يولىدا پىقىراپتى-
مىز، يۇرتداشلارنى قىيناپ قويغان، تەڭلىككە سالغان، يار - يولەك-
تە بولالمىغان يەرلىرىم بار......خىجىلمەن......كونا جەمىيەت شۇن-
داق ئىدى ۋە مەنمۇ......ئىنىم مەخسۇت بەگ بەغەرەز، تەلۋىرەك
ئىدى ۋە ئۇمۇ......

ياسىن شاڭخەي شۇ گەپنى ئېيتىپ، بىر ئاز ئەيمەنگەن
ھالدا ئالماسقا قارىدى. ئالماس تەمكىنلىك بىلەن مۇنداق دېدى:

— ئوتمۇش — تارىخ، كىشى ئۆزىنىڭ يولىنى بەلگىلىۋېلىشى
تەس. پارتىيە سىياسىتىنىڭ چىقىش نوقتىسى — ئالدىغا قاراش.
پارتىيىگە ئەگىشىش — ئەڭ توغرا يول، ئىستىقبال. يۇرتداشلار
بۇنى چۈشىنىدۇ......

— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە، — دېدى ياسىن شاڭخەي ۋە قولىرىنى ئۇۋۇلىغان ھالدا ئالماس بىلەن لەيلىگۈلگە تەكەللۇپ قىلىپ، — بىزنىڭ ئۆيگە بارىلى. بىر پىيالە چاي قوياي، خۇرسەن بولىمەن.

ئالماس رەھمەت ئېيتتى.

ئالماس بىلەن لەيلىگۈل ئىتتىپاق كومىتېتى سېكرېتارىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلگەندە ئىش ئۈستىلى ئالدىدا بېشىغا ئىشچى كەپكىسى، ئۈستىگە توت يانچۇقلۇق كوك چاپان كىيگەن قۇربان يالغۇز ئولتۇرغان ئىكەن.

قۇربان ئالماسنى كورۇپ، خوشاللىق بىلەن ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى ۋە ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن ئالماسنىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ:

— ئالماس بىلەمسەن، تۈنۈگۈن ئابدىقادىر بۇجاڭ ئۇرۇمچىدىن قايتىپ كەلدى. سەن توغرىلىق ئاڭلاپ، ناھايىتى خوشال بولدى. ئەگەر بۈگۈن سەن كەلمىگەن بولساڭ، مەن ئۆزۈم ئەدىن بولسىمۇ سېنى ئىزلەپ تاپاتتىم، — دېدى.

ئالماس قۇربان بىلەن بىر-ئىككى ئېغىز شىرىن-تاتلىق چاخچاقلىشىۋالغاندىن كېيىن، قۇربانغا كوزى بىلەن ئىما قىلىپ لەيلىگۈلنى كورسەتتى.

— قۇربان، قارىغىنا، بۇ قىزنى تونۇمسەن؟

قۇربان ھورمەت نەزىرى بىلەن لەيلىگۈلگە سەپسالدى.

لەيلىگۈلنىڭ بېشىدا چىمەن دوپپا، بوينىدا ھاۋا رەڭ شايە ياغلىق، ئۈستىدە ئەتلەس كوينەك، پۇتىدا قىزىل خۇرۇمدىن تىكىلگەن پاشنىلىق توپلى بار ئىدى. قالغاچ قانىتىدەك قويۇق قوشۇما قاش، لوملىدەپ تۇرغان ئوتلۇق قارا كوز، ئاناردەك

قىپ ـ قىزىل يۈزلۈك بۇ قىزنى قۇربان ھېچتاچان كورسگەن ئىدى.
قۇربان قىزنىڭ قولىدىكى بىلەيزۈككە، قۇلىغىدىكى زىرىگە قاراپ، بېشىنى چايقىدى.
— تونۇشۇڭلار، بۇ لەيلىگۈل، — دېدى ئالماس ۋە لەيلىگۈل توغرىسىدا قىسقىچە ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن، — لەيلىگۈل ئەتە بېيجىڭغا، مەن زەرەپشانغا ماڭماقچى، گەپ شۇ، — دېدى كۈلۈپ.
— ياخشى، ناھايىتى ياخشى، — دېدى قۇربان لەيلىگۈلنى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، ئاندىن ئالماسقا قاراپ ئېيتتى، — كوردۇڭمۇ، مانا ئەمدى لەيلىگۈل ساڭا قارىغاندا بىزگە يېقىنراق بولۇپ چىقتى. ھەممىمىز ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ خىزمەتـ چىلىرى ئىكەنمىز، بىزدىنمۇ ئىتتىپاق مەكتۇپگە بارىدىغان بىر ئىشچى قىز بار، مەن ئۇنى بۇگۈنلا لەيلىگۈلگە تونۇشتۇرۇپ قويىمەن......
ئۇلار شۇ كۈنى كۈن ئېگىلگەن مەھەل بىلەن يەنە قايـ نام ـ تاشقىنلىق ھېيتكا مەيدانىنى توغرا كېسىپ ئوتۇپ، ئابدىقادىر بىلەن رىزۋاننىڭ ئويىگە قاراپ كېتىشتى.
يولدا بارغىچە، قۇربان جاراڭلاپ تۇرغان خوشال ئاۋازدا ئابدىقادىرنىڭ يەرلىك پارتكومىنىڭ تەشكىلات بولۇمىدە، رىزۋانىڭ شەھەرلىك پارتكومىنىڭ تەشۋىقات بولۇمىدە مەسئۇل خىزمەتتە ئىشلەيدىغانلىغىنى؛ بۇ بىر ـ ئىككى يىلنىڭ تولىمۇ ئالدىراش ئوتكەنلىگىنى؛ ھەر ئىككىيلەننىڭ، قىزى زۇمرەتنى يېزىدىكى قېرىندىشىنىڭ ئويىگە ئاپىرىپ قويۇپ، ئۇدا ئىككى قارار خوشنا ناھىيىلەرگە بېرىپ ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەركىتىگە قاتناشقانلىغىنى؛ ئابدىقادىرـ نىڭ كونا شەھەر ناھىيىسىدىكى بىر يېزىدا غالجىرلاشقان بىر

ئەكسىيەتچى يومشىشىكىنىڭ قورالىق ھۇجۇمىغا ئۇچراپ يارىدار بولغانلىقىنى، ساقايغاندىن كېيىن پاختەكلىدە يەر ئىسلاھاتى خىزمەت ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى......

ئابدىقادىر بىلەن رىزۋاننىڭ ئۆيى يەنىلا ئاشۇ بۆرۈلۈپ، بۆرۈلۈپ بېرىپ توختايدىغان تار خالتا كوچىنىڭ ئىچىدىكى قەدىمقى ئۆي ئىدى. ئازاتلىقتىن ئىلگىرى نىمە ئۇچۇندۇر بۇ ئۆينىڭ سىرتى سۇس قىزىل گىل بىلەن بويالغان ئىدى. ھازىر ئۇ ھاك بىلەن ئاپپاق ئاقارتىلغان بولۇپ، ھويلا ئىچىدە نەچچە ئون چوڭ-كىچىك تەشتەكلەردە ئۆستۈرۈلگەن ھەر خىل خۇش پۇراق گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ تۇراتتى. قىزىل، يېشىل ئېچىلىپ كەتكەن ھەشقىپىچەك گۈللىرى يىپ بىلەن پېشايۋانغا ياماشتۇرۇلغان. چوڭ ئىككى سوغىدىكى تال گۈلى كىشىگە گۈلزارلىق باغنى ئەسلىتەتتى. كۈنگەي تەرەپتىكى بۇلۇڭدا بۇ يىل تىكىلگەن ئىككى تۈپ ئەنجۈر بىلەن ئانارمۇ ئۆبدانلا ئايىنىپ قالغان ئىدى.

ئۆيدە ئابدىقادىر بىلەن رىزۋان بار ئىكەن، بوي تارتىپ چوڭ بولۇپ قالغان زۇمرەت قىز ھويلىدا گۈللەرنىڭ ئارىسىدا كېپىنەك قوغلاپ يۈرەتتى.

قۇربان ئالماس بىلەن لەيلىگۈلنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇزاقتىن بۇيان ئايرىلىپ كەتكەن قېرىنداشلار قايتا دىدار كورۇشكەندىكىدەك قىزغىن بىر خۇشاللىق ئىچىدە ئابدىقادىر ئالماسنى باغرىغا باستى، رىزۋان لەيلىگۈلنى قۇچاقلىدى ۋە ئۇزاققىچە بىر بىرىدىن ھال-ئەھۋال سورۇشۇپ، قوللىرىنى سىقىشىپ قويۇۋېتىشمىدى.

ئابدۇقادىر ئالماس بىلەن لەيلىگۈلنى مېھمانخانا ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. ئۆي ئانچىلا چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن، پاكىز-تازا، ھەممە نەرسە سەرەمجان ۋە كۆزگە ئىسسىق ئىدى......

رىزۋان ئالماس، قۇربان، لەيلىگۈللەرنىڭ قولىغا سۇ ئېلىپ، گىلەم ئۈستىگە داستىخان سېلىپ، گۈل چەككەن كاناپ داستىخان ئۈستىگە شىرمان نان، پېچىنە، قەن-گېزەك، ناۋات، ئەنجۈر مۇرابباسى ۋە گۈلقەنلەرنى تىزىپ بولغىچە، ئابدۇقادىر ئالماس بىلەن ئۆيدانلا تونۇشۇپ، قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

ئالماس سۆھبەتنىڭ بېشىدىلا ئابدۇقادىرنىڭ نەزەر دائىرىسى كەڭ، بىلىملىك، تۇرمۇش-ھايات تەجرىبىسىگە باي كىشى ئىكەنلىكىنى؛ ھەر بىر ئېغىز سۆزنى چوڭقۇر ئويلىنىپ ئېيتىدىغانلىقىنى؛ ئۇنىڭ بايانلىرىدا تارىخ، ھازىرقى كۈرەش ۋە كەلگۈسى نىشان ئاجايىپ ئەپچىل بىرلەشتۈرۈلۈپ ئىپادە قىلىنىدىغانلىقىنى سەزدى ۋە ئۇنىڭغا سەمىمى ھۆرمەت بىلەن قاراپ قويدى.

— پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، رەئىس ماۋزېدۇڭ شىنجاڭدىكى قاينام-تاشقىنلىق ئىجتىمائىي كۈرەشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلمەكتە، — دېدى ئابدۇقادىر چايدىن كېيىن، سەل-پەل ئاق ئارىلىغان چاچلىرىنى بارماقلىرى بىلەن تاراپ قويۇپ، تۆت يانچۇقلۇق كۆك چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنى يېشىۋېتىپ، — رەئىس ماۋزېدۇڭ: جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبە قازانغانلىقى ئون مىڭ يىللىق ئۇزۇن سەپەرنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى باسقانلىق دەپ كۆرسەتتى. يىگىرمە نەچچە يىللىق چوڭ ئىنقىلاپ بىرىنچى قەدەم ھېسابلانغان ئىكەن، دېمەك، ئالدىمىزدىكى يول ھەقىقەتەن ئۇزۇن، مۇشەققەتلىك، شۇنداقلا شەرەپلىك. كونا جەمئىيەتتە يىلتىز تارتقان توسالغۇ كۈچلەرنى، چىرىندى ئەخلەت-چاۋالارنى سۈپۈرۈپ تاشلاش

ئاسان ئەمەس. ئىنقىلاپ جان تىكىپ كۈرەش قىلىدىغان مىگلىغان، ئون مىگلىغان كوممۇنىزمچى سىلىي كادىرلارغا مۇھتاج. يەر ئىسلاھاتى يەنە بىر جەھەتتىن ئەنە شۇ ۋەزىپىنىمۇ ئادا قىلىدۇ. ئەنە شۇلارنى تەربىيىلەيدۇ.

— يەر ئىسلاھاتى، — دېدى ئابدىقادىر جۇڭگو جەمىيىتى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزگەندىن كېيىن، — ئەسلىدە بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىشى ئىدى، لېكىن، بىزنىڭ ئاجىز، قابىلىيەتسىز، گاداي بۇرژۇئازىيىمىز بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىدى. تارىخ بۇ ئىشنى پارتىيىمىزنىڭ ئۈستىگە يۈكلىدى. بىز بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايمىزمۇ - يوق؟ ئەلۋەتتە چىقىمىز. بىرىنچىدىن ئۇزۇن سىناقتىن ئۆتكەن پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بار، ئىككىنچىدىن، دېھقانلارنىڭ مىسلىسىز تەلەپ، قىزغىنلىقى مەيدانغا كەلدى. بۇ، ھەل قىلغۇچى ئامىل. يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىنچۇ؟ مەن ئويلايمەن، بىزنىڭ ئالدىمىزغا تەبىي ھالدا تېخىمۇ مۇھىم بولغان يېپ - يېڭى، گۈزەل دۇنيا قۇرۇش ۋەزىپىسى قويۇلىدۇ. بۇ شۇنداق دېگەنلىككى، نەچچە مىڭ يىل ھۆكۈم سۈرگەن قۇللۇق، فېئوداللىق جەمىيەت زېمىنىدىن بىرلا سەكرەپ، ئىنسانىيەتنىڭ پارلاق ئۈمىدى بولغان يېپ - يېڭى جەمىيەت — ئۇلۇغ سوتسىيالىزم بىناسى قەد كۆتىرىدۇ...... فېئوداللىزم تۈزۈمىنى يىمىرىپ تاشلاشقا ئاتلىنىۋاتقان ھازىرقى پەيتتە، سوتسىيالىزم ئۈچۈن كۈرەش — بىزنىڭ قەلبىمىزدىكى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ ئۇلۇغ غايە — مەقسەت بولۇشى كېرەك......

داستىخان ئۈستىدىكى پاراڭ ئۇزاق داۋام قىلدى.

ئابدىقادىر ۋە رىزۋان بىلەن ئۈچرىشىش ئالماس بىلەن لەيلىگۈلدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى يېقىم

لىق، ئىلھام بەخش ھېس قىلىشتى.

ئۇلار ئورۇنلىرىدىن قوزغالغاندا، كۈن خېلىلا كەچ كىرىپ قالغان ئىدى. ئالماس بىلەن لەيلىگۈل ئەتە يولغا چىقىدىغان بولغاچقا، بىر ئاز ئالدىراشتى. ئابدىقادىر ئالماسنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ، مېھرىۋانلىق بىلەن:

— بۇ يىللار — بىزنىڭ يىللار، كۈرەشچان يىللار. كۈرەشچان يىللار قوينىدا بىرلىكتە ئالغا باسايلى، يېڭى كۈرەش سەپىرىڭىزگە ئۇتۇق - غەلىبە تىلەيمەن، خەت يېزىشىپ تۇرايلى. — دېدى.

رىزۋان لەيلىگۈلنى قۇچاقلاپ ئۇزاتتى:


— سەپىرىڭىزگە ئاق يول تىلەيمەن، بېيجىڭغا بارغاندىن كېيىن خەت يېزىڭ، بېيجىڭدىن قايتقاندا، چوقۇم بىزنى يوقلاپ ئۆتۈڭ......

لەيلىگۈل ۋەدە بەردى......

× ×

ئالماس پاختەكلى يېزىسىدىكى يەر ئىسلاھاتىنىڭ قىممەتلىك تەجرىبىلىرىنى ئېلىپ، تولۇپ تاشقان يالقۇنلۇق ھېسسىيات بىلەن ياغاقلىق يېزىسىغا قايتىپ كەلگەن كۈنى ئاخشىمى، زەرەپشان دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا دەريادىن ئۆتۈشكە تەمشىلىپ يۈرگەن "نامازشام خىزىرىسى" ئۇشتۇمتۇت كېيىنگە يېنىشقا مەجبۇر بولدى.

ئالماسنىڭ قەشقەردىن قايتىپ كەلگەنلىك خەۋىرىنى يەتكۈزگەن ھاجى ئىشان "نامازشام خىزىرىسى"گە قاراپ، گاڭگىرىغان ھالدا:



— تەخسىر، ھىسامىدىن داموللام ئۆزلىرىنى كورۇشكە تەقەززا. ھەزرىتىم: ئابدۇللا داموللام مەن بىلەن بىر قېتىم دىدار كورۇشكەي، دىۋىدى...... — دىدى.

— ياق، بولدى، دىلىم ئىجازەت بەرمىدى، خەيرىيەت، — دىدى "نامازشام خىزىرىسى" بىر خىل ئەنسىزلىك بىلەن. — ئالماس تاپىنىنىڭ ئاستىدىن بوران-چاپقۇن كوتىرىلىدىغان ئوتقىلىچ. ئۇ قايتىپ كەلگەن ئىكەن، ئەمدى ياڭاقلىق يېزىسىغا بېرىش خەتەرگە تەۋەككۇل قىلغانلىق بولىدۇ. سىلى ھەزرەتكە ئېيتىسىلا، ئىمانى كامىل بولسۇن. يامان بوران ئۆتۈپ كەتتى، يەر ئىسلاھاتىمۇ بىر بوران، ئۇمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. كوممۇنىستلار نىمە قىلاركىن......مەن بۇ بىرنەچچە ئايدىن بۇيان يېڭىسار، مەكىت، قاغىلىق، خوتەنلەردە بولدۇم، ئاشنالارمۇ خاتىرجەم ئەمەس. لېكىن، خوتەندە ئۆز كىشىمىز ئابلىمىت داموللام پاراسەت بىلەن قېلىچنىڭ تىغىنى سۇغۇرۇپ تاۋلىماقتا، تاللانغان ئىشەنچلىك مۇخلىسلىرى بار. بىز ھامان كوممۇنىستلارنىڭ چاڭگىسىنى بۇزماي قويمايمىز، مەن دۇئا قىلىمەن، ئاللا رەھمەت قىلسۇن، خوش......

ئابدۇللا كوك كوز داموللا شۇ گەپنى ئېيتىپ، دەريانىڭ جەنۇبىدىكى قاراڭغۇ توغراقلىق ئىچىگە كوشۇلدىغان ئىلاندەك سورۇلۇپ كىرىپ كەتتى......

1978 - يىل يەكەن

1980 - يىل ئۈرۈمچى